# زىنا ئالدىدا ئۆلتۈرۈلگەن قىز

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد (ئەر تۈرك)

1

سىيىت قارى تالىپلىق قەدىمىنى بېيجىڭدا باشلاپ قېلىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئاتىسىغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى. دېھقانچىلىق ۋەزنى ئېغىر، كالىدەك ئەرگە لايىق بىر ئىش، بۇ بالا ياۋاش يۇمشاق، كۆڭلى تۈز، ئىشقا بۇيرۇسا ھەرگىز بويۇن تولغىمايدىيۇ، سۆرەلمىلىك قىلىدۇ، بىر ئىشقا زەردىسى يوق، كىتابقا، خىيالغا ئامراق دەپ قارايتتى ئاتىسى. شۇنىڭ بىلەن، بېغىدىكى قېرى ئۆرۈكتەك مەزمۇت ئاتا بۇ ئوغلىنى قاساپلىققا بەردى، سىيىت قارى قاساپنىڭ قوي ئۆلتۈرگىنىگە قاراپ، قاندىن قورقۇپ يۈردى، كېيىن يۈرىكى ئاز-تولا قاتتى، قوينى تۈنجى بوغۇزلىغاندا كۆزىنى يۇمۇپ تىترەپ تۇرۇپ پىچاق سۈردى، كېيىن كۆزى مىت قىلمايدىغان بولدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشتىنمۇ زېرىكىپ قالدى، ئۆمۈر بويى قان پۇراپ، گۆش بىلەن پوخلۇق قېرىن ئارىسىدا ئۆتۈۋېرىشنى خالىمىدى، ئاتىسىغا مەيلى دىن ياكى پەندە بولسۇن، داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنى ئېيتتى. ئاتا ئۆتمۈشىنى ئىنكار قىلىپ، كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك قاراۋاتقان ئوغلىنىڭ روھلۇق چىرايىغا قاراپ، بوپتۇ، ئوقۇغىن دېدى. دىنىي ئوقۇشقا يوق قويۇلمايتتى، شۇڭا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتا كىرىپ ئالىي مەكتەپتە تەييارلىق قىلدى، ئۆتەلمىدى. ئۇ چىرايلىق قىز ساۋاقداشلىرىنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزىتىپ قويۇپ يەنە ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. سومكىسىدا دوستلىرىدىن ئارىيە ئېلىپ تۇرغان بىر نەچچە رومان بار ئىدى، بىر-ئىككى كۈن ئىشقىمۇ قوپماي كىتاب ئوقۇدى، خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى يازدى. چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى، ئېتىزدىن كەلگەن ئاتا ئوغلىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆردى، خاتىرىسى بېشىدا تۇراتتى، كەچلىك كۈرستا ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان، ئوغلىنىڭ بىلىم جەھەتتە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تىلەيدىغان ئاتا ئۇنىڭ خاتىرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى:

« ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ يازغانىدى ئۇخلاۋاتقان ئوغلى، « ئىستىقبالىم قانداق بولار؟

قوتاندىكى قويدەك ياشارمەنمۇ؟ كالىدەك ئىشلەرمەنمۇ؟ ئېشەكنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ھارۋا ھەيدەپ قىغ توشۇپ، سامان توشۇپ، ئېشەكنىڭ كۆتىنى زىقلاپ قانتىپ ئىچىم ئېچىشىپ يۈرەرمەنمۇ؟ ئىشەكقۇ ھارۋا سۆرەيدۇ، مەنمۇ بىر نەرسىنى سۆرەيمەن، بۇ نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن ھېس قىلىمەن. مەن تۈزۈك ياشىسام بولاتتى، مەن تۇغۇلغان ئائىلە مۇشۇ، ئەمما پۇشايمان قىلمايمەن، خۇدانىڭ پۈتكەن تەقدىرى بۇ، پەندە ئوقۇيالىسام دىندا ئوقۇسامۇ بولاتتى، ئوقۇيمەنلا دېسەم خۇدايىم نېسىپ قىلىدۇ، ئاتامۇ قوشۇلىدۇ. دېھقان بولغاندىن موللام بولغان ياخشى، ھېچ بولمىسا مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا ئىناۋەتىم بولىدۇ… بەزىلەر موللا بولىدىغان زامان كەتتى، كۆتۈڭنى قىس دېيىشىدۇ، ئەمىسە نېمە ئىش قىلاي؟ ياشىماق ئەجەب تەسكەن، خۇدا …

ئاتا ئوغلىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۇزاق قاراپ كەتتى، بالىسىنىڭ سارغۇچ چاچلىرى خۇددى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى پىكىرلەردەكلا چىگىشىلىشىپ كەتكەن، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئېغىزىنى يېرىم ئوچۇق قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. بىرلا ئوغۇل، قېنىدا ئانىسىنى تارتقان مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، ئاتىسىنى تارتقان خۇشخۇيلۇق بار. بوپتۇ، موللام بولسۇن، ئىناۋەتلىك ياشىسۇن، خوتۇن ئالغاندا بولسىمۇ ئىناۋەت ئەسقاتىدۇ… ئاتا خاتىرىنى پەم بىلەن جايىغا قويۇپ قويۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سېيىت قارى چۈش كۆردى، چۈشىدە قىش پەسلى، مەھەللە مەزىنىنىڭ ئۆيىدە ھەپتىيەك يادلاۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوماق چاغلىرى ئىدى، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى چىرايىنى، قىلىقلىرىنى، قاتار تامدىكى ئۇچىنچى ئۆيدىن كېلىدىغان بىر قىزنى شۇنداق ئېنىق كۆردى. ئۇ قىزنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى شۇنداق كۈچلۈك ئىدى، ھەپتىيەكتىكى سۈرىلەرنى ئەڭ باشتا يادلاپ مەزىنگە ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ھەر قېتىمدا بىر ياڭاق مۇكاپات ئالاتتى. قىزنىڭ قارا كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايتتى، ئويماق ئېغىزلىرىدىن سۈرىلەر تۆكۈلەتتى، ياڭاقنى ئىشىككە قىسىپ چاقاتتى، مېغىزىنى سېيىتكە بېرەتتى. ساۋاقتىن بىكار بولغاندا مەزىنىنىڭ قوي-ئۆچكىلىرىگە سامان سالاتتى…

سېيىت قارى خاتىرىسىگە موللام بولىمەن دەپ يېزىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىرادىگە

كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەمدە نەچچە يىللار ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن شۇ مەزىننى، ئۇنىڭ نۇرانە چىرايىنى، مۇڭلۇق ئاۋازىنى، سالاپىتىنى، جامائەت ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنى ئېسىگە ئالغانىدى.

خۇدا شۇنداق نېسىپ قىلغان بىر پۇرسەتتە(ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق ئويلايدۇ)، بېيجىڭدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى ئۇنىڭغا بىر ژۇرنال ئارقىلىق يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ شەرتلىرىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ يادلىۋالدى، شۇ بويىچە ئىش كۆردى، ماڭىدىغان يولنىڭ ھەممىسىنى ماڭدى، پۇختا تەييارلىق قىلدى ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋالدى. مانا بۇ چاقىرىق خۇدانىڭ چاقىرىقى، كۈتكەن تەقدىرنىڭ، نۇرلۇق كەلگۈسىنىڭ چاقىرىقى ئىدى، سىيىت قارى ھاياجاندىن يىغلىۋەتكۈدەك بولدى، ئاتىسى ياش تۆكتى، ئانىسى ئۇلارغا ئەگىشىپ كۆز يېشى قىلدى. مەھەللىدىكىلەر، سىيىت قارىنىڭ شەھەردىكى كادىر تۇغقانلىرى بۇنىڭغا ھەيران قېلىشتى، سامان تېگىدە ئۆمىلەپ يۈرگەن بىر چۈجە تۇيۇقسىز لاچىنغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ئەجەبلىنىشىپ، بۇ بالا ئوقۇيالارمۇ؟ دېيىشتى.

2

مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن سىيىت قارى ھەقىقەتەن ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا خۇي-پەيلىدىن تارتىپ ئىنتايىن ماس كېلىدىغان مۆمىن بىر بەندىگە ئايلاندى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، ھېچكىمدىن بىر نېمە تالاشمايتتى، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيتتى، دەرسكە بۇرۇن چىقىپ، نامازغا ۋاقتىدا تۇرۇپ، چىشىنى ئىككى ۋاق چوتكىلاپ، ۋاقتىدا ئۇخلاپ تەرتىپلىك ياشايتتى. جۈمە كۈنى مۇنچىغا چۈشۈپ، بۇرۇت-ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، كۆپىنچە تالىپلار ئالاھىدە ۋاقىتلاردا كىيىدىغان تۆمۈرەڭ پەلتوسىنى كىيىپ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ۋەز تىڭشايتتى، نامازنىمۇ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە دىققىتىنى چاچماي ئوقۇيتتى. بۇ مۇھىتتا ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن تېز كۆنۈپ كەتكەن سىيىت قارىغا ئۇزاق ئۆتمەيلا بۆلەكچە پاكىزلىق ۋە سالاپەت قوندى. بامداتتىن ئىلگىرى باشقا باللار ئۇخلاۋاتقاندا ئۇ قوپۇپ تاھارەت ئېلىپ قۇرئان ئوقۇيتتى، سۈرە يادلايتتى. ئۇ ئىش، بۇ ئىش يوق، كەتمەن چېپىش يوق، ھارۋا ھەيدەش يوق، بارلىق جاپا شۇ ئاتىسىغىلا قالدى، ئايدا ئاران 50 كوي

ئەۋەتىدۇ، لېكىن بۇمۇ كەڭتاشا يېتىدۇ، مەكتەپتىن بېرىدىغان تاماق پۇلىنى باشقىلار 15كۈن ئاران يەتكۈزسە سىيىت قارى 25كۈن يەتكۈزىدۇ. باشقا باللار شەنبە، يەكشەنبىدە بېيجىڭدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ يۇرتلۇقلىرىنى ئىزدىسە، سىيىت قارى ھېچنەگە چىقماي دەرس تەكرارلايدۇ. ياتاققا ئاز كىرىدۇ، ئاز ئۇخلايدۇ. مۇشۇنداق ئادەت ئۇنىڭغا تەبىئىيلا بىلىنىدۇ. باشقىلارغا مۇشتەققەتلىك ئىشلار ئۇنىڭغا ئاسان. چۈنكى ئۇ نېمە جاپالارنى تارتمىغان، ئىچى قانچىلىك سىقىلمىغان-ھە! بۇ پۇرسەت ئەڭگۈشتەر، بۇ پۇرسەت غەنىمەت ئەمەسمۇ. سىيىت قارى دىنىي دەرسلەرگە ئامراق ھەم سەۋىيىسى باشقىلاردىن ئۈستۈنراق بولسىمۇ خەنزۇچىغا خام ئىدى، دەرسنى تەستە ئاڭلاپ چۈشىنەتتى، تاپشۇرۇقنى زورىغا ئىشلەيتتى. تاھارەتسىز خەنزۇ مۇئەللىم ئۇنىڭغا پەقەت ئىلىم يۇقتۇرالمايۋاتاتتى. بىرىنچى مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ 2 نومۇر قوشۇپ قويۇشى بىلەن 61 نومۇر ئېلىپ ئاران ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ قەلبىنى ئېرىتەلمىدى، خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەلمىدى. باشقا باللار كېلىپلا خەنزۇچە ئۆگىنىشكە شۇنداق كىرىشىپ كەتتىكى، خەنزۇچە ئۆگەنمىسەك بۇ شەھەردە ھەرگىز ياشىيالمايمىز دەپ ئويلايتتى، خۇيزۇ تالىپلار بىلەن تىل ئۆگىنىش ئۈچۈنلا دوستلىشاتتى، تالاغا چىقىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالغاچ خەنزۇلار بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىشەتتى، سىنىپتا تېلېۋىزور كۆرەتتى، تاپشۇرۇقنى ئاكتىپ ئىشلەيتتى، ئوقۇتقۇچى گەپ قىلدۇرسا يامىداپ بولسىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلاتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كوچىدىن ئۆگىنىۋالغان بېيجىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ قوياتتى. سىيىت قارى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئېغىزىنى خەنزۇچىغا كەلتۈرەلمىدى، خەتلەرگە قارىسا كۆزى تولىشاتتى، بىرەر ئېغىز گەپنى قىلاي دېسىلا ئېغىزى توختاپ قالاتتى. بىر قېتىم مۇئەللىم ئېغىز تىلى دەرسىدە ئۇنى ئورنىدىن يەنە تۇرغۇزۇپ دەرس سورىدى:

سەن كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلماقچى؟

زو... يىگى... موللا

باللار پاراققىدە كۈلۈشتى.

ۋەتەنپەرۋەر موللا بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

ۋو... بۇ.. جىداۋ

خەنزۇچە ئۆگىنىشنىڭ كېرەكمۇ ئەمەسمۇ؟

ياۋ... شۆشى

ساۋاقداشلىرى ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى، بىرسى قوپۇپ:

سۆزلىيەلمىسەڭ ئۇيغۇرچە سۆزلە،-دېدى.

بولمىسا قىرائەت قىلىپ بەر...-دېدى يەنە بىرى.

سېيىت قارى خېلىلا ئىزا تارتتى، ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن دەپ كېلىپ خەنزۇ مۇئەللىم ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ، بېزىرىپ، دۇدۇقلاپ قېلىشنى ئۇ ئەسلا ئويلىمىغانىدى، ئەمما ئويلىمىغان ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا يۈز بېرىۋەردى، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىز ئىشلار داۋاملىشىۋەردى. ھەر قېتىم مۇشۇ دەرستىلا ئۇ مۇئەللىمنىڭ ۋە بالىلارنىڭ نەزىرىدىن بىر چۈشەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭدەك بالىلاردىن بىر نەچچىسى بار ئىدى، چانمايتتى، ئەمدى ئۇ بالىلارنىڭ خەنزۇچىسىمۇ ياخشىلىنىپ، سېيىت قارى سەپتىن چۈشۈپ قالدى. ئۇ بۇنى ھېس قىلىپ بولغۇچە بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى، قىشلىق تەتىلدە ئۇ دىققەت مەركىزىنى، ئىش-مەيلىنى خەنزۇچىغا قاراتتى، ئىچى پۇشقاندا ئانچە-مۇنچە تېلېۋىزور كۆردى. مەكتەپ قورۇسىدىن چىقسىلا قىمىرلىشىپ يۈرگەن خەنزۇلار ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ئاستىرتتىن ئىلھام بېرىۋاتقاندەك بولاتتى. مەكتەپ ئۇدۇلىدا بىر سەھىيە مەكتىپى بولۇپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن قىز-ئوغۇللار ئوقۇيتتى، ئوغۇللارغا باققاندا سېستىرالىقتا ئوقۇيدىغان قىزلار كۆپ ئىدى، سېيىت قارى كوچىغا كەمدىن كەم چىقاتتى، لېكىن ئوقۇتۇش بىناسىدا تۇرۇپ سىرتقا قارىسا ئۇ مەكتەپكە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن قىزلارنى، چېچىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ قىزلار ئالدىدا نايناقلاپ يۈرگەن ئوغۇللارنى كۆرەتتى. بۇ بالىلارنىڭ كىيىملىرى بىر خىل رەڭدە بولۇپ، قايسىسىنىڭ قىز-ئوغۇللۇقىنى بەزىدە پەرق ئەتكىلى بولماي قالاتتى، مۇھەببەتلىشىپ قالغانلار گاھىدا كۆپكۆنىدۈزدە يول بويىدىلا قۇچاقلىشىپ تۇراتتى، ھەتتا سۆيۈشۈپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ قويۇشاتتى. سېيىت قارى بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ قېلىپ ئەرۋاھى ئۇچتى، خەنزۇچە دەرسلىك كىتابىنى بىنادىن

يەرگە تاشلىۋەتكۈسى كەلدى. ئەمما تىل دېگەن تىل، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلىمىدىكى بىر نەرسە، بۇنەرسىنى، بۇ قورالنى ئىگىلىمەي قانداق نان تېپىپ يېگىلى، ئەڭ ئاددىيسى بۇ شەھەردە قانداق ياشىغىلى بولسۇن؟ ساۋاقداشلىرىنىڭ كاللىسى بۇرۇنلا ئېچىلغان گەپ، ئۇلارمۇ دۆت ئەمەس، ھەممىسىنىڭ ئويلىغانلىرى بار.

ئىلگىرى مەكتەپ قورۇسىدىن چىقسىلا سىيىت قارىنى ياتسىراش بىلەن بىللە يېڭىلىققا قىزىقىش تۇيغۇسى ئىگىلىۋالاتتى، ھازىر باشقا باللاردەك نەمۇ نەگە بېرىپ كوچا چۆرگىلەپ كېلەلمىسىمۇ، ئۆپچۆرىسىدىكى كوچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ئانچە ياتسىرىمايدۇ، بىراق مەكتەپ قورۇسىدىكى پاكىز، تىنچ مۇھىتنى تالاغا سېلىشتۇرغاندا سىرتتىكى دۇنيا سىيىت قارىغا يەنىلا ناھايىتى يات، ئېزىتقۇلار بىلەن تولغان قايناق ماكان بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئېسىل، پارقىراق پىكاپلار، كۆز چاقنىتىدىغان دۇكانلار، رەڭگارەڭ چىراغلار، ھەممىلا يەردە مەۋجۇد شاۋقۇن سۈرەنلىك مەئىشەت ۋە ئەيش-ئىشرەتلەر، قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، ھاراق پۇراق تۇرغان سېمىز ئەرلەر، بەدىنىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرگەن خوتۇنلار، ساتراچخانىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە يوتىسىنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغان سېرىق چاچ جىنلار... ئىشقىلىپ ھەممىلا نېمە سىيىت قارىغا ھازىرلا ئۇنى دەم تارتىپ قويىنىغا ئېلىپ كېتىدىغان شەيتان ئوردىسى، شەيتان ئويۇنلىرى بولۇپ كۆرۈنەتتى، شەيتىنى غالىب كەلسە بىر يەرلەردە قەدىمى توختاپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەپ، كوچىلاردىن ئىتتىك مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، ئىككى يېنىغا قارىماي مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئۇھ دەپ دېمىنى ئېلىۋالاتتى. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا كىرىپ تاھارەت ئېلىپ مەكتەپ خانىقاسىغا كىرىپ ناماز ئوقۇيتتى، شۇغىنىسى ناماز ئوقۇپ بولۇپلا كاللىسى يەنە كوچىغا كېتىپ قالاتتى، ئۆزگە ھاي بېرەتتى، خىيالىنى يىغىپ دەرسخانىغا كىرىپ كىتابقا قارايتتى، كاللىسىغا بىر نېمە چۈشمىسە خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى جىجىلايتتى، ئۇ ئەرەبچىنى ئالدىن ئۆگىنىپ ماڭغاچ ئىختىيارسىزلا كلاسسىك شېئىرلارغا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا تولۇق ئوتتۇرىدا ئۆگەنگەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرى بويىچە قاملاشمىسىمۇ بىر-ئىككى مىسرا شېئىر يېزىپ قوياتتى.

شەھەردە ھۇۋلايدۇ جىن-شەيتانلار، نە قىلاي، نە چارە باردۇر ماڭا،
ئەي سىيىت ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، نەپسىڭنى يەڭ، بەختمۇ باردۇر ساڭا...

دېگەندەك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىچە يايراپ، ناخشىمۇ ئەمەس، قىرائەتمۇ ئەمەس بىرئاھاڭغا غىڭشىپ قوياتتى.

3

ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى يوق، ھەممە ئىش ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇ شەھەردە زۆھرەلا ئالدىرىماي ياشايتتى، ۋاقىت ئۆتكۈزەلمەي ئىچى پۇشاتتى. ئۇ مەركەزدىكى بىر رەھبەرنىڭ تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى، ئەيتاۋۇر تونۇشىنىڭ تونۇشى چىقىپ، بىر مۇسۇلمان قىزنى ئائىلە خىزمەتچىلىكىگە ئالماقچى بولغان ئەرەب باش ئەلچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشلىگەندىن بۇيان بۇ مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالدى، ئۇنىڭغا قىلىدىغان جىق ئىش يوق ئىدى، تاماقنى بېنگاللىق ئەر ئاشپەز قىلاتتى، كىر-قاتنى فىلىپپىنلىق بىر ئايال يۇياتتى، ئۇ پەقەت بىكار ۋاقتىدا ئانچە-مۇنچە ئۆي تازىلاپ قويۇپ، باشقا ۋاقىتتا نامىزىنى ئوقۇپ، چۈشتە ئۇخلاپ، گاھىدا ۋاننىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ چاچ تاراپ، كۆز بوياپ ئولتۇراتتى. دەسلەپتە ئۆزىنى يېزىدىن ئۇچۇپ كېلىپ ئالتۇن قەپەسكە كىرىپ قالغان قۇشتەك ھېس قىلدى، كېيىن ئۆزىنىڭ ھېچ كۆڭۈل خوشلۇقى تاپقىلى بولمايدىغان، جاپا-مۇشەققەت، توپا-تەرەتكە تولغان مەھەللىسىدىن قۇتۇلۇپ بۇ شەھەردىكى پاكىزلىققا، ئەلچىنىڭ ھۇزۇرىدىكى راھەتكە چىقىپ قالغىنىغا شۈكرى قىلىپ، ھۇرۇن مۈشۈكتەك سوزايلىنىپ، ئاپتاپ نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان كەڭ دېرىزىدىن سىرتلارغا قاراپ ئەسنەپ كېرىلىپ، باش ئەلچى ۋە قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تەمتىرىسىمۇ كۆڭلىدە خوش بولۇپ، ئۇلارغا پاك، ئىشچان بىر مۆمىن قىز بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ ئۆتتۈۋەردى. دەرۋەقە، باش ئەلچى ئۇنىڭدىن رازى ئىدى، ئۇمۇ كۆڭلىدە بۇنىڭدىن شەكلەنمەيتتى. داچىدا ئۇ گويا مالاي قىز ئەمەس، بەلكى باش ئەلچىنىڭ ئۆگەي قىزىغا ئوخشايتتى، ھېچكىم بىر نېمە دېمەيتتى، ئىشقا بۇيرۇيدىغان ئادەم يوق، ئىشنى ئۆزى تېپىپ ئىرىنچەكلىك بىلەن قىلسىمۇ قىلىپ تۈگىتەلەيتتى.

پەقەت بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم باش ئەلچىنىڭ خوتۇنى دۆلەتتىن كېلىپ بىر ھەپتە ئۆپچۆرىسىدە تۇرۇپ قالغاندا ئۇنى بىر ئاز ئالدىرىتىپ قويدى، قۇرئان ساۋادلىق بۇ قىز ئىلگىرى ئۆزى ئاززاق ئەرەبچە ئۆگەنگەن، باش ئەلچىنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئادەتتىكى گەپلەرنى خېلى چۈشىنەلەيدىغان ۋە قىلالايدىغان بولغاندى، ئەمما باش ئەلچىنىڭ خوتۇنى ئىتتىك سۆزلەيدىغىن، مىجەزى چۇس ئايال ئىدى، زۆھرەنى خۇددى ئېرىدىن كۈنلەيدىغاندەك ئەلپازدا قاراپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ ئىشقا بۇيرۇپ تەمتىرىتىپ، ھارغۇزۇۋېتەتتى. باش ئەلچىنىڭ خوتۇنى كەتكەندىن كېيىنلا ئۇ بويىنىدىن بىر تاقاقنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالاتتى، بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇرۇپلا باش ئەلچىنىڭ ئۇ خوتۇننى بەكلا ھۆرمەتلەيدىغىنىنى، خوتۇنىنىڭ ھەر كۈنى بېيجىڭدىكى ئالىي سودا سارايلىرىغا بېرىپ قىممەت باھالىق بىر نەرسىلەرنى ئالىدىغىنىنى، تاقىۋالغان زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ ئېسىللىكىنى، گىرىم بويۇملىرىنىڭ تولىمۇ ئالىي، خۇشپۇراقلىقىنى ئەسلەپ، ئويلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. چىراي دېسە ئۇ خوتۇندىن قېلىشقۇچىلىكى يوق، ئۇ خوتۇن تېخى زۆھرەدىن سېمىزراق. بەلكىم بۇ خوتۇن ئېسىلزادە ئائىلىنىڭ قىزىدۇ، يا بولمىسا پادىشاھنىڭ بىرەر تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنىدۇ. ئادەتتە ئابرۇيلۇق يۇرىدىغان ئەلچىنىڭ بۇ كىبىرلىك خوتۇنى ئالدىدا بۇنچىلىك قىلىپ كېتىشلىرىدە بىر گەپ بار، غوجامنىڭ غوجىسى بار، ئۇ دەل باش ئەلچىنىڭ ئارقا تىرىكى... زۆھرەنىڭ پەرەز، گۇمان، ئارمان ئارىلىشىپ كەتكەن خىياللىرىنىڭ ئايىغى چىقمايتتى، كارىۋاتتا يېتىپ ئېغىناپ، تورۇسقا قاراپ، ئۆزىنى باش ئەلچىنىڭ خوتۇنى ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتى. ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم، ئوخشاش ئايال، نېمىدېگەن چوڭ پەرق بۇ؟ بۇ خوتۇن كۈندە ئاز دېگەندە  نەچچە يۈز مىڭ يۈەننى، ھەپتىدە مىليون يۈەننى بېيجىڭدا خەجلىۋېتىپ كېتىدۇ، زۆھرەنىڭ ئايدا ئالىدىغىنى ئاران مىڭ يۈەن. سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ مەھەللىسىدىكى بەزى دېھقانلار يىلدا مىڭ يۈەنمۇ تاپالمايدۇ، بۇنىڭغا باققاندا شۈكرى دېسە بولىدۇ، لېكىن... خۇدا، بۇنچە تەڭسىزلىكنى نېمىشقا بىزگىلا بېرىدۇ؟... ئۇ ئويلاپ-ئويلاپ خۇدادىن بىلىپ-بىلمەي ئاغرىنىپ، ئاندىن چۆچۈپ تۆۋە قىلىپ، ئاستا ھاجەتخانىغا كىرىپ تاھارەت ئالاتتى-دە، نامازغا تۇراتتى، ئەمما نامازدا دائىم دىققىتى

چېچىلىپ كېتەتتى، رەكەتتىن ئېزىپ توختاپ قالاتتى، سالام بېرىپ نامازدىن چىقىپ قايتا باشلايتتى، ئاران تەستە ئوقۇپ تۈگىتىپ جايناماز غا بېشىنى قويۇپ يەنە خىيالغا چۆكەتتى: نېمىدېگەن تەلەيلىك ھە بۇ ئايال! بولمىسا ئوخشاش مۇسۇلمان، ئۇنىڭ قاراڭغۇدىمۇ چاقناپ تۇرىدىغان ئالماس ئۈزۈكلىرى، مارجانلىرى، زۆھرە ئۆمۈر بويى ئارزۇلىسىمۇ ئۇچىسىغا ئارتالمايدىغان قىممەت باھالىق كىيىملىرى، بېيجىڭدىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ئىتالىيە ئاياغلىرى، قېرىغاندىمۇ يۈزىنى ياشارتىپ تۇرىدىغان گىرىم بۇيۇملىرى، كۆكۈشكە مايىل سۇرمىلىرى، بىر نەرسە يەپ-ئىچسىمۇ چىقىپ كەتمەيدىغان پارقىراق لەۋ سۇرۇخلىرى... ھەر قانداق ئايال زاتىنىڭ ئىچىنى قىززىتىدۇ، كۆكسى-قارنى كەڭ ئايالمۇ چىدىماس بولۇپ كېتىدۇ!

زۆھرە شۇنىڭدىن بۇيان باش ئەلچىگە ئىختىيارسىز ھالدا ئاللىقانداق بىر تامادا قارايدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما باش ئەلچى ئۇنىڭغا ناگاھان زوقلىنىپ قاراپ قويسىمۇ لېكىن يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان ھېچ گەپ-سۆز ياكى پوزىتسىيە بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭغا گويا ئىككىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتتىكى ئادەمگە نەزەر سالغاندەك قارايتتى، ۋاقىت ئۆزارغانچە زۆھرە باش ئەلچىنىڭ كاللىسىدىكى دەرىجە، تەبىقە ئېڭىنىڭ ئېغىرلىقىنى، مۇسۇلمانلار باراۋەر دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى، خىيالىنىڭ ۋە نەپسىنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، نامىزىدا خۇداغا تۆۋە قىلىدىغان بولدى، ئەمما بۇمۇ دائىم ۋاقىتلىقلا بولاتتى، باش ئەلچى خوتۇنىدىن قورقسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەرەبلەردىن توي قىلمىغانلىرى، ئىككىنچى خوتۇنلۇققا بولەك مۇسۇلمان مىللەتتىن قىز ئىزدەپ يۈرۈۋاتقانلىرى بار بولغاچقا، شۇ ئەرەبلەردىن تەقۋادار ھەم ياخشىراق بىرسىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت ۋە خۇشاللىققا تەسەددىپىيلا نېسىپ بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇ ئىلگىرى يۇرتىدىكى بەزى ياش تۇل ئاياللارنىڭ ھەجگە بېرىپلا بىر ئەرەبنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇن بولسىمۇ رازى بولۇپ، ھەرەملىك خېنىم بولۇپ شۇ يەردە ياشاپ قالغانلىقىنى، يۇرتىغا كەلسە جامائەت ئارىسىدا چوڭ ئىززەت-ئىكرامغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئەر دېگەن باي بولسا، خوتۇنلىرىنى تەڭ رازى قىلالىسا، ھاجىتىدىن چىقىپ،

كىيىدىغىنىنى، تاقايدىغىنىنى كەم قىلمىسا مەيلى ئەمەسمۇ؟ دىنىمىزمۇ كۆپ خوتۇنلۇقنى چەكلىمەيدىغۇ؟ بۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بار، مەسىلەن، بىر خوتۇنى ھەيز كۆرۈپ قالغاندا ياكى تۇغۇتلۇق بولۇپ قالغاندا ئىرى ئۇنى بىللە بولۇشقا قىستىمايدۇ، بۆلەك خوتۇنى بىلەن بىللە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۆزۈرلۈك خوتۇنمۇ ئىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن غەم قىلمايدۇ... زۆھرە بۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى راستىنلا بىر ئەرەپ ئەرگە توغرىلاپ قويغاندەك ھېس قىلىپ بەزىدە خىجىلمۇ بولۇپ قالاتتى، مەھەللىسىدىكى يىگىتلەرنى ئىسىگە ئېلىپ خۇرسىنىپ قوياتتى، بۇ خورسىنىش كۆپ ھاللاردا ئىچىنىش، كەمسىتىش بىلەن تولغان بولاتتى، ئۇ مەھەللىسىدىكى توي-تۆكۈن، تويدىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە جاپا-مۇشەققەتنى ئويلىسا، ئىرىدىن تاياق يەپ ئۆيىگە يىنىپ كېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدىمۇ سەت كۆرۈنۈپ مالايدەك ئىشلەۋاتقان چوكانلارنى ئىسىگە ئالسا ھەرگىزمۇ يۇرتىغا قايتىپ توي قىلىشنى خالىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ مۇھىتنى تېخىمۇ بەك قەدىرلىشىگە تۈرتكە بولاتتى.

باش ئەلچى ھەر كۈنى كەچتە ئەلچىخانىدىكى ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە تاماق يەيتتى، پاراڭنى جىق قىلاتتى، تاماق يەپ بولۇپ مېۋە تەملىك چىلىم چېكەتتى، قارامتۇل چىرايىدا بايلىق بىلەن شەرەپ تەڭلا جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ساقاللىق، كېلىشكەن ئەرلەر ئىدى، خىزمەتچىلەر تاماق جوزىسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارغا خىزمەت قىلاتتى. زۆھرە ئۇلارنىڭ يېنىدا چىلىم يەڭگۈشلىگەندە، چاي قۇيغاندا شەھۋەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان كۆزلەر ئارىسىدا گاھىدا ئۆزىنى تاپالماي قالاتتى، خۇددى چىلىم چەككەن بەڭگىدەك خۇشكەيىپ بولۇپ لەيلەپ يۈرەتتى، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالاتتى. ئەمما بىر-بىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا باش ئەلچىدىن ھېيىقىدىغان كۆزلەر بىر دەمدىلا پەسكويغا چۈشۈپ جايىنى تاپاتتى. زۆھرە قايتا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇلار خۇددى بىرىنچى قېتىم تەمىنى تېتىپ كۆرۈپ قىزىقى قالمىغان بىر نەرسىگە قارىغاندەك قارايتتى، ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان ياغلىقىغا، ئۇچىسىدىكى يېڭى ئۇزۇن كېيىملەرگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى بېيجىڭدىكى بېلىق كۆز، بەدىنى بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاق تەنەيخانلارغا ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، ئەرەب ئاياللىرىنى ئەسلىتىدىغان

مۆمىن ئايالللارنى كۆرسە ئىچى سىقىلاتتى.

زۆھرە شۇ تەرىقىدە باش ئەلچىنىڭ داچىسىدا ئىككى يىل خام خىيالدا ياشىدى، دىنىدا سۇسلىشىپ كەتتى، نامازنى تاشلىۋېتىشقا تاس قالدى. چۈشىدە بەزىدە ئۆلۈم، قاباھەتلىك ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا تەقۋالىقى يادىغا يېتەتتى، بويىغا يېتىپ تېنىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر، كاللىسىدا خىياللار ئاۋۇپ كەتكەچكە بۇ تەقۋالىقى چوڭقۇرلىشالماي ئەكسىچە قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئارقىغا يانغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كەينىگە يېنىپ كېتەتتى.

باش ئەلچىنىڭ جۇڭگودا تۇرىدىغان ۋاقتى توشۇپ باشقا دۆلەتكە ئالمىشىدىغان بولدى، داچىسىنى قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلدى، ئۆي جاھازلىرىنى قالىدىغان ئەرەبلەر بۆلۈشىۋالدى. زۆھرەنىڭمۇ كۈنى توشۇپ، ئالىدىغان ئىش ھەققىنى ئېلىپ يۇرتىغا كەتتى.

4

ئىززەت-ئابرۇي، بايلىق ۋە راھەتنىڭ تەمىنى ھەقىقىي ھېس قىلمىغان بولسىمۇ ئۇنى باش ئەلچىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈپ كاللىسىغا سىڭدۈرۈۋالغان زۆھرە ئاتا-ئانىسىغا بىر يولىلا 15 مىڭ يۈەن ئەكېلىپ بېرىپ، ئۆينىڭ ئەتىۋارلىق قىزىغا ئايلىنىپ بىر مەزگىل خۇشال، ئازادە يۈردى، ئاتا-ئانىسى بۇ پۇلغا تويۇڭنى قىلىپ قويىلى دېگەندە ئۇنىمىدى، ئاتا-ئانىسىمۇ پۇل ئەكېلىپ بەرگەن قىزىنىڭ رايىغا باقتى. پۇلنىڭ ئادەمنى ۋە مۇئامىلىنى ئەپچىل ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ كەتكەن زۆھرە ئۆي ۋە ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئۇرماي، ئۇيقۇسىنى كەم قىلماي، يەنە بېيجىڭغا قايتىشنىڭ خىيال-تەسەۋۋۇرلىرىغا چۆكۈپ، ئوي-پىلانلىرىنى نەچچە تۈزۈپ، نەچچە ئۆزگەرتىپ، ئېنىق بىر قارارغىمۇ ئاساسەن كېلىپ بولدى. دېھقانچىلىقتىن بۆلەك ئىش-ئوقىتى يوق ياۋاش ئاتا-ئانىسىغا ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇل تېپىپ ياخشى ياشاپ، راھەت كۆرۈشنىڭ مۇھىم بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا ئۇماش بولمىسا، پۇل تاپالايدىغان ئەقىل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىز بالا بولسىمۇ چوڭ شەھەردە، كاتتا ئادەمنىڭ ئۆيىدە ياشاپ نەزەر دائىرىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، جانغا ئەسقاتىدىغان بىلىم ۋە قابىلىيەتكە خېلى ئېرىشىپ قالغانلىقىنى، ياخشى پۇرسەتلەر چىققىلى

قوپقاندا بۇ ياققا يېنىپ كېلىپ قالغانلىقىنى، ئىشىنىڭ چالا قالغانلىقىنى، ھېلىھەم بولسىمۇ بېيجىڭغا يەنە بېرىپ ئەربچە ياكى ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ، بىرەر يەردە راۋۇرۇس ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش خىيالغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاتا-ئانىسى قىزىغا قاراپ جىمىپ كەتتى، ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئاغدى، ئاتىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئېغىر تىندى، يانچۇقىدىن موخوركىسىنى سىلاشتۇردى. ئىلگىرى ئىشەنچلىك تۇغقانلارنىڭ گېپى بىلەن بارغاندىمۇ بۇ ئىككىيلەن خېلىلا ئەنسىرىگەن، ئەمما زۆھرەنىڭ يامانلاغلىق ئاچىسى: بوپتۇ بارسۇن، شەھەر كۆرۈپ كېلەر. كۆرمىگەننى كۆرگىلى قويىلى. ئەرگە بېرىلى دەپ ئالدىرىمايلى، ئەر دېگەنمۇ تايىنلىق... دەپ سۆزلەپ يۈرۈپ، ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرگەنىدى. ئەمما بۇ قېتىم زۆھرە يالغۇز باراتتى، تۇرىدىغان يېرىنىڭ تايىنى يوقلا ماڭاتتى. يالغۇز قىز، قىز دېگەننى ئەرگە بېرىۋەتمىگىچە خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ...

بالا ھېس قىلىپ بولالمىغاننى ئاتا-ئاتا تۇيىدۇ، بۇنداق تۇيغۇنلۇقنى ئاللاھ پەرزەنت ئىشقى بىلەن بىللە ئاتا-ئانىنىڭ دىلىغا سالغان، ئەمما بۇنى ئاتا-ئانىسىدىكى بىھۇدە ئەنسىرەش، كونا زاماندىن قالغان قورقۇنچ، ئاجىزلىق، ھەتتا مۇتەئەسسىپلىك دەپ چۈشىنىدىغان باللار تولا، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى يوشۇرۇن كۆزگە ئىلمايدۇ، ئارىدا ھاڭ پەيدا قىلىدۇ، ئىسيان، قارامىلىق قالپىقىنى كىيىپ چىقىپ، ئاتا-ئانىسىغا مەخپىي ھالدا «كونا داشقال»، «جاھىل ئۇنسۇر» قالپىقىنى كەيدۈرۈپ قويۇپ، ئۆز يولىغا بەخىرامان كېتىۋېرىدۇ. زۆھرە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ كېتىشلىرىدىن بەكمۇ جىلە بولاتتى، مەن ئۈچ ياشلىق يەسلى باللىسىمىدىم؟ ھازىر مۇشۇ كىچىك باللار جىنىدا مۇشتىنى تۈگۈپ بىر-بىرىنى قورقىتالايدۇ، ئۆزىنى قانداق قوغداشنى، قانداق ئەركىن ئويناشنى بىلىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە تېخى ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ. مەن مۇشۇ ياشقىچە ئەمدى ئاتا-ئانامنىڭ قوينىدىن چىقالماي، تۇي قىلسام ئېرىمنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقالماي ئۆتۈۋېرىمەنمۇ؟ ئۆزىنى چۈشەپ تىرىكتاب بولۇش دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى بەختسىزلىك ئەمەسمۇ؟... دەپ ئويلايتتى. بېيجىڭغا مېڭىش ئالدىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئاز بولسىمۇ دېيىشىپ قېلىشنى، نېمىلەرنى دەپ ئۇلارنى قايىل قىلىشنى ئۇ خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئوي-خىياللىرىمۇ داۋالغۇش ئىچىدە داۋاملىشاتتى، ئارىدا دىنىي ئەقىدە ئېڭى

سېرىق ئاپتاپ چىققاندەك ئۇشتۇمتۇت پايدا بولۇپ كۆچىيىپ كەتسە ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىپ، يىغلىتىپ قويۇشتىن، سەپەردە يالغۇز مېڭىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇ خىيالىدىن يېنىپ، مۇشۇ ئۆيدە تىنچ ياشاپ، بىر يەردىن ئەلچى كەلسە تاللاپ بېقىپ ماقۇل دەپ، بولغۇسى يىگىت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، توي كېچىسىنى قورقۇنچ ئارىلاش شادلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئەرنىڭ ئەلپازى، ئەرنىڭ قولى، ئەرنىڭ قويندا ھەممىنى ئۇنتۇپ، شۇ ئەرگىلا باغلىنىپ ياشاشنى ئويلاپ قالاتتى. ئەمما بۇ خىيالى ئۇزۇن داۋاملاشمايتتى، ئاللىقانداق ئېھتىماللىقلىرى، شېرىن تەسەۋۋۇرلىرى ئاپتاپنى بۇلۇت توسۇۋالغاندەك خىرەلىشىپ كېتەتتى-دە، بۇ يۇرت، بۇ مەھەللە، يىگىتلەرمۇ خۇنۇكلىشىپ، يات، كۆڭۈلسىز، ئۈمىد يوق نەرسىلەرگە ئايلىناتتى. ئادەم شالاڭ، ئەرلەر گالۋاڭ كۆرۈنىدىغان بۇ يېزا، بۇ مەھەللىدە ئۆزىنىڭ گۈلدەك جىسمىنىڭ خازان بولۇپ كېتىشىگە چىدىمايتتى، كىچىككىدىمۇ ئۇ كالا باققاندا كالا ئېرىق بويىدىكى ئەمدى ئېچىلىۋاتقان ياۋا گۈللەرنى يەپ ئارقىدىن پوقلاپ قويسا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كالىنى شۇۋۇق بىلەن ئۇرۇپ كېتەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇ توپىلاڭ يەردە خازان بولماسلىقى، پاكىز، ئاۋات بىر يەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قىممىتىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. زۆھرەنى پات-پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئېتىقادى ئىدى، ئېتىقادىلا ئۇنى ئانچە-مۇنچە چۆچۈتەلەيتتى، خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئېتىقادىدىن ئۆزىگە تەسەللى، ئىلھام بېرەلەيدىغان، ئىشقا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى ئاختۇرۇپ بىردەمدىلا تاپتى: ئاللاھ قۇرئاندا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، بۇ گەپ ئەرلەرگىلا دېيىلگەن گەپ ئەمەس، ئاياللارمۇ تەۋەككۇل قىلىشى، جاھان كۆرۈپ ئۆز رىزقىنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك! ئاياللارمۇ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بەندىسى...

شۇنداقتىمۇ قىز بالىنىڭ ئۆيدىن يالغۇز چىقىشى تەس، بۇنى زۆھرەمۇ بىلەتتى، بىلگەنچە جاھىللىقى تۇتۇپ تېزرەك ماڭغۇسى كېلەتتى.

— تويۇڭنى قىلىۋەتسەك بولاتتى...- دېدى ئانا يەنە تەكىتلەپ.

— مەن بەربىر كېلىمەنغۇ..

— ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز قىزىم.- دېدى ئاتا موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ.

— ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق، يەنە دېسەم يەنە شۇ، مېنىڭ قانداقلىقىمنى خۇدايىم بىلىدۇ، قانداق بولۇشۇمنىمۇ خۇدايىم بەلگىلەيدۇ... سىلەر بىكاردىنلا ئەنسىرەپ يۈرمەڭلا، ئىمانىڭلا بولسا مېنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار...

گەپ تۈگىدى، ئىمانلىق ئاتا-ئانىغا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە گەپ بولماس، ئېغىر تىنىقلاردىن كېيىن نەپەس يەڭگىللەشتى، كەلگۈسىدىكى نائېنىق ئىشلاردا ئىزتىراپقا چۆككەندە ئاللاغا تايىنىش ئەڭ ياخشى تاللاش. ئاتا-ئانىسى شۇنداق قىلدى، بوپتۇ بالام، سىنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇق دېيىشتى، زۆھرەگە ئۆزىنىڭ پۇلىنىياندۇرۇپ بەردى، بىر نەچچە ئاي بۇرۇن زۆھرە چوڭ بىر ئىش قىلىۋەتكەندەك كاتتا غۇرۇر، ئېھتىرام بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويغان پۇلنى شۇ چاغدا تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن ئاتا-ئانا ئەمدىلىكتە پۇلغا ئەمەس، قىزىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، بۇ پۇل ئاز بولۇپ قالدىمۇ يا دېگەندەك يەڭگىللىك، خىجىللىق بىلەن قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. زۆھرە بۇ پۇلغا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىنى، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىنمۇ جىق پۇل تاپالايدىغانلىقىنى يەنە بىر ھازا چۈشەندۈرۈپ، سەپەر تەييارلىقىنى باشلىدى.

زۆھرەنىڭ ئاچىسى سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بۇ ئۆيدە خارلىققا قالغاندەك ھېس قىلدى، زۆھرەنىڭ ھەممە پۇلنى يەنە ياندۇرۇۋالغانلىقىدىن نارازى بولدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنىڭ ئەمدى ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۆزىنى قوپاللىق بىلەن قانائەتلەندۈرگەن، قوپاللىق بىلەن ئۇرغان ئېرىنى ئويلاپ، كېيىنكى كۈنلەردە سىڭلىسىغا ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ئەرلەرنى ئېرىگە ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىپ قورقتى. ئاتا-ئانىسىدىن خالىي قالغان يەردە زۆھرەنى تارتىپ سورىدى:

— سەن بېيجىڭدا ئەر تاپماقچىمۇ؟

زۆھرە چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ چۆچىگىنىگە قاراپ ئاچىسى سىڭلىسىنىڭ راست شۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ، سەپراسى ئۆرلىدى:

— مېنىڭچە سەن شۇنداق قىلماقچى، يا بۇرۇن تېپىپ قويدۇڭ. بولمىسا ئۆيگە كېلىپ ئۇنچە ھۇرۇنلىشىپ كەتمەيتتىڭ، بېشىڭغا بىر ئىش كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ بولدۇم. ئىشتان بېغىڭغا قولپا سېلىپ يۈر، ئەر كىشى دېگەن ھايۋان، ئېشەك. ئۇقتۇڭمۇ، مانا مەن ئاچاڭ بۇنى بىلىپ بولغان. گېپىمنى ئاڭلا، ئۆيگە ساق يېنىپ كەل. ساق كەلمەيدىغان بولساڭ مەڭگۈ يېنىپ كەلمە!

بىرىنچى گەپتىن تېخى ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان زۆھرە بۇ گەپلەردىن تېخىمۇ سىلكىنىپ تىترەپ كەتتى، شەھلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئاچىسىغا كوچىدىكى ساراڭ خوتۇنغا قارىغاندەك قارىدى.

5

سىيىت قارى ئىماندىن بىخەۋەر ياشايدىغان بىغەم ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى دۇنياغا باغلاپلا چۈشىنەتتى. دۇنيا گويا ئۇلارنىڭ تارتىشىدىغان بىردىنبىر جەننىتى ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيا كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان مەنزىرە، ئىش-ھەرىكەت، ھۇزۇر ۋە شەھۋەتكە لىق تولغانىدى. جاننىڭ تەقەززاسى شۇ جان ئىگىسىنى راھەتكە— شېرىن ئۇيقۇغا، مەززىلىك تائامغا، يات جىنس ۋىسالىغا، شادلىققا، ئابرۇيغا... تىنماي ئۈندەيتتى. سىيىت قارى ئۇيقۇنى كەم ئۇخلىغان بىلەن قورساققا ئامراق ئىدى، ئوغۇللارلا ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپتىن گاھىدا زېرىكەتتى، باشقا ساۋاقداشلىرىدەك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، يۇرتلۇقلىرىنى ئىزدەپ، شۇ باھانىدە ئۇيغۇر قىزلارنىمۇ كۆرۈۋېلىپ كېلىشنى ئويلاپ قالاتتى، لېكىن ساۋاقداشلىرى بىلەن بارغۇسى كەلمەيتتى، يالغۇز بېرىشنى ئەسلى خالىمايتتى، يۇرتلۇق قىزلارنى تونۇمايتتى، ئىزدەپ سوراپ يۈرۈشكە تېخى جۈرئەت قىلالمايتتى. بىر قېتىم نورۇزلۇق پائالىيەتتە ئۇ تالىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە شۇ مەكتەپتىكى قىز-ئوغۇللارنىڭ نورۇز بايرىمىغا ئاتاپ تەييارلىغان ساما، كوللىكتىپ مەيدان ئۇسۇلى ۋە زال ئىچىدىكى نومۇرلىرىنى كۆرگىلى باردى، زوخ-شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن پات-پات قىمىرلاپ قويدى، پېشىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ تۇيمىدى. زال ئىچىدىكى نومۇرلارنى قانماي كۆردى. مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن بىر ياش ناخشىچى «سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ» دېگەن ناخشىنى

ئوقۇغاندا تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ناخشا گويا ئۇنىڭغا «سەن قىزلارنى سېغىنىمىدىڭمۇ» دېگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سەھنىدە گويا باھار گۈلشەنىدە توپ-توپ ئۇچۇشۇۋاتقان كېپىنەكلەردەك لەرزان، چىرايلىق ئۇچۇۋاتقان، لەپىلدەۋاتقان قىزلارنى «كۆز زىناسى» قىلىپ قانغۇدەك كۆردى، نەچچىسىگە يوشۇرۇن كۆيۈپمۇ ئۈلگۈردى. ئويۇن تۈگىگەندە ئېغىر قەدەم بىلەن زالدىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ، سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالدىراپ چىقىۋاتقان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقان، سەنئەتخۇمار ئوقۇغۇچى قىزلارغا يوشۇرۇن كۆز سالدى، قىزلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا مۇنداقلا بىر نەزەر تاشلاپ قويۇۋىدى، يۈرىكى چوغلاندى، يۈزى سەل قىزاردى. ئۇماق قىزلارنىڭ ئالمىدەك كۆكسى، نازۇك بوينى، چىمەن دوپپىلىرى، ئەتلەس كۆينەكلىرى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. نورۇز بەزمىسى مۇشۇ گۈل قىزلارنىڭ جىلۋىسى بىلەن رەڭلەندى، سىيتنىڭ يۈرىكى ئەيلەندى...

شۇ كۈنى كەچتە ئىسلام ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كەلگەن سىيىت تولىمۇ روھسىز ئىدى، مەكتەپ تۈنجى قېتىم ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك بىلىندى، شۇ ئۇماق قىزلارنى خىيال قىلغاچ تاھارەت ئېلىپ قازا نامازلىرىنى ئوقۇدى، خىيالى نەچچە چېچىلىپ نەچچە يىغىلدى، ھەتتا سەجدە قىلىۋاتقاندا ئۆزىگە بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قىز يادىغا كېلىۋېلىپ، بۇ بولمىدى، نامازنى قايتا ئوقۇي دەپ ئويلىدى، كۆڭلى ئىزتىراپقا چۆكۈپ: يا رەببىم، جىمى ئىنسانىنى، جۈملىدىن شۇ گۈزەل قىزلارنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمسەن، بەندەڭنى كەچۈر، شەيتانلىرىمنى يېڭىشكە مەدەت بەرگەيسەن... دەپ بېلىنى چىڭىتىپ، قۇرئاندىكى: قىزىققۇچىلار جەننەتكە قىزىقسۇن دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتنى يادىغا كەلتۈرۈپ، جەننەتتىكى ھۆرلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە نامازغا تۇردى. شام، خۇپتەن نامازلىرىنى تالىپلار بىلەن بىللە سەپنى رۇس قىلىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇغاچقا، بۇ نامازدا ئازمىدى، خىيالىنى خېلى جەم قىلدى؛ جامائەت بولۇپ ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى، پەزىلەت جەھەتتە يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن ھەقىقەتەن ئارتۇق بولىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى، نەپسى شەيتانىنىڭ يالغۇز ئىنسانىنى ئورىۋالىدىغانلىقىغا، ھۇجۇم قىلىپ ئاسان بويسۇندۇرۇۋالىدىغانلىقىغا، شۇڭا يالغۇز ئىنساننىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت روھىنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر

كۆرسىتىپ تۇرۇۋشىنىڭ مۇھىملىقىغا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قانائەت خاسىل قىلدى.

ئەمما سىيىت قارى تەتىلدە قايتقانلىرىدا مەھەللىسىدىكى جامائەت نېمىشقىدۇر ئۇنى ئارىغا ئانچە ئېلىپ كەتمىدى. ھېچكىممۇ ئۇنى چوڭ يەردە ئوقۇپ كەلدى، ئۆزى كىچىك بولسىمۇ بىلىمى چوڭ دەپ ھۆرمەتلەپ كەتمىدى، مەھەللە مەسچىتىنىڭ قېرى ئىمامى ناماز ۋاقتىدىن سەل كېچىكىپ قالسا، چالا موللىدىن بىرى قوپۇپ ئىمام بولسا بولىدىكى، بىرەرسىمۇ سىيىت قارىنى ئىمام بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلمىدى. بىر قېتىم بامدات نامىزىدا تاڭ ئاقىرىپ قالغاندىمۇ ئىمام كەلمىدى، باشقا ۋاقىتتا ئالدى-كەينى ئوقۇپ قالسىمۇ، بامدات نامىزىدا تاڭ سۈزۈلگەن ھامان، دەل ۋاقتىدا ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن سىيىت قارى تاڭنىڭ خېلىلا ئاقىرىپ، ئۇپۇقنىڭ قىزىرىپ قالغىنىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي ئۆزى بىر بۇلۇڭدا ئوقۇۋەردى. قېرى ئىمامنى كۈتۈپ مۆكچىيىپ، مۈگدەپ ئولتۇرغاندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى. ئاڭغىچە ئىمامىمۇ پەيدا بولدى. بۇ چاغدا سىيىت قارى پەرز نامىزىنى تاماملاپ، تەسبىھ ئوقۇۋاتاتتى. ئىمام ئۇنىڭ ئايرىمچىلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ:

— بېيجىڭلىق قارىم بىزنى ياراتماي ئايرىم ئوقۇپتۇ-دە! ماشا قارىسىلا قارىم، سىلى پەرزنى قايتا-قايتا 27 قېتىم ئوقۇسىلىمۇ بىز ئوقۇغان جامائەت نامىزىنىڭ ساۋابىنى ئالالمايلا.

جامائەتمۇ ئاران تۇرغاندەك غودۇڭشىدى:

— بېيجىڭنىڭ ۋاقتى بۇرۇن چاغۋا...

— بېيجىڭغا بېرىپ ھالى يوغىناپ قاپتۇمۇ نېمە بۇ بالىنىڭ...

— ھۆكۈمەت ئوقۇتقاندىكىن شۇ دە!

— نېمە ئۆگەندىكىن دېسە مۇشۇنى ئۆگىنىپتۇ مانا...

— بېيجىڭ دېگەندىن موللا چىقامدۇ...

سىيىت قارىنىڭ قورسىقى كۆيتى، يۈزلىرى ئاچچىقتىن تارتىشىپ كەتتى. تۇرۇۋاتقان يېرى مەسچىت بولمايدىغان بولسا نېمىلەرنى دەۋەتكەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ناھەقچىلىككە چىدىمايتتى:

— قاراپ بېقىڭلا ما ۋاقىتقا، كۈن قىزىرىپ قالغاندا بامدات ئوقۇش مەكرو... دائىم شۇنداق

قىلىدىكەنسىلەر، ئادەتلىنىپ قالساڭلار ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش ھەممىدىن مۇھىم...

سەللىسىنى چىڭىتىۋاتقان ئىمامنىڭ قولى توختاپ قالدى، خانىقادىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان سىيىت قارىغا چەكچىيىپ قاراپ:

— ماڭا ۋەز ئېيتىمىسىلا قارىم، بۇ بېيجىڭ ۋاقتى ئەمەس!- دېدى، ئارقىدىن غودۇڭشىپ قويدى،- گەپ قىلمايدىغان كالىنىڭ پوقىمىكىن دېسەم، مۆرەپ قويىدىكەن-ھە...

جامائەت سەپنى رۇسلاپ بولغۇچە ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋېتىلىشتى:

— نېمانداق بالا بۇ... ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە گەپ ياندۇرۇپ...

— نامىزىمىزغا شەك كەلتۈرگىنىنى تېخى...

— ئاڭلاپ قويىلى، بۇ دېگەن مەركەزدىن كەلگەن سادا!!

— ھۆكۈمەت بۇنىڭغا نېمىنى ئوقۇتقاندۇ؟

— ھۆكۈمەت ئوقۇتسا شۇنداق بولامدۇ؟ ئاما بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىشى كېرەك-تە!

— مېنى ئىمام قىلمىدىڭلار دەمدۇ يا؟!

— مۇشۇنداق قۇلاق كەستىنى قانداق ئىمام قىلغىلى بولىدۇ؟

بولدى، نامازنى باشلايلى،- دېدى ئىمام كەينىگە قارىماي،- سەپنى رۇس قىلىڭلار.

سىيىت قارى شۇنىڭدىن كېيىن مەسچىتكە كۆپ چىقمىدى، ئېڭىدا جامائەت ئۇقۇمى سۇسلىشىپ قالدى. نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە ئوقۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەتىلمۇ توشتى، ماڭىدىغانغا ئىككى كۈن قالغاندا قوشنا مەھەللىدىن بىر ئايال سىيىت قارىنىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار بېيجىڭدىكى قىزغا بىر خالتا تەييارلاپ كەلگەنىدى، ئۇ ئايال يەنە سىيىت قارىغىمۇ ئازراق يوللۇق تۇتتى.

سىيىت قارى كۆڭلىدە خوش بولدى، ئانىسىنىڭ ئىسسىق چىرايىغا قاراپ، قىزنىڭ سىماسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، خالتىنى چوقۇم ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناھايىتى تەبئىي

تۇستە ئۇ ئايالدىن قىزنى سوراشقا باشلىدى.

— قىزلىرى نەدە ئوقۇيدۇ؟

— بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى داشۆسى دەمدۇ، ئىشقىلىپ تىل ئۆگىنىدىغان بىر مەكتەپمىش.

— نېمە تىل ئۆگىنىدۇ؟

— ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ئۆگىنىدىكەن.

— تېلېفون نومۇرى نەچچە، يېزىۋالاي.

— ھە راست، تېلېفونىنىمۇ دەپ بەرگەنىدى.

ئانا ناتۇر دەپتىرىگە يېزىۋالغان بىر ياتاق نومۇرىنى دەپ بەردى. سېيىت قارى ئۇنى ئادەتتە شېئىر يېزىپ قويىدىغان قارا خاتىرىسىگە كۆڭۈل قويۇپ يېزىۋالدى. شۇ سانلار قېتىدىن قىزنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەم ئاختۇرۇپ تېپىۋالىدىغاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

6

سېيىت قارى زۆھرەنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل تەمتىرەپ قالدى، يەنە كېلىپ قىزنىڭ كۆكسى سۈت، لەززەت بىلەن لىق تولۇپ تۇرغاندەك جەزبىلىك ئىدى. ئۆز يۇرتىدىن مۇشۇنداق ساغلام، چىرايلىق قىزنىڭ چىققىنىدىن سۆيۈندى، كۆڭلىگە ئاپتاپ چىقتى.

ئىككى مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق ئىدى، يولدا تولا توسۇلۇپ، ئېزىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ماڭغان سېيىت قارى نامازنى ۋاقتىنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇپ، ئولتۇرىدىغان بىر ئورۇننىمۇ تاپالماي، قىستىلىپ تۇرۇشقان بېيجىڭلىقلارنىڭ تەر، ئەتىر پۇراقلىرىدىن سەسكىنىپ بېشى ئايلىنىپ، چۈشىدىغان بېكەتتىن بۇرۇن چۈشۈۋېلىپ، يولدا قىزغا تېلېفون قىلىپ، بۇ مەكتەپنى تەستە تېپىپ كەلدى. ئۇ بۇ كېلەڭسىز شەھەردە يول جاپاسىنى تۇنجى رەت كۆردى، يول-يوللاردا چۈمۈلىدەك كېتىۋاتقان ماشىنا، ئادەملەرنىڭ قىستاڭچىلىقىدىن ئىچى سىقىلدى، ئاپتوبۇسلاردا ساغرىسىنى سۈۋاپ، قىستىلىپ تۇرۇشقان تەنەيخانلاردىن يىراق قاچقانچە بېكەت-بېكەتتە بىر-بىرىنى تۇرتۇپ چىقىشىۋاتقان «يەجۇجى-مەجۇجىلەر» يەنە قىستاپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. بۇنداق غول يوللاردا،

ئاۋات كوچىلاردا ئىشتىن چۈشكەندە ھەممە ئادەم ئاپتوبۇستا بىر قەپەس جەڭ قىلىشاتتى، پۈت دەسسەيدىغان بىر كىشىلىك يەر تالىشاتتى. تېخى ماشىنا ئالغۇدەك، تاكسىدا ئولتۇرغۇدەك پۇل تاپالمىغان تەتەي قىزلارمۇ ئەرلەر بىلەن تەڭ كۈچ ئىلىشىپ، پىخىلداپ خاسىرىشىپ يەر تالىشاتتى، قۇلاقلىرىغا ئاڭلىغۇچ تىقىۋېلىپ ئەتراپىدا ئۆزىدىن بۆلەك ئادەم يوقتەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. سىيىت قارى قىستاڭ ئاپتوبۇستىن چۈشمەي بىر سائەت مېڭىپ بولغۇچە بۇ شەھەرنىڭ ئاساسلىق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاساسەن كۆرۈپ بولغاندەك تۇيغۇغا كەلدى، پىيادە ماڭغاندىنمۇ بەك ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. زۆھرە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا ئاندىن روھلاندى، يۇرتداش قىزنىڭ كۆزلىرىدىن يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىزدىدى، چىمەنلىرىدە ئېغىناپ كۆلدى، لەۋلىرىگە خىيالەن سۆيدى، ئايالىق مېھرىگە باي تولۇق كۆكسىدىن ئانا ماكانىنىڭ قوينىنى ئىسسىق باغرىنى كۆرگەندەك بولدى. قولىدىكى خالتىدا قىزنىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن يەل-يېمىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئازغىنە ئۈمىدى، تەشنالىقى قاچىلاقلىق ئىدى. ئۇ خالتىنى قىزغا ئۇزاتقاندا قىزنىڭ كۆزى ئاۋۋال خالتىغا، ئاندىن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— رەھمەت، ئاۋارە بوپسىز،—دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

— ياقەي، بۇ قانچىلىك ئىشتى، ۋاقتىدا ئەكېلىپ بېرەلمەي قالدىم...

— يولدا جاپا تارتقانسىز.

— ئانچە ئەمەس، ئېغىرىنى ماشىنا كۆتۈرىدۇ-دە...

قىز ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. مەكتەپ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار ئىدى، ئىككىسى لەڭمەن يېگەچ پاراڭلاشتى، بىر-بىرىنى تېخىمۇ بىلىشتى، قىز ھەر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر قارىغىنىدا، ھەر بىر ئېغىز گەپ قىلغىنىدا بۇ قىزنىڭ ئالدىدا قانداق ھالەتتە تۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە ئەڭ ياخشى ھالىتىنى ساقلاپ ئولتۇردى. قىزنىڭ بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن بېرى ۋاقتىنىڭ ئالدىراشلىقىدا نامازنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى (زۆھرە بۇنى خىجىل بولۇپراق دېدى)، شۇنىڭغا قارىغاندا ئىمانىنىڭ سۇسلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگەن سىيىت قارى بۇ قىزنىڭ نېمىلا دېگەن بىلەن دىنىدا ئاساسى

بارلىقىدىن، ئەرەبچىنى ئاز-تولا بىلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى، ئېتىقادى سۇسلىشىپ كەتسە ئۇنى كوچەيتىشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولاتتى، ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا يوقلىما قىلىنىپ تۇرسىمۇ بەزى تالىپلار نامازغا ھورۇنلۇق قىلغان يەردە، چەت ئەللىكلەرمۇ ئوقۇيدىغان بۇنداق زامانىۋى مەكتەپتە زوھرەدەك قىزنىڭ دىنىي ئەمەلگە سۇسلۇق قىلىشىنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما چۈشىنىشكە بولىدۇ دەپلا مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ-دە، پەرز دېگەن پەرز، ھەقىقىي ئېتىقاد نۇقتاسىدىن ئالغاندا، نامازنى تاشلاشقا ھېچقانداق باھانە بولماسلىقى، ھەر كىم تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ئۆز ئەركانى بىلەن ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. سېيىت قارى بۇلارنى ئويلاپ، زوھرەنىڭ تەقۋالىق دەرىجىسىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— نامازنى تاشلىۋەتمىسىڭىز بولاتتى، ئادەم كېسەل ۋاقتىدىمۇ ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك. ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلىدىغان چاغدىمۇ قىبلىگە قاراپ ئىبادەت قىلىشى كېرەك...- دېدى سېيىت قارى بىسمىللا دەپلا ئىماندىن گەپ باشلاپ.

— شۇ، ئۆزۈممۇ بىلىمەن، لېكىن شۇ دەرسىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن پەقەت يېتىشىپ بولالمايدىكەنمەن...-دېدى زوھرە تۆۋەنچىلىك بىلەن. ئۇنىڭ بۇ خىجىلچان ھالىتى ئۇزاققا بارمايدىغاندەك قىلاتتى، سېيىت قارى بولسا بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى. چۈنكى خىجىللىق ھايا، ۋىجداننىڭ ئالامىتى، ھايا بولسا ئىماننىڭ بىر شېخى ئىدى.

— ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ چىرايى سىزنىڭكىدەك نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، ياغلىق چىگىپ يۈرىدىكەنسىز، خۇدايىم كۆز تەگمىگەي، ئەمدى شۇ ياغلىقنىڭ ھۆرمىتىگە يارىشاھ نامازنى تاشلىماي ئوقۇڭ... ياغلىقنىڭ ھۆرمىتىگە دەپ قالدىم، مەقسەت بۇ يەردە ئەمەس، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ھەممىدىن مۇھىم. ياغلىق ئارتىشمۇ ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن... بولۇپمۇ قىزلار، شەھەردىكى قىزلار ئۆزىنىڭ ئىمانىنى پاختىنىڭ ئىچىدىكى چوغنى ساقلىغاندەك تەستە ساقلىمىدىكەن دەيمەن، ئەمما بۇنىڭ ئەجرى-ساۋابى كاتتا بولىدۇ... ئاللاھ تائالا ھەر قانداق بەندىسىنىڭ ئەمەلىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، مۇكاپاتىنى چوقۇم بېرىدۇ... - سېيىت قارى سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ، قورسىقىدىن

بارلىق دىنىي بىلىمىنى چىقىرىۋاتاتتى.

— ماڭا قۇرئاندىن بىرسى لازىمتى - دېدى خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن زۆھرە، ئۇ ئاخىرەتنى ئويلاۋاتامدۇ ياكى بۇ دۇنيالىق ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتامدۇ، ئۇققىلى بولمايتتى.

— مەن بىر كۈنى ئەكېلىپ بېرەي.

— رەھمەت سىزگە، يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق، ئىمان ئىسلامنى كىچىكىدىنلا ئۆگەنگەن كىشىنىڭ دىلى ھەرگىز قېتىپ قالمايدۇ.

— مەھەللىمىز يېقىن تۇرۇپ كۆرۈشمەي بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالغىنىمىز قىزىق.

— شۇنى دەڭا، يۇرتتا بىر-بىرىمىزگە قارىغۇدەك ھالىمىزمۇ يوق ئىدى.

— يولدا كۆرسەكمۇ تونۇماي ئۆتۈپ كېتەتتۇققۇ دەيمەن...

سۆزلىگەنچە سېيىت قارى ئېچىلىپ، كەيپى جانلىنىپ كەتتى.

7

خېيىپىلىق ئىشلەمچى بىر خەنزۇ بايلاردىن ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن تاكسى شوپۇرىنى ئۆلتۈرۈپ بۇلىۋالغان ماشىنىنى بېيجىڭنىڭ ئاۋات يېرى بولغان ۋاڭفۇجىڭدىكى پىيادىلەر كوچىسىغا ھەيدەپ، بەخىرامان كېتىۋاتقان ئادەملەردىن ئالتىنى ئۆلتۈرۈپ، پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ، قولىدىكى بولقا بىلەن بىر سودا سارىيىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ، ئۇچۇرىغانلا ئادەمنى قورقۇتۇپ يۇرگەندە ساقچىلار جىددىي ھەرىكەتلىنىپ ئۇنى تۇتقان، سوتلىغان ۋە ئاخىرى ئىككى قېتىملىق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىغانىدى.

يەنە چوڭ شىركەتنىڭ بىر قوغداش خادىمى كېچىدە سېرىق دەي كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي نىيىتىنى بۇزۇپ، شۇ شىركەتتە كەچتىمۇ قايتماي ئىشلەپ ئىشخانىدا تۇنەپ قالغان بىر قېرى قىزغا چېقىلىۋاتقاندا ئۇ قىز تۇيۇپ قېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇ گويى قىزنىڭ قولىغا پىچاق تىقىپ: جىم يات دەيدىكەن، قىز: قولۇمنى يۇيۇۋالاي، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىل دېگەندە ئۇ گويى ماقۇل

دەپ تۇرسا قىز ئىشىكتىن چىقىپلا “ ئادەم بارمۇ، قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋاقىرايدىكەن، ئۇ گۈي قورقۇپ كېتىپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرىدىكەن، قىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ تىللىسا ئالدىدىن پىچاق تىقىدىكەن، قىزنىڭ، بوينى، كۆكسى قانغا بويىلىدىكەن، يەرگە يىقىلىپ قانسىراپ ئۆلىدىكەن. 18 ياشقىمۇ توشمىغان ئۇ گۈي بۇ قىلمىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ھەم قورقۇپ، شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىكەن، ئاخىرى كەڭچىلىك بىلەن 15 يىللىق كېسىلىدىكەن...

سىيىت قارىنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەر كۈنى گېزىتتىن مۇشۇنداق جىنايەت، سۇيىقەست خەۋەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇيتتى ۋە بىر-بىرىگە سۆزلىشىپ ھېكايە قىلىپ يۈرەتتى. مېترودا ئۆزىنى يەر ئاستى پويىزىنىڭ تېگىگە ئېتىپ ئۆلۈۋالغان ئەرلەر، قورسىقىنى باقالماي ياكى ئۆي ئىجارىسى تۆلىيەلمەي، بېسىمدىن ساراڭ بولۇپ كەتكەن بىرسىنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ياكى قەستلىشىگە ئۇچراپ پىچاق يەپ ئۆلگەن قىزلار ھەققىدە ئوخشىمىغان شەكىلدە تەكرارلىنىدىغان خەۋەرلەرنى ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشاتتى:

— سىرتتىن كەلگەن ئاققۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان، ئىشلەپ ئىش ھەققىنى ئالالمىغان گەپ، بايلارغا نەپرەتلىنىپ جەمئىيەتتىن ئۆچىنى ئالغان گەپ...

— ئۇنىڭ جىنى بىر تۇرسا ئىككى قېتىم ئاتالمايدۇ-دە!

— دىيەنشىدىمۇ سوتلىغاننى بەردىغۇ، مۇخبىر: نېمىشقا ۋاڭ فۇجىننى تاللىدىڭ؟ دېسە، «ۋاڭ فۇجىن بايلار ئوينايدىغان يەر، مەن بايلارغا ئۆچ» دەپ جاۋاب بەردى. بولمىسا ئۆزى ئورۇق، ئىنجىمارۇق نېمىكەن...

— ئا گۈينى دېمەمسىلەر، سېرىق دەي كۆرۈپلا ھاڭگا ئېشەككە ئايلىنىپتۇ.

— 33 ياشقا كىرگەن قېرى قىزمۇ جىم يېتىپ بەرگەن بولسا ئۆلمەسكەن...

— ئىپپەت-نومۇسنى قوغدىغان گەپ، غورۇرلۇق قىزكەن.

— ئۇنىڭ ئىپپەت-نومۇسى بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

— ئىپپەت-نومۇس دېگەن ئىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك...

— ئىمان بولمىغان بىلەن غۇرۇرى باركەن، بىزنىڭ ئىمانلىق قىزلىرىمىزچۇ؟! بەزىسى ئۈنچىلىكمۇ قىلالمايدۇ جۇمۇ، ئاچ دېسە كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ يېتىپ بېرەمدىكىن دەيمەن...

— ھەي، ھەي، باللار، تالىپلاردەك گەپ قىلىڭلار، ھەر كىم ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ. مۇبادا بىزنى بىرسى تۇتۇۋېلىپ بويىنىمىزغا پىچاق تەڭلەپ: ئىمانىغا تۈرامسەن، جانىڭمۇ دېسە، نېمە دەيمىز؟ ئىمان دېگەن ئاشۇنداق ۋاقىتتا سىنىلىدۇ. شۇڭا، ئالدىراپ پو ئاتمىساق بولىدۇ.

— پو ئاتمىدۇققۇ، گېزىتتىكى ئىشلارنى دەۋاتىمىز.

— بىز بۇلارنى دەپ تۈگىتەلمەيمىز، بىز يا ساقچى ئەمەس، يا مەركەزدىكى رەھبەر ئەمەس. شۇڭا ھۆكۈمەت بەرگەن ناننى يەپ ئوقۇشىمىزنى ئوقۇيلى...

تاشتەك قاتتىق شەھەرنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن رەھىمسىزلىك، رىقابەت ۋە بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردىكى دەھشەتلەر قارىماققا تىنىچ كۆرۈنگەن شەھەرنىڭ ئارقا سەھنىسىدە نىقابلىق ئالۋاستىلار تەرىپىدىن تراگېدىيە قىلىپ ئوينىلىۋېرەتتى. سىيىت قارى ساۋاقداشلىرىدەك گېزىت كۆرمەيتتى، جىنايەت خەۋەرلىرىگە قىزىقمايتتى، يەڭگىل، ئارامبەخش نەرسىلەرنى ئويلايتتى، ھەر كۈنى كەچتە خۇپتەندىن يېنىپ، يالغۇزلۇقتىن قەلبىگە پاتمىغان ھېسلىرىنى خاتىرىسىگە تىركەپ قوياتتى:

×××

رامىزان كىرىش ئالدىدا تۇردۇ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى، بېيجىڭنىڭ توختىماي چىقىدىغان سوغۇق شامىلىغىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق. يۈزۈم قۇرغاقلىشىپ، كۆزۈم ياشاڭغۇرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆگىنىپ كېتەرمەن. يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قالدىم، بىر كىم بىلەن ئارىلىشىشنى بىلمەيمەن. نامازنى بىللە ئوقۇغان بىلەن قەلبىمىز ئانچە يېقىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ.

×××

زۆھرەگە تېلېفون قىلدىم، خېلى قىزغىن تۇردۇ، ئاپىرىپ بەرگەن قۇرئاننى ئوقۇغان بولسا كېرەك. بۇ قىزنى شۇ كۆرگەندىن باشلاپ ئۇنتۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، «موللام كۆلمەيدۇ، كۆلسە تېلېقىپ قالىدۇ» دېگەندەك، نەچچە يىلدىن مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن بىخەۋەر يۈرۈپ، ئەمدى ئۆزۈمنى

تۇتالماي قېلىۋاتىمەن. سۈرە يادلاش سۈرئىتىم ئاستىلاپ كېتىۋاتىدۇ. دەرستە چېكىنىپ قالدىم. نامازدا بۇرۇنقى تەقۋالىق، چىڭلىق يوق. كاللام بۆلۈنۈپ كېتىپ بارىدۇ.

قېنى ئۇ قەلبىمدىكى جانان بىلەن تويلاشقىنىم.

شەيتان بىلەن دوست بولغىنىم ئەقىل بىلەن خوشلاشقىنىم،

ئىچەي-ئىچمەي دەپ شاراپنى ئىنتىلىپ، ئىككىلىنىپ،

يۈرىمەن لەيلەپ بۇ يەردە، قېنى ئۇ ئۇخشالغىنىم!

×××

مۇبارەك شەھرى رامىزان كىرىپ كەلدى. مۇشتەققەتلىك، ئەمما خۇشۇ-ھوزۇر بىلەن داۋاملىشىدىغان كۈنلەر باشلاندى. تەراۋىھ نامىزىنى غەيرەت قىلىپ ئوقۇش كېرەك. قورساق ئاچقاندا ئاچ-يېتىملەرنى ئويلاپ سەۋر قىلىشىم كېرەك. رامىزاننىڭ خاسىيىتى كۆپ. كۆڭۈلسىز ئىشلارغىمۇ كۆنۈش كېرەك. ئاللاھ بىزگە ئەڭ ياخشى ھامىي، سەۋر-تاقەتتىن باشقا بىزنىڭ چىقىش يولىمىز يوق. سەۋر بىزنىڭ مىجەزىمىزنى تەڭشەيدىغان ياخشى دورا.

×××

بۈگۈن بىزنى بىر ئۇيغۇر ئاشپەز ئىپتارلىققا چاقىردى. بىزنىڭ تاماقلىرىمىزغا يېتىدىغان ھېچقانداق تاماق يوقمىكىن دەيمەن. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئالدىراش دەرس ئوقۇيمىز. چۈشكىچە قورساق ئېچىپ كېتىدۇ. چىدايمىز، چۈشتىن كېيىن ئۇخلايمىز. ئەسىرنى قىيىنلىپراق ئوقۇيمىز، شامنى چىداپ ئوقۇيمىز-دە، تەسبىھ ئوقۇپ بولغۇچە كەشىمىزنى كىيىپ ئاشخانىغا يۈگرەيمىز. ئاھ تاماق، سۆ! ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، روزىدارنىڭ ئىككى خۇشاللىقى بار ئىكەن: بىرى، ئىپتار قىلغاندىكى خۇشاللىق، يەنە بىرى ئاللاھقا مۇلاقات بولغاندىكى خۇشاللىق. ئاللاھ تائالا ئارمانلىرىمىزغا يەتكۈزگەي! خۇپتەن، تەراۋىھ نامازلىرىنى تاماق سىڭدۈرگەچ، راھەت بىلەن، ھەيۋەت بىلەن ئۆتلۈك قەسىدە تووۋلاپ

ئوقۇيمىز. مۇبارەك بۇ ئايمۇ بەك تېز ئۆتمەكتە...

8

ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، ئەرەبلەرگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان، كوچىلىرىدا كۆزەينەكلىك ئادەملەر، قارا ئەينەكلىك پىكاپلار ھارماي قاتنايدىغان، كەچلىك مۇلازىمەت كۇلۇبلىرى، قاۋاقخانىلىرى، دىسكوخانىلىرى ئىشرەت بىلەن قاينايدىغان، ھەممە چىراغلىرى گويا سانسىز پاھىشىلەردەك كۆز قىسىدىغان بۇ شەھەرنى خالىد جەننەتكە تەڭلەشتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن پانىي دۇنيانىڭ ئارامگاھى، نەپسى يايرايدىغان ئەيش-ئىشرەت ماكانى دەپ بىلىپ، بۇ شەھەردىن ئايرىلالماسلا بولۇپ قالدى. دۆلىتىگە قايتسا بۇنداق ئەركىن، راھەت ياشىيالمايتتى. غەرب ئەللىرىدىكى ئەلچىخانىلارغا يۆتكىلىپ ئىشلەشنىمۇ ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ يەرلەرگىمۇ ئۇ نەچچە قېتىم بارغان، كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىيالمىغانىدى. پەرەڭلەردە ئويۇن-تاماشىنىڭ، سەتەڭلەرنىڭ نەرخى قىممەت، يەنە كېلىپ ئۇلار ئەرەبلەرنى ئانچە كۆزىگە ئىلىپ كەتمەيتتى، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئەرەبلەر ئۇ يەردە تېخىمۇ قارشى ئېلىنمايدىغان بولدى. ياپونىيە، كورېيە، سىنگاپورنىمۇ ئەيش-ئىشرەتكە ئانچە قۇلايلىق يەر ئەمەس دەپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ سەتەڭلىرىنىڭ غۇرۇرى تولىمۇ كۈچلۈك، ئەرلىرى زوراۋانراق كېلەتتى. جۇڭگو، تايلاند ۋە باشقا بەزى نامرات، ئادىمى كۆپ دۆلەتلەردە ھەممە نېمە ئەرزانچىلىق، سەتەڭلىرى تاللا بازىرىدىكى قوچاقلاردەك تولىمۇ ئەزان، ئويناشقا قۇلايلىق ئىدى. خالىد جۇڭگودىكى چوڭ شەھەرلەر ئىچىدە بېيجىڭدا تەرتىپ چىڭ، ئەيش-ئىشرەت سورۇنلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئاشكارا مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەر بىر مۇلازىمەت كۇلۇبلىرىدا يوشۇرۇن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. نېفىت بايلىقىدىن كېلىۋاتقان مائاشلىرىنىڭ يۇقىرىلىقى ئۇنىڭ نەپسىنى ئۇلغايتىپ تۇراتتى، ساقچى ئالدىراپ توسمايدىغان جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئويۇن ئەڭ قىززىيدىغان يەرنى پۇراپ تاپاتتى، ئىچەتتى، چېكەتتى، ھالى يار بەرگەن كۈنى ھەر قاچان بىر سەتەڭنى باشلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى. ۋاقىتنى ئۇزۇن سوزىدىغان دورىلارنى ئۆيىگە قۇتىلاپ ئېلىپ قويۇپ، ئۆزىنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ، پەستە كۆز «بېلىقلار»نىڭ چىراي ئالامەتلىرى ۋە ئاۋازلىرىنى تاماشا

قىلاتتى، ئۆزىنى بەزىدە گويا سېرىق فىلىمدە بىۋاسىتە رول ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. زىنا ۋە زۇلۇم ئۇنىڭ نەپسانىيەت ئاچچىقىدىن پارتىلاپ چىقاتتى.

خالىد خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى، باش ئەلچىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە چاپارمەنلىك قىلاتتى، باش ئەلچى ناماز ئوقۇسا ناماز ئوقۇيتتى، جۈمەگە بارسا بىللە باراتتى، ئۆيىگە تاماققا چاقىرسا خۇشاللىق بىلەن بېرىپ ھەمسۆھبەت بولاتتى، چىلىم چېكىشىپ بېرەتتى، گەپكە يامان بولغاچقا بېيجىڭدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ھەزىلگە قېتىپ سۆزلەپ باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. باش ئەلچىنىڭ ۋاقتى توشۇپ كېتىدىغان چاغدا خالىدنى بىللە ئېلىپ كەتكۈسى كەلدى، ئەمما خالىد ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر يىل ۋاقتى بار ئىدى، بۇ ۋاقتىمۇ توشۇپ دۆلىتى ئۇنى باشقا دۆلەتتىكى ئەلچىخانىغا ئەۋەتىشكە، ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتىپ قىلىپ ئۆستۈرۈشكە ئاز قالغاندا ئۇ جۇڭگودا يەنە بىر قارار ئىشلەش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، قايتا-قايتا ئىلتىماس يېزىپ، ئاخىرى يەنە جۇڭگودا، بېيجىڭدا ئىشلەش، ئويناش پۇرسىتىنى ئۇزارتتى. 20 نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمما قارىماققا خېلى چوڭ كۆرۈنىدىغان بۇ ئەرەب تېخى توي قىلمىغانىدى. ئۆيدىكىلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن بىر رامىزان ئېيىدا دۆلىتىگە قايتىپ بىر ئاينى ئىبادەت، رەسمىيەت بىلەن تولىمۇ تەسلىكتە توشقۇزۇپ، 16 ياشلىق خوتۇننى 15 كۈن خوتۇن قىلىپ، 15 كۈن بېيجىڭدا تۇرغۇزۇپ، ئارقىدىن يەنە دۆلىتىگە يولغا سالدى. ئۇ ئۈچ ئايدا بىر دۆلىتىگە قايتاتتى، 15 كۈن تۇرۇپلا يېنىپ كېلەتتى، گاھىدا خوتۇنى ئۆزىنىڭ بىرەر تۇغقىنىنى ئېلىپ بېيجىڭغا كېلىپ كۆپ بولسا بىر ئاي بولمىسا، 10 نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى.

بىر يىل ئىنگلىزچە ئوقۇپ، ئىجارە ئۆيدە تۇرۇپ، تاماق يەپ، كىيىم كىيىپ، سوپۇن، گىرىم بۇيۇملىرى ئېلىپ، سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ، كىنو كۆرۈپ 15 مىڭ يۈەن پۇلىنى قۇرۇتۇپ بولغان زۆھرە يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىش ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش پۇل تۆلەپ ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئارزۇلۇق قىزلىرىنى چەتكە چىقىرىشقا كۈچەۋاتقان باي خەقلەر بولغاچقا قىزلىرىغا ھەر ئايدا 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى. پۇلى ئۆكسۈپ قالغان زۆھرەگە ئاتا-ئانىسى ئۈنچىلىك پۇل ئەۋەتەلمەيتتى، ئاز بولسىمۇ داۋاملىق پۇل ئەۋەتىشكە قۇربى

ھەرگىز يەتمەيتتى. پۇل تۈگىدى دېسە، ئەمىسە يېنىپ كېلىپ ئەرگە تېگىڭ قىزىم دەيتتى. ھېلىمۇ بىر يىلدىن بېرى ئۇلارنىڭ غەم-ئەندىشىسى تۈگىمىدى، زۆھرە ھەپتىدە بىر تېلېفون ئۇرۇن تۇرسىمۇ ئۇلار يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. سىيىت قارى ئوتتۇردا پەيدا بولغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى، زۆھرەمۇ ئۆيىدىكىلەرگە سىيىت قارىنىڭ ئۆزىنى پات-پات يوقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. دىنىدا ئوقۇۋاتقان بىر يۇرتلۇق قارىم بالىنىڭ خۇدايىم بەرگەندەكلا قىزىغا ئۇچراپ قالغانلىقى ئۇلارنى ئاللىقانداق بىر ئەندىشىدىن خالاس قىلغاندى. زۆھرە بىر قېتىم ئۆيىگە ھەتتا سىيىت قارى بىلەن بىللە تېلېفون قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن زۆھرە بىرەر ئايغىچە تېلېفون قىلمىسىمۇ ئاتا-ئانىسى ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. سىيىت قارى ھەر قېتىم كەلگىنىدە زۆھرە قۇرئاننى تاشلاپ قويۇپ ئوقۇمىغانلىقىنى، رامىزان روزىسى تۇتمىغانلىقىنى، نامازنى خالىسا ئوقۇپ خوشياقمىسا تاشلاپ قويغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە خىجىل بولاتتى، ئەمما دەرھال غۇرۇرى ئۈستۈن كېلەتتى: بۇ بالا مېنىڭ نېمەم ئىدى؟ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە ئىش قىلىپتىمەن؟ باشقا قىزلارغا باققاندا ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ ياشاۋاتىمەنغۇ؟ قىزلار مەنچىلىك ياشيالىسا چوڭ گەپ... دەپ ئويلاپ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئۆزىنى ھەر دائىم باشقا قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ، بۇ شەھەردە ياخشى ياشاش، ئۇزاقراق ياشاش ئىستىكىدە پۇچۇلىناتتى، ئويلايدىغان ئىشلىرى تولا ئىدى.

ئۇ بىر چاغدا باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىۋالغان نام-ئەمەل كارتۇچكىسىنىڭ ئەمدى ئىشقا يارايدىغانلىقىنى، شۇ يەردىكى تونۇش ئەربابلەرنىڭ سايىسىدە بىر كىشىلىك خىزمەتكە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ ئەلچىخانىغا باردى. باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ئەربابلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونىدى، شۇلار ئارىسىدىن خالىد ھەممىدىن قىزغىن چىقىپ كەتتى، زۆھرەنى ئايرىم بىر ئۆيىگە چاقىرىپ پاراڭلاشتى. ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان خالىد زۆھرەنىڭ ئىنگلىزچە گەپلىرىنىڭ تاۋۇشلىرىغا دىققەت قىلدى، مەقسىتىنى تارتىنىپراق ئېيتىۋاتقان بۇ مۇسۇلمان قىزغا كۈلۈمسىرەپ، گەپ تۈگىگەندە مەغرۇر كۈلۈپ قويدى.

— ئەلچىخانىغا ئادەم ئالمايمىز، تەرجىمان تولۇق،— دېدى ئۇ تاماكا كۈلىنى قېقىپ.

ـــ ۋاقىتلىق بولسىمۇئىشلەپ تۇرسام بولامدۇ؟

ـــ بىزدە ۋاقىتلىق ئىشلەيدىغان ئىش يوق، كەچۈرسىز.

ـــ پەقەت بولماسمۇ، باش ئەلچى ئۇنىماسمۇ؟

ـــ بۇرۇنقى باش ئەلچى سىزنى بۇ يەرگە تىقىپ قويۇپ كەتكەن بولسا بولاتتى، ئۇنداق قىلمىدى. شۇنداق قىلغان بولسىمۇ هازىرقى باش ئەلچىنىڭ سىزنى ئىشلىتىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، يېڭى كەلگەن ھەر قانداق باش ئەلچى جۇڭگولۇق خىزمەتچىلەرنى دائىم يېڭىلاپ تۇرىدۇ، كونا ئەلچى ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ...

ـــ ئۆزۈم كىرىپ سۆزلىشىپ ئىمتىھان بېرىپ باقسام بولامدۇ؟

ـــ سەئىد ئەپەندى دۆلىتىمىزگە بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا كەتكەن.

ـــ بوپتۇ ئەمىسە، مەن قايتاي. باشقا يەردىن ئىش ئىزدەپ باقارمەن.

ـــ يا بولمىسا مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىشلەڭ. ئايلىقىڭىزغا 1000 يۈەن بېرىمەن. باش ئەلچىمۇ شۇنچىلىك بېرەتتىغۇ دەيمەن.

زۆھرە ئوقۇمىغان، ھېچنېمە بىلمەيدىغان چاغدىمۇ شۇ يەردە تۇزۇك ئىش قىلماي 1000 يۈەن ئالاتتى. بىر يىل جاپا چېكىپ ئوقۇپمۇ يەنە ئۆي خىزمەتچىلىكىدىن قۇتۇلالمىغىنىغا ئىچى پۇشتى. بۇ ئەرەبنىڭ يەنە ئالالىقانداق مەقسىتى بارلىقىنى بىر قاراپلا بىلدى، ئەمما كەسكىن ھۆكۈم قىلالمىدى. ئىشقىلىپ، بۇ تەكلىپكە رايى تارتمىدى.

ـــ رەھمەت، مەن باشقا يەردىن ئىش ئىزدەپ باقاي.

ـــ باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن ئادەم ئەمدى سىنىڭ ئۆيۈڭدە ئىشلەمدىم دەپ قاراۋاتامسىز؟ باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، ئۆيۈمدە باش ئەلچىدىن مىراست قالغان فىلىپپىنلىق ئايال ھازىرمۇ ئىشلەۋاتىدۇ. سىز پەقەت ئايالىمغا ھەمراھ بولۇپ بازارغا چىقىشىپ بېرىسىز، ئۆيگە نەرسە-كېرەك سېتىۋالىسىز. ئۆيۈمدە ئازراق تۇرۇپ بەرسىڭىز، ئاندىن مەن باشقا ئەرەب ئەلچىخانىلىرى بىلەن ئۇقۇشۇپ سىزگە ئىش تېپىپ بېرەي، بولامدۇ؟

زۆھرە ئۇيلىنىپ قالدى، دەسلەپتە ئىش مۇشۇنداق باشلانسا، ئاقىۋەتتە ياخشى بولۇپ قالسا-ھە...

ــ بولىدۇ، -دېدى زۆھرە،- لېكىن مەن باشتا ئۆيىڭىزنى كۆرۈپ باقسام دەيمەن.

ــ قاچان كۆرمەن دېسىڭىز مەن ھازىر، دېدى خالىد،- ئەمىسە ھازىرلا بېرىپ كۆرسىتىپ قوياي، ئەتىدىن باشلاپ ئىشلەپ كېتىڭ.

خالىد زۆھرەنى جىپ ماشىنىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، خوتۇنى ۋە فىلىپپىنلىق ئايال خىزمەتكارى بىلەن كۆرۈشتۈردى. خالىدنىڭ خوتۇنى چىرايلىق بىر ئەرەب قىزى بولۇپ، باش ئەلچىنىڭ خوتۇنىغا باققاندا مۇلايىم، كىچىك پېئىل، تەقۋا، كەمتەر كۆرۈنەتتى، زۆھرە بىر قاراشتىلا بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. خالىدنىڭ بۇ ئۆيى داچا ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ ئوينايدىغان يېرىگە يېقىن بىر بىنادىن ئىجارىگە ئېلىنغان 150 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ئىدى. ئىككى ئايالنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغان زۆھرە ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن كەينىگە ياندى. خالىد ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ قولىغا 200 يۈەن تۇتقۇزۇپ: تاكسىدا كېتىڭ دېدى. زۆھرەگە بىر سىخى قول ئېچىلىۋاتاتتى، ئەتىدىن باشلاپ ئۇنىڭ قولىغا پۇل كىرىشكە باشلايتتى. ئۇ بىر يىل بولسىمۇ ئوقۇۋالدى، ئەمدى ئۆگەنگەن نەرسىنى جەمئىيەتتە ئىشلىتىشى، پۇل تېپىشى كېرەك. بۇ شەھەردە ماڭغان-تۇرغان يەرنىڭ ھەممىسىلا پۇل، پۇل دەيدۇ، قورساققىمۇ پۇل، ھاجەتخانىغىمۇ پۇل...

9

ئىسلام ئىنىستىتۇتىغا بىرسىنى ئىزدەپ بىرەرقېتىم كېلىپ قالسا تالىپلار زىمىستاندا گۈل كۆرگەندەك زوقلىنىپ، ئىنتىلىپ قاراپ قالاتتى، شۇ كۈنى ھېچ بولمىسا ئۆزلىرىگە زەن سېلىپ ئەينەككە قاراپ باقاتتى، ئۆسۈپ قالغان ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئالاتتى، يىغىلىپ قالغان كىرلىرىنى يۇياتتى، ئۆيلىرىگە تېلېفون قىلاتتى. بەزىلىرى ھەتتا مەكتەپتە تاماق يېگۈسى كەلمەي سىرتقا چىقاتتى، ئۇيغۇرلار ئاچقان ئاشخانىلاردا تاماق يېگەچ بۇ يەرگە كىرىپ تاماق يەپ قالىدىغان، بەلكىم دۇرۇس ئىشلارنى قىلمايدىغان ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىغا دىققەت قىلاتتى، ئاندىن نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ يەنە مەكتەپكە يېنىپ كېلەتتى. بەش ۋاق نامازنىڭ ۋاقتى ئۇلارنى جىددىي ھەم تەرتىپلىك بىر ۋاقىتنىڭ

قويىنىغا ئالغان بولۇپ، سىرتلارغا چىققاندا بۇ ۋاقىتلارغا ئاساسەن رىئايە قىلاتتى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىلا جەددىيلىشىپ قالاتتى. ئۆزلىرىنى ھەر قانچە خاتىرجەم تۇتسىمۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى ۋە مەكتەپتىكى يوقلىمىنىڭ بېسىمى ئۇلارنى شۇنداق تۇيغۇغا كۆندۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مەكتەپلەردە يۇرتداشلىرى ئۇلارنى كۆرسىلا ئىمان-ئىسلامنى يادىغا ئالاتتى. ئۇلار مۆكۈدىشاتتى، خاراكتېرى ئوخشىمىغان ئىككى مۇھىتتىكى ئەھۋال ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا تۈگىمەس تېما بولاتتى. پەننىيدە ئوقۇۋاتقان شۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە كىچىكىدىن ئانچە دىنىي تەربىيە كۆرمىگەن باللار تالىپلاردىن «ھاراق نېمىشقا ھارام؟»، «قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشسە ھاراممۇ؟»، «ئۇمۇ ھارام، بۇمۇ ھارام دەيدىكەن، ھارام دېگىنىڭلار زادى نېمە؟ »، « بىز ئۆلگەندىن كېيىن راستتىنلا تىرىلەمدۇق؟ خۇدا بىزنى سوراق قىلامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى، تالىپلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرەتتى، مۇشۇ جەرياندا سەۋىيىسىنى سىناپ كۆرەتتى. دىننى ئانچە-مۇنچە چۈشىنىدىغان، ئەمما گۇمانغا، ئىزدىنىشكە باي، كاللىسىدىكى مۈجمەللىكلەرگە جاۋاب ئىزدەۋاتقان بىر قىسىم باللار «خۇدا بىزنى يارىتىپ ھەممە ئىشىمىزنى، جۈملىدىن گۇناھىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتۈۋەتكەن تۇرسا، بىزنى ئاخىرەتتە يەنە جازالىسا بۇ قانداق ئادىللىق بولىدۇ؟ ئاللاھ ھەق، ئادىل ئەمەسمىدى؟» دېگەندەك ئۆتكۈر سوئاللارنى سوراپ، تالىپلارنى تەمتىرىتىپ قوياتتى. تەۋھىد ئىلمىغا تازا چوڭقۇرلىشالمىغان بۇ باللار ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنىچە بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى، ئەمما ئۇلارنى تازا قايىل قىلالمايتتى. مۇشۇنداق قىيىن چاغدا تالىپلار دىنىي دەرسلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلاتتى، بىز تېخى تازا موللا بولمىدۇق، كىتاب كۆرۈپ ئاندىن جاۋاب بېرەيلى... دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يېرىم ھالدا مەكتىپىگە يېنىپ كېلىپ كىتاب ۋاراقلايتتى، ئىلمىدا تېخى خاملىقىغا ئىچى پۇشۇپ، تېخىمۇ كۆپرەك بىر نەرسە ئۆگىنىشكە ئىنتىلەتتى. سېيىت قارى بۇنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى، ئۇ قۇرئان يادلاش بىلەن ھەدىس يادلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى، مەسچىتتە ئىمام بولۇپ قالسا ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئىمان گۇمان ۋە شەك-شۈبھىگە قىلچە ئورۇن يوق كەسكىن ئۇقۇم بولۇپ، باشقا نەرسىلەرنى تولا ئويلاپ كاللىسىنى قاپاق قىلىدىغان باللارنى كۆرسە، پەلسەپە، تەرىقەت، مەزھەپ،

سوپىزىم... دېگەندەك ئاللىقانداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ئىچى سىقىلاتتى. تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردە توختىماي خەۋەر قىلىنىدىغان تېررورلۇق ھۇجۇملىرى، ئەلقائىدە، بىن لادىن، زاكاۋى... لارنى، ئافغانىستاندىكى تالىبانلارنى، جەڭگاھقا ئايلىنىپ مۇسىبەتكە پاتقان ئىراقتا ئىككى مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ مەسچىتلىرىنى پارتلىتىپ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈۋاتامدۇ-نېمە دەپ ئويلاپ قالاتتى، مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرى ئىكەنلىكىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايتتى. قۇرئان ۋە ھەدىستە ھەممە نەرسە شۇنداق ئېنىق نۇرسا، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئايەت ۋە ھەدىسكە خاتا مەنە بېرىپ، ئۆزئارا ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، قالايمىقان مەزھەپ، بىدئەت ئىدىيە شەكىللەندۇرۇپ، خاتا ئىش-ھەرىكەت، ئۆچمەنلىك، قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋەتتە جازاغا مەھكۇم بولىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

شۇ قېتىملىق ئۇچۇرىشىشتا سىيىت قارى زۆھرە بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتى، يېڭەن تاماقلىرىمۇ ئوبدان تېتىدى. زۆھرەنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىسى زۆھرەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. سىيىت قارى «زۆھرەدىن ئەنسىرىمىسىلە» دېگەن گەپنى ئىككى قېتىم دەۋەتتى. مەكتەپ ئالدىدىكى كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن زۆھرە سىيىت قارىنىڭ كۆز نۇرىدىن ئايرىلمىدى، زۆھرە بېكەتكىچە ئۇزىتىپ كەلدى، سىيىت قارىغا كۈلۈمسىرەپ باقتى، «كېلىپ تۇرۇڭ»دېدى، سىيىت قارىمۇ «ئالدىراش بولمىسامالا كېلىپ تۇرىمەن، سىزمۇ بېرىڭ» دېدى. قىز ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇ ئاخشىمى سىيىت قارى مەكتەپكە قايتقۇچە زۆھرەنى ئويلاپ كەلدى، كېلىپ قازا نامازلىرىنى خىيال بىلەن خۇش كەيىپ ئوقۇدى، نامازدا ئوقۇۋاتقان سۈرىنىڭ مەنە-مەزمۇنلىرى بىلەن كارى يوق، پەقەت نامازدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈنلا رەكەت سانىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ئوقۇدى. ئاندىن سىنىپقا كىرىپ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ باقتى، كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى، ئەتىنىڭ يەكشەنبە، دەرس يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەڭگىللىشىپ قالدى. ئالدىدىكى دوسكىدا ئەمدى ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقان ساۋاقداشىدىن بىرسى قىزىقچىلىق قىلىپ I love you oh my baby دېگەن

خەتنى قىڭغىر-قىيسىق يېزىپ قويغانىدى، سىيىت قارى ئېقىمغا ئەگىشىپ ئازراق ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ باققانىدى، دوسكىدىكى خەتلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى ... سىيىت قارى ئۇ خەتكە بىر دەم قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنى كۆڭلىدە نەچچە قېتىم ئۆز تىلىغا ئۆرۈپ-چۆرىدى: « ئاھ ئۇمىقىم، ئاھ گۈزىلىم، ئاھ تاتلىقىم، ئاھ چىرايلىقىم، ئاھ سۆيگۈنۈم...»، «سىنى ياخشى كۆرىمەن، سىنى سۆيىمەن، ساڭا ئاشىقمەن...».

سىيىت قارىنىڭ شېئىر يازغۇسى كەلدى، ئىلھامى يىراقتىن قول پۇلاڭشىتىۋاتاتتى، ئۇ قول زۆھرەنىڭ قولىغا ئوخشايتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدە ھازىر مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش، ھېسسىياتىنى نەق ئىپادىلەش تەقەززاسى جۇش ئۇراتتى، مۇنداق بىر پىكىر دىۋەيلەپ تۇراتتى: بۇ دېگەن نەۋائى زامانى ئەمەس، تەرەققىيات، تېزلىك زامانى، ياخشى ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىساڭ شەيتان ئارىلاپ قالىدۇ..

سىيىت قارى نېمىلا بولمىسۇن بىر خەت يېزىشى كېرەكلىكىنى، بۇ «يول خېتى» ئارقىلىق بەخت مەنزىلىگە تېزرەك يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئارقا ئورۇندا بىر ساۋاقدىشى ئۆيىگە خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ۋاراق سوراپ ئالدى، قەلەمنى چىڭ سىقىملاپ، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ بىر دەم ئولتۇردى، بۇ خەتنى قانداق يېزىش كېرەك؟ قىزنى قانداق تەسىرلەندۈرۈش كېرەك؟ قارىملىق سۈپىتىنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ بۇ راستتىنلا تۇنجى سۆيگۈ مەكتۇبىمۇ؟ سىيىت قارى بىردىنلا ناھايىتى چوڭ بىر بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنداق ئولتۇرسا بىر نېمە يازالمايتتى، قەغەزنى جىجىلاپ بويۇۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھىسلىرى قايناپ تۇراتتى، ئىچىدىكى ئوتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ خەتنى مەشىق ھېسابىدا يېزىپ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ توغرىلاپ، ئاققا كۆچۈرۈپ، مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ ئاندىن قىزغا بەرسە بولاتتى. شۇ نىيەتكە كەلگەن سىيىت قارىنىڭ قەلىمى بەيگىگە قويۇۋېتىلگەن ئاتتەك چېپىشقا باشلىدى.

10

خالىدنىڭ خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن زۆھرەنىڭ كۆڭلىدە بازار ئايلىنىپ، باغچىغا بارىدىغان ئىشلىرى تۈگەپ، ئۆيدە بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاشقا باشلىدى. ئەرەب جۇۋان ئىلگىرى باش ئەلچىنىڭ

خوتۇنىدەك دەھشەت پۇل خەجلىمىسىمۇ، يەنىلا خېلى خەجلەپ قويۇپتۇ، چوڭ سودا سارايلىرىدىكى گىرىم-پەرداز، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، سومكا، ئاياغلارغا زوق-شوخ بىلەن سىنچىلاپ قارايتتى، ئۇششاق دۇكانلاردىكى جۇڭگوچە قول ھۈنەرۋەن بويۇملىرىنى قولىغا ئېلىپ ئەجەبلىنىپ كۆلۈپ قويۇپتى، يىپەك كۆينەك ۋە شارپىلارنى تۇتۇپ سىلاپ كېتەتتى، «جەمىل» دەپ ماختاپ قويۇپ ئاندىن ئۇنى بوينىغا ئارتىپ ئەينەككە قارايتتى. سېتىقچىلار چەت ئەللىكلەرگە ئىنگلىزچىنى يامداپ سۆزلەپ بىر ياقتىن قىزغىن مۇئامىلە قىلسا، بىر ياقتىن باھانى نەچچە ھەسسە يۇقىرى قويۇپ تۇرۇۋالاتتى، چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ دېگەن باھاسىدىن تۆۋەن سورايتتى. زۆھرە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەرەب جۇۋانىغا بولۇشۇپ باھا تالىشىپ يۈرۈپ سودىلىشىشقا ئۇستا بولۇپ كەتتى، ماللارنىڭ ئەسلى باھاسىنى، ساتىدىغان يېرىنى ئوبدانلا بىلىپ قالدى. ئەرەب جۇۋان ئۆز دۆلىتىدە خوتۇنلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەلەيدىغان، سوۋغاتلىققا يارايدىغان ماللىرىنى ئۈچ چامدانغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى، مېڭىش ئالدىدا زۆھرەگە «تاپان ھەققى»ھېسابىدا يۈز يۈەن پۇل، بىر سومكا بەردى. ئەلچىخانىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ، ھەيۋەت سودا سارايلىرىنى ئايلىنىپ، ئادەتتە تۇتۇپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ماللارنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، ئەڭ ئېسىللىرىنى خىللاشقا پىشىپ قالغان زۆھرە بۇ شەھەردە پۇللا بولسا شاھانە ياشىغىلى، راھەتتە ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك چوڭقۇر چۈشەندى. ئاياللارنىڭ ئەبەدىي قانماس كىيىم، گىرىم، زىننەت ھەۋىسىنى قوزغىتىپ ھاياجانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان، قۇربى يەتمەيدىغانلارنى ھەر ۋاقىت ئارماندا قويىدىغان، مەئىشەتنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك لىققىدە تولدۇرۇپ تۇرغان سودا سارايلىرى، مەخسۇس ماركا سېتىش دۇكانلىرى... ھەتتا شۇنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق، ئېسىل ماللار، ئۇلارنىڭ رەڭگى، شەكلى، پۇرىقى، دۇكاندىكى باھاسى، چۈشۈرۈپ ئالالايدىغان باھاسى... زۆھرەنىڭ ئېسىدە چىڭ ساقلىنىپ قالدى. ئەرەب جۇۋان كەتكەندىن كېيىن پۇرسەت بولسىلا شۇ دۇكانلارغا بېرىپ، ئالالمىسىمۇ قاراپ بېقىپ كېلىدىغان بولدى. لېكىن ھەر قېتىم بارسا ئىچى ئارماندا ياناتتى، كۆزى كەينىدە قالاتتى.

خالىد خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن كەيىپ-ساپانى يەنە باشلىۋالدى. ئۆز دۆلىتىدە ئىسسىق

دەستىدىن كۇندۇزى ئۇخلاپ كېچىسى ھەرىكەتلىنىدىغان ئەرەبلەر پەرەڭلەر ۋە بېيجىڭلىق بايلار بىلەن بىر قاتاردا بېيجىڭنىڭ كەچلىك سودىسىنى، ئىشرەتخانىلىرىنى قىززىتىپ تۇراتتى. ئەلچىخانا نومۇرى ئېسىلغان ئېسىل پىكاپلار ئوينايدىغان، قاينايدىغان يەرلەرنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئادەتتە خىزمەت ۋاقتىدا بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشەلمەي ئۆتىدىغانلار شۇنداق يەرلەردە دوقۇرۇشۇپ قالاتتى، ھىجىيىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كونا خۇماردىن كېچەلمىگەن خالىد ھەپتە ئارىلىقلىرىدا سىرتتا كۆڭۈل ئېچىپ، ھەپتە ئاخىرى يېرىم كېچىدە بىر سەتەڭنى باشلاپ كېلەتتى.

زۆھرە كۇندۇزى تېلېۋىزور كۆرۈپ، ئانچە-مۇنچە سېرىق كۆرۈنۈشلىرى چىقىدىغان كىنو كۆرۈپ، ئۇنىڭ تىلىنى تولۇق چۈشىنىپ بولالماي ئىچى پۇشۇپ، ئىنگلىزچە كىتاب كۆرۈپ، ئارقىدىن ئەسنەپ ئۇخلاپ قالاتتى، كۇندۇزى ئۇخلىۋالغاچقا كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇياق بۇياققا ئېغىناپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى، بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قالايمىقان چۈش كۆرەتتى، چۈشلىرى پارچە-پارچە ئەينەككە ئوخشايتتى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ-غارايىپ، ۋەھشىي كۆرۈنۈشلەر ۋىل-ۋىل چاقنايتتى، ئارىلاپ-ئارىلاپ سېرىق كىنونىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىلەر چىقاتتى، قىزىق يېرى، ئەتىسى دەل مۇشۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئېسىدە قالاتتى. ئۇنىڭ ئەنسىز خىياللىرى گاھىدا چۈشىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ، بەدىنى ئېغىر تاشتەك مىدىرلىيالماي ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى...

زۆھرە خالىدنىڭ ئۆيىدە ئەنسىز كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بىر شەنبە كېچىسى ئۇ نېرىقى ھۇجرىدىن چىقىۋاتقان ئەسەبىي ئاۋازلاردىن سەگەكلىشىپ، نېرۋىسى ئۆرلەپ تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئەتىسى خېلى ۋاق بولغاندا چۈۋۈق چاچلىرى يۈزىنى يېپىۋالغان بىر سەتەڭ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ خېلى ئۇزۇندا چىقتى، ئىسكەتىنى ئوڭشاپ، كىيىمىنى تۈزەپ كىيىپ، سومكىسىنى ئېسىپ چىقىپ كەتتى. زۆھرە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ سەسكىنىپ كەتتى، ئۇ رەسۋا ماتۇڭغا سۇ ماڭغۇزۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى قەستەن شۇنداق قىلغانىدى. زۆھرە ماتۇڭدىكى يوپۇقنى سۆكۈپ تاشلىۋەتتى، نەچچە رەسۋانىڭ ساغرىسىنىڭ ئىزى قالغان، بەلكىم سۈيدۈكى چاچراپ كەتكەن بۇ يوپۇقنى

فىلىپپىنلىق ئايال يۈياتتى، بۇ ئايالنىڭ ئەتكەن تامىقىنى خالىد يەيتتى، زۆھرەمۇ يەيتتى. زۆھرە ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق بىر بولغىنىش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى ئېلىشىپ، تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى. ئەمما بۇ ئۆيىنىڭ باشقا يېرى راھەت ئىدى، كۆن چۈشۈپ تۇراتتى، ئايرىم ھۇجرىدا زۆھرە خالىغان ئىشىنى قىلالايتتى، تورغا كىرىپ تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى، تېلېۋىزور، DVD كۆرەتتى، ئۆيگە نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن پەسكە چۈشسىلا ئاۋات كوچا، قايناق بازارنىڭ نەق ئۆزىگە بارالايتتى.

خالىد كۈندە دېگۈدەك چۈشكىچە ئۇخلايتتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى غىردىۋېتىپ، چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىپ، ئالماشتۇرغان كىيىمىگە كۆچلۈك ئەتىر چېچىپ، فىلىپپىنلىق ئايال چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ تەييارلىغان تامىقىنى يەپ، زۆھرەگە بىر ئىشلارنى تاپىلاپ، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ نەگىدۇر كېتەتتى. زۆھرە فىلىپپىنلىق ئايال ئەتكەن ئاشنى يېمەي، پەسكە چۈشۈپ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا كىرەتتى ياكى ماكدونالد، كېنتاكىنىڭ توخۇ گۆشى ۋە بولكىلىرىنى يەيتتى. زۆھرە بىر قېتىم كوچىدىن كېلىۋېتىپ يولدا ئۆزىنى جىڭلاپ كۆردى، 10 كىلو سەمرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۆيگە كېلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ، كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ تىكلەنمە ئەينەككە قارىدى، قورسىقى بىر ئاز چىقىپ قالغانىدى، ئۇ قورسىقىنى مۇجۇپ، بىر قەۋەت بۇ نىجىس مايىنىڭ قانداقلارچە قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئولتۇرغاندا يەنە قارىدى، قورسىقى سەل قاتلىنىشىپ قالغانىدى، ئۇ بۇ قورساق ئۆزىنىڭ قورسىقى ئەمەستەك يېنىش-يېنىشلاپ قارىدى، ھەر بىر قارىغاندا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك جىملە بولدى، بىر ئاي بولا-بولمايلا ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك سەمرىپ كەتكىنىگە ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى، مەكتەپتە كۈندە ئالدىراش چېپىپ يۈرۈپ نورمال ساقلىنىپ كەلگەن شۇ بەدەن ۋە ئېغىرلىق نەگە كەتتى؟ بۇ بەدەن ئەمدى جانغا ئارتۇق بىر يۈك بولدى، ھەتتا بۇ جانمۇ بىر يۈك بولدى، ئۇنى باقماق نېمانچە تەس-ھە! زۆھرە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، قورۇقدالغان كاللىسىغا كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقا ھېچ نېمە كەلتۈرەلمەي، بۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىگە ھۇرۇنلۇق، سېمىزلىكتىن باشقا زادى نېمە بەخش ئېتىدىغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەي،

خالىد باشلاپ كېلىۋاتقان سەتەڭلەرنىڭ ئايىغىنىڭ قاچان ئۈزۈلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە، بۇ ھۇجرىدا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسە نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي، غەم-ئەندىشە تاشلىرى ئىچىدە قۇرتتەك تۈگۈلۈپ ياتتى، خېلى ئۇزاق ياتتى، ئېزىلىپ ياتتى، بەدىنى شۇ پېتى يالىڭاچ، چاچلىرى ھېلىقى سەتەڭنىڭ چاچلىرىدەك چۇۋۇق ئىدى. مۇشۇنداق ھالەتتە يېتىشتىن زۆھرە ئۆزىنىڭ نومۇس قىلمىغىنىغا، قوپۇپ كىيىمىنى كىيگۈدەكمۇ مادارى قالمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئەمما ھەيران قېلىپ قانداق قىلاتتى، ھەيرانلىقتىن، دېلىغۇللۇقتىن، پۇشايماندىن نېمە پۈتەتتى، نامازمۇ تاشلىنىپ كەتتى، ھازىر ئۇنى قايتا باشلاپ ئوقۇش زۆھرەگە كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئېغىر بىر يۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىسا ناماز قانداق خوشياقىدۇ، نامازنىڭ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىنى ئۇ بۇرۇن بىلەتتى، ھازىر ئاساسەن ئىشەنمەسلا بولدى ياكى ئىشەنسىمۇ بىپەرۋا قارايدىغان بولدى.

فىلىپپىنلىق ئايالنىڭ قورسىقىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى، زۆھرە دوختۇرخانىغا بىللە بېرىشىپ بەردى، جىنى چىڭ بۇ ئايال ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ئەرلەرنىڭ نەپسىنى قاندۇرغۇچىلىك ئەپتى بار ئىدى، بۇنىڭغا ئۆزىمۇ رازىدەك كۆرۈنەتتى ھەم شۇنداق ياشايتتى. زۆھرە خالىدنىڭ ئاشخانىدا ياكى ئۆيىنىڭ ئىچىدىلا بۇ ئايالنىڭ ساغرىسىنى بەزىدە سىلاپ ياكى چىمداپ قويىدىغانلىقىنى نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. بۇ ئايالمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋېرەتتى.

11

سىيىت قارى زۆھرەنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى، زۆھرەنىڭ دەپمۇ قويماي ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى، نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشى سىيىت قارىغا قاراڭغۇ ئىدى، بىر يەرگە مۇقىملىنىپ قالغان كۆڭۈلنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان بۇ ئۆزگىرىش سىيىت قارىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ھېلىقى ئاخشىمى يازغان خېتىنى نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاققا كۆچۈرۈپ تەييار قىلىپ قويغانىدى، بۇ خەتنى ئوقۇسا زۆھرەنىڭ چوقۇم تەسىرلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركەكلىك كۈچىگە بەك ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ

بىر نەرسە يازالايدىغان قابىلىيىتىگە، ئۆزىگە ئالاھىدە تۇيۇلىدىغان قەلەم قۇۋۋىتىگە خېلى ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىگە بارغانچە پاتماي قېلىۋاتقان ھېسسىياتىنى ياشلىقنىڭ خاسلاتى دەپلا ئەمەس، كۆپىنچە شائىرلىق مىجەزىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ نەچچە قېتىم زۆھرەنىڭ مەكتىپىگە خەتنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بېقىشنى ئويلاپ يەنە يالتايدى، ئېنىق بىر نىشان يوقالغاندى، بارسىمۇ ئېزىپ تەمتىرەپ سوغۇققا توڭۇپ يېنىپ كېلەتتى، نامىزىنى قازا قىلاتتى، ئاپتوبۇستا تەتەيخانىلار ساغرىسىنى سۇۋاپ زىددىيەتلىك بىئاراملىقنى پەيدا قىلاتتى. ئىشقىلىپ، مەكتەپ قورۇسىدىن چىقسىلا شەھۋەت توزۇندىلىرىنى توشۇپ يۈرگەن شەھەر ھاۋاسى ئۇنىڭ نەپسىنى بوغۇپ قوياتتى؛ ھەر بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ كەلسە كۆڭلى يامان بىر ۋەسۋەسىگە گىرىپتار بولۇپ، ئىمانى سۇسلىشىپ قالاتتى. سىرتتا يامان ھەۋەسنىڭ قىيناشلىرىدىن كېسەلجان بولۇپ سۆرىلىپ يۈرگەن روھسىز ۋۇجۇدى مەكتەپكە كىرگەندە ساقىيىپ قالغاندەك بولاتتىيۇ، كېسەلنىڭ ئاسارىتى يەنە ساقلىنىپ قالاتتى، تالاغا چىققاندا قايتا قوزغىلىش خەۋپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدى زۆھرەنىڭ تېلېفونىدىلا قالدى، ياتاقداشلىرىدىن ئارىلاپ «ماڭا بىرسىدىن تېلېفون كەلدىمۇ؟» دەپ سورايتتى، ئۇلار بۇ قارىمىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن ئاز-تولا خەۋەردار ئىدى، بەزى ئىشلىرى يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى، «بىر قىزدىن تېلېفون كەلدى، ئىسمىنى دېگىلى ئۇنىمىدى، كىم ئۇ؟» دەپ گەپكە سالاتتى.

زۆھرەدىن تېلېفون كەلمىگەنچە سىيىت قارى تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى، مەكتەپ قورۇسى، سىنىپ، ياتاق، ھەتتا ئاشخانىلارمۇ ئۇنى بۇرۇقتۇرما قىلىشقا باشلىدى. گاھىدا ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ مىجەزىگە، نەپسى خاھىشىغا بويسۇنۇپ كېتىۋاتقان بۇ دىننى بىكارغا ئۆگىنىۋاتقاندەك، نەچچە شەھەرنى ئاتلاپ بۇ يەرگە كېلىپ شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، مەكتەپنىڭ مومىسىنى يەپ، دىندىن يىراقلىشىپ، ئەڭ ياخشى ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقاندەك ئوسال تۇيغۇغا كېلەتتى، گاراڭلىقتا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى، غۇرۇر بىلەن قوغدىلىپ تۇرغان تەنھا قەلبىنىڭ دېرىزىسىدىن زۆھرەگە قارايتتى، بۇ دېرىزە خىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ بىرەر يېڭىلىق، تۇيۇقسىز بىر شادلىق ئىزدەپ تويماي قارايتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يېزىپ قويۇشىنى چوڭ بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئاشۇنداق

مىجەزىنى، مەجنۇنلۇقىنى بىر-بىرىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. بىر كۈنى چۈشتە ئۇ سۇخانىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى، ياتاقدىشىدىن بىرسى ناھايىتى جىددىي چاقىردى:

— سىيت قارى، تېلېفون!

ئۇ ماغزاپ يۇقى قولىنى سۈرتە-سۈرتمەيلا ياتىقىغا يۈگۈردى، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ياتاقداشلىرىدىن بىر نەچچىسى كارىۋىتىدا قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئالدىرىماي بېرىپ تېلفونىنى قولىغا ئالدى، گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭ ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇراتتى:

— ۋەي كىمۇ؟

تونۇش، زىل ئاۋاز تېلېفون سىمى بىلەن تەڭلا يۈرەكنى جىغىلدىتىپ يېتىپ كەلدى:

— مەن، زۆھرە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

سىيت قارى ئۆزىنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، ئاۋازى يەنىلا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى:

— ھە، ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— مەنمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئۆگىنىشلىرىڭىز ئالدىراشمۇ؟

— ئانچە ئەمەس، سىزگە تېلېفون قىلسام كۆچۈپ كەتتى دەيدىغۇ؟

— ھە شۇ، بىر يەردىن ئىش تاپقاندىم، سىزگە دەپ قويماي دەپ...

— تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرەمسىز؟

— ھازىرچە مۇقىم تېلېفون يوق. ئىش بولسا مەن سىزگە تېلېفون قىلاي.

— ھە مەيلى...

— ئەمىسە خوش، كېيىن كۆرۈشەيلى.

— ھە ماقۇل، خوش، ئاللاھقا ئامانەت.

سىيت قارى « ئاللاھقا ئامانەت » دېگەن گەپنى دەپ بولغۇچە زۆھرە تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن زۆھرەنىڭ تېلېفون قىلىشى ۋە ئىش بولسا ئۆزۈم تېلېفون قىلىمەن دەپ

ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى سىيىت قارىنى خېلىلا خوش قىلدى. ياتاقداشلىرىنىڭ بەزىلىرى قۇلىقىغا تىڭشىغۇچ تىقىۋېلىپ قىرائەت تىڭشىسا، بەزىلىرى ئابدۇللانىڭ، تاشمۇھەممەتنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بىر بۆلۈك، تۆت كۈلۈڭدىكى بۇ ئۇپچە ھايات ئىچى پۇشۇش، بىر-بىرىنى كۆزىتىش، بىر-بىرىدىن ئىلھام ئېلىش، بىر-بىرىگە ھەيدەكچى بولۇش، ئۇنىڭ-بۇنىڭغا باھا بېرىش، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى بىر-بىرىگە مەلۇم قىلىش... ئىلكىدە داۋاملىشاتتى.

— كىم قىز ئۇ؟- دېدى بىر نەچچىسى تەڭلا.

— بىر يۇرتلۇق قىز.

سىيىت قارىنىڭ كەيپى ياخشى ۋاقىتتىدىن پايدىلىنىپ ھەممىسى دېگۈدەك بېشىنى كۆتۈردى:

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئوقۇيتتى، ھازىر ئىشلەۋېتىپتۇ.

— نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ئۇقمايمەن.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغان؟

ئۇپچە پاراڭلار بىردەمدە پارتلاپ چىقىشقا باشلىدى:

— جىم يۈرگەن بىلەن ئىچىدە جىق گەپ بار بۇنىڭ...

— شۇڭا توختىماي شېئىر يېزىپ يۈرۈيدىكەنسەن-دە...

— تەلەپ خېتى يازدىڭمۇ؟

— يازدىغۇ دەيمەن، قارىسام بىر خەتلەرنى يېزىپلا يۈرەتتى.

— خېتىڭنى بىزگە كۆرسەتمەمسەن؟

— ھەي، ئۇنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، بىزنىڭ باللا بوش ئەمەس جۇمۇ!

— ئۇنداق ئىش يوق،- دېدى سىيىت قارى قايسى بىرىگە جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ.- ئۆيدىن خالتا ئەۋەتكەن، شۇنى ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ تونۇشۇپ قالغان. باشقا ئىش

يوق.

— بىر كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغانسەن ھەرقاچان؟

— قىز بالا دېگەن رەسمىي شەيتان-دە!

— قانداقراق قىز ئۇ، سىنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن يەنە...

— ئانداق دېمەڭلار، سىيىت قارى ئانداق سېرىق چاچ قىزلارنى ياراتمايدۇ..

— چېچىنى كۆرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ، بىزنىڭ سىيىت قارىغا سۇمبۇل چاچلىق، قەلەم قاشلىق، ياغلىق چىگىدىغان قىز كېرەك.

— ئۇ قىز بەش ۋاق ئوقۇمدۇ يا؟

— ئوقۇيدۇ.- دېدى سىيىت قارى كەيپىنى بۇزماي ئىتتىك جاۋاب بېرىپ.- ئۇ قىز مەندىن قۇرئان سورىغاندى، ئاپىرىپ بەرگىلى بارغان.

— ئانداق بولسا ئوقۇتۇپ موللا قىلىۋالغۇدەك قىزكەن. مۇشۇنداق قىزنى تاللاش كېرەك، مۇشۇنداق قىزنى خوتۇنلۇققا ئالسا بولىدۇ.

— قارىمىنىڭ كۆزى چىڭ مال تونۇيدىكەن جۇمۇ، خوتۇندىن تەلىيى كەلگۇدەك...

— شۇ قىزنى چىڭ تۇتۇڭلا سىيىت قارى، تېپىلغۇسىز قىزكەن.

— شۇنى دەيمەن، مۇشۇنداق قىز بىلەن مۇھەببەتلەشسە گۇناھ بولمايدىغۇ دەيمەن.

— بىزنىڭ سىيىت قارى مۇھەببەتلەشسىمۇ تاھارەت ئېلىپ مۇھەببەتلىشىدۇ.

— مۇھەببەتلەشتىم دەپ بەك زامانىۋىيلىشىپ كەتمەيلى جۇمۇ سىيىت قارى، نىكاھ ئوقۇپ بولغۇچە قولنىڭ ئۇچىنى تۇتمايلى. كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ، پۈتۈشۈپ قويساق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ھارام!

— ھەي ئاز گەپ قىلىڭلا تاھىراخۇن، پەتىۋا بەرگىلى يامان ئۇستىكەنسىلە...

— مەن ئىچىمدىن چىقىرىۋالمىدىم، فىقھى كىتابلىرىنى كۆرۈڭلا، چىقىدۇ.

— فىقھى ئەھكاملىرىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىسىلە، بىلىپ تۇرۇپ مەكتەپمۇ مەكتەپ

يۇرتلۇق ئىزدەپ قىزلارنى كەلتۈرۈپ يۈرۈيسىلە...

— ئادەمگە تۆھمەت قىلماڭلا جۇمۇ، گۇناھ بولىدۇ، يۇرتلۇقنى ئىزدىگەن گۇناھمۇ؟

— مانا ماۋۇ سېيىت قارىمۇ يۇرتلۇقنى ئىزدەپ مۇھەببەت تېپىۋاپتىغۇ؟ سىلە ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشسىلە.

— ئاداش تولا يوق گەپنى قىلماڭلا، ھالال-ھارامنى ئايرىيالمىساق يەردە ئوقۇپ نېمە قىلىمىز؟

— چاقچاق، ھەي، ھەممىسى چاقچاق، تېرىكمەڭلا. تازنى تاز دېسە ئاچچىقى كېلىدۇ، دەپ..

— مۇشۇمۇ چاقچاق بولدىما؟! دىنغا چاقچاق قىلمايلى ئاغىنىلەر...

تاھىر دېگەن بالا سەل تېرىكىپ قالدى، قالغانلار بۇنىڭ ھەممىسى چاقچاق، بىزدىن ھېچكىم مۇھەببەتلەشمىدى دەپ يەڭگىل پاراڭلارنى قىلىشىپ، ئۇنى-بۇنى دەپ ئاخىر جىم بولدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ سېيىت قارىنىڭ «كىر يۇيۇۋاتاتتىم» دەپ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشقانىدى.

سېيىت قارى كىرلىرىنى يۇيغاچ بايا بولغان گەپلەرنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، زۆھرە سېيىت قارىنى ياخشى كۆرگەن، ئۇنى كەلگۈسىدىكى ئېرىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولسا، بۇ مەكتەپكە ئىزدەپ كەلگەن بولسا-ھە، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالسا، زۆھرە ئۇلارنىڭ كۆز نۇرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ سېيىت قارىنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئەكېلىڭ، مەن يۇياي» دەپ مۇشۇ كىرلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن بولسا... سېيىت قارىنىڭ قولى توختاپ قالدى، بىر دەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، مازغاپقا چىلانغان كۆسىرىنى چىڭ مۇجۇپ، پوملاپ سىقىشقا باشلىدى.

12

خالىد بېيجىڭدىكى قېرىلارنىڭ كۈن-كۈنلەپ سېسىق كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدى، بۇ سەۋرچان قېرىلار بىر كۈنى ھەتتا بىرەر تال بېلىقمۇ تۇتالمايتتى، ئەمما شۇ ئولتۇرغىنىغا رازى ئىدى، قارمىقىنى ئۇزۇن تاشلاپ، چىدامىلىق بىلەن بېلىق كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

فرانسىيىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ۋە چىلىمدىن غەرق پاك بولۇپ كەلگەن خالىد زۆھرەنىڭ

ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. زۆھرە قورقۇنچلۇق بىر چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ، خالىدنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇيقۇسى ئىتتىك ئېچىلىپ، كۆزلىرى ئەنسىز پاقىرىدى. ئۇ ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ياتقان بولسىمۇ، ئۇستىگە يەنە كىيىم كىيىپ ئىشىكنى ئاچتى. خالىد كىرىپلا ئۇنى پوكانغا بېسىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى. زۆھرەنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى، ۋاقىراشقىمۇ ماجالى يەتمەي جىنىنىڭ بارچە تىركەشتى. ۋاقىرىغان بىلەن فىلىپپىنلىق ئايال بەربىر ياردەمگە كەلمەيتتى، بەلكى زۆھرەنىڭ بۇ ئەرەبنىڭ تېگىدە يېتىپ، ئېپپەت-نومۇسىدىن ئايرىلىپ، پېتىدىن چۈشۈپ يۈۋاشلاپ قېلىشىنى تىلەيتتى. ياۋاش كۆرۈنگەن ئۇ ئايال سىرتتا زەھەرخەندىلەرچە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئايال خالىدنىڭ ئۆيىدە تەلەپ قىلىپ ئاچتۇرۇۋالغان تېلېۋىزىيە قانىلىدا پات-پات ئۆزلىرىنىڭ ھەم چەتنىڭ سېرىق كىنولىرىنى كۆرەتتى، شۇ كىنولاردا فىلىپپىن نامراتلار چۈمۈلىدەك دەسسىلىپ ياشايدىغان، قارا گۇرۇھ، لۈكچەكلىك، قاتىللىق بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان بىر دۆلەت ئىدى، بۇ ئايالمۇ نە ئېرىنىڭ نە بالىسىنىڭ تايىنى يوق، پەقەت تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا چەت ئەلدە مالاي بولۇپ، تېنىنى، كۈچىنى سېتىپ ياشايتتى. زۆھرەدەك بىر مۇسۇلمان قىزنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، بىكار يېتىپ مۈشۈكتەك ئۇخلاپ، ئۆزىدىن جىق ئىش ھەققى ئالىدىغىنىغا قورسىقى كۆيەتتى، ئەمما تېشىدا ھەرگىز بىلىندۈرمەيتتى. زۆھرە فىلىپپىنىنىڭ سېرىق قانىلىدا چىقىدىغان قارامتۇل، كۆرۈمسىز ئادەملەرنى، يېقىمسىز مەنزىرىلىرىنى، پ تاۋۇشى كۆپ تەكرارلىنىدىغان، سەڭ ئاڭلىنىدىغان تىلىنى ياقتۇرمايتتى. فىلىپپىندىكى دېڭىز بويى خۇددى ئىككى جىنس بىرلىشىدىغان كۆڭۈللۈك يەر ئىدى، كىنودا دائىم مۇشۇنداق مەنزىرە چىقاتتى. دېڭىزنى كۆرگەندە ئۇ خوتۇن ھاياجانلىنىپ بولالماي قالاتتى. زۆھرە بۇنى كۆرۈپ جىلە بولۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. تېلېۋىزور تالىشىپ بەزىدە ئۇ خوتۇن بىلەن سۈركىلىشىپمۇ قالاتتى. پەقەت چەتنىڭ كىنوسى بېرىلگەندە بىللە كۆرەتتى، ئانچە-مۇنچە پاراڭلىشىپمۇ قوياتتى... ئىش قىلغاندا بۇتتەك ھېسسىياتسىز، كىنو كۆرگەندە ئېغىنى تۈتۈپ ھېسسىياتلىنىپ ئولتۇرىدىغان بۇ خوتۇن زۆھرەگە ھەر ۋاقىت يات، چۈشىنىكسىز، قىزىق تۇيۇلاتتى، چۈشەنگىنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆز خوجايىنىغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى، ئۆي ئىشىنى

شەرتسىز ئورۇندايدىغانلىقى، لازىم دېسە ئار-نومۇسىنىمۇ قايرىپ يېتىپ بېرىدىغانلىقى، پۈتۈن دەسمىيىسىنى چىقىرىپ جىنىنى جان ئېتىدىغانلىقى ئىدى. بۇ خوتۇننى ياردەمگە چاقىرسا كېلىپ زۆھرەنىڭ پۈتىنى تۇتۇپ بەرسە بېرىدۇكى، خالىدنى ھەرگىز ئاجراتمايدۇ. زۆھرە ۋاقىرىيالمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىم سېلىپ تاشلاندى، ئۇخلاش كىيىممۇ سالدۇرۇلدى، خالىدتىن نەپەسىنى غىدىقلايدىغان كۆچلۈك ئەتىر ۋە ھاراق پۇرىقى كېلەتتى. زۆھرەنىڭ پەقەت كۇسىرىلا قالغان بىلەن خالىد تېخى ئۆزىنىڭ كىيىمىنى تولۇق سېلىپ بولالمىغانىدى. زۆھرە بوغۇزلىنىش ئالدىدىكى قويدەك تېپىرلاپ، كۆزلىرى ھالسىز پارقىراپ قالدى. ئۇ بەئەينى ئاجىز بىر توشقان ئىدى، خالىدنىڭ بەدىنىدىكى قاپقارا، قويۇق تۈكلەر ئېزىقىپ چىققىلى، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ جاڭگاللىقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەر قېتىملىق ناشايان ئىشتا بىر يېڭىلىقنى ئىزدەيدىغان خالىد يىللاردىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان بۇنداق نازۇك، جەلپ قىلارلىق ھالدىن شادلىنىپ قىن-قىنىغا سىغماي كەتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى جاھاندا ئەڭ غالىب ئەر ھېسابلايتتى، ماھۇق كارىۋاتتا شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك كۇسىرىنى قاماللاپ تىترەپ تۈگىلىپ ئولتۇرغان، مۇسۇلمان دېگەن بىلەن ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى، جەزبىسىنى، پۇرىقىنى، تەمىنى، لەززىتىنى مۇجەسسەملەپ تۇرغان بۇ نازىنىن قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىگە بولۇش ئىستىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھاياجاندىن ئاغرىتىپ تۇراتتى.

ئەڭ باشتا خالىدنى كۆرگەندە ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرى مۇشۇ پەيتنىڭ ھامان بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئەندىكەنىدى، مانا مۇشۇ ئەندىكىشتىن ئەكس ئەتكەن پاكلىق، گۈزەللىك خالىدنىڭ بۇ قىزغا ئىگە بولۇش ئىستىكىنى تېخىمۇكۈچەيتكەنىدى. خالىد كۈتتى، ناھايىتى چىدامىلىق بىلەن كۈتتى، ئىلگىرى ھەر قېتىم ئۇ زۆھرەگە سەپسالغىنىدا جۇڭگولۇقتا ھەرگىز ئۇخشىمايدىغان، ئىرانلىقتا ئوخشاپ قالىدىغان (ئۇ كۆڭلىدە ئۇنى ئەرەب ئاياللىرىغا ئوخشىتىشىنى خالىمايتتى) بۇ مۇسۇلمان قىزنى چېكىپ باقمايلا ھەرىكەت قىللىنىشىنىڭ قانداق ئاقىۋەت بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي دېلىغۇل بولاتتى. بۇ ئاخشىمى قەتئىي قارارغا كەلدى، شۇ تاپتا ئۇ

ئۆزگە ئىشىنىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تىكلىنىپ تۇراتتى.

خالىد زۆھرەنىڭ قولىنى قايرىپ كۈسىرىغا ئىسىلدى، زۆھرەنىڭ خىيالىدا ئاچچىسى پەيدا بولدى:

— قىزلىقىڭغا قولپا سال دېمىگەنمىدىم ساڭا! ئىشتان بېغىڭ نېمانچە بوش!

— ئەرگە تېگىپ بولدۇڭمۇ قىزىم ئەمدى،- دېدى ئانىسى يۇم-يۇم يىغلاپ.

ئاتىسى ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويۇپ، يانچۇقىدىن موخوركا ئېلىپ ئاچچىق شورىدى.

— زىنا دېگەن ئەڭ چوڭ ھارام، دوزاختا كۆيىسىز، قىلمىش تېرىڭىز ئالماشتۇرۇلىدۇ، يەنە كۆيىسىز، تېرىڭىز يەنە ئالماشتۇرۇلىدۇ، يەنە كۆيىسىز... دېدى سىيىت قارى.

زۆھرە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلىدى، جان جەھلى بىلەن تىركىشىپ خالىدقا بوي بەرمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ قارا باسمىسۇن دەپ ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويغان قۇرئاننى كۆرۈپ قالدى، بىر قولىدا كۈسىرىنى چىڭ سىقىملاپ، بىر قولىدا قۇرئاننى ئېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، ھەي، قارا ما قۇرئانغا... بۇ ئىشىڭ ھارام! ھارام! ھارام!

ئۇ «ھارام»دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دەۋەتكەنلىكىنى ئۇقالمىدى، ۋارقىراپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى. شەھۋەتتىن كاللىسى قىيىپ، كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغان خالىد سىيىت قارى زۆھرەگە ئەكېلىپ بەرگەن، ئۇيغۇرچە قۇرئانغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. زۆھرەنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان بومبىغا ئوخشاپ قالغانىدى. خالىد بۇ ھالدىكى قىزنى زورلاپ نېمە لەززەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۇقالماي قالدى، قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قۇرئانغا تاراملاپ چۈشۈۋاتاتتى. خالىد مۇشۇ چاغدىلا بۇ مۇسۇلمان قىزنىڭ ئەرەبلەر ئادەتتە قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان، ئەركەك چۈشىنى قونمىغان ئىپپەت-ھايالىق قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ھەۋەستىن قىزىپ كەتكەن ۋۇجۇدى تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ قالغان كاللىسىدا پايدا بولغان قەبرە ۋە قىيامەت قورقۇنچىدىن بىر لەھزە تىترىدى، كالامۇللانى قالقان قىلىپ ئۆزىنى قوغداپ تۇرغان قىز گويا پەرىشتىدەك كۆرۈندى، بۇ بەلكىم كەيپىلىكتىندۇ، كەيپىلىكتە ئادەمنىڭ كۆزىگە قىزىل چاپان كىيىۋالغان مومايمۇ قىز كۆرۈنىدۇ.

— قۇرئاننى قوي،-دېدى خالىد پەسكويغا چۈشۈپ،- قۇرئاننى ئوقۇيالامسەن سەن؟

— ئوقۇيمەن.- دېدى زۆھرە جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ.

— ئوقە قېنى، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

زۆھرە تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن قۇرئاننى ئېچىپ، ئېچىلغان يەرنى ئوقۇي دەپ تۇرۇشىغا خالىد بولدى، ئوقۇما دەپ قولىنى سىلكىپ رەت قىلدى، ئۇ گەپ قىلغاندا قولىنى بەك ئىشلىتەتتى.

— قۇرئاننى قويۇپ، يېقىن كېلىپ مېنى بىر سۆيۈپ قوي...

زۆھرە چۆچۈپ كەتتى، خالىدنىڭ كۆزى، تىنىقلىرى جايىغا چۈشكەندى.

— چاققان بول، ھېلى بىكار يىرتىۋېتىمەن!

زۆھرە بۇ ئىشنىڭ بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ، ئاستا كېلىپ خالىدنىڭ ساقال سوپۇنى پۇراپ تۇرغان يۈزىگە سۆيۈپ قويدى.

—يەنە سۆي، مېنى تەبرىكلە، مېنى مۇكاپاتلا، چۈنكى مەن بۈگۈن نەپسىمنى يېڭەلىدىم.... ئېسىڭدىمۇ، باش ئەلچىنىڭ ھۇزۇرىدا ماڭا تەلمۈرۈپ قارىغانىدىڭ... بەلكىم باشقىلارغىمۇ شۇنداق قارىغانسەن... سېنىڭ شۇنداق ئېزىتقۇ بىر كۆزۈڭ باركى، شەيتانمىكىن دەيمەن سېنى....- خالىد بىر دەم ئىڭگىلىزچە، بىر دەم ئەرەبچە سوزۇپ، ئالدىرىماي سۆزلىدى، سۆزلەپ بولغاندا زۆھرەنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىپ: گېپىم تۈگىدى... ئەمدى ئۇخلا دەپ، ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

زۆھرەنىڭ تىترىشى خېلىغىچە بېسىقمىدى، ھېچ رولى قالمىغان ئىشىكنى ئېتىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى، قىزلىقىدىن ئايرىلغان بولسا بەلكىم ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ قانغا قاراپ تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىققان بولاتتى. ھېلىمھەم بولسا بۇ ئەرەب نەپسىنى يېڭەلىدى، شۇنچە سەتەڭنى ئويناپ پىشىپ كەتكەن، ھەۋەسلىرىنى تاماق يېگەننىڭ ئورنىدا قاندۇرۇپ يۈرىدىغان بۇ ھايۋان بۈگۈن تۇيۇقسىز ئادەمگە ئايلىنىپ، ئالەمچە مەردلىك قىلدى، بۇنىڭدىن زۆھرە ئۆزىگە بۇ كېچە بىر ئامەت قوشى كەلگەندەك ھېس قىلدى، خۇدادىن قورقۇپ بولسىمۇ ئۆزىنى ھەر ھالدا تىزگىنلىيەلەيدىغان بۇ پاھىشۋازنىڭ نەپرەتكە ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتكە لايىق تۇيۇلۇپ كەتكىنىگە ئەجەبلەنەندى. سىيىت قارى تەقدىم قىلغان قۇرئاننىڭ خاسىيىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنى قايتا قولىغا ئېلىپ يېنىش-يېنىشلاپ

قاراپ كەتتى، خۇدانى ئۇنتۇپ، نامازنى تاشلاپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئەتىدىن باشلاپ سەھەر تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، نامازنى باشلاشنى ئويلىدى. ئەمما ئەتىسى كۈن چىققۇچە قوپماي ئۇخلىدى، چۈنكى ئۇ كېچىچە خىيال سۈرۈپ، خالىد يەنە كىرىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئۇخلىيالمىغانىدى، كۆزىنى يۇمسىلا خالىدنىڭ شەھۋەتتىن يانغان ئۆتكۈر كۆزى، تۈكلۈك مەيدىسى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالاق-جالاق قىلىۋەتكەن قورقۇنچلۇق يېرى خىيالىغا كىرىۋالاتتى. ئەتىسى ۋاق ئويغانغانىدا زۆھرە بەدىنىنى بىر قېتىم سىلاپ چىقتى، مەن تېخى قىز، بۇزۇلمىغان قىز دەپ ئويلىدى، يېنىك نەپەس ئالدى، بۇ يېنىك نەپەسنىڭ، خۇشاللىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. خالىدنىڭ قورقۇنچ ئارىلاش ۋەسۋەسە ئويغىتىپ ئۆتۈپ كەتكەن قوپال، تۈكلۈك بەدىنىنى، ساقال سوپۇنى پۇرايدىغان يۈزىنى، ئېسىگە ئېلىپ، كېچىدىن بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەك، ئەمما ئۇنىڭ قاباھەتلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مۇھىم بىر غەلىبىگە ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كەلدى، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئۇزاق ياتتى. قىزلىق بىكاردىن بىكار بۇزۇلۇپ كەتسە ئۇنىڭ جاراھىتى ساقايمايدۇ، شەلۋەرەيدۇ. قىزلىقىدىن ئايرىلغان قىز بوغۇزلاپ تاشلانغان هارام مالدەك قانسىراپ ياتىدۇ، بىر ئۆمۈر خارلىنىدۇ، بۇ بىر ئۆمۈر خاپىلىق، بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب ئەمەسمۇ؟...

ئېغىر ۋەقە، جىددىي خەتەردىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەر كىمنىڭ كۆڭلىدە بىر خاتىرجەملىك ئويغىنىدۇ، زۆھرە هازىر شۇ ھالدا ئىدى، كارىۋاتتا يېتىپ جىددىي خىيال سۈرەتتى: ئەگەر خالىد مېنى خوتۇن قىلغان بولسا بۇ باشقا گەپ ئىدى، لېكىن ئەرەبلەر ئالدامچىراق كېلىدۇ، لېكىن ھەممىسى ئۇنداق ئەمەس. لېكىن خالىدقا ئالدىراپ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئاخشام رەسمىي ئەركەكلىك قىلدى. لېكىن نېمىشقا مېنىڭ ئۇنى بىردىنلا ھۆرمەتلىگۈم كېلىپ قالدى؟! لېكىن... لېكىن... ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسام بۇ ماقۇل كارىۋاتقىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۆيگە، ماشىنىغا، خەجلىسە يەنە كېلىپ تۇرىدىغان پۇلغا، ئېسىل كىيىمگە، قىسقىسى ھەممە نېمىگە ئېرىشەتتىم... بۇنىڭغا ئاتا-ئانام، ئاچام نېمە دەيدۇ، مەھەللە كوي نېمە دەيدۇ، بۇلارنى ئويلىسامىلا ئۇششاق گەپ بېشىمنى قوچۇيدۇ، خۇدايىم ھەر كىمنىڭ رىزقىنى ئۆزىگە چاچقان، بارسام شۇ دېھقاندىن بىرسىگە تېگىمەن،

ھازىر كادىر بالىلار تويلۇقى قىممەت بولسىمۇ كادىر قىزنى ئالىدىغان بولۇپ كەتتى. كادىرغىغۇ تېگىپ قالارمەن، لېكىن شۇنىڭ مائاشىغا تەلمۈرۈپ ئۆيدە مالايدەك ئىشلەشكە، پۇل بەر دېسە كۆز ئالايتىشىغا، ھەتتا تىللاپ ئۇرۇشىغا چىداپ ياشىيالامدىمەن؟ ئەرگە تەگمەي باشقا ئىش قىلاي دېسە ماقۇللانماق، يول تاپماق، پۇل تاپماق ئاندىن تەس، بىزدە بارى شۇ ئېتىز، باقى بەخىشەندە ئېتىز! ئاتا-ئانام بار دەپ بارغان بىلەن بىرەر ھەپتە ئوبدان ئۆتىمەن، ئاندىن يەنە ئەتىۋارىمدىن چۈشىمەن، تۈگمەس جاپا، توپا-چاڭ، ئاپتاپتىن، زېرىكىشلىك ئۆيدىن قۇتۇلالمايمەن. يۇرتتىن، شۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىشىمدىكى مەقسەت نېمە، ياخشى ياشاش، پاكىز تۇرمۇش كەچۈرۈش. ئۇلارنىڭ ئۇششاق گېپىدىن قورقۇپلا ئۆزۈم خالىغان تۇرمۇشتىن ۋاز كەچكۈم يوق، يۇرتقا قايتىپ توي قىلىشقا قەتئىي رايىم يوق. باش ئەلچىنىڭ داچىسىدىلا مەن ياشاش دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم، يېڭى ھاياتنىڭ پەيزىنى ھېس قىلدىم.

13

«پاك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» نى ئاچقان بىر يىگىت جايىنامازدا ئولتۇرۇپ، ئاللاھتىن ھەر كۈنى بەرىكەت تىلەيتتى. چۈنكى بۇ ئاشخانىدا ھاراق سېتىلمىغاچقا، سودىسى تازا ئاقمايۋاتاتتى. خېنزۇلار تاماق يېگەندە ھاراق ئىچىدىغان بولغاچقا بۇ ئاشخانىغا ئانچە كەلمەيتتى. ئەرەبلەرگە يەنىلا ئۆزىنىڭ تامىقى ئەرزىيتتى، قىممەت بولسىمۇ، ئەرەبچە تائاملارنى چىقىرىدىغان «مىڭ بىر كېچە»رېستورانىغا باراتتى. باشقا مۇسۇلمانلار بۇ ئاشخانىنى بىلىپ كەتمەيتتى، يەنە كېلىپ ئورنى ئاۋات يەردە ئەمەس ئىدى. يىگىت مۈڭلىنىپ گىتار چالاتتى، مۇسۇلمان بولغان مانجۇ مۇھەببىتى ئاشخانىغا پات-پات كېلىپ، ئادەم كۈتۈپ مۈڭلىنىپ كەتكەن پاكىز جوزىلارغا قاراپ خورسىنىپ قوياتتى. ئىشتىن بىكار بولۇپ قالغان زۆھرە بۇ يەردە ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇراتتى. يەر ئاستى ياتاقلاردا بىللە يېتىپ ئوقۇغان، تېخى چەت ئەلگە چىقىپ بولالمىغان بىر-ئىككى دوستىغا پات-پات «ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەپ كېتىڭلار» دەپ تېلېفون قىلاتتى، بىر چاغدا ئادىلە دېگەن دوستى كەلدى، زۆھرە كۆڭۈللۈك كۈنلىرىنى ئەسلىتىپ، كۈلۈمسىرەپ يېتىپ كەلگەن دوستىنىڭ مەڭزىگە يۈزىنى يېقىپ تىنچلىق-

ئامالنىلىق سورىدى. ئىككىسى خېرىدار كەلمىگەن ئاشخانىدا ئازادە ئولتۇرۇپ، تاماق چىققۇچە مۇڭدىشىپ كەتتى:

— يوقاپلا كەتتىڭ ئاداش، نەلەردە يۈردۈڭ؟

— سەنمۇ شۇغۇ، ئەرەبنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭ.

— ھەي، شۇ ۋاقىتلاردا ئەجەب كۆرۈشمەپتۇق.

— ئىزدىمىسەڭ سەن...

— ھېلىمۇ ئىزدەپ تېلېفون قىلغاندىمەن، بولمىسا سىنىڭمۇ كارىڭ يوق ئىدى مەن بىلەن...

— بولدى ئاداش، تاپا قىلىشمايلى. ھە، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

— كۆرۈۋاتىسەنغۇ، مەشەدە ئىشلەۋاتىمەن.

— ئادەم كەلمەيدىغان ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ بىكار قاپسەن دېگىنا؟!

— قانداق قىلىمەن، ئىش تاپالمىسام...

— ئۇ ئەرەبنىڭ ئۆيىدە نېمىشقا تۇرالمىدىڭ؟

— ھەي ئاداش، سۆزلىسەم گەپ تولا، ئەرەب دېگەننىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيسەن...

— سىنى بىر نېمە قىلمىغاندۇ؟

— توۋا دېگىن -دېدى زۆھرە ئىككى يېنىغا قاراپ-. بۇنداق گەپنى قىلىشمايلى...

— ئاداش، گەپنى ئوچۇق قىلىپ ياشايلى، بۇ شەھەر ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ.

— ھەر قانچە بولسىمۇ بۇنداق گەپنى دېيىشسەك قانداق بولىدۇ؟

— ھېچنېمە بولمايدۇ، كاللاڭ سىنىڭ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، بۇ يەر سىنىڭ يېزاڭ ئەمەس، قورقۇپ ياشىساڭ ياشىيالمايسەن، يۈزۈڭنى قېلىن قىلىشىڭ كېرەك.

— ئۇنى دېمىسىمۇ مەن بۇ شەھەرگە قېلىنلىق قىلىپ چىققان...

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۆيدىن ئاتلىدىڭ دېگەن گەپ، جاننى ئېلىپ قويۇپ تەۋەككۈل قىلىدىڭ دېگەن گەپ. بىز مۇشۇ ئەركىن دۇنياغا دەپ ئۆيدىن ئايرىلىپ جاپا چېكىۋاتىمىز.

— بەزىدە مۇشۇمۇ كۇنمۇ، بۇنداق ياشىغاندىن كەتسەك بولمامدۇ دەپ قالىمەن، لېكىن يەنە بۇ شەھەردىن كېچەلمەيمەن... كاللام ساراڭ مېنىڭ...

— ياق، سەن تېخى بۇ شەھەردە قانداق ياشاشنى بىلمەي يۈرۈپسەن. جاپانى ئۆزۈڭ پۇلغا سېتىۋاپسەن.

— قانداق قىلاي، يۈگۈرۈپ بارغانغا بىر يەردىن ئاسان ئىش تاپقىلى بولمايدىكەن.

— بۇ نېمە ئۈچۈن، بىلەمسەن؟ ھازىر جىمى ھوقۇق، پۇل ئەرلەرنىڭ قولىدا، ئاياللار بۇ دۇنيادا ياشايمەن دەيدىكەن، ئۇنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزۈشنى بىلىشى كېرەك.

— مەسىلەن، قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئەقىللىق، نازاكەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە بەزى نەرسەڭنى قۇربان قىلىپ بەختكە ئېرىششىڭ كېرەك...

— مەن .. چۈشەنمىدىم...

— ئاستا-ئاستا چۈشىنىپ قالىسەن، ھە قېنى دېگىنە، ئۇ ئەرەب قانداق قىلدى؟

— نېمىنى قانداق قىلدى دەيسەن؟

— ھەي، سەن گەپنى ئەپقاچما، ئۇ ئەرەب ساڭا چېقىلدىمۇ دەۋاتىمەن؟

— چېقىلماقچى بولغان... لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

— قانداق قىلىپ؟ سەن پىچاق تەڭلەپ قارشىلىق كۆرسەتتىڭما؟

— ياق، قۇرئاننى كۆتۈرۈپ...

— پاھ، بۇ چارىمۇ بولىدىكەن-ھە، كېيىن قانداق بولدى؟

— ئىشلىمەي يېنىپ چىقتىم شۇ...

— ئىشلەۋەرسەڭ بولمامتى؟! ئۇنداق قىلىۋەرمەستى...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئادەمگە خاتىرجەملىك بەك مۇھىمكەن...

— قىززىققەنسەن، خاتىرجەم ياشايمەن دېگەن ئادەم ئۆيۈڭگىلا كەتسەڭ بولمامدۇ، كېتىپ ئەرگە تەگسەڭ خاتىرجەم بولاتتىڭغۇ؟! بىز بۇ يەرگە پەقەت خاتىرجەملىكنى دەپ كەلدۇقما؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، سەن مەندەك ئۇنداق قورقۇپ، ئەنسىز ياشاپ باقمىدىڭ..

— مەن ئۇنداق ياشاشتىن بىزار، قورقۇپمۇ ئىشمۇ؟ قورقۇش بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ قورقۇنچاق ئادەم ھېچنېمىگە تەۋەككۈل قىلالمايدۇ، بىر جايدا توگۇلۇپ ياشايدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ قۇرتتىن نېمە پەرقى؟! بۇ گېپىم ساڭا تېگىپ كەتمىسۇن، لېكىن سەن قورقۇنچانلىقىڭنى تاشلا، تەۋەككۈل قىلىپ چىققان ئىكەنسەن ئاخىرىغىچە تەۋەككۈل قىل، يېڭىلىقنىڭ كاللىسى بويىچە ئىش قىلىۋەرمە، بولمىسا مەشەدە ھاڭۋېقىپ، ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرىۋېرسەن... سەندە چىراي دېسە بار، بىلىم دېسە بار، ئىنگلىزچە ئۆگەنىدىڭ، ئاشخانا دېگەندە كۆرۈمسىز، ساۋاتسىز قىزلار ئىشلەيدۇ، سەن بۇ يەرگە ھەقىقەتەن زايە كېتىپسەن...

زۆھرە بۇ گەپلەرنى ئىچى ئېچىشىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى، ئادىلەنىڭ چىرايىغا، كىيىملىرىگە سەپسالدى. ئادىلەنىڭ چىرايىدىكى، ئۇچىسىدىكى نەرسىلەرنى يىغىپ يۆگەپ ساتسا 10 مىڭ يۈەندىن كەم چىقمايتتى. زۆھرە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاقسۆڭەك خېنىم ئالدىدا چېنىپ ئولتۇرغان دېدەك قىزغىلا ئوخشايتتى، بۇ ھال ئۇنى بىئارام قىلدى، ئادىلەنىڭ نېمىسىگە تايىنىپ بۇنچە ئېسىللىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى:

— سەن ئامېرىكىغا چىقىمەن دەۋاتاتتىڭغۇ، قانداق بولدى؟

— ۋىزا ئالماق بەك تەسكەن، ئىككى قېتىم قايتۇرۇۋەتتى.

— نېمىشقا؟

— ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش خاھىشىم بارمىش. ئۇ يەردە ئېرىم ياكى ئاشنام بولسا، ھېچ بولمىسا بىرەر تۇغقىنىم بولسا بولارمىش...

— دېمىسىمۇ سىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىڭ بارغۇ دەيمەن.

— ئەلۋەتتە، ئادەم يۇقىرىغا يامىشىشى كېرەك. شىنجاڭدىن كۆلى ياخشى، كۆلدىن چەتئەل

ياخشى... ئۇنى دەيسەن، بۇنى دەيسەن، ھەممىدىن يەنىلا ئامېرىكا ياخشى.

— مەنمۇ ئۇنداق خىيالمۇ قىلالمايمەن..

— خىيال قىلغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

— ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— ئۇقمايمەن، ياشاپ باققاچ پىلان تۈزىدىغان گەپ.

— مەن نېمە ئىش قىلسام بولار؟ بىر يەردىن خىزمەت تاپسام بولاتتى.

— خىزمەتنىڭ گېپىنى قويۇپ، ئەمەلىي نەپ ئېگىدىغان بىرەر ئىشنىڭ كويىغا كىر. سەن بىلەن بىزگە بۇ يەردە ھېچنەدە مۇقىم خىزمەت يوق. سەن شۇ ئەرەبنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتماپسەن، مەن بولىدىغان بولسام، ئۆيىدىن چىقماي، ئۇنىڭ پۇلىنى تازا خەجلەيتتىم... ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىنى ئىزدىمىدىمۇ؟

— ئىزدىمىدى، مېنىڭ قول تېلېفونۇممۇ يوق.

— ۋاي ئېخچە مۇشۇنداق يۈرەمسەن، شۇڭا ئىش تاپالماي يۈرۈپتىكەنسەن-دە! ئۇنداق قىلماي ئەرزان بولسىمۇ بىر قول تېلېفونى ئال، بولمىسا ھەممە ئادەم سىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تاشلىۋېتىدۇ. ئاندىن بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەت، مەكتەپتىمۇ ياتماي مەن بىلەن تۇرغىن. مەن قاۋاقخانا كوچىسىغا يېقىن يەردىن كىچىككىرەكەك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم، قاچان سەن ئىش تېپىپ بولغۇچە شۇ ئۆيدە ياتىۋەرگىن، پۇل تاپقاندا تەڭ تۆلەرمىز... قانداق؟

— ماڭا ئىش تېپىشىپ بېرەلەرسەنمۇ؟

— ئىزدىسەك چىقىدۇ، خاتىرجەم بول.

ئادىلە ئالدىغا كەلگەن لەڭمەننى نازاكەت بىلەن ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى، بىر ياقتىن زۆھرەگە گەپ قىلاتتى، بىر ياقتىن ئاربلاپ-ئاربلاپ سايراپ تۇرىدىغان تېلېفوننى ئېلىپ بەزىدە جايىدىلا پاراڭلىشاتتى، بەزىدە نومۇرغا قاراپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى.

ئاشۇ كۈنى ئادىلە زۆھرەگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر دۇكاندىن قول تېلېفونى ئېلىشىپ بەردى،

يېرىم پۇلىنى ئۆزى چىقىرىپ دوستلۇقىنى يەتكۈزدى. زۆھرە تېلېفوننى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سىيىت قارىنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋەتتى، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا نومۇرىنى دەپ بەردى.

زۆھرە ئىش ھەققىنى يېرىم ئېلىپ، «پاك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى»نى تاشلاپ كەتتى. بۇ ئاشخانا يېڭىدىن ئېچىلغاندا سىيىت قارى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر قېتىم كەلگەن، چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋالغان بۇ تەقۋا يىگىتكە تولىمۇ قايىل بولغان، ئاشخانىسىغا بەرىكەت تىلىگەنىدى. گىتارچى يىگىت بارا-بارا زىيان تارتىۋاتقان ئاشخانىسىنى ئاخىر باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ گىتارنى ياخشى چالاتتى، «يارىگۈللا»، «ۋاپادارىم» دېگەن ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتاتتى. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇ بىر مۇزىكا ئەترىتىگە قېتىلىپ رېستورانلاردا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇ كەيىپ-ساپاغا قېتىلمايتتى، ئۇسسۇلچى قىزلارغا چاچرىمايتتى، نامازنى تاشلىماي ئوقۇيتتى، بۇ ئىشى باشقا مۇزىكانت باللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

14

ئادىلە يېڭىلىققا، يېڭىلىنىشقا ھەر دائىم ئىنتىلىپ تۇراتتى، يېڭى ئەرلەر، يېڭى كىيىملەر، يېڭى رېستوران ۋە مەيخانىلار، يېڭى دېسكوخانىلار ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى ھەر كۈنلۈك قىزىقىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش نىشانى ئىدى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ جىمجىتلىققا چىدىماي پلاستىنكا قويىدى، ئۇنىڭ ئەسەبىي بىر ناخشا ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالغانىدى، دەسلەپتە مەيكېل جېكسوننىڭ ناخشىسىنى قويىدى، بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىسا ئادەمنىڭ ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل قىقاس-چۇقان پەيدا بولاتتى، نەپەسلەر رېتىم بىلەن بىللە راھەتلىك ئىتتىكلەيتتى، تەندە بىر سىلكىنىش پەيدا بولاتتى، ئەمما ئادىلە جېكسوننىڭ دەۋرى ئۆتتى، ئۇ بەچچىۋاز بىر نېمىنىڭ ناخشىسىنى كەچكىچە ئاڭلاۋېرىمەنمۇ دەپ ئۇ پلاستىنكىنى ئېلىۋېتىپ، شاكىرانىڭ پىلاستىنكىسىنى قويىدى، ئۇ ئايالمۇ ئەسەبىي تىۋۋلاپ قوياتتى، ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى غەيرىي ئاھاڭ ۋە ئاۋازلار بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. بۇمۇ ئادىلەگە خوشياقمىدى، ئۇ يەنىلا «كۇچانىڭ سوپۇنى ياخشى» دەپ ئويلاپ ئەركىنىنىڭ «شەھەر كېچىسى»دېگەن دېيىنى قويىدى، ئۇ ۋاقىت

تاپسىلا ئەركىن ئويۇن قويىدىغان كەچلىك كۇلۇبلارغا بېرىپ ناخشا ئاڭلاپ، ئۇنىڭ گىتار چېلىپ ئىسپانچا رىتىمغا توۋلايدىغان ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان بېيجىڭلىقلار ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن تەڭ شادلىنىپ، شۇ يەردە بىرەر چەت ئەللىك بىلەن تونۇشۇپ، تېلېفونلىرىنى يېزىشىۋېلىپ يېنىپ كېلەتتى. ئۇ ئەركىنىنىڭ ناخشىسىنى پەقەت نەق مەيداندىلا ئاڭلىسا بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ "بالاڭزا، كېلىڭ هەي قىزچاق، QQنومۇرىڭىزنى قالدۇرۇڭ، مەن پەرھات بولاي" دېگەندەك گەپلىرى چىقىدىغان ناخشىلىرى ئادىلەگە بەكمۇ يەڭگىل، كىچىك باللار ئاڭلىسا بولىدىغان ناخشىلاردەك تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭغا باققاندا ئەسقەر خۇيلاڭ(كۆك بۆرە) نىڭ ئۆزگىچە ناخشىلىرى ئۇنىڭغا بەكىرەكەك تېتىيتتى، ئەسقەرنىڭ قامىتى، تەمكىن قىياپىتى، بوغۇق ئاۋازىنى ياقتۇراتتى، ئۇ بۇرۇن كىنولاردىمۇ چىققان بولغاچقا، ئادىلەنىڭ خاتىرىسىدىن زادىلا ئۆچمىگەنىدى، كۆڭلىدە ئۇنى ئېغىر-بېسىق، ئەمما ئەركەكلىكى بار، گىتارچى ئەشچى «ياسىن» دەپ بىلەتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر سېغىنىش بىلەن ئەسقەرنىڭ «ئويناش»دېگەن پىلاستىنكىسىنى قويدى. گىتارنىڭ، جاز دۇمباقلىرىنىڭ ئەسەبىي رىتىملىرى ئۇنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاشقا باشلىدى، ئەسقەر گاھى سەھنىدە، گاھى كەڭ دالادا ئېزىتقۇدەك پەيداق بولۇپ، بوينىغا ئېسىۋالغان گىتىرىنى جان ساقلاشنىڭ قورالىدەك تۇتۇۋېلىپ، ئىچ-ئىچىدىن سىقىلىپ، ئاخىر ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بوغۇقراق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى سىلكىپ قويۇپ، بىر دەم ئاسمانغا، بىر دەم يەرگە قاراپ ناخشا ئېيتاتتى:

هەي قىزچاقلار... هەي قىزچاقلار..

ماۋزېدۇڭنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

ئادىلە هەر قېتىم مۇشۇ تېكىست بار يەرگە كەلگەندە كۈلۈپ سالاتتى، ئەسقەرنىڭ ناخشا تېكىستلىرى چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك سەل غەيرىي، ئەمما چوڭقۇر تۇيۇلاتتى. ئادىلە شۇ تەرزدە ناخشا-مۇزىكىلاردىن بىر دەم هوزۇرلاندى، ئاندىن بىر ئولتۇرۇشىدا چەت ئەلنىڭ 3-دەرىجىلىك سېرىق كىنوسىدىن بىرنى كۆرۈۋەتتى، ئۇ بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن سېرىق فىلىملەرنى ئاندا-ساندا كۆرۈپ قوياتتى، كۆرگەندىمۇ ئۆزىنىڭ بۇلارغا باققاندا تۈزۈك ياشاۋاتقان قىز ئىكەنلىكىگە تەسەللى

تېپىش ئۇچۇن كۆرەتتى، كۆرۈپ بولۇپ «هايۋانلار، ئادەمىي هايۋانلار، تۇزۇكرەك ئىشلىسچۇ، ئەڭ گۈزەل نەرسىنىمۇ سەتلەشتۈرۈپ ئادەمنى سەسكىندۈرۈۋېتىدۇ» دەپ غودۇراپ قوياتتى. ئۇ ئىنگلىزچەمنى پىششىقلاش ئۇچۇن كۆرىمەن دەپ چەت ئەلنىڭ ئىنگلىزچە كىنولىرىنى كۆرەتتى، ئىنگلىزچەمنى بەكپىرەكەك مەشىق قىلىۋالىمەن دەپ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشاتتى. ئۇ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا توماس دەيدىغان بىر نېگىر بالا ئۇنى قوغلىشىپ يۈرۈپ كەلتۈرۈۋالغانىدى، ئادىلە دەسلەپتە ئۇنى ئافرىقىلىق دەپ ياراتمىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئامېرىكا پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تىل ئۆگىنىش ئۇچۇن بولسىمۇئارىلىشىپ باقتى، بىللە تاماق يەپ پاراڭلىشىپ ئىنگلىزچىسىنى ئوبدانلا مەشىق قىلىۋالدى. توماس ئۇستىخانلىق، چەبدەس بىر يىگىت ئىدى، ئاپئاق ئىشلىرىنى چىقىرىپ، بوم ئاۋازىدا ئۇنلۇك، ئالدىرىماي گەپ قىلاتتى. ئاندىن ئۇلار دېسكوخانىلارغا بىللە باردى، ئۇ دېسكوغا ئالامەت ئۇستا ئىدى، دائىم شوخلۇق چىقىراتتى، ئېچىلىپلا يۈرەتتى، ئادىلەنىڭ ئۇ يەر-بۇيېرىنى تۇتۇپ، بەزىدە لىككىدە كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭدا چۆچۈش هەم ئاللىقانداق بىر غىدىق پەيدا قىلاتتى. ئادىلە ئۇ نېگىرغا بارا-بارا كۆنۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئىرقى، رەڭگىمۇ بارا-بارا بىلىنمەيدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئۇچراشمايتتى، ئاخشىمى بىللە بولسا ئازادىلىككە چىقىپ قالاتتى، قاراڭغۇلۇق ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىچە قوينىغا ئالاتتى. كېيىن توماس ئوقۇشىنى تۈگىتىپ دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا ئادىلەگە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق ئەمەس، جەنۇبى ئافرىقىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئادىلە ئۇنى ئالدامچى دەپ تىللاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، بىر هازا يىغلىدى. توماس «مەن سىنىڭ مۇهەببىتىڭگە ئېرىشىش ئۇچۇنلا شۇنداق قىلدىم، هەممە ئادەم نېمىشقا ئامېرىكىلىق زومىگەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ مەن ساڭا راستىمنى دېسەم نېمىشقا يىغلايسەن، خالىساڭ مەن بىلەن كەتكىن، بىز بىللە ياشايلى» دەپ سەمىمىيلىكىنى بىلدۈردى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئامېرىكىدىنمۇ چىرايلىق، باي ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەردى. هەتتا موزاينىڭ كۆزىدەك قارا كۆزىگە ياش ئالدى. بۇمۇ ئادىلەنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. جەنۇبىي ئافرىقا دېگەنمۇ بەربىر ئافرىقا-دە، ئافرىقا دېسىلا كىشىنىڭ خىيالىغا سەهرايى كەبىر چۆلى، قاتتىق ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، ئەيدىز كېسىلى...

تېزلىنىپ كېلىدۇ. خەنزۇچىنىمۇ تېخى تۈزۈك ئۆگىنىپ بولالمىغان بۇ نېگىرنىڭ جۇڭگودا ئوقۇپ ئېرىشكىنى چىرايلىق بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ تېنى بولدى. ئۇ ئادىلەنى ھەقىقەتەن چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئەمما ياخشى كۆرۈشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھاياتلىقتىكى ئويۇن-تاماشىنىڭ بىر تۈرى ئىدى، پەقەت ئوخشىمايدىغىنى، بۇ ئويۇن جىنسىي قۇۋۋەت، كۈچلۈك قىزىقىش، ئۇزاق ۋاقىت، ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك، چىن ماھارەت تەلەپ قىلاتتى. ئادىلە ئۇنىڭدىن تامامەن ۋاز كەچتى، ئۇنى كۆڭۈل ھويلىسىدىن بىر قارا خالتىنى سۈپۈرۈۋەتكەندەك سۈپۈرۈپ تاشلىدى، بۇ خالتا مەينەت نەرسىلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قارىۋاينىڭ قالدۇرۇپ كەتكىنى ھېسسىياتتىكى جاراھەت بولۇپلا قالماي، بەلكى جانغا تاقىشىدىغان ئەيدىز ۋەھىمىسى ئىدى. ئادىلە پۇشايمان ۋە ۋەھىمىدىن بىر نەچچە ئاي سىقىلىپ يۈردى، تەكشۈرتۈپ بارسا قېنىنىڭ راستتىنلا بۇزۇق چىقىپ، بۇ ئاقىۋەتنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ دوختۇرخانىغىمۇ بارمىدى. ئۇ بىر مەزگىل ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ ئاخىرى يەنە قەدرىنى تېپىۋالدى، ئەمما بۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ئادىلە ئىدى، ئادىلە ئۆزىنى ئىلگىرىكىدىن تامامەن ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياساپ چىقتى. ئاشۇ نېگىردەك شەھۋەتخور ئەرلەر، بۇ شەھەردىكى پۇلدار نوچىلار ئادىلەنىڭ غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم، ۋەھىملىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ئۇنى لەگلەكتەك ئۇچۇرتۇپ راھەتلەندۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن ئادىلە بىر ئاخشىمى قەھۋەخانىدا جامېس دەيدىغان بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇ 40 نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ناھايىتى تېتىك، ياش، ساغلام كۆرۈنەتتى، ئادىلگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشلۇق بېرىپ، كۆپ گەپلەرنى دەپ بەرگەن ھەم ئۆزىمۇ ئادىلەدىن گەپ كوچىلاپ خېلى ئىشلارنى بىلىۋالغانىدى؛ ئادىلەنى بىر نەچچە قېتىم تاماققا تەكلىپ، ئۇنى-بۇنى سوۋغا قىلىپ، ئىچكىرىلەپ مۇناسىۋەت باغلىۋالغانىدى. رېۋدوستۇۋا بايرىمى ھارپىسىدا ئىككىيلەن جامېسنىڭ مەخسۇس چەت ئەللىك دىپلوماتلار تۇرىدىغان ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى، ئادىلە ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدا تولا چىقىدىغان بىر ئىشنى ئەمەلىيەتتە كۆردى: جامېس ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئادىلەنى ئىچىگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇپ ئاسقۇغا ئاستى، ئۇنى كەڭ، چىرايلىق سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ

قىلدى. جامېس ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ بىر دەمدە بىر تەخسە توخۇ گۆشى، بىر تەخسە سالاتا (خام سەي) تەييارلاپ چىقتى، ساقلاپ قويغان ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئىككى قەدەھكە قۇيدى. ئىككىيلەن شىرەدە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن سوقاشتۇرۇپ ئىچىشتى. جامېس مۇزارتىنىڭ سىمفونىيىسىنى پەس ئاۋازدا قويۇپ قويدى، ئۆينىڭ ھاۋاسى بىر دەمدە رومانتىك تۈس ئالدى. جامېس تولىمۇ خۇشخۇي ئىدى، كۆپ گەپ قىلاتتى، ئادىلە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان "دۇنيا تىلى" نى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا بىر يەرلىرى ئادىلەگە دەرس بەرگەن ئەنگلىيىلىك مۇئەللىمگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئادىلە ئۇنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكىگە باشتىن- ئاخىر گۇمان بىلەن قاراپ كەلدى، ئەنگلىيىلىك بولسا قىزىققۇچىلىكى يوق، ئەنگلىيە كونا جاھانگىر دۆلەت، باي بولغان بىلەن ياشىماق تەس، ھاۋا كىلىماتى ناچار دەپ ئويلايتتى. ئىككىيلەن بىر بوتۇلكا تۈگىگىچە ئىچىپ پاراڭلاشتى، ئەمەلىيەتتە پاراڭنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك جامېس قىلدى، ئۇ بىر دەم سۆزلىمىسە تەپەككۇرىدىن ئېزىپ كېتىدىغاندەك، بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندەك، ئاخىرى بېرىپ گاچىلىشىپ قالىدىغاندەك توختىماي گەپ قىلاتتى، ئادىلە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەسىنمەي، ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدى. ھاراق يېرىم بولغاندا جامېس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پەيزى قىلدى، ئادىلە ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ بىردەم بولسىمۇ بېسىققىنىدىن خوش بولۇپ قورۇنغان ھالدا ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇندى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ئۇيقۇسى كېلىپ قالغانىدى. جامېس ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىغا ئەكېلىپ ياتقۇزدى، ئاندىن ئۇنى يېشىندۈردى، ئارقىدىن ئۆزى كىيىملىرىنى سالدى. ئادىلە كەيپىتىن، ھارغىنلىقتىن، ئۇيقۇدىن ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، كاللىسىدا كەڭ كارىۋات، پۈتۈن بىنا، پۈتۈن شەھەر توختىماي چۆگىلەيتتى. بىر جاھانگىر ئۇنىڭغا جاھاننى چۆگىلىتىۋاتاتتى. ئەنگلىيىلىك بولسا نېمە بوپتۇ، يېڭى جاھانگىرنىڭ ئاتىسى قېرى جاھانگىرغۇ، بۇنىڭغىمۇ كېسەل يۇقارمۇ، قاپچۇق ئىشلەتكەندەك قىلدى، نېمە قىلسا قىلدى، ئازدى، كېسەل بولدى، ئۆلدى، ئامېرىكىلىقمۇ، ئەنگلىيىلىكمۇ ئۆلىدىغۇ.. ئادىلە ئامېرىكىنىڭ كىنوسىدا ئەر-ئاياللىنىڭ ھەر قاچان تەڭ ئەسەبىيلىشىپ كېتىدىغىنىنى، بىر-بىرىگە تولىمۇ ماسلىشىدىغىنىنى

كۆرگەنىدى، جامېس بىلەن كارىۋاتقا چىققاندا ئۇ كىنو ئۆزگىرىپ كەتتى، جامېس كىنودىكى ئەرتىسلارغا ئاز-تولا ئوخشىسىمۇ، ئادىلە ئۇ "سېرىق سەتەڭلەر" نى دورىيالمىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى ئالىلىبۇرۇن ئېچىلىپ كەتكەن، بۇ ئىشتىن تاماقتىن ھۇزۇرلانغاندەك ھۇزۇرلىنىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسى تەل، شۇڭا بۇ ئىشتىن شادلىق ئىزدەيدۇ. ئۇلارغا باققاندا ئادىلە نامرات، ئاۋۋال قورساقنىڭ غېمىنى قىلىپ ئاندىن ئۇ ئىشنى ئويلىشىدىغان گەپ. قورساقنىڭ غېمى ئادىلەنى ھەر قانچە قىلساقمۇ ئېچىلالماس، بۇ ئىشتىن ھەقىقىي ھوزۇرلىنالماس قىلىۋەتكەن... يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا كېسەللىك ۋەھىمىسى رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغان. ئادىلە ئۆزىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ مۇشۇ كۈنگە ئەكېلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭدىن چىقالماس بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتىيۇ، ئۇ كېسەللىكنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئالۋاستىدەك يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغانلىقىنى، كۈتۈلمىگەندە بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئەجەللىك ئوقىنى ئاتىدىغانلىقىنى ئويلاپ شۈركۈنۈپ كېتەتتى، ۋەھىمىسى يەنە سايىدەك ئەگىشىپ باراتتى. يۈزىگە ئازراق قىزىل بىر نېمىلەر چىقىپ قالسا ئەينەككە قاراپ تاتىرىپ، يۈرەكلىرى سېلىپ كېتەتتى، پەرداز قىلغاندىن باشقا ۋاقىتتا ئەينەككە ئاساسەن قارىمايتتى.

جامېس بىلەن بىللە بولغان كېچىسى ئادىلە يېرىم كېچىدە تەرىتى قىستاپ ئويغىنىپ، تازىلىق ئۆيىنى تەستە تېپىپ كىردى، ئەنە شۇ يەردە ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى ھاجەتخانىغا ئوخشىتىپ ئاچچىق كۈلدى، ناتونۇش ئەرلەر ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قىستاپ كەتكەن ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى. ئۇ خىيالىدا ئۆزى بىلەن بىر دەم قېرىشتى، بىر دەم ئەركىن پاراڭلاشتى، ئاخىر ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاپ، قولىنى يۇيۇپ، تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ جامېسنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى، دۆلەت تەۋەلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى، چاپىنىنى ئاختۇرسىلا ئۇنىڭ پاسپورتى ياكى باشقا بىر نېمىسى چىقاتتى. ئادىلە بىر دەم ئىككىلىنىپ، جامېسنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭ چاپىنىنى ئاختۇردى، دېگەندەك قولىغا بىر كىنىشكا چىقتى، بۇ پاسپورت ئەمەس، خىزمەت كىنىشكىسىدەك قىلاتتى، كىنىشكىدا جامېسنىڭ نەچچە يىللار ئاۋۋال چۈشكەن رەسىمى، قىسقىچە ئەھۋالى يېزىقلىق ئىدى. ئادىلە ئۇخلاۋاتقان جامېسقا ئىتتىك بىر قاراپ قويۇپ كىنىشكىنى جايىغا

سېلىپ قويدى، جامېس ھەقىقەتەن ئامېرىكىلىق ئىدى، ئېھتىمال ئاتا-ئانىسى ئەنگىلىيىلىك بولسا، قىسمەن تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، دېمەك ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلمەيدىغان بىر ئامېرىكىلىق ئىدى.

ئادىلە سېرىق فىلىمنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۆزگە تەسەللى بېرىپ، ئۆيىنى رەتلەشكە باشلىدى، بىر ئېغىزلىق، بىر سالونلۇق بۇ ئۆي كىچىك بولسىمۇ ئادىلە بىلەن زۆھرەنى بۇ شەھەرگە سىغدۇرۇپ، تۇرمۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تۇراتتى. قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئادىلە، سالوندىكى كارىۋاتلىق سافادا زۆھرە يېتىپ قوپاتتى. ئادىلەنىڭ ھۇجرىسىدىكى كىيىم ئىشكىپى، پەرداز ئۈستىلىدىن ئىككىيلەن تەڭ پايدىلىناتتى. زۆھرە ھەر كۈنى بىر چوڭ رېستورانغا ئىشلىگىلى كېتەتتى، بەزىدە ئىشىك تۈۋىدە چىمەن دوپپا ۋە زەر نەقىشلىك ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ تۇرۇپ بەرسە، بەزىدە مېھمانلارغا تاماق توشۇپ پۇت-قولىغا تەگمەي ئىشلەيتتى. كەچتە سائەت 12 بولاي دېگەندە ھېرىپ چارچاپ ئاران كېلەتتى-دە، يۈز-كۆزىنى سوپۇنداپ يۇيۇپ، چىشىنى چوتكىلاپ بولۇپلا قەدىرلىك سافاسىغا بىر چىقىپ ئۇخلىغىنىچە ئەتىسى چۈشكىچە قوپماي ياتاتتى. ئاادىلە ئۇنىڭ سافاسىغا بىر قاراپ قويۇپ، جىنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان بۇ بىچارە مۇشۇنداقلا ياشاپ قېرىپ كېتەرمۇ دەپ خورسىنىپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا ھەۋەسلەنمەي تۇرالمايتتى. ئۇ سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر دەم تېلېۋىزور كۆردى، بىر دەم يۆلىنىپ ئولتۇرغۇسى كېلىپ، زۆھرەنىڭ كۇدە-كۆرپىسى ئارىسىدىن ياستۇقىنى ئېلىشىغا بىر كونۋېرت كۆزىگە چېلىقتى، كونۋېرتنىڭ ئاغزى ئوچۇقتەك قىلاتتى، ئادىلە بۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە قىزىقىپ قاراپ باقتى، پۇل ئەمەس، قاتلاغلىق سالام خەتتەك قىلاتتى. سالام خەت بولسا كونۋېرت ئۈستىدە ئادرېس يېزىقلىق بولاتتى، بۇ ئۇنداق خەت ئەمەس ئىدى. ئادىلە تېخىمۇ قىزىقىپ خەتنى ئېچىپ ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاۋۋال بىزنى يوقتىن بار قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئاندىن پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە- ئەسھابلىرىغا دۇئاسى سالام يوللايمەن.

قەدىرلىك زۆھرە، بۇ خەتنى كۆرۈپ بەلكىم ھەيران قېلىۋاتقانسىز. بۇ بالا ئۆزىنىڭ تالىپلىق سۈپىتىنى ساقلىماي نېمىشقا بۇنداق خەتنى يېزىپ يۈرۈيدىغاندۇ دەپ ئويلاۋاتقانسىز. شۇنداقتىمۇ بۇ خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن سىزنى بۇرۇندىن تونۇيمەن، كىچىكىمدە سىزنى كۆرگەن. ئېسىڭىزدە بولسا، بىز تونىياز مەزىنىنىڭ ھويلىسىدا بىللە ساۋاق ئالغان، ئۇ چاغدا باللار جىق ئىدى، لېكىن شۇ جىق باللار ئىچىدە سىز ماڭا ئالاھىدە كۆرۈنەتتىڭىز. سىز قوشنا مەھەللىدىن كېلەتتىڭىز. شۇ چاغدا تولىمۇ ئوماق، زېھنىڭىز ئۆتكۈر قىز ئىدىڭىز. مەزىنىنىڭ ساۋاقلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن يادلاپ بولۇپ ياڭاق مۇكاپات ئالاتتىڭىز، شۇ ۋاقىتتا مەن سىزگە زوقلىنىپ ھەم تەلمۈرۈپ قاراپ قالاتتىم. شۇ ۋاقىتتا سىزمۇ ماڭا قارىغان ۋە مېغىز بەرگەن ئىدىڭىز. مەن ئەسلىدە مېغىز بېرەمدىكىن دەپ ئەمەس، بەلكى سىزگىلا تەلمۈرۈپ قارىغان. سىز مېنى ياڭاق بېرەمدىكىن دەپ قاراۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتىلا مەن سىزگە ئامراق بولۇپ قالغان ئىدىم. كېيىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق. تونىياز مەزىنىمۇ باللا ئوقۇتالمايدىغان بولدى، كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ تەقدىر-قىسمەت بىزنى بۇ شەھەردە قايتا ئۇچراشتۇردى. شۇ ۋاقىتتا سىز ماڭا ناھايىتى ئىسسىق، تونۇش چىراي كۆرۈندىڭىز. كېيىن ئۇزاق ئويلاپ ئەسلەپ باقتىم. ئىسمىڭىز، مەھەللىڭىزنى توغرىلاشتۇردۇم، كىچىك ۋاقتىڭىزدىكى چىرايىڭىز ھازىر كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزىڭىزدىكى نۇر، پاكلىق، گۈزەللىك يەنىلا شۇ ۋاقتىڭىزنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھ سىزنى ئۆمۈر بويى ئاشۇنداق ئىمانلىق، ئەقىللىق، پاك، ساغلام ياشاشقا نېسىپ قىلغاي.

ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىز قايتا كۆرۈشتۇق، مەن شۇنداق ئويلايمەن. بۇ تەقدىر، بۇ ماس كېلىپ قېلىش ئادەمنىڭ ئۆمرىدە كەم ئۇچرايدۇ. بەندە بۇنى قەدىرلىشى كېرەك. گەرچە مەندە بۇرۇن ئۇنداق ھېسسىياتلار قىلچە شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، بۇ شەھەردە قايتا ئۇچراشقاندا بۇرۇنقى كۈنلەرنى دەرھال ئەسلىيەلمىگەن بولسامۇ، شۇ كۈنلەرنى ئەسلىتەلەيدىغان گۈزەل ئىشلار ماڭا نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇدايىتائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىز بۇ جاھاننىڭ بىر چېتىدە ساق-سالامەت

كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ، ئوبدان ئەسرا بولدۇق. ئۆيىمىزگە بىللە تېلېفون قىلىپ قايتىپ كەلگۈچە سىزنى ئويلىدىم، ئويلىغانچە بۇ كۆڭلۈم ھېچ ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى. باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، ھەتتا نامازنىمۇ ناھايىتى تەستە ئوقۇدۇم، خىيالىمدا سۈرەتتەك جامالىڭىز پەيدا بولۇۋېلىپ، سەجدىنىمۇ جايىدا قىلالمىدىم. ئاللاھ تائالا كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر ئىشىقنى سالغان بولسا، بۇنىڭغا مەندە چارە يوق دەپ ئويلىدىم. سىز بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ باقمىدىڭىز، بۇ يەردە ئۆز قەۋمىمىزگە مەنسۇپ بىرەر قىز بالىنىڭ دىدارىنى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيمىز، ساۋاقداشلىرىم ئالايىتەن باشقا مەكتەپلەرگە بېرىپ يۇرتلۇق قىزلارنى ئىزدەپ، كۆرۈشۈپ، بىللە تاماق يەپ پاراڭلىشىپ يېنىپ كېلىدۇ، ئوتتۇرىدا بەلكىم مۇھەببەت يوق، ئەمما پەقەت كۆرۈشۈۋالسىلا بولىدۇ. بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئىمانى، كۆڭلى شۇنچىلىك ساغلامكى، ئۇلارغا پەقەت شۇ قىزلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىشلا يېتىپ ئاشىدۇ. مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، مەنمۇ پەقەت سىزنىلا ئىزدەپ بارالايمەن. سىزنى كۆرسەم يۇرتقا بىر بېرىپ، باغ-ۋارانلىرىدىكى گۈللەردىن زوقلىنىپ قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا چۆمىمەن. سىزنىڭ كىچىك ۋاقتىڭىزنى شۇ ئوماق قىياپىتىڭىزنى ئۇنتۇيالمىغان بولسام، ھازىرقى گۈزەل ھالىتىڭىز مېنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

قەلبىڭىزدە ئىمان نۇرىنىڭ ئاسان ئۆچۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ھەم ئۇلۇغ ئاللاھتىن شۇنى تىلەيمەن. بويىغا يەتكەن قىزلار ئەگەر ئىماندىن ئاجراپ كەتسە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغىنى پەقەت شەيتاندۇر. بولۇپمۇ بۇنداق چوڭ شەھەردە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى تېخىمۇ يامان، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مەن ھەر قېتىم كوچىغا چىقسامىلا نەپسىمنىڭ بۇ دۇنيادىكى چىرايلىق، لەززەتلىك نەرسىلەرگە تويماي كېتىپ بارغانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. ئادەمنىڭ نەپسى ھەقىقەتەن دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىدىكەن، كىشىنى شۇ ياققا ئوتتەك ئىنتىلدۇرىدىكەن. مۇشۇ پەيتتە مەن بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقەتەن كىشىنى سىنايدىغان غايەت چوڭ ئىمتىھان مەيدانى ئىكەنلىكىنى، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمنىڭ بۇنى مۇشۇنداق ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلايمەن. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلمەيدۇ، خۇدايىم

بىزنى بۇنداق بەندىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغاي!

قەدىرلىك زۆھرە، مەن ئىشق-مۇھەببەتنىڭ دەرۋازىسىدىن قانداق كىرىشنى بىلمەيۋاتقان، سەممىي ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلەشنىمۇ تازا ئۇقالمايۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئېتىقاد بىلەن زامانىۋىلىقنى قانداق بىرلەشتۈرۈشنىڭ يولىنى تاپالماي يۈرۈۋاتقان، ئەمما ئىزدىنىشنى قولدىن بەرمەيدىغان، ھەقلىق ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى چۆشەپ قويمايدىغان، ئېتىقادتا ئوتتۇرا يول تۇتۇشنى، مۇھەببەتتە نورمال بولۇشنى نىشان قىلغان بىر تالىپ، سىز ماڭا قانداق قارايسىز، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما سىزدە ھەر ھالدا ياخشى تەسىرات قالدۇرغىنىمغا ئىشىنىمەن. بۇ شەھەر ۋە سىز ئوقۇغان زامانىۋى مەكتەپنىڭ سىزنى قانداق ئۆزگەرتىشكە باشلىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئۆز ئەسلىڭىزنى ئۇنتۇماي، ئىمانىڭىزدىن تەۋرەنمەي، ئەخلاقىڭىزدىن چەتنىمەي ياشاۋاتقىنىڭىزغا ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئەمما قىز بالا نېمىلا دېگەن بىلەن ھېسسىياتتا ئاجىز، كەيپىياتتا تۇراقسىز كېلىدۇ، نۇرغۇن ئىشلارغا ئامالسىز قالىدۇ، تەڭتۇشلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. شۇڭا سىزدىن گاھىدا ئەنسىرەپ قالىمەن، بۇ ئەنسىرەشلىرىمنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنى خالىمايمەن. چۈنكى يالغۇز ئايالغا شەيتان دائىم ھەمراھ بولىدۇ. يالغۇز ئايالغىلا ئەمەس، يالغۇز ئەرگىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ مۇشۇنداق قايناق شەھەردە تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا ئىسلامدا ئىسلام مۇھىتى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. سىزگە ھازىرچە مەن تەربىيە بەرگۈدەك، قانات ئاستىمغا ئالغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئەمما شۇنداق بولۇشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن. ئىشقىڭىزنى ئالللاھ دىلىمغا سالغان ئىكەن، سىزگە مەسئۇل بولۇش تەقەززاسىدىن قۇتۇلالمايمەن، شۇنداقلا بۇنى ھەر ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇھىم دەپ بىلىمەن.

مەن يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى ھازىردىن باشلاپ ئىپادىلىگەچ تۇرمىسام، كېيىن سىزگە قويماقچى بولغان تەلەپلىرىم ئېغىر كېلىشى مۇمكىن، ئۆزۈممۇ جۈرئەتسىزلىك قىلغانلىقىمنىڭ پۇشايمىنىنى يەپ قالىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەچچە ۋاقىتتىن سىزگە دېمەكچى بولغانلىرىم، كۆڭلۈمنىڭ ئەينەن ئىپادىلىنىشى. بۇ كۆڭلۈمنى رەت قىلىش-

قىلماسلىق ئەلۋەتتە ئىختىيارىڭىزدىكى ئىش. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى ئۇلۇغ ئالاھتىن تىلەيمەن، سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىرىشىش، شۇ يوسۇندا ئۆز بەختىمنىمۇ قولغا كەلتۈرۈش مېنىڭ غايەم. ئالاھ ئۆز بەندىلىرىگە نېمەتلىرىنى تونۇتۇپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنى ھەر دائىم ھېس قىلىشىمىز، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز بەختىمىز، نېمەتلىرىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالاھ ئاتا قىلغان جاننى ئايىماي سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ: سىيىت قارى

خەتنىڭ بىر يېرىمۇ چاپاق ئەمەس، پاكىز يېزىلغانىدى. ئادىلە بۇ بالىنىڭ ساددا چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، ئۇنتۇلۇپ خېلى بىر يەردە قالغان پاكلىق، گۈزەللىك، چىنلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى، ھېچكىم ئادىلەگە بۇنداق خەت يېزىپ باقمىغانىدى، ھازىر قىز-ئوغۇللارغا قۇچاق ئاچىدىغان خىلۋەت جايلار، خالىي سورۇنلار، توخۇ يۈرەكلەرنىمۇ يايرىتىپ گەپ قىلدۇرىدىغان ھاراقلار، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان خىلمۇخىل نەرسىلەر تۇرغان يەردە، قول تېلېفونىمۇ ئاشۇ زەھەرگىچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەن يەردە بۇ بالىنىڭ خەت ئارقىلىق كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشى ئادىلەگە قىزىق تۇيۇلدى، ھەسرەت ھەم مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى، خەتنى ئۆز پېتى جايىغا قويۇپ قويدى. تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ياتقىغا كىرىپ ئابدۇللانىڭ ناخشىلىرىنى قويدى، ئادەتتە ئانچە ئاڭلاپ كەتمەيدىغان بۇ ناخشىلار ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىغا ماس كېلەتتى. ئابدۇللانىڭ ئاتا-ئانا، ئانا يۇرت، پاك مۇھەببەت، تۇنجى مۇھەببەت، تەنھا سۆيگۈ، ئەخلاق، ساداقەت، ئەرلىك، مەردلىك... لەرگە بېغىشلانغان ساغلام، لەرزان، مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئادىلەنى بىر دەم ئەزدى، بۇ ناخشىلار ۋەزنى ئېغىر گەپلەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىدى. ئادىلە ئاخىر چىدىيالماي VCD نى ئېتىۋەتتى، ئابدۇللانىڭ قامىتى، ئاۋازى لاپپىدە ئۆچتى.

15

زۆھرە كۈندە پالاقلاپ، ھېرىپ-چارچاپ، ئادىلەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇخلاپ، ئەتىسى يەنە رېستورانغا ئالدىراپ ماڭاتتى. ياشماق تەس بۇ شەھەرنىڭ رەھىمسىز قامچىسى ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىۋاتاتتى؛ سىيىت قارى ۋە ئۇنىڭ خېتىدىكى گەپلىرى ئالدىراش ياشاۋاتقان زۆھرەگە يەنە بىر بېسىم

ئېلىپ كەلدى. تالىپ بالىغا ئەمدى بۇ نېمە سەۋدا، مېنى بۇ شەھەردە ياشىغىلى قويمايدىغان سەۋەبلەر نېمىدېگەن نۇرغۇن!... دەپ ئويلايتتى. ئۇ بىر كۈنى يەنىلا ۋاقچە ئۇخلاپ، ئۇيقۇدىن كۆرە قاباھەتلىك چۈش، ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتقاندا ئادىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىككىسى ئاخشىمى كۆرۈشەلمەي، ئاساسەن ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپ قوياتتى.

— قوپسىلا خان، كۈن چۈش بولدى،-دېدى ئادىلە ئۇنىڭغا باشقىچە نەزەر تاشلاپ.

— سائەت قانچە بولدى،-دېدى زۆھرە كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنىلا ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىق چىقىپ تۇراتتى، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرىدە بۇرۇنقىدەك نۇر قالمىغانىدى.- تولا چۈش كۆرۈپ ھېرىپ كېتىپتىمەن، ئۇخلىسامۇ ئارامچىلىق يوق ماڭا...

— ئۇيقۇ كۆپ بولسا چۈشمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇيقۇ دېگەنگە 4-5 سائەت ئۇخلىسا قانىدۇ، ئازراق ئۇخلىساڭ بولىدۇ..

— ئەگەر سەن مەندەك ئىشلىگەن بولساڭ، بىر كۈن قوپماي ياتاتتىڭ.

— شۇڭا مەن سەندەك ئىشلىمەيمەن، مۇشۇ چىرايىڭغا قاچا يۇيۇپ، يوندا تۆكۈپ يۈرۈشىڭ پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.

— قانداق قىلىمەن ئەمىسە، ئىشلىمىسەم بولمىسا...

— مۇشۇنداق ئىشلەپلا يۈرۈۋېرەمسەن؟! چىرايىڭنى نېمىگە بەرگەن خۇدايىم؟! بۇنداق ياشىغاندىن تايىنلىق يۇرتۇڭغا كېتىپ، ياخشى يىگىتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، بالا تۇغۇپ، بالاڭنى بېقىپ ياشا؛ بولمىسا بۇنداق جىنىڭنى قىينىما...

— ئىككىمىزنىڭ تۇتقان يولى ئوخشىمايدۇ،-دېدى زۆھرە كۆڭلىدىكىنى ئاخىر ئاشكارىلاپ.- مېنى بۇنداق ئىشلەپ كېتىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالما، كونىلار ئات تاپقىچە ئېشەك مىن دېيىتىكەن، باشقا يەردىن ئىش تاپقىچە قارا ئىش بولسىمۇ قىلىۋاتىمەن. رېستوران دېگەنگە ئادەملەر كېلىپ تۇرىدۇ، چەتئەللىكلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى بولىدۇ...

— تونۇشۇپ قانداق قىلماقچى، مەسىلەن دەپ باقە، ئۇنىڭغا تېگەمسەن؟ ئۇلار سېنى ئالامدۇ؟

ــ مېنىڭ مەقسىتىم ئەرگە تېگىش ئەمەس! ـ دېدى زۆھرە سەل خاپا بولۇپ. ـ خىزمەت تېپىش. ئۇلار يا ئەلچىخانىنىڭ يا بىرەر شىركەتنىڭ ئادەملىرى. تونۇشۇپ قويسام، كېيىن خىزمەت تېپىشىمغا ياردەم قىلىدۇ.

ــ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مەن ساڭا دېگەن، ئۇلار سېنىڭ قابىلىيىتىڭگە قىزىقمايدۇ، دېيىلوم دېگەندەك قالپاققا ئەمەس، كۆكسۈڭنىڭ يوغانلىقىغا بەكىرەكەك قارايدۇ، تېخىچە ئۇقماي يۈرەمسەن؟

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، تېنىمگە تايىنىپ خىزمەت تاپقان بولسام بۇ چاغقا تېپىپ بولاتتىم.

ــ نېمىشقا تاپمايسەن؟ نېمىنى ئايايسەن؟ نېمەڭگە ساقلايسەن؟

زۆھرە ئادىلەگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى:

ــ مەن ئار-نومۇسۇمنى سېتىپ راھەت كۆرۈشنى خالىمايمەن...

ــ سىنىڭچە مەن ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ راھەتتە ياشاۋېتىپتىمەن-دە!

ــ مەن ئۇنداق دېمىدىم، ھەر كىمنىڭ تۇتقان يولى، ئويلىغانلىرى ئوخشىمايدۇ.

ــ مەن سىنى مەندەك بولسۇن دېمىدىم، لېكىن سەن خام خىيالنى جىق قىلىدىكەنسەن، ساڭا دەپ قويااي جېنىم دوستۇم، سەن ئات تېپىپ بولغۇچە بۇ شەھەردىكى نەپسى يامانلار سىنى ئېشەك قىلىپ مىنىۋېرىدۇ؛ بۇ شەھەرگە ماسلىشالىغانلار ياشىيالايدۇ، ماسلىشالمىغانلار تۈگىشىدۇ. شۇڭا بۇ شەھەردىن ۋاقتىدا كېتىۋال، يا بولمىسا باشقا يولنى تاللا.

ــ مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغمىغان بولسام ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ كەتسەممۇ مەيلى، ماڭا ئۇنداق گەپ قىلما. ـ دېدى زۆھرە يوتقىنىنى يىغىشتۇرۇپ. ـ مېنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىم بار.

ــ ئويلىغانلىرىڭ بەك ئاددىي، بەك ساددا!ـ دېدى ئادىلە ئاچچىق كۈلۈپ. ـ مۇشۇ ئەپتىڭدە سەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىزلىرىغىلا ئوخشايسەن، ياق، ئۇلارنىڭ كاللىسىمۇ ھازىر جىق ئېچىلىپ كەتتى... ئېچىلمىغان پەقەت سەنلا قالدىڭ...

ــ ئېچىلمىغان بولسام مۇشۇ پېتى قالاي، مېنى زورلىما... مەن بۇ يەردىن مۇقىمراق، پاكىزراق خىزمەت تېپىۋالسلاملا ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ كېتىمەن، ئاڭغىچە چىداپ تۇر...

— سىنى كۆچۈپ كەت دېمىدىم، خاتا چۈشەنمە، سىنى چېكىپ بېقىۋاتىمەن. مەسىلەن، خىزمەت تاپتىڭمۇ دەيلى، تاپقاندىكىن نېمە ئىش قىلماقچى، مۇھەببىتىڭ بارمۇ؟ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟

— ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ، ھازىر ئۇنى ئويلىغۇدەك ھالىم يوق.

— ھېلىقى بالىغا نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— قايسى بالىغا؟- زۆھرە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— سىيىت قارى دېگەن بالىغىچۇ؟

— سەن ئۇنى نېمە بىلىسەن؟ خېتىنى ئوقۇپسەن-دە!

— ئۇنداق قالايمىقان تاشلاپ قويساڭ ئوقۇماي قالامدىم، خەتكە ئۇستا بالىكەن، مەنمۇ خېلى تەسىرلەندۈرۈپ بىر يەرگە ئاپىرىپ قويدى.

— ئۇ بالا ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ، بىز بىر يۇرتلۇق...

— ئىش كۆرمىگەن ساددا بالىدەك قىلىدۇ.

— ساددىلىقى ساددا، كۆڭلىدە كىشىگە يامانلىقى يوق.

— مۇشۇنداق بالىنى مۇھەببەت تۇتۇپ ياشىساڭ بولمامدۇ؟ بەختلىك بولاتتىڭ.

— لېكىن مەن پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ماقۇل دەپ جاۋاب بەرگەنسەن ھەرقاچان، ئۆزەڭمۇ پاك، ۋىجدانلىق قىز بولغاندىكىن...

— لېكىن مەندە ئۇ بالىغا مۇھەببەت دەيدىغان ھېسسىيات يوق.

— نېمىشقا؟ نېمىسى نېمەڭگە يەتمەيدۇ ئەمدى؟!

— ئۇقمايمەن، مەندە ئۇ بالىغا ئۇنداق ھېسسىيات يوق.

— سىنى راستتىنلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، ئۇنداق ياشا دېسە تېخى ئۇنىمىساڭ، بۇنداق ياشا دېسە تېخى ئۇنى ياراتمىساڭ، سەن زادى قانداق ياشىماقچى؟

— ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىنى بويىچە ياشايمەن.

— سەن راستتىنلا ھېچنېمىنى ئۇقماي ياشايدىكەنسەن. ئۇ بالىنىڭ نەرى بولمايدۇ؟ شۇنچىلىك خەتنى يازالىغان بالا نېمىشقا ساكا يارىمايدۇ؟ ئۇمۇ يېزىدىن چىققان، ئىش كۆرمىگەن پاكىز بالىكەن، سەنمۇ شۇ يۇرتتىن كەلگەن پاك، گۈزەل قىز. ئىككىڭلار شۇنداق ماس كېلىدىكەنسىلەرغۇ؟ قانداق بولمايدۇ زادى، سىنىڭ مۇھەببەت قارىشىڭ قانداق؟ كاللاڭدا مۇھەببەت دەيدىغان نەرسە بارمۇ-يوق، سەن راستتىنلا ھېچنېمىنى بىلمەمسەن ياكى خۇيسەن گاس بولۇۋالدىڭمۇ؟

— مېنىڭ مۇھەببەت دېگەنلەرنى ئويلاشقا چولام يوق، ئۇ بالا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېتىدۇ، مېنىڭ كەتكۈم يوق.

— مانا ئەمەسمۇ، راستتىنلا مەتو ئىكەنسەن، ئۇ بالىغا كۆڭلۈڭ بارمۇ-يوقمۇ دەپ سوراشتىن ئاۋۋال سەندە كۆڭۈل دېگەن نەرسە بارمۇ-يوقمۇ دەپ سوراش كېرەككەن...

— دېمىسەڭمۇ مەن مەتو، مۇھەببەت دېگەن نېمىنى چۈشەنمەيمەن، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدىڭما؟

— ئالداپ نېمە قىلىمەن، ھەممىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭغىنىمىز ياخشى.

— ئۇ بالىغا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد قالدۇرمىدىڭما؟

— ھەي، نېمىسىنى دەي، مەنىڭمۇكۆڭلۈم يېرىم، بىر چاغدا ئۇ بالا ئۆزىنىڭ مىسىرغا چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى، مەكتەپى ئۇلاردىن ئۈچ-تۆتىنى تاللاپ ھەر يىلى ئەزھەر داشۆسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدىكەن. مەنمۇ بولسا شۇنداق قىلىڭ دېگەنىدىم. بۇ قېتىم خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم، ئوقۇشىڭىزنى پۈتتۈرۈپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇڭ. مەنمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ. يۇرتقا كەتسىڭىز مەن سىز بىلەن بىللە كېتەلمەيمەن، دېدىم. دېسەم، يىغلاپ چوڭ كېلىپ قالدى، ئىمتىھان بېرەلمىدىم. قارىغاندا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتقا كېتىپ ئىمام بولىدىغان ئوخشايمەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەمىسە، بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمىغۇدەك دېدىم. باشقا نېمە دەيمەن!

— ھەي، بىچارە بالا، يىغلىشى شۇنچە چوڭمىدۇ ئۇ بالىنىڭ؟

— كىم بىلىدۇ، يا يولىنى ماڭالمىغاندۇ، ساۋاقداشلىرىدىن تۆتى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتىمىش...

— بەك ياۋاش بالىمۇ نېمە ئۇ، لېكىن ساڭا راست گېپىنى دەپتۇ. مۇشۇنداق بالا سىنى ئۆمۈر بويى سادىقلىق بىلەن باقاتتى، لېكىن سەن ئۇقماپسەن ئەمەسمۇ، ئوقۇرۇڭ بەك ئېگىزكەن. ئۆزۈڭ تۈزۈك مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ تېخى داشۆسىڭ بالىنى ياراتماي، چەت ئەلدە ئوقۇسىڭىز تېگىمەن دېگىنىڭ قىزىق! شۇنىڭدىن قارىغاندا سەن يەنىلا چىرايىڭغا تەمەننا قويىدىغان ئوخشايسەن، مەنمۇ سىنى مۇشۇ چىرايىڭدىن پايدىلىنىپ، راھەت كۆرىدىغان ئىشنى قىل دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، لېكىن سەن بۇنى باشقىچە چۈشىنىپ قالدىڭ. ئەتە-ئۆگۈن ئىسكەتىڭدىن كېتىپ قالساڭ قانداقمۇ قىلارسەن...

— مەن سەندەك چىرايلىق ئەمەس، سەندەك ياسىنىپ يۈرەلمەيمەن. لېكىن، راستىمنى دېسەم، مەنىڭمۇ شۇنداق ياسىنىپ يۈرگۈم بار. ئۆزۈمنى بۇ شەھەردە بارغانچە چېنىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ھېلىمۇ ھېس قىلمايدىكەنسەن. مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ تاشلىنىپ قالىسەن. بىلىم، قابىلىيەت دېگەنلىرىڭنى خەقتە ھەر دائىم كۆرسىتىپ يۈرەلمەيسەن، يەنە كېلىپ، جىڭ گەپنى قىلغاندا، سەندە ئۇنچىلىك بىلىم، قابىلىيەتمۇ يوق. راست دېگىنە قېنى، سەندىن نەچچە ھەسسە بىلىملىك ئادەملەر بۇ شەھەردە پۇتلىشىپ يۈرىدۇ. شۇلارمۇ پۇرسەت ئىزدەپ تېپىرلايدۇ، خەنزۇچە دېسەڭ ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، ئىنگلىزچە دېسەڭ، ئىنگلىزچە بىلىدىغانلار ساماندەك، ئەڭ ئېسىل ئىشلار ئۇلاردىن ئاشمايدۇ، ئۇيغۇرچەڭنى ھېچكىم كېرەك قىلمايدۇ. بۇ دېگەن ئىستېمال دەۋرى، پۇرسەت ئىزدەپ جان بېقىش، ياخشى ياشاش دەۋرى. بىزنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتەلەيدىغان قىممەتلىك نەرسىمىز نېمە؟ قىزلىق نازاكەت، يەنى سەزگۈر كاللا، گۈزەل قىياپەت، خۇش تەبەسسۇم، ئىللىق مۇئامىلە. قانداق ئويلىساڭ ئويلا، مەن كوچىغا چىقىپ خېرىدار كۈتىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، مېنىڭ تۇتقان يولۇم ئايرىم. ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىم مۇقىم، تېگى پەس چۈپرەندىلەرنى ئۆزۈمگە يېقىنمۇ يولاتمايمەن. پۇرسىتى كېلىپ قالسا، چەت ئەللىك مېھمانلارغا، ساياھەتچىلەرگە تەرجىمانلىق قىلىمەن، خوتۇنلىرىغا ھەمراھ بولۇپ بازارغا چىقىشىپ بېرىمەن، باغچىلارغا بىللە بارىمەن. مۇقىم تۇرىدىغان

دىپلوماتلارنىڭ ئۆيىنى بىرەر كۈن رەتلەپ، تازىلاپ بېرىمەن، بالىلىرىغا قاراپ بېرىمەن، ئۇلارنىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ، بالىلىرىنى يەسلىدىن ئەكىلەلمەي قالغاندا ماڭا تېلېفون قىلىدۇ، بېرىپ ئەكېلىپ بېرىمەن. شۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەق ئالىمەن. چەت ئەللىكلەر ئەمگەكنىڭ قەدرىنى، كىشىنىڭ ۋاقتىنى بەك چوڭ بىلىدۇ، سائىتىگە قاراپ ھەق بېرىدۇ. مۇلازىمەت دېگەن ھېلىقاندا پەس قىزلاردەك ئىشتاننى ئېچىپ يېتىپ بېرىشلا بولمايدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېھتىياجىغا بېقىپ ھەر خىل، ھەر ياڭزا بولىدۇ. ئىزدىسەڭ ئىش دېگەن چىقىدۇ. بۇنداق دېسەم، ئۆزىنى ئاقلاپ كەتتى دەپ ئويلاپ قالما، مەن سەندەك پاك ئەمەس، داغدا قالغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق ياشايمەن، لېكىن پۇل ئۈچۈن قىلمايمەن، كۆڭۈلنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمەن. ئۇلار كۆڭلىنى ئىپادىلىسە رەت قىلمايمەن. مۇلازىمەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە تولۇق يېتىشكەن قىزمەن، لېكىن ھەممە ئىشنى سۆيەت-ساپا بىلەن ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن. ئەمما دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ماڭىمۇ شۇنداق بىر بالا خەت يېزىپ سەممىي كۆڭلىنى ئىپادىلىگەن بولسا دەپ كېتىمەن، مېنى باققۇدەك، مۇشۇ ھالەتتىن يۇلۇپ ئالغۇدەك بىر يىگىت چىققان بولسا، ھەرگىز بۇنداق ياشىمايتتىم، ھەر قانچە ياشىساقمۇ بۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە بولمايدۇ، ئايال كىشى دېگەنگە يەنىلا ئۆي ياخشى. مەن بۇ ئۆمرۈمدە ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. لېكىن مەن، سەبىي قىزلاردەك، مۇھەببەتنى دەپلا ياشىمايمەن. جاھاندا بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلار بار، جەمئىيەت مۇرەككەپ، شۇڭا بىر قېلىپقىلا كىرىۋالساق بولمايدۇ، كاللىمىز ئوچۇق، ھېسسىياتىمىز مول بولۇشى كېرەك، ئارزۇيىمىز ھەر خىل بولسا بىرسىگە يېتەلمىگەندە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەي، يەنە بىرسىگە ئۈمىد باغلاپ ياشايمىز...

زۆھرە ئادىلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن نەزەر سالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىيلەن بۈگۈن بىر-بىرىنى قايتا تونۇغاندەك بولۇشتى. گەپلەر بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ، ئىدىيە، ھېسسىيات ئۆزئارا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.

— سەن تېخى ھېچ ئىشنى كۆرۈپ باقمىغان سەبىي قىزغىلا ئوخشايسەن،-دېدى ئادىلە زۆھرەنىڭ قەلبىگە تۈيدۇرماي كىرىۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېچىلىپ.- بۇ ھالىتىڭ بۇنداق چوڭ شەھەرگە

پەقەت ماس كەلمەيدۇ. رېستورانىدا تاپىنىڭ تېشىلىپ كەتكۈچە ئىشلىسەڭمۇ، خوجايىنىڭنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا سەندىن كۈتىدىغىنى سىنىڭ تاتلىق بىر كۈلۈپ قويۇشۇڭ ياكى ئىچىنى كۆيدۈرگىدەك بىر ئەركىلەپ قويۇشۇڭ. بۇنىڭ بىلەنلا خوجايىن سىنى بىر ئىش قىلىپ كەتمەيدۇ، ھەممە ئەرلەر ھايۋان ئەمەس، لېكىن ھەممە ئەرنىڭ ئاياللاردىن كۈتىدىغىنى نازاكەت، جانغا ئارام بېغىشلايدىغان شېرىن خۇلۇق. شۇنىڭ بىلەن خوجايىنىڭ بەلكىم ئىش ھەققىڭنى ئارتۇقراق بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە جاپا چېكىشىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئادەتلىنىپ كەتسەڭ، ھېچ ئىش تەس بىلىنمەيدۇ... ئەگەر چىرايىڭ مۇزايدەك ئىپادىسىز، ھەرىكىتىڭ كالانپاي بولسا خوجايىنىڭدىن تارتىپ جىمى خېرىدار سىنى كۆزىگە ئىلىپ قويمايدۇ، گۈزەل چىرايىڭنى ئۆزۈڭ لايدەك قاتۇرۇپ سەتلەشتۈرۈۋالغان بولىسەن. چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيدۈرگەن چىرايلىق، سۆيدۈرگەن چىرايلىق دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلغان ئەمەس. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆزگەرتمىسەڭ، مەڭ پالاقشىپ جاپا چەككىنىڭ بىكار.

ــ شۇنداق قىلسام بولغۇدەك،-دېدى زۆھرە،- زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق دېگەننىمۇ بىلەتتىم، ئەمما كۆڭگەن خۇيىنى تاشلىماق تەسكەن...

ــ ئۇنى خۇي-مىجەزىم دەپ بەك چوڭقۇر ئويلىۋالما، ئۇ دېگەن ئادەتلىنىش مەسىلىسى. بىر-ئىككى قېتىم سىناپ باقساڭ، ئاندىن داۋاملىق قىلغۇرسەڭ كۆنۈپ قالىسەن، ئۆزەڭگىمۇ قىلغۇاتقان ئىشىڭ تەبىئىي تۇيۇلىدۇ، ھۆسنۈڭگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلىدۇ، ھامان ئۇنۇمىنى كۆرىسەن.

ــ مەن رېستورانىدا ئىشلەۋەرمەي، سەندەك ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلسامۇ بولاتتى، سەن يېتىشىپ بولالمىغاندا مېنى يېنىڭغا چاقىرىۋالساڭ، ئىككىمىز تەڭ قىلساق...

ــ بولىدۇ، چاتاق يوق، ئۇنداق ئىش دېگەننى كىملا قىلسا بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ئۇ ئىشلارنى بىر ئاز ئۆگەنمەيمۇ بولمايدۇ، ئالاقىگە ماھىر بولۇشۇڭ كېرەك، ئىشتا سۆرەلمىلىك قىلساڭ، ۋاقىتقا رىئايە قىلمىساڭ بولمايدۇ. بەزى چاغدا يۈزۈڭنى قېلىنراق قىلىشقا، سەۋرچانراق بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ كەينىمدىن يۈرسەڭ، پىشىپ قالىسەن.

ئىككىسى كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ، بۇ شەھەردە ياشاشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تۈزۈشۈپ،

كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسىنىمۇ سىزىشىپ بولدى. ئادىلە ئۆز قەلبىنى زۆھرەگە كەڭ ئېچىۋېتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. زۆھرە ئۇنىڭ ئاغزىدىن باشقا بىر تۇرلۇك ياشاش شەكلىنى، ئەڭ مۇھىمى، بۇ شەھەردە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى، هازىرقى هالىتىنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيىدە داۋاملىق ئېچىلىش، ئېچىلىش، يەنە ئېچىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن زۆھرەنىڭ يېڭىچە ياشاش ئىستىكى بۆلەكچە كۈچىيىپ، بۇ شەھەر ئۇنىڭغا قايتا قوچاق ئاچقاندەك بولدى. نىشانى تېخىمۇ ئېنىسل، تېخىمۇ پايدىلىق ئىشلارغا يۆتكەلدى، بۇ شەھەردە ياشىغاندىكىن تۇزۇك ياشاش كېرەك، بولمىسا يۇرتنى تاشلاپ چىققاننىڭ نېمە پايدىسى؟ دېمىسىمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟... دەپ ئويلاپ، تەۋەككۇلچىلىك، ئەركىنلىككە تولغان رەڭگارەڭ، جەلپكار بىر هاياتنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

16

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان سىيىت قارىنىڭ تەرتىپ، تەقۋالىق، پاكىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن بەش يىللىق ئۆزىنى هەر هالدا خۇرسەن قىلاتتى: دەرسلەرنىڭ هەممىسىدىن ئۆتۈپ كەلدى، نامازغا تولۇق چىقتى. قۇرئاننىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى يادلاپ بولدى، ئەرەبچىدە دىنىي كىتابلاردىن پايدىلىنالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتتى، خەنزۇچىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلىگۈدەك، مەقسىتىنى يامان ئەمەس ئۇقتۇرالىغۇدەك بولدى، ئىنگلىزچىنى ئازراق ئۆگىنىۋالدى. قىرائەتنى يامان ئەمەس قىلىدۇ. ئەزان توۋلاش، خۇتبە ئوقۇشنىڭ هاجىتىدىن چىقالايدۇ. ئىماملىقتا ئانچە تەمتىرىمەيدۇ. سىياسەت، خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قەدىرئەھۋال خەۋەر تاپتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنىمۇ خېلى ئوبدان يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەمما كۆڭلىدە بىر ئەپسۇس، نادامەت قالدى. ساۋاقداشلىرىدىن بىر نەچچىسى ئەڭ ئاخىرىدا كۆڭۈللىرىدىكىنى ئاشكارىلىدى، گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇلار مۇھەببەتتە نەتىجىگە ئېرىشكەندى. مەكتەپ بۇلارنى هەرگىز هېسابلىمايتتى، ئەمما بۇ نەتىجە ئۇلارنىڭ بەش يىللىق هاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى. ساۋاقداشلىرى خۇشال ئىدى، جەمئىيەت ئۇلارنى تەقەززا قىلاتتى، مەكتەپتە مۇھەببەتلەشمىگەن بىر نەچچىسى پراكتىكا ۋاقتىدا يۇرتتىن تونۇشتۇرۇلغان قىزلارنى بېكىتىپ قويۇپ

كېلىشكەنىدى. سىيىت قارى بىر چەتتە غەمكىن خىيال سۈرەتتى، كەلگۈسىدىكى خىزمەت تەقسىماتى نەدىن نەگىچە بولىدۇ، قانداقراق قىزنى خوتۇن قىلىدۇ، قايسى مەسچىتتكە، قانداقراق جامائەتكە ئىمام بولىدۇ، ھۆكۈمەت بىلەن دىنىي خىزمەتنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ، تۇرمۇشىنى قانداق قامدايدۇ، بەش يىل ئوقۇتقان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاشۇ جاپالىرىغا قانداق جاۋاب قايتۇرىدۇ... بۇ ئىشلار سىيىت قارىغىلا ئەمەس، ھەممەيلەنگە ئورتاق غەم ئىدى، لېكىن ھەر يۇرتنىڭ، ھەر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايتتى، شۇنىڭغا بېقىپ غەممۇ چوڭراق ياكى كىچىكراق بولاتتى.

مېڭىشقا ئاز قالغان كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچتە زۆھرە سىيىت قارىنى ياتاق ئۆيىگە تاماققا چاقىردى. زۆھرە ئەسلىدە تېلېفوندىلا خوش دەپ قويۇشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ئادىلە ئۇنى چوقۇم مۇشۇ ئۆيگە چاقىرىش تەكلىپىنى بەردى. سىيىت قارى كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ناۋات پۇركۈپ قاتۇرۇۋەتكەن دوپپىسىنى بېشىغا ئەپچىل قوندۇرۇپ، ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ مەئىشەت قايناپ تۇرغان كوچىلىرىغا، خوتۇن-قىزلىرىغا تەپسىلىي قارىغاچ، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە نېمە بەخش ئەتكەنلىكىنى ئويلىغاچ، زۆھرەنى بىر باشتىن كۆڭۈلسىز ئەسلىگەچ ماڭدى. زۆھرە ئادىلە بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىغاندا سىيىت قارى خېتىنى قوينىغا سېلىپ، مېۋە-چېۋە ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ بارغانىدى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ خەتنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ بەرگىنىدە ھەر قانچە ئۆزىنى بېسىۋالىسىمۇ تىترەپ: «بىر نەرسە يازغانىدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز، مەن كېتىپ بولغاندا كۆرۈڭ» دەپ قىزىرىپ كەتكەنىدى ۋە بۇ ھالدىن ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالغان قىزنىڭ قولىغا خەتنى تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. سىيىت قارى ئاشۇ جىددىي پەيتنى باشتىن كەچۈرگەن ئۆيدە زۆھرە بىلەن ئەمدى سوغۇق كۆرۈشىدۇ، تامىقىنى يەپ بولۇپ كۆڭۈلسىز خوشلىشىدۇ. ئۇ يەرگە ئەسلىدە ئىككىنچى بارمايدىغان ئىش ئىدى، ئەمما زۆھرەنى بۇ شەھەردە ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغۇسى كەلدى، بۇ كۆرۈشۈشنىڭ نېمىشقا ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈش بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقى ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

زۆھرە بىلەن ئادىلە ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە قارشى ئالدى. ئادىلە ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراپ كەتتى، بۇنىڭدىن سىيىت قارىنىڭ خىيالى بىردىنلا ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى كۈچلۈك

ئەتىر پۇرايتتى، بۇ پۇراق بۇ ئۆيگە كىرگەنلا ئەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغىدەك دەرىجىدە قويۇق، ئۆتكۈر ئىدى. تامدىكى يېرىم يالىڭاچ رەسىملەر، تېلېۋىزور يېنىغا تىزىپ قويۇلغان دەستە-دەستە دەپتەر، ياغلىقنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاپ، چېچىنى قويۇۋەتكەن زۆھرە ۋە سېرىق چاچلىرىنى بودرە قىلىۋالغان ئادىلە... بىر-بىرىگە ئاجايىپ ماسلىشىپ كەتكەندى.

— قورۇنماي ئولتۇرۇڭ،-دېدى ئادىلە سىيىت قارىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ.

سىيىت قارى ئىككى يانغا قىمىرلاپ قويدى.

— چاي ئىچىڭ،- دېدى زۆھرە چاي قويۇۋېتىپ، سىيىت قارى ئۇنىڭ كۆكسىگە قاراپ سېلىپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. قىنىق گىرىم قىلىۋالغان زۆھرە بۇرۇنقىدىن بەك سەتلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

—تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياق دوستۇم ئادىلە بولىدۇ،-دېدى زۆھرە ئادىلەنى كۆرسىتىپ.

— بۇ بالىنى ماڭا تونۇشتۇرمىدىڭغۇ؟-دېدى ئادىلە سىيىت قارىغا يەنە سىنچىلاپ قاراپ..

— ئادەمنى كولدۇرلاتمىغىنە، بىلسەڭغۇ، مەن گېپىنى قىلىپ بەردىمغۇ؟

— سەن بۇ بالىنىڭ گېپىنى قىلىپ بولغۇچە مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغان..

— خېتىڭىزنى كۆرۈۋاپتىكەن بۇ... —دەپ كۈلۈپ قويدى زۆھرە.

سىيىت قارىغا بۇ كۈلكە تولىمۇ مەنىسىز، تولىمۇ بىچارە تۇيۇلۇپ كەتتى.

— خەت يېزىشقا يامان ئۇستا بالىكەنسىز، ئوقۇپ تەسىرلىنىپ كەتتىم. قارىم باللا گەپ قىلىشقا شۇنداق ئۇستا بولامدۇ يا؟!

— ياقەي، مۇنداقلا يېزىپ قويغان...

— ئۇنداق دېمەڭ، زۆھرەنىڭ كۆڭلىگە كىلىدۇ. مۇھەببىتىمنى رەت قىلدى دەپ ئۆزىڭىزنىڭ چىن كۆڭلىڭىزنى بۇنداق ئىنكار قىلماڭ..

— ياق، مەنمۇ راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ئۇ خەتنى ئالدىراپلا يېزىپ قويغان...

— ياق، سىز ئۇنداق بالىدەك قىلمايسىز، سىزدەك بالىدىن يالغان گەپ چىقمايدۇ.

— قانداق چۈشەنسەڭلار مەيلى، ئۇ دېگەن شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىيات...

زۆھرە ئىپادىسىز ھالدا قاراپ تۇراتتى، ئادىلە توختىماي شۇ خەتنىڭلا گېپىنى قىلاتتى:

— سىز ئۇ خەتتە يالغۇز ئايالّلارغا شەيتان ھەمراھ بولىدۇ دەپتىكەنسىز، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— يالغۇز ئايالّلارغىلا ئەمەس، يالغۇز ئەرلەرگىمۇ شەيتان ھەمراھ

— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى يالغۇز ئادەم دائىم خىيالغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ باقىدۇ، ئىشلىرىغا دائىم ۋەسۋەسە ئارىلىشىۋالىدۇ. شۇڭا بويتاق ئۆتكەندىن تويى قىلىپ ياشىغان ياخشى. يالغۇز يۈرگەندىن مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن ياخشى. ئادەم جامائەت ئىچىدە ئۆزىنى تۇزەيدۇ، جامائەت پىكىرەكىدىن قورقىدۇ. نامازنىمۇ جامائەت بىلەن ئوقۇسا ياخشىراق ئوقۇغىلى بولىدۇ...

— مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن ياخشى دېدىڭىز، قارىم باللار قاتتىق مۇھەببەتلىشۇنداقىكەن-دە!

— قارىم باللارمۇ ياش يىگىتلەر، ئۇلارنى ئۇنداق ھېسسىياتتىن توسۇپ قالغىلى بولامدۇ، يارىتىلىش قانۇنىيىتى شۇنداق، ئەمما ئۇنى توغرا ئىزغا سېلىش كېرەك. مۇھەببەتلەشتۇق دەپ ناشايان ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، نەپسىمىزنى چەكلىمىسەك بولمايدۇ.

— ناشايان ئىش دېگىنىڭىز قانداق مەسىلەن؟!- ئادىلە تەپتارتماي پۈتنى كېرىپ ئولتۇرۇپ سىيىت قارىغا كىرىشىپلىۋالغاندى. زۆھرە بىر ياقتىن بۇ گەپنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن دەپ قاراپ ئولتۇراتتى، گاھىدا سىيىت قارىغا ئۇنى باشقىدىن چۈشىنىۋاتقاندەك ئەلپازدا ھاڭۋېقىپ قارايتتى.

— ناشايان ئىش دېگەننى بىلمەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

سىيىت قارى گەرچە ئۇلارنىڭ جىنىغا تەگسىمۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، بۇ يەرگە مېھمان بولغىلى ئەمەس، سوراقتا تارتىلغىلى كەلگەندەك ھېس قىلىپ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. ئەمما قوپۇپلا چىقىپ كېتەلمىدى، مۇشۇ پۇرسەتتە بۇ ئىككىسىگە ئازراق ساۋاق بېرىپ قويۇش خىيالىغا كەلدى.

ئادىلەنىڭ گەپ كوچىلىغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭدا ئىدىيە توقۇنۇشى خېلىلا ئېغىر ئىدى. زۆھرە ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ نادان كۆرۈنەتتى. سىيىت قارى ئەمدى بۇ قىزدا ھېچقانداق لاتاپەت، گۈزەللىك قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچى ئېچىشتى.

ـــ ناشايان ئىش دېگەن.... دەپ بىر دەم تۇرۇۋالدى سىيىت قارى، ئاندىن كەسكىنلىك بىلەن سۆزلەپ چۈشتى.ـ ئۇبدان ئاڭلىۋېلىڭلا، سەت گەپ قىلىش، يات جىنسلار ياكى ئوخشاش جىنسلار ئۆزئارا قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، زىنا قىلىش، ئەۋرىتىنىڭ-ئالدى كەينىگە جىما قىلىش.. جىنسىي ھەۋەسنى خىلمۇ خىل غەيرىي ئۇسۇللار بىلەن قاندۇرۇش... مۇشۇنىڭ ھەممىسى ناشايان ئىشقا كىرىدۇ.

ـــ سىلەر مۇھەببەتلەشساڭلار ناشايان ئىش قىلمامسىلەر؟

ـــ قىلمايمىز، پەقەت نورمال پاراڭلىشىمىز، غەيرىي نىيەتتە بولماسلىققا تىرىشىمىز. قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايمىز.

ـــ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايسىلەر؟ بۇ قانداق مۇھەببەت بولىدۇ؟

ـــ بولىدۇ، مۇھەببەت دېگەن ئاۋۋال قەلبتە بولىدۇ. قالغان ئىشنى نىكاھ ئوقۇغاندىن كېيىن قىلسىمۇ كېچىكمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا قانداق قىلسا يارىشىدۇ. لېكىن ھەددىدىن ئاشماسلىق كېرەك، ئايالىنىڭ كەينىدىن جىما قىلىشقا، ھەيز ۋاقتىدا زورلاپ جىما قىلىشقا بولمايدۇ. تويدىن كېيىن ئەر-ئايال ساغلام، پاكىز ياشىشى كېرەك، سىرتتىن ئاشنا تۇتۇشقا، ھارام يول بىلەن نەپسىنى قاندۇرۇشقا بولمايدۇ.

ـــ سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار بەك غايىۋى بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ سىلەر ھەۋەسى يوق ئادەممۇ؟ پەرىشتىمۇ؟ سىلەر ھەرگىز پەرىشتە ئەمەس، بەلكى بىنورمال باللار...ـ ئادىلە چېچىلىپ سۆزلەپ زۆھرەنى ئەنسىرىتىۋەتتى. ئادىلە قورسىقىدىكى گەپنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن سىيىت قارىنى چاقىرتىپ كەلگەنىدەك قىلاتتى.

ـــ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بىز ئەلۋەتتە بىنورمال باللار، بىز مۇھەببەتلىشىشنى ئۇقمايمىز، شۇڭا رەت قىلىندۇق. لېكىن ياراتقۇچى ئىگەمدىن سەۋر-تاقەت تىلەيمىز، خۇدايىم كۆڭۈللەرگە ئىنساپ

بەرسۇن...

— ئۆزىڭىزنى ئۇنچىلىك پاك چاغلاپ كەتمەڭ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ياسىمىلىق قىلماڭ. بايا زۆھرە چاي قۇيغاندا سىزگە دىققەت قىلدىم، زۆھرەنىڭ كۆكسىگە قاراپ بوغدىيەكلىرىڭىز غىلدىرلاپ قالدى. ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويماي ئەركىن ئولتۇرۇڭ. ھەۋىسىڭىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بالىكەنسىز، شۇڭا ئىتتىك ھاياجانلىنىدىكەنسىز. بايىقى گېپىم ئېغىر كەتكەن بولسا كەچۈرۈڭ، بۇ يەرگە سىزنى خۇشال ئولتۇرۇپ بەرسۇن، ئوخشىتىپ ئەتكەن تاملىقىمىزنى يەپ بەرسۇن دەپ چاقىرتتۇق، شۇڭا چىرايلىق ئولتۇرۇپ بېرىڭ. ئەگەر باشقا ئىشتىھايىڭىز بولسا ئۇنىمۇ دەڭ، بىز سىزنى تۇزلۇك قاندۇرۇپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە قالدۇرۇپ ئۇزىتىپ قويىمىز...

زۆھرە تاتىرىپ كەتتى، ئادىلەگە ئالايدى، ئادىلە چاندۇرماي گېپىنى چۈشۈردى:

— قاراڭ، قاراڭ، ئولتۇرالماي قالغىنىڭىزنى، ھەۋەس مېڭىۋاتامدۇ، مانا يىگىت دېگەن، مانا ئەركەك دېگەن... جاھاندا بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق. بايىقى گەپلىرىمنى سىزنى سىناش ئۈچۈنلا دەپ قويدۇم، خىيتىڭىزدە دەپتىكەنسىزغۇ، بۇ دۇنيا چوڭ بىر ئىمتىھان مەيدانى دەپ، قارىغاندا سىزمۇ چوڭ گەپ قىلغان بىلەن بۇ ئىمتىھاندىن تەستە ئۆتكۈدەكسىز. يەنە تېخى خېتىڭىزدە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ... دەپ يېزىپسىز، نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسىز؟ سىز قەغەز تەكشۈرگۈچىمۇ؟ قانداق سالاھىيەتتە بۇ گەپنى دەيسىز؟ ئەركەك دېگەن لەۋزىدە تۇرۇشى، قىلغان گېپىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. گەپنى چاغلاپ قىلماڭ، مەدرىستىن چىقماي، جاھان دېگەن مۈشۈ دەپ يۈرۈۋەرسىڭىز بۇ جاھانغا ماسلىشالمايلا تۈگىشىپ كېتىسىز. سىز زۆھرەنىڭ مۆھەببىتىگە نېمىشقا ئېرىشەلمىدىڭىز، بىلەمسىز؟ زۆھرە بىر ئوغۇلغا ھاجىتى چۈشكەندە سىز نەدىتىڭىز؟ ئاشخانىدا تاماق يېگەنلا ھېسابمۇ، باغچىغا نېمىشقا ئاپارمايسىز؟ زۆھرە ئىش تاپالماي پالاقلاپ يۈرگەندە سىز نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنتىڭىز؟ زۆھرە غەمدىن قۇتۇلالماي يىغلاپ تۈگىشەي دېگەندە نەگە يوقالغانتىڭىز؟ زۆھرەگە مېۋە-چېۋىدىن باشقا نېمە ئېلىپ بېرىپ باقتىڭىز؟ بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئالالىدىڭىز؟ بىر تالاي ئاقماس پەلسەپە، قۇرۇق گەپلەر بىلەن بۇ قىزنىڭ مۆھەببىتىگە ئېرىشىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟

قۇرۇق گەپكە هازىر نېمە كېلىدۇ؟ قۇرۇق گەپكە قورساق تويامدۇ؟ خەت يېزىش قايسى زاماننىڭ ئىشى؟ يىگىت بولغاندىكىن نەق مەيدانغا چاقىرىپ ئىككى ئېغىز تۈزۈك گەپ قىلىپ، يالغاندىن جىم تۇرۇۋالسا قۇلاقتىن تۇتۇپ سۆيۈپ ئۇندەككە كەلتۈرۈشنى ئۇقمامسىز؟ زۆھرەدە كۆڭۈل يوق دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇ قىز ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ ھېسسىياتچان ئىكەن، قەدىرلىگەننى بىلىدىكەن. جاھاندا ئۆزىنىڭ قەدرىنى تونۇپ ياشاشتىن ئېسىل ئىش بارمۇ؟ سىزدەك بالىغا ماقۇل دېگەن بولسا ئۆيىدىن چىقالمايدىغان بىر خوتۇن بولۇپ، سىنقىلىپ تۈگىشىپ كېتەتتىكەن...

— كېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟!-دېدى سېيىت قارى ئورنىدىن قوپۇپ.- مېنى بۇ يەرگە مۇشۇ گەپلەرنى دەۋېلىش ئۈچۈن چاقىرتقانمىدىڭلار؟ مېھمانغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسىلەر؟ ئاناڭلاردىن قالغان ئۆرپ-ئادەتنى ئۇنتۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، تېخى ماڭا تەربىيە قىلماقچىمۇ؟. تەربىيىنى ئۆزۈڭلارغا قىلىۋېلىڭلار، مەن پەقەت خۇدادىن كۆڭلۈڭلارغا ئىنساپ تىلەيمەن... ـ سېيىت قارى ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا زۆھرە ئىگىرىغاندەك بوش تولغىدى:

— تاماق پىشىپ قالغان، يەپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ...

— بولدى رەھمەت، ئىزاغا لىق تويدۇم...

سېيىت قارى تالاغا چىقىپ يەڭگىل نەپەس ئالدى، شەھەر ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار كۆز قىسمايتتى. تونىياز مەزىننىڭ ئۆيىدە چاقنىغان يۇلتۇز كۆكتىلا لەيلەپ قالغانىدى.

سېيىت قارى سىنىپىدىكىلەرنى ئۆزىتىش ئولتۇرۇشىدا مۇھەببەتنى ياكى نىشانى بارلارغا سەپسېلىپ ئولتۇردى، ئۇلار تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، جەمئىيەتكە چىقساق ئەركىن بولىمىز دەپ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. سورۇندا مەكتەپ رەھبەرلىرى قىسقىچە ئايرىلىش سۆزى قىلدى. سىرتتىن تەكلىپ بىلەن قاتناشقان سازەندە، ناخشىچىلار تالىپلارنى مۇڭغا كەلتۈرۈۋەتتى. نوتۇققا ماھىر بىر زىيالىي كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، پاساھەتلىك ئىبارىلىرى بىلەن تالىپلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى رولىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، يۈكسەك تەلەپ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۆزلەۋېتىپ، كۈندە خەۋەر ئاڭلايدىغان قۇلاق موللىسى بالىلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر مەخپىيەتلىكنى

دەپ بەردى: ئامېرىكا-ئىراق ئۇرۇشىدا ئىراق نېمىشقا مەغلۇپ بولدۇ؟ چۈنكى ئامېرىكا يۇقىرى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىراق ئەسكەرلىرى تۇرغان يەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا شەكىللىك تۇمان پەيدا قىلىپ، ئاسماندا « ئى ئەرەبلەر، سىلەر گۇناھقا چۆكۈپ كەتتىڭلار، تۆۋە قىلىڭلار!» دېگەن يوغان ئەرەبچە ھەرپىنى ئېنىق خاسىل قىلغان. بۇنى روشەن كۆرگەن ئەرەبلەر شۇ ھامان قوراللىرىنى تاشلاپ، يەرگە يۈكۈنۈپ سەجدە قىلغان، ئاللاھقا تۆۋە قىلغان. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر بىرلا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارغا يەڭگەن، باغداتنى ئىشغال قىلغان... ناتىق زىيالىي گېپىنىڭ ئاخىرىنى شۇنداق تۈگەتتى: دىنىدا راست-يالغان ئىشنى پەرقلەندۈرۈڭلار، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن ئەتراپلىق خەۋەردار بولۇڭلار، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئۆزىمىزنى تونۇمىساق، ھېچنېمىنى تونىمايمىز. قايتىپ بارغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە كەڭ ئارىلىشىڭلار، ۋەتەننىڭ ئىسلاھات چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ يارامىلىق دىنىي خادىملاردىن بولۇڭلار...

سىيىت قارى دىپلومىنى ئېلىپ يۇرتىغا، مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. بەش يىلدا ئۇ ئاقىرىپ، پاكىز بولۇپ، چىرايىدىن ئىلىم نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، مەھەللىسىدىكى قىزلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگىدەك يىگىت بولۇپ قالغانىدى. زۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى كەپتۇ دەپ يوقلاپ كەلدى، قىزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ،-دېدى سىيىت قارى،- بىر يەردە ئىشلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— نەدە ئىشلەيدىكەن، قانچە پۇل مائاش ئالىدىكەن؟

— ئۇنى ئۇقمىدىم...

— يېنىپ كېلىدىغاننىڭ گېپىنى قىلامدۇ؟

— ئۇنىمۇ بىلمىدىم...

— ھەي بۇ بالىنى، ئۆيگە ئايلاپ تېلېفون قىلماس بولۇپ كەتتى.

— ئەنسىرىمەڭلار، ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇڭلار..

— ئۆزىمۇ مېڭىش ئالدىدا شۇنداق دېگەنىدى... لېكىن ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن... خۇدايىم

ئۆزى ساقلا...

قىزىدىن ئىشەنچلىك خەۋەر ئالالمىغان ئاتا-ئانا مۆكچەيگەن قەددىنى سۆرەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن ناھىيلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن بىر كادىر چىقىپ سىيىت قارىغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئەتىدىن باشلاپ بىر ھەپتىلىك كۇرسقا قاتنىشىسىز.

— نېمە كۇرسكەن ئۇ؟ مەن يا دىنىي زات بولمىسام.

— دىندا ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى دىنىي زات، چوقۇم قاتنىشىشىڭىز كېرەك.

— خىزمەتتىن خەۋەر يوق، كۇرس باشلىنىپ كەتتىمۇ ئەمدى...

— يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش چۈشكەن ھامان سىزنى ئىماملىققا تەيىنلەيمىز.

سىيىت قارى ئەبجەق موتۇنى گۈكىرىتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان كادىرغا قاراپ قالدى.

17

كۈنلەر ئۆتۈپ، سىيىت قارىغا بىر كىچىك مەسچىتنىڭ مۇئاۋىن ئىماملىقى تەگدى. جۈمە نامىزىغا ئىمام ۋە خاتىپ بولۇش تېخى يىراقتىكى ئىش ئىدى. مەسچىتنىڭ مۈلكىنى يەنىلا قېرى ئىمام باشقۇراتتى. ھۆكۈمەت بېكىتىپ قويغان بۇ ياش ئىمامنى جامائەت ئاخىر ئېتىراپ قىلدى، ئېتىراپ قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. ياش ئىمامنىڭ ئارتۇق گېپى يوق، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى مۇلايىم، قىرائەتلىرى جايىدا ئىدى. ئادەتتىكى ناماز ۋاقىتلىرىدا قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار مەسچىتكە كۆپرەك يىغىلاتتى، جۈمە كۈنلىرىدىلا ياشلار ئاۋۇپ قالاتتى، بېشىغا چوقۇم بىر نېمە كىيىپ كېلەتتى، دوپپىسى بولمىسا شەپكىسىنى تەتۈر كىيىپ بولسىمۇ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. جامائەت ئارىسىدا ئىلگىرىكىدەك ئىختىلاپ، زىددىيەتلەر بېسىقىپ قالغان، سۈرە «فاتىھە»دىن كېيىن «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش-دېمەسلىك، جۈمەدىن كېيىن پېشىننى ئوقۇش-ئوقۇماسلىق ھەر كىمنىڭ ئىختىيارىغا قالغان ئىدى. جامائەت ياش ئىمامنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى، سىيىت قارى ئىمام بولغاچقا

«ئامىن»نى ئىچىدىلا دەپ تۈگەتتى، جۈمەدىن كېيىن پېشىننى ئوقۇۋەردى، پېشقەدەملەر بۇنىڭدىن خۇرسەن بولدى، ئۇنى بىدئەت دېگۈچىلەر «نامازنى كۆپ ئوقۇش بەرىبىر گۇناھ ئەمەس، بىھۇدە ئىش قىلغان بولسا ئەمەلىي بىكار كېتىدۇ، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە...» دەپ قاراپ، ئارتۇق پىتنە-پاسات تېرىمىدى.

سىيىت قارى بارا-بارا قېرى ئىمامنىڭ ۋە كونا جامائەتنىڭ مايىللىقىنى تارتتى، ياشلار ئۇنى ياش تۇرۇپلا قېرىپ كەتكەن مويسىپىت ئىمامدەك كۆرۈپ «كىشمىش قارىم» دەپمۇ قويۇشاتتى. سىيىت قارى ھەممە ئادەمگە ياخشى كۆرۈنۈپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش قاراشلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بۇنداق رايىشلىق ۋە تەمكىنلىك ھۆكۈمەتنىمۇ، ئاممىنىمۇ رازى قىلدى، بەلكى ھەممە تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. باش ئىمام ئۇنىڭغا بەزى جۈمە كۈنلىرى جۈمە ئوقۇتۇشقا رۇخسەت بەردى.

شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، قېرى ئىمام ئاغرىپ قېلىپ، ئىمامەتچىلىك ئۇنىڭغا قالدى. ئۇ ھەر ۋاقىت نامازدا مەسچىتكە بۇرۇن ھازىر بولۇپ، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن خانىقاغا كىرىپ، پاكىز قوللىرى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ، ۋەزمىن ئولتۇرۇشلىرىدا سۆكۈتكە چۆمۈپ، سائەت توشقاندا قانچە جامائەت يىغىلسا شۇلارغا ئىمام بولۇپ، نامازدىن پارىغ بولغاندا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ ئەزىز بولۇشىغا، ئەل-جامائەتنىڭ دىندار، ئىنساپلىق بولۇشىغا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا، ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا دۇئا قىلاتتى؛ بەزىدە يىراقتا قالغان زۆھرەنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېپلاسلىق ۋە نومۇسسىزلىقتىن يىراق بولۇشىنى تىلەيتتى...

ھەر قانداق جايدا بىر ئىمام كۆپ ھاللاردا شۇ يەرلىك بايلارنىڭ يېقىنى بولۇپ قالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىمامىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈز-ئابرۇيىنى تىكلەيتتى. سىيىت قارىمۇ ئاز-تولا پۇل تاپقان مەھەللىۋى بايلارنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ چايلىرىغا داخىل بولۇپ، جامائەت سۆھبەتلىرىگە قېتىلىشقا باشلىدى. يۇرت دېگەندە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يېتىم ئىشلىرى بولۇپ تۇراتتى، نىكاھ ئوقۇش، خەتمە قىرائەت قىلىش،

بالىغا ئىسىم قويۇش... ئىشلىرى ئايلىنىپ كېلىپ يەنە سېيىت قارىنىڭ بېشىغا چۈشتى. سېيىت قارى ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمايدىغان، بەرىسە ئالىدىغان، بەرمىسە خاپا بولمايدىغان ئىمام ئىدى، بۇ تەرىپىمۇ ئەلگە ياقتى. ئەسلىدە ئۇ ئىشلار خالىس قىلىنىشى كېرەك ئىدى، سېيىت قارىمۇ بۇنى بىلەتتى، ئالالاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەرزان باھاغا ساتسا بولمايتتى؛ لېكىن جەمئىيەت پۇلغا تۇرۇپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ، ھەممە نېمىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ھۆكۈمەت بەرگەن ئازغىنە تۇرمۇش پۇلى ھېچنېمىگە يەتمەيتتى، نامراتلىق، موھتاجلىق ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىدىن كەتمەيتتى. ئۇمۇ توي قىلىشقا پۇل يىغمىسا بولمايتتى، ھېچكىم دۇئا ئوقۇپ قويغانغا قىزىنى بەرمەيتتى. ئالتۇندەك پارقىراق نەپسانىيەت، ئالماستەك قاتتىق يوقسۇللۇق سېيىت قارىنى ئىماملىقنىڭ قوشۇمچە كىرىملىرىگە ئۆگەتتى، ھەتتا بەرمىگەنلەرگە نارازى بولىدىغان ھالغىمۇ كەلدى. ھۆكۈمەت يېتەرلىك مائاش بەرمىسە، جامائەتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بەش يىللىق جاپالىق ئوقۇشىنىڭ بەدىلى تۆلىنىشى كېرەكتەك تۇيۇلدى. بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە دىنىي ئىشلارنىڭمۇ مۇلازىمەتكە ئايلىنىپ كېتىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ ھال سېيىت قارىنىڭ ئىمان-ۋىجدانىغا تەسەللى بەخش ئەتتى.

سېيىت قارى بايلارنىڭ، مۆتىۋەرلەرنىڭ ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى، ئەل-جامائەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئائىت مۇلازىمەت ئۈچۈن يانفونىدىن بىرنى سەپلىدى. مەرىكە-مۇراسىملارغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن ماشىنا بولمىغاندا، ۋەلىسىپىت مىنىپ جاپا تارتىپ قالماي دەپ موتوسىكلىتتىن بىرنى ئالدى. كىشىلەرگە تەنتەك، پىشمىغان موللا سىياقىدا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن ياش تۇرۇپلا ساقال قويدى، ھەر خىل سورۇنلارغا ماس كېلىدىغان دوپپا-تۇماق، يارىشىملىق پەلتولارنى چامادانلىرىغا يىغدى. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن ھېكمەت ھەر كۈنلۈك ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى. ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرىۋالمىغىنىغا، جامائەتنىڭ تەلپى بويىچە ئىش قىلىۋاتقىنىغا ئۆزىنى ئىشەندۈردى.

ئىماملىق بىلەن بېيىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولاتتى، مەرىكە-

مۇراسىملارغا بارسا تاماق تەييار ئىدى، كۈندە بولمىسىمۇ، ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم قائىدىسىنى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن چۆنتەككە پۇل كىرىپ تۇراتتى. جامائەت سورۇنلىرىدا تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، زىكرى-سۆھبەتلەردە بولسا مۆتىدىل پىكىرلەرنى قىلىپ، بېيجىڭدا بەش يىل ئوقۇپ ئېرىشكەن ئىلىمنى نامايان قىلاتتى. دېھقانلار ئېتىزدا قانچە تەر تۆكۈپ ئىشلىسە مەھسۇلاتى ئاشىدۇ، شۇنىڭدەك، ئىلىمدارلارمۇ ئۆزىنىڭ زېھنىنى ھۆرمەت قازىنىشقا سەرپ قىلسا ئەلۋەتتە كۆتكىنىگە ئېرىشەلەيدۇ. سىييىت قارى ھەر قانداق سورۇندا باشقىلارغا ياققىدەك يۇمشاق گەپلەرنى قىلاتتى، بېيجىڭنىڭ پاراڭلىرىنى چىقىراتتى، ئۆزىدىن سورالغان مەسىلىلەرگە كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسلۇبتا جاۋاب بېرەتتى، ئۆزى بىلەن گەپ تالاشقانلارنىڭ گېپىنى بۆلمەي، مەنتىقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىر چىرايلىق رەددىيە بېرەتتى، شۇ ئارقىلىق يەنە باشقىلاردىن ئۈستۈن دىنىي بىلىمىنى نامايىش قىلاتتى. ئۇ جامائەت ئارىسىدا، سورۇنلاردا يۇرۇپ نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۇردى، كىملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەندى، باشلىققا رايىش، كادىرغا مەسلەكداش، دىندارغا دىلكەش، بايغا مۇڭداش، كەمبەغەلگە دەرتداش، ئاجىزغا يۆلەكداش، ھەتتا بويتاققا قولداش... بولدى. ئاياللارنى ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن قىزلارنى كۆرگەندە ئىماملىقى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان، ياشلىق ھېسلىرى كۈۋەجەيدىغان بولۇپ قالدى...

بىر ئىمام ئۈچۈن ھۆكۈمەتكىمۇ ئاممىغىمۇ ياخشى بولماق ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى، سىييىت قارىم ئاساسىي قاتلامدىن كېلىپ چىققان ۋە مەركەزدە تەلىم ئالغان دىنىي خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر خىل قىيىن مەسىلىلەرنى، دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كەلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى، ئېتىقادكى ھەممە ئىشلار نورمال كېتىۋاتاتتى، باشقىچە ئىدىيىسى بارلار، يەنى ئىختىلاپچىلار بىر مەزگىللىك شامالدىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى؛ ئۇلار ئاللاھ بىلەن ھۆكۈمەتكە تەڭ بويسۇنمىسا بولمايتتى، چوڭ ۋەزىيەتكە، جامائەتنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ئەگەشمىسە يېتىم قالاتتى، يېڭىلىققا مايىل ياشلار جامائىتى سىييىت قارىمدىن نېمىنىدۇر تەمە قىلاتتى، سىييىت قارىم بۇنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېس قىلاتتى، ئەمما

ھۆكۈمەت ئىشەنگەن بىر ئىمام بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئەنئەنىنى قوغداپ، پىشقەدەملەرنى ياقلاپ، مۇقىملىق ۋە ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ ماڭمىسا بولمايتتى. ئۇ جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن بىلەتتى، نامازغا چىڭ تۇرىدىغانلارنى ياخشى تونۇيتتى. جۈمە كۈنلىرىدىلا مەسچىتكە ناتونۇش ئادەملەر، بىر ھەپتە ئىچىپ-چېكىپ ئويناپ توساتتىن جۈمە نامىزى ئېسىگە كېلىپ مەسچىتكە كىرىپ قالغانلار كېلىپ قالاتتى. ئەمما سىرتتىن كەلگەنلەر، ۋە يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، مائارىپ ئورۇنلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسچىتكە كىرىشى نازارەت قىلىناتتى. سىيىت قارىنىڭ جۈمە ئوقۇتۇشى بارغانچە ئاسان بولۇپ كەتتى، جۈمە تەبلىغلىرىنى بېكىتىپ بەرگەن قېلىپ بويىچە قىلاتتى، ۋاقتى 10 مىنۇتتىن ئاشمايتتى. جۈمەدىن يانغان جامائەت مەسچىت ئالدىدىكى يېمەك-ئىچمەك بازىرىغا بىر كىرىپ كەتسە، بۇ دۇنيالىق مەئىشەتلىرىگە باغرى قانمايلا كۈنلىرىنى كەچ قىلاتتى. سىيىت قارىنى بىرلىرى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى، دۇئا قىلدۇراتتى، گەپ ئاڭلايتتى. بۇ ئىمامنىڭ قەدىمى يەتكەن ئۆينىڭ ھاۋاسى تازىلىنىپ، بەرىكەتلەر ياغىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

بىر يىلدىن كېيىن سىيىت قارى باش ئىمام بولۇپ، مەسچىتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى رەسمىي قولىغا ئالدى، ئىشلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، يېزىدىن چاقىرتىدىغان 15 كۈنلۈك يىغىنغا بېرىپ، سىياسەتكە ئائىت كونا-يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلەتتى. تەشكىل ئۇنىڭغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۈرۈمچىگە بىر ئايلىق ئىماملار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوقۇش داۋامىدا سىيىت قارى جايلاردىن كەلگەن ئىماملار بىلەن تونۇشتى، پىكىر ئالماشتۇردى؛ مۇدەررىسلەرنىڭ دەرسلىرىنى، رەھبەرلەر ۋە دىن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئاڭلىدى، دىن بىلەن زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مۇھىم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى، بىكار ۋاقىتلىرىدا ئۈرۈمچىنى ئايلىنىپ، مەئىشەت ۋە ئويۇن قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مەسچىتلەرنىڭ يېنىلا ئاۋات ئىكەنلىكىنى، زامانىۋى قىزلارنىڭ رەڭگارەڭ قىياپەتلىرىنى كۆردى، ئىماملىق بىلەن قالاقلىق نېمىشقا مەنداش بىلىنىدۇ، ھازىرقى زامان ئىماملىرى قانداق ياشىشى، دەۋرگە قانداق ماسلىشىشى كېرەك؟... دېگەنلەرنى ئويلىدى.

بېيجىڭدىكى دىنىي ئوقۇش بەخش ئەتكەن ئىلمىي تەربىيە، يىراقنى كۆرەرلىك، تەمكىنلىك ۋە غۇرۇرنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ، باشقا قاراقورساق ئىماملاردىن پەرقلىق ھالدا ياشاشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ يېنىپ كەلگەندە باشقىچە روھقا ئىگە زامانىۋى ئىمام سۈپىتىدە نامايان بولدى، ھۆكۈمەت تېخىمۇ ئىشەندى، جامائەت خۇرسەن بولدى. ئۇ مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ چوقۇم بېيىشى، دەۋرگە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشى، ئىلغارلىقنى قەدىرلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىماي ۋەز سۆزلەيدىغان بولدى. ئاللاھ بىزگە ئەقىل، ھېكمەت بەرگەنىكەن، ئۇنى نېمىشقا جارى قىلدۇرمايمىز، نېمىشقا زامانىۋى تەرەققىياتقا تەتبىقلىمايمىز؟ كىم بىزگە مۇسۇلمانلارنى كەمبەغەل، قالاق بولۇڭ دەپتۇ؟ نېمىشقا تىرىشمايمىز؟... دەيتتى، ئىماندىن چەتنىمىگەن ئاساستا ئىدىيىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەسىلىلەرگە ئىلمىي قاراپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بىرلىكتە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ھەققىدە تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ باراتتى؛ ئۆرۈمچىدە كۆرگەنلىرى بىلەن بېيجىڭدا كۆرگەنلىرىنى گۈزەل تىللار بىلەن تەسۋىرلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى چۈشەندۈرەتتى، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولغان ئىنسانلارنىڭ گۈللىنىپ نەگە بارغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنداق بولماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئۇ دۇنيانى ئويلاش بىلەن بىرگە بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، بايلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئاندىن مۇھتاجلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىپ كۆپلەپ ساۋاب ئېلىشنىڭ زۆرۈر ۋە تەخىرسىزلىكىنى بايان قىلاتتى. باي بولغاندىلا سەدىقە قىلالايسىز، باي بولغاندىلا ھەجگە بارالايسىز، باي بولغاندىلا گېپىڭىز پۈتۈن بولىدۇ، ئىشىڭىز ئاقىدۇ، زامان سىزگە باقىدۇ... دەيتتى. ئۇنىڭ باي بولۇش، زامانغا ماسلىشىش ھەققىدىكى چاقىرىقلىرى جامائەتكە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتلىرىدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كەنتتە بانكىدىن قەرز ئېلىپ قوشۇمچە ئىگىلىك ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، پارنىك يېپىپ سەي تېرىيدىغانلار، بورداقچىلىق بىلەن قاسساپلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقەت قىلىدىغانلار، ھېچ ئىش قىلالمىسىمۇ غايىبتىن غەزىنە تىلەپ تاش كولاشقا ئاتلىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى... خەق

بېيىسا ئىمامنىڭ ئابرۇيى، كىرىملىرىمۇ ئەلۋەتتە كۆپىيەتتى. پۇل تاپقانلار پۇل خەجلەشتە بەسلىشەتتى، داغۋازلىق قىلىشاتتى. سېيىت قارى توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىق، بىدئەت ئىشلارنى پەيدا قىلماسلىق ھەققىدە ۋەز-نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى، خەقلەر قىلمىدىغىنىنى قىلىۋەردى، دېمەك، سېيىت قارىنىڭ بۇ گەپلىرى بېيىش، تەرەققىي قىلىش ھەققىدىكى چاقىرىقلىرىدەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالمىدى، «يېگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى، سېيىت قارى بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدى. بىرسى قوپۇپ: «ھازىر دېگەن كوپېراتسىيە زامانى ئەمەس، ياخشى، ئېسىل ياشايدىغان دەۋر. پۇل تاپقاندا خەجلىگۈمىز كېلىدۇ، خەقنىڭ ئالدىدا چېنىپ قېلىشنى خالىمايمىز، بۇنداق رىقابەت زامانىدا بەسلەشمەيدىغان كىم بار؟ بۇمۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، بىزمۇ ئېقىمغا، دەۋرگە ئەگىشىپ ماڭدۇق...» دېسە، نېمە دېگىلى بولاتتى؟

سېيىت قارى ئۆزىگە قىياسەن، مال-دۇنيانىڭ ئادەمنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاللاھ قۇرئاندا ئىنسانلارنىڭ مال-دۇنياغا ئاجايىپ ھېرىسمەنلىكىنى ئېيتقاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ دۇنيانىڭ شېرىن ۋە گۈزەللىكىنى ئېيتقاندى. دېمەك، دۇنياغا ھېرىسمەنلىك ئىنساننىڭ تەبىئىتى، لېكىن بۇ دۇنيا چوڭ سىناق مەيدانى ئىدى. سېيىت قارىم بۇنى ياخشى بىلەتتى، زۆھرەگە يازغان خېتىدىمۇ بۇ سىناق مەيداندىن ئۆتۈشنىڭ مۇشەققەتلىك بولىدىغانلىقىنى، پەقەت ئىماندا مۇستەھكەم تۇرالايدىغان بەندىنىڭلار بۇ سىناقتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندى؛ ئادىلە بىلەن زۆھرەنىڭ ياتىقىدا بولغان ئىش ھازىر سېيىت قارىغا باشقىچە تۇيۇلىدۇ، ھازىرقى ۋاقىت بولغان بولسا بەلكىم ئۇ ئىككى قىزنى ئۇنچىلىك ئەيىبلەپ كەتمىگەن بولار ئىدى، چۈنكى ئۇ ھازىر مۇھتاجلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، پۇلنىڭ قانداق سېھرى كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلنى دەپ ئىپپەت-نومۇسىنى قايرىپ قويغانلىقىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ كەچۈرەلمەيتتى. ئادىلەمۇ، زۆھرەمۇ يۇرتىغا قايتىپ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇ يەردە خارلىنىپ يۈرمەيتتى. سېيىت قارىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى، ئۆزى خالاپ خارلانغۇچى،

يەنى خارلىنىش ساراڭلىرى ئىدى، خارلانغىنىنى بىلمەيتتى، بەلكى ئەركىن ياشاۋاتىمىز، بىر ئەرنىڭ قولىدا خارلانماي ئۆتۈۋاتىمىز... دەپ ئويلايتتى. ئاللاھتىن ھىدايەت كەلمىسە، شەيتانغا ئەگەشكەنچە ئەگىشىپ، قىننىغا پاتماي قالغان بۇنداق قىزلارنى كىم توغرا يولغا قايتۇرالايدۇ؟ ئاپەت ۋە ئازاب... پاكلىقنى يوقاتقىنى يوقىتىپ بولدى، سىيىت قارى ئۇچۇن بەربىر ئەھمىيىتى يوق... شۇڭا ئويلىمايتتى؛ لېكىن زۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسىنى كۆرگەندە زۆھرەنىڭ خالىتىسىنى، ئۇنى مەكتىپىدە تۇنجى كۆرگەن ۋاقىتلىرىنى، كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان شۇ گۈزەل چىراي ۋە بەدەننى ئەسلەيتتى. ئەمدى ئۇ قايسى بەدبەشىرە مەخلۇقنىڭ ئىشتىھاسىغا توغرىلىنىپ ياتىدىغاندۇ؟... سىيىت قارى بۇنى ئويلىسىلا يۈرىكىگە بىر ئاغرىق كىرىپ چىقاتتى، ئەمما بىر ئامال قىلىپ بۇنىڭدىن قۇتۇلاتتى؛ بولغۇلۇق بولدى، ھاڭدىن سەكرەيمەن دېگەن دۆت قوينى تەييارلىقسىز تۇرغان پادىچى قانداق توسۇۋالالايتتى؟! ئادىلە بىر ساراڭ سەركە، زۆھرەمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن دۆت پاقلان... خوتۇن خەق بىر-بىرىگە شۇنچىلىك دوست ۋە شۇنچىلىك دۈشمەن ئىكەنكى، بىرلا ۋاقىتتا دوستلۇق ھەم دۈشمەنلىك قىلىشالايدۇ، تەڭ يىغلاپ تەڭ كۈلۈشەلەيدۇ... ساراڭ، ھەممىسى ساراڭ. سىيىت قارىنىڭ ئايال كىشىگە بولغان ئېتىبارسىزلىقى ۋە پەس كۆرۈشلىرى ئەمەلىيەتتە ئادىلە بىلەن زۆھرەگە بولغان ئاچچىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى، بۇ ئاچچىق ۋە پەس كۆرۈش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى زۆھرەگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ نادامەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ راھەتكە ئېرىشتۈرەتتى...

## 18

سىيىت قارى بولغۇسى خوتۇنىنى ۋە توي كېچىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا ھەمىشە زۆھرە ۋە زۆھرەگە ئوخشايدىغان قىزلارنىڭ سىماسى كاللىسىغا كېلىۋالاتتى، بۇرۇندىنلا قەلبىگە ئۆرنەك سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان بۇ ئوبرازدىن ھەر قانچە قىلسىمۇ قۇتۇلالماي يۈرەتتى. يولدا ماڭسا ياكى بىرەر ئۆيگە كىرسە ئۇچراتقان رەستىدە قىزلارنىڭ رۇخسارىدىن زۆھرەگە يېقىنلىشىدىغان ئالامەتلەرنى ئىزدەيتتى، تاپالمايتتى. نەچچىسى لايىق تونۇشتۇرۇپ بولدى، كۆرۈپ ياقتۇرالمىدى؛ توي چىقىملىرى چوڭ مەسىلە ئەمەس، خوتۇنىنىڭ چىرايلىق بولۇشى، ئېرىگە ئاش بولۇشى مۇھىم ئىدى. ئىستېمال

دەۋرىدە چوقۇم ئەرگە ۋە ئۆيگە يارىشىدىغان خوتۇن ئېلىش، ئالغاندىمۇ تاللاپ ئېلىش لازىم ئىدى. سىيىت قارىنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى، لېكىن يوقمۇ ئەمەس ئىدى. ئىمكانىيەت تاپقاندا كۆرۈپ باھالاپ قوياتتى، ياقمىسا چىرايلىق ئۆزۈر ئېيتاتتى، كۆزى چۈشكەنلىرى بولسا ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ قىزى ياكى ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كەلگەن چىرايلىق قىزلار بولاتتى. بۇنداق قىزلار ئەلۋەتتە كونىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئىمامغا قىزىقمايتتى، بېيجىڭدا ئوقۇغان دېسىمۇ ئاقمايتتى، چۈنكى ھەممىسى ئۆتكەن تارىخ ئىدى، قىزلار كەلگۈسىنى بەكرەك ئويلايتتى. سىيىت قارى ھۆسن جامالغا، زۆھرەسىمان قىزلار خىيالغا جاھىللارچە يېپىشىۋېلىپ، ئائىلە-نەسەپ، دىيانەت، پاكلىق مەسىلىلىرىنى دېگەندەك ئويلاشماپ كېتەلمىدى؛ خوتۇن تاللاش ئىشلىرى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋەردى، ئاتا-ئانىسى بېشىنى ئاغرىتمۇۋەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سىڭلىسىمۇ بويىغا يېتىپ قالغانىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسچىتنىڭ دائىملىق جامەئەتلىرىدىن بىرى بولغان غۇلام قارى ئۇنىڭغا كەسكىنلىك، ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن سىڭلىسىنى تونۇشتۇردى.

— ياخشى كىشىلەر ياخشى ئىشتا بىر-بىرىگە ھەمكارلىششى كېرەك،- دېدى غۇلام قارى،- ئۆزلىرى جامائەتنىڭ بېشى، سىلىنىڭ ئىشلىرىغا كۆيۈنمىسەك بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق بويتاق ئۆتمۈۋېرىشمۇ شەرئىتىمىزدە دۇرۇس ئەمەس، بۇنى ئۆزلىرى بىلىلا.. شۇڭا يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ مۇشۇ گەپنى دەۋاتىمەن، ئويلىشىپ كۆرسىلە...

سىيىت قارى غۇلام قارىنىڭ سىڭلىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، شۇنچە قىزلارنى، شۇنچە لايىقلارنى كۆردى، لېكىن ھەر بىر ئۆيدىكى رەسىمدە قىزلارنى كۆرۈپ ئۈلگۈرۈپ بولالامتى؟ قىزلار ئائىلىلەردە تەشتەكتىكى گۈلدەك يوشۇرۇن جۇلالىنىپ تۇراتتى، تالاغا چىقاندىمۇ كىمنىڭ كىملىكىنى ئۇقۇپ بولغىلى بولمايتتى، مەۋھۇم گۈزەللىك بەكمۇ جەزبىلىك ئىدى، توي تەخىرسىز، شېرىن ھەم ئويلىمىغان ئىشلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. سىيىت قارى تولا تاللاپ، تولا ئويلاپ ھېرىپ قالغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ لايىق تاللىشى پادىشاھ ياكى شاھزادىنىڭ لايىق تاللىشىغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى، بەلكى چەكلىك دائىرىدىكى چەكلىك قىزلارنىلا تاللىيالايتتى، كۆرگەنلىرى ئۆزىنىڭ

تەلـپـگە يەتمەيتتـى، تەلـپـگە يەتكەنلـرى ئـۇنى ياراتمـايتتى. بـۇ جاهـان مۇشـۇنداق ئۇسـتۇنلۇك، ئەزىزلىك تالىشىدىغان، ئىگىز-پەسلىك پەرقى جىمى ئىشلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان جاهان ئىدى، نەسەب، بايلىق، يۈز-ئابرۇي، كەسىپ، چىراي-قامەت... ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسى ۋاقتى كەلگەندە چوڭ توسالغۇ بولاتتى.

ـ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرىگە رەھمەت، ئۆزلىرىگە ئاللاھ رەھمەت قىلغاي، بۇنداق كۆڭۈللىرى بولسا مەن ئەلۋەتتە ئويلىشىمەن... ـدېدى سىيىت قارى خۇش پېئىللىق بىلەن.

ـ ئانداق بولسا بىزنىڭ ئۆيگە بىر پەتىلەپ...

ـ بولىدۇ، چوڭلار ئۆيدە باردۇ؟

ـ بار، ھەممىسى بار.

سىيىت قارى غۇلام قارىنىڭ ئۆيىگە باردى، چوڭلار بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار خۇددى بولغۇسى كۈيئوغلىنى كۈتۈۋالغاندەك ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنى تۆرگە باشلىدى.

ـ قىزىم، گۈلنىسا، مېھمانغا چاي ئەكىرىڭ!ـدېدى ئانىسى.

ئۆيگە قارىماققا زۆھرەگە ئوخشاپ كېتىدىغان، بۇغداي ئۆڭ، زىلۋا بىر قىز كىرىپ كەلدى. سىيىت قارى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، قىزمۇ ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، بىر بولسا سىيىت قارىنى ئانچە ياراتمىدى، بىر بولسا چوڭلارنىڭ مەسلىھەتىدىن خەۋىرى يوقلا كىردى... ئەمما سىيىت قارى بىر قاراشتىلا خۇرسەن بولدى، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمىدى، ھازىرغىچە ئۇچراتقان قىزلار ئىچىدە زۆھرەگە ئەڭ يېقىنلىشىدىغان قىزكەن، بولىدىكەن دەپ ئويلىدى. قىز شۇ كىرگەنچە ئىككىنچى كىرمىدى. سىيىت قارىنىڭ ئۇنى يەنە بىر كۆرگۈسى كەلدى، ئۇزاپ چىقىۋاتقاندا يەنە بىر قارىدى، قىز بىلەن كۆزلىرى ئۇچراشتى، قىزنىڭ خۇمارلىق بىر جۈپ كۆزى بار ئىدى، بىر قاراشتا مۇلايىم ياكى مەغرۇرلۇقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لېكىن قىز بالا ھەر قانچە مەغرۇر بولسىمۇ ئەرگە تەگكەندىن كېيىن يۇمشايتتى. غۇلام قارىنىڭ دېيىشىچە، سىڭلىسى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان بىلەن باشقا قىزلارغا قەتئىي ئوخشىمايتتى، ھەر قانداق ۋاقىتتا چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇلاتتى، يېقىندا

ئۆزى ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىۋاتاتتى، ئەگەر سىيىت قارىنىڭ ئەمرىگە ئۆتسە قارىم ئۇنى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىۋالسا تامامەن بولاتتى. قىزنىڭ چۈشىنىشى ياخشى ئىدى، ئىسلام دىسە بېشى ئاغرىيدىغان تەكەببۇر قىزلارغا ئوخشىمايتتى. چوڭلارمۇ مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، سىيىت قارىنى مۇناسىپ كۆرۈشكەن ۋە قىزنى ئۇنىڭ دىيانەتلىك قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكەنىدى.

ــ ھىدايەت ئاللاھتىن كېلىدۇــ دېدى سىيىت قارىــ ئەگەر دىلى ئىمان-ئىسلامغا مايىل بولسا كۈتكىنىمىزدەك بولىدۇ، بولمىسا ئامال يوق.

ــ سىڭلىمنىڭ كاللىسى ئوچۇق، ئۇنداق جاھىل ئەمەس،-دېدى غۇلام قارى.

ــ شۇنداقتەك قىلىدۇ، قالغىنىنى ئاللاھ ئىگەم ئۆزى ئاسان قىلار.

سىيىت قارى ئۆيىگە قايتىپ كۆپ ئويلاندى، تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئويلاندى، ناماز ئوقۇۋېتىپمۇ ئويلاندى، نەچچە قېتىم ئېزىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلدى. جامائەتكە ئىمام بولغاندا چوقۇم دىققىتىنى يىغىپ ئوقۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنداق بولماي قالدى؛ غولام قارىلا بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى، سىيىت قارىدىن جاۋاب كۈتەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سىيىت قارى ماقۇللۇق جاۋابىنى بەردى، نېمىلا بولسۇن، پەرزنى ئادا قىلماي بولمايتتى، 30 غا يېقىنلاپ قالغاندا تۇرمۇش لەززىتىنى تېتىماي بولمايتتى، ئاتا-ئانا، ئەل-جامائەتنى رازى قىلماي بولمايتتى، شۇنداقلا ئىماملىقتا لايىق نورمال تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى جاكارلىماي بولمايتتى. قىز تەرەپ ئاكتىپراق بولغاچقا تويلۇقمۇ ئۇنچە ئېغىر چۈشمىدى، نېرى-بېرى بولۇپ10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق مېھرى ۋە باشقا چىقىم بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ كەلدى. قىز كۆچۈرۈۋاتقاندا ئۇ قىز شۇنچىلىك قاتتىق يىغلاپ كەتتىكى، بارسا كەلمەس ئازاب يولىغا كېتىۋاتقاندەك نالە-زار قىلدى، غولام قارى ۋە ئاتا-ئانىسىمۇ سەل خىجىل بولۇپ قالدى. سىيىت قارىنىڭ كەيپى ئۇچتى، ئازغۇنلۇق مەنزىلىدە قالغان زۆھرە ئويناپ-كۈلۈپ يۈرسۇنۇ، پاك يىگىتكە، ئابرۇيلۇق ئىمامغا تېگىشكە نېسىپ بولغان ھەمدە ھالال، بەختلىك تۇرمۇش مەنزىلىگە كېتىۋاتقان بۇ قىز نېمىشقا ئۆلگۈدەك يىغلايدۇ؟! خوتۇن خەق زادى ساراڭ، يىغلايدىغان يەردە كۈلىدۇ، كۈلىدىغان يەردە يىغلايدۇ؛ نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ، كۆڭلىگە كىچىككىنە ئازار بېرىپ قويسا ياخشىلىقنىڭ

ھەممىسىنى ئۇنتۇيدۇ. چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ئەرنىڭ قەلبىگە قارىماي، ياغلىما گېپىنى بەك تىڭشايدۇ. يىراقتىكى ئىشلانى ئويلىماي، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى ئىشلارغا، ساختىلىقلارغا مەپتۇن بولىدۇ، كۆڭلىنى ئالالمىغان ئاق كۆڭۈل يىگىتلەرنى يارىماسقا چىقىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا زۆھرە ئۇنىڭغا شۇنداق قىلمىغانمىدى، سىيىت قارىنىڭ چىن كۆڭلىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنى ئىپادىلىيەلمەي قالغىنى ئۈچۈنلا ئۇنى يوققا چىقىرىۋەتتى. مۇشۇ قىزنىڭ ئورنىدا زۆھرە بولغان بولسا قانداق قىلار ئىدى، تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، گويا مۇمكىن ئەمەستەك ئىشلارنى شۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىكەن، مانا زۆھرەسىمان بىر قىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا، ئۇنىڭ قوينىغا كېتىۋاتىدۇ. بۇ قىزنى شۇ بىر كۆرگەندىن باشلاپ كۆرۈپ باقمىدى، پاراڭلاشمىدى، چۈشەنمەيلا توي قىلدى. بۇنىڭمۇ يامىنى يوقكەن، ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ھاراق-شارابسىز ئۆتكۈزۈلگەن توي تاماشىسىغا قىزنىڭ يوشۇرۇن سېھرى كۈچى سىرلىق ۋە جەزىبىلىك تۈس بەخش ئەتتى، ئەمما قىز بۇنىڭدىن ئانچە رازى ئەمەستەك، باشتىن ئاخىر قايغۇلۇق كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ئولتۇردى، قولداشلىرىغا، دوستلىرىغا تۈزۈك گەپ قىلمىدى، قارىماققا بەكمۇ بىچارە، ئاكىسىمۇ، ئاتا-ئانىسىمۇ بىچارە كۆرۈنەتتى!!! ھەي، قىز بالا... قىز چوڭ قىلماق، ئەرگە بەرمەك شۇنچىلىك مۇشكۈل ئىش ئىدى. قىزلارنىڭ بەختى تويدىن باشلىناتتى، قىزلارنىڭ بەختى توي بىلەن ئاخىرلىشاتتى. قىز-ئوغۇل، ئەر-ئايال مۇناسىۋىتى گويا ھەقىقىي رىشتە بىلەن باغلانمايتتى، بەلكى مەجبۇرىيەت ئارغامچىسى ئارقىلىق چۈشەپ قويۇلاتتى. قىز بوينى باغلاقلىق قويدەك «قاسساپ»نىڭ ئۆيىگە ھەيدەپ مېڭىلاتتى، قىز يىغلايتتى، تىرەجەيتتى... بۇ يىغلاش، تىرەجەشلىرىدە ئاللىقانداق ئازاب تەشۋىشى، جاراھەت ئاغرىقى تەڭ كۈچىيەتتى...

مۇھەببەت باشقا، توي باشقا ئىش ئىدى، مۇھەببەت غايىۋى بولسا، توي ناھايىتى رېئال، رەھىمسىز بولاتتى، بۇ رەھىمسىزلىكنى مۇھەببەتكە باغرى قانماي تۇرۇپ ئەرگە تەگكەن قىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قىز يىغلاپ ئېقىپ كەتتى، سىيىت قارى بىر دەمدىلا كەيپىياتىنى ئوڭشاپ، زۆھرە سەۋداسىدا مۇھەببەتكە يېقىن شېرىن تۇرمۇشنى خىيال قىلدى، كېچىدە چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەندە گۈلنىسانى زۆھرە دەپ ئويلاۋەرسە بولاتتى. ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىدى، كۆپ خوتۇنلۇقلار ۋە

كۆپ خوتۇن يەڭگۈشلىگەنلەر پەقەت ئالا-يېشىل تۇخۇملارنى يەيتتى، لېكىن ھەممىسى ئوخشاشلا تۇخۇم ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەرلەريەنىلا خوتۇنلارغا تويمايدۇ، خۇددى ئاياللار مۇھەببەتكە تويمىغاندەك... سىيىت قارى باي ھاجىملارنىڭ ئىككى-ئۈچ خوتۇنى بارلىقىنى ئاڭلىغاندىمۇ ئانچە ھەۋەسلىنىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭچە بولغاندا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرلا خوتۇنى بولسا كۇپايە ئىدى، بىر خوتۇنىنىڭمۇ باش ئاغرىقى يەتكۈچە تۇرغان يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولسا ئېلىشىپ قالامدۇ؟... دەپ ئويلايتتى. بىر خوتۇن ئالغاندىن كېيىن ئىشلار كۆپىيىدۇ، قۇدا-باجا، كېلىن قېينانا مۇناسىۋەتلىرى مۇرەككەپلىشىشكە باشلايدۇ. خوتۇن ئالمىسا تېخى باش ئاغرىقى، ئالسا تېخى باش ئاغرىقى... ھېلىتىن كېلىنچەك نالە-پەرياد قىلىپ قۇلاقنى ئاغرىتقىلى تۇردى، بەلكىم ئۆمرىدە بۇنچىلىك قاتتىق يىغلاپ باقمىغان بولغىيدى. توي-دېگەن شاد-خوراملىق ئىچىدە ئۆتمەمدۇ؟ بۇنچىلىك ئېسىل يىگىتكە تېگىۋالغان قىز ئېچىلىپ كۈلمەمدۇ؟ يىغلىسىمۇ شەكىلگە يىغلاپ قويۇپ، ماشىنا ماڭغاندىن كېيىن يېشىنى سۈرتۈپ قولداشلىرى بىلەن بېقىندىشىپ، پىچىرلىشىپ كۈلۈمسىرەپ ماڭمامدۇ؟ ئەمما سىيىت قارىنىڭ ئىچىدە باشقا بىر خىيال، غەلىتە بىر خۇرسەنلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى: قىز ئەسلىدە بۇنداق توي قىلىشنى ئويلىمىغانىدى، ئۆزىنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك، چىرايلىق قىز ھېسابلاپ سىيىت قارىنى ياراتمىغانىدى؛ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئاندىن تويغا قوشۇلۇپ، يىغا-زارە بىلەن بۇ ماشىنىغا چىققانىدى. دېمەك، بۇ قىزنى باش ئەگدۈرگەن نەرسە يەنىلا سىيىت قارىنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى ئابرۇيى، بېيجىڭدا ئوقۇپ كەلگەنلىكى، پاكىزلىقى، ئېسىل مىجەزلىكى، قورساقتىكى ئىلمى... ئىدى. قىز قانچە قاتتىق يىغلىسا ئۇنىڭ ئېسىللىكى، قىممىتى گويا شۇنچە نامايان بولاتتى، ئۇنى ئېلىشقا شەرتى توشمايدىغان سىيىت قارى ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى، ھۇزۇرلىناتتى، قىزنىڭ نالىسى خۇددى نەغمىدەك ئاڭلىناتتى. قىز ئەسلىدە مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن يىغلىغانمىكىن؟! شۇنىڭدەك، بارلىق تويى بولغان قىزلار «ئەرزان كېتىپ قالمايلى، قەدرىمىزنى كۆرسىتەيلى، خەق ئاران تۇرۇپتىكەن دېمىسۇن، يىغلايلى، يالغاندىن بولسىمۇ يىغلايلى، قانچە يىغلىساق شۇنچە گۈزەل كۆرۈنىمىز، دېمىسىمۇ گۈزەللىكتىن خوشلىشىۋاتىمىز، مۇھەببەتتىن

ئايرىلىۋاتىمىز، بەختسىزلىككە، قېرىلىققا، قەبرىستانلىققا كېتىۋاتىمىز...» دەپ يىغلامدىكىن؟

قىز يىغلاپ-يىغلاپ توختىدى، بولغۇلۇق بولدى، ئالە شەرىڭنى، نېمە قىلساڭ قىل دەپ لاتا قورچاقتەك ئولتۇردى. چۈمپەردە ئىچىدىكى قىزنى سىيىت قارى يەنە خىيالىدىكى زۆھرەگە ئوخشاتتى. زۆھرە ئەرگە تەگمەي تۇرۇپلا قىزلىقىدىن خوشلاشقانمىدۇ؟ نومۇسىدىن ئايرىلغاندا بۇگۈن تويى بولغان قىزدەك بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىغانمىدۇ؟ چاچلىرىنى يۇلۇپ، چىرايلىق يۈزىنى تىرمىلاپ قاناتقانمىدۇ؟ ئەسلىدە پاكلىق جەزبىسىنى ساقلاپ كەلگەن، ئەمدى بولسا ساختا نىقاپتەك كۆرۈنگەن لىپتىكى ۋە ئىچ كىيىملىرىنى ئۆچمەنلىك بىلەن يىرتىپ تاشلىغانمىدۇ؟ ئەينەككە سارائىدەك تىكىلىپ، كوچىغا يالىڭاچ يۈگۈرۈپ چىققانمىدۇ؟...  سىيىت قارى بۇ تەسەۋۋۇرىدىن چۆچۈپ كەتتى، بولغۇسى خوتۇنىغا قاراپ كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدىدى.  چۈمپەردە ئېچىپەت، هايانىڭ سىمۋولى ئىدى، ئاتا-بوۋىلار ئەلمىساقتىن بېرى ئېچىپەت-نومۇسنى ئىسسىق جاندەك  قەدىرلەپ، ئار-نومۇس تۇيغۇسى بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى؛ بۈگۈنكىدەك هاياسىزلىقلار ئەدەپ كەتكەن دەۋردىمۇ ھەممە ئادەم پاسىقلىققا چۆكۈپ كەتمىدى، چۈنكى ئىمان، ئەخلاق نۇرى يوقالمىدى. يېزا بازىرىدا پەيدا بولغان ساتىراشخانىلاردىكى مەينەتلەرگە بۇلغىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان «ئېشەكلەر»نى هېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئېغىلدىكى ئېشەك بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىۋاتىدۇ، «بىزنىڭ ئېشەكتىن پەرقلىنىدىغان يېرىمىز پەقەت ئەقىل ۋە ئىمان» دەپ ياشاۋاتىدۇ، سەۋر-تاقەت بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ئەگەر تەشكىل سىيىت قارىغا ئەركىن ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش ئىمكانىيىتى بەرگەن بولسا جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان، باكتېرىيىدەك كۆپىيىۋاتقان ناچار ئىللەت ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى سۆككەن، دىنىي كىتابلاردىن دەلىل كەلتۈرۈپ جامائەتنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان بولاتتى... يەنىلا زۆھرەنىڭ دەردى، بىر قىزنىڭ دەردى مىڭ دەرد پەيدا قىلىشقا قادىر ئىدى.

سىيىت قارىنى ئەمەلىيەتتە رەسمىي ئازابلايدىغان، ئازابلىغاندىمۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان پۇشايمان ۋە غەزەپ-نەپرەت بىلەن ئازابلايدىغان ئىش توي كېچىسى يۈز بەردى، سىيىت قارىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى، يوشۇرۇن گۇمانى تاڭ ئاتقاندا راستقا ئايلاندى، قىز ئىسمى جىسمىغا لايىق قىز ئەمەس

ئىدى؛ تويدىكى قاتتىق يىغلاشلىرى ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن ئايرىلغان قىزلىقىغا ئېچىنىپ ھەم بۇ قاباھەتلىك كېچىدىن قورقۇپ يىغلىغان يىغلىرى ئىكەن، نالەزارى بولسا ئىلگىرى قىلغان نادانلىقى ۋە ئاللىقانداق كېلىشمەسلىكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قىلغان پۇشايمان، نالە-پەريادىنىڭ داۋامى ئىكەن... سىيىت قارى مۇشۇ ۋاققىچە يىگىتلىك پاكلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەرلەرنىڭ بىرى ئىدى، گەرچە قارىم بولسىمۇ، جىنسىيەت ھەققىدىكى ساۋاتى ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، بەلكى ئارتۇقراق ئىدى. بۈزۈق ئەرلەر پاك خوتۇنلارنى ئالسا بەكمۇ نورمال ئىش ھېسابلىنىدىغان بۇ جەمئىيەتتە، سىيىت قارىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىش ئاجايىپ تەتۈر، ئاجايىپ مەسخىرىلىك ۋە ئازابلىق ئىدى... ئىنسان ئۆمرىدە بىر-ئىككى قېتىم نېسىپ بولىدىغان بۇنداق شېرىن كېچىدىكى گۈزەل بىرلىشىشنىڭ ھاياجانلىق ئەسلىمىسىنى قارىغا بوياپ يوق قىلىۋېتىدىغان بۇنداق قاباھەتلىك كەچمىش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد-ئەلەم، ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلاتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ سىيىت قارى ئوڭ-سولىنى بىلمەيدىغان، قويغان-تۇتقىنىنى ئۇقمايدىغان بولۇپ قالدى. «رەببىم، نېمە گۇناھ قىلغاندىمەن!...» دەيتتى، تۆۋە قىلاتتى، مەسچىتكە تەستە چىقاتتى، نامازنى چىداپ ئوقۇيتتى، دىلى ئېزىلگەچ دۇئا قىلاتتى، قارا ئوتتەك تۇتاشقان ئاچچىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ تىنالماي قالاتتى، ئىچ-ئىچىدىن يەنە تۆۋە قىلاتتى، سەۋر قىلاتتى، ئەمما بۇ سەۋر-تاقەتنىڭ قاچانغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

توي ئەتىسى يەڭگىلەر يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ گەپ-سۆزسىز تىكىۋەتتى. قىزلىق كۆرسىدىن شەرمەندىلەرچە قوغلانغان قىز تاشلىۋېتىلگەن بىر تال گۈلدەك سولىشىپ، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇردى، پاكلىقنى دەۋا قىلىپ كېلىۋاتقان روھى گويا ناپاك تېنىدىن قاچقانىدى، قولى ئىشقا بارمايتتى، ھەم ھېچكىممۇ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇمايتتى. ئۇ سۈپۈرگىنى قولىغا ئالسا ھويلا تېخىمۇ مەينەت بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئۇ قاچا يۇيسا ئۇ قاچىدىن بەرىكەت قاچىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كېلىن بىلەن قېيناپا يۈزتۇرانە پاراڭلاشماي تۇرۇپلا مەڭگۈلۈك دۈشمەنگە ئايلاندى. قىز ئۈچ كۈن ئاشۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، بىر قارىسا قانداقتۇر بىر ئىشنى چالا قىلغاندەك، ئۆزىنى ئەيىبلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛

لېكىن ئىلىشىپ قالغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، خاتىرجەملىك بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، ئادەتتىكىدەك ئويغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى: بەلكىم جەمئىيەت كۆرگەن، ئىش كۆرگەن، ھەممە ئىشنى توغرا چۈشىنىدىغان كەڭ قورساق ئەرگە تەگمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ، بەلكىم باشقا بەزى قىزلاردەك يالغاندىن قىزلىق پەردىسى سالدۇرۇپ ياكى قولىنى چىشلەپ قانىتىپ كۆز بوياماچىلىق قىلمىغان دۆتلۈكىگە ئىچى پۇشۇۋاتقاندۇ؛ بەلكىم قىلدۇرغان ئوپېراتسىيىسى ئوڭۇشلۇق بولماي قويمىچى دوختۇرنى تىللاپ ئولتۇرغاندۇ؛ بەلكىم ئالدامچى مۇھەببىتىنى سىغىنىش ئىلكىدە ئەسلەپ، « قارا، جېنىم... مەن سەن ئۈچۈن ھەر قانداق مۈشكۈلات ۋە خورلۇقلارغا چىداۋاتىمەن، كۆڭلۈمنى قاچانمۇ چۈشىنەرسەن..» دەۋاتقاندۇ... بەلكىم سىيىت قارىغا نەپرەتلىنىپ « بېيجىڭدا ئوقۇغان بۇ قارىمۇ قىلىدىغان بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ تېخى مېنى ئەيىبلەۋاتىدۇ... بېيجىڭدا ئوقۇپ تۇرۇپ جاھاننىڭ كەينىدە قالغان بۇنداق قالاق موللامنىڭ قولىغا چۈشكىچە بىرەر لۈكچەكنىڭ قولىغا چۈشسەمچۇ... »دەپ ئويلاۋاتقاندۇ، بەلكىم سىيىت قارى بىلەن تازا دېيىشىپ، ئاجرىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى پىلانلاۋاتقاندۇ... بەلكىم ئاتا-ئانىسى ۋە ئاكىسىدىن قاتتىق ئاغرىنىۋاتقاندۇ، ئۇلاردىن تىل-ئاھانەت ئاڭلىسا ئۆزىنىڭمۇ دەيدىغان گەپلىرىنى ئىچىدە تەكرارلاۋاتقاندۇ...

مەيلى قانداقلا بولسۇن، قىز ئۇرۇمچىدە ئەركىن مۇھىتنىڭ تەمىنى تېتىغان، بۇرۇقتۇرمىلىقتا كۆنەلمەيدىغان قىز ئىدى. سىيىت قارى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا قىز ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— بىز ئاجرىشىپ كەتسەك...

سىيىت قارى ئەجەبلەندى، ھەر قانچە بولسىمۇ بۇ گەپ بۇنچىلىك تېز ئوتتۇرىغا چىقار دەپ ئويلىمىغانىدى. بۇنداق خوتۇننى ئەسلىدە ئۆزى تۇنجى كۈنلا ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇۋەتسە بولاتتى، نېمىگە تارتىشىپ تۇرۇپ قالدىكىنە؟! تۇيۇقسىز دەرد-ئەلەمدىن كاللىمۇ ئىشلىمەي قالغان گەپ، ئەركەكلىك جەسۇرلۇق تۈگەپ، مەزلۇملارچە مەھكۇملۇق ھۆكۈم سۈرگەن گەپ. ئەمدى بۇ گەپنى 10 مىڭ يوەنگە بىر كىچىلىك خوتۇن بولغان خېنىم ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقاردى. سىيىت قارى نېمە دەيتتى؟ ئەمدى

ئۈچ تالاق قىلمىسا ئەركەكلىكى نەدە قالاتتى؟ كەتكەن چىقمىغا قارنى ئېچىشىۋاتامدۇ؟ زۆھرە تەسەۋۋۇرغا ئاجرىيالماس دەرىجىدە باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى قايتا ھېس قىلىۋاتامدۇ؟! قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق قارغىشتەككۇر خىيال...

– بۇ گەپنى مەنمۇ دەي دەپ تۇراتتىم...-دېدى ئۇ سەل دۇدۇقلاپ، لېكىن بۇ ھالىتىگە ئۆزىنىڭمۇ غەزىپى كەلدى.

– مېنىڭ ئەسلى لايىقىم بار ئىدى، ئۆيدىكىلەر زورلاپ...

– ئۇقتۇم، نېمىشقا شۇنىڭغا خوتۇن بولمىدىڭىز؟

– ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى...

–تويدىن بۇرۇن يۈرسەڭلارمۇ ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالساڭلار بولماتتى؟...- سىيىت قارى كۆڭۈپ قالغان ئىماملىق تەرزىدە گەپ قىلىۋاتاتتى.

– نېمە چاتىقىڭىز؟!-دېدى قىز تۈيۈقسىز قورقۇنچلۇق ئالىيىپ.

سىيىت قارى گۈلنىڭ ئارقىسىدىن يىلان چىققاندەك چۆچۈپ كەتتى، مانا قىز بالا دېگەن... مانا خوتۇن كىشى دېگەن... مانا زۆھرە دېگەن... سىيىت قارىنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم قارتتىدە قىلدى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي داڭقېتىپ قالدى.

– ئۆزىڭىزنى ئىمام دەپ ئۇنچىلىك پاك، ئېسىل چاغلاپ كەتمەڭ، سىزدەك ساختا ئالىيجانابلارنى تولا كۆرگەن بىز ئۇرۇمچىدە... نېمە گەپ قىلمىسا...

بۇ قىزنىڭ نەرى ئىسلام تەربىيىسى ئالغان قىزغا ئوخشايدۇ؟! سىيىت قارى غۇلام قارىنىڭ يالغانچىلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. نامازغا چىڭ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلاردىمۇ ئىشەنچ قالمىسا، بۇ دۇنيا نېمە بولۇپ كەتتى-ھە!

– نەرىڭىز بىر بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان بالىغا ئوخشايدۇ سىزنىڭ... چوڭ شەھەردە ئوقۇغان بالا دېگەن ئىلمىي بولمامدۇ؟ قارىغاندا دىننى بەك ئوقۇپ كېتىپ، زاماندىن كېيىن قاپسىز. «جىنسىيەت ۋە سالامەتلىك» دېگەندەك كىتابلارنى ۋاراقلاپمۇ باقمىغاندىكىن، بىز توغرۇلۇق نېمىنى بىلەتتىڭىز؟

قىزلىق پەردە دېگەن ئىنتايىن نېپىز نەرسە، كىچىككىمىزدە ئاتلاڭگۇچ ئويناپمۇ، ئېرىقتىن ئاتلاپمۇ يىرتىلىپ كېتىدۇ، ۋەلسىپىتنى جىق مىنسىمۇ يىرتىلىدۇ. ئۇ چاغدا قىزلىق پەردە دېگەننى نېمە بىلىمىز، كېيىن ئۇقتۇق. ئەرلەر ئۈچۈن بۇ جاندەك ئەتىۋار بىر نەرسە ئىكەن، بۇنىڭغا كۆلۈشنى يا يىغلاشنى بىلمىدۇق... ئۈرۈمچىدە قىزلار ئوينىسا بىز ئوينىمىدۇق، ئويناپلى دېسەك ئويناۋېرىتتۇق، ئەر خەق دېگەننى ئىتتەك يۇگۈرتەتتۇق. ئۇنداق قىلمىدۇق، مۇھەببەت تاپتۇق، مۇھەببىتىمىزگە بارلىقىمىزنى بېغىشلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بەختلىك بولىمىز دەپ ئويلىدۇق. لېكىن، كىم بىلسۇن، ئۇ مازمۇ ئاخىر سىزدەك مۇتئەسسىپ چىقتى... بېرىپ باشلىقنىڭ قىزىنى ئالدى... مەن مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ قالغان قىز، ئەسلىدە بۇ چىرايىم بىلەن سىزدەك موللىغا تەگمەيتتىم، ئۆيدىكىلەر قويمىدى، بېيجىڭدا ئوقۇغان.. ئانداق ياخشى، مانداق بەلەن دەپ ھالىمنى قويمىدى. مەنمۇ ئويلاپتىمەن، بېيجىڭدا ئوقۇغاندىكىن ئۇنچىلىك ئەمەستۇ دەپ... خەنزۇلارمۇ ئېغىر ئالمايدىكەنغۇ؟! لېكىن سىزگە بېيجىڭنىڭ ھېچنېمىسى يۇقماپتۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپتىكەن، سىزنى تۇنجى كۆرگەندە يېزىدىن چىققاندەكلا كۆرۈنگەنتىڭىز... كۆرۈپلا رايىم يانغان، لېكىن ئۆيدىكىلەر زورلاپ تۇرۇۋالدى... ئامالسىز قالدىم. نى نى بۇزۇقلارمۇ كۆز بوياپلا ئەرگە تېگىۋاتىدۇ، مەن ئۇنداق بۇزۇق بولمىغاندىكىن مەيلى دېدىم. تەگسەم تېگىپ باقاي، ئىلگىرى مۇھەببىتىمگە سادىق بوپتىمەن، ئەمدى مۇشۇ ئەرگە سادىق بولاي دەپ ئويلىدىم، مەن ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدىغان قىز، بولسا بولدى دەيمەن، بولمىسا ئۆزۈمنى زورلىمايمەن... مېنىڭ غۇرۇرۇم ئاشۇ بىر نەچچە تامچە قانغا تەڭ بولسا، بولدى مەن بۇنداق سىقىلىپ ياشىغاندىن، خېتىمنىلا ئېلىپ ئۆيدە ئولتۇرىمەن..

قىز ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي بىر مۇنچە سۆزلەپ كېتىۋىدى، سېيىت قارى تېخىمۇ ھەيران قېلىپ قېتىپ قالدى.

– كاللىڭىز بەك ئاستا ئىشلەمدۇ نېمە، نېمانداق چەكچىيىپ تۇرىسىز، چاققان بىر نەرسە دەڭ، مېنى خوتۇن قىلىشقا ئىشەنچىڭىز بولمىسا قويۇۋېتىڭ! مەن گۇناھسىز، مەن پەقەت مۇھەببىتىمگە سادىق بولدۇم، باشقا يامان ئىش قىلمىدىم. لېكىن ساپلا ئالدامچى، ساختىپەزلەرنىڭ زامانىدا تۇغۇلۇپ

قاپتىكەنمەن، شۇنىڭغا ئېچىنىمەن... شۇ ماز گۈيمۇ ئالدامچى، ئۆيدىكىلەرمۇ ئالدامچى، سىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ساختىا... سىزمۇ ئۆزىڭىزنى پاك دېيەلەمسىز؟ ئەرلەرنىڭ قىزلىق پەردىسى يوق، بەلگىسى يوق، شۇڭا نوچىلىق قىلامسىز؟ ئەرلەر قىلسا بولىدىكەن، ئاياللار قىلسا بولمامدىكەن؟ مېنى تولا ساز قىلىمەن دېمەڭ، گەپ قىلماي ساراڭ قىلىمەن دېمەڭ، مەن بۇ يەردە بۇنداق دوزاخ ئازابى تارتقىچە ئۆيگە كېتىمەن، ئۆيدىمۇ تۇرالمىسام ئۇرۇمچىگە كېتىمەن. جاھاننىڭ قوينى كەڭرى، سىقىلىپ، تۇگۈلۈپ ياشىغاندىن ئەركىن ئويناپ-كۈلۈپ ياشىغان ياخشى!...

سىيىت قارى ئاخىر مىڭ تەسلىكتە ئېسىگە كەلدى، ئەمدى باشقا گەپنىڭ ئورنى قالمىغانىدى، بۇ قىزنىڭ سىيىت قارىنىڭ خىيالىدىن توقۇلغان «زۆھرە»لىك نىقابى يىرتىلدى، قىزىق يېرى، ئىچىدىن چىققىنىمۇ بىيىجىڭدىكى زۆھرەدىن پەرقسىز بىر قىز ئىدى، ئوخشىمايدىغىنى بۇ قىز بەكرەك قېلىن، ئاغزى ئىتتىك ئىدى.

سىيىت قارى خوتۇن قىلغۇدەك ئەپتى قالمىغان «زۇۋاناز خوتۇنى»غا غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى:

ــ بولدى، بولدى، گېپىڭىزنى توختىتىڭ، بۇگۈندىن باشلاپ ئۈچ تالاق!

ــ ئۈچ تالاق دېگەن نېمە ئۇ؟ خېتىمنى بېرىڭ!

ــ شۇ ھېساب، كىنىشكا دېگەن ئېقى قەغەز قارىسى سىياھ!

ــ بۈگۈنلا سوتقا بارامدۇق؟

ــ بارمىز، ئۆيىڭىزگىمۇ بارمىز، ھېساب-كىتابنى ئوبدان قىلىشىمىز.

ئۇلار جىق جاڭجاللاشمايلا ئاجراشتى، ئالتۇن جابدۇقىنىڭ يېرىمىنى سۇلايمان قارى قايتۇرۇۋالدى، ئۈچتىن ئىككى قىسىم تويلۇق يەنىلا قىز تەرەپكە قالدى. ئەمما قىزنىڭ ئۆيدىكىلەر قاتتىق خىجالەتتە قالدى، غۇلام قارى سىڭلىسىنى ئۇرۇپ كەتتى، ئەمما سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىدىكى داغنى يوقىتالمىدى.

19

سېيىت قارى بۇ مەھەللىنىڭ جامائەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىمەن دەپ ئويلاپ خاتالاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، جامائەتنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك قىز-ئاياللار جامەسى تەشكىل قىلاتتى، بۇلار مەسچىتكە چىقمىغان بىلەن، سىرتتا دائىم يۈرمىگەن بىلەن تالادىكى ئەرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى.

بۇ ھال ئەرلەرنى چۈشەنمەكنىڭمۇ تەسلىكىنى پەيدا قىلاتتى. ھەر بىر ئائىلىدە دائىم قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن مەھكەم تۇرىدىغان بىر ئايال خوجايىن بولاتتى، ئەسلىدە مۇمكىن بولسا، بۇنداق ئاياللارنى مەسچىتكە يىغىپ ئەرلەرنى ھۆرمەتلەش، ئائىلىلىق ئەخلاقنى كۈچەيتىش، پەرزەنت تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ۋەز سۆزلىسە ئوبدان بولاتتى. ئەمما بۇ پەقەت سېيىت قارىنىڭ غايىسى ئىدى، ئاياللار ھەمىشە تەربىيىدىن مەھرۇم ئىدى، ئەرلىرى ئۇلارنى تەربىيىلەشكە قادىرئەمەس ئىدى. خوتۇنلىرىمىزنى تەربىيىلەيمىز دېگەنلەر ئاچچىقىغا پايلىماي ئەدەپلەپ قويۇپ، خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئۆچ قىلىۋېتەتتى. بۇ ئاچچىقنى ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن خوتۇنلىرى داۋخورلۇقىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى بىلىندۈرمەي ئازابلايتتى، دائىم سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن ئەرلەر خوتۇنلىرى بىلەن بۇ جەھەتتە كۈچ ئېلىشىپ بولالمايتتى، قېيداشتا خوتۇنلىرىدىن ئېشىپ چۈشەلمەيتتى، چىدىماي تەسلىم بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدىنمۇ يۇۋاشلاپ قالاتتى، نېمىشقا شۇنداق بولۇپ كەتكىنىنى ئۆزلىرىمۇ تۇيماي قالاتتى. سېيىت قارى خوتۇنلارنىڭ يامانلىقىغا قىياسەن ئەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ شۇنداق يەكۈنگە كەلگەنىدى: جامائەتتە پەيدىن پەي ئاشۇنداق يۇۋاشلاپ كەتكەن ئەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەيتتى؛ ئۆيىدە خوتۇنى تەييارلىغان يۇمشاق ئاش-ناننى يەيتتى، يۇۋاش-يۇمشاق گەپ قىلاتتى، سىلىق ماڭاتتى، نامازنى ئىلمان ئوقۇيتتى، بۇ دۇنيالىقىمۇ، ئۇ دۇنيالىقىمۇ تەڭ كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلغان بىلەن، ھېچقايسى ئەمەلىگە جان دىلىدىن بېرىلمەيتتى. مەسچىتلەرنى، يوللارنى، ئۆيلەرنى ئىلمانلىق، يۇۋاش-يۇمشاقلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. پەقەت بازار كۇنلىرىلا بىر خىل قىزغىنلىقنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنياغا زىيادە بېرىلىش ۋەجىدىن ئىدى؛ بۇنى كوچىغا تەڭ چىققان ئەر-ئاياللار بىرلىكتە روياپقا چىقىراتتى.

سىيىت قارى ھەممە ئەرلەردە كۆرۈلۈۋاتقان مەزلۇم مىجەزلىكنىڭ ئۆزىدىمۇ مەۋجۇدلۇقىنى ئېنىق بىلدى؛ بىر كىچىلىك خوتۇنىنى ئەتىسى ئۈچ تالاق دېيەلمىگەن كۈندىن باشلاپ، كاللىسىدا ئەركەكلىك ئۇقۇمى چاقماقتەك چاقنىدى، بۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى ئىدى، ئىمامىلىقنىڭمۇ تەقەززاسى ئىدى، ئەڭ مۇھىمى قىرانىغا يېتىۋاتقان يىگىتلىكنىڭ تەقەززاسى ئىدى. ئايالىلار دۇنياسى ئۇنىڭغا سىرلىق، قورقۇنچلۇق بىلىندى، قىزلارنىڭ ھەممىسى پاسىقلىقتا چۆكۈپ كەتكەندەك، دۇنيادا ساق قىز قالمىغاندەك تۇيۇلدى. مەسچىتلەردە ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن تەبلىغنى سۆزلەپ بولۇپ ئازراق ۋاقىت ئېشىنالىسا جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ناچار ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، جامائەتكە، بولۇپمۇ ياشلارغا ئاز-تولا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغان بولدى. بۇنداق ئارتۇق سۆزلىنىپ كەتكەن تەبلىغنىڭ سىياسەتكە تاقىشىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى، شۇڭا ئارتۇق گەپمۇ بولمىدى. بىر قېتىم تەشكىل ئۇنى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ۋەز-تەبلىغ سۆزلەشكە بېكىتىپ قويدى، ئەيدىز كېسىلى ئاساسەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق يۇقىدىغان كېسەل بولغاچقا، بۇزۇقچىلىق بىلەن زىنچ مۇناسىۋىتى بار ئىدى. سىيىت قارى تولۇپ تاشقان ھېسسىيات، كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن زىنانىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر ئىككى دۇنيادىكى يامان ئاقىۋىتىنى سۆزلىدى؛ ئاندىن «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈردى: ئاللاھنىڭ «زىنا قىلماڭلار» دېمەي بەلكى «زىناغا يېقىنلاشماڭلار» دېيىشىدە بىر ھېكمەت بار. چۈنكى ئىنسان ئاجىز مەخلۇق بولسىمۇ شەھۋەت نەپسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئەگەر زىناغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلسا نەپسى ئەقلىگە ئاسانلا يەم بولۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇ ئىنسان ئۆز ئىختىيارىنى شەيتانغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىنا بىر دەمدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. جاھاندا بولۇۋاتقان ناشايان ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەيدىن پەي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئارقىدىن سىيىت قارى ئەيدىز دېگەن بۇ ئەجەللىك ۋابانىڭ ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ جىنسىي بۇزۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاللاھنىڭ بىر جازاسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قۇرئاندا بايان قىلىنغان لۇت قوۋمىنىڭ جىنسىي بۇزۇقچىلىقتا چېكىگە يەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلدى. ئاندىن گەپ ھازىرقى ھالەتكە يۆتكەلگەندە، سىيىت قارى ئۆزىنىڭ

كۆچلۈك ئېچىنىش ۋە قايغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بىر مۇنچە قايىنىدى، يول بويىدىكى ساتراشخانىلار، خۇپىيانە رەسۋالىقلار، ئار-نومۇسنى قايرىپ قويغان ئەرلەر، ئىپپەت-نومۇسىنى دوغا تىككەن قىزلار ۋە پاھىشىلەرنىڭ ۋابا يۇقتۇرۇشقا سەۋەبچى ئاپەتلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. «بۇزۇقچىلىق بۇزۇقچىلىقنى پەيدا قىلىدۇ، بۇزۇقچىلىق خۇددى ۋابادەك يۇقۇملۇق. ئىمانىمىز بولسا زىنايى هارامدىن يىراق تۇرايلى، ئىمانىمىز بولسا بالىلىرىمىزنى زىنايى هارامدىن ساقلايلى، ئىمانىمىز بولسا ساتىراشخانىغا كىرمەيلى، ئىمانىمىز بولسا نەپسىمىزنى يىغىۋالايلى، هاجى تۇرۇپمۇ پاھىشىخانىدا ئۆلگەن ئادەملەردەك ئاقىۋەتكە قالمايلى، ئاللاھ بىزنى بۇزۇقچىلىقتىن، ئەيدىزدىن ساقلىسۇن... ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

جامائەت ئوبدانلا تەسىرلەندى، چۈنكى سىيىت قارى بۇ تەبلىغنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ناتىقلىق ۋە كۆچلۈك هېسسىيات بىلەن قىلدى. قۇرئاندىن ئالغان دەلىللىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى جايىدا بولدى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى جىددىي، تەخىرسىز تۈس ئالدى. مەسچىتتە نازارەتچىلىكتە ئولتۇرغان كادىر بۇ تەبلىغنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى تەشكىلگە يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن سىيىت قارى باشقا مەسچىتلەرگە، ھەتتا ناھىيىلەرگە بېرىپ ئەيدىزگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە سەييارە تەبلىغ سۆزلەپ، جامائەتنى ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئابرۇيىنى ئۆستۈردى.

ئەمما ئابرۇي باشقا، بەخت باشقا مەسىلە ئىدى، يۈز-ئابرۇيىنىڭمۇ ۋاقىتلىق، ئىشەنچسىز نەرسە ئىكەنلىكى كېيىن ئىسپاتلاندى. شۇ بەختسىز كېچىدىن كېيىن سىيىت قارى ئۆزىنى قانىتى سۇنغان قۇشتەك ھېس قىلدى؛ بەختكە قانچە تەلپۈنسە ئۇ بەخت ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادا بەختلىك بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بەختنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش ئىدى، ئەمما سىيىت قارى ھازىرچە بەختكە ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا باغلانماي تۇرالمايتتى، بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ئىمكانقەدەر بەھرىمەن بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايتتى، پاسسىپ شۈكۈر-قانائەتچانلىقنى ياقتۇرمايتتى، بۇ خىل ياشاش تەرزى «بۇ دۇنيا كاپىرنىڭ، ئۇ دۇنيا مۇسۇلماننىڭ، شۇڭا سەۋر قىلاي» دەيدىغان بەزى موللامىلارغا ئوخشىمايتتى.

ياشلىقى، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى دېۋەيلەپ، ياشىمامسەن، رىزىق تېپىپ ھۇزۇرلانمامسەن؟ دەيتتى. قاندا ئېقىپ يۈرگەن شەيتانلار جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا باشچىلىق قىلىۋاتقان بۇ زاماندا پاكلىقنى قوغداپ تەقۋا ياشاش ھەقىقەتەن مۈشكۈل ئىش ئىدى. جامائەتكە ئەيدىزگە قارشى تۇرۇش، زىنادىن يىراق تۇرۇش، بولۇپمۇ ياشلارغا ئىمان، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە شۇنچە كۈچلۈك تەبلىغلەرنى قىلدى، بۇ تەبلىغلەر ئەسلىدىنلا دىلى يۇمشاق، ئىمانى بار، خۇدادىن قورقىدىغانلارغا تەسىر قىلغان بىلەن، دىلى قېتىپ كەتكەن، مۇناپىق مىجەز، تەكەببۇر، جاھىل كىشىلەرگە، ئويناشتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ياشلارغا تەسىر قىلمىدى. شۇنچىلىك تەشۋىق-تەرغىباتلارغا قارىماي، بۇ يېزىدىمۇ ئەيدىز كېسەللىرى پەيدا بولدى، كۆپىنچىسى ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىدى.  جەمئىيەتنىڭ بۇزۇق ھاۋاسىدا داشقال بولۇپ كەتكەن ياشلارغا نىسبەتەن ياشلىق كۈچ-قۇۋۋەتنى چىقىرىدىغان، قانغۇدەك ئوينايدىغان دەۋر ئىدى، ئۇلارنىڭ  ئىچى قۇرۇق ئىدى، ئۇنى  شەھۋەت ئارقىلىق تولدۇرۇشنى ئىستەيتتى؛ زېرىكىپ ئۆلگۈدەك بولاتتى، ئىچى پۇشۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن  غىدىقلىغۇچ نەرسىلەرنى ئىزدەپ تاپاتتى؛ بېسىم ۋە تەشنالىقتا جېنى قىينىلاتتى، ئۇنىڭ دورىسىنى ھاراق-شاراپتىن ئالاتتى. بۇنداق كېسەللەرنى ئىمان، ئەخلاق ئارقىلىق ساقايتىش زەھەرلىنىپ ئۆلەي دېگەن ئادەمنى بالىنىستا  قۇتقۇزۇشتىنمۇ تەس ئىدى. شۇنداق ئىدى، جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىقلارنى قانۇن ۋاستىسى بىلەن مەجبۇرىي ئوڭشىمىغىچە، بىر-ئىككى ئىمامنىڭ تەبلىغى ئارقىلىق ئوڭشاپ بولغىلى بولمايتتى. لېكىن، ۋەز-تەبلىغدىن ۋاز كېچىشكە بولمايتتى، ئەمما سىيىت قارى تولا سۆزلەپ ھاردى، تەبلىغلىرى مۇشۇ مەسچىتتىلا قالىدىغاندەك، ئۇنى ھېچكىم تۇرمۇشىغا تەتبىقلىمايدىغاندەك ۋە باشقىلارغا يەتكۈزمەيدىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق ئېتىبارسىزلىق ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. يەنە كېلىپ جامائەت قىشتا ئاۋۇپ قالسا، يازدا ئازلاپ كېتەتتى، بىر-ئىككى قېرىدىن باشقا مۇسۇلمان ئۆيى يېقىن تۇرسىمۇ  بەش ۋاقىت ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە كەلمەيتتى، ئەگەر شۇ بىر-ئىككى قېرى چۈرلەر ئاغرىپ تارتىپ قالسا، مەسچىت قۇپقۇرۇق قالاتتى، ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى. بۇ ھال ئۇنى جامائەتتىن بەزدۈردى، جامائەت ئۇنى

ھۆرمەتلىگەندەك قىلغان بىلەن گەپلىرىنى ئېتىۋارغا ئالمايتتى، مەسچىتتىن چىقىپلا ئۇنتۇپ كېتەتتى.« بىزنىڭ جامائەتنىڭ ھالى شۇ... ـدەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆزلىرىنى تەقۋا ھېسابلايدۇ. قارىغاندا مۇشۇنچىلىك جامائەتىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسەك بولغۇدەك، دۇنيا ۋەسۋەسىلىرى قاپلاپ كەتكەن بۇ زاماندا مەسچىتنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشىمۇ تەقۋالىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. دىنىنىڭ ئىشلىرىغا ئەستايىدىل قارىمايدىغان، ئۆتتەك قىزىپ پوقتەك سوۋۇيدىغان بۇ جامائەتتىن يەنە قانداق ئىزچىللىق، قانداق ئۇلۇغۋارلىقنى كۈتكىلى بولسۇن؟...»

سىيىت قارىنىڭ جامائەتتىن ئاغرىنىشلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر خوتۇن ئېلىپ ئۈچ كۈندىلا تالاق قىلىۋەتكەنلىكى جامائەت ئارىسىدا غولغۇلا پەيدا قىلدى، ھەر خىل گەپلەر بولدى، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن، سىيىت قارى پىتنە-پاسات، غەيۋەتكە توغرىلىنىپ قالدى. لايىقنى ئوبدان تاللىيالماي، بەختىنى تاپالماي قالغان بۇ قارىمنىڭ بەرىكەتلىك، ئامەتلىك قارىم ئىكەنلىكىگە شەك چۈشتى، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىدىغانلار، نىكاھ ئوقۇتىدىغانلار، دۇئا قىلدۇرىدىغانلار، بالىسىغا ئىسىم قويدۇرىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى قەيەردىدۇر ئوقۇپ كەلگەن، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن يەنە بىر ساقاللىق قارىم تارتىپ كەتتى...

سىيىت قارى باشقا مەسچىتلەردە ئەيدىزنى توسۇش ھەققىدە ۋەز سۆزلەپ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈۋاتقاندا ئۆز مەھەللىسىدىكى ئابرۇيى ئەكسىچە تۆۋەنلەشكە باشلىغانىدى. خوتۇنلىرىغا تەسلىم بولغان ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان مەھەللەكويلىرىنىڭ خوتۇن خەقتەك ئۇششاق گەپ قىلىشى ئۇنىڭغا بىر بالايى ئاپەت بولغانىدى؛ بۇزۇق خوتۇننى قويۇۋەتكەن ئەركەكلىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقتا يوق، ئەكسىچە توقۇناق بالاغا قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. شۇڭا بۇ جامائەت ئۇنىڭغا چۈشىنىكسىز، غەيرىي مۇددىئالىق نادانلار، غاپىللار توپى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇ بىزارلىقتىن ئۇ قۇتۇلالمىدى، ئىماملىقنى بۇرۇنقىدەك كۆيۈنۈپ قىلمايدىغان بولدى، قىرائەتلىرىدە مۇڭ، تەبلىغلىرىدە كۈچ قالمىدى. جامائەتمۇ ئۇنىڭ ئىمامەتچىلىكىنىڭ بۇرۇنقىغا يەتمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ، خىلمۇ خىل سۆز-چۆچەك قىلىشىدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ غەيۋەت كېسىلىگە ئۈچ بولۇپ كەتكەن سىيىت قارى بىر جۈمە كۈنى

غەيۋەت-شىكايەتنىڭمۇ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، بىر كىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا شۇ كىشىنىڭ جەسىتىنى يېگەندەك بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەبلىغ قىلدى، بىر قىسىم جامائەت ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاپىلىقنىلا كۆرۈپ، گېپىنى ئانچە تىڭشاپ كەتمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى. نەتىجىدە، بۇ ۋەز-تەبلىغلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇنۇمىنى يوقاتتى، كىشىلەر مەسچىتتىن چىقىپلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى، كۆڭلى خالىغىنىنى قىلىۋەردى، غەيۋەتنىڭ تاتلىقلىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆڭلى خوش قىلىپ يۈرۈۋەردى. ئۇلارنىڭ مەسچىتكە بېرىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى ناماز ئوقۇۋېلىش بولۇپ، ۋەز-تەبلىغ دېگەننى مۇنداقلا ئاڭلاپ قويسا بولاتتى، چۈنكى ۋەز-تەبلىغ دېگەنمۇ ئاتام زامانىدىن قالغان شۇنداق بىر قائىدە ئىدى. قائىدە دېگەن شەكلەن ئورۇنلىنىدىغان، قىلىپ تۈگەتسىلا بولىدىغان ئىش ئىدى.

سىيىت قارىنىڭ جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقى تەشكىلگىمۇ مەلۇم بولدى، بىر كىملەر بېرىپ ھال ئېيتتىمۇ ياكى بىرەر كادىر سىرتتىن كۆزىتىپ شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر، تەشكىل ئۇنى چاقىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. سىيىت قارى ئوڭۇشسىز بىر نىكاھ سەۋەبى بىلەن جامائەتنىڭ پىتنە-پاساتلىرىغا قالغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئاياللار جامائىتىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەسلىدە ئۇلارنى مەسچىتكە يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى، ئاياللارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، بۇنى ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلاھات بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كادىرلار كۈلۈپ كەتتى، سىياسەتتە ئاياللارنىڭ مەسچىتكە يىغىلىشى ھەققىدە يولىيورۇق يوق ئىدى. خىزمەتچى ئاياللار ئىدارە مەجلىسخانىلىرىغا يىغىلسا بولاتتى، ئۇلار رەھبەرلىرىگە بويسۇنۇشى، فاڭجېن-سىياسەت، قائىدە-نىزاملارنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشى لازىم ئىدى؛ ئۆي ئاياللىرى بولسا ئۆيىدە ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئاياللارنىڭ باشباشتاقلىقىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇلار پەقەت ئۆز ئۆيلىرىدە خان ئايىمدەك ئولتۇرۇپ، باشقا ئىشقا ئارىلاشماي بالىلىرىنى بېقىپ، ئېرىنى كۈتۈپلا ئولتۇرسا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولاتتى.

سىيىت قارى جامائەتنىڭ ساپاسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن ئىلگىرى نېمىشقا ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرەلمەي قالدى. قىلغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى چەك باسمىدى. مەسئۇل كادىر ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەربىيە قىلىپ ئاندىن يولغا سېلىپ قويدى. سىيىت قارىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش ئىدى، كېتىۋېتىپ كوچىدىكى ھەممە ئادەمنى غاپىللىق، نادانلىقتا ئەيبلەيتتى، ئايالچە موتو ياكى ۋەلسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان، بېشىنى ئاتنىڭ كاللىسىدەك سەت قىلىۋالغان يالاڭۋاش قىز-چوكانلارنى كۆرگەندە نەپرەتلىنەتتى. ساتىراشخانا ئالدىدا يوتىلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرغانلارنى كۆرگەندە بولسا ئوغىسى تېخىمۇ قايناپتتى. ئازغۇنلۇققا ئەڭ يېقىن، شەيتانغا ئەڭ سىرداش، قورقۇنچلۇق، سىرلىق بولغان بۇ مەخلۇقلار ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئاجىز ئەمەس ئىدى، بەلكى كۈچ-قۇدرەتتە ھازىرقى بوشاڭ ئەرلەرنى بېسىپ چۈشەتتى. بۇ خۇددى شۇنىڭ مىسالىغا ئوخشايتتى: ھەممە يەردە- كوچىلاردا، ئۆيلەردە، ئىشخانىلاردا گويا سانسىز يۇمشاق قۇرتلار قاتتىق ياغاچنى غاجايتتى ۋە ئاستا-ئاستا تېشىپ كىرەتتى. بۇ ياغاچلارنىڭ ئىچىدىن پورلىشىپ كېتىشى قۇرتلارغا ئاسانلىق تۇغدۇراتتى...

سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىدە لەنەتتەگكۈر تويى كېچىسىنىڭ جاراھەتلىرى تېخى ساقايمىغانىدى، كېچىسى ياتسا گۈلنىسا بىلەن زۆھرەنى ئالماشتۇرۇپ خىيال قىلىپ بىئارام بولاتتى، چۈشىدە بەزىدە گۈلنىسا بىلەن ئەر-خوتۇنچىلىق قىلىپ چۈشەيتتى، تاڭ ئاتقاندا توۋا دەپ غۇسلى -تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكەچىقاتتى، بەزىدە چۈشىدە گۈلنىسا ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالۋاستىدەك چىقىۋېلىپ قاقاخلاپ كۈلەتتى، يا بولمىسا كارىۋاتتىكى قىپقىزىل قاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك قارايتتى... ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، بىر ھازاغىچە ئېسىگە كېلەلمەي قالاتتى. بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ سول تەرىپىگە تۈكۈرۈپ قوياتتى. ئۇ ھەر قېتىم گۈلنىسانىڭ گەپلىرىنى ئويلىسا، بىر ساراڭغا يولۇققانلىقىنى ئويلايتتى، بەزىدە يالغۇز قالغاندا خىيالىدا ئۇ جىندەك پەيدا بولۇپ، ۋارقىراپ يىغلاپ ياكى ئاغزى بېسىقماي ۋاتىلداپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى... ئىنسان نېمىدېگەن غاپىل-ھە، غاپىللىق ھەر قاچان يۈز بېرىدۇ، توي ئىشىدا دائىم ئەڭ چوڭ غاپىللىق، خاتالىق يۈز

بېرىدۇ...

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ گۈلنىسانىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقتى.

سىيىت قارىنىڭ جامائەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پات ئەسلىگە كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، جامائەت رەھىمسىز ئىدى، كۆزىگە سىغمىغان ئىمامنى ھەرگىز كۆزىگە ئىلمايتتى، ھەتتا تەشكىلگە چېقىپ ئۇنى كۆزدىن يىراق قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. جامائەتنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى، نادانلىقىقا بىردەك ئەگىشىش خۇسۇسىيەتلىرى، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ باغرىنىڭ ئىچى تار بىر ئادەمنىڭ باغرىغا ئوخشاپ قېلىشى سىيىت قارىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز ئىدى. چۆنتەككە كىرىدىغان پۇل ئازلاپ كەتكىلى نەۋاخ، ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن جامائەت ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى چۆرۈۋېتىشكىمۇ قادىر ئىدى. سىيىت قارىنىڭ مائاشى ئۆسمىدى، تىرىكچىلىكى تەسلەشتى، ئىماملىق ئەسلىدە شەرەپلىك ئىش ئىدى، لېكىن بۇ شەرەپ ئەمدى ئۇز جايىنى تاپالمىدى؛ ئىماملىق ئەسلىدە نازۇك، قىيىن ئىش ئىدى، لېكىن سىيىت قارى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، باشتا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن بىلەن ئاخىرىدا سەل قارىدى. ئىماملىق ئەسلىدە يۈز-ئابرۇي، ئىمكانىيەت ۋەسىلىسى ئىدى، ئەمما ھەممىسى شۇ بىر توي بىلەن ئاخىرلاشتى؛ ئىماملىقى ۋاپىغا يېتىپ، ھۆرمىتى چېكىگە يېتىپ ئاندىن ئارقىغا ياندىمۇ ياكى ئىشلىرى ۋاپىغا يەتمەي تۇرۇپلا كۇرستىن چۈشتىمۇ، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىدى، بەلكىم شۇ نەس باسقۇر توي بولمىغان بولسا بەخت-خۇشاللىقى ئۇزۇلۇپ قالماس ئىدى، بەلكىم... زوھرەگە ئوخشىمىسىمۇ باشقا پاك، مەسۇمە بىر قىزنى نىكاھىغا ئالار ئىدى، بەلكىم.. ئەمما رىئاللىقتا بەلكىم... مەۋجۇد ئەمەس، نەق يۈز بەرگەن ئىشلار مەۋجۇد ئىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن تەشكىل ئۇنىڭغا ياردەمچى ئىمامدىن بىرنى تەيىنلەپ بەردى. يالغۇز ئىماملىقنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىپ كېلىۋاتقان سىيىت قارىغا بۇ ئىش ئوبدانلا خوش ياقتى، مائاشىنى بۆلۈنۈشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان جامائەتتىن چەتتىرەك تۇراتتى. بەلكىم بۇ ياردەمچى ئىمام ئۇنىڭ بىلەن سىپلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، جامائەت پىكرىنى ئۆزگەرتەتتى، قانداق ئۆزگىرىشى سىيىت قارى ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. نېمىلا بولسۇن، ئۇ يەڭگىللەپ قالدى، بوش

ۋاقىتلىرىدا بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى، يازغان خاتىرىلىرىنى ۋاراقلايتتى، زۆھرەنىڭ بولغانماس ۋاقتىدىكى گۈزەل چاغلىرىنى ئەسلىگەچ، ئۇنىڭغا بېغىشلانغان خاتىرىلىرىنى ئوقۇيتتى...

تۇرمۇش سېيىت قارىنى قىستىغىنى قىستىغان ئىدى، نام-ئابروي، بايلىقنى ئويلاشماي، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشقا شۈكرى قىلىپ ئۆتسىمۇ ئۆتەتتى، ئەمما ئابروي قازىنىپ ھۆرمەتلىنىپ، پۇل تېپىپ خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم ئۆتمۈشىدىن ئاسان كېچەلمەيتتى. مۇئاۋىن ئىمامنىڭ ئىلمى، قىرائىتى، جامائەتكە بەرگەن تەسىرى سېيىت قارىمنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى، جامائەت يەنىلا يېڭىلىققا ئامراق ئىدى، بۇنداق جامائەتنى نادان، قالاق دېگىلى بولامتى؟ سېيىت قارى دۇنيالىققا بەك بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي خاھىشىغا بەك ئەگىشىپ كېتىپ، جامائەت ئۈچۈن خالىس ئەمەل قىلالمىغانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلاتتى، نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى ۋە ھازىرقى ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى ئاللاھنىڭ جازاسى ۋە سىنىقى دەپمۇ ئويلايتتى، لېكىن بۇنداق ۋىجدانەن ئويلىنىش قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقايتتى، كۆنۈپ قالغان ئىدىيىسى دەرھال ئۆزگەرمەيتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش-ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلالمايتتى. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىزگۈ نىيەتلىرىگە دائىم ئەگەشكەن بولسا بىر ئۆمۈر تەقۋا، ئەۋلىيالارچە ھايات كەچۈرەلىگەن بولاتتى. «لېكىن شەيتان قويمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ – شەيتان دائىم دۈشمەنلىك قىلىدۇ، خىيالىمىزغا ئارىلىشىۋالىدۇ، ۋەسۋەسە پەيدا قىلىدۇ، قەدەملىرىمىزنى تېيىلدۇرىدۇ. داغدا قالىمىز، ھەسرەت-نادامەت چېكىمىز، پۇشايمان قىلىمىز. بىر ئۆمۈر پۇشايماندا ئۆتىمىز، بۇمۇ قىسمەت دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىمىز، لېكىن ھاياتتا ئەقىل بىلەن ئىش قىلغىلى، ئېزىپ كەتسەك توۋۋە قىلغىلى، پۇشايماننى تۆۋەن چەككە چۈشۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا پۇرسەت بار، لېكىن ھەر ئادەمدە يېتەرلىك ھوشيارلىق يوق. سەگەك ئىنسانلار ناھايىتى ئاز، غاپىللار كۆپ... ».

سېيىت قارى جۈمە كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا مەسچىتكە ئانچە چىقماي، تالا-تۈزگىمۇ قاترىماي ئۆيىدە كىتاب ئوقۇپ، ناماز ئۆتەپ ئولتۇردى، ئەمگەكنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئېتىزنىڭ ۋە ئۆينىڭ

ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە قارىشىپ قوياتتى. بىچارە ئاتا-ئانىسى تىنىماي ئىشلەيتتى، سىڭلىسى تىنىماي تاماق ئېتەتتى، قاچا يۇياتتى. بۇ ئۆي كېلىنىنىڭ راھىتىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدى. سىيىت قارىنىڭ ھازىرقى ھالىتى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ۋاقىتلىرىغا ئوخشاپ قالدى، ئىماملىقتىن گويا تالىپلىق ھاياتىغا قايتىپ كەلدى. سەھەرلىرى نامازدىن يېنىپ قۇرئان ئوقۇپ كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەيتتى، چۈشكىچە باشقا كىتابلارنى ۋە گېزىتلەرنى ۋاراقلايتتى، چۈشتىن كېيىن باغقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەتتى، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۆمرىنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلايتتى، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن، مائاشى ياخشى ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقان، پاك قىزلارنى خوتۇن قىلىپ بالىلىق بولغان ساۋاقداشلىرىنى ھەۋەس ئىلكىدە يادىغا ئېلىپ، ئۆز قىسمەتلىرىگە ئېچىناتتى، ئەمما يەنىلا ئاللاھ تائالادىن سەۋر-تاقەت تىلەيتتى. ئۇ ۋىلايەت مەركىزىدىكى ساۋاقدىشى تاھىر قارى بىلەن پات-پات تېلېفونلىشىپ قوياتتى، تاھىر قارى بىلەن ئۆتكەنكى ئىماملار كۇرسىدا بىللە ئوقۇش جەريانىدا تېخىمۇ سىرداش دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى، تاھىر قارى ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، سىيىت قارى بېرىپ بولالمىغانىدى، ئەمدى كەڭتاشا ۋاقتى تۇرغاندا بېرىپ مۇڭدىشىپ كېلىشنى، دەردىنى تۆكمۈشلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

سىيىت قارىنىڭ مەھەللىسى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغاچقىمىكىن، كىشىلەرنىڭ شەھەرگە ئىنتىلىش، شەھەرلىكلەرنى دوراش خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى، بولۇپمۇ ياشلار شەھەر ياشلىرىدىن پەرقسىز بولۇپ كەتكەنىدى، موتوسىكلىتىنى گۈكۈرتىپ مىنىشىپ، قىزلارنى كەينىگە قوندۇرۇپ، رېستۇرانمۇ رېستوران، دىبامۇ دىبا، ۋاڭبامۇ ۋاڭبا چاپاتتى. ئېتىزدا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەن دېھقان يىگىتلەرمۇ كەچ بولسىلا ئىچى پۇشۇپ ۋەلىسىپىتلىق بولسىمۇ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئىچىپ-چېكىپ، بۇلغىنىپ چىقاتتى. ئەيدىزگە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىن ئازراق داۋاملىشىپ توختاپ قالغاچقا، ياشلار يەنە بىخۇدلىشىپ قالغانىدى، پاك تۇپراقتا ئېغىناپ چوڭ بولغان يىگىتلەر نامراتلىقتىن ئۆيلىنەلمەي، بازارغالارغا بۇقىدەك ئۇسۇپ كىرىپ، ئازغىنە پۇلىغا ئىنسان لەززىتى سۈرۈپ، ئاخىر ئۆزلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ۋابانى يۇقتۇرۇپ،

بۆرىنىڭ ئالدىغا كەلگەن موزايدەك قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارغا ۋەز-تەبلىغ سۆزلەپ تۇرىدىغان سىيىت قارىم بولادىن بىخەۋەر كىتاب ئوقۇپ، شېئىر يېزىپ يۈرەتتى، ئىشچانلىقى تۇتۇپ كەتسە ئۆيدىكى كالا-قويلىرىغا ھەلەپ بېرەتتى، ئېشەككە سامان سالاتتى.

بۇ مەھەللە قارىماققا تولىمۇ تىنچ، ئازادە كۆرۈنگەن بىلەن، ئۆي-ئۆيلەردە ئۇششاق ماجىرا، بالا-چاقىلارنىڭ غەلۋە-غوۋغىلىرى، ئاجايىپ-غارايىپ يېڭىلىقلار، رەسۋالىقلار، كوچا پاراڭلىرى ئۈزۈلمەيتتى، ئەپقاچتى خەۋەرلەر قۇلاقتىن قۇلاققا شامالدەك تېز يېتىپ تۇراتتى. تالاغا چىقمىغاچقا سىيىت قارىنىڭ قۇلاقلىرى بىر مەزگىل ئارام تېپىپ قالدى، لېكىن كىشىلەر ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى، ئۇنىڭدىنمۇ بىر يېڭىلىق كۈتەتتى، ئەگەر ئۇ قايتا توي قىلسا ياكى بىر ياققا كەتسە بۇ شۇ ھامان مەھەللىنىڭ يېڭى خەۋىرىگە ئايلىناتتى. ھەممە ئادەم گويا بىر-بىرىنىڭ تاماشىبىنى ئىدى، يەنە كېلىپ جامائەتنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ بولغان سۇلايمان قارىدەك ئادەملەر داۋاملىق كۆزىتىلىپ تۇراتتى.

سىيىت قارى بىر مۇددەت كەم دىدار بولۇپ كېتىۋىدى، مەھەللەكويلار يەنە ھەر قىسما گەپلەرنى تېپىشقا باشلىدى، سۇلايمان قارى ئىستىقامەت، دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويۇپتىمىش، ئۆيدىن چىقماي كىتاب ئوقۇپ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يازىمىش، روزى سايىتتەك شائىر بولماقچىمىش، ئىمامىلىقنى تاشلاپ بەرمەكچىمىش... دېگەندەك پاراڭلار چىقتى. سىيىت قارى جۈمە كۈنى مۇنبەرگە چىقسا جامائەت ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىلكىدە نەزەر تاشلايتتى، بىر قارىسا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھۆرمىتى بارا-بارا ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر جامائەتنىڭ قانداق قارىشى مۇھىم مەسىلە ئەمەس ئىدى، تاپىدىغان ھۆرمەتنىمۇ تاپتى، كۆرسىدىنىمۇ چۈشتى، لېكىن يەنە مۇشۇ خۇتبە مۇنبىرىدە ھاسىنى چىڭ تۇتۇپ مۇستەھكەم تۇردى، تەقۋادارلىقى، ياخشى ئەمەلىي ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق شاراپەت بارمۇ بۇ جاھاندا!! جامائەت دېگەن ئاشۇنداق تايىنسىز، مەۋقەسىز بىر توپ، بىر سەركە نەگە باشلىسا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان قوي پادىسى. ئۇلار يەنە سىيىت قارىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەمدۇ ياكى بۇرۇنقى جاھىلىلىقىدا چىڭ تۇرامدۇ، بەربىر...

سىيىت قارى ئەمدى تەمكىنلىك بىلەن بۇ جامائەتكە يۈزلىنىدۇ، 100 ئادەم قاراپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى بىرلا ئادەم قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ... كىشىلەر كۆڭلى ئاشۇنداق نازۇك، ھەممىسى داۋالغۇش ئىچىدە ۋەز تىڭشايدۇ...

سىيىت قارى نېمىلا دېگەن بىلەن بىيجىڭدا ئوقۇغان، نەزەر دائىرىسى ئېچىلغان، مەركەزدە، تيەنئەنمېندە، ماۋ جۇشىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا نەچچە قېتىم رەسىمگە چۈشۈپ، يۇرتىغا يىراقتىن غايىبانە نەزەر تاشلاپ، كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار ئۈمىدلەرنى پۈككەن تالىپ بولغاچقا ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى كونترول قىلالىدى؛ خوتۇندىن چاتاق چىقىپ دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولغاندىمۇ، جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ چۆنتىكى بوش قالغاندىمۇ كەلگۈسىگە ھامان ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدى، خەقنىڭ غەيۋەت شامىلىغا كەتمىدى، ئۆزىنى تاشلىۋەتمىدى، مانا بۇنىڭ ھەممىسى ئوقۇغاننىڭ، شەھەر كۆرگەننىڭ، كاللا ئېچىلغاننىڭ، يۈرەك توختىغاننىڭ پايدىسى ئىدى. روھىي دۇنياسى قورۇقدىلىپ قالغاندا قۇرئان ئوقۇيتتى، بۇ دۇنيانىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئاللاھنى زىكرى قىلىپ دىلىنى ئارام تاپتۇراتتى، مەكتەپتە ئوقۇغان كىتابلىرىنى، كىتاب ئۈستىگە يېزىپ قويغان خەتلىرىنى، ئىچى پۇشقاندا يېزىپ قويغان خاتىرىلىرىنى ئوقۇيتتى. ناھىيىگە كىرگەندە كىتابخانىغا كىرىپ ئۆزىگە يارىغان بىرەر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇيتتى. مەنىۋى دۇنياسى ئاۋاتلىشىپ تۇرغاچقا يالغۇز قالغاندىمۇ زېرىكمەيتتى؛ پىكىر يۈرگۈزۈشتىن، گۈزەل خىيال سۈرۈشتىن، شېئىر يېزىشتىن ھۇزۇرلىناتتى. ھاياتنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ۋە ئىلىم ئۆگىتىشكە سەرپ قىلغان ئۆلىمالاردەك بولۇشنى ئارزۇلايتتى؛ شېئىر يازسا ھېچ بولمىسا ئۆزىنى مەنىۋى كامالەتتە خېلى يېتىشىپ قالغان ئەللامىدەك ھېس قىلاتتى؛ كىتاب، رىسالە پۈتۈپ، شېئىر يېزىپ ئەۋلادلارغا قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ئالىم، ئەدىبلەرنى غايىبانە ھۆرمەتلەيتتى، كىتابخانىدىن بىرەر ئەسىرىنى ئۇچرىتىپ قالسا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

بىر مەزگىللىك«ئىستىقامەت» ھاياتى ئۇنىڭغا قايتا ئويلىنىش، روھىنى بېيىتىش پۇرسىتى بەخش ئەتتى. مەسچىت ۋە جامائەت نېرىدا قالدى. ئەمما ئۇ جۈمە كۈنى مەسچىتتە ئىمام بولسا چىرايىدىن

بېيجىڭدا ئوقۇپ يېڭىدىن قايتىپ كەلگەن چاغلىرىدىكىدەك ئىلىم نۇرى بالقىيتتى، قىياپەتلىرىدىن، سۆزلىرىدىن ئىزگۈ ئالامەت، سالاپەت نامايان بولاتتى. بۇنى سىييت قارى ھېس قىلالمايتتى، جامائەت بايقايتتى، جامائەت باھالايتتى. ئۇ تەبلىغنى بەلگىلەنگەن تېما بويىچە قىسقىلا قىلىسىمۇ، مەزمۇننى ئاز-تولا بېيىتاتتى، جەمئىيەتتىن مىسال ئالاتتى، جامائەت ئويلاپ باقمىغان گەپلەرنى دەيتتى، شۇ ئارقىلىق ۋەزنىڭ تەربىيىۋى كۈچىنى ئاشۇراتتى. مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇسا ئىلگىرىدىن ۋەزمىن، جاراڭلىق ئوقۇيتتى، گاھىدا تەرجىمىسىنى قوشۇپ قوياتتى. بۇ جەھەتتە مۇئاۋىن ئىمام ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سەۋىيىسى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغانىدى؛ جامائەت ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكىپ قالغاندەك قىلاتتى.

شۇنداقتىمۇ، سىييت قارىنىڭ تۇرمۇشى غورىگۇل ئۆتۈۋەردى، ئاتا-ئانىسى ئۇششاق-چۈششەك كېسەل بىلەن ئاغرىغىلى تۇردى. ئەگەر بىراقلا چوڭ كېسەل بولسا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. سىڭلىسى توي قىلىسىمۇ ھېچقانداق چىقىمسىزلا ئەرگە بەرگىلى بولمايتتى، چوڭ ئۆينىڭ تۈزىنى يەپ كېلىۋاتقان، ئۆينىڭ چوڭى بولۇپ قالغان سىييت قارى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسا بولمايتتى. تاپقىنىنى كالىدەك كۆشەپ، غەم يەپ ياتىۋەرگەن بىلەن ھەرىكەت بولمىسا موھتاجلىقتا، خارلىقتا قالاتتى. تويدىن ئىلگىرى بۇ ئائىلە خېلىلا پاراۋان ئىدى، ئەمدى ئۇ ياخشى كۈنلەر ئاياغلىشىپ قالغانىدى. سىييت قارى دېھقان دېسە دېھقان ئەمەس، كادىر دېسە كادىر ئەمەس، ئوتتۇرىدا قالغان تائىپە ئىدى؛ سودىگەرچىلىك، ھۈنەرۋەنلىك قىلىشقا قىزىقمايتتى، جاپاكەش دادىسى ئۇنى مۇشەققەتكە چىداملىق، جىسمانىي ئىشقا يارامىلىق ئادەم قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، مانا ئەمدى قېرىغاندا ئۆزى جاپا تارتىپ قالدى. ئوغلىنى ئوقۇتۇپ مائاشلىق كادىر قىلغىنى مۇشۇمۇ؟ ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرگىنى مۇشۇمۇ؟ سىييت قارى دادىسىغا قاراپ غەمگە چۆكتى، ئانىسىغا قاراپ باغرى ئېزىلدى، سىڭلىسىغا قاراپ ئىچى سېرىلدى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن قالسا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش قۇرئاندا كۆپ تەكىتلىنىدىغان پەرز ئەمەل ئىدى، بۇنى شەرتسىز ئورۇنلىماي بولمايتتى. سىڭلىسىنى دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماي، لايىقىدا ئەرگە بېرىش كېرەك ئىدى، بۇ ھازىر

ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ غېمى بولۇپ قالغانىدى.

سېيىت قارى ئەمدى ئۆيدە بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ئىستىقامەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرى ئۇستىدە ئويلىناتتى. مىڭ ئويلانسىمۇ سودىگەرچىلىكتىن باشقا تىرىكچىلىك يولىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى؛ لېكىن سودىگەرچىلىكنى ھەممە ئادەم قىلالمايتتى، زىيان تارتسا تېخىمۇ قىيىن كۈنگە قالاتتى؛ شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ رىزىق تېپىشنى نىيەت قىلاتتىيۇ، ئاللىقانداق غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلالماي تولا ئىككىلىنەتتى...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاھىر قارى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ يېنىغا بىر كېلىپ كېتىشنى، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ تەكلىپ ئۇنىڭغا بەكمۇ خوشياقتى، ئەتىسىلا ۋىلايەت مەركىزىگە ماڭدى. تاھىر قارى ئۇنى بېكەتتە كۈتۈپ تۇرغانىدى، ئىككىسى قىزغىن كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋاللىرىنى بايان ئەيلىدى. تاھىر قارى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ لەگمەن بىلەن مېھمان قىلدى. ئىككىيلەن خۇيتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كېچە خېلى بىر ۋاققىچە مۇڭداشتى. سېيىت قارى ئۆزىنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىنى، ھازىرقى غۇربەتچىلىك ھالىنى سۆزلەپ بەردى.

– خوتۇن دېگەننى قاراپ ئالمىدۇ دەيمەن، چىرايىغا ئىشىنىپ كېتىپسەن-دە، بۇرۇنمۇ سەل خىيالپەرەس ئىدىڭ – دېدى تاھىر قارى ئېغىر ئۇھ تارتىپ، - بوپتۇ تالاق قىلىۋېتىپ قۇتۇلۇپسەن، بىز بۇ ئىشتا پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىساق بولمايدۇ. قىز چىقمىغان قىزنىڭ ھەر قانداق باھانىلىرى ئاقمايدۇ.

– ھازىرقى باللارغۇ «ئېشەك ئالساڭ مىنىپ ئال» دەپ سىناپ بېقىپ ئالىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن بىز ئۇنداق قىلالمايمىز-دە!

– ھەسرەتلىنىپ كەتتىڭمۇ؟ شۇنداق قىلساڭ بولامتى ئەمىسە؟ ئۇنداق قىلساق زىنا بولىدۇ قارىم، زىنا! ئەگەر مەھكىمە شەرئى ھازىر بولىدىغان بولسا 100 دەررە ئۇرۇلىدىغان چوڭ گۇناھ بولىدۇ بۇ! تېخى بۇ توي قىلمىغانلارغا بېرىلىدىغان يېنىك جازا، ئەگەر توي قىلغانلار زىنا قىلسا، تۆت كىشى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرسە، زىناخورلار تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ئەمەسمۇ! لېكىن، مۇسۇلمانلىرىمىز مۇنداق بىر جازانىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى، بۇ جازا ھازىرقى كىشىلەرنىڭ

تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدۇ، شۇڭا ھازىر ھەممە يەرنى بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كەتتى، ئەيدىز كېسىلى ماراپ تۇرىدۇ، يەجۇجى-مەجۇجىلەر ئەتىلا چىقىپ كېلەمدىكىن دەيمەن، بۇ ۋاباغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە سىلەرمۇ سۆزلىگەنسىلەر ھەرقاچان، ئۇنىۋمى بولىدىمۇ؟ ھەي تاڭ جۇمۇ، ئەيدىز كېسىلى يەنىلا چىقىۋاتىدۇ...

ـ بىزنىڭ يەردىمۇ ئوخشاش. سۆزلىدۇق، يەنە سۆزلەۋاتىمىز. ئاڭلايدىغانلار ئاڭلايدىكەن، ئوينايدىغانلار يەنە ئويناۋېرىدىكەن...

ـ شۇڭا مېنىڭمۇ چاتىقىم يوق، مەسچىتنى مۇئاۋىن ئىمامغا تاشلاپ بەردىم، 15 كۈنلۈك يىغىنىغا قاتنىشىپ قويىمەن، ئۇخلاپ، ئەسنەپ يېنىپ چىقىمەن.

تاھىر قارى ئىمامىلىقنى ياردەمچى ئىمامغا بېرىپ، تاش سودىسىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى ۋە بۇنىڭ ئىپى-جىپىنى خېلىلا بىلىپ قالغانىدى.

ـ ھۆكۈمەتنىڭ بەرگىنىگە قاراپ تۇرساق ئاچ قالىدىكەنمىز، ئانچە-مۇنچە مىدىرلاپ تۇردۇق...- دېدى تاھىر قارى مەمنۇنىيەت بىلەن، قارىغاندا تاش سودىسىدىن ئانچە-مۇنچە پايدا تاپقاندەك قىلاتتى.

ـ دەريادىن تاش تاپقان ئوخشىمامسەن؟!

ـ ياقەي، بىز تاش كولىغىلى چىقمايمىز، ئەللىنىڭ قولىدىكى تاشنى ئېلىپ باشقىسىغا ساتىمىز، ئوتتۇرىدىن پايدا قالىدۇ، بەزىدە ھېچنېمە يوق. لېكىن يېقىندىن بېرى تاش سودىسى قىزىپ كەتتى... مەندىن ئالغىنى يەنە باشقا بىرىگە ساتىدۇ، پايدا-زىيىنى ئۆزىگە. ئاندىن ئۇنى يەنە بىرى سېتىۋېلىپ ئىچكىرىگە ئاپىرىدۇ، خېرىدار ئىزدەيدۇ، خېرىدار تېپىپ ساتالىسا ئەڭ چوڭ پايدىنى شۇ ئالىدۇ. خەنزۇلاردا باي جىق، شۇلار سېتىۋالىدۇ، شۇڭغىچە بۇ تاش دېگەن قولدىن قولغا مېڭىپ تۇرىدۇ...

ـ مۇنداق دە، بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ تاش كولىغىلى كەتكەنلەر بار ئىدى، لېكىن تاش تېپىپ بەك بېيىپ كەتكىنىنى ئاڭلىمىدۇق...

ـ تاشنى ئەڭ دەسلەپتە تاپقانلار پايدىنى ئەڭ ئاز تاپىدۇ، جىق تاپىدىغانلار ئوتتۇرىدا ۋاسىتىچىلىق قىلىدىغانلار...

– بۇرۇن ئانچە ئاڭلىمايتتۇق بۇنداق گەپلەرنى، قاشتېشى دېسە ئادەتتىكى تاشتىن ياخشىراق تاش دەپلا بىلەتتۇق...

– ئۇنى بىر دېمە، هازىرمۇ شۇنداق قارايمىز. لېكىن خەنزۇلار ئۇنداق قارىمايدىكەن، ئۇلار بۇ تاشقا چوقۇنىدىكەن، بۇ تاشتا پاك، سۈزۈك روھ بار دەپ ئىشىنىدىكەن، بۇت ياسايدىكەن، يا بولمىسا بىلەزۈك، چىنە-قاچا... دېگەندەك نەرسىلەرنى ياسايدىكەن.

– لېكىن ئاداش، ئۇنىڭدىن بۇت ياسىسا بىزگە گۇناھ كەلمەمدۇ؟

– ئۇنى بىز تاش دەپ ساتىمىز-دە، ئۇنىڭدىن بۇت ياسامدۇ، بىلەزۈك ياسامدۇ، نېمە ياسىسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى... شۇڭا گۇناھ كەلمەيدۇ.

– بۇ گېپىڭمۇ راست، بىزنىڭ قولىمىزدىكى تاش ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي نەرسە، ئالقىنىمىزدىكى ئامەت-دە!

– ئامەت دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئاپەت دېسەڭمۇ بولىدۇ، تاش توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلايدىغان بولساڭ ئەقلىڭ هەيران قالىدۇ. تاش تېپىپ ياكى تاش سودىسى قىلىپ بىر كېچىدىلا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، هەتتا نەچچە مىليون تاپقانلار بار. پۇل تاپقانلىرى ئەڭ ئاۋۋال خوتۇن ئالماشتۇرىدۇ، يا بولمىسا قوشلاپ خوتۇن ئالىدۇ؛ ئاندىن بەسلىشىپ قىممەت ماشىنا ئالىدۇ، ئۈرۈمچىدىن ئۆي ئالىدۇ، بىرەر قىزنى ئاشنا تۇتۇپ شۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ...

– ئاللاھ بەرگەن بايلىقنى مۇشۇنداق بۇزۇپ-چاچىدىكەن-دە؟!

– ئۇنداق قىلمايدىغانلىرىمۇ بار، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىۋاتقان باي هاجىملىرىمىزمۇ بار، لېكىن بۇلار بەك ئاز ساندا. كۆپىنچىسى يامان يولدا كېتىپ بارىدۇ. تاشنى دەپ ۋەيران بولغان، جېنىدىن ئايرىلغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنى ئويلىساڭ، تاش دېگەن بىر سەۋدايى ئاپەت، ئەيدىزدەك بىر ۋابا دېگۈڭ كېلىدۇ. ئۆتكەندە مەسچىتكە بېرەيلەن كەپتۇ، نامازدىن كېيىن تۇتۇۋالدى، نېمە ئىش دېسەم، «ئىمام ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، مۇشۇ يۇرتتىن تاش چىقماسلىقنى تىلەپ خۇدايىمغا بىر دۇئا قىلىپ قويغان بولسىلا» دەيدۇ، نېمىشقا دەپ سورىسام، ئۇ كىشى دەردىنى تۆكتى: ئەسلىدە بۇ كىشىنىڭ

چىرايلىق ئىككى قىزى، قاملاشقان، ئەخلاقلىق كۈيئوغۇللىرى، ئوماق نەۋرىلىرى بار ئىكەندۇق. كۈيئوغۇللىرىغا تاش سەۋداسى چاپلىشىپ، پۇل تاپقاندا خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قىزى باللىرىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. ئۆيىنى تېخىمۇ نامراتلىق، پاراكەندىلىك بېسىپتۇ. هازىر تاش تېپىپ بېيىغانلارنىڭ ئائىلىسى ئاساسەن بۇزۇلۇۋاتىدۇ.

– ئىمانىنىڭ تايىنى يوق، ئاڭ سەۋىيىسى يوق ئادەملەرگە بايلىق ئۇچرىشىپ قالسا شەيتانغا ئەگىشىپ كېتىدۇ دېگىنە.

– توغرا دەيسەن، بىر كېچىدىلا مىليونېر بولۇپ كەتكەن ئادەملەر ئەسلىدىنلا ساپاسىز بولغاچقا ئىشتىنىغا پاتماي قالدى، ئىلگىرى بىر تىيىننى تىترەپ خەجلىگەن بولسا ئەمدى تازا بولۇشىغا خەجلەيدىغان بولدى، راھەت-پاراغەت، ئەيش-ئىشرەتكە ئۆزىنى ئاتتى...

– ئاللاھ بۇنىڭ ھېسابىنى هامان ئالىدۇ.

– ئۇنى دېسەڭ، بەزىلىرى مۇشۇ دۇنيادىلا جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ.

ـ سەنغۇ بۇ سودىنى قىلمىۋاتىسەن، قانداقراق، بولامدىكەن؟

ـ ئىشقىلىپ يامان ئەمەس، بىر نەچچىسىگە شېرىك بولدۇم. يېقىندا شېرىكلەرنىڭ بىر مۇنچە تاشلىرى يىغىلىپ قالدى، خەنزۇچە بىلگەندىكىن ئىچكىرىگىلا ئاپىرىپ كەلسەڭ، پايدىسىنى تەڭ بۆلۈشسەك دەۋاتىدۇ، دىندا ئوقۇغاندىكىن بىزگە بەكرەك ئىشىنىدىكەن دېگىنە، ماقۇل دېدىم. يالغۇز بارغىچە سېنىمۇ بىللە ئېلىۋالايمىكىن دەپ ئويلىدىم، شۇڭا ساڭا تېلېفون قىلدىم. دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئالساڭ، بىللە بېرىپ كەلسەك، شۇ باھانىدە بېيجىڭنىمۇ كۆرۈپ مەكتىپىمىزنى يوقلاپ كەلسەك دەيمەن...

ـ بۇ بەك ئوبدان ئىشكەن، لېكىن يانچۇقنىڭ تازا تايىنى يوق تۇرىدۇ...

ـ ئىمام بولغاندىكىن ماناق سەدىقە- پىتىر دېگەنلەرنى يىغىمىدۇقمۇ؟!-دېدى تاھىر قارى كۈلۈپ،- ئەنسىرىمە، چىقىملىرىڭ مەندىن، تاشنى ياخشى ساتالىساق سېنىڭمۇ تېگىشلىك نېسىۋەڭ بولىدۇ.

ـ ئۇنداق بولسا باراي!ــ دېدى سېيىت قارى خۇشال بولۇپ.

ئىككىيلەن سەپەرنىڭ پىلانلىرى ئۈستىدە بىر دەم پاراڭ سوقۇشۇپ ئاندىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

20

سىيىت قارىنى شۇ ئاخشىمى كۆڭۈلسىز ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن زۆھرە ناھايىتى پەرىشان بولدى. ئەتكەن تامىقىنى يېگۈسى كەلمىدى. ئادىلە ئەسكىچە پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، مۇھەببەت، جىنسىيەت، سۇيىقەست، ئىنتىقام مەزمۇنى چىقىدىغان بىر فىلىمنى كۆرۈپ ئولتۇردى، زۆھرەگە ئۇ فىلىمنى كۆرۈشمۇ خوشياقمىدى، بىر جۈپ تەلۋە ئاشىق سۆيۈشكەن، كارىۋاتقا چىققان كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئىچى سىقىلدى، ئاشخانىغا قاچا يۇغىلى ماڭدى. سىيىت قارى يېمىگەن تاماق ئېشىپ قالغانىدى، زۆھرەنىڭ تاماقنى ئوخشىتىمەن دەپ قىلىپ كەتكەنلىرى بىكارغا كەتكەنىدى. ئېشىپ قالغىنى تاماقلا، ئەمەس بەلكى زۆھرەنىڭ ئىچى پۇشۇغى، ئادىلەگە بولغان ئاچچىقى، ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوقلۇقى، تۇگىمەس ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ھامان بىر ئەرگە ئىختىيارىنى تاپشۇرۇش قىسمىتى، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئازابلىق تاللاش، يا بۇلغىنىش يا ۋىجدان راھىتى بىلەن ياشاش... ئىدى. قاچا يۇيۇۋاتقان مۇشۇ چىرايلىق قوللىرى بىر كۈنى قېرىپ قورايدەك بولىدۇ، يۈزىگە قورۇق چۈشىدۇ. گۈزەل چىرايغا ئەسلىدە گۈزەل ھايات نېسىپ بولسا بولاتتى، ئەمما گۈزەللەر كۆپ ھاللاردا بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى تەلەپنى يۇقىرى قويۇۋېلىپ، بەختنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بەختنى ھېس قىلالمايدۇ ۋە ئۆزىنى يەنىلا بەختسىز ھېس قىلىدۇ. زۆھرە ئەگەر بۇ دۇنيالىقنى دېسە چىرايى، بەدىنىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش، نەپسىگە بېرىلىش كېرەكلىكىنى، ئۇ دۇنيالىقنى دېسە روھىنى، ئىمانىنى ساقلاپ ياشاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئەمما ياشلىقى، گۈزەللىكى، ئىززەتكە، بەختكە بولغان تەشنالىقى رېئاللىققا باغلىنىپ كەتكەچكە، بۇ دۇنيالىق ئارزۇسى دائىم غالىب كېلەتتى. بۇ دۇنيانىڭ خامىنىدا زۆھرەنىڭ نەپسى گويا كالىغا ئايلىنىپ موھتاجلىق تېشىنى سۆرەيتتى، بۇ تاش رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھەر قانداق خىيالنى يەنچىپ تاشلايتتى. ئەمما زۆھرە پايمال قىلىنغان ئاشۇ خىيالغا، ئېتىقادىغا، ۋىجدانىغا ئىچ ئاغرىتىپ، «ماڭىمۇ نېمە ئامال...» دەپ ئويلايتتى. لېكىن نەپسىگە بەك بېرىلىپ ئۆزىنى يوقاتقان ئۈسسۈلچى قىزلارنى، زەھەر چەككۈچى پاھىشە قىزلارنى، بايلارنىڭ

ئاشىنىسىغا ئايلانغان تەكەببۇر قىزلارنى، ماھىيەتتە جىنسىي قۇللۇققا چۈشكەن، پىستىدەك ئەرمەككە ئايلانغان ئويۇنچى قىزلارنى ئويلىسا ئېتىقاد، ئەخلاق، شەرمى ھايانىڭ مۇھىملىقىنى، ئەخلاقنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، پاكلىقنىڭ گۈزەللىكىنى، ۋىجداننىڭ راھىتىنى ھېس قىلالايتتى، سېلىشتۇرۇپ بىلەلەيتتى. ئەمما بۇ غايە ئىدى، غايە! ئادەملەر دائىم شۇنداق دەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئادەملەر بىر پاھىشە، ئۆزىنى ھەر قانچە ئاقلىسىمۇ ئاقلاپ بولالمايدىغان بۇزۇق قىز. ئۇنىڭ مۇلازىمەت، ھېسسىياتنى ساتماي ئەقىل بىلەن ھۇزۇرلىنىش دەۋالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە بېرىلگەن تەسەللى. ئۇ بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشنى ئويلاشمايدۇ، چۈنكى ئۇ خىزمەت تېپىش جەريانىدا بىلىمنىڭ چوڭلۇقىدىن كۆرە كۆكسىنىڭ چوڭلۇقىنىڭ بەكرەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، چىراي ۋە بەدەن گۈزەللىكىنىڭ ئىشقا بەكرەك يارايدىغانلىقىنى، تەڭدىن تولا ئەرلەرنىڭ شۇنىڭغا بەكرەك قارايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن، ئاياللارنىڭ بەربىر ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلەپ، ئەرلەر ئالدىدا نايناقلاپلا ئۆتىدىغانلىقىنى، مۇلازىمەتنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ ئۆزگەرمەس ھەقىقەتلىكىنى ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. زۆھرە تېخى بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ بولالمىغاچقا ئادىلە ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتىپ بولالماي، ئىش ئۆگىتىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى.

لېكىن زۆھرەنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇپ بېرىشىمۇ ئادىلە ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى؛ زۆھرە تاماق ئېتەتتى، قاچا يۇياتتى، ئۆي تازىلايتتى، ھەتتا ئادىلەرنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. ئىلگىرى قالايمىقان تۇرىدىغان ئۆي زۆھرە كەلگەندىن كېيىن رەتلىنىپ، چىرايلىق، پاكىز بولۇپ قالدى. ئەمما زۆھرەنىڭ يېڭى تويى قىلغان قىزدەك ئىشچانلىقى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئادىلەنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ھەسرىتى ئىچىگە پاتمايتتى، بەزىدە زۆھرەنىڭ كىچىك قىزلاردەك ئوماق قىلىقلىرىنى كۆرسە ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا زۆھرە بۇنداق تۇرىۋەرمەسلىكى، چوڭ بولۇشى، ئىش كۆرۈشى، ئۆزگىرىشى، ئۆزىدەك «پىشىپ يېتىلگەن» بولۇشى كېرەك ئىدى.

زۆھرە چېچىنى قويۇۋەتتى، بۇ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. بۇ

كۆپايە قىلمايتتى، ئادىلە ئۇنىڭ ئەدىبىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئاۋۋال سودا سارايلىرىدىن، قاۋاقخانا، دېسكوخانىلاردىن، ئامېرىكىنىڭ ۋەھشىي فىلىملىرىدىن، ئۇچىنچى دەرىجىلىك سېرىق كىنولاردىن باشلىدى. زۆھرە غايەت جەزبىلىك سارايلاردا ئالتۇن بويۇملارغا، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەرگە قارايتتى، داڭلىق ماركىلارنى تۇتۇپ باقاتتى؛ دېسكوخانىلارغا كىرسە بەدەنلىرىنى تولغاپ باققۇسى كېلەتتى، ئادىلە قولىدىن تارتىپ ئوتتۇرىغا چۈشكەندە بولسا خىجىل بولۇپراق ئويناپتتى، ئەمما قاراڭغۇلۇقتىكى ئەسەبىي رېتىم،، ۋال-ۋۇل چىراغلار ئۇنىڭغا ئەركىنلىك، خۇشاللىق بېغىشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىردەمدىلا ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان شوخ قىزغا ئايلىناتتى. ئامېرىكىنىڭ ئاشىق، جىنايەت، غەيرىي مۇناسىۋەت فىلىملىرى ئۇنى باشقا بىر دۇنيانىڭ غىدىقلىرىغا غەرق قىلىۋېتەتتى، كۆرۈپ بولۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى، زىددىيەتلىك خىياللارغا چۆكەتتى، كېچىلىرى تىترەپ ياتاتتى. سېيىت قارى تاماققا كەلگەندە كۆرگەن زۆھرە ئاشۇنداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغان زۆھرە ئىدى، زۆھرەمۇ سېيىت قارىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، بەش يىلدا ئۆزگەرمەي تۇرغان سېيىت قارى ئۇنىڭغا ئېتىقاد، ئەخلاقنىڭ ئۆزىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى، خىجىل بولدى، ئەمما سېيىت قارىمۇ ھېسسىياتچان بالا ئىدى، ئەگەر ئادىلە سېيىت قارىغا «ئەگەر باشقا ئىشتىھايىڭىز بولسىمۇ دەڭ، نەپسىڭىزنى ئوبدان قاندۇرۇپ ئاندىن سىزنى يولغا سېلىپ قويىمىز» دېگەن چاغدا، مۇشۇ گەپنى زۆھرە مۇشۇ ئۆيدە يالغۇز دېگەن بولسا سېيىت قارىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى، زۆھرە تۇرماق ئادىلەمۇ ئۇنىڭغا يالغۇز ھالدا مۇشۇ گەپنى قىلىپ سېيىت قارىغا شوخلۇق بىلەن ئېسىلىپ ناز قىلسا سېيىت قارىنىڭ ھاياجاندىن خۇدىنى يوقىتىپ، شەھۋەتكە تەسلىم بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش ئىدى. شۇڭا، ھېچ ئىنسان ئۆزىنى پەرىشتىدەك پاكلىققا چىقىرالمايتتى، نەپسانىيەت بۆرىلىرى ئەرلەر جاڭگىلىدا بەكرەك ھۇۋلايتتى.

ئادىلە سېيىت قارىغا كىرىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا زۆھرە ئۆزىنىڭ ئادىلە بىلەن ئوخشاش مەيداندا ئىكەنلىكىنى، سېيىت قارىغا زادى مۇشۇنداق دېمەيمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، سېيىت قارىنىڭ بۇ گەپلەردىن تېرىكمەي زۆھرەگە بولغان ھەقىقىي

ھېسسىياتىنى ئادىلەنىڭ ئالدىدا ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ، زۆھرەنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ، خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنى سۆيەلمىسىمۇ، ھېچ بولمىسا بىر قۇچاقلاپ قويۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. سىيت قارى ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياستىپ چىرايلىق بولۇپ كەلگەنىدى، ئۆزىمۇ پاكىز بالا ئىدى، بەلكىم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق قىز بالىنى سۆيۈپ باقمىغانىدى، ئىشقىلىپ، بىر سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان بالا ئىدى، خوشلىشىش ئالدىدا تېخىمۇ يېقىملىق، قەدىر-قىممەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما سىيىت قارى زۆھرەگە ياخشى كۆزدە باقمىدى، بەلكىم زۆھرەنىڭ ھازىرقى ھالىتى كۆڭلىگە ياقمىدى، باشتىن ئاخىر ئىچىگە تىنىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلە گەپكە سېلىپ چىشىغا تەگدى، ئىش بۇزۇلدى، سىيىت قارى قىزىرىپ بوغۇلۇپ كەتتى، ئاشنىمۇ يېمەي تالاغا ئۆزىنى ئاتتى...

زۆھرە قاچا يۇيغاچ ئادىلەنىڭ قاتتىق گەپلىرىنى ئويلايتتى، سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىدە ئەمدى مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى پەملەيتتى. ئېشىپ قالغان تاماق، ھەر ئىككى تەرەپكە يۈكلەنگەن ئىزا-ئاھانەت، كۆڭۈلدە قالغان جاراھەت... ھەممىسى تۈگەيدۇ، ئاشنى يېمىسە تۆكۈۋەتسە بولىدۇ، ئىزا-ئاھانەتنى ئويلىمىسىلا بولىدۇ، جاراھەتنى بىر دەمدە ساقايتقىلى بولىدۇ... لېكىن، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. قاراپ تۇرۇپ كۆڭلى يۇمشاق بىر تالىپ بالىنىڭ كۆڭلى ئازار يېدى، بۇ شەھەردىن كۆڭلى يېرىم كېتىدىغان بولدى، ئادىلەنى بۇزۇقتا، زۆھرەنىمۇ ئەگەشكۈچى بۇزۇقتا چىقىرىپ بولدى... ئادىلە ياخشى قىلمىدى، ئەمما سىيىت قارىمۇ خوتۇن كىشىدەك قېيداپ، ئۇنداق ئالدىراپ كېتىپ قالمىسا بولاتتى...

ـ ئەجەب ئۇزۇن يۇيۇپ كەتتىڭ، بۇياققا چىقە، كىنونىڭ قىزىق يېرىگە كەلدى!...ـ دېدى ئادىلە گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ.

ـ مانا ھازىر...

ـ ئېشىپ قالغان تاماقنى تۆكۈۋەت، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىمۇ ئۇنتۇپ كەت!

ـ تۆكۈۋېتىمەن، لېكىن سەن ياخشى قىلمىدىڭ...

ـ نېمىنى ياخشى قىلمىدۇق؟ گەپ دېگەن يۈزدە ياخشى، يۈزى قېلىن نېپىز بالىكەن ئۇ، شۇنچىلىك

گەپنى كۆتۈرەلمىسە نەرى ئوغۇل بالا ئۇنىڭ؟!

ــ لېكىن ئۇ مېھمان-دە! مېھماننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنى ئەدەپلەيدىغان ئىش نەدە بار؟ يەنە كېلىپ بىز دېگەن قىز بالا...

ــ قىز بالا بولساق نېمە بوپتۇ، دەيدىغاننى دېيىش كېرەك. چىدىمىسا ئۇزۇنغا چىقسۇن.

ــساڭا مەن دېگەن، ئۇ بالا بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى بەربىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش، كۆڭلىگە ئازار بېرىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق ئىدى، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويساق بولاتتى...

ــ ئۆزى چىدىماي كەتتى، يىگىتتەك ئولتۇرۇپ مەن بىلەن زاكۇنلىشىپ مېنى قايىل قىلالىسا بولاتتى، ئىشىپ كەتكەن يېرى بولسا يۇزۇمگە بىرەر شاپىلاق سالالىسا بولاتتى، ئۇنداق قىلالمىدى، مەن ئۇنىڭدىن شۇنى كۈتەتتىم...

زۆھرە ھەيران قالدى، قاچىنى يۇيۇپ بولۇپ ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، ئادىلە كىنودىن ئامېرىكىنىڭ قارام، لۈكچەك ئەرلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

ــ شۇنداقتىمۇ چىرايلىق گەپ قىلغان بولساڭ، چىرايلىق ئولتۇرغان بولساق بولاتتى ...

ــ كۆڭلۈك يېرىم بولۇپ قاپتۇ-دە! مېنىڭچە ئۇ بالا ئۇنىڭغا ئەرزىمەيدۇ. مەن تازا تەگكىدەك گەپ قىلدىم، ئوبدان گەپ قىلدىم. ئەگەر بىلسەڭ، مېنىڭ گەپلىرىم ئۇنىڭغا پايدىلىق.

ــ مەن بۇنداق بولار دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...

ــ ئاشۇنداق ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. قارا ماۋۇ ئامېرىكىلىقلارغا، ئادەم ئويلاپ باقمايدىغان ئىشلارنى كىنو قىلىپ ئىشلەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قىزىقى بولىدۇ. تۇرمۇش دېگەنمۇ شۇ، بىر خىل ئۆتتۈۋرسەڭ زېرىكىسەن، ئۇنى-بۇنى قىلىپ بېقىش، قىلمىغاننى سىناپ بېقىش كېرەك. مەن ئۇ بالىنى كۆرۈپ باقاي دېدىم، كۆرگەندە گەپ قىلغۇم كەلدى، قارىسام كاللىسى بەك قاتمالكەن، ئېچىپ قوياي دېدىم. بىر خىللا ياشاپ كۆنۈپ قالغان بىچارە بالا گەپلىرىمدىن چۆچۈپ كەتتى. جاھاندا مۇنداقمۇ قىزلار باركەن دەپ ئويلىدى. ئويلىسۇن، كۆرسۇن، كاللىسى سىلكىنسۇن. بولمىسا بىر ئۆمۈر شۇنداق ئۆتىدۇ. سەن شۇنداق لامزەللە بالا بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتەلەمسەن؟ ياق، مەن بولسام بىر كۈنمۇ

پايلىمايمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىچىنىپ كەتمە، ئىچىلىپ ئولتۇر، بۇنچىلىك ئىشلاردىن خاپا بولۇپ تۇگىشىپ كەتسەڭ، ئەتە-ئۆگۈن نى ئىشلار ئالدىڭغا كەلگەندە ئۆلۈپ بەرگىدەكسەن. ماۋۇ شەھەرنى خېلى كۆردۈڭ، ئادەملەر رەزىل، ئۇنداق بىچارىلىكنى كۆتۈرمەيدۇ. شۇڭا جېنىڭنى قىينىماي ئەركىنرەك ياشىشىڭ كېرەك. پەقەت چىدىماي قالغان بولساڭ، ئۇ بالىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۇرتۇڭغا كېتىپ تويۇڭنى قىل. شۇ چاغدا مۇرادىڭغا يېتىسەن، كۆڭلۈڭ ئارام تاپىدۇ...

— چىدىماي قېلىۋاتقىنىم يوق، لېكىن قىلغىنىمىز توغرا بولمىدى دەپ كۆڭلۈم يېرىم شۇ...

— ھەي، سېنىڭ شۇ باغرى يۇمشاقلىقىڭغا كۈلگۈم كېلىدۇ، ئويلىما ئۇنداق ئاجىز بالىنى، ئەر كىشىنىڭ بەلگىسى دېگەن كۈچ-قۇۋۋەت، ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلماسلىق كېرەك، ئۇلارغا بىز ھېسداشلىق قىلىپ كەتسەك، بىزگە كىم ھېسداشلىق قىلىدۇ؟! بىز ئاجىز ئەمەسمۇ، بىز بىر كۈچلۈك ئەرنىڭ ھىمايىسىگە موھتاج ئەمەسمۇ؟ ئۇ بالا بۇنى ھەرگىز ئۇقمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى پاك ھېسابلاپ بىزدىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلايدۇ.. كۆرمىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ساڭا قانداق قاراپ كەتكىنىنى... ئۇ بالا ئىككىلىمىزنى بۇزۇقلا چىقىرىپ بولدى، شۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقىم كەلدى. سەن تېخى غېمىڭدە يوق ئولتۇرىسەن... بىزگە شۇنداق غەيرىي كۆزدە قاراۋاتسا گەپ قىلمىساق بولامتى؟

— بىز شۇنداق تۇرغاندىكىن، شۇنداق چۈشەنسىمۇ چۈشەنگەندۇ...-دېدى زۆھرە مەيۈسلىنىپ.

— بىز نېمە بوپتۇق، كۆزىگە سىغمىغان بولسا ئىشىنى قىلسۇن. ئۇنىڭ قانداق قارىشى سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇھىمما؟ ياخشى كۆرمىگەن ئادىمىڭ سېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالسا ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلىسەن ئەمەسمۇ؟ قىز بالا دېگەنغۇ شۇ، بىرسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنى تاما قىلىپلا ئۆتىدۇ. لېكىن ئەسقاتمىغان مۇھەببەتنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئادىلەنىڭ مەيدانى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى؛ ئۇ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان بىر ئىشنى ئادەتتىمۇ چوڭقۇر ئويلايدىغاندەك، نەق، ئېنىق، زەردىلىك گەپ قىلاتتى. زۆھرە ئىككىلىنەتتى، قىينىلاتتى، تىترەيتتى، ئەمما ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنىڭمۇ نېمىلەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن مۇشۇ ئۆيدە، ئادىلەنىڭ قېشىدا تۇرۇشنى خالىغانىكەن، ئۇنىڭ گېپىگە ھۆرمەت قىلىپ، رايىشلىق

بىلەن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. زۆھرە بەزىدە ئۆزىنى ئادىلەنىڭ مالىيىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى، لېكىن ئادىلە بىر نېمىلەرنى قىلىپ زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئىشىغا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئادىلە تۆلىگەچكە زۆھرەمۇ ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى.

ئادىلە  بېيجىڭنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان، چەت ئەللىكلەر كۆپ بارىدىغان بىر كەچلىك كۇلۇبتا  چەت ئەللىكلەرگە تەرجىمانلىق قىلىدىغان ئىش تاپتى؛ كۈندۈزى ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ كىنو كۆرسە كەچتە يېقىن كۇلۇبقا بېرىپ ھور مۇنچىسىغا چۈشىدىغان، بەدەن ئۇۋۇلىتىدىغان چەت ئەللىكلەرگە ئىنگلىزچە  تەرجىمانلىق قىلاتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ تولىسى ئىنگلىزچە بىلەتتى، ئەرەبلەر بىلەن ھىندىستانلىقلار ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلىگەچكە ئادىلە دەسلەپتە ئۇقالماي كېيىن پىششىپ كەتتى. ئۇ جۇڭگولۇق قىزلارنىڭ بىلىقتەك كۆزىگە ۋە بەدىنىگە خۇمار چەت ئەللىك بايلارنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بۇ يەرگە ئاساسەن كۆڭۈل خوشلۇقىنى، شەھۋەت نەپسىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەچكە جىق پاراڭ قىلمايتتى، گەپ قىلىشمۇ خۇشياقمايتتى،  شۇڭا تەرجىمانلىقمۇ جىق كۈچ كەتمەيتتى. ئادىلە بۇرۇن كۆنگەن خۇسۇسىيىتى بويىچە كۆڭلىگە ياققان، مەرد، ئىلمىي كۆرۈنىدىغان چەت ئەللىكلەرنىڭ  چەكتىن ئاشقان تەلىپىنى رەت قىلمايتتى. ئۇ  نېگىر  مۇھەببىتى بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن قۇتۇلالمىغان ئەيدىز ۋەھىمىسىنى ھەر قېتىملىق مۇناسىۋەتتە بىللە ئېلىپ يۈرەتتى، بۇ ۋەھىمە ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلمەيدىغان، بەلكى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ راھەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بايلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، خەلقئارا شىركەت خادىملىرى، ھەتتا باي ئوقۇغۇچىلارنىمۇ كۆردى، بەزىلىرى بىلەن ئالاقە باغلىۋالدى، ھەممىسى ۋاقىتلىق پايدا-مەنپەئەت، بىر-بىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشلا  ئىدى. بۇنداق مۇناسىۋەتتە ئاشىق-بىقارارلىق، ھەقىقىي ھېسسىياتتا بىرلىشىش، شىرىن-سۆخەن پاراڭلىشىش، رومانتىكىلىق كەيپىيات، خوشلاشقاندا بىر-بىرىدىن قىيالماسلىق كەمدىن كەم ئۇچرايتتى، پەقەت شەھۋەت  تەلەپلىرى ۋە ھايۋانلىق تەبىئەتلا بار ئىدى. ئادىلە گەرچە ئۆزى سەسكىنمەيدىغان ئەرلەرنى

تاللىسىمۇ، ئۇنداق ئادەم دائىم ئۇچرىمايتتى ياكى شۇنداقتەك كۆرۈنگەن ئەرلەر ئەمەلىيەتتە ئەڭ يىرگىنچلىك مەخلۇققا ئايلىناتتى، بەزىلىرىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىدى، ئادىلەنى جىسمانەن خورلىغاندەك بېزەپ قىلىقلارنى قىلاتتى. بەزى بايلار شۇنچىلىك تويماس ئىدىكى، بىر جېنىغا ئىككىنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى، بۇنداق چاغدا ئادىلە تېخىمۇ ئازابلىنىپ، قەدىرسىزلىكىدىن ئاھ ئۇراتتى... ئادىلە ھەممىگە چىدىدى، چىدىغانغا چىقارغان جاھان بۇ دەپ ئويلىدى. ماڭغاندىكىن ئاخىرىغىچە مېڭىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە توختايمەن دەيتتى، لېكىن شۇ چەككە قاچان يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى.

ئۇ كۈندۈزى ئۆيدە بىكار بولسىلا ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپانىڭ ئەڭ يېڭى چىققان فىلىملىرىنى سېتىۋېلىپ كۆرەتتى، سېرىق دېيەلەرنىمۇ ئارىلاپ كۆرۈپ قوياتتى، مۇشۇنداق كىنولارنى كۆرۈۋېرىش ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ئېڭىدا تەبىئىي ئىشلارغا ئايلاندۇرماقچى بولاتتى. مەن بۇلغاندىم، مەن ئەيدىز، مەن ئۆزگەردىم، كاللامنى، بەدىنىمنى، ئىشقىلىپ ھەممە يېرىمنى دەسمىي قىلىپ جاننى گۈلدەك بېقىشىم لازىم، ئەمدى ماڭا باشقا يولنىڭ لازىمى يوق، بولۇشۇم شۇ.. دەپلا ئويلايتتى، بۇلغانماستىن بۇرۇنقى گۈزەل، پاك چاغلىرىنى خاتىرىسىدىن تامامەن ئۆچۈرۈپ، ئەخلاق، ۋىجدان دېگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ، كۆڭلى نېمىگە تارتسا شۇنىڭدىن راھەتلىنىشنى، شەيتانغا كۈلۈمسىرەپ بېقىشنى ۋە ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئورتاقلىشىشنىڭ ۋاز كېچەلمەس شادلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندا بىللە ياتقان خەنزۇ قىزلارنىڭ «ھازىر ئەخلاق قالمىدى، ۋىجدان قالدى، لېكىن ۋىجدان دېگەن نەرسىنى يېگىلى بولامتىمۇ؟... جانغا ئەسقاتمايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى-مۇھەببەتنى، پۇلى يوق ئەرنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك» دېگەن گېپىنى توغرا تېپىپ، ئۆزىنىڭمۇ ياشاش پەلسەپىسى قىلىۋالغانىدى. ئاۋۋال جاننى بېقىش، ئاندىن كۆڭۈلنى خوش قىلىش، ئاندىن بۇ كۆڭۈلنى داۋاملىق خوش قىلىپ تۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇش، ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ياشاش ئۇنىڭ پىلانىغا، ھەركەت نىشانىغا ئايلاندى...

ھايات رەڭگارەڭ ئىدى، رېئاللىقنىڭ بىمەنە چاقچاقلىرى ئالدىدا كىنو ساختىلىق بىلەن توشۇپ

كەتكەن يالغان ۋەقەلىكلەر دۆۋىسى، ئارتىسلارنىڭ پۇل ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى. ئەمما ئادىلە كۆرەتتى، بېرىلىپ كۆرەتتى، ئۆزىنى شۇنىڭ ئىچىدە قويۇپ تۇرۇپ كۆرەتتى. كەچتە كۇلۇبتا كىنودىنمۇ مۇرەككەپ، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرەتتى. كىملىرى پاھىشەنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ قالاتتى، بىچارىلەر يانچۇقىدىكى دورىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ بولغۇچە چىشى ئۆمۈچۈككە يەم بولغان ئەركەك ئۆمۈچۈكتەك ھالاك بولاتتى. كىملىرى پىخسىقلىق قىلىپ پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان سەتەڭلەر ۋە لاۋبەنلەر بىلەن سوقۇشاتتى، كىملەرنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ، ئادەمسىمان ھايۋانغا ئايلىناتتى، كىملىرى ھور مۇنچىسىنىڭ ئازابىغا چىدىماي ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالاتتى. ھور مۇنچىسىغا بىللە چۈشكەن ئەركەكلەردىن بەزىلىرى بەچچىۋاز چىقىپ قالاتتى-دە، نورمال ئەرلەرنى قورقىتىۋېتەتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچلۈك بولسا كېرەك، بىر ئىش بولسىلا خەلقئارا قانۇننىڭ گېپىنى قىلىپ لاۋبەنلەرنى قورقىتاتتى، ئادىلە بىر چەتتە قانۇنغا ئائىت تېرمىنلارنى دۇدۇقلاپ ئولتۇرۇپ تەرجىمە قىلاتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلى جىق بولغان بىلەن ئىشىمۇ تولا خەق ئىدى، جۇڭگولۇقلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى، لاۋبەنلەر پۇلغا تۇرۇپ كەتكەچكە يەنىلا ئۇلارغا  تۆۋەنچىلىك بىلەن مۇلازىمەت قىلاتتى.  بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش چىقمىسىكەن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى، دېمەك، چەت ئەللىكلەرنىڭ يانچۇقىدىن  پۇل ئۇندۇرۇشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئادىلە پۇل ئۈچۈن غورۇرىنى قايرىپ قويغان قىزلارنى، نى نى ئەرلەرنى، ھەتتا لاۋبەنلەرنى كۆردى، بۇلار ناھايىتى تەبىئىي ياشايتتى، دېمەك، ئادىلەمۇ شۇنداق تەبىئىي ياشىشى كېرەك ئىدى. ئەركىن ياشاش ئەمەلىيەتتە تەبىئىي ياشاشنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئادىلە «تەبىئىي ياشاۋاتىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىگە تېخىمۇ زور تەسەللى، ئازادلىك، خۇشاللىق بېرەلەيتتى. دەرۋەقە، ئۇ شۇنداق قىلدى.

بىر كۈنى ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز  بەردى. ئىجارە ئۆيىنىڭ ھاجەتخانىسىنىڭ ماتوكى توسۇلۇپ قالدى. ئەۋرەزلەرنى چۈشۈرىۋېتەلمىگەن ئادىلە قاتتىق جىلە بولۇپ، زوھرەگە تېلېفون قىلدى، زوھرە ئەتىگەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن ماتوكىغا  قېلىن قەغەز چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەيز كۆرگەندە ئىشلىتىدىغان، سۇدا ئېرىمەيدىغان ئۇ قەغەز ئەۋرەز يولىنى توسۇپ قويغانىدى. ئادىلە زوھرەنى ئەيىبلەپ

بولغاندىن كېيىن بىر تاياقنى تېپىپ تىقىپ باقتى، سۇنى چۈشۈرەلمىدى. ئاخىر بولماي ئۆينىڭ ئىگىسىگە تېلېفون قىلدى، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا دەرھال رېمونتچى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر سائەتتىن كېيىن مورىسىگە قاسماق سومكا ئېسىۋالغان، قاپىقى يامان بىر رېمونتچى ئۆيگە كىرىپ ماتوڭنى تەكشۈردى ۋە ئۇنى ئاجرىتىپ ئېلىپ تۆشۈككە بىر نەرسىلەرنى تىقىپ يۇرۇپ ئۇ قەغەزنى تەستە ئالدى. « قېنى كېلىپ سىناپ باق» دەپ ئادىلەگە قارىدى. ئادىلە ئېڭىشىپ سۇنى بېسىشىغا ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان رېمونتچى ئادىلەنىڭ تار يوپكىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان ساغرىسىنى كۆرۈپ بىردىنلا نىيىتىنى بۇزدى، تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئادىلە قاتتىق چۆچۈپ هوشىنى يوقاتتى، بېشىغا قاتتىق بىر نېمە تەگدى، هوشىنى يىغقاندا ئۇ ئاللىقاچان دەپسەندە قىلىنىپ خالاغا تاشلىۋېتىلگەنىدى. « ئادەم دېگەن مۇشۇنداق رەزىل، هېلىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەپتۇ!...» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى، ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە شۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى. بېرىپ ئۆينى، سومكىسىنى ئاختۇردى، بانكا كارتىسى، تېلېفون. دېگەنلەر جايىدا ئىدى، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، هەتتا خۇشال بولدى.

ئەمما بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىشقا زەردىسى قايندى، زۆھرەنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى، ئۆزىنى يۆلەنچۈكسىز، باشپاناهسىز هېس قىلدى. ساقچىغا تېلېفون قىلاي دېسە ئۇ رېمونتچىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتى، ئۇ چىرايى تۇتۇق ئەرۋاهقىلا ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ئىدى. ساقچى كەلسە يەنە ئۇنى-بۇنى سوراپ، شىنجاڭلىقكەنسەن، نېمە ئىش قىلىسەن، ۋاقىتلىق تۇرۇش كېنىشكاڭ بارمۇ؟... دەپ بىر مۇنچە ئاۋارە قىلاتتى. ئادىلە بۇنى بىر كېلىشمەسلىك دەپلا ئويلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ قورقۇنچى كۆڭلىگە ئۆچمەس بىر سايە تاشلىدى، قورقماي دېسىمۇ قورقتى، خالاغا هەر بىر كىرگەندە كەينىدە بىر كۆز باردەك چۆچۈيتتى. ئاقىۋەتتە ئۇ بۇ ئۆيدىن، بۇ شەهەردىن قورقۇشقا باشلىدى، تولىمۇ ئېهتىياتچان بولۇپ كەتتى.

پاھىشىلەرنىڭ بەدىنى گويا هاجەتخانىغا ئوخشايتتى، قاچانلا بولمىسۇن بىرسىنىڭ تەقەززالىقىنى قاندۇراتتى. ئادىلە تۇنجى قېتىم بۇ يولغا ماڭغاندا ئازابلىنىپ، خالادا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆككەن چېغىدا

پاھىشە بىلەن ھەق ئېلىنىدىغان خالانىڭ ئورتاقلىقىنى ھېس قىلغانىدى؛ ئوخشىمايدىغان يېرى، خالاغا ئېلىنىدىغان ھەق ئەرزان، پاھىشىگە تۆلىنىدىغان ھەق قىممەت ئىدى؛ لېكىن ئادەملىك قەدىر قىممەتنىڭ قوي تېرىسىدەك سېتىلىشى، ئاياللىق ئىپپەت-نومۇسنىڭ چەيلىنىشىنى نەزەردە تۇتقاندا پاھىشىنىڭ باھاسى ھاجەتخانىدىن نەچچە ھەسسە ئەرزان، خار، قەدىرسىز ئىدى. ئادىلەنىڭ ئىلگىرىكى خىيالىدىكى بۇ قەبىھ ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش يەنە غىل-پال پەيدا بولدى، خالاغا كىرسىلا سەسكىنەتتى، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ تىترەپ كېتەتتى، نىجاسەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قورۇناتتى، بىئارام بولاتتى، «ئەر خەق دېگەن ھايۋان... ئىپلاس»دەپ پىچىرلايتتى. قەدىر-قىممەت ھەققىدە ھېچنېمە ئويلىمايتتى، ئەمما ئويلىمايمۇ قۇتۇلالمايتتى، ئۇ بىلەتتىكى، شاپاقتىن ئەرزان بۇزۇقلارمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيتتى، «سۇ پەسكە ئاقىدۇ، ئادەم ئېگىزگە ماڭىدۇ» دەپ ئۆز قوڭىنى ئۆزى يۆلەپ، نومۇسنى سېتىپ بولسىمۇ قەدىر-قىممەتكە، راھەتكە ئېرىشەتتى، قەدىر-قىممەتنى پۇل، جان بېقىش دەپ چۈشىنىپ، شۇ يولدا ھەممە نېمىسىنى دوغا تىكەتتى. بۇ دېگەن ھايۋانلارچە تۇرمۇش دېسىمۇ ئاڭلىمايتتى، ئادەم دېگەن شۇ ھايۋاندىن ئەقىللىقرەك ھايۋانغۇ... دەپ ئۆزلىرىنى بەزلەيتتى... بارلىق بۇزۇقلار بىر ئىش قاتتىق تەسىر قىلىپ ئۈمىدسىزلەنگەندە، ماڭىدىغان يول پەقەت قالمىغاندا، ھاراق ئىچىپ ئىشتان-كۆينەكنى سېلىپ تاشلىۋەتكەندە، ئادەملىك ۋىجدانغا چىداپ بولالماي ھايۋانلىشىپ كەتكەندە، ئۆزىنى بولۇشىغا سالاڭدەك قويۇۋەتكەندە، مۇشۇنداق بولۇش ئۈچۈن ئۆزىگە روھىي مەدەت، تايانچ كۈچ ئىزدىگەندە ئۆزىنى بىچارىلەرچە بەزلەيتتى؛ بۇنداق چۈشكۈنلۈك ئەمەلىيەتتە روھىي جەھەتتىن ئۆلگەنلىكنىڭ باشلىنىشى، ئادەملىككە ماڭماي، ئەكسىچە مايمۇن، چوشقا ئارىسىغا قايتىش ئىدى... ئادىلە ئۆزىنى قانچە قېتىم بەزلەپ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداق قىلمىسا ياشىيالمايتتى؛ ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئوي-خىيالدىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچاتتى، ئەخلاق دېگەن نەرسىگە چىش-تىرنىغىچە ئۆچ ئىدى، چېكەتتى، ئىچەتتى، ئويناياتتى؛ پاكلىق، گۈزەللىك، شەرمى-ھايا دېگەنلەرنى تاماكا ئىسىدەك پۈۋلەيتتى، مەسخىرىلىك كۈلەتتى، ئەينەككە قارىسا ھەرگىز كۆز نۇرىغا، تېپىپچەكلەپ قويىدىغان نازۇك قەلبىگە قارىمايتتى، پەقەت يۈز تېرىسىگە، يۈز مېيىغا، كىرپىك لاكىغا، لەۋسۇرۇخلىرىغا قارايتتى،

قاندەك لەۋلىرىنى يىمىرىپ چىشلەپ قوياتتى. بەزىدە ئۆزىنى ئامېرىكا كىنولىرىدا چىقىدىغان قان ئىچەر ئالۋاستىغا ئوخشىتىپ، «مەن خۇمسى ئەرلەرنىڭ، لاتا ئەرلەرنىڭ، بۇزۇقلارنى دەپ پۇل تاپىدىغان ئەرلەرنىڭ، ئۆيىدىن ئوغرىدەك قېچىپ چىققان شەرمەندە ئەرلەرنىڭ قېنىنى شورايدىغان ئالۋاستى...» دەپ ئويلايتتى؛ ئۇ ئۆزىنى ھايۋانغا ئوخشىتىپ كەمسىتكەندىن كۆرە، ھېچ بولمىسا كىنودا چىقىدىغان «جىن-ئالۋاستى»غا ئوخشاتسا كۆڭلى سەل ئارام تاپاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىر دەم ھايۋان، بىر دەم ئالۋاستى دەپ ئويلىۋالىدىغانلىقىغا قاراپ، ئادەملىكتىن راستتىنلا يىراقلاپ كېتىپتىمەن، بۇزۇقلارنىڭ ھەممىسى مەندەك پاراكەندە ياشامدىغاندۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ۋىجدانى بار بۇزۇقلارلا ئازابلىنالايدۇ، ۋىجدانى يوق رەسۋالار غېمىدە يوق ياشاۋېرىدۇ... ۋىجدانىم تېخى ئۆلمىدى، شۇڭا ئازابىم ئېغىر، دەردىم تۈگىمەيدۇ.. دەپ ئويلايتتى.. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەسەللى ئىدى؛ ئۆز قەدىر-قىممىتى ھەققىدىكى ھەسرەتلىك خىياللىرى ئاللىبۇرۇن تۈگەپ قالغاندەك ئىدى.

ئاشۇ ھايۋان ئۇنىڭ پەخىرلىنىپ يۈرگەن، ئاۋايلاپ كەلگەن بەدىنىنى بىر دەمدىلا ئەۋرەزگە مىلىغۇتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز ئالۋاستى دەپ ئويلىمايدىغان بولدى؛ مۇنچىدا كۆپ يۇيۇندى، ھەر بىر يۇيۇنسا خۇددى روھىنىمۇ پاكلىيالايدىغاندەك قېتىرقىنىپ يۇيۇناتتى، ئەمما روھىدىكى بىر ئالۋاستى ئۇنىڭغا دائىم مەسخىرىلىك تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇ جىلە بولاتتى، «شەيتان دېگەن شۇ، مەن ئەگەشمىسەممۇ ئۇ مېنى ئەگەشتۈرىدۇ... ئۇ بىر ئەركەك جىن» دەپ ئويلايتتى. شەيتان، ئەركەك شەيتان چۈشەنچىسى ئۇنىڭغا ھەممىدىن چوڭ تەسەللى، ئىشلىرىنىڭ ئىلھامچىسى، بەلكى كۈچلۈك ياردەمچىسى ئىدى.

ئاشۇ بەدبەخ ئۇنى ھايۋاندەك دەپسەندە قىلىپ، ئاياللىق ئاجىزلىقىنى ھاجەتخانىغا كۆز ئالدىغا كۈسارەدەك يېيىپ قويىدى؛ ئايال خەق شۇنچىلىك ئىدى، ئاياللىق گۈزەللىك نېمىشقا بىر دەمدىلا ئاپەتكە ئايلىنىپ كەتتى؟ ھەتتا تاس قالدى ئۇنىڭ بېشىغا چىققىلى! دېمەك، سەتەڭلىكمۇ قوش بىسلىق پىچاققا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى سەتەڭ، تەنناز، جەلپكار كۆرسەتكەن، ئەمما شۇ ھايۋاننىڭ قولى تەگكەن، بەدىنى بىلەن تەڭ بۇلغانغان كىيىمنى ئەخلەت چىلەككە پۇرلەپ

ئېتىۋېتكەندىن باشلاپ، ئۇنداق رەڭلىك كىيىم ئالمىدى. ھايۋانلارنىڭ شالىسىنى ئېقىتىدىغان بەدىنى ئامەتنى ھەم ئاپەتنى تەڭ چىللاپ كېلەلەيتتى، بۇ قىسمەتتىن ئەمدى قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر ئەرنىڭ پېشىگە ئېسىلغان بولسا سەتەڭلىكىدىن كېلىدىغان ئامەت داۋاملىق ۋە بەرىكەتلىك بولغانمۇ بولاتتى، ئېرى شەھۋانىي زورلۇق قىلغان بولسا ئەركەكلىك دەپ چۈشىنىپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى، ئېرىدىن تاياق يېسە گەرچە ئۇنىڭغا نەپرەتلەنسىمۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا چۈشكەندە يەنە ئېرىپ بوشىشىپ كەتكەن بولاتتى...

ئۇ كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرۈشنى گۆدەكلىك دەپ مەسخىرە قىلاتتى، يېتەلمىگەن ئارزۇلىرى ئۇچۇن ئازابلىناتتى؛ ئاتا-ئانىسىنى ئويلاشتىن قاچاتتى، باللىق بولۇشنى ھازىرچە تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى؛ پاكلىق يوق، ناپاكلىق كېسەلدەك چاپلاشتى؛ ئېرى يوق، لېكىن ھەر ياقتا نەكەس ئەرلەر بار؛ دوستى يوق، دۈشمەنلىرى بار (دوستلىرىنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتپەرەس، ساختىپەز، شۇڭا ئۇلارمۇ دۈشمەن)؛ بۇ شەھەردە ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەم دۈشمەندەك مىدىرلاپ يۈرۈشىدۇ. دۇنيانى شېرىن چۈش دەپ ئويلىۋالغان، چۈشلىرى، غايە-ئارزۇلىرى بەربات بولغاندا بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىغان چولپانلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بىلەن، ئادىلەدە ئۇنداق جۈرئەت يوق. ئۇنىڭ ئىچى ھەر قانچە كۆچلۈك بولغان بىلەن ئۆزىنى ۋەيران قىلىشقا كۈچى يەتمەيتتى. خارلانغان يەردىن بەلكىم بەخت گۈللىرى ئېچىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئادىلە كۆڭلىنى ھەر قانچە ئاۋۇندۇرسىمۇ ئىچ-ئىچىدىن شادلىنالمايتتى، ۋارقىراپ يىغلىغۇسى كېلەتتى.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن قورقۇنچ، غەزەپ-نەپرەت يوقالمىدى. ئادىلە زۆھرەگە ھەر قانچە غەزەبلەنسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. زۆھرە ئادىلەنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىنلا ئەمەس، ئادەتتىكى جىق ئىشىدىن بىخەۋەر ئىدى، كېچىدە كېلەتتى، ئۇخلايتتى، ئەتىسى ۋاقىچە ئورنىدىن قوپۇپ، كۆزىنى ئېچىپمۇ خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ياتاتتى؛ ئورنىدىن قوپۇپ بىرەر قۇر پەرداز قىلىپلا رېستورانغا چاپاتتى. كەچتە كەلگەندە ئادىلە يوق بولاتتى، ئادىلە كەلگەندە بولسا ئۇ لايدەك قېتىپ ئۇخلاپ كەتكەن بولاتتى.

زۆھرە رېستورانىدا جىق جاپا تارتتى، ھارغىنلىق يەتتى؛ خوجايىن ئۇنى ماشىنا ئادەمدەك ئۇ ياق-بۇياققا ماڭدۇرۇپ باشقۇرۇپ تۇراتتى. خوجايىنىنىڭ خوتۇنى بىر مەزگىل يۇرتقا كەتكەندە زۆھرە خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلمىغان بولسا بەلكىم بۇنچىلىك جاپاغىمۇ قالماس ئىدى. خوجايىن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان بىلەن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى، چۈنكى ئۇنداق ئوقۇغان، ھۆسن-خۇلقلۇق قىزنىڭ رېستورانىدا تۇرۇپ بېرىشى سودىنىڭ ياخشى بولۇشىغا پايدىلىق ئىدى؛ بۇنداق قىز خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىگە، ئىشتىھاسىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

زۆھرە ئادىلەنىڭ گېپىگە كىرىپ، رېستوراندىن چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى، شىركەت ۋە شەھۋانىي مۇلازىمەت قىلمايدىغان ئورۇنلارنى ئۇقۇشتى، ئەمما بېيجىڭدا نوپۇسى يوق، تىل سەۋىيىسى تۆۋەن، كەسپىي قابىلىيىتى يوق دېيەرلىك بولغاچقا نەچچە يەردىن رەت قىلىندى، ھەتتا كەمسىتىلدى، دىرېكتور ئىشخانىسىدا ئولتۇرغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھاكاۋۇر ئىدى، زۆھرەگە بۆرىدەك قارايتتى؛ دىپلومىڭ بولمىسا كىيىمىڭنى يەش دەيدىغاندەكلا قىلاتتى. قارىماققا كەمتەر، ئالىيجاناب كۆرۈنىدىغان چەت ئەللىكلەر كەسپچانلىققا، ساپاغا بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىنگلىز تىلىدا راۋان دېيەلمەي قالسىلا «كەچۈرۈڭ، سىزگە ئامەت تىلەيمەن» دەپ گەپنى تۈگەتتى؛ ئويۇنچى كۆرۈنىدىغان ياش پەرەڭلەرمۇ خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا ئايرىم مۇئامىلە قىلاتتى. زۆھرەنىڭ زور جۈرئەت بىلەن يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئىش ئىزدەشلىرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەنچىنى يوقاتتى، يەنە ئوقۇي دېسە پۇل يوق، ئادىلەدەك بۇزۇلۇپلا كەتكەن بولسا پۇل دېگەن كېلىۋېرەتتى، بۇزۇلىمەن دەپ نىيەتنى بۇزسىلا بۇزۇلاتتى، بۇ خۇددى تۈنجى قېتىم تاماكا چەككەندەك، ھاراق ئىچكەندەك ئوڭايلا ئىش ئىدى؛ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز بىر ساراڭلىق ۋە ئۆزىنى قويۇۋېتىشلا كۇپايە ئىدى؛ بۇزۇلسا بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ، داپشاقلارچە ياشاۋەرگەن بولاتتى. ئەمما ئۇ ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن تۆلەپ كېلىۋاتقان بەدەللىرىنىڭ بىر دەمدىلا كۆپۈككە ئايلىنىشىنى خالىمىدى؛ ئەمەلىيەتتە بۇزۇلمايمۇ ياشىغىلى بولاتتى، ئادىلەدەك ئېسىل كىيىنىپ، قېلىنلىق، رەسۋالىقنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈپ ياشىمىسىمۇ، ئۆزىنى ئاسراپ، قىزلىق نومۇسىنى قوغداپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى

ئاقلاپ، ئانىسى بەرگەن ئاق سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ كۆڭلى ئازادىلىك بىلەن ياشىسا بولۇۋېرەتتى. زۆھرە ئادىلەنىڭ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپمۇ بېيىپ تىقىلىپ كەتمىگەنلىكىنى، تاپقان پۇلىنىڭ ئۆزىنى ياساش ۋە كىيىم-كېچەكتىن ئاشمىغانلىقىنى، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن پۇل يىغىۋاتىمەن دېگەن گەپلىرىنىڭ پەقەت ئۆزىنى ئالداش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئادىلە زۆھرەگە خېلى جىق ئىشلارنى ئۆگەتكەن بولسىمۇ، شۇ ئىشنى ئۆگىتەلمىدى؛ زۆھرەنى ئۇنىڭغا ئاشكارا زورلاۋېرىش نومۇسسىزلىق ئىدى، ئادىلە ھەر ھالدا بۇنى بىلەتتى، ئەمما كۆڭلى قويمايتتى، پاكلىق بىلەن ناپاكلىقنىڭ جېدىلى ئىچىنى سىقاتتى. ئوخشاش ئۆيدە تۇرۇپ ئوخشىمىغان تەرزدە ياشاش ئۇنىڭغا قەتئىيلا ياقمايتتى. ئەگەر ئىككىيلەن ئوخشاش بىر يولغا كىرگەن بولسا ھازىرقىدىنمۇ كۆڭۈللۈك، باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. زۆھرە بۇ ئۆيدە مالايدەك ئىشلەپ تۇرمىغان بولسا ئادىلە بەلكىم ئۇنى ئاللىقاچان كوچىغا چىقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتى. زۆھرە نېمىلا دېگەن بىلەن ياخشى ھەمراھ ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ سەدەپ ئىچىدىكى قۇلۇلىدەك بەخىرامان ياشاشلىرى، گۆدەك قىزلاردەك ئۇششاق پاراڭلارنى قىلىشى، كەيپىياتى ياخشى چاغدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشلىرى، جاپادىن مۆكچىيىپ كەتسىمۇ روھلۇق تۇرۇشلىرى كۆزىگە يەنىلا سىغمايتتى، تۇرۇپلا ئازابلىنىپ كېتەتتى، ئادەت كۆرگەن چاغلىرىدا سەپراسى تۇتسا ئۇنىڭغا ۋاقىراپمۇ سالاتتى.

نىجاسەتكە بۇلغانغاندىن كېيىن ئادىلە زۆھرەگە نەشتىرىنى دائىم سانچىۋالسىمۇ زۆھرە پىسەنت قىلماي يۈرىۋەردى، ئادىلە ئۇنىڭ پەرۋاسىز بولۇپ قالغىنىغا ئەجەبلەندى. خالادا يۈز بەرگەن باسقۇنچىلىق مېنىڭ بېشىمغا كەلمەي ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بولسىچۇ؟! ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن بولسا ئىچ-ئىچىمگە پاتمىغان خۇشاللىقىم بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بولاتتىم... دەپ ئويلىدى. نەچچە قېتىم شۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى ئالدىدا توختىتىپ تازا تىللاپ دەردىنى ئېلىۋالغۇسى كەلدى، ئەمما يۈزىنى چۈشۈرۈشنى خالىمىدى، ھاياتىدا دۈچ كەلگەن بۇنداق ئېغىر نومۇس-ھاقارەتنى ماتۇكدىكى ئەۋرەزنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك چۈشۈرىۋېتىشى، كۆڭلىدىكى مەينەت داغلىرىنى يۇيۇۋېتىشى كېرەك ئىدى.

لېكىن ئۇنىڭ زۆھرەگە بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكى قاپقارا داغ بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

زۆھرە ئىشلەۋاتقان رېستوران ئەلچىخانا رايونىغا يېقىن بولغاچقا چەت ئەللىكلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كېلىدىغانلار كۆپرەك ئىدى. بەزى چەت ئەللىكلەر دائىم كېلەتتى؛ رېستوران كۈندە ئاۋات، كۈتكۈچى قىزلار ھەر كۈنى ھارغىن، مېھمانلارغا بىچارىلەرچە قىزغىن ئىدى. زۆھرەنىڭ باشقا قىزلارغا باققاندا ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۆزىنى تۇتقۇزمىغان بىلەن بۆلەك ئىشلارغا چېۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەن خوجايىن ئۇنى ياردەمچى جېڭلى قىلىۋالدى. زۆھرە خوجايىنىنىڭ بۇ كۆڭلىنى رەت قىلمىدى، بۇنى بىر يەمچۈك، قىلتاق دەپمۇ ئويلىمىدى، ئايلىق ھەققىنىڭ ئۆسكىنىگە خوش بولدى، ئاز-تولا ئۆگەنگەن خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە بىلىملىرىنى ئىشلىتىۋاتقىنىغا رازى بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ قارا ئىشتىن قۇتۇلۇپ، كاللا يۈگۈرتىدىغان پاكىز ئىشلارنى قىلىش ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ رېستوران خوجايىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشكە قاتنىشىپ، ھېرىپ-چارچاپ كەچ كەلدى. ئادىلە كۈلۈبقا كەتكەنىدى. ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى، بۇرۇنقىدەك راھەتلىنەلمىدى، تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ، ئادىلەنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ باقتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئىچ كىيىملىرى بىلەن تۇرۇپ باقتى. زۆھرە مۇشۇ گۈزەللىكىنى ئاشخانىدا زايە قىلىۋېتىپ باراتتى، جاننى قەدىر ئەھۋال بېقىپ كېتىۋاتىدۇيۇ، ئەسلىدە ئويلىغانلىرىغا، تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل ھاياتقا يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇ بۇنداق ياشاۋەرسە بولمايتتى، بويىغا يەتكەن بىر قىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختتىن بەھرىمەن بولسا بولاتتى؛ ئادەملەر قۇرتتەك مىغىلدىشىپ يۈرىدىغان بۇ شەھەردە، قورساق بالاسى كىشىلەر كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان رېستوراندا مۇھەببەت، رومانتىكىلىق دېگەن نەرسىلەر تېپىلمايتتى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسمى پەقەت رېستوراندا قويۇلىدىغان ناخشىلاردىلا چىقاتتى. كىشىلەرنىڭ پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇشىغا قارىغاندا، مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى جىنسىيەت، رومانتىكىلىقنىڭ ئورنىنى ئەمەلىيەت، بەختلىك نىكاھنىڭ ئورنىنى شەھۋەت، نەپسانىيەت، خىيانەت ئالغاندەك قىلاتتى. بۇلارنى ئويلىسا زۆھرە تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنەتتى، ئادىلەنىڭ تۇتقان يولىنى، ئاچچىق-سەپرالىرىنى توغرا چۈشەنگەندەك بولاتتى؛ ئۆز

پاكلىقىنى ساقلاشنىڭ ھەقىقەتەن ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى ھەققىدە زىددىيەتلىك خىياللارنى قىلاتتى. سىيىت قارىنى غىل-پال ئويلاپ قالاتتى، ئۇنىڭغا تەگكەن بولسا بۇ چاغقا بىرەر بالىسى بولۇپ، ھويلىسىدا بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان بولاتتى، لېكىن بۇ تەسەۋۋۇرمۇ ئۇنچە شېرىن ئەمەس ئىدى، ئۇنداق ياشاشقا چىداپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقىنى توغرا تاپاتتى؛ ئەمما بۇنداق ياشاشنى توغرا تاپقان بىلەن ئۆزى ئويلىغاندەك ھايات كەچۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى ئويلىسا جىلە بولاتتى، ئارزۇسىغا ئالدىرايتتى، ئەمما بەخت قېچىپ تۇتقۇق بەرمەيتتى.

سىيىت قارى ھەققىدىكى خىيال زۆھرەگە كۆڭۈلسىزلىكتىن باشقا ھېچنېمە ئېلىپ كېلەلمەيتتى. ئۇ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ گۇمانى زۆھرە بىلەن بىللە قالدى. ئۇ يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاچچىقىغا چىدىماي گەپ قىلىپ سالسا، زۆھرەنىڭ نامى چىقىپ قالىدۇ. تېلېفون قىلسىلا ئانىسى توختىماي يېنىپ كەل دەۋاتىدۇ، بارسا چوقۇم گەپ بار، خەقنىڭ ئۆسەك گەپلىرى يامان، ئەر ئالمايدىغان قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن؛ زۆھرەنىڭ بۇنداق تۆھمەتكە قېلىشىغا شۇ قارى سەۋەبچى بولغاچقا، زۆھرە ئۇنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغىنىغا خۇرسەن بولىدۇ، ئۇ قارىمنى ئەسلىگۈدەك، سېغىنغۇدەك ھېچ ئىشنىڭ يوقلۇقىدىن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايدۇ. ئۇ قارىمنىڭ خېتىنى يىرتىۋەتكىلى نەۋاخ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۆزىگە مەنسۇپ. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدۇ، زۆھرەنى ياخشى كۆرۈشتىكى مەقسىتىمۇ ئۆزىنى بەختلىك قىلىش، قوپاللىراق ئېيتقاندا ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش، نانغا ھەسەل يالىتىپ ئۆزى يېيىش.

زۆھرە ھامان بىر ئەرنىڭ قىسمىتىغا چۇشۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، بۇ شەھەردە ياشايمەنلا دەيدىكەن شۇ قىسمەتنى ئەنسىرەش ئىچىدە كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەگەر كۆڭلىدىكىدەك ئىش يۈز بېرىپ، ئارزۇيىغا يېتەلەيدىغانلا بولسا بەخت دېگەن شۇ نەرسىگە تەسلىم بولىدىغانلىقى، ئېپپەت-نومۇسىنى قۇربان قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىش كۆرگەن قىزلاردەك مەغرۇر ياشايدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى؛ شۇنداق بولغاندا، ساددىلىق،

گۆدەكلىك، تەلمۈرۈش، قىيچىش، يەنە تەلمۈرۈش، ئىككىلىنىش، قىزىقىش، بىتاقەت بولۇش، ئىزتىراپ چېكىش، ئويلىنىپ-ئويلىنىپ ساراڭ بولۇش دەۋرىدىن خوشلىشىپ، پىشىپ يېتىلگەن، ئۆزىنى توختاتقان، ئارتۇق ھاياجانلانمايدىغان چوكانلىق دەۋرىگە قەدەم قويياتتى. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. ھازىرقى زۆھرە گويا ئۆزى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ھەممىدىن ئامراق قورچىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان كىچىك قىزغا ئوخشايتتى، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيتتى، لېكىن قەيەردىندۇر بىر يامان ئوغرى چىقىپ، ئۇ قورچاقنى ئالداپ ئېلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ قورچاق شۇ ئوغرىلار جېنىنى سېلىپ بېرىپ بولسىمۇ ئېرىشىشنى ئويلايدىغان نەرسە، بەلكى بىباھا ئويۇنچۇق ئىدى.

ئۇ غەمگە چۆككەن، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا لەيلەپ قالغان چاغلىرىدا «ئۇتىنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيسەم بولماسمۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالاتتى. پاكلىقىنى قاچانغىچە ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بۇ پاكلىقنىڭ راستىتىنلا ئۇنى ئۆزى كۈتكەندەك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرەلىشىدىن گۇمانلىنىپمۇ قالاتتى. ئۇ پاكلىقنى ئويلىسا سېيىت قارىنىمۇ قوشۇپ ئويلاپ ئىچى پۇشاتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنى پاك دېيەلمەيدۇ، پاكلىقنىڭ ھەممىسى بىردەملىك دەپ ئويلايتتى. سېيىت قارى ئۆزىنى پاك دېگۈدەك، زۆھرەنى ئەيىبلىگۈدەك قانچىلىك ئادەم ئىدى؟! ئۇ سېيىت قارىغا بولغان نارازىلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر قۇرئاننى بىر ياققا تىقىپ قويىدى، ناماز دېگەننى ئۇنتۇپلا كەتتى؛ ياشاش تەس، كۆڭۈل ئارامىدا ئەمەس، بەختىمنى تاپقاندا ئوقۇي دەپ ئويلىدى.

گاھىدا كېچىدە يامان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ خۇدانى ياد ئېتىپ تۆۋە قىلغانلىرىدا سەھەردە قوپۇپ بىر ۋاق بولسىمۇ ناماز ئوقۇي دەيتتى، تاڭ ئاتقاندا قوپقۇسى كەلمەيتتى، ئادىلەدىنمۇ ئۇزاق ئۇخلايتتى.

ئىككىسى بەسلىشىپ ئۇخلايتتى، ئەركىنلىكتىن ھېرىپ كەتكەندەك ياكى ئەركىنلىك ئىزدەش ئۈچۈن دەم ئېلىۋاتقاندەك، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈچ توپلاۋاتقاندەك ئۇخلىشاتتى. خىيال، شېرىن چۈش، جىنسىي ئاڭ، ئاڭسىزلىق قېتىغا شۇڭغۇيتتى؛ شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى ھاياتلىققا چىللاپ تۇرسىمۇ، شېرىن ئۇيقۇنىڭ شەھۋانىي ئارامبەخشلىرىدىن ئېزىلىپ ياتاتتى...

ئادىلە بۇرۇن قوپتى، لەنەتتەگكۇر خالانىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆلۈكتەك ياتقان زۆھرەگە

ئالىيىپ قويدى. زۆھرە شۇ ياتقانچە ئۆلۈپ كەتسە ئەرلەرنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، جىنسىيەتنىڭ قانداق سېھرى كۈچى بارلىقىنى، بۇزۇلۇشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئۆلۈپ كېتەتتى، تويى قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن مەسۇم قىزلارغا پەقەت ئادىلەدەك پىشىپ قاق بولۇپ كەتكەن، شەھۋەتتىن ئېسىل تائامدەك ھۇزۇرلىنىدىغان قاقۋاش سەتەڭلەرلا ئېچىناتتى. پاكلىق دېگەن ئاچكۆز ئەرلەر پەيدا قىلغان بىسىم... دەپ ئويلايتتى ئادىلە. پاكلىق دېگەننى تىنتۇۋەتتۇق، ئەركىنلىكىمىزنى بوغىدىغان ھەممە نەرسىنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتۇق. مۇستەقىل ياشايمىز دەپ غېرىپ بولدۇق، دەپسەندە قىلىندۇق، ئەمما بۇنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىككە تۆلەنگەن بەدەل.

ئۇ خالادا ئولتۇرۇپ، ئەركىن ياشاشنىڭ بولمايدىغان تەرەپلىرىنىمۇ ئويلىدى، ئايال كىشىگە بىرەر ھامىي بولمىسا ئۆزىنى قوغدىيالمايتتى، ھېلىقىدەك نىيىتى بۇزۇق ھايۋانغا ئۇچراپ قالسا ھېچنېمە قىلالمايتتى، ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كەلسە غىڭ قىلماي يېتىپ بېرەتتى. جېنىنى ئاياپ كەلگەن، نومۇسىنى قايرىپ قويۇپ ماددىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەنلەردە غەزەپ ۋە غۇرۇر يوق ئىدى، خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىسا قورقۇپ ھالى قالمايتتى، ھېچقانداق قارشىلىق قىلمايلا تەسلىم بولاتتى. چۈنكى ھايات شېرىن ئىدى، جاننىڭ راھىتى بىر خۇمار ئىدى. ئادىلە ئۆزىنىڭ شۇ كۈندىكى دۆتلۈكىگە ھەيران، قاراپ تۇرۇپ بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەنىدى. ئەگەر ئۇ بەدبەخ ئىشىكتىن كىرىپلا تەھدىت سالغان بولسا ئوخشاش ئاقىۋەت يۈز بېرەتتى، بېشىغا دەھشەتلىك بىر نەرسە بازغاندەك تېگەتتى، ھەتتا «بازغان» چۈشمەي تۇرۇپ ھوشىدىن كېتەتتى...

ئادىلە خالاغا ھەر قېتىم كىرگىنىدە بالا-قازانىڭ، پالاكەتنىڭ ئادەمگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى، بۇ ھاياتقىمۇ ئىشىنىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى؛ ۋەھىملىك خىياللارنى سۈرەتتى. «يىلاندىن قورققان ئارغامچىدىنمۇ قورقۇپتۇ» دېگەندەك، شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ھەر قانداق ناتونۇش ئەرنى، ئېلانچىلارنى، تازىلىقچىلارنى، ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىدىغانلارنى ئۆيىگە قەتئىي كىرگۈزمىدى. ئاخشىمى كوچىدا يالغۇز ماڭغاندا قورقاتتى، تاكسىچىلارغىمۇ گاھىدا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. لۈكچەكلەر بىر ياققا تارتىپ ئاپىرىپ باسقۇنچىلىق قىلسا كارايىتى چاغلىق،

لېكىن پۇلنى ئېلىۋالمىسا، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسىلا بولاتتى... دەپ ئويلايتتى، بۇنداق ۋەھىمە ئاسان يوقىمايتتى. بۇ ھالدا ئۇ بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ئويناپ-كۈلەلمىسۇنمۇ؟! ئىلگىرى ئۇ ئايالنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش تەرەپدارى ئىدى، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇنى جاكارلايتتى، ئەمدىلىكتە يۈرىكىنىڭ تىترەپ، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى...

ئۇ خالادىن ناھايىتى روھسىز چىقىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ، كېچىدىن جىن چاپلىشىپ قالغان ساراڭ خوتۇندەك بىر نۇقتىغا چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇردى، ئۆزىنى چۇجىدەك باسماقدىغان شەھۋەتپەرەس ئەرلەرنى بىر-بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، بەزىلىرى لۈكچەككە، ئادەمىي ھايۋانغا ئايلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغاندەك قىينايتتى، بەزىلىرى مايمۇندەك قىلىقلارنى قىلىپ ئۇنى ئەخمەق قىلاتتى، بەزىلىرى كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پېتىقدايتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقى ئادىلەگە مەلۇم بولمىدى. بەزىلىرى بىلەن نەچچە ئايلاردىن كېيىن ئۇچراشتى، ھېچ ئىش يوق، ھايۋانلىق داۋاملىشىۋەردى. ئادىلە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى ئەيدىز دەپ ئالداپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنى كەمسىتىپ بۇزۇلغانچە بۇزۇلۇپ كېتىۋەرگەنلىكىنى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزىگە بىر باھانە تېپىپ قانغۇدەك بۇزۇلغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە نەپسانىيىتى قۇتراتقۇلۇق قىلغان، ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە بارغانچە كېڭىيىپ كەتكەن شۇ بۇزۇقچىلىق ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت ئىچىدە غەلىبە قىلىپ، خارابلىق ئىچىدىن يول تېپىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى؛ ئۇنىڭ مايقۇرتقا ئوخشاش دەسسەپ مىجىلغان بەدىنى بىر دەمدىن كېيىن تىرىلىپ قوپاتتى، تىرىكچىلىك ۋە بەخت ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىركىشىپ ماڭاتتى...

ئادىلە ئەيدىز كېسىلى ئەمەستەك قىلاتتى، لېكىن باشقا مەينەتچىلىك ۋە ئۇششاق-چۈششەك كېسەلدىن خالىي بولالمىدى، شۇنداق چاغدا بۇنى ئەيدىز كېسىلىگە باغلاپ قورقۇپ كېتەتتى؛ دورىخانىلاردىن قىممەت دورىلارنى ئېلىپ يېيىشكە رازى ئىدىكى، دوختۇرخانىغا بېرىپ قان تەكشۈرتۈشتىن ئەنسىرەيتتى. «بۇزۇقلا ئاسان قېرىپ كېتىدۇ» دېگىنى راستمىكىن، تېرىلىرى يىرىكلىشىپ، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا قورۇق چۈشۈشكە، كۆز جىيەكلىرى ۋە كۆكسى خالتىلىشىشقا

باشلىدى. ئەينەككە قارىسىمۇ، زۆھرەگە قارىسىمۇ ئىچى ئاچچىق بولاتتى، دەرد-ئەلىمى ئىچىگە پاتمايتتى. گۈزەللىك ئاياللارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەردى، دەۋاسى ئىدى، يېشى چوڭقايغانچە پېتىدىن چۈشكەن قېرى قىزلار، 30 ياشتىن ھەسرەت ئىلكىدە ھالقىغان چوكانلار گۈزەللىككە قىيالمايتتى؛ گۈزەللىككە بىر ئۆمۈر قانمايدىغان ئاياللار يېشى چوڭقايغانچە تېرىككەك، ئازازۇل، ئۆكتەم، گۇمانخور، ھەسەتخور بولۇپ كېتەتتى، گۈزەللىك غايىسى، گۈزەللىك ھەسرىتى ئىچىگە سىغمىغاندا بۇ ھاياتتىن، كەلمىگەن تەلەيدىن قاقشايتتى.

ئادىلە ھۇجرىسىدىن چىقىپ زۆھرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. بۇ چىراي ھەر قانداق ئەركەكنى جەلپ قىلالايتتى. ئادىلە ئەر كىشى بولغان بولسا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە زۆھرەنىڭ ئېپپەت-نومۇسىغا تېگىپ، تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇۋەتكەن بولاتتى. ئۇ ئەر كىشى بولغان بولسا چوقۇم پاھىشىۋاز لۈكچەك بولۇشى كېرەكمىدى؟ ئۇنداقتا شۇنداق ئەرلەرنى توغرا چۈشەنسە بولارمىدى؟! شۇنداق پاھىشىۋازلار بولمىسا ئادىلە ياشىيالماسمىدى؟... ئادىلە بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، تېلېۋىزورنى ئاچتى، ئاۋازىنى يۇقىرى قىلدى. زۆھرە بىئاراملىقتا ئويغاندى. ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن قوپۇپ خالاغا ماڭدى.

– ئاران تۇرۇپتىكەنسەنمۇ دەيمەن...

زۆھرەنىڭ ئىچى سىقىلىپ تۇرسىمۇ گەپ قىلماي ماڭدى.

– سۇنى چۈشۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالما، قەغەزلىكنى چېلەككە تاشلا!

– يەنە شۇ قەغەزنىڭ گېپىما؟ ئەتىگەندە نېمە بولدى ساڭا؟-دېدى مەڭدەپ قالغان زۆھرە.

– ھېچنېمە...

– كېچىدىن چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ قاپتۇ-دە.

– شۇنداق، مۇشۇ كۈنلەردە تولا يامان چۈش كۆرۈپ كېتىپ بارىمەن.

زۆھرە خالاغا كىرىپ چىقىپ، قولىنى يۇيۇپ ناشتىلىق تەييارلىدى.

–ناشتىلىقنى كۈندە چۈشتە يەۋاتىمىز، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟!-دېدى ئادىلە ئانىسىغا قىيداۋاتقان

بالىدەك.

ــ قانداق قىلىسەن، كۈندە كەچ كېلىۋاتساق.

ــ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان گەپما، مەن بىزار بولدۇم بۇنداق ياشاشتىن... 70 ياشلىق قېرى چەت ئەللىككە تەگسەممۇ مەيلىدى، يوقالسام بولاتتى بۇ يەردىن!

ــ چەت ئەلگە چىقىش شۇنچە تەسما؟

ــ سەن ئۇ ئىشنى شۇنچە ئوڭاي چاغلامسەن؟

ــ مەن قىزىقمايمەن.

ــ سەن نېمىگە قىزىقىسەن؟! كاللاڭدا نېمە بار سېنىڭ، ھەممە نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن، قەغەزنى سۆيدۈككىگە تاشلايسەن...

ــ  چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپمۇ مۇشۇنداق گەپنى قىلامسەن؟ قەغەزنىڭ جىنى چاپلىشىپ قالمىغاندۇ ساڭا؟! نېمانداق تۈگمەيدىغان گەپ بۇ؟!- دېدى زۆھرە ئاچچىقتىن قىزىرىپ.

ــ مۇشۇ كىچىككىنە ئىشقىدىن سېنىڭ ھاڭۋاقتىلىقىڭ، دۆتلۈكىڭ چىقىپ  تۇرىدۇ..

ــ سەن بەك ئەقىللىق، مېنى تولا ئۇنداق ھاقارەتلىمە!

ــ مۇشۇنداق دېمىسە ئادەم بولمايسەن، تىرىشمايسەن...

ــ ئادەم بولماي نېمە بوپتىمەن، تىرىشماي نېمە ئىش قىلىپتىمەن؟ سەندەك ياشىسام بولامتى؟

ــ مەندەك ياشىمىساڭمۇ باشقىچە يول ئىزدەپ باقساڭ بولاتتى.

ــ يول ئىزدەپ ھېرىپ قالدىم، يەنىلا شۇ قورساق تويىدىغان رېستوران ياخشىكەن.

ــ داتاڭ جىڭلى قىلىپ قويسا كېرىلىپ كەتتىڭما؟ ئىككى-ئۈچ يۈز كوي ئارتۇق بەرگەنگە نېمە بوپتۇ، مۇشۇ ياشلىقىڭ، مۇشۇ چىرايىڭ بىلەن مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرمەكچىما؟ تېخىچە بىر كارىۋتىڭ يوق، يا يوتقىنىڭنىڭ تايىنى يوق. كىيىمىڭ ئاندىن ناچار، 100 كويلۇقتىن ئارتۇق ئاياغ كىيەلمەيسەن. مەندەك ياشا دېمەيمەن، قانداق ياشىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، لېكىن ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغقۇدەك ياشا!

ـ كۆزۈڭگە سىغماي قالغان بولسام كەتسەملا بولىدىغۇ؟!

ـ كەتسەڭ كوچىغا چىقىپ كېتەرسەنمىكىن؟

ـ سەن شۇنى تىلەپ تۇرىسەنغۇ..

ـ ۋايىيەي، ماڭا بەرىبىر، مەن سېنىڭ ئاناڭمىدىم، نېمە قىلساڭ قىلمامسەن؟

ـ شۇ، سەن مېنىڭ ئانام بولمىغاندىكىن كارىڭ بولمىسۇن.

ـ تىلىڭ خېلى ئۇزىراپ قاپتۇغۇ سېنىڭ؟! داتاڭ جىڭلى بولغانىنىڭ پايدىسى-دە بۇ!

ـ ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق ئادەم ئىدۇق، مالاي دەپ قالغانمۇ مېنى؟

ـ ئۆزۈڭنى نېمە چاغلاپ قالغانتىڭ؟ ئۆزۈڭنى مالاي دەپ ئويلىساڭ ئاشۇنداق مالايدەك ياشايسەن.

ـ سەن قانچىلىك ياشاپ كەتتىڭ؟ ئۆزەڭدىن پەخىرلىنىدىكەنسەن-دە!

ـ ئىشقىلىپ سەندىن ياخشى ياشاۋاتىمىز، ئۆزىمىزنى چۈشەپ بوغۇپ قويمىدۇق. يالغاندىن پاك بولۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرمىدۇق، تەبىئىي ياشاۋاتىمىز.

ـ ھە، بەك تەبىئىي ياشاپ كەتتىڭ، ئۆزۈڭنى ماختىما ئادىلە، ئۇ ماختىنىدىغان ئىش ئەمەس.

ـ بوپتۇ، مەن ماختانماي، سەنچۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمىسىدىن ماختىنىسەن؟ پاكلىقىڭدىنما؟ سېنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىڭنى كىم بىلىدۇ؟ ھېلىقى قارىم بىلەمدۇ يا!؟ بوپتۇ، سېنى بۇلغانمىغان قىز دەپ تۇرايلى، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ نېمىگە يارايدۇ؟! چەت ئەللىككە تەگسەڭ سېنى كېسلى باركەن، نورمال ئەمەسكەن دەپ چوقۇم ئالمايدۇ. مەن قىز دەپ بىر خەنزۇنىڭ ئالدىغا بارساڭ ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ھەق ئالىسەن، تېخى ئىشەنسە دېگىنە، ئىشەنمىسە قىزلىق پەردە سالدۇرغانىنىڭ پۇلىنىلا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ھازىر ھەممە نېمە ساختىلىشىپ كەتتى، قىزلىق، پاكلىق دېگەنگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. يېزىغا بېرىپ ئەرگە تەگسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇنداقمۇ قىلالمايۋاتساڭ، بۇنداق ياشا دېسە ئۇنىڭغا ئۇنىمايۋاتساڭ، سېنى ساراڭ دېمەي كىمنى دەيمىز؟!

زۆھرە غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، كېچىدىن بىر ئىت قوغلاپ چىشلىۋالغاندەك قىلغان، ئەسلىدە ئادىلە ئىكەن. زۆھرە ئادىلەدە يۈز دېگەن نەرسە يوقتەك تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭدا راستىنىلا يۈز يوقتەك

ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

ــ سەن ساراڭ بوپسەن.- دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ.- چىدىماسلىق قىلىۋاتسەن، بۇنداق زەھىرىڭنى سانچىغىچە «ئۆيدىن چىقىپ كەت» دېسەڭلا بولمامدۇ؟!

ــ نېمەڭگە چىدىماي قاپتىمەن، دۆتلۈكىڭگە ھېلىمۇ چىداپ كېلىۋاتىمەن.

ــ كىمنىڭ دۆتلۈكىنى كېيىن كۆرىمىز.

ــ يا گەپ چۈشەنمەيسەن، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتەلمەي قالدىڭ دەيسەن، كەتكۈڭ بولسا كېتىۋەر، ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي...

ــ نەچچە ۋاقىتتىن بويتۇ دەپ چىداپ كەلدىم، ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ. سېنىڭ ئىزايىڭنى ئىشتىقىلى، مالايلىقىڭنى قىلغىلى كەلدىممۇ بۇ يەرگە؟!

ــ كونا ھېسابنى قىلاي دەۋاتامسەن؟ ئەڭ ياخشىسى بۇنى دېيىشمەيلى، قانداق كەلگەن بولساڭ شۇنداق كېتىۋال.

ــ بۇ يەردىن كەتسە ياشىيالمايدۇ دەمسەن؟ ساڭا ھەرگىز ئېسىلىۋالمايمەن.

ــ مۇشۇ يەردىن كەتسەڭلا ياخشى ياشىيالايسەن، مەنمۇ شۇ...

ــ ئۆيۈڭنى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتسە چاقىرارسەن.

ــ ماتۇڭغا قەغەز چۈشۈپ كەتمىسىلا قالغىنى مەيلى!

ــ ئۆلگۈچە شۇنى ئۇنتۇيالمايدىغان بولدۇڭ.

ــ سەن ھاڭۋاقتى، بۇنى مەڭگۈ بىلمەيسەن!

شۇنداق قىلىپ ئادىلە قىنىغا سىغماس تەبىئىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئىچىدىكى زەرداپنى سىقىپ چىقاردى، «كۆزگە چىققان سۆگەل»نى كۆزدىن يوقاتتى. زۆھرە شۇ ئاچچىقىدا نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەرزان كېيىملىرىنى چامادانغا پۇرلەپ تىقىپ، تولا يېتىپ ماكچىيىپ كەتكەن قەدىناس ساپاغا بىر قاراپ قويۇپ، ئادىلەگە خوش دېيىشكىمۇ رايى بارماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ، بىلىپ تۇرۇپ بىر بۇزۇقچا ساددىلىق بىلەن بويسۇنۇپ كەتكەنلىرىگە، ئۇ

قاسماق ئۆينى ئۆز ئۆيىدەك بىلىپ جان كۆيدۈرۈپ كەتكەنلەرگە ئېچىنىدى، ئادىلەنىڭ «دۆت، ساددا» دېگەنلىرى قۇلىقىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمىدى.

21

زۆھرە كەتكەندىن كېيىن ئادىلە كىنو كۆرۈپ ئولتۇرغان بولسىمۇ كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى. قىزلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق بولمىغان يەردە، ئىككى يولدا كېتىۋاتقان قىزلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، ساداقەت بولمايتتى. پاكلىق بىلەن ناپاكلىق بىر ئۆيدە پېتىشالمايتتى. بىر-بىرىگە دەخلى قىلماسلىق پرىنسىپىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئاقمايتتى. نەچچە ئاي بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئادىلە زۆھرەدىن پاكلىق بىلەن ۋىجدانىنى، زۆھرە ئادىلەدىن رەسۋالىق بىلەن چۈشكۈنلۈكنى ئۆگەنگەن بولسا بەلكىم سوقۇشماي بىللە ئۆتۈۋەرگەنمۇ بولاتتى. ئەمما ھەر ئىككىسى شەخسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن پارتىلاپ، مۇستەقىللىق يولىغا ماڭدى.

ئادىلە يالغۇز ئولتۇرىۋېرىپ زېرىكتى، غېرىبلىق باستى، ئەمما ئۇ ئىزچىل غېرىب ئىدى، ئۇ يالغۇز قالغاندا، دەپسەندە قىلىنغاندا زۆھرە نەدە ئىدى؟! ھەر قانداق ئىشقا ئۇ يالغۇز، مۇستەقىل يۈزلىنىپ كەلدى، يالغۇز ئىشقا باردى، يالغۇز مۇلازىمەت قىلدى، ھۇجرىسىدا يالغۇز ئۇخلىدى، تەييار چۆپنى يالغۇز يېدى، كىنونى يالغۇز كۆردى، جىمى مەئىشەت، جىمى مۇشەققەت، جىمى ھۇزۇر-ھالاۋەت ئۇنىڭغا يالغۇز مۇجەسسەملەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز دۇنياسىدا ئەركىنلىك ناخشىسىنى توۋلاپ ھېرىپمۇ قالمىدى. ئويۇنچى ئەرلەرنى پۇتونلەي ھايۋانغا چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئىشەنچلىك پىلانلارنى سوقالمىدى. ئامېرىكا كىنولىرىدىكى بويتاق، ئەركىن قىزلارنىڭ بېزەپ تۇرمۇشى ئۇنىڭغا ئىزچىل ئۈلگە ھەم تەسەللى بولۇپ كەلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىگە چىدىماي ئازراق ئىچتى، تاماكىسىنى ئۈلاپ چەكتى. كەيپىياتى ناھايىتى ئوسال ھالدا كۆلۈبقا ماڭدى. مۇلازىمەت ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، بىر دەمدىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلايدىغان سالاپەتلىك ئەرلەر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كىرىپ كېلىشەتتى-دە، نەپسىگە ئالدىراپ مېڭىشاتتى. سېسىق تەر بىلەن ئەتىر ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن

بۇزۇق ھاۋا شەھۋەت پۇرىقىنى توشۇپ يۈرەتتى، ئادىلەنىڭ دىمى سىقىلىپ بېشى ئازراق قايدى، ئارامخانىدە بىر دەم بىكار ئولتۇردى، قەدىرسىزلىك تۇيغۇسىدا بىئارام بولدى، تېلېفون نومۇرىنى بەرگەن بىرەرسىمۇ تېلېفون قىلمىدى. چەت ئەللىكلەر بۇ يەرنى تاشلاپ، يېڭىسىغا كۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا ئايال خوجايىن كېلىپ ئۇنى چاقىردى:

– بىرسى چاتاق ساپتۇ، چەت ئەللىكتەكمۇ قىلىدۇ، شىنجاڭلىقتەكمۇ قىلىدۇ، سەن بېرىپ قاراپ كەلگىن!

ئادىلە خوجايىن دەپ بەرگەن نومۇر بويىچە بىر ئايرىمخانىغا كىردى. بىر قاراشتىلا ئۇيغۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇرۇتلۇق، سېمىز، ياغلىشاڭغۇ بىرسى تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، يېنىدىكى قىرقىما چاچ قىز ئادىلەنى كۆرۈپلا ئالدىغا كەلدى:

– بىر نېمە دەپ ئاچچىقلايدۇ، گېپىنى ئۇقالمىدىم..

بۇرۇتلۇق ئادەم ئادىلەنى كۆرۈپلا ئاغزىغا ئاپارغان تاماكىسىنى پەسكە چۈشۈردى:

– سىز ئۇيغۇرما؟

– ھە، مەن ئۇيغۇر.

– سىزمۇ مۇشۇنداق يەردە مۇلازىمەت قىلىمەن-دەڭ!

– ھە نېمە بوپتۇ، مەن بۇ يەردە تەرجىمان...

– تەرجىمان دەڭ.- بۇرۇتلۇق تاماكىسىنى پۈۋلەپ مىيىقىدا كۈلدى.- ئەجەب چىرايلىق ئاڭلىنىدىكەن!

– مەن بۇ يەردە چەت ئەللىكلەرگە تەرجىمانلىق قىلىمەن، باشقا ئىشنىمۇ قىلىمەن، ھە نېمە بوپتۇ؟!

– ما گېپىڭىز جايىدا، ئادەم مۇشۇنداق ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

– سىزدەك نوچى ئەر نېسىپ بولمىغاچقا مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

– چىقىپمۇ قالار، چىقمىسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، ئوبدان تۇرۇۋېتىپسىز مانا.

ــ نېمە ئىش بولدى؟ بۇ قىزدىن نېمىگە خاپا بولدىڭىز؟

ــ دۈمبەمنى تۇتۇپ قويماي دەسسەپ يۈرىدۇ، مەن بۇنداق مەينەتنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىدىغان لايمىدىم؟ شۇڭا سىلكىپ ۋاقىردىم.

ــ خاپا بولماڭ، بەكرەك تۇتۇپ دەسسەپ قويايمى دېگەندۇ.

ــ بۇنى چىقىرىۋېتىپ ئۆزىڭىزلا كەلمەمسىز؟!ـدېدى بۈرۈتلۈق ھىجىيىپ.

ــ مەن بۇنداق مۇلازىمەتنى قىلمايمەن، بۇ دېگەن قائىدە.

ــ ناز قىلماڭ، باياتىن ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ؟

ئادىلە بۇ بۈرۈتلۈقنىڭ خۇشخۇيلىقىغا، ئوچۇقلۇقىغا مەستلىكى كەلدى، كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلدى:

ــ مەن قائىدە تۈزۈۋالغان: بىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن قىلماسلىق؛ ئىككىنچىسى، خەنزۇلار بىلەن قىلماسلىق؛ ئۈچىنچىسى: نېگىرلار بىلەن قىلماسلىق. تۆتىنچىسى، لوكچەكلەر بىلەن قىلماسلىق؛ بەشىنچىسى، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن قېرىلار بىلەن قىلماسلىق.

ــ ۋوي ما قىزنىڭ يامانلىقىنى، قالغانلىرىغۇ بوپتۇ، ئۆز ئادەملىرىڭىز بىلەن قىلىشنى نېمىشقا خالىمايسىز؟!

ــ مەن ئۆز مىللىتىمنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمەن، ھېچكىمنى بۇلغاشنى خالىمايمەن.

ــ پاھ، ئالامەت مىللەتچى ئىكەنسىز. لېكىن بۇ قائىدىڭىزنى بۈگۈن بۇزىۋېتىڭ، بولامدۇ؟

ــ ياق، بۇزمايمەن، بۇ مېنىڭ پرىنسىپىم.

ــ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

ئادىلە كۈلۈپ كەتتى، بۈرۈتلۈقنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن پارقىراپ كەتكەنىدى.

ــ ئەمىسە ما قىزنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىڭ.

بۈرۈتلۈق ئۇ قىزغا دەرھال پۇلنى ساناپ بېرىپ ئىشكتىن چىقىرىۋەتتى.

ــ بىز قاملىشىپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز...

ــ ئىسلاماي تۇرۇڭ، مەن ئەسلى بۇ يەردە قىلىشنى خالىمايتتىم، چۈنكى پۇلنىڭ تەڭدىن تولىسىنى لاۋبەن ئېلىۋالىدۇ.

ــ پۇلدىن غەم قىلماڭ، كەم يېرىنى تولۇقلايمىز.

ــ سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

ــ تاشچىلىق قىلىمىز.

ــ تاشچىلار بەك بېيىپ كەتتى دەيدىغۇ؟

ــ بېيىغانلار بېيىدى، بېيىيالمىغانلار قۇم ساناپ يۈرىدۇ.

ئادىلەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى، ئەمما بۇرۇتلۇقتا هازىر گەپ خوشياقمايتتى، ئادىلەمۇ ئالدىرايتتى.

ــ چاقىقانراق بولارسىز.-دېدى ئادىلە كۆزىنى يۇمۇپ.

بۇرۇتلۇق ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئادىلەنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق پۇل بەردى، ئاندىن ئىسىم كارتوچكىسىنى تۇتقۇزۇپ:

ــ ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق، ئىزدىشىپ تۇرايلى، كېلەڭ دېگەندە كېلەلەيدىغانسىز؟-دېدى.

ــ قاراپ باقارمىز.-دېدى ئادىلە ۋە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئادىلەنىڭ سومكىسىدا نىغمەت دەيدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇرنىڭ ئىسىم كارتۇشكىسى پەيدا بولدى. چەت ئەللىك ئېرلزادىلەرنىڭ نام-ئەمەل كارتوچكىسىلا كىرەلەيدىغان بۇ سومكىغا بىر ئۇيغۇرنىڭ ئالاقىلىشىش بەلگىسىنىڭ كىرەلىشى شۇنى بىلدۈرەتتىكى، ئەسەبىيلەرنىڭ مەستانىلىقى، مەستلەرنىڭ ساراڭلىقى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرىدىغان ئىشرەتخانىلار پۇل تاپقان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز قوينىغا ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئادىلەنىڭ بۇ يولدىكى هاياتىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ پەيدا بولۇشى كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى، بۇ ئۇنىڭ خىيالىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، تۇرمۇش هەققىدە باشقىچە ئويلارنى شەكىللەندۈردى. مەيلى قانداقلا ئويلىسۇن، نىغمەت تاشچى ئۇنى ئالمايتتى، نەپسىنى قاندۇرۇش ئالدىدا كۆيىدۇم، پىشتىم دېگەن بىلەن، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن يېلى چىققان توپتەك

سولۇشۇپ تۇراتتى. جىنسىيەتنىڭ كۈچى پەقەت ۋاقىتلىق ئىشقى-مۇھەببەتنىلا چىللاپ كېلەلەيتتى. «ھازىرقى خورازلار مېكيانىنى بىر دەم قوغلاپ بېقىپلا ھېرىپ قالىدۇ، ئەرلەردە جەسۇرلۇق، مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە قالمىدى.... دەپ ئويلايتتى ئادىلە.. ئەگەر نىغمەت تاشچى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالسا ھەر كۈنى نەچچە ۋاق ھەقسىز ھۇزۇرلىناتتى. لېكىن يامان يېرى، بۇزۇق ئەرلەر نەچچە ئەرنىڭ ئاستىدا ياتقان بۇزۇق خوتۇنلارنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۆزلىرى بۇزۇلسا بولىدۇ، خوتۇنلار بۇزۇلسا بولمايدۇ! ناكەس ئەرلەر مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك قىلىشىدۇ. ئەرلەر ئاچكۆز، بولۇپمۇ نىغمەت تاشچىدەك پۇل تېپىپ ئىشتىنىغا پاتماي قالغان ئەرلەر بىر خوتۇنغا ھەرگىز تويمايدۇ، بىر نەچچە كۈندىلا ئادىلەدىن زېرىكىپ يېڭى ئاشنا، يېڭى سەتەڭ ئىزدەيدۇ...

ئادىلەنىڭ خىيالى يەنە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇنىڭغا ئۈمىد بېرەلەيدىغان ئەرلەر بۇ دۇنيادا تېپىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئادىلەگە بەزىدە كۈن-كۈنلەپ ھېچ ئىش بولمايتتى، بەزىدەكەينى-كەينىدىن ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرەتتى. نىغمەت تاشچى بىلەن تونۇشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئادىلەگە سومكىسىدىكى ئىسىم كارتوچكىلىرىدا نامى بار بىر چەت ئەللىكتىن تېلېفون كەلدى، ئاۋستىرالىيىلىك بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئۇنى رازى قىلغان، ئادىلە ئۇچراتقان ئەڭ ياخشى چەت ئەللىك ئىدى. ئۇ ئادىلەنى ئۆيىگە چاقىرىپ، چوقۇم كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئادىلە خوجايىنىدىن بىر ئاخشاملىق رۇخسەت سوراپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇ ئادەم ئادىلەنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر دوستىغا تونۇشتۇردى. ئاندىن ئۇ دوستىنى دادىسى ئاۋستىرالىيىلىك، ئانىسى كورىيەلىك دەپ ئالاھىدە تونۇشتۇردى، ئادىلە ئۇنىڭ بىلەن تېزلا چىقىشىپ پاراڭلىشىپ كەتتى، ئۆزىنى مەن شىنجاڭلىق، لېكىن روسىيەدىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان، يۈزى سوزۇنچاق، ئورا كۆز قىز بولغاچقا بۇنداق دېسە ھەر كىم ئىشىنەتتى، ھېچكىم ئۇنى كەمسىتىشكە پېتىنالمايتتى. «ئادىلا» دېسە ئىسمىمۇ «ناتاشا، ئاننا» دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاپ كېتەتتى. كورىيىلىك كۆچمەن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا بارغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى، شىنجاڭ تاماقلىرىنىڭ بەك

تەملىك ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مېھماندوست ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇلار ئۇچەيلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ توساتتىن دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە پاراڭلىشىپ كەتتى. ئادىلە گەپ قىلماي تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئىككىيلەن خرىستىئان بولۇشنىڭ پەزىلىتى، نىجاتلىق يولى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن مۇھاكىمە قىلىشقاندىن كېيىن، كورىيىلىك كۆچمەن ئادىلەدىن سورىدى:

ــ سىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلامسىز؟

ــ ھەئە، مەن مۇسۇلمان.

ــ لېكىن مۇسۇلمان ئاياللار ياغلىق ئارتىپ يۈرۈيدىغۇ؟ سىز ئىسلام دىنىنىڭ قايسى مەزھىپىدىن؟

ــ مەن ئۇقمايدىكەنمەن.

ــ ئۆزىڭىزنى رۇسىيىلىك كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادى دەيسىز، ئاتا-ئانىڭىز خرىستىئان دىنىنى چۈشەنمىگەنمىدى؟

ئادىلە بۇ گەپتىن ئۆزىنى چىنىپ قالدىغاندەك ھېس قىلىپ دەرھال:

ــ ئاتا-ئانام ماڭا ئۆگەتمەپتىكەن.-دېدى.

ــخرىستىئان دىنىنى، ئىنسانلارغا نىجاتلىق بەرگۈچى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى چۈشىنىشنى خالامسىز؟

ئادىلە گاڭگىراپ قالدى، ئۇ دىن ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، ئېتىقاد دېگەن نەرسىلەر توغرۇلۇق ئانچە ئويلىنىپ باقمىغانىدى. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ غېمىدىن قۇتۇلالماي تۇرغاندا ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى قىلىدىغان ۋە شۇ دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىدىغان دىنىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاش پەقەت خوشياقمايتتى. مۇسۇلمان بولۇشنى ياغلىق ئارتىپ ئۆيدە ئولتۇرۇش دەپلا چۈشىنىپ كەلگەن ئادىلە كۆز ئالدىدىكى نەق، شېرىن نەرسىلەردىن باشقا ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايتتى، دىنىنىڭ گېپى چىقسا سىيىت قارىمىدەك بىچارىلەر يادىغا كېلىپ، بۇنداق پاسسىپ ياشاشنى خالىمايمەن، ياشلىقىمدا ياشىۋالاي، قېرىغاندا بىر گەپ بولار دەپ ئويلايتتى.

ـ بۇنى ھازىرچە ئويلىمىدىم،ـ دېدى ئادىلە تاقەتسىزلىنىپ.

ـ ئادەمدە بىر ئېتىقاد بولۇشى كېرەك، ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشى كېرەك؛ ئاڭلىسام سىز تېڭىرقاپ يۈرگەن قىز ئىكەنسىز، ياشاش ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەۋېتىپسىز. پۇل دېسىڭىز بىزمۇ بېرەلەيمىز، خرىستىئانلىق ھەقىقەت ئۈچۈن ئىشلەشنى خالىسىڭىز ئازابتىن قۇتۇلۇپ، گۇناھلىرىڭىزدىن پاك بولىسىز...

ئىنگلىز تىلىدا ئالدىرىماي، ئوچۇق سۆزلەيدىغان بۇ كورېيىلىك كۆچمەن ئادىلەنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى، ئۇ ئۆمرىدە يولۇقمىغان بۇ ئىشنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى كۈتۈپ چىداپ ئولتۇردى، ئۆزىنى رۇسىيىلىك كۆچمەننىڭ ئەۋلادى دەپ قويغىنىغا ئىچى پۇشتى.

ـ خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلسىڭىز بۇ دىنىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىسىز. ئەگەر چۈشىنىشنى خالىمىسىڭىز سىزنى زورلىمايمىز، ئەمما چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بۇ نىجاتلىق يولى. بۇنىڭدىن باشقا يولنى ئىزدەش سىزنى ئازغۇنلۇققا ئاپىرىدۇ. بىز سىزگە ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشنى خالايمىز.

ـ مەن تېخى ئويلاپ باقمىدىم، شۇڭا سىلەرگە نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن...

ـ خۇدا بىزگە ئەقىلنى بەرگەن، شۇڭا ئادەم ئويلىنىشى كېرەك. بۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. سىزنى توغرا چۈشىنىمىز، سىز شۇنچە پۇل تېپىپمۇ روھىي جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلالمايسىز، شۇنداقمۇ؟

ـ ھەئە، دائىم ئازابلىنىمەن،ـ دېدى ئادىلە.

ـ سىزدىكى شۇ ئازابنىڭ مەنبەسى نەدە، بىلەمسىز؟

ـ ئويلاپ باقماپتىمەن.

ـ ئادەم بىر ئۆمۈر ئازابلانغۇچىدۇر، چۈنكى ئادەم ئەسلىدىنلا گۇناھكار. بۇ گۇناھتىن قۇتۇلۇپ، نىجادلىققا ئېرىشىشنىڭ يولى خرىستىئان دىنى. سىز بۇ دىننى بىر چۈشىنىپ باققان بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيتتىڭىز، قەلبىڭىز ئارام تاپقان بولاتتى.

ئادىلە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادىلەگە ياخشى كۆرۈنگەن ئاۋسترالىيىلىك مۇلايىملىق ۋە ھاياجان بىلەن ئۇ گەپكە قوشۇمچە قىلدى:

ـ خرىستىئان دىنى سىزنى ياخشىلىققا باشلايدۇ. روھىي جەھەتتىن يۆلەنچۈككە ئېرىشىسىز، مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

ئۇ ئىككىيلەن ئادىلەگە خرىستىئان بولۇشنىڭ ئۇ دۇنيالىق پايدىسىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇنيالىق نەق پايدىسىنى، خرىستىئان بولسا نەچچە پۇل، باشقىلارنى بۇ دىنغا كىرگۈزەلىسە قانچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بېكىتتى. بېرىلىدىغان پۇل ئاز ئەمەس ئىدى، ئادىلە بۇ ئىشتىنمۇ ئوبدانلا مەنپەئەت ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قىزىقىپ قالدى، لېكىن «دىن تارقىتىش» دېگەننى ئويلاپ ئۈمىدسىزلەندى. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ، ھېچنېمىنى ئويلىماي قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسا، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كاللىسىدا ھېچنېمە قالمىسا، ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ راھەتتى شۇ ئىدى.

ئادىلە «ئويلىنىپ باقاي» دېدى، دىن تارقىتالمىسىمۇ، كىتاب بولسىمۇ تارقىتىش قولىدىن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى، ئازراق ھەقمۇ ئالدى، كۆڭۈلسىز قايتىپ كەلدى، ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. قايتىپ كېلىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى، پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ رەڭلىك ئېكراندا ئىدى. كۆرۈنۈشلەرگە ئەگىشىپ كاللىنى چىرمىۋالغان كونا خىياللار بىر-بىرلەپ يوقايتتى ياكى ئۆزگىرەتتى. ئۆيدىكى غۇۋا چىراغ يورۇقى، كونىراپ كەتكەن قاسماق تام ئادىلەنىڭ كەيپىياتىغا ماس ھالدا ناھايىتى خۇنۇك، پەرىشان كۆرۈنەتتى. تېلېۋىزوردا كۆرگىدەك نەرسىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، خەۋەر، ئېلان، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، كىنو-تىياتىرلار، سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئېسىلزادىلەر كۈلۈپ-ھىجىيىپ چىقاتتى، تامامەن دېگۈدەك ئېسىل ياشايدىغانلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈرمەنلەرگە ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىلەتتى، كىشىلەر زېرىككىسىمۇ شۇنى كۆرەتتى، قانال يۆتكەشتىن باشقا ئەركىنلىك يوق ئىدى. ئادىلە ئاز سانلىق ئېسىلزادىلەرنىڭ غەلۋە-غەلىيانلىرى قاپلاپ كەتكەن ساختا كۆرۈنۈشلەرگە ئۆچ بولغاچقا سىرتتىن كىنو دەيلىرى سېتىۋېلىپ كۆرەتتى، بۈگۈن نېمىشقىدۇر تېلېۋىزورنى ئېچىپ

ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى، ئىلانغا چىقىدىغان سەتەڭلەرگە ھەۋەستىن ئۆتە ھەسەد بىلەن قاراپ دى، يېرىملاشقان كىنولارنى بىر دەم كۆرۈپ ياراتماي قانال يۆتكىدى، ھەممىسى بىمەنىلىك، ياسالمىلىق بىلەن تولغان پروگراممىلار ئىدى، بىر قانالدىلا ھايۋاناتلار دۇنياسى كۆرسىتىلىۋاتاتتى: قارا يىلان بىلەن ئاق يىلان شىددەتلىك سوقۇشۇۋاتاتتى، چۈشەندۈرگۈچى بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەيتتى. بىر چاغدا باشقا بىر چار يىلان پەيدا بولۇپ ئۆزىدەك يوغان بىر يىلاننى يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. چار يىلاننىڭ كۆزىدىن سىرلىق نۇر چاقنايتتى. يىلاندا ئەرلىك كۈچكە ئوخشايدىغان بىر ۋەھشىيلىك، ئايالىلىق نازاكەتكە ئوخشايدىغان بىر ئەۋرىشىملىك بار ئىدى...  بىر دەمدىن كېيىن بۇ پروگراممىمۇ تۈگىدى. باشقا قاناللار يەنىلا زېرىكەرلىك ۋارى-ۋارى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئادىلە دېيىلىرىنى ئاختۇرۇپ باقتى، كۆرگىدەك يېڭى كىنو يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىنونى قويدى، بۇ فىلىمدە مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان قامەتلىك يىگىت بىلەن گۈزەل قىز چېركاۋغا كىرىپ، پوپنىڭ ئالدىدا بىر-بىرىگە قەسەم بېرىپ سۆيۈشەتتى. قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاپئاق كۆينەك پاكلىقنىڭ جىلۋىسىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى، بىر ياقتىن چىقىۋاتقان مۇزىكا تولىمۇ يېقىملىق، رومانتىك ئىدى.  بۇ توي كۆرۈنۈشى ئادىلەگە بەختنىڭ بىر نىشانىسىدەك، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىدەك بىلىندى. چېركاۋنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى، غەربلىكلەرنىڭ بۇنداق رومانتىكلىقى، تويدىمۇ، ماتەمدىمۇ كىيىملىرىنى قاتۇرۇپ كىيىپ خۇشاللىق ۋە قايغۇغىمۇ ئىنسانىي گۈزەللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى ئامېرىكىنىڭ ھەممە كىنولىرىدا دېگۈدەك چىقاتتى. ئادىلە شۇنى چۈشەندىكى، ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىمۇ ماھىيەتتە خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلاتتى.

ئادىلە بىر ياققا تاشلاپ قويغان بىر خالتا «ئىنجىل»غا قاراپ بىئارام بولدى، كورىيىلىك كۆچمەن خەنزۇچە ئىنجىللارنىڭ ئارىسىغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇيغۇرچە نۇسخىدىكى ئىنجىلنىمۇ سېلىپ بەرگەنىدە ئادىلە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پىشىپ كەتكەن قاقۋاش ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى.  بۇنى كىملەرگە تارقىتىدۇ؟ خەنزۇلار ئوقۇمدۇ؟ ئۇيغۇرلار ھەرگىز ئوقۇمايدۇ، ئويۇنچى پەرەڭلەرگە دىنىي كىتاب ئوقۇش خوشياقامدۇ؟ ئادىلە ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالدىراپ ئېلىپ قويغىنىغا سەل پۇشايمان قىلدى. لېكىن

ئامال تاپسا ھەقسىز كىتاب تارقىتىش ئۇنچە تەس ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ شەھەردە، شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يەرلىرىدە چېركاۋلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، خرىستىئان دىنىغا كىرگەن خەنزۇلارمۇ بۇ دىننى بىر-بىرىگە تارقىتاتتى، رىژدىستوۋا بايرىمى كەلسە ھەممىسى خرىستىئاندەك داغدۇغا قىلىشىپ كېتەتتى. دېمەك، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۇنچە نومۇس قىلغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى.

ئادىلە ھەممە ئىشنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈش پرىنسىپى بويىچە خىيالىنى جەم قىلىپ، خاتىرجەم ئۇخلاپ قالدى.

شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن كورىيەلىك كۆچمەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى، پات-پات تېلېفون قىلىپ چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلاتتى، ئادىلەمۇ بۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالدى. كورىيەلىك كۆچمەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خرىستىئان بولۇش جەريانىنى، خرىستىئان دىنى تارىخىغا ئائىت تەسىرلىك ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، خرىستىئان بولغۇچىلارنىڭ بۇ دىنغا كىرگەندىن كېيىنكى خاتىرجەم ھاياتىنى، گۈزەل تۇيغۇلىرىنى تەرىپلەيتتى؛ خرىستىئان دىنىنىڭ زامانىۋىلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنى ئەركىنلىككە، مېھىر-مۇھەببەتكە يېتەكلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بولسا خرىستىئان بولۇشنىڭ دۇنياۋى يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئادىلە ئۇنىڭ گەپلىرىگە بارغانچە قايىل بولۇپ قالدى، خرىستىئان دىنىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەندى، ھەتتا خرىستىئان دىنى ئىسلام دىنىدىن ئىلغار ئىكەن، زامانىۋى ئىكەن، ئادەمگە ئەركىنلىك بېرىدىكەن، ياۋروپالىقلاردەك ئېسىل ياشىغىلى بولىدىكەن... دېگەن قاراشقا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ ئادىلە مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئورۇنداشقا باشلىدى. نەپسىنى قاندۇرۇشقا كىرىشىپ كەتكەن بايۋەچچىلەرنىڭ بىر نەچچىسىگە ئىنجىلنى تۇتقۇزۇشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۆزىنى بىر ئىلغار دىننىڭ مۇرىتى دەپ قارىغاندىن باشلاپ، قىلمۇۋاتقان ناشايان ئىشلىرىغىمۇ قەتئىي پەسەنت قىلمايدىغان، كىتاب تارقىتىپ ساۋابلىق ئىش قىلسام گۇناھلىرىم يۇيۇلىدۇ دەپ ئويلايدىغان بولدى. كورىيەلىك كۆچمەن ئېيتقاندەك، ئىلگىرىكى ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ

خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى ۋە ئۇ خىرىستىئانلىقتا تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن باغلاندى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە بولغان ھەر قانداق «ھايۋان»نى ئىنجىل بىلەن ئادەم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ خېلىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ھەتتا «ساۋابلىق يول» ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بىر تىيىن ھەق ئالمىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن نىغمەت تاشچى ئۇنى تېلېفون قىلىپ ياتىقىغا چاقىردى. ئادىلە سومكىسىغا ئۇيغۇرچە ئىنجىلدىن بىرنى سېلىپ باردى. نىغمەت تاشچى ئۇنى ياتىقىدا قۇچاقلاپ قارشى ئالدى.

ـ كۆپكۆندۈزدە نېمە سەتچىلىك بۇ، مېھمانخانىدا ساپلا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتىدىغۇ؟!ـ دېدى ئادىلە چاپىنىنى سېلىپ.

ـ بۇ دېگەن تاشچىلارنىڭ ماكانى.

ـ شۇنچە جىق تاشچى بارمۇ بۇ يەردە؟!

ـ ئەلۋەتتە، پۇل نەدىن چىقسا خەق شۇ يەرگە كېلىدىغان گەپ، بىر تاشنىڭ كەينىدىن 10 ئادەم سوكۇلدايدۇ دەڭا!

ـ خەق كۆرۈپ قالار دېمەي مېنى مەشەگە چاقىرتتىڭىزما؟!

ـ ئا ھاي، خۇدادىن قورقمىغان ئادەم بەندىدىن قورقامتۇق!

ئادىلە بۇ تاشچىنىڭ خىرىستىئان بولۇشىدىن ئۈمىد باردەك ھېس قىلدى، كۆلۈپ قويۇپ ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى:

ـ خۇدادىن قورقمامسىز؟

ـ قورقىمەن، لېكىن شەيتانمۇ يامان دەڭا، بولۇپمۇ سىزدەك شەيتانلار...

ـ مېنى شەيتان دەيدىغان نېمە ھەققىڭىز؟! چوڭ شەيتاننىڭ ھەممىسى ئەرلەر.

ـ ھەممىمىز شەيتان، ئەمدى بولغاندۇ، تېزرەك بولساق، ھېلى بىرسى ئىزدەپ كىرىپ قالامدىكىن دەيمەن...

ـ بەك كۆڭلۈمگە كەلدى ما گەپ، مۇسۇلمان دېگەننىڭ ھەممىسى شەيتاننى تىللاپ قويۇپ ئۆزىنىڭ

بىلگىنىنى قىلىۋېرەمدۇ نېمە؟ ئاشنا ئوينىسىمۇ شەيتان، ھاراق ئىچسىمۇ شەيتان، ئوسۇرسىمۇ شەيتان... ھەممىنى شەيتانغا ئارتىپ قويۇۋېرسەڭلار، شەيتانغا ئۇۋال قىلغان بولمامسىلەر؟!

نىغمەت تاشچى كۆتىگە تۆيۈقسىز تېپىلىك يېگەندەك تۇرۇپ قالدى، ئادىلە باشقىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەممىمىزنىڭ قېنىدا شەيتان بار، خۇدايىم شۇنداق ياراتقان... - دېدى ئۇ ساڭپىيىپ.

— سىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىر دىن بار، سىز شۇنى بىلەمسىز؟

— قانداق دىنىنى دەيسىز، بىز مۇسۇلمانغۇ؟!

— مۇسۇلمان دېگەن نېمە؟ ماڭا دەپ بېرىڭا شۇنى. ئەتىدىن كەچكىچە شەيتاننى تىللاپلا يۈرىدىغان، يەنە ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان ئادەم مۇسۇلمان بولامدا؟! مەن ئۆزۈمنى مۇسۇلمان دەپ ئۇنداق ساختىلىق بىلەن ياشاشنى خالىمايمەن، شۇڭا مەن خىرىستىئان دىنىغا كىردىم، بۇ دىن مېنى ئازابتىن قۇتقۇزدى، كىشىلەرگە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشنى ئۆگەندىم، ساۋاب تېپىپ گۇناھىمنى يۇيۇشنى ئۆگەندىم. مەن دەپ قوياي، سىز ھازىر ھېچنېمە ئەمەس، سىز ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىسىز، كەيىندىن پۇشايمان قىلىسىز. بۇنداق ئازابلىنىپ ياشىغاندىن تايىنلىق مۇسۇلمان بولمىسىڭىز بولمامدۇ؟!

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز، مەن ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمان.

— مەن سىزنى كاپىر دېمىدىم، مەن دەۋاتقان دىنىنى چۈشىنىپ قويۇڭ، زىيىنى يوق دەۋاتىمەن.

— ياق، مەن قىزىقمايمەن.

— سىزنى زورلىمايمەن، «ئىنجىل» دېگەن بىر كىتاب بار، بۇمۇ خۇدايىمىنىڭ كىتابىكەنغۇ، ئوقۇپ قويسىڭىز بولىدۇ.

— مەن ساۋاتسىز، كىتاب ئوقۇيالمايمەن.

— ئوقۇيالمىسىڭىز ياتىقىڭىزغا تاشلاپ قويۇڭ، ئوقۇيدىغانلار چىقار.

— ئۇنداق قىلغىلى بولماس، تاشچىلار ئىچىدە ناماز ئوقۇيدىغانلار بار، ئۇنى كۆرسە مېنى كاپىرغا

چىقىرىپ كەينىمدىن تىللايدۇ.

– راستىنلا ساۋاتسىزكەنسىز، ئىنجىلنى ئوقۇپ قويغانغا نېمە بولىدۇ؟ ھېكايە-رومان ئوقۇغاندىن شۇنداق كىتابنى ئوقۇسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

– ئۇنداق دېگەن بىلەن، خەق ئۇنى ئوقۇپ ئېزىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

– ئازمايدۇ، توغرا يول تاپىدۇ. بۇنى سىزگە بىر كۈن ئولتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن.

– ماڭا ھازىر بۇنداق گەپ خوشياقمايدۇ.

– گېپىمنى ئاڭلاڭ بودىكىم، ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزدەك ئاجىز ئويلىماڭ. ئىنجىلمۇ قۇرئاندەك بىر كىتاب. ئوقۇپ قويسا تاشچىلارنىڭ ئىنساۋى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ دېگەن ئىمتىھان دۇنياسى، تەرتى چىڭ ئادەملا ئۆتەلەيدۇ. بۇنى بىلىدىغانسىز؟

– ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، خەق ماڭا يامان كۆزدە قاراپ قالىدۇ.

– ئۇنى نېمە بىلىسىز، بەلكىم خەق سىزگە رەھمەت ئېيتىشى مۇمكىن. ئىنجىل دېگەن ئاسان تاپقىلى بولىدىغان كىتاب ئەمەس.

– ئەمىسە بىرەر كىتاب قالسا قالسۇن– دېدى نىغمەت تاشچى تاقەتسىزلىنىپ، ئادىلە كەتكەندە ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتسىلا بولاتتى.

– ما گېپىڭىز جايىدا بودىكىم، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى مېھىر-شەپقەت، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئەلچىسى دەپ بىلىڭ، شەيتان ئەمەس، پەرىشتىدەك كۆرۈڭ.- دېدى ئادىلە ئۇنى شاپاشلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ،- بۈگۈن سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن، ھەق ئالمايمەن.

نىغمەت تاشچى خۇشاللىق بىلەن ئادىلەنى پوكىنىغا باستى، شەيتىنىغا ئەگىشىپ كەتتى، قىن-قىنىغا سىغمىدى.

– كېلەر قېتىم كەلگەن چاغدا «ئىنجىل»نى قانچە ئادەم ئوقۇغانلىقىنى ماڭا دەيسىز، كىتابنى ماڭا كۆرسىتىسىز، ئەگەر تاشلىۋەتسىڭىز خۇدانىڭ قارغىشىغا ئۇچرايسىز، ئۇقتۇڭىزمۇ؟-دېدى ئادىلە ئىچ كىيىملىرىنى سىلىۋېتىپ.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ناھايىتى بىر كىتابقۇ...

ــ ئۇنى ئادەتتىكى كىتاب دەپ قالماڭ، مۇقەددەس كىتاب ئۇ، ساۋادىڭىز بولغان بولسا ئوقۇپ باققان بولسىڭىز چۈشىنەتتىڭىز. كۆزى ئوچۇق قارغۇ-دە سىز..

ــ ھە، مەن ھازىر قارغۇ، كۆزۈم سىزدىن باشقىنى كۆرمەيدۇ ھازىر... دېدى نىغمەت تاشچى ئادىلەنىڭ ئۇستىدە كالىدەك پۇشۇلداپ، كاپىر بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم-دە!

ــ شۇڭا جاننى ئۇنداق قىينىماڭ دەيمەن، خرىستىئان دىنىغا كىرسىڭىز ئازادە ياشايتتىڭىز...

ــ بولدى ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ...

ــ سولۇشۇپ قالامدىكەنسىز؟

ــ ئالدىراپ سولۇشۇپ قالمايمىز.

ــ ھېچقىسى يوق، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

نىغمەت تاشچى گەپ قىلماستىن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئىشنى تۈگەتتى، ئادىلەنىڭ بۇرۇنقى پەيزى قالمىغاندەك ھېس قىلدى.

ئادىلە ھالىدىن كەتكەن نىغمەت تاشقا كىتابنى تۇتقۇزۇپ ياتاقتىن چىقتى، مېھمانخانا سالونىدا سىيىت قارى بىلەن يېنىدا تۇرغان يەنە بىر قارىم سۆپەت بالىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى، سىيىت قارىمۇ ئۇنى كۆردى. ئادىلە گەپ قىلماي مېڭىۋېرىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن سىيىت قارىنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن باشلاپ بۇ قارىم ئۇنىڭ كاللىسىدىن چىقماي كېلىۋاتاتتى، ئەمدى نەق كۆرۈشكەندە ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشنى راۋا كۆرمىدى. سىيىت قارى بۇرۇنقىدىن سەل سەمرىپ، سالاپەت قونغاندەك، خېلى ئىش كۆرگەندەك قىلاتتى؛ چىرايىدا قورۇنۇش يوق، ئادىلەگە كونا تونۇشلىرىغا قارىغاندەك قاراپ تۇراتتى.

ــ ۋۇي، ما بالىنى، قاياقتىن كەلدىڭىز، قاچان كەلدىڭىز؟-دېدى ئادىلە قىزغىنلىق بىلەن سىيىت قارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مانا قاراڭ، ئۆزگىرىپلا كېتىپسىزغۇ؟!

ــ كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى. مۇشۇ مېھمانخانىغا چۈشكەنىدۇق.

ــ بۇ ياق كەم بولىدۇ؟ تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ.

ــ تاھىر قارى، مېنىڭ ساۋاقدىشىم.

ــ بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭلار؟

ــ قاشتېشى ئېلىپ كەلگەن، خېرىدار ئۇقۇشۇۋاتىمىز.

ــ ھە، تاشچىلىق قىلىۋاتىمىز دەڭلا، تاش سودىسى ياخشى دەيدۇ، خېلى بىر نېمە تاپقانسىلە؟

ــ ھە، يامان ئەمەس، تاشنى قولدىن چىقىرىۋەتكىچە مەشەدە تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىمىز.

ــ ياخشى بوپتۇ، قارىم بالىلار يېزىدىلا يۈرمەي مانداق شەھەر ئايلىنىپ پۇل تاپسىمۇ بولىدىكەنغۇ مانا!

ــ ئەمدى شۇنداق قىلايلى دەۋاتىمىز.

ــ بېيجىڭنى يوقلاپ كەلگىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ، بۇ شەھەرنىڭ تويىسى ئېغىر.

ــ بەش يىل ئوقۇغان شەھەر دەڭا، كۆرگىمىز كېلىدىكەن.

ــ زۆھرە بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

ــ ياق تېخى، ئىككىڭلار ھازىرمۇ بىللە تۇرۇۋاتامسىلەر؟

ــ بىللە تۇرۇۋاتقان، ئىككى ئاي بولدى كۆچۈپ كەتتى، بىر رېستورانىدا ئىشلەۋاتامدىكىن...

ــ تېلېفون نومۇرى ئۆزگەرمىگەندۇ؟

ــ كونا نومۇرى شۇ، ھازىر قانداق، ئۇقمايمەن.

ــ زۆھرە بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز سالام ئېيتارسىز.

ــ بولىدۇ، سىلەرمۇ ئامان بولۇڭلار، تاش سېتىپ بېيىپ كېتىڭلار، بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يەرمىز.

ــ ئەلۋەتتە، بىز تېخى بار.

ــ تونۇشلار كەپتىكەن، كۆرۈشكىلى كەلگەن، مەن ماڭاي، كېيىن كۆرۈشەرمىز.

ئادىلە سىيىت قارىدىن خوشلىشىپ، مېھمانخانىدىن چىقتى. قارىملارمۇ پۇل تېپىشقا تۇرۇپ كەتكەنىدى، پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتكەنلەر ئاسان بۇزۇلاتتى، قارىملارمۇ ئادەم بولغاچقا بۇنىڭدىن

مۇستەسنا ئەمەس دەپ ئويلىدى ئادىلە، بۇنداق باللارنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزگىلى بولمىغان بىلەن، شەھۋەت يولىدا ئېزىقتۇرۇپ ئىمانىدىن ئايرىۋەتكىلى بولاتتى. ئەگەر سىيىت قارىنى خرىستىئان قىلىۋەتكىلى بولسا، ئادىلە ئۇنى نەچچە يۈز قېتىم قاندۇرۇشقا رازى ئىدى. ئادىلە خرىستىئان دىنى ئۈچۈن نېمىگە بۇنچە پىداكار بولۇپ كەتكىنىگە بەزىدە ئۆزىمۇ ھەيران قالاتتى، ئاندىن بۇنىمۇ شۇ دىنىنىڭ سېھرى كۈچى ۋە قۇدرىتىگە باغلاپ چۈشىنەتتى، مېڭىۋاتقان يولىنى توغرا ھېسابلايتتى.

سىيىت قارىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ئادىلەنىڭ كاللىسىدا سىيىت قارىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەسلىمىلەر، دىن، تەقۋالىق، ئەخلاق، ياشلىق، ھەۋەس... خىياللىرى ئەگىشىپ كەلدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ سىيىت قارىغا دەشنەم بەرگەن كۈنى سىيىت قارى چاي قۇيۇۋاتقان زوھرەگە تەلمۈرۈپ قارىغان، ھېسسىياتلىنىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ سىيىت قارىنىڭ ھازىر توي قىلغان-قىلمىغانلىقىنى بىلمەيتتى، لېكىن بۇ قارىنى بۇرۇنقىدىن جىق ئىش كۆرگەندەك قىلاتتى، كۆزلىرىمۇ ئانچە-مۇنچە ئويناپ تۇراتتى. قارىغاندا تاپاۋىتى ياخشى بولسا كېرەك، يا بولمىسا توي قىلىپ خوتۇن خەقنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان بولسا  بولسا ئايال كىشى سېغىنىپ قالغاندۇ، بۇنداق ياش باللار قۇتراپ تۇردۇ، ئىچى ئوت بولۇپ ياندۇ، سەتەڭلەرگە قارىماي دەيدۇ قارايدۇ، بىر كۆزى پەرۋاسىز تۇرغان بىلەن يەنە بىر كۆزى شەھۋەت تۆشۈكىدىن مارايدۇ...

بايىقى پاراڭلار ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى، قارىملارنىڭ قويۇۋالغان ساقاللىرى، پاكىز، تەقۋا قىياپەتلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، ئەمما بۇ قىياپەتنىڭ ئىچىدىكى ماھىيەت زادى نېمە؟ راستىنى دېگەندە، سىيىت قارىنىڭ ئىمانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى، ئۇ ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ زادى قانچىلىك ئۇلۇغلۇقى ئادىلەگە نامەلۇم ئىدى. شۇنداق بولغانچە، ئادىلە ئۇنى بىلىشكە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ قارىملار بىلەن كۆرۈشۈش ئادىلەدە تەبىئىيلا دىنلار ھەققىدە سېلىشتۇرما تەپەككۇر ئويغاتتى، ئادىلە دەسلەپتە ئۆزىنى كەمسىتتى، لېكىن دەرھاللا «بۇ مېنىڭ كونا ئېتىقاد تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىم، كونا چاپاننىڭ مېھرىدىن كەچمەك ئاسان ئەمەس، لېكىن چوقۇم ۋاز كېچىشىم كېرەك، بۇ مېنىڭ تاللىشىم» دەپ ئويلاپ، خرىستىئانلىق تەرەپكە ئۆتتى، قەلبى قايتا ئارام

تاپقاندەك بولۇپ، «روھۇم مېنى مۇشۇ ياققا تارتىۋاتىدۇ، دېمەك مەن بىر خاسىيەتلىك دىنغا كىردىم» دەپ ئۆزىدىن مەستخۇش بولدى؛ خرىستىئان دىنى ئۇچۇن ساۋابلىق ئىشلارنى داۋاملىق قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ سېيىت قارىنى «زۆھرە بىلەن سىزنى كۆرۈشتۈرۈپ قوياي» دەپ ئۆيىگە يالغۇز چاقىرتتى. سېيىت قارى كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئەتىرلىرىنى چېچىپ، داۋالغۇپ تۇرغان كەيپىيات ۋە يوقالماس ھاياجانلىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ـ زۆھرە يوققۇ؟-دېدى سېيىت قارى زۆھرە تولا يېتىپ ماكچايتىۋەتكەن ساپاغا ئولتۇرۇپ.

ـ سەل تۇرۇپ كېلىدۇ، يولدا ماشىنا توسۇلۇپ قاپتۇ، چاي ئىچكەچ تۇرۇڭ.

سېيىت قارى بىر يىل ئاۋۋال كەلگەن بۇ كونا ئۆيگە سەپسېلىپ قارىدى، ھەممە نەرسە شۇ پېتى، ئەمما ئۆي ئىچى رەتسىز ھەم بىر ئاز مەينەتلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. سېيىت قارى تېلۋىزورنىڭ يېنىدىكى كونا ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە ژۇرناللار ئارىسىدا قىستىلىپ تۇرغان قۇرئاننى كۆرۈپ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى.

ـ ئادىلە كېتىپ بۇ ئۆي مۇشۇنداق قالايمىقان تۇرۇپ قالدى، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز.

ـ زۆھرە نېمىشقا كېتىپ قالدى؟

ـ ھەي، دېسەم گەپ جىق، ئۆزىنىڭ كەتكىسى كېلىپ قاپتىكەن.

ـ ئۇرۇشۇپ قالمىغانسىلەر؟

ـ ھەي ياقەي، ئۇرۇشۇپ نەگە باراتتۇق، قىز بالا چوڭ بولغاندا ئىشى جىق بولىدۇ دەڭا، ئايرىم ياشىغۇسى كېلىپ قالغاندۇ.

ـ بىر يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆيگە قايتمىدى، ئۆيدىكىلىرى ئەنسىرەپلا ئولتۇرىدۇ.-دېدى ئادىل قارىم چايدىن ئوتلاپ.

ـ شەھەرگە كۆنۈپ قالغان ئادەم يېزىدا بىر كۈن تۇرۇۋشقىمۇ چىدىمايدۇ دەڭا!

ـ لېكىن مەن تا ھازىرغىچە ھەيران، شەھەرنىڭ تارتىشقۇدەك زادى نەرى بار؟ زۆھرە نېمىشقا بۇ

شەھەردىن كېچەلمەيدۇ؟

– شەھەردە جىق نەرسىلەر بار، قىلاي دېسە ئىش بار، تاپاي دېسە پۇل بار، پۇرسەت بار، راھەت بار، ئادەم ئويلاپ باقمىغان رەڭگارەڭ نەرسىلەر پەيدا بوپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ قىزلار مۇشۇنداق رەڭگارەڭ دۇنياغا ئامراق. ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

– ئۇنى دېسىغۇ راست، شەھەردە ھەممە نىمە تېپىلىدۇ.

– مانا سىلەرمۇ شەھەر سېغىنىپ كەپسىلەرغۇ؟ پۇلنىڭ ھەممىسى شەھەردە، ئوينايدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى شەھەردە، قىزلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى شەھەردە، زۆھرەمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى.

سىيىت قارىنىڭ يۈرىكى ئەلەملىك سوقۇپ كەتتى ۋە بىردىنلا جىمىپ قالدى.

– مەن سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي دېگەن، لېكىن بۇنى زۆھرەگە دەپ يۈرمەڭ.

– سوراۋېرىڭ، مەنمۇ سىزگە دەپ بېرىمەن. بىز ئوچۇق-يورۇق پاراڭلاشساق بولىدۇ، بۇرۇنمۇ شۇنداق بىر پاراڭلاشقانتۇققۇ دەيمەن، ئېسىڭىزدىمۇ؟

– ئېسىمدە بولماي، غىزا يېمەي ئىزا يېگەن كۈنۈم ئۇ...

– بەك قاتتىق گەپ قىلىۋېتىپتىكەنمەن، لېكىن بەزى گەپلىرىمنى سىزگە پايدىلىق دەپ ئويلاپ دېگەنىدىم.

– ئوبدان پايدىسى تەگدى، كاللام خېلى ئېچىلدى.

– ھە دەڭە، مەندىن نېمىنى سورايسىز، نېمە تەلىۋىڭىز بار؟

– مەن ھازىرغىچە شۇ گۇماندىن قۇتۇلالمىدىم، بۈگۈن سىزگە دەۋاتىمەن. زۆھرە راست شۇنداق يامان يولغا كىرىپ كەتتىما؟

– بۇنداق نازۇك مەسىلىنى مەندىن سورىماڭ، باشقا گېپىڭىز بولسا دەڭ.

– لېكىن مەن مۇشۇ ئىشنى بىر ئۇقۇپ باقسام بولاتتى.

– نېمىنى ئۇقۇپ باقسىز؟ ئۇقۇپ قانداق قىلماقچىدىڭىز؟ ئۇنى ئالامتىڭىز؟

– دېگۈڭىز كەلمىسە بوپتۇ، ئۇقسام-ئۇقمىسام بەرىبىر، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ...

ــ زۆھرەنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز-دە! ئۇنداق ئادەم بۇرۇنلا ئۇنىدەككە كەلتۈرۈپ خوتۇن قىلىسىڭىز بولماسمىدى؟

ــ ئۇ چاغدا كىچىك ئىدۇق، ئىش ئۇقمايتتۇق.

ــكېيىنكى پۇشايمان ئۆزىڭىزگە دۈشمەن، پاك چېغىدا تۇتالمىغاندىكىن ئەمدى كەينىدىن مىڭ يىغلىسىڭىز بىكار!

ــ دېمەك، زۆھرە بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ-دە!

ــ قانداق ئويلىسىڭىز شۇنداق ئويلاڭ، گۇمانىڭىز ئىمانىڭىزنى قاچۇرۇۋاتامدا؟!

ــ خوتۇن كىشى دېگەننىڭ زادى ئەقلى يوق!- دەۋەتتى سىيىت قارى ئاچچىقىدا، ــ قەدرىڭلەگەننى بىلمەيدۇ!

ــ مەنمۇ خوتۇن كىشى، كىمگە دەۋاتىسىز بۇ گەپنى!؟ خوتۇن كىشى دېگەن قەدرىڭلەگەننى بىلىدۇ، سىز ئۇنى قانچىلىك قەدرلەپ كەتتىڭىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى نوچى مۇسۇلمان دەيسىز، مېھىر-شەپقەت دېگەننى بىلمەمسىز؟ــ دېدى ئادىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، سىيىت قارى ئۆزىنى بىر يىلنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلدى.

ــ زۆھرەنى چىڭ تۇتالمىغىنىم راست، لېكىن ئۇمۇ ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىشى كېرەك ئىدى.

ــ قىز بالا دېگەن ئاجىز، سىز ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلغان بولسىڭىز كەينىڭىزدىن ماڭاتتى. بىز مۇسۇلمانلاردا زادى مېھىر-شەپقەت دېگەن نەرسە يوق.

ــ كىم يوق دەيدۇ؟ مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئوخشاش.

ــ لېكىن ھازىرقى ئەمەلىيەتكە قاراپ بېقىڭ، بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ!

ــ ئەلۋەتتە ھازىر بۇنىڭغا ئەمەل قىلالمايۋاتقانلار جىق، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دىنىمىزنىڭ ھۆكۈمىنى خاتا دېسەك بولمايدۇ. چاتاق دىندا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدە...

ــ بولدى، دىن ھەققىدە پاراڭلاشمايلى، ئىشقىلىپ، مەن جىق ئىشلارغا گۇمان بىلەن قارايمەن، خۇددى سىز زۆھرەگە گۇمان بىلەن قارىغاندەك...

ــ گۇمان دېگەن ھەممە ئادەمدە بولىدىغان نەرسە، لېكىن بەزى گۇمان بەك خەتەرلىك. شەيتان سىزنى گۇمان بىلەن ۋەسۋەسىگە سېلىپلا تۇرىدۇ.

ــ سىزنىچۇ؟ سىز پەرىشتىما؟ شەيتاننى تىللاۋەرمەي ئۇنىمۇ توغرا چۈشىنىپ قويۇڭ!

ــ شەيتان بىزگە دۈشمەن، باشقا يەنە نېمىنى چۈشىنىمىز؟ مەن ئەسلى بۇ يەرگە سىزگە ۋەز سۆزلىگىلى كەلمىگەن، لېكىن ئىمام بولۇپ سۆزلەپ كۆنۈپ قاپتۇق...

ــ شۇنى دېمەن، بولدى، باشقا گەپنى قىلىشايلى، ھە راست، توي قىلدىڭىزمۇ؟

ــ توي قىلغان، ئۈچ كۈندىن كېيىن تالاق قىلدىم.

ــ تالاق دېگىنىڭىز خوتۇننى ئۆيدىن تىللاپ قوغلىۋېتىشما؟!

ــ تىللاش كەتمەيدۇ، « تالاق، ئۈچ تالاق!» دېيمىز، خوتۇن ئۆزىنىڭ كەشىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توغرىلايدۇ.

ــ بۇمۇ بىر قاملاشمىغان قائىدىكەن، خوتۇن خەقنى ئىت قوغلىغاندەك كەت دېپلا ھەيدىۋەتسە بولامدىكەن؟ ئۇنداقتا ھېلىقى « مۇسۇلمان دېگەن بىر-بىرىگە قېرىنداش» دېگەن گېپىڭىز نەدە قالدى؟

ــ بۇ ئىككىسى ئوخشىمايدىغان مەسىلە، بۇنى سىزگە ئايرىم چۈشەندۈرسەم بولىدۇ.

ــ بولدىلا، يەنە دىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىدىكەنمىز. قىسقىسى، سىلەر ئاياللارنى پەس كۆرىدىكەنسىلەر، قىزلارنى چۈشەپ قويىدىكەنسىلەر، سىلەردە مۇھەببەت، مېھىر-شەپقەت دېگەن نەرسە يوقكەن.

ــ سىز باشقىچىلا گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ دىنىنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟

ــ ۋاي بولدىلا، يەنە دېسەك، شۇ دىنىڭ گېپى. مەن ئۆزىمىزنىڭ دىنىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن، بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن باشقا ئادەملەرگىمۇ قاراپ باقتىم، بىزدىن ياخشى ياشايدىكەن، بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزىدىكەن. ئادەم دېگەن مۇشۇنىڭدىن تەسىرلەنمەمدۇ دېيمەن. مەسىلەن، سىز زۆھرەگە بارلىقىڭىزنى بېغىشلىغان بولسىڭىز، شۇ چاغدا ئالدىراپ كېتىپ قالمىغان بولسىڭىز، ئۇ ئاللىبۇرۇن سىزنىڭ بولاتتى، مۇھەببەتنىڭ مېغىزىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەن

بولاتتىڭلار. سىز دىننى شۇنچە ئوقۇپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە قېرىنداش دەپ تۇرۇپ، بىچارە قىز بىلەن كارىڭىز بولماي كەتسىڭىز، ئۇ ئاخىر قانداق بولماقچىدى؟!

سېيىت قارى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، زۆھرەنى كىرىپ قالارمۇ دەپ پات-پات ئىشىككە قارايتتى، ئادىلەگە جاۋاب بەرگىدەك، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق پاراڭلاشقۇدەك ھالىمۇ قالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلە سېيىت قارىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، تار، قىسقا يوپكىسىدىن ئاپئاق يوتىسى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. سېيىت قارى ئۇ يەرگە قارىماي دېسىمۇ كۆزى بېرىپ قالاتتى، كاللىسى كېتىپ قالاتتى، گەپلىرىنى تاپالمايتتى، ئىچ-ئىچىدىن بىر ئۆلگۈر ھەۋەس جوش ئۇرۇپ قاينايتتى. ئادىلە سېيىت قارىنىڭ كونا، يوقالماس ھاياجانلىرىنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدى، كۆزلەر تىلسىز سۆزلەيتتى، يوشۇرۇن ئىستەك شەھۋەتنىلا كۆزلەيتتى.

– زۆھرە نېمانداق كېلىپ بولالمايدىغاندۇ– دېدى سېيىت قارى پەقەت چايغىلا قاراپ.

– زۆھرەنى بەك سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟ زۆھرەدە بار نەرسە مەندىمۇ بار،-دېدى ئادىلە ۋە تېزلىك بىلەن سېيىت قارىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

سېيىت قارى چۆچۈپ كەتتى، ئادەم يوشۇرۇن ئېڭىدا نېمىگە ئەڭ ئىنتىلسە شۇنىڭدىن ئەڭ قورقسا كېرەك، خام خىيال شۇ پەيتى قالسۇن دېگىلى بولمايتتى، لېكىن رېئاللىقمۇ خىيالدىكىدەك ئۇنچە گۈزەل ئەمەس ئىدى. بولۇۋاتقان ئىش، ئۆزگىرىۋاتقان كەيپىيات شۇنچىلىك تېز ئىدىكى، سېيىت قارى بىر دەقىقە ھوش-كاللىسىنى يىغالماي قالدى، ئېسىگە كەلگەندە بولسا ئادىلە ئۇنىڭ ئىشتان بېغىغا ئېسىلىۋاتاتتى.

– نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟...

– سىزنىڭ خىيالىڭىزدىكى ئىشنى قىلىۋاتىمەن، قانداق، خوش بولمامسىز؟!

– مەقسىتىڭىز ئەسلى مۇشۇ ئىكەندە!...

– قانداق، بولمامدىكەن، تاشچىلارنىڭ ھەممىسى ئوينايدىكەنغۇ؟ سىزمۇ پۇل تاپقاندىكىن ئوينىغانسىز؟ ئاڭلىسام، تاشچىلار ياباۋلۇدىكى رۇس جالاپلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېتىپتۇغۇ؟

– لېكىن بىز ئۇنداق زىنا ئىش قىلمايمىز.

– بەز يېمەيدىغان مۇشۇك يوق، تولا خوتۇن كىشىدەك ناز قىلماڭ، ئوغۇل بالىدەك راۋۇرۇس تۇرىڭە ماندىاق!

– مېنى زورلىماڭ، زۆھرەنى دېمىسەم بۇ يەرگە كەلمەيتتىم.

– كەلگەنىدىكىن پۇشايمان قىلماڭ، سىزگە مەن بۇرۇنلا دېگەن، سىزگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرۇپ ئاندىن ئىشىكتىن چىقىرىمىز. ئەتە-ئۆگۈن زۆھرەگىمۇ ئېغىز تېگىشىڭىز مۇمكىن...

سىيىت قارى ئۆزىنى سەللە قويۇۋەتسە بوشىشىپ، زىنايى ھارامىنىڭ پاتقىقىغا تېيىلاتتى، بۇنى ئۆزى ئېنىق بىلەتتى، ئادىلە خۇددى قۇتراپ كەتكەن چىشى شىردەك ئۇنى قامالالاپ، تارتقۇشلاپ ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە ئاپىرىپ قويغاندى. سىيىت قارى بىچارىلەرچە ئويلىناتتى، ئۇ بىر ئىمام ئىدى، جامائەتنىڭ سىماسى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئىمام دېگەن جامائەتنىڭ يېتەكچىسى تۇرسا، ئىمامنىڭ بۇلغىنىشى ئىسلامنىڭ بۇلغىنىشى، جامائەتنىڭ بۇلغىنىشى، گۇناھ -زالالەت ۋە قەبىھ بۇزۇقچىلىقنىڭ يەجۇجى-مەجۇجىدەك يامرىشى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ جامائەتكە ئەيدىز كېسىلگە قارشى تۇرۇش ھەققىدە سەييارە ۋەز سۆزلىگەنلىرى نەدە قالدى؟! ئۆزى تەبلىغ قىلغاندەك، بۇنداق بۇزۇق قىزدىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايتتى، ئەگەر ئەيدىزدەك بىر كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالسا ئەل-جامائەتنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرايتتى، ھەممە نېمىسى، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ نومۇس، رەسۋالىق ئىچىدە خوشلىشاتتى. سىيىت قارى بىر پەس چۆچۈپ، بىر پەس تەمتىرەپ ئىشنىڭ جىمى يامان ئاقىۋەتلىرىنى ئويلىدى، ئەمما ئەرلىك ھەۋىسى يامان يەردىن قىستاپ، مۇستەھكەم تۇرغىنى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادىلەدىن ئەرلىك ھەۋەسنى ئۇرغىتىدىغان ماھارەت، خۇشپۇراق، سەزگۈ... ئىسسىق شامالدەك تېگىپ تۇراتتى، زىنا تولىمۇ شېرىن، ئەمما ئەجەللىك گۇناھ ئىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەچچە يۈز، بەلكىم نەچچە مىڭ ئەرنىڭ مەينەتلىرىنى ئۆزىگە تۆككەن بۇ بۇزۇق قىز نېمانچە جەزبىلىك، نېمانچە خەتەرلىك؟! سىيىت قارى ئۆزىدىن كەسكىن بىر جۈرئەت ئىزدەيتتى. بۇ جۈرئەت ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى: يا قەتئىي رەت قىلىش ياكى قەتئىي زىنا قىلىش. ئەمما زىنا قىلسىمۇ بۇنداق بۇزۇق مەرەز بىلەن زىنا قىلىش كېرەكمىدى؟!

شۇ پەيتتە سىيىت قارىنىڭ كۆزى يەنە ھېلىقى توپا بېسىپ تۇرغان قۇرئانغا چۈشۈپ قالدى. بۇنى زۆھرەگە ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغانىدى. زۆھرە ئۇنى سىيىت قارىنىڭ مۇھەببىتىنى خارلىغاندەك خارلاپ تاشلاپ قويغانىدى. زۆھرەنى خىيال قىلىش بىلەن تەڭ سىيىت قارىنىڭ كاللىسى يەنە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئىختىيارىغا بويسۇنماي قۇتراپ، ئەۋجىگە چىققان ھېسسىياتى توساتتىن پەسلەپ قالدى، ياخشى بولدى، زىناغا كىرەكلىك ھارام كۈچ-قۇۋۋەت يوقىلىشقا يۈزلەندى. بۇ ھالدا تاش بورانغا مەھكۇم چوڭ گۇناھنى ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، ئادىلەنىڭ ئالدىدا تەنە-مەسخىرىگە قالمايتتى، ئەركەكلىكى كەمسىتىلمەيتتى؛ كەمسىتىلسە نېمە بوپتۇ؟ بۇنداق كەمسىتىلىشكە ئۇچراش گۇناھنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئۇزاققىچە ئازابلىنىپ، تۆۋە-ئىستىغپار ئېيتىشتىن ياخشىراق ئىدى.

ـ قولىڭىزنى تارتىڭ، سىز راستتىنلا جالاپمۇ نېمە؟

ئادىلە تۇرۇپلا قالدى، سىيىت قارى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەمرىنى ئەتتى.

ـ ھە مەن جالاپ، سىز قانداق ماز قارىم؟! كېسىلىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ شۇڭا خوتۇنىڭىز يېنىڭىزدا ئۈچ كۈنمۇ تۇرماپتىكەن-دە!

ـ ھەئە، مەن ئاشۇنداق ماز، بۇ يەردە بىكاردىن سەتلىشىپ قالمايلى، مېھمانىنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇڭ...

ـ كېتىۋېرىڭ، ئىشىك ئوچۇق.

سىيىت قارى ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ، كەينىگە يېنىپ قۇرئاننى ئېلىۋالدى:

ـ ما كىتاب توپا بېسىپ خارلىنىپ قاپتۇ، مەن ئەكىتەي!

ـ قويۇپ قويۇڭ، زۆھرەخاننىڭ كىتابى ئۇ، قارىم دېگەن ھەممە جاينى تىمىسقىلاپلا يۈرەمدۇ نېمە؟

ـ بۇنى زۆھرەگە مەن بەرگەن، ئەمدى لازىمى يوق ئوخشايدۇ.

ـ ئەكەتسىڭىز ئەكىتىڭە، ئۇنداق كىتابنىڭ كېرىكىمۇ يوق.

ـ شۇڭا تۇرغان ھالىڭىز مۇشۇ، خۇدا كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بەرسۇن.

ـ ۋاي قوۋۇرغام، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئوڭشاپ كېلىڭە بىر، سىزدەك قالاق، يارىماس قارىلارنىڭ

دەستىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان بىز!  بىز توغرا يول تېپىشىمىز كېرەك.

ــ شۇڭا خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بەرسۇن دەۋاتىمەنغۇ!

ــ خۇدايىم مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئىنساپ بەردى، توغرا يولنى دىلىمغا سالدى. سىزدەك قالاق موللىلار بۇنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ.

ــ بوپتۇ، سىزلا چۈشىنىپ ئۆتۈپ كېتىڭ، مەن كەتتىم، خوش.

ــ يول بولسۇن يارىماس قارىم، بۇ ھالىڭىزدا زۆھرەگىمۇ يارىمىغۇدەكسىز. بوپتۇ، مۇھەببەت ئەمەسمۇ، پولۇ ئېتىپ ئۇزىتىپ قويار...

ئادىلە بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىلىپ، غودۇرلاپ قالدى.

سېيىت قارى قۇرئاننى قولتۇقلاپ، خۇداغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىپ، يەڭگىل قەدەملەر بىلەن خېلى ئۇزاق پىيادە ماڭدى. شۇ تاپتا يېنىدا زۆھرە بولغان بولسا، قۇرئاننى كۆزىگە كۆرسىتىپ، قاتتىق-قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ بىر مۇنچە دېيىشكەن بولاتتى. لېكىن، ئادىلە بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن يەردە، زۆھرە نېمە بولۇپ كەتتى، ئۇققىلى بولمايتتى. زۆھرەنىڭ دىدارى بۇگۈنمۇ كۆرۈنمىدى، ئەمما سېيىت قارىنىڭ خىيالىدا ئۇ ھامان بۇرۇنقى گۈزەللىكىدە پەيدا بولۇپ تۇراتتى.

22

زۆھرە ئادىلەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن رېستورانغا كەلدى ۋە رېستوران خوجايىنىغا دەپ يۈرۈپ رېستۇراندا ئىشلەيدىغان قىزلارنىڭ ياتىقىدىن پاناھلانغۇدەك جاي تاپتى. ئۇ ئاتاققا يارىدەمچى جىڭلى بولغان بىلەن ئالىدىغان پۇلى بىر ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەشكە يەتمەيتتى. ئۇ ئىزچىل ھالدا ئارتۇق پۇل خەجلەشكە چىدىمايلا كەلدى، قولىغا پۇل كىرگەندە ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە ئالاتتى، ئەمما ئەرزان ماللارنى قوغلىشاتتى، چىڭ تۇرۇپ باھا تالىشاتتى. ئادىلە ئۇنى پىخسىق، ھەممە نېمىگە چىڭ، كاللىسى ئىشلىمەيدۇ دەپ مازاق قىلىپ كەلسىمۇ زۆھرە پەرۋا قىلمىدى، گەپكە پەقەت چىدىمىغاندا پۇل خەجلەپمۇ باقتى، ئەمما تاپقىنى تايىنلىق بولغاچقا خەجلەپ بولۇپ قورسىقى ئاغرىدى. يۇقىرى مائاشلىق ئىش تاپالمىغاچقا بۇ قىممەتچىلىك شەھەردە ئادەتتىكى ئىشچىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن

ھالقىيالمىدى. ئادىلە ئۆزىگە مەرد بولغان بىلەن زۆھرەگە ئۇنداق كەڭ قوللۇق قىلمىدى، بەلكى زۆھرەنىڭ ئىچىنى قىززىتىپ، پۇلغا قىزىقتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تامامەن ئېچىۋېتىلگەن «دۇكان»غا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىدى، ئوخشاش نىيەتتىكى چۆپقەتلىكنىڭ شېرىن خىيالىنى سۈردى. شۇ مەقسەتنى دەپ زۆھرەگە پۇل خەجلەپ باقتى، ھايا پەردىسىنى خېلىلا ئاچتى، ئەمما ھەر قانچە قىلسىمۇ ئاخىرقى چەككە يېتەلمىدى، توپ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىككە كۆچەشلىرى زۆھرەنىڭ گۇمانىنى، نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى، زۆھرەمۇ ئۇنداق نەگە باشلىسا كالىدەك كېتىۋېرىدىغان قىز ئەمەس ئىدى، ئادىلە ئۇنى «دۆت، دەلتە» دېگەن بىلەن، بىر يەرلىرىدىن زۆھرەنىڭ ئۇ جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى، قىزلىقتا چىڭ ئېسىلىۋالىدىغان جاھىللىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى، پەقەت شۇ چىدىمايتتى، زۆھرەنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش يولدا ماڭمىغانلىقىنى ئۆزىگە كېلىۋاتقان ھاقارەتتەك ھېس قىلاتتى، لېكىن بۇنىڭمۇ بىر يولسىزلىق ئىكەنلىكىنى، ھەر كىمنىڭ ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ توختاپ قالاتتى. ئۇ پەيت كۆتتى، ئاي-ئايلاپ كۆتتى، زۆھرە يەنە شۇ «پىخسىق»لىقىدا چىڭ تۇرۇۋەردى، ئانىسىدىن قالغان پاكلىقتا خىيانەت قىلمىدى؛ قىزلىق سەبىيلىكىنى، مەسۇملۇقىنى بالىلىق چېغىدا ئوينىغان ئامراق قورچىقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى؛ چېچىنى قويۇۋېتىپ، يۇزىگە ماي سۈرۈپ، لەۋلىرىنى قىزارتىپ يۇرسىمۇ چىرايىدا پاكلىق كۆلكىلىرى ئۆچمىدى، ئەينەككە قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ ئۆزىگە ئىشەنچ تىكلىدى. ئادىلە ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى زورلاۋېرىشنىڭ ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشنى، ئۇنى ئوينىتىشنى، بىللە بازار چۆرگىلەشنى، پايپاق، لېپىتىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشنى، ياخشى كىيىملىرىنى بېرىشنى، يېرىملىشىپ قالغان قىممەت باھالىق پەرداز بۇيۇم ۋە ئەتىرلىرىنى سوۋغا قىلىۋېتىشنى توختاتتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن «ئىمبارگو» يۈرگۈزۈپ ئۇنى خېلىلا يېتىم قويدى؛ زۆھرە تېجەپ يىغقان پۇللىرىنى ئۆيىگە پات-پات ئەۋەتىپ تۇراتتى، شۇنداق قىلمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى، ئەۋەتىپ بولۇپ راھەتلىنىپ قالاتتى. ئادىلە بۇنى بىلەتتى، بۇنىڭغىمۇ چىدىمايتتى، «تەييارغا ھەييار بولىدىغان خېنىم، ئۆيگە بىر نېمە ئالمايسەن، سېنى مەن بېقىۋاتىمەن، ھەممىگە مەن

پۇل خەجلەۋاتىمەن، ئۆزۈڭنى باقالماي تۇرۇپ ئاپاڭنى باقامتىڭ، جېنىڭنى بۇنداق قىينىغىچە بېرىپ ئاپاڭنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ قويساڭلا بولمامدۇ، ئەرگە تېگىپ ئېرىڭنىڭ پۇلىنى خەجلىسەڭ بولمامدۇ... » دەپ سېسىق گەپ قىلىپ، سېرىق ھەرىدەك چېقىۋالاتتى؛ زۆھرە بۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلمايتتى.

زۆھرە ئادىلەدىن ئايرىلىپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھەسەتتىن، ئۆچمەنلىكتىن، سېسىق گەپتىن، مالايلىقتىن قۇتۇلۇپ خىلىلا يەڭگىللەپ قالدى، ياتاقتىكى كىچىك قىزلار بىلەن ئاچا-سىڭىلدەك چىقىشىپ قالدى. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئاپىسى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ يېقىنقى ھالىدىن خەۋەر بەردى، خۇدانى تىلغا ئېلىپ، ئۆز ھالىنى چۈشەندۈرۈپ ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلدى؛ ئەمما ئاچىسى تېلېفوننى ئېلىپ بۇرۇنقىدەكلا قوپال گەپلەر بىلەن زۆھرەنى ئەيىبلەپ كەتتى، « قاچانغىچە كەلمەيسەن، يۈزىمىزنى تۆكەي دەمسەن، بىزگە پۇلۇڭ كېرەك ئەمەس، يۈز كېرەك، يۈز!...» دەپ تۇۋلىدى؛ زۆھرە ئۇنىڭغىمۇ بىر ھازا گەپ قىلدى، تومتۇۋاق ئاچىسى ئەڭ ئاخىرىدا « ئىشقىلىپ، ساق يېنىپ كەل، ساق يېنىپ كەلمەيدىغان بولساڭ كەلمەيلا قوي، ئاقۋەتنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن!...» دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئاچىسىنىڭ زەردىلىك گەپلىرى زۆھرەنىڭ ھەسرەت-پىغانىنى ئۆرلەتتى، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئاغرىنىشقا بولمايتتى، ئەردىن تەلىيى كەلمىگەن ئاچىسى ئاشۇنداق تېرىككەك، نېرۋىسى ئاجىز بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا زۆھرە ئۇ يۇرتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ناچار ھېسابلايتتى، ئۇ يەردە توي قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزەلىشىگە ئىشەنمەيتتى. ئەمما نەدىن توي قىلىشى كېرەك؟ شەھەردىن ئەر تاپالامدۇ؟ بېيجىڭدەك چوڭ شەھەردىن ئۇنىڭغا لايىقىدا ئەر چىقامدۇ؟ ئادەملەردە پەرق چوڭ، ئېگىز-پەسلىك، ئەزىز-خارلىق دوقاللىرى قەدەممۇ-قەدەم بىر پۈتلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ شەھەردە خىزمەت قىلىدىغانلار زۆھرەدەك يېزىدىن چىققان ئىشلەمچى قىزنى ئالمايدۇ، ئوقەتچىلەرنىڭ ھەممىسى پىشىپ قاق بولۇپ كەتكەنلەر، خوتۇن دېگەننى ئويناپلا ئالىدۇ. ئوغرى-يانچۇقچىلارغا ئەسلى تەگكىلى بولمايدۇ؛ شارائىتى ياخشى بولغان بىلەن يېشى چوڭراق ئادەممۇ بولمايدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىللىقى يوق، ئىش-ئوقەتى يوق كىچىك بالىمۇ بولمايدۇ؛ باشقىلارنى تاللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز ھالىنى چاغلىمايمۇ بولمايدۇ. قىزلار ئۈچۈن بۇمۇ تەس ئىش...

زۆھرە كەلگۈسىنى ئويلىمايمەن دېسىمۇ ئويلىنىشقا مەجبۇر ئىدى، بويىغا يەتكەندىن باشلاپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، كەلگۈسىدە ئۆز مەنسۇپ بولىدىغان ئەرنى خىلمۇ خىل تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ئەمما تۇتامىغا چىققۇدەك بىر ئوبراز يوق ئىدى. قاچانكى، سىيىت قارى پەيدا بولغاندىن كېيىن زۆھرە گەرچە كۆڭلۈمدىكىدەك بالىغا ئۇچرىدىم دېيەلمىسىمۇ، بىر ئاز چۈشىنىشكەندىن كېيىن ئۇ قارىمى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈندى، مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ دەسلەپكى ئالامىتىنى، تۇنجى ئىزناسىنى شۇ قارىمىنىڭ خىجالەتلىك چىرايىدىن كۆردى، تۇنجى مۇھەببەت سالىمىنى ئۇنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالدى، ئۇ قارىمىنىڭ خەتلىرىنى يىرتىۋەتكەن بىلەن ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئوقچۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، بەزى جۈملىلىرى ھازىرمۇ يادىدا. دېمەك، خىيالىدا ئەڭ چوڭقۇر ساقلىنىپ قالغىنى يەنىلا سىيىت قارىم بولدى. سىيىت قارى كەتكەندىن كېيىن زۆھرە خېلىغىچە كۆڭلى يېرىم يۈردى، چۈنكى ئىلگىرى ئۇ بالا بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرالمىسىمۇ، ئۇنى بار دەپ كۆڭلى پۈتۈن تۇراتتى، بۇ شەھەرمۇ ئۇنچە غېرىبانە بىلىنمەيتتى. سىيىت قارى كەتكەندىن كېيىن زۆھرەنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى ھەم سوراپمۇ قويمىدى؛ زۆھرەنىڭ قەلبى بوش قالدى، بار چاغدا قەدرى بىلىنمىگەن ئادەمنىڭ كەتكەندىن كېيىن قەدرى ئۆتتۈلدى. زۆھرە ئۇنى سېغىنىپ ياش تۆكمىگەن بىلەن، بىللە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ، « دېگەنبىلەن، مېنى قەدىرلەيدىغان بالا ئىدى، غۇرۇرۇم ئۈستۈن تۇراتتى، ئۆزۈمنى ھەر ھالدا مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ ئىچىدە ھېس قىلاتتىم » دەپ ئۇھ تارتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئانچە بىلىنمىگەن ئىشلارنىڭ گۈزەللىكىنى كېيىن بىلدى؛ سىيىت قارىنىڭ شۇنچە يولنى بېسىپ يوقلاپ كېلىشلىرىنى، ئۆزى ئاشىق بولغان قىزغا مەھلىيالىق، ئەيمىنىش، ھاياجان بىلەن كۆز سېلىشلىرىنى، خەتنى بەرگەن ۋاقىتتىكى سۆيۈملۈك خىجالەت، ئوماق تەمترەشلىرىنى، تىترەپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى قايتا ئەسلەپ، بۇ گۈزەللىكلەرنىڭ ھەر قانداق رومانتىكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئەمما زۆھرە دۈچ كېلىۋاتقان رېئاللىق رومانتىكىنى چەكلەپلا تۇراتتى، باغرى تاش شەھەرنىڭ بېسىمى ئۇنى بىچارىلەرچە جاپا چېكىشكە قىستاپ، خىيالىدا بولسىمۇ رومانتىك ياشىغۇدەك ھالىنى

قويمايتتى. مۇشۇنداق ئىشلەپلا ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ نېمىگە بۇنچە جاپا چېكىمەن؟ دەپ ئويلايتتى، لېكىن بۇ تاللىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىشنى خالىمايتتى؛ كۆڭۈللۈك خىياللار ئارقىلىق بېسىمنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشاتتى؛ ياخشى يىگىت، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا پاتراق ئېرىشسىلا بۇنداق ياشاشتىن شۇ ھامان ۋاز كېچىشكە رازى ئىدى. ئەمما، ياخشى يىگىت، ئېسىل تۇرمۇش ئاسماندىن چۈشەرمىدى؟! بۇ شەھەردە شۇنداق ئىمكانىيەت ھازىرمىدى؟! ھەممىسى خىيال! بىر يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ تارتمىغان جاپالىرى قالمىدى، ئادىلەنىڭ بېسىملىرىغا ئاران-ئاران چىدىدى؛ ھالال ياشىغىنىغا يارىشا نەتىجە چىقمىدى، كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىدى. پۇل تاپاي دېسە ئادىلەدەك بۇزۇلسا بولىدىكەن، لېكىن ئادىلەمۇ شۇنچە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىپ ھەۋەسلەنگۈدەك تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىدى، تاپقىنىنى بۇزۇپ چاچتى، مەينەت، رەتسىز ھۇجرىسىغا بىر دۆۋە قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەك، پەرداز بۇيۇملىرى يىغىپ تاشلاپ قويدى. يەنە كېلىپ، ئادىلە ئۆزىنى ھەرگىز بەختلىك ھېس قىلمايدۇ، ئارمانلىرى تولا، يېتەلمىگەنچە چېچىلىدۇ، ئىچىپ-چېكىپ مەست بولىدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، بۇزۇلغانچە دەردى ساقايغاندەك بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالدايدۇ.

زۆھرە بۇنداق ياشاۋەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، بۇنداق كېتىۋەرسە ئۆيىدىكىلەرنى يۈرەك كېسەللى قىلىپ قوياتتى؛ لېكىن توي ئىشىنى ئويلىسا ئۇنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئەرگە تەگمەي ياشىغىلى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!... ئاشخانىدا تاماق يېگىلى كەلگەن ئۇيغۇرلار تولىمۇ ھالى چوڭ كۆرۈنەتتى، زۆھرەگە باشقىچە كۆزدە قارايتتى. بىر قارىسا بەزىلىرى بەكلا ئىلمىي، بەزىلىرى بەك قارا قورساق. قارا قورساق كۆرۈنگەنلىرى زۆھرەگە كۆز تاشلاپ قوياتتى، ئەمما بۇنداقلارغا زۆھرە قىزىقمايتتى. ئۇ ياش ئوغۇللار، كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ رېستورانغا كۆپرەك كېلىپ تاماق يېيىشىنى، ئۆزىگە بىر نەزەر ئاغدۇرۇشىنى، ئۆزى ئۈچۈن بىر تاللاش ئىمكانىيىتى بەخش ئېتىشىنى خالايتتى. لېكىن ئۇنداق ئىنسان كۆرۈنمىدى، كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياش ئادەملەر ئىدى، ياش باللارمۇ كەيپ چىراي، سولغۇن، بىپەرۋا، خۇنۇك، بىر يېرىدە چاتىقى بار، ئىشەنچسىز كۆرۈنەتتى؛ زۆھرە دائىم ئۈمىدسىزلىنەتتى، خارلىق تۇيغۇسىغا بىر چۆكۈپ لەيلەپ چىقاتتى. شۇنچە ئادەملەرنى كۆردى، كۆزىگە

سىغمىدى، بەلكىم ھەممىسىنىڭ ئوبرازىنى سىيىت قارى توسۇۋالدى، سىيىت قارىنىڭ ئوبرازى شۇنچە پارلاقمىدى؟ ياكى زۆھرەنىڭ تەلپى شۇنچە ئۈستۈنمىدى؟

بارلىق چىرايلىق قىزلارغا ئوخشاش زۆھرەمۇ كېلەچەكتىكى بەختىنى باش ئاغرىقى، ئامالسىزلىق ۋە زارىقىش ئىلكىدە كۈتمەكتە ئىدى.

ئۆتمۈشتە ئىلغا پالىنىپ، زۇلۇم دەستىدىن ئەركىنلىك ئىزدەپ قاچقان نۇزۇگۇم بەختكە ئېرىشەلمەي « نازۇك كۆزى ياشلاندى، ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟» دەپ ئاھ ئۇرغان بولسا، بۇ زاماندا بۇ شەھەرگە ئۆزى خالاپ كەلگەن، مۇساپىرلىقتا غېرىبسىنىپ يۈرۈۋاتقان زۆھرە « تەلمۈرىدۇ كۆزلىرىم، كۆڭلۈمدىكى ئەر بارمۇ؟» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلاتتى، ئىچى پۇشاتتى، ياشلىقىم، گۈزەللىكىم، پاكلىقىم نېمىشقا مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ؟... دەپ ئىزتىراپ چېكەتتى، ھەر كۈنى كېچە خىيال بۆشۈكىدە ئەللەيلىنەتتى، بەخت ئارزۇسى بىلەن بەختسىزلىك تەشۋىشى ئارىسىدا قىينىلاتتى، خىياللىرى چۈشلىرىگە ئۇلىنىپ كېتەتتى؛ خۇشاللىقتا، ئازادىلىكتە، راھەتكە تىنىمسىز ھەم تاقەتسىز ئىنتىلىدىغان ۋۇجۇدى گاھىدا لەرزان، گاھىدا قوپال تەۋرىنەتتى. چۈشلىرىدە بەزىدە سىيىت قارىمنى كۆرۈپ قالاتتى، چىرايىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدىغان بۇ قارىم زۆھرەنىڭ چۈشىدە زۆھرەنىڭ ئارزۇسى بويىچە جەسۇر، تەمكىن قىياپەتتە نامايان بولاتتى، بىر قېتىم تېخى «غېرىپ-سەنەم»كىنوسىدىكى غېرىبتەك ئالىي قىياپەتتە زۆھرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۈل تۇتتى، زۆھرە كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا سىيىت قارى ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. زۆھرە مۇرادىغا ئەمدى يەتكەندەك گۈزەل تۇيغۇغا چۆمدى، سىيىت قارى ئەمدى سۆيىدۇ، ئەمدى قانداق تۇيغۇدا بولارمەن دەپ ئويلىدى، ئەمما سىيىت قارى ئۇنى قۇچاقلاپ تىترەپلا تۇراتتى، بۇ ھالەت خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. زۆھرە بىئارام بولۇپ، ئۆزى بويىنىنى سوزۇپ سىيىت قارىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، قىلىنىلىق بولسا بولسۇن دەپ ئويلىدى.

يېقىندا كۆرگەن يەنە بىر چۈشىدە، سىيىت قارى تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمەپتۇدەك، رېستورانغا تاماق يېگىلى كېلىپتۇ، زۆھرەگە تەلمۈرۈپ قاراپتۇ، زۆھرە قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر جوزىغا باشلاپتۇ، «نېمە تاماق يەيسىز؟ » دەپ سوراپتۇ. سىيىت قارى ئاشۇ سۆيۈملۈك خىجىللىقى

ئىلكىدە كۈلۈپ تۇرۇپ:« مەن هاراق ساتىدىغان ئاشخانىدا تاماق يېمەيتتىم، سىزنى دەپ كەلدىم، ماڭا ئۆز قولىڭىز بىلەن چۆچۈرە ئېتىپ بېرەلەمسىز؟» دېگۈدەك. زۆھرە ئەجەبلىنىپ:« مېنىڭ بۇ يەردە ئۆيۈم، قازان-قومۇچۇم بولمىسا...» دېگۈدەك. سىيىت قارى سەل-پەل بىچارىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىغۇدەك.

ئىنساننىڭ يېرىم ئۆمرى دېگۈدەك كېچىنىڭ قوينىدا ئۇيقۇلۇقتا ئۆتىدۇ، چۈشمۇ هاياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، چۈشمۇ بىر تۇرمۇش، چۈشمۇ بىر كەچمىش؛ قاباھەتلىك چۈشلەر كۆڭۈلسىز رېئاللىقنىڭ مۇبالىغىسى بولسا، شېرىن چۈشلەر خۇشال پەيتلەرنىڭ داۋامى ياكى يۈكسەك پەللىسى. ئادەتتىكى چۈشلەر بولسا شۇنچە غۇۋا، شۇنچە پارچە-پۇرات بولۇشىغا قارىماي، رېئاللىقنىڭ يەنە بىر يۈزى، يەنى هالقىما رېئاللىق، شېئىرىي رېئاللىق، فانتازىيىلىك رېئاللىق، غەلىتە رېئاللىق، ئىلھامبەخش رېئاللىق ياكى ئارامبەخش رېئاللىق... زۆھرە چۈشىدىلا ئۆزىنى ھەقىقىي ياشايدىغاندەك ھېس قىلاتتى، ئۆزىنىڭ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان شېرىن چۈشلەرنى سەھەردە ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ قايتا ئەسلەپ چىقاتتى، كۆشەپ يېتىپ كېتەتتى. ئادەتتىكى چۈشلەر ۋە ئادەتتىكى رېئاللىق ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرمايتتى، قەدىرسىز ۋاقىتلار تولىمۇ كۆپ ئىدى، ئۆمۈر ئاساسەن شۇنداق ئۆتەتتى. زۆھرە كۈندۈزدىكى پارچە-پۇرات ئىشلاردىن شۇنچىلىك ھېرىپ كېتەتتىكى، بىر دەم جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكىمۇ ۋاقتى چىقمايتتى. كېچىدە يوتقانغا كىرگەن ھامان ھەقىقىي ھاياتى باشلىناتتى، خىياللىرى ئۇزۇلمەيتتى، ھەسرىتى ئىچىگە پاتمايتتى، كۆكسى دولقۇنلايتتى، روھىي دۇنياسىنىڭ بىپايان بوشلۇقىدا ئۇچاتتى، خىيال دېڭىزىنىڭ ئۆركەشلىرىگە ئۆزىنى ئاتاتتى ياكى ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق ساھىلىدا سۇ كېچىپ ئوينايتتى. جىنسىيەتنى ئادىلە ئۇنىڭغا تولىمۇ سەت كۆرسىتىۋەتكەچكە، ئۆزىگە تەۋە ھېسسىياتنى ئاسان تاپالمايدىغاندەك، لېكىن پۇرسەت تاپقاندا ئۆزىنى تۇتالماي قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

دۇنيادا ئوت كۆيەتتى، ئەر-ئاياللارنىڭ پوستىنى سويۇۋەتسە ئىچىدىن ئوت كۆرۈنەتتى. دوزاختىن قورقمايدىغان ئادىلە قورقۇنچاق زۆھرەنى قوغلىۋەتتى. ھالبۇكى، زۆھرە مۇزلىماقتا ئىدى. ئۇنى

ئىسسىتقۇدەك ئەر زادى نەدە؟! زۆھرە يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى، ئۇڭدا ياتسا ئارمانغا مەڭگۈ يېتەلمەيدىغاندەك غەلىتە تۇيغۇدا بولاتتى، يانچە ياتسا غېرىبلىق باساتتى، بوش قالغان قۇچاقلىرىدا قاغجىراپ كەتكەن بىر مۇھەببەت نالە قىلاتتى.

زۆھرە ئىلگىرى راھەت دەپ ئويلايدىغان كېچىمۇ يېقىندىن بېرى ئارامبەخش تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى، ئىزتىراپ، تەشنالىق كۆچىيىپ كەتتى؛ كۈندۈزى ئالدىراش ئىش قوينىغا ئۆزىنى ئاتسا كاللىسى نورمال ئىشلەپ، يۈرىكى جايىدا سوقاتتى. ئەمما كېچە ئارام ئالغاندا ئۆزى ھەققىدىكى تۈگىمەس ئويلىنىشلىرى باشلىناتتى، ئۇيقۇسى قاچاتتى؛ ۋاز كېچەلمەس پىلانلىرى، بېزەڭ خام خىياللىرى ئۇلىشىپ كېلەتتى، ئەتە-ئۆگۈنلۈك بەختىنىڭ غېمى نېرى كەتمەيتتى، ئۆزگەرمەيۋاتقان تەقدىرىدىن ئىچى سىقىلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە خالىد رېستورانىدا توساتتىن پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ يەنە بىر تەڭ دېمەتلىك ئەرەب بىلەن بىللە كەلگەنىدى؛ ئىككى ئەرەبنىڭ ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى زۆھرەگە تەڭلا تىكىلدى. زۆھرە مۇشۇنداق كۆزلەرگە ئىنتىلگەن بىلەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتىلمەيتتى. مىللەت پەرقى، ياش پەرقى، سالاھىيەت پەرقىدىن باشقا يەنە بىر تالاي پەرقلەر ئوتتۇرىنى بۆلۈپ تۇراتتى. زۆھرە خالىدنى كۆرۈپ ئاشۇ ئۇنتۇلماس قاباھەتلىك كېچىنى يادىغا ئالدى، تېگىدىن داۋالغۇپ تۇرىدىغان كۆل سۈيىدەك جىمجىت روھىي دۇنياسى چالغىنىپ كەتتى؛ شۇ كېچىدە قۇرئاننى كۆرۈپ پەيلىدىن يېنىپ، ھايۋاندىن ئادەمگە ئايلانغان خالىد ھازىر يەنە ھايۋانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامدۇ ياكى ئادەملىك يولىغا قايتتىمۇ، زۆھرە بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر يىلدا خېلىلا قېرىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما كۆزى ئۆلگۈچە قېرىمايدىغاندەك ئويناپ تۇراتتى. ئۇ كېلىپلا زۆھرەدىن ئەھۋال سورىدى، يېنىدىكى ئەرەب بىر چەتتە زۆھرەگە تىكىلىپلا تۇراتتى. خالىد ئۇنى «دوستۇم ھۈسەيىن» دەپ تونۇشتۇردى، ئايرىم ئۆيدە غىزالىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈشتە ئايرىمخانىلار كەچقۇرۇندەك جىددىي بولمايتتى. زۆھرە ئۇلارنى ئەڭ چىرايلىق بېزەلگەن بىر ئايرىمخانىغا باشلىدى. ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرگەندىن كېيىن چاپانلىرىنى سېلىپ، ئازادە ئولتۇرۇپ زۆھرەگە قانغۇدەك كۆز سېلىشتى؛ تاماق بۇيرۇتقاچ، زۆھرەنى بىر دەم توختىتىپ

پاراڭ سالدى. ھۈسەيىن خالىدتەك ئىتتىك گەپ قىلمايتتى، كۆزى ياشلاردەك ئويناپ تۇرغان بىلەن مىجەزى شۇ يېشىغا خاس تەمكىن كۆرۈنەتتى. خالىد ئۇنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇۋاتقاندا ئۇ ئىسىم كارتوچكىسىنى زۆھرەگە ئۇزاتتى ۋە زۆھرەگە ئۇنتۇلغۇسىز بىر چىراي ئىپادىسىنى سۇندى. زۆھرە ئۇنىڭ بەھرەيىن ئەلچىخانىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتىپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇلار ئەرەبچە پاراڭلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن زۆھرە ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇلار زۆھرەنى پات-پات چاقىرتىپ، ئۇنى-بۇنى بۇيرۇتۇپ تۇردى. زۆھرە بۇ يەردە چەت ئەللىك مېھمانلارغىمۇ مەسئۇل بولغاچقا ئىككەيلەنگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى. ماڭىدىغان چاغدا ھۈسەيىن زۆھرەگە 100 كوي تۇتقۇزۇپ قويدى، مۇلازىمەتچىلەرگە ئايرىم ھەق بېرىش گەرچە چەت ئەللىكلەرنىڭ قائىدىسى بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنداق ئىش يوق ئىدى؛ ئادەم كۆپ، ئىشلەمچى كۆپ، مۇلازىمەتچىنىڭ قەدرى يوق بۇ دۆلەتتە چەت ئەللىكلەر ئايرىم ھەق دېگەننى ئۇنتۇپلا كېتىشكەنىدى. ھۈسەيىن ئايرىم ھەقنى ئەمەلىيەتتە كۆڭلىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى، زۆھرە ئۇنىماي باققان بولسىمۇ ئاخىر قوبۇل قىلدى. خالىد بولسا زۆھرەگە بېرىدىغىنىنى بۇرۇنلا بېرىپ بولغاندەك، زۆھرەنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگمىگەنلىكىنى ئۇنىڭغا بەرگەن تەڭداشسىز بايلىقى دەپ ھېسابلايدىغاندەك مەغرۇر تۇراتتى.

بىر كۈنى خالىد ماشىنىسىنى ھەيدەپ رېستورانغا ئۆزى يالغۇز كەچتە كەلدى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن زۆھرەنى چاقىرىپ بىر يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. زۆھرە چىرايلىق رەت قىلدى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ چۈشتە كېلىپ زۆھرەگە ئايالىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن تونۇگۈن كەلگەنلىكىنى، زۆھرەگە سوۋغاتلىق نەرسىلەر ئالغاچ كەلگەنلىكىنى، ئۆيىگە بىر بېرىپ كېتىشنى ئېيتتى. زۆھرە سىرتتا كۆرۈشۈشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. خالىد گەپ-سۆز قىلماي تاماقنى يەپ كېتىپ قالدى، ئىككىنچى كەلمىدى.

ئەمما ھۈسەيىن پات-پات يالغۇز كېلىپ تاماق يەپ كېتەتتى، زۆھرە بىلەن ئەرەبچە ئاھاڭغا خاس ئىنگلىز تىلىدا ئالدىرىماي سۆزلەپ پاراڭلىشاتتى. زۆھرە 40 ياشلاردا بولسىمۇ، 50 ياشلىق ئادەمدەك چوڭ كۆرۈنىدىغان بۇ ئەرەبنىڭ تەمكىنلىكىنى، مۇلايىملىقىنى ياقتۇرسىمۇ، شوخلۇقى كەتمەيدىغان

كۆزلىرىدىن يەنىلا ئەنسىرەيتتى. بۇ كۆزلەرنىڭ بىر يېرى خالىدىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى، خالىدتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن زۆھرە بۇنداق كۆزلەرنىڭ سېھرىگىمۇ ئاسان ئالدانمايتتى. زۆھرە ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا تەرەپلىرىدىن بىزار بولغۇدەك ئالامەتلەرنى كۆرمىدى، ئۇنى ئادەتتىكىدەك دوستانە ئالاقە قىلىشقا بولىدىغان ئادەم دەپ بىلدى. ئەمما ھۈسەيىن زۆھرەگە بۆلەكچە قىزغىن ئىدى، ھەر قېتىم كەلسە زۆھرەگە پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى؛ بەزى كۈنى چۈشتىن كېيىن تېلېفون قىلىپ، بىكار ئولتۇرۇپ قالغان زۆھرەنى يېقىپ ئەتراپتىكى سودا سارايلىرىغا ئەكىرىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي قىممەت باھالىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى. بىر قېتىم تېخى ئۇنىڭغا شېۋېتسارىيىنىڭ داڭلىق سائىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى. زۆھرە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغىنىغا خۇشال ئىدى، ئۆزى ئارزۇ قىلغان بەختكە ئېرىشىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى؛ ئەمما بۇنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىنى ئويلىسا بىئارام بولاتتى؛ جاھاندا ھېچ يەردە بىكارلىق تاماق يوق ئىدى؛ ھۈسەيىن گەرچە ئۇ ئىشلارنى ئاكىسى سىڭلىسىغا كۆيۈنگەندەكلا قىلسىمۇ، چىرايىدا غەيرىي نىيەت، جىنسىي تەمەگەرلىك ئىپادىلىرى كۆرۈنمىسىمۇ، زۆھرە يەنىلا ئەنسىرەيتتى؛ چۈنكى ئەينى چاغدا خالىدمۇ ئۇنىڭغا دەسلەپتە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، كېيىن ئەپتى-بەشرىسىنى ئاشكارىلىغانىدى. ھۈسەيىننىڭ خاراكتېرى گەرچە خالىدقا ئانچە ئوخشىمىسىمۇ، زۆھرە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئوخشاش دەپ بىلەتتى.

ھۈسەيىن بىر ئاي يوقاپ كېتىپ، بىر كۈنى چۈشتە رېستورانغا كەلدى ۋە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ زۆھرەگە ئەلچىخانىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەش تەكلىپىنى قويدى. زۆھرەنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، ھۈسەيىن بۇ گەپلەرنى سالماقلىق، ئەستايىدىللىق بىلەن دەۋاتاتتى. ھۈسەيىن ئېيتقان 400 دوللار ئىش ھەققى زۆھرەنىڭ بۇ يەردىكى ئۈچ ئايلىق ئىش ھەققىگە توغرا كېلەتتى.

ـ ئۇ يەرگە بارسام نېمە ئىش قىلىمەن؟ـ دېدى زۆھرە ئىشلىيەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك.

ـ باشقا ئىش يوق، كۈندە بىر ۋاق ئىشخانا تازىلاپ قويىسىز، چاي ئەكىرىپ بېرىسىز. مېھمان كەلسە بىزگە مەلۇم قىلىسىز، رۇخسىتىمىزنى ئېلىپ ئاندىن ئىشخانىمىزغا باشلاپ كىرىسىز... مۇشۇ يەردە قانداق قىزغىن ئىشلىگەن بولسىڭىز ئۇ يەردىمۇ شۇنداق ئىشلىسىڭىز بولىدۇ.

\- بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە قىلالايمەن.

\- راستىنى ئېيتقاندا، سىز بۇ ئىشلارغا زايە كېتىپ قالىسىز. شۇنداقتىمۇ ئىشلەپ تۇرسىڭىز كېيىنچە دەرىجىڭىزنى ئۆستۈرىمىز، مائاشىڭىزمۇ ئۆسىدۇ.

\- بولىدۇ، مەن ئىشلەي.

\- بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىشقا چۈشسىڭىز بولىدۇ، سىزنى ئەلچىخانىدا ساقلايمەن.

بىر ھەپتىگىچە زۆھرە رېستوران خوجايىنى بىلەن بولغان ھېساب-كىتابىنى ئۈزدى، ياتىقىدىكى سىڭىلچاقلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئەلچىخانا رايونىغا يېقىن ئەرزان باھالىق ئىجارە ئۆيلەرنى ئىزدەپ، يېرىم يەر ئاستى ئۆيدىن بىرنى تاپتى. بۇ ئۆي يېزىلاردىكى چوڭ گەمىگىلا ئوخشايتتى، دېرىزىسىدىن يولدا ماڭغان ئادەملەرنىڭ پۇتىنى كۆرگىلى، ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. زۆھرە بۇ ئۆيگە كىرىپ، بېشىغا خۇددى بىر كىملەر دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئىچى پۇشتى، ئەمما تۇنجى قېتىم بۇ شەھەردە قورقماي ئۆي كىرالاپ ئولتۇرالىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئەركىن دۇنياسى بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى.

ئادەملەر قۇرتتەك مىغىلداپ تۇرغان بۇ شەھەردە باش سىغقۇدەك بىر جاينىڭ تېپىلىشى، جاننىڭ ئارامبەخش ئىمكانلارغا ئېرىشىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. زۆھرە شۇنچە تار ئۆيىنىمۇ كەڭ ھېس قىلدى، شاۋقۇن-سۈرەنگە قارىماي دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇردى، كونا ئۆي جابدۇقلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ چىقتى. ئۆي ئىگىسى موماي ئۇنىڭغا كارىۋات ياپقۇچ ۋە يوتقان كىرلىكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرەي دېگەن بولسىمۇ ئۇنىماي، بىر كۈنى مەخسۇس بازار چۆرگىلەپ ھەممىنى ئۆزى ئالدى؛ ئۆينى بىر باشتىن رەتلەپ تۈزەشتۈردى، تام ۋە توررۇستىن باشقا ھەممە يەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىدى، كارىۋات بېشىغا گۈل قويدى؛ بىر نەچچە كۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، ئادەم ئولتۇرمىغىلى خېلى بولغان مەينەت ئۆينى ئۆزىگە لايىق چىرايلىق ئۆي قىلدى. كەچتە كونا سافادا ئولتۇرۇپ، سۈرىتى ئانچە ياخشى چىقمايدىغان كونا تېلېۋىزورغا قاراپ گازىر چاقتى، خىيال سۈردى، خىيالىنىڭ بېسىمىدىن دېمىنى ئالالماي قالغاندا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆزى باشلاپ ئۆزى ئاياغلاشتۇرىدىغان، ئۆزى توقۇپ ئۆزى چۇۋۇيدىغان ھەر خىل

پىلانلىرىنى، ئىستەك-ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى، بىر باشتىن تىزدى، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇنى قالايمىقان قىلىۋەتتى، يېڭىۋاشتىن يەنە تىزدى. بۇمۇ بىر ئويۇن ئىدى. ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قۇرغۇچىسىمۇ ياكى پاسسىپ ئىجراچىسىمۇ؟ ھە دېسە تەقدىرىمنى ئۆزۈم ئۆزگەرتىمەن دەيدىغانلارنىڭ ئېتىقادى سۇس بولامدىغاندۇ؟! زۆھرە نامازنى نېمىشقا تاشلىۋەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ تىرىكچىلىكتە، ئەركىن ياشاشقا مەھكۇم ئىدى؛ بۇ ھالدا ناماز ئاۋارىچىلىك بىلىنىدى؛ ئۇنىڭچە بولغاندا، ناماز خاتىرجەم، ئالدىرىماس ئادەملەرنىڭ ئىشى ئىدى؛ دېھقانلار، خىزمىتى يوق خوتۇنلار، قارىم بولىدىغان تالىپلار ئەنە شۇ تائىپىغا كىرەتتى؛ ئۇ دۇنيا ۋە ناماز يېزىدىلا قالغان، شەھەردە بولسا بۇ دۇنيا ۋە ئويۇن-كۈلكە بار ئىدى؛ بۇ دۇنيانىڭ بارچە مەئىشەتلىرى توپلانغان شەھەردە ئۇ دۇنيانى ئويلاشقا نەدە ئىمكان؟! شۇنداقتىمۇ زۆھرە گەمىدەك بىر ئۆيگە كۆچكەندىن بېرى ئۆزىنى گۆرگە يېقىن ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۇ دۇنيالىق خىيالىنىمۇ باشلاپ كېلەتتى. ئۆيدىكى كونا تېلېۋىزور، كونا ئەشيالار، يولدىكى «ھايات» ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقان پۇتلىرى، سىگنال چالىدىغان ماشىنىلارمۇ بەزىدە، بولۇپمۇ ئەل ئايىغى بېسىققان كېچىدە قاراڭغۇ دۇنياغا ئائىت ۋەھىملىك خىياللارنى توسۇۋېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى؛ ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق تۇيغۇلاردىن قۇتۇلالمىغان ئاخشىمى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرمەي ئۇخلاپ قالاتتى؛ تېلېۋىزوردا زامانىۋى ھايات قايناپتتى، ئادەملەر سۆزلەپ ھارمايتتى. ئەمما كۆزى يۇمۇق زۆھرە بۇ ھاياتتىن تامامەن ئايرىلىپ، ئۇ دۇنياغا كۆچۈپ كەتكەندەك جىمجىت ياتاتتى. ھەقىقەت تېلېۋىزوردا ئەمەس، زۆھرەنىڭ خىيالىدا ئىدى. زۆھرە خۇدانى ياد ئېتىپ خاتىرجەم بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇ دۇنياغا يۈزلىنىشنىڭ ۋاز كېچەلمەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى، مۇشۇ ئۆيدە تۇيۇقسىز ئاغرىپ ئۆلۈپ قالسام خەنزۇ موماي ئۆلۈكۈمگە قاراپ قويارمۇ ياكى تالاغا ئەچىقىپ تاشلىۋېتەرمۇ؟ جاھاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بارمۇ؟ نى قىزلار توي قىلمايلا ئۆلۈپ كېتىدىغۇ؟ دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. يالغۇزلۇقتا ئۆلۈمنى ئويلىمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ھەتتا ئادىلەمۇ ئويلىشى مۇمكىن. ئۇ بىر چاغدا زۆھرەگە:« مەن بىر ئەرنىڭ ئاستىدا يېتىپ ئۆلگەندىن، ئۈستىدە يېتىپ ئۆلسەم دەيمەن...» دەپ ئەسەبىيلەرچە قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتكەندى؛ ئادىلە بۇ چاغدا بىر يەردىن ئىچىۋېلىپ كەلگەنىدى. ساق

چېغىدا بولسا: « مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن بىر يىگىتنىڭ قۇچىدا ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەيتتى.

ئۇ ئادىلەنىڭ قېشىدا تۇرغان مەزگىلدە ئەركىن-ئازادە نەپەسلىنەلمەيتتى، ئىچى سىقىلىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر دۇنياسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ ئەمما ئايرىم دۇنياغا چىقىپ يەنىلا كۆڭلى ئېچىلالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادىلە يېنىدا تۇرغاندا بىلىنمىگەن، سەل قارىغان، ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى ئويلاشقا، ئۆتمۈشنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە ئۆزىنىڭ نەزىرى بىلەن قاراپ بېقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. يالغۇز قالغان زۆھرە بۇرۇنقى ئېتىقادىنى ياد ئەتتى، ئەمما كۆنۈپ قالغان ئادىتىنى تۈزەتمىكى تەس ئىدى. سەھەردە بىر ۋاق ناماز ئوقۇي دەيتتى، قوپالمايتتى. ئەگەر كېچىسى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ قورقۇپ كەتسە، تەقۋالىقى يادىغا يەتسە خۇدانى ياد ئېتىپ ئارىلاپ-ئارىلاپ بامداتنى ئوقۇپ قوياتتى.

زۆھرە كېچىسى «ئەرۋاھ»تەك تۈنەپ، كۈندۈزى ئىشقا خۇشال ماڭاتتى. ئەلچىخانا رايونىدىكى پاكىز يوللارغا، قويۇق دەرەخلەرگە، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك ئوماق باللىرىنى يېتىلىۋالغان، ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىدا تولا چىقىپ تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئۆز دۆلىتىدىن كېلىپ بۇ شەھەردە باشقىچە رومانتىك هايات كەچۈرۈۋاتقان چەت ئەللىكلەرگە زوقلىنىپ قارايتتى. زۆھرەگە قىزىقىپ قارايدىغانلارمۇ كۆندە ئۇچرايتتى. زۆھرە ئۆزىنىڭ چىرايىغا بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمەيتتى، بۇ ئىشەنچنى ئاساسەن ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاپاتتى، لېكىن ئەرلەرنىڭ تولىسى شەھۋەتپەرەس بولغاچقا، بۇ كۆزلەرمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. زۆھرەگە بىردىنبىر ئىشەنچلىك نەزەر سالغان ئادەم سىيىت قارى.

زۆھرە گۆردىن قېچىپ هاياتلىققا كېتىۋاتقاندەك خۇشال ماڭاتتى، ئىشخانىغا بېرىپ، هۈسەيىن ۋە باشقا ئەرەبلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئىشىنى قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، هۈسەيىن دېگەندەك، قىلغۇدەك جىق ئىش يوق ئىدى، چاي توشۇيدىغان، ئىشخانا تازىلايدىغان ئىشلارنى ئەلچىخانا بۇرۇنلا يالللىۋالغان خەنزۇ قىزلار قىلاتتى. زۆھرە ئەلچىخانا بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى سالوندا تېلېۋىزور كۆرۈپ، گېزىت ۋاراقلاپ، قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. هۈسەيىن پات-پات چاقىرىپ، چاي ئەكىرىپ، قەھۋە

دەملەشكە بۇيرۇغاندىن باشقا، ھېچكىممۇ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇمايتتى.

ھۈسەيىن زۆھرەنى داۋاملىق تاماقتا تەكلىپ قىلاتتى، بازارلارنى ئايلاندۇراتتى، بىر-ئەر كىيىم ياكى زىبۇ زىننەتكە زۆھرەنىڭ كۆزى چۈشكەنلىكىنى بايقاپلا قالسا شۇنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى، زۆھرە قىممەت باھالىق زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاشنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇنى ئېلىپلا قالسا ئۆزىنى ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى؛ ئەمما ھەشەمەتلىك سودا سارايلىرىدىكى كىيىم، ئاياغ، سومكا، ئەتىر، پەرداز بۇيۇملىرى زۆھرەنىڭ ئىچىنى قىززىتاتتى؛ كۆركەم، سۈپەتلىك ماللارنىڭ جۇلاسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش تەقەززاسىدا ھۈسەيىنگە قانداقلارچە «مەيلى» دەۋەتكىنىنى تۇيماي قالاتتى. سودا سارىيىدىن چىققاندا سومكىلار قولىغا پاتماي قالاتتى، تۇپ سېتىش بازىرىدىن مال ئېلىپ دۆڭكۆرۈكتە پۇل قىلىدىغان ئايالLARدەك چىدامچانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن سومكىسىنى قوش قوللاپ كۆتۈرەپ ماڭاتتى، ئاندىن ھۈسەيىن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ماشىنىغا بېسىپ بېرەتتى. زۆھرە ياتاق ئۆيىگە ئاز قالغاندا ماشىنىدىن چۈشۈۋالاتتى. بىر قېتىم ھۈسەيىن ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى ۋە سومكىسىنى بىللە كۆتۈرۈشۈپ «گەمە ئۆي»گە كىرىپ، ھەيران قالدى:

ــ مەشەدە تۇرۇۋاتامسىز؟

ــ ھەئە، بۇ ئەتراپتا ئۆي ئىجارىسى بەك قىممەتكەن.

ــ بۇنداق يەردە ئادەم ئەمەس، چاشقانلار ياشايدۇ... ــ دېدى ھۈسەيىن ۋە بۇ گەپنىڭ زۆھرەگە تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ئاچچىقلىغاندەك سۆزلەپ كەتتى، ــ نېمىشقا قىممەت بولسىمۇ بىنانىڭ ئۈستىدىن ئۆي كىرا قىلمايسىز؟ پۇل يېتىشمىسە نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟

ــ پۇلغۇ يوق ئەمەس، لېكىن كىرالىق ئۆيگە جىق پۇل خەجلەشنى خالىمىدىم...

ــ دېمەك، مۇشۇنداق ياشاشقا رازى بولدىڭىز؟

ــ مەن ئىلگىرى ئايرىم ئۆي كىرالاپ باقمىغان، تەجرىبەم يوق؛ ۋاقتىنچە يېتىپ تۇراي دېگەن، كېيىنچە باشقا يەردىن ئۆي ئىزدەپ باقاتتىم... ــ دېدى زۆھرە تۆزەپ قويغان، ئۆزى چوڭ بىلىپ كەتكەن بۇ دۇنيادىن خىجىل بولۇپ.

– مەن سىزنىڭ بۇنداق مەيىنەت، قاراڭغۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن، ئۆمرۈمدە بۇنداق ناچار ئۆينى كۆرمىگەنمەن؛ ئەتىلا بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىڭ، مەن سىزگە ئىشخانىغا تېخىمۇ يېقىن يەردىن ياخشى ئۆي تېپىپ بېرەي.

– مېنىڭ ئۇنداق قىممەت ئۆينى كىرالىغۇم يوق،-دېدى زۆھرە تارتىنىپ ھەم نېمىنىدۇر تاما قىلىپ،- مەن نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئائىلىمىز نامرات، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلمىسام بولمايدۇ...

– پۇلنى مەن چىقىرىمەن، سىز شۇ ئۆيدە گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولىدى،-دېدى ھۇسەيىن كۈلۈمسىرەپ،- قاراڭغۇ چىرايىڭىزغا، نېمىشقا كۆكىرىپ كەتكەنىدۇ دېسەم ئەسلىدە چاشقانلارنىڭ ماكانىدا يېتىپ تۇگىشىپ كېتىپتىكەنسىز!

– ۋۇي، بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ!- دېدى زۆھرە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تاپالماي،- ھېلىمۇ ماڭا ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى قىلىۋاتىسىز. بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز مەن خىجىل بولىدىكەنمەن.

– ئاجىزلارنى يۆلەش كېرەك، شۇنچە پۇلنى نېمە قىلىمىز؟ بەزىلەر ئۆزى ئۇچۇنلا پۇل خەجلەپ ھايۋاندەك ياشايدۇ، بەزىلەر باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ ئۇلاردىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ. مەن شۇ تاپتا سىزدىنمۇ بەك خۇشال، بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

– ئىشىنىمەن، سىز مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئۇچراتقان ئەڭ ئېسىل ئادەم.

ھۇسەيىن چىرايىدىكى كۈلكىنى يوقاتماي زۆھرەگە مەنىلىك قاراپ قويدى، زۆھرە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى؛ چۈشەندىيۇ ئەنسىرەپ، شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ناھايەت، ھۇسەيىن سالاپەتتىنى يوقاتمىدى، سائەتكە قاراپ قويۇپ « ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، مەن ماڭاي، ئەتە كۆرۈشەيلى» دەپ كەينىگە ياندى، «گەمە»دە نەپەسلىرى يېتىشمەي قالغاندەك تالاغا ئالدىرىدى؛ زۆھرە ئۇنىڭ كەينىدىن ئازادىلىككە چۆمۈپ ئۇزىتىپ چىقتى، «چاشقان» گويا «مۈشۈك»نى يولغا سالدى.

ھۇسەيىن ماشىنىسىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن زۆھرە بىلەن كۈلۈمسىرەپ خوشلاشتى. زۆھرە ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، ھاياجىنى بىلەن قالدى. بۇ ھاياجان ۋاقىتلىق بولسىمۇ، يوقالماس ۋە ۋاز

كېچىلمەس ئىدى. ئۇ ئەرەب يېشى چوڭ بولسىمۇ سۆيۈملۈك ئەر ئىدى، زۆھرە مەيلى ئەرەب بولسۇن، مەيلى ئامېرىكىلىق بولسۇن، ھەر قانداق ئەرنىڭ مەرتلەشكەنچە سۆيۈملۈك ۋە ياش كۆرۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەتىسى ھۇسەيىن زۆھرەنى چەت ئەللىك دىپلوماتلار ئولتۇراق رايونىغا ئېلىپ كېلىپ، بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىن ئىككى ھۇجرا، بىر سالونلۇق ئازادە ئۆينى كىرالاپ بەردى. بۇ ئۆي ھېلىقى «گەمە» بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنەتتى؛ ئۆينىڭ بېزىلىشى كاتتا بولۇپ، ئىچىدە ئۆي جاھازلىرى، پەردە-ياستۇقلىرىدىن تارتىپ ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە قازان-قومۇشقىچە ھەممە نەرسە تەل ئىدى. ھۇسەيىن بۇ ئۆيدە سەل ئىلگىرى ئەرەب خىزمەتچىلەر تۇرغانلىقىنى، ئاشخانىنى خاتىرجەم ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. زۆھرە كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان ھۇجرىلارغا، بالكونغا، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىقتى، ھەممە نەرسىگە زوق، ھەۋەس بىلەن نەزەر سالدى. بۇ ئۆي، بۇ گۈزەل دۇنيا ئەمدى ئۇنىڭ بولاتتى. ئۇ چۈشەپ كەلگەن پەيزى تۇرمۇش مانا بۇگۈن مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ رېئاللىققا ئايلىناتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئىشەنگۈسىز ھالەتنىڭ مەستخۇشلۇقىدا لەيلەپ، ياتاق ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋات ياپقۇچلىرىنى سىلاپ قويدى، پەردىلەرنى تۇتۇپ تارتىپ باقتى.

زۆھرەنىڭ «گەمە» ئۆيگە تۆككەن تەرى بىكارغا كەتتى، خەنزۇ موماي بىر ئاي توشمىسىمۇ بىر ئايلىق ھەقنى تولۇق ئالدى. زۆھرە شۇنچە مەرتلىكلەر ئالدىدا چۈپەيلىشىشنى خالىماي مومايىنى رازى قىلىپ، بىر نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ ئۆينى جاپا چېكىپ تازىلاش كەتمىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرى راھەتبەخش، ئارامبەخش ئىدى، ھەممە نەرسە يېڭى خوجايىنىغا « كەل، ھۇزۇرلان» دەپ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ قوش كىشىلىك كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ غۇلچىنى كەردى، ھۇزۇرلىنىپ كېرىلدى، ئېغىناپ كۈلدى. ئاندىن پەردىلەرنى تولۇق قايرىۋېتىپ شەھەر مەنزىرىسىگە كۆز تاشلىدى، « ئەي، دوزاخ ماكان، ئەمدى مېنىڭ جەننىتىمگە ئايلان!» دەپ ۋاقىرىغۇسى كەلدى.

قۇچاق ئاچقان ئارزۇ ۋە بەخت زۆھرەنىڭ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالدى، ئازادە ئۆي ۋە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىق، شادلىق بىلەن تولۇپ تاشتى. ئۇ بۇ ئىمكانىيەتلەرگە شۇنچە ئاسان

ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى؛ ئۇ بۇ تۇرمۇشتىن شۇنچىلىك مەست بولۇپ كەتتىكى، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەۋاتقىنىنى ئېسىدىن چىقاردى، بارلىق گۈزەل قىزلارغا ئوخشاش «مۇشۇ ھۆسن-لاتاپىتىم بىلەن بۇنداق بەختكە ئېرىشىشكە ھەقلىقمەن» دەپ ئويلىدى، ئىلگىرىمۇ كۆڭلىدە دائىم مۇشۇنداق ئويلىغاچقا بەختسىزلىكىدىن ئاھ ئۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەرلەر ئاياللارغا بەخت يارىتىشى كېرەك، ھەر بىر ئايال ئەرلەردىن كېلىدىغان ئامەت ۋە خۇشاللىقنى قورۇنماستىن، خىجىل بولماستىن، ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىشى كېرەك. مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئەر بىلەن ئايال زاتى ئارىسىدا مۇشۇ قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. بەلكىم، ئاياللىق تەبىئىتىدىن بولسا كېرەك، يا بەلكىم ئاچكۆزلۈكىدىن بولسا كېرەك، زۆھرە بۇ ئامەت ۋە ئىمكانىيەتنى قوبۇل قىلدى؛ ھۆسەيىن ئۇنىڭغا شۇنچە ياردەملەرنى قىلغانىكەن، قول بىلەن تۇتقىلى، سەزگىلى، راھەتلەنگىلى بولىدىغان ماددىي بەختنى ئاتا قىلغانىكەن زۆھرە ئۇنىڭغا نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك؟ بۇ زۆھرە ئۈچۈن قىيىن ئىدى، جاھاندا ھۆسەيىندەك ھېچنېمىنى تەمە قىلمايدىغان ئېسىل ئەر بارمۇ؟ ياكى ئۇمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، بەلكىم ئەتە يا ئۆگۈن، ئىككىنچى خالىد بولۇپ ئۇنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەھدىت سالارمۇ؟

ئادەتتە تەمكىن كۆرۈنىدىغان ھۆسەيىننىڭ كۆزلىرى جىم تۇرمايتتى، چىلىم چېكىپ تازا كەيىپ بولغاندا زۆھرەگە زوقلىنىپ قارايتتى. بۇ قاراش چىرايلىق بىر گۈلگە قاراشقا ئوخشىمايتتى. ئادەم گۈلدىن گۈزەللىك ۋە پۇراقتىن باشقىنى تەمە قىلمايدۇ. قىزلار گۈلگە ئوخشىتىلغان بىلەن بەربىر جانسىز نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدىن ئەرلەر مۇھەببەت، جىنسىيەت شادلىقى ئىستەيدۇ؛ جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بويسۇندۇرۇش، ئىگىلىۋېلىش ئىستىكىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ. شەھۋەت ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېشەكتەك چاپتۇرىدۇ. پەرق بار دېيىلسە پەقەت شۇ: بەزى ئېشەكلەر چاپقۇر، بەزىلىرى قاشاڭ... ھۆسەيىن قايسىسىغا تەۋە؟ زۆھرە ئۇنى نېمىشقا خالىدقا ئوخشاش ئەرلەر بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قالدى؟ بۇنى ۋاقىت ئىسپاتلايتتى، ۋاقىت دېگەن بۇ نەرسە ھەممە نەرسىنى، ھەتتا خىيالنىمۇ چۈۋۈپ تاشلاپ يوق قىلاتتى.

ھۆسەيىننىڭ بەزى كۈنلىرىدىكى چىرايى بەزى كۈنى يوق ئىدى. زۆھرە ئۇنىڭ چىرايىدىن

كۆڭۈلسىزلىك بايقاپ قالسا شۇ ھامان غەش بولاتتى. ئۇنىڭ ئايرىم ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئايرىم تۇرغاندا قانداق خىيال قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى؛ ھۆسەيىننىڭ خوتۇنى بارمۇ؟ بالىسى قانچە، ئۆزىگە ئوخشامدۇ خوتۇنىغىمۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. بەزىدە قارىسا ئۇ شۇنچىلىك غەمكىن، چىرايى تۇتۇق ئىدىكى، دەردىنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغاندەك، ئىچ-ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، تاماكا ياكى چىلىم چېكەتتى، ھەممە نەرسىگە سوغۇق، پەرۋاسىز قارايتتى، بۇ ھالىتىنى زۆھرەگە ئاسانلىقچە كۆرسەتمەيتتى، ئۇنىڭغا « بۇ دۇنيادا پەقەت سىزلا مېنى خۇشال قىلالايسىز» دېگەندەك ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلاتتى. زۆھرە مۇشۇنىڭدىن رازى بولۇپ ئۆتۈۋېرسە بولاتتى، ئەمما خاتىرجەم بولالمىدى، ئۆزى چوڭ بىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تارىخىنى بىلىشكە، ھەقىقىي يۈزىنى كۆرۈشكە قىزىقتى، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يوشۇرۇن خۇي-پەيلى ۋە ئالىلىقاندا مەقسىتىنى ئېنىق بىلەلەيتتى. شۇنداق قىلىپ زۆھرە ھۆسەيىنگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنى دائىم ئويلايتتى؛ چىرايىنى، گەپلىرىنى ئەسلەيتتى؛ ھۆسەيىن ئىشخانىسىغا چاقىرتمىسا ياكى ئۇنى بىرەر كۈن كۆرمىسە نېمىشقىدۇر كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى؛ بۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خاتىرجەمسىزلىكتىن ئىدى. ئىشتىن قايتىپ ئۆيىگە كىرسە كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتىيۇ، دەسلەپكى كۈنلەردىكىدەك ھاياجانلىنىپ كەتمەيتتى، سومكىسىنى قويۇپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ خىيال سۈرەتتى؛ ۋاننىدا ئىسسىق سۇنى قويۇۋېتىپ راھەتلىنىپ ئوڭدا ياتقاندا ھۆسەيىننى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن ھۆسەيىننى ھامان بىر كۈنى مۇشۇ ئۆيدە كۈتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، بۇ خۇددى ئەجەللىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ كارىۋاتتا ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقىنىغا ئوخشايتتى.

دەرۋەقە، ھۆسەيىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن يوقلاپ كەلدى، زۆھرە ئوخشىتىپ ئەتكەن پولونى يېدى، قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچتى، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككەچ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى. تېلېۋىزوردا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ قانالىرى چىقاتتى، ھۆسەيىن «ئەلجەزىرە» قانىلىنى ئېچىۋىدى، دۇنيا

نېفت بازىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى ھەققىدە خەۋەر چىقتى. ھۆسەيىن بۇ خەۋەرلەردىن بىزار بولغاندەك قانال يۆتكىدى، ئامېرىكىنىڭ سوقاش فىلىملىرى، فرانسىيىنىڭ كىيىم مودېللىرى، ئەرەب ئەللىرىنىڭ شوخ رىتىملىق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، تايلاند بىلەن فىلىپپىننىڭ دېڭىز بويىدا سەت بەدەنلىرىنى كۆرسىتىدىغان سەتەڭلىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ دورا ئېلانلىرى... بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ھۆسەيىننىڭ دىققىتى زۆھرەدە، زۆھرەنىڭ دىققىتى ھۆسەيىندە ئىدى. ھۆسەيىن نېمىگىدۇر ئىككىلىنىپ ئولتۇراتتى؛ زۆھرە تەشۋىشلىك خىياللاردىن قۇتۇلالماي، ھوش ـ كاللىسىنى يىغالماي كالاڭپايلىشىپ يۈرەتتى، قاچا يۇيۇۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تەخسىنى چېقىۋەتتى؛ سۇنۇقلىرىنى تېرىۋېتىپ، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بۇ تەخسە ھەققىدە ئويلاندى...

ئالىيجاناب ھۆسەيىن ئاشۇنداق ئالىيجانابلىقىنى، مەرتلىكىنى، سالاپىتىنى يوقاتماي، ئىززىتىنى ساقلاپ جىممىدە كېتىپ قالسا بولاتتى، زۆھرە شۇنى تىلەيتتى. ئەمما ئۇ سافاغا چۆكۈپ، تېلېۋىزورغا قاراپ، توختىماي قانال يۆتكەپ ئولتۇراتتى، تېلېۋىزورنى راست كۆرۈۋاتقان ياكى ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. ئۇ قانچە ئۇزۇن ئولتۇرسا زۆھرەنىڭ يۈرىكىنى بېسىۋالغان تاش شۇنچە ئېغىرلىشاتتى، زۆھرە ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا ئامالسىز ئىدى. ئەينى چاغدا خالىد ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرگەندە زۆھرەنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان، ئارتۇق ئويلىنىش، جىددىيلىشىشكىمۇ پۇرسەت بولمىغانىدى. ھازىر ھۆسەيىن مەقسىتىنى ئاشكارىلىماي ۋاقىتنى سوزغانچە زۆھرە تولا ئويلىنىپ قىينىلىپ كەتتى، بۇمۇ باشقىچە بىر ئازاب ئىدى.

ــ مېۋە سالاتى قىلىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى ئۇ ئېرىگە گەپ قىلىۋاتقان خوتۇندەك.

ــ ھە، ياق، ئاۋارە بولماڭ، كەچتە جىق نەرسە يېيەلمەيمەن، دېدى ھۆسەيىن ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ، زۆھرە ئۇنىڭ چىرايىغا تازا تىكىلىپ قارىدى. بۇ چىراي قارىماققا سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ چۇشۇۋاتقان تامغا ئوخشايتتى.

ــ ئەمسە چېيىڭىزنى يەڭگۈشلەپ قويايمۇ؟

ــ بولدى مۇشۇنى ئىچىۋېرەي.

ـ قەھۋە ئىچكۈڭىز بارمۇ يا؟

ـ ئاخشىمى قەھۋە ئىچمەيمەن، ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ.

ـ ...

ـ ھېرىپ كەتتىڭىز، بۇ ياققا كېلىپ بىر دەم ئولتۇرۇڭ.

زۆھرە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىپتىپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ھۈسەيىن بىلەن ئارىلىق ساقلاپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك ئەتىرنىڭ، تاماكا ۋە چىلىمنىڭ پۇرىقىنى سەزدى. ھۈسەيىن بوگۈن چىلىمنى جىق چېكىۋەتتىمۇ ياكى تاماقنى يەپ ئۇيقۇسى كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەندى. زۆھرە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىن قورقۇپ، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى، ۋاقىت شۇنچە ئېغىر، شۇنچە ئاستا، شۇنچە ئەنسىز ئۆتۈۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ قويىنىدىن تۇيۇقسىز بىر نەرسە ــــ بىر قول چىقتى. زۆھرە چۆچۈگەن بولسىمۇ جىم تۇردى. ھۈسەيىن سۆزلەۋاتاتتى:

ـ مېنىڭ تاقىتىم تۈگىدى زۆھرە، مەن ساراڭ بولاي دەپ قالدىم...

زۆھرە ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئەمما ھۈسەيىن بۇ ھەيرانلىقنى كۆرمەيتتى.

ـ سىزنى تۇنجى كۆرگەن كۈنىلا مەپتۇن بولۇپ قالغانمەن. لېكىن مېنى ھەرگىز شەھۋەتپەرەس، بۇزۇق چاغلاپ قالماڭ...

زۆھرە چىرايىدىكى ھەيرانلىقنى يوقاتماي تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى، ھۈسەيىن ئۆزىنى بىر ئوبدان ئاشكارىلاۋاتاتتى، زۆھرەنىڭ ئۇمىد قىلىدىغىنىمۇ ئەسلىدە مۇشۇ ئىدى.

ـ سىزگە قىلغانلىرىم كۆڭلۈمنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇنچىلىك ئىشلارغا يۈزۈمنى ساتىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. سىز رەت قىلمىسىڭىزلا كۆڭلۈمنى داۋاملىق ئىپادىلەيمەن، بۇ مېنىڭ خۇشاللىقىم. مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، مەن بۇزۇقچىلىققا ئەمەس، مۇھەببەتكە ئىنتىلىمەن. بۇ مېنىڭ غايەم، مېنىڭ ھېچنېمەم كەم ئەمەس، پەقەت مۇھەببەتلا كەم.. بۇ مۇھەببەتكە مەن بۇرۇندىنلا ئىنتىلەتتىم، ئەمما ئېرىشەلمىدىم. توي قىلىپ باللىق بولدۇم، يەنىلا ئېرىشەلمىدىم، يا ئۇنىڭدىن كېچەلمىدىم. ئالىي نەسەب، بايلىق، تۇرمۇشتىكى راھەت-پاراغەتنىڭ ھېچقايسىسى مېنى

قىزىقتۇرالمايدۇ... مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا شۇنچىلىك ئىشىنىمەنكى، 40 يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىشەنچكە باغلىنىپ ياشاپ كەلدىم، ئۈمىدىمنى يوقاتمىدىم. قارىماققا چوڭ كۆرۈنسەممۇ يۈرىكىم ياش، ئىنسانىدىكى مۇھەببەت قېرىمايدۇ. مېنى بىلىدىغانلار «سەن فىرانسىيىدە تۇرغانمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. دۇنيادا فىرانسىيىلىكلەردىن باشقا ئادەملەر رومانتىك ئەمەسمىكەن؟!. مەن مۇھەببەت ئىچىدە دائىم ياش تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن...

ـ قانچە بالىڭىز بار؟ـدېدى زۆھرە خۇددى ھۆسەيىننىڭ ھەممە گېپىدىن پەقەت ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىنىلا ئاڭلىغاندەك.

ـ ئۈچ بالام بار،ـدېدى ھۆسەيىن كەيپىياتىنى بۇزماي، ئۇ ئۆزىنىڭ زۆھرەدەك بىر قىزى بارلىقىنى ئېيتمىدى.

ـ ئاياڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ـ بىكار، ھەممە ئىشنى باشقىلار قىلىدۇ.

ـ نېمىشقا بىللە تۇرمايسىلەر؟ بالىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلمەمدۇ؟

ھۆسەيىن بۇلارغا جاۋاب بەرگۈسى بولمىسىمۇ، زۆھرەنى يېنىدىن قاچۇرۇپ قويماسلىق، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرىدا ھەقىقىي ھېسسىيات پەيدا قىلىش ئۈچۈن زېرىكمەي جاۋاب بەردى:

ـ ئايالىمنىڭ جەمەتى كاتتا بولغاچقا توي قىلغاندىن باشلاپ ئارىمىزدا ئىگىز-پەسلىك كۆرۈلدى، مەن ئارزۇ قىلغان مۇھەببەت ۋە رومانتىك تۇرمۇش پەقەت ئىشقا ئاشمىدى، باللىرىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىن مەن ئاساسەن باللىرىمنى دەپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئائىلەم كۆڭۈلسىز بولغاچقا چەت ئەللەردە ئۇزاقراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم، ئەڭ ئۇزاق تۇرغىنىم مۇشۇ شەھەر...

زۆھرە خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى، ئەمما قولى يەنىلا ھۆسەيىننىڭ ئالىقىنىدا ئىدى.

ـ مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىزنى بەك ھۆرمەتلەيمەن،ـدېدى زۆھرە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ،ـ لېكىن ماڭا بۇنداق تەلەپنى قويمىسىڭىز...

ــ مېنىڭ ئۇ ئىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىم يوق،ـ دېدى ھۆسەيىن زۆھرەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ،ـ لېكىن ھاياجىنىمنى باسالمايۋاتىمەن...

زۆھرە شۇنچە چوڭ، سالاپەتلىك ئەرنىڭ بىردىنلا ئەسلى ھالىتىنى ئۇنتۇپ، بالاغەتكە ئەمدى يەتكەن ھېسسىياتچان يىگىتلەردەك تىترەپ، مەجنۇنلۇق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز جەزبىسى ۋە سېھرىي كۈچىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز قىممىتى بىلەن خالىدقا تۆلەيدىغان بەدەلنى چاقماق تېزلىكىدە ھېسابلاپ بولدى، ئاندىن خالىدقا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى، ھازىر دەل مۇشۇ قىيىن نۇقتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۆزىنى تۇتقۇزۇش- تۇتقۇزماسلىق ئارىسىدا شىددەتلىك ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئارزۇسى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى، ئەمما روھىي جەھەتتىن كۆتكىنىچۇ، مۇھەببەتچۇ؟ توي قىلىدىغان يىگىتچۇ؟ زۆھرەنىڭ كۈتكىنى ئەجەبا مۇشۇ 40 ياشلىق ھۆسەيىنمىدى؟ زۆھرە ھۆسەيىنگە تېزلىكتە نەزەر تاشلىدى، مۇھەببەت ھەسرىتىدە ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەم يېشىدىن بۇرۇن قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، قارامتۇل يۈزىدىكى داغلارمۇ ئۇنى يېقىمسىز كۆرسىتەتتى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرغان يەردىن ئەتىلا ئۇنى تېخىمۇ قېرى كۆرسىتىدىغان ئاق تۈكلەر ئۆسۈپ چىقاتتى، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە چۈشكەن قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيەتتى، سېمىزلىكىدىنمۇ ياكى ياشلىقىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن كېتىپ قالغىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يۈزىنىڭ گۆشلىرى بوشاپ ساڭگىلاپ قالغانىدى. زۆھرە مۇشۇ ئادەمگە بارلىقىنى بېغىشلاپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ مۇشۇ ئۆي ۋە خىزمىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالامدۇ؟ ساقلاپ قالالىسا نېمە بولماقچى؟ بۇ ئىمكانلىرىغا ھەۋەسلىنىدىغان بىرەر يىگىتنى تاپماقچىمۇ ياكى بۇ بەختتىن ئۆزى يالغۇز بەھرىلەنمەكچىمۇ؟ بەھرىلەنسە قانچىلىك بەھرىلىنىپ كېتەر؟ مۇھەببەتكە، گۈزەللىككە، پاكلىققا ئاتالغان ۋۇجۇدى ھەقىدادىغا يەتمەي تۇرۇپ ۋەيران بولارمۇ؟ سۆيۈملۈك بىر يىگىتنى تېخى قوينىغا ئالمىغان سۆيگۈ بېغى ۋاقىتسىز خازان بولارمۇ؟ ھەر ۋاقىت ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ، زوقلىنىپ، پەخىرلىنىپ كەلگەن ئېپپەت گۈللىرى بىر دەمدە چەيلىنىپ كېتەرمۇ؟

زۆھرە ئۆزىنىڭ ھۆسەيىنگە قىلچە مەيلى يوقلۇقىنى، ھېسسىيات دېگەن نەرسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن

ئۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەگەر ھۆسەيىن ئۇنى يامان يەردىن قىستىسا ئۇ ئېرىشىشنى ئىستىگەن مۇشۇ بەدىنىنى تاشلاپ بېرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىچىنى مۇشۇكتەك تاتىلاپ كەلگەن مىننەتدارلىق جاۋابىنى تولۇق بېرىپ، بىراقلا ئازادىلىككە چىقىشنى ئويلىدى. بەدىنىنى تاشلاپ بەرگەن بىلەن روھى ئوخشاشلا ئازاب چېكەتتى، ئەجەبا تېنى پاك روھىغا خىيانەت قىلسۇنمۇ؟

قىز بالا بولماق نېمانچە تەس!... بولدى ئەمدى بەس!

زۆھرەنىڭ يۈرەكلىرى ئات چاپقاندەك دۈپۈلدەيتتى، مۈرەككەپ ھېسسىياتلىرى ئىچىگە پاتمايتتى، ئادەتتە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن، بىر ياققا تاشلىنىپ قالغان، ئۇنتۇلۇشقا ئاز قالغان مۇھەببەت، پاك نىكاھ غالىيانلىرى دەل مۇشۇ پەيتتە زۆھرەنى قىسماققا ئېلىپ قىيناشقا باشلىدى.

ـ مەن... مەن... سىزنى بەك چوڭ بىلىمەن، سىزنى ھۆرمەيلەيمەن، لېكىن بۇنداق بولار دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...ـ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

ـ قورقماڭ، نېمىدىن قورقىسىز، مەن يىرتقۇچ ھايۋان ئەمەس...ـ دېدى ھۆسەيىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ، ئۇ ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى.ـ مەن سىزنى ھەرگىز قىستىمايمەن، سىزگە زورلۇق قىلسام ئۆزۈم چوڭ بىلگەن مۇھەببەتنى چەيلىۋەتكەن بولىمەن. ماڭا سىزنىڭ رازىلىقىڭىز كېرەك...

زۆھرە ئۇنىڭغا رازىلىق بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقسىلا ھەممە نېمىسىدىن قۇرۇق قالىدىغاندەك ئەنسىرىدى. ھۆسەيىننىڭ گەپلىرىگە دېگەندەك ئىشىنىپ كەتمىدى، بىر بۆرە قوتانغا يېقىن كېلىپ قوزىچاققا «ئىشىكىڭنى ئاچ، مەن سېنى يېمەيمەن، سېنى مۇنداقلا كۆرۈپ پۇراپ باقسام بولىدۇ» دېسە، دۆت قوزا ئىشىكنى شۇنداقلا ئېچىپ بەرسە بۆرىنىڭ ئولجىسىغا، لەززەتلىك ئوزۇقىغا ئايلانمامدۇ؟

ھۆسەيىن شۇ تاپتا ھاياجاندىن خۇدىنى يوقىتىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى، بەلكىم زۆھرەگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇھەببەتنى قالقان قىلىۋېلىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتاتتى، بەلكىم نەپسىگە تاقىلداپ كەتكەچكە شىرىن-شېكەر گەپلەرنى دەرھال ئويلاپ تېپىۋاتاتتى.

ــ ماڭا ئۆز رازىلىقىڭىز كېرەك، مەن سىزنى خالىدىن ئاڭلىغان، ئۇ ھايۋان سىزگە ئەسكىلىك قىلغانىكەن. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇقۇمنى ئۈزدۈم...

زۆھرە خالىدىن نەپرەتلەندى، غەيۋەتخور ئەرلەر يوق ئىشنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتى.

ــ ماڭا سىزنىڭ قىزلىقىڭىز، پاكلىقىڭىز ئۇنچە مۇھىم ئەمەس، ماڭا كېرىكى پۈتۈن گۈزەللىكىڭىز، تىنىقلىرىڭىز، چاچلىرىڭىز، لەۋلىرىڭىز...

ھۇسەيىن زۆھرەنى سۆيۈشكە ئىنتىلدى، ئەمما زۆھرە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنىڭغا قورقۇمسىراپ تىكىلدى. ھۇسەيىننىڭ ئۆزىنى پاك دەپ ئويلىمايدىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇ زۆھرەنىڭ قىممىتىنى قەستەن چۈشۈرۈش ئارقىلىق مەقسىتىگە ئېرىشمەكچىمىدۇ ياكى راستتىنلا ئېپپىتى بۇزۇلغان دەپ قارىۋالغان بولسا ھېچ ئەيمەنمەستىن، زۆھرەنى نېمە قىلسام بولىۋېرىدىغان قىزكەن دەپ ئويلاپ ئالدىراپ كەتكەنمىدۇ؟

ــ مەن سىزگە زورلۇق قىلىشتىن ھەرگىز ھوزۇرلىنالمايمەن، ماڭا رازى بولۇڭ...

ــ مەن... بۇنىڭغا رازى ئەمەس،ـ دېدى زۆھرە كۆزىگە ياش ئېلىپ، ــ مەن بۇنداق بولۇشنى پەقەت ئويلاپ باقمىغان...

ئەمەلىيەتتە زۆھرە ھامان مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھەددى-ھېسابسىز ئويلاپ بولغانىدى.

ــ مېنى ياخشى كۆرمەمسىز، قېرىكەن دەپ ياراتمايۋاتامسىز؟

ــ ئۇنداق ئەمەس... سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، سىزنى شۇنچە چوڭ بىلىمەن. لېكىن مېنىڭ مۇھەببىتىم بار. مەن مۇھەببىتىمگە سادىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

مۇھەببەت! شۇنداق، مۇھەببەت! بۇ باھانە ھۇسەيىننىڭ ھاياجىنىنى، كۈچەپ كېتىۋاتقان ئىنتىلىشلىرىنى چەكلەپ تۇرالايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ مۇھەببەتنى چوڭ بىلىدىغان ئىنسان ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇ شۇ ھامان پەسكويغا چۈشتى.

ــ شۇنداقمۇ؟ـ دېدى ئۇ.ـ قالتىس ۋاپادار قىز ئىكەنسىز. لېكىن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

ــ نېمىشقا؟ـ دېدى زۆھرە ئەجەبلىنىپ.

ــ مەن مۇھەببەتنى ياخشى تەتقىق قىلغان. مۇھەببەت ئىلكىدىكى قىزلارنىڭ كۆزى بەخت نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ. لېكىن سىزنىڭ ئۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز بەكمۇ غۇۋا...

زۆھرە بۇ گەپتىن مۇھەببەتكە يالغانچىلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ــ لېكىن، ئۇ بۇ يەردە ئەمەس....ــدېدى زۆھرە دەرھال ئېسىگە كېلىپ.ــ ئۇ بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، يا مەن بارالمايمەن. شۇڭا مۇشۇنداق غەمكىن يۈرىمەن.

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەستەك كۆرۈنىسىز. سىز زادى مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ؟

زۆھرە بۇنىڭغا كۆڭلىدە ئەلۋەتتە «ياق» دەپ جاۋاب بېرەتتى، ئەمما ھۇسەيىننىڭ ئالدىدا يوقنى چوقۇم بار قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى؛ يەنە كېلىپ، مۇھەببەت دېگىلى بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىيات دوۋالغۇشلىرى، ئەسلىگۈدەك گۈزەل كەچمىشلىرى بولغانىدى. ئەجەبا سىيىت قارىم ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت مەكتۇبى ئۇنىڭ مۇھەببەت تارىخى بولالامدىكەن؟!

ــ مۇھەببەتلىشىپ باققان...

ــ ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن كەچۈرمىشلىرىڭىز بولغانمۇ؟

ــ بولغان.ــ دېدى زۆھرە تەپتارتماي ۋە شۇنىمۇ قوشۇپ قويدى.ــ بۇنىڭ ھەممىنى سىزگە دېيىشتىن خىجىل بولىمەن.

مۇھەببەتكە يالغانچىلىق قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن زۆھرەنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە مۇھەببەتلىشىشكە قادىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىك ھازىرلانغاچقا، بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمىدى. ئۇزى تۇيمىغان ۋە ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن، سىيىت قارى ئالللىقاچان ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندەكمۇ قىلاتتى.

ــ سىزدەك گۈزەل قىزلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانى مۇرەككەپ ۋە ئوڭۇشسىز بولىدۇ. لېكىن سىز ئۇنچە جىق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەندەك قىلىسىز.

ھۇسەيىن ئەستايىدىل تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى، زۆھرە ئۇنىڭ ۋاقتىنچە بولسىمۇ جىمىغانلىقىنى تۇيدى، مۇھەببەت ھەققىدە گەپ چىقىرىپ توغرا قىلغانلىقىدىن سۆيۈندى، مۇھەببەت ھەققىدىكى پاراڭ

هۆسەيىنگە ھەقىقەتەن دورىدەك تەسىر قىلاتتى. زۆھرە بىلىپ-بىلمەيلا، سۆھبەتتە بىراۋنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلاردىن سۆز ئېچىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم قازانغانىدى.

– مېنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىم بەك ئاددىي -دېدى زۆھرە ئۆزى ھەققىدە ھېكايە توقۇپ،-ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى؛ ئۆزى تەقۋا، ئېسىل بالا ئىدى. ئوقۇۋاتقان مەكتىپىمگە دائىم ئىزدەپ كېلەتتى، كەمبەغەل بولسىمۇ مەرد ئىدى، بىللە تاماق يەيتتۇق، ئىسلام دىنى ھەققىدە پاراڭلىشاتتۇق، يۇرتىمىزنىڭ گەپلىرىنى قىلىشاتتۇق؛ ئۇ بالا يېنىمغا كەلسە خۇش بولاتتىم، كېتىپ قالسا كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاشۇنداق داۋاملاشتى، مەن ئۇ چاغدا بۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتىم. كېيىن ئۇ بالا ماڭا خەت يازدى، مەن بۇنى پەقەت ئويلاپ باقمىغاچقا دەرھال قوبۇل قىلالمىدىم، يەنە تۇرۇپ ئۇنى سىناپ باققۇم كەلدى؛ يالغاندىن رەت قىلدىم، لېكىن ئۇ ئىچى كۆچلۈك بالا بولغاچقا بۇنى راست دەپ چۈشىنىپ قالدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا كەتتى. كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولدى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم...

– سىزنىڭچە بۇمۇ شېرىن مۇھەببەتمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىپ بىللە كەتمىدىڭىز؟

زۆھرە ئۆزىنى چېنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، شۇندىمۇ بويى بەرمىدى:

– نامرات ئائىلەم ئۈچۈن، جاپا چېكىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن بۇ شەھەردە قالدىم. ئەمما ئۇ بالا بۇنى چۈشەنمىدى، قېيداپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك سۆزۈمنى ئۇنىڭغا دېيەلمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ۋاقىتلارنى ئۇنتۇمايمەن، ئۇنى ھېلىمۇ ئەسلەپ سېغىنىپ تۇرىمەن.

– بوپتۇ، بۇنىمۇ بىر مۇھەببەت دەپ تۇرايلى، لېكىن سىز مۇھەببەتكە بەكمۇ سەل قارايدىكەنسىز. ماددىي تۇرمۇشنى مۇھەببەتتىن ئۈستۈن قويىدىكەنسىز...

ھۆسەيىن زۆھرەنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەنچە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى كەمسىتىپ، ئىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، روھىي جەھەتتىن ئۇنى سۇندۇرماقچى بولغاندەك ئېغىر گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. بۇ گەپ

ھەقىقەتەن زۆھرەنىڭ يېغىرىغا تەگدى، ھەتتا ئۇنى مۇشۇ بىنادىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەك بولدى. بۇ گەپنىڭ زەربىسىدە زۆھرە ھوشىنى سەل يوقاتتى، ھۆسەيىننىڭ ئاللىقانداق غەرەزلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، ھۆسەيىن ھەقىقەتەن غەلىتە ئادەم ئىدى!

— سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، ئەھۋالىمنى ئۇقمايسىز.- دېدى زۆھرە بايا كۆزىدە قالغان ياش يۇقىنى سۈرتۈپ.- ئادەمدە نېمە ئەڭ كەم بولسا شۇنى ئىزدەيدىغان گەپ. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار باي، پۇلۇڭلار جىق، ھەممە نەرسەڭلار تەل، قولۇڭلارنى نەگە سونساڭلار شۇ يەرگە يېتىدۇ. شۇڭا سىلەرگە كۆڭۈلنىڭ خوشى مۇھىم. لېكىن بىزچۇ؟ نامراتلىقتىن قەددىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئادەملەرمىز، بىزنىڭ يۇرتلارنى كۆرۈپ باقمىدىڭىز، شۇڭا بىلمەيسىز، ئەگەر شۇ يەرلەرگە بېرىپ كەلسىڭىز، ئاندىن مېنىڭ بۇ يەردە نېمىشقا بۇنداق ياشايدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن بولاتتىڭىز. ماڭا ھازىر مۇھەببەتتىن بەكرەك پۇل مۇھىم؛ بىزدە موھتاجلىق تاشتىن قاتتىق دېگەن گەپ بار. ھەر كىمنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، تاللىشى ئوخشىمايدۇ، مەن مۇشۇنداق ياشاشنى تاللىغانىكەنمەن، پۇشايمان قىلماي ئالدىمغا قاراپ مېڭىشىم كېرەك. ئەلۋەتتە، سىز دەۋاتقان مۇھەببەتمۇ مۇھىم، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ھەر كۈنى ئەمەس، ھەر ۋاق ئويلايمەن، لېكىن ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچىدىكەن، ياخشى كىيىم كەيگۈسى كېلىدىكەن. تۇرمۇش ئادەمنى قىستاپ تۇرغاندا باشقا نەرسىنى ئويلاپ بولغىلى بولمايدىكەن. تۇرمۇش ئېھتىياجىمىزدىن چىقىپ خاتىرجەم بولغاندا ئاندىن مۇھەببەت دېگەننى ئويلىغىلى بولىدىكەن....

بۇ ئۆي گويا بوراندا قالدى، زۆھرە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، تىل-تەپەككۇر چاقمىقى شىددەتلىك چاقناپ ھۆسەيىننىڭ يۈزىنى يورۇتتى، ھېسسىيات يامغۇرلىرى پەرىشانلىق بىلەن تۆكۈلدى...

— مېنىڭ مەقسىتىمنى خاتا چۈشەنمەڭ.- دېدى ھۆسەيىن خاپا بولغاندەك ئەلپازدا.- ئەمەلىيەتتە مۇھەببەتنىڭ ئاياغلاشقىنى نامراتلىق... ۋاھاكازالار باھانە بولالمايدۇ. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەسكەن.

— شۇنداق، ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەس...- دېدى زۆھرە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ.

ھۆسەيىننىڭ ئۇنى قۇچاقلىشىغا بىر باھانە تېپىلدى، يېقىنلاپ كەلدى، ئەمما زۆھرە ئۇنى يەنىلا

توسۇپ قويدى:

– ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا يېقىنلاشمىسىڭىز.

– سىزدە ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەس، ئۆزىڭىزگە خاس بىرەر ھېسسىياتمۇ يوق ئىكەن!- دېدى ھۇسەيىن تېخىمۇ خاپا بولۇپ،- مېنى تېخىچە يامان كۆرۈۋاتامسىز؟

– ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلۈم بەك پاراكەندە... ماڭا ۋاقىت بېرىڭ... مەن بۈگۈن راستتىنلا... سىزنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم... رەنجىمەڭ... لېكىن...

– زورلىغان ئىش گۈزەل بولمايدۇ، لېكىن سىزنىڭ مۇشۇ ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ خالىدىنىڭ زوراۋانلىقىنى ئەسلەپ قالدىم. سىزگە زورلۇق كېرەكمىدى؟

زۆھرە بۇ جاھاندا ئالىيجاناب ئەرلەر قالمىغاندەك شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلەندىكى، «نېمە قىلساڭ قىل، مانا » دەپ يېتىپ بېرىپ، بىراقلا ھەممە دەردتىن خالاس بولۇشنى ئويلىدى. لېكىن رەسۋالىق ئازابىدىن ئۆلگۈچە قۇتۇلالمايتتى، بۇنى ئۆزىنىڭ كىچىكىدىن يېتىلدۈرگەن نازۇك خاراكتېرى بەلگىلىگەنىدى. شۇ چاغدا خىيالىدا يەنە ھەسرەتلىك ئانىسى بىلەن دەردمەن ئاچىسى پەيدا بولدى، تېلېفوندا كۆرۈشمەي يۈرگەن دادىسى بولسا تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ، ۋەيران بولغان ئەركەكلىك خارابىسىدە يۇمشاق دەسسەپ كېتىپ باراتتى...

– ئۆتۈنۈپ قالاي، بۈگۈن مېنى زورلىماڭ،- دېدى زۆھرە بىچارىلىك بىلەن ياش تۆكۈپ،- مەن سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيمەن، سىز بەك ئېسىل ئادەم، بۇ ئوبرازىڭىزنىڭ ۋەيران بولۇشىنى خالىمايمەن...

– ماڭا ھۆرمەت كېرەك ئەمەس، مۇھەببەت، خۇشاللىق كېرەك!- دېدى ئورنىدىن قوپۇپ كەتكەن ھۇسەيىن ساراڭ بولغاندەك پىرقىراپ،- ماڭا رازىلىقىڭىز كېرەك...

– مەن بۇ ئىشقا ھازىر رازى ئەمەس -دېدى زۆھرە باشقا ياققا قاراپ،- بۈگۈن بەك قىستاپ تۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ.

– قاچان بولىدۇ؟ سىز مېنى مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ يولغا سالماقچىما؟ خالىد ۋەيران قىلىۋەتكەن پاكلىقىڭىزنى قوغدىماقچىما؟

ــ خالىد ماڭا چېقىلالمىغان.

ھۆسەيىن قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ ئاشۇ خالىدما؟ كۈنىگە نەچچە سەتەڭنى يولغا سالىدىغان ئاشۇ خالىدما؟

ــ ئىشەنمىسىڭىز مەيلى...

ــ مەن بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئىشەنسەممۇ نېمە بولماقچى، مەن دېدىمغۇ، ماڭا كېرىكى سىزنىڭ گۈزەل جامالىڭىز، ئىش كۆرگەن خۇلقىڭىز... ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلالايمەن. بۈگۈن سىزنى بىر چۈشىنىپ باقاي دېدىم، ئەسلىدە زورلاپ زىنا قىلىشنى مەنمۇ خالىمايمەن؛ ئاجىزەلەرنى زورلىماسلىق كېرەك، ئۇلارنى ئەركىلىتىش، مەردلىك بىلەن قايىل قىلىشىمىز كېرەك. مېنى چۈشىنىپ قالىسىز، بۇنىڭغا يېتىپ ئاشقىچە ۋاقىت بار. سىزنىڭ ماڭا ھامان بىر كۈنى مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن قارىشىڭىزنى، ماڭا خۇشاللىق، رازىمەنلىك بىلەن ھەمراھ بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنىڭغا ئىشىنىمەن؛ گۇناھ قىلماي ئازادە ياشاشنىڭ ۋە ئەركىن مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى نىكاھ. بىز كۆپ خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ ھۆزۈرىنى بىلىمىز، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى ئەرلەرگە باققاندا زىنايى ھارامدىن نېرى تۇرالايمىز. سىزنى خوتۇنلۇققا ئالسام، قوبۇل قىلامسىز؟ ئەگەر بۇنىمۇ قوبۇل قىلمىسىڭىز، مەن ساراڭ بولۇپ تۈگىشىپ كېتىمەن. ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز سىزنى ئۆزىڭىز ئويلاپ باقمىغان بەختكە ئېرىشتۈرىمەن، مۇشۇ شەھەردىن داچا ئۆي دەمسىز، ماشىنا دەمسىز، ھەممىنى ئېلىپ بېرىمەن، چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىمەن. خوتۇنۇم بۇنى توغرا چۈشىنىدۇ، بىزنىڭ دۆلەتتە بۇ ناھايىتى نورمال ئىش...

زۆھرەنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى؛ نېمىلا بولسۇن، ھۆسەيىننىڭ پەيلىدىن يېنىپ نورماللىققا قايتقىنىغا، زىنادىن يېنىپ نىكاھنىڭ پارىڭىنى قىلغىنىغا خۇشال بولدى. نىكاھ، تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان، زۆھرەمۇ خالايدىغان ئىش ئىدى. ھۆسەيىننىڭ ئۇنى نىكاھلاپ تۇتقال قىلىشى ئۇنى ئاشنا، پاھىشە قىلىۋالغىنىدىن كۆپ ئەۋزەل ئىدى. زۆھرە بۇنى ئويلىشىپ كۆرسە بولاتتى، ئەينى چاغدا خالىد ئۇنى قورقىتىۋەتكەن ئاخشىمى ئۇ بىر كېچە

ئۇخلىماي زىنا بىلەن نىكاھلىق جىنسىي تۇرمۇشنى سېلىشتۇرۇپ، ئەگەر خالىد زىنا قىلماي ئۆزىنى خوتۇن قىلغان بولسا مەيلى ئىدى... دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى شۇنچە قىزىقتۇرۇشلار ئالدىدا ئۇ ھۇسەيىنگە تەسلىم بولۇشقا باشلىدى. ئەجەبا زۆھرەنىڭ ئۆزىنىڭ تالالاش ئەركىنلىكى يوقمىدى؟ بۇ دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتىگە تېگەلمەيلا ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ سۆيگۈ ئارمىنىغا يېتەلمەي ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟

ـ توي ئىشى بىزدە ئاسان ئىش ئەمەس، ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىم كېرەك.- دېدى زۆھرە ھۇسەيىننى ئەجەبلەندۈرۈپ.- ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بېرىڭ، ئويلىنىپ جاۋابىنى بېرەي.

ـ يەنە ناز قىلىۋاتىسىز-دە، بوپتۇ، كىچىك قىز ئەمەسمۇ سىز، رازىلىقىڭىزنى ساقلايمەن.

ھۇسەيىن ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىۋەتكەندەك راھەتلىنىپ، خۇش كەيىپ ھالدا ئۆيدىن چىقتى. زۆھرە تەڭقىسلىق، تۇمەك تۇرلۇك ئوي-خىيال بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى، ئىشىكنى يېپىپلا يۈرىكىنى تۇتۇپ بىر دەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاش چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، باسقان يەرنى ئويۇپ تاشلىغانىدى. زۆھرە يەنىلا ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغاندەك ھالسىزلىنىپ، ئاستا مېڭىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

23

زۆھرە بەزىدە ئۆزىنى تولىمۇ جاھىل دەپ ئويلاپ قالاتتى. بېشىغا قانچە كۆپ ئىش كەلگەنچە ئۆزى رايى بويىچە جاھىللىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ گەرچە مەھەللىسىنى تەرك ئەتكەن بولسىمۇ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى قوينىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆتمۈش ھاياتىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنىدى، باللىقى شۇنچە غۇبارسىز، گۈزەل ئۆتكەنىدى، كىچىكىدە قوي باقىقاندا ئېتىز قىرلىرىدا ئۈنۈپ قالغان ياۋا گۈللەرنى قۇلىقىغا قىسىۋالاتتى، قولىدىكى چىۋىقنى ئېرىققا تىقىپ سۇ بويىدا تۇرۇپمۇ قاغجىراپ كەتكەن گىياھلارغا سۇ چاچرىتاتتى، ياۋاش قويلىرىنىڭ دۆتلىكىدىن بىزار بولسىمۇ، يەنىلا ئامراق ئىدى، بىرەرسى قۇربانلىق قىلىنىپ كەتسە ياكى بازارغا ئاپىرىپ سېتىلسا نەچچە كۈنگىچە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. تەسىرچان قىز ئەنە شۇ ۋاقىتلارنىڭ قوينىدا

گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرگەنىدى، ھازىرمۇ ئۆزىنى گويا بالىلىق دەۋرىدە قولىقىغا قىسىۋالىدىغان ياۋا گۈلگە ئوخشىتاتتى. ئەمما بالىلىق دەۋرىدىن خوشلىشىشى بىلەنلا بۇرۇنقىدەك گۈزەل تۇيۇلمايدىغان مەھەللىسىدە توپىغا يەم بولۇشنى خالىمىغان زۆھرەگۈل شەھەرنىڭ ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزانلىرىغا دۇچ كەلدى. نوچى يىگىتلەر چىقىپ بۇ گۈلنى ئۈزەلمىدى، ناتىۋان گۈل ئۆز ئىگىسىنى تاپالمىغانچە، ناپاك قوللار ئۇنى پات ئارىدا ئۈزۈپ چەيلەشكە تەييارلىنىۋاتاتتى.

زۆھرەنىڭ كۆنلىرى جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى، ھۆسەيىنگە خوتۇن بولۇشنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆپتۈرۈپ ئويلاپ باقسىمۇ، بىر دەمدىن كېيىن يېلى چىققان شاردەك سولىشىپ قالاتتى؛ زۆھرە كۆڭلىنى توختىتالمىدى، ھۆسەيىن ۋەدە قىلغان كاتتا تۇرمۇش ئۇنىڭ قېرىلىقى ۋە خوتۇنپەرەسلىك ئىللىتىنى، بۇلار پەيدا قىلىدىغان غەشلىك، كۆڭۈلسىزلىكنى يوقىتالمايتتى. يەنە كېلىپ، زۆھرە ئۇنىڭغا پاك قىزلىقىنى بەخشەندە قىلاتتى؛ ھۆسەيىن ئىشەنمىگەن ۋە ياراتمىغان قىزلىق ئېپىپەت ئەنە شۇ يوسۇندا خارلىنىپ، كىرلىك بىلەن بىللە تاشلىناتتى... زۆھرە ئۆز جېنىدەك ئەزىزلەپ كەلگەن پاكلىقىنىڭ ھېچ قەدىرسىزلا يوقىلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، ئەمما بىمەنە رېئاللىق ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، «چىدىغانغا چىقارغان تۇرمۇش بۇ» دەپ قىستاپ كېلىۋاتاتتى.

ئىچى سىقىلىپ يۈرگەن زۆھرەگە ئۇ ئېرىشكەن ئىمكانلارمۇ خۇشاللىق بېرەلمىدى. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئازادە چاغدا ئىچكەن قايناق سۇ، يېگەن زاغرىلارمۇ شۇنداق تېتىيدۇ. زۆھرەگە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ھۆسەيىن بىلەن بىر قاتاردا جىددىي، رەھىمسىز تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى؛ نەگە بارسا شۇ قېرىنىڭ چىرايى، نەگە ماڭسا شۇ ئەرەبنىڭ خىيالى... مۇئەللەقتىكى داچا، يىراقتىكى ماشىنا، يىراقتىكى مەھەللىسى، ئانىسى، دوستلىرى... سېيىت قارى... ھەممىسى يىراقتا قالغان. كۆز ئالدىدا پەقەت تاقەتسىز ھۆسەيىنلا بار ئىدى؛ شەخسىيەتچى ھۆسەيىن بۇ دۇنيانى شۇنداق تارلاشتۇرۇۋەتتىكى، شۇنچە كەڭ مۇھىتتا زۆھرە ئەركىن نەپەس ئالالمىدى ۋە شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى غېرىپ، سەرسانە ھېس قىلدى.

ئۇ ئادىلەنى ئەسلەپ قالدى، ياخشى-يامان بولسىمۇ بىر يىلدەك بىللە ئۆتكەنىدى؛ يالغۇزلۇقتا ئىچى پۇشقان چاغلىرىدا بىر نەچچە قېتىم ئادىلەگە تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋال سوراي دېگەن بولسىمۇ كۆڭلى تارتمىغانىدى. خەنزۇ موماينىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۆلۈمنى ئويلاپ بىر ئاز تەقۋالىشىپ قالغان كۈنلىرىدە، ئادىلەنىڭ قېشىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان قۇرئاننى ئەكىلىۋېلىشنى نەچچە قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ بارالمىغانىدى. ئۇ شۇ قۇرئاننى بولسىمۇ ئەكىلىۋېلىشنى ئويلاپ ئادىلەگە تېلېفون قىلدى.

ــ يوقاپلا كەتتىڭ،ـ دېدى ئادىلە ئۇيقۇچان ئاۋازداـ كېلە، مەن ئۆيدە بار.

زۆھرە تاللا بازىرىغا كىرىپ ئادىلە ئامراق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئادىلە ئۇنىڭ ئۇستۇۋاشلىرىغا قاراپ قېتىپ قالدى:

ــ ۋاۋ، قارا سېنى، تونۇيالمايلا قالدىمغۇ، قايسى بايۋەچچىگە يولۇقتۇڭ؟

ــ بۇنى ئال، ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم،ـ دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

ــ ۋۇي بۇ ھەممىسى مەن ئامراق داڭلىق شاكىلاتلارغۇ... رەھمەت ساڭا.

ــ كۆرۈشمىگىلى خېلى بوپتۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتقانسەن؟

ــ ئەلۋەتتەـ دېدى ئادىلە شاكىلاتتىن بىر ئاغزىغا سېلىپ، ئاندىن ئۇنى چايناۋاتقان زۆھرەگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى، ــ قارىسام سەن مەندىنمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقاندەك قىلىسەن. ھە دېگىنە، قايسى بايغا يولۇقتۇڭ. ئەرەبكە يولۇقتۇڭمۇ ئامېرىكىلىقمۇ؟ رېستوران خوجايىنىغا تەگدىڭمۇ، تاشچىغىمۇ؟! ئامەت كەلمەي-كەلمەي تازا كەپتۇ-دە! مەن دېمىدىممۇ ئۆزۈڭ ياشاپ باق دەپ، بۇ ئۆيدىن سېنى يولغا سالمىغان بولسام ئاشۇنداق ئۆتىۋېرەتتىڭ، ئادەم دېگەن تەۋەككۈل قىلىپ بېقىشى كېرەك. بولۇپمۇ چىرايلىق قىزلار... بولمىسا تەقدىرىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ!

ــ توغرا قىلىپتىكەنسەنـ دېدى زۆھرە كونا سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،ـ ئادەم مۇستەقىل ياشاپ باققاندا جىق نەرسىنى ئۆگىنەلەيدىكەن، ئويلىمىغان ئىشلارغا ئۇچرايدىكەن، ھەممىگە ئۆزى كاللا ئىشلەتمىسە بولمايدىكەن.

ــ ھازىر نەدە ئىشلەۋاتىسەن؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ــ بەھرەيىن ئەلچىخانىسىدا ئىشلەۋاتىمەن.

ــ ئۇ يەرگە كىم ئەكىردى سىنى؟

ــ ئۆزۈم ئۇقۇشتۇم،-دېدى زۆھرە ھۇسەيىنىنىڭ گېپىنى چىقىرىشنى خالىماي- سىنىڭ گەپلىرىڭ بەك تەسىر قىلىپ كېتىپتىكەن، تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ باقاي دېدىم، جىق يەردىن خىزمەت ئۇقۇشۇپ، ئاخىر شۇ يەردىن تاپتىم.

ــ مانا ئەمەسمۇ، مەن ساڭا ھەرگىز زىيانلىق گەپ قىلمايمەن. مەندە بىر كىتاب بار، كۆرۈپ باقامسەن؟

ــ نېمە كىتاب؟

ــ ئۆزۈڭنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىشكە، بەختلىك ياشاشقا پايدىسى بار.

ــ ياخشى كىتاب بولسا كۆرۈپ باقاي.

ئادىلە ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە ئىنجىلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ ئوقۇيالامسەن؟ قىيىنالساڭ ئۇيغۇرچىسىمۇ بار.

ــ ئىنجىلكەنغۇ بۇ!-دېدى زۆھرە كىتابنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ- مەن قېشىڭغا بۇ ئىنجىلنى دەپ كەلمىگەن، قۇرئاننى ئەكەتكىلى كەلگەن.

ــ قۇرئاننى سىيىت قارى ئەكەتكەن.

ــ نېمە، سىيىت قارى بېيجىڭغا كەپتىما؟ قاچان كەپتۇ؟ نەدە تۇرۇپتۇ؟- زۆھرە ژۇرنالار ئارىسىغا قاراپ، قۇرئاننىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ــ راست ئەكەتكەنىمدۇ...

ــ قارا، جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭنى، تېخى كۆرۈشمەپسىلەر-دە!

زۆھرە ئويلىنىپ، مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

ــ بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆرۈشكەن، ئاغىنىسى بىلەن قاشتېشى ساتقىلى كەپتۇ.

ــ قانچىلىك تۇردىكەن؟ كېتىپ قالمىغاندۇ-ھە!

ــ ۋاي تاڭەي، سېنىمۇ سوردى، كونا نومۇرۇڭنى بىلىدىكەن. نومۇر ئۆزگەرتكەن بولساڭ تاڭ...

ـ ياق، مەن نومۇرۇمنى ئۆزگەرتمىگەن.

ـ ئەمىسە، سېنى ئىزدەشنى خالىماپتۇ. بىچارىنىڭ كۆڭلىنى جىق رەنجىتتۇق ئەمەسمۇ..

ـ لېكىن، كۆرۈشمەيلا كېتىپ قالماس دەيمەن...

ـ ۋاي، ئۇ قارىم جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. يەنە تېخى خوتۇن ئالغانلىقىنى گېپىنى قىلىدۇ.

ـ توي قىلىپتىما؟

ـ توي قىلىپ ئۈچ كۈن ئۆي تۇتۇپ قويۇۋېتىپتۇ.

ـ نېمىشقا؟

ـ تاڭەي، سەۋەبىنى دېمىدى. بەلكىم سېنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. قارىساملا شۇنداقتەك... ئەر كىشى بىرسىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتسە باشقا خوتۇنغا مېھرى چۈشمەيدۇ. لېكىن، قارىملارنىڭ ئىشىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، سېنى ئىزدىمىگىنىگە قارىغاندا كۆرۈشمەيلا قوياي دېگەن چېغىمۇ...

ـ قارىغاندا مېنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك خاتا چۈشىنىدىغان ئوخشايدۇ.ـ دېدى زۆھرە ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ.

ـ نېمىنى خاتا چۈشىنىدۇ؟ بولدى، ئويلانمايلا قوي. مانا گۈلدەك ياشاۋېتىپسەن. ئۇ قارىمنىڭمۇ كاللىسى بۇرۇنقىدىن جىق ئېچىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. تاشچىلىقتا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ـ قۇرئاننى نېمە دەپ ئەكەتتى؟

ـ توپا بېسىپ قاپتۇ دەپ ئەكەتمەمدۇ؟! ئۇنى ئوقۇماي بۇ كىتابنى ئوقۇ، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ كىتابى. ئوقۇساڭ مەندەك ئوڭشىلىپ قالىسەن، ئازابلانمايدىغان بولىسەن...

ئەمما زۆھرەنىڭ خىيالى باشقا ئىدى، ئادىلەگە بىر قىسمىلا قارايتتى.

ـ سېيىت قارى بۇ يەرگە قانداق كەلدى؟ سىلەر قانداق كۆرۈشتۈڭلار؟

ـ ئەجەب ساقچىدەك سوراپ كەتتىڭ، مېھمانخانىغا بىر تونۇشۇمنى ئىزدەپ بارسام شۇ يەردە تۇرۇپتىكەن، كۆرۈشۈپ قالدۇق. تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ئۆيلەرگە بېرىڭ دەپ قويدۇم. ئۆزى كەپتۇ، سېنى

دەپ كەلمەمدۇ؟! سىنىڭ يوقلۇقۇڭنى كۆرۈپ قۇرئاننى ئېلىپ كەتتى، شۇ...

زۆھرە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— مېنىڭچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭ ياخشى. بەربىر ئىشىڭلار ئاقمايدۇ.

— مەن ئۇنى دېمەيمەن، بىر يۇرتلۇق بولغانىدىكىن كۆرۈشۈپ قويساق بولاتتى. مېڭىپ قالسا ئۆيدىكىلەرگە خالتا سېلىپ بېرەي دېگەن.

— ھېلىمۇ سىنىڭ دەردىڭدە ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتكەن بالىغا بېسىم سالما، تاشنى تۆمۈر ساندۇققا قاچىلاپ شەھەرمۇ شەھەر يۈرىدىغان بالىلار سىنىڭ خالتاڭنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟

— ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلەمسەن؟

— نېمە قىلىمەن ئۇنى سوراپ...

— قايسى مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىنى بولسىمۇ دەپ بەرسەڭ.

— فەنجيايۈەنگە بارساڭ ئالدىڭغا جىق تاشچىلار ئۇچرايدۇ، بىرسىدىن سورىساڭلا دەپ بېرىدۇ. سېنى ئىزدېمىگەن ئادەمنى نېمە قىلىسەن ئىزدەپ، ھەر قانچە قىلساڭمۇ ئۇ سېنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەيدۇ. زۆھرەنى سىز ئازدۇردىڭىز، سىز بۇزدىڭىز دەپ ماڭمىمۇ قاتتىق گەپ قىلغان تۇرسا، سېنى تىك توختىتىپ تىللاپ رەسۋا قىلىۋېتەرمىكىن...

— مېنى تىللايدىغانغا ھەققى يوق! مەن ئۆزۈم بېرىپ پاراڭلىشىمەن.

— ۋاي، نېمە بولۇپ كەتتىڭ ھوي، پوستەك قارىمىنىڭ كۆيۈكى قايتا تۇتۇشۇۋاتامدا؟!

— ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ ھەق-ناھەقنى ئايدىڭ قىلمىسام بولمايدۇ. بولمىسا كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ.

— ھەممىسى بىكار، كۆڭلۈڭنى بىكاردىن بىكار زېدە قىلىسەن.

— نېمە بولسام مەيلى، كۆڭلۈم ئاللىقاچان ئېزىلىپ بىر نېمە بولۇپ كەتتى.

— بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق جېدەلدىن باشلىنىپ جېدەل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئادەمگە خاتىرجەملىك كېرەك. ساڭا بۇ كىتابنى بىكار تەۋسىيە قىلمىدىم. بۇ كىتاب سېنى خاتىرجەم قىلىپ،

ھەممە ئادەمگە مۇھەببەت كۆزىدە قارايدىغان قىلىدۇ، سىيىت قارى بىلەن كۆرۈشۈپ قالساڭ ئەسقاتىدۇ...ــ ئادىلە گەپ قىلغاچ، كىتابنى زۆھرەنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى؛ خىيالى سىيىت قارىدا قالغان زۆھرە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى كەتمىدى.

ــ ئۇ قارىمنى ئىزدەيدىغان ئىشىڭ بولسا چاقىرىپ بولارسەن ــ دېدى ئادىلە كىتابنى سېلىپ بولۇپ راھەتلىنىپ، ــ تاشنى سېتىپلا كېتىپ قالمىسۇن يەنە...

يۈزىنى تېخى يۇمىغان ئادىلە كىرىلىپ ئەسنەشكە باشلىدى، زۆھرە ماڭغىلى تەمشەلدى.

ــ چاي ئىچىپ ماڭمامسەن؟

ــ چۈش بولغاندا چاي ئىچىپ ئولتۇرامسەن؟

ــ ئەمىسە، مېنى مېھمان قىلامسەن؟

ــ مېھمان قىلاي، سېنىڭ مەندە جىق ھەققىڭ قالغان ئەمەسمۇ؟

ئادىلە قىلىنىلىق بىلەن ھجىيىپ قويدى، كىيىملىرىنى كىيىپ، پەردازلىرىنى ئىتتىك قىلىپ تەييار بولدى. ئىككىسى زۆھرە ئىشلىگەن رېستورانغا كىرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلاشتى. ئادىلە ھە دېسىلا ئىنجىلنىڭ گېپىنى قىلاتتى، بۇ يۆچۈن گەپلەردىن پەقەت «مۇھەببەت، مېھىر-شەپقەت» دېگەن سۆزلا زۆھرەنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

ــ ساڭا شۇ سىيىت قارىلا بولسا بولىدىكەن-دە، ئادەم دېگەن مۇنداق ئۆزى ھەققىدە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ئويلىمامدۇ؟!

ــ قايسى ئىشلارنى دەيسەن؟

ــ مەسىلەن، دىن.

ــ يەنە شۇ ئۆزۈڭنىڭ گېپىڭغۇ، سەن خرىستىئان بولۇپ كېتىپسەن، بۇمۇ سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ. لېكىن ساڭا دەپ قوياي، ماڭا ھەر قانچە سۆزلىسەڭمۇ بىكار، مەن بەربىر مۇسۇلمان.

ــ سېنى كاپىر دېمىدىم، مەن بەرگەن كىتابنى كۆرۈپ باققىن دېدىم. ئەلۋەتتە قايسى دىندا بولۇشۇڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، لېكىن ئادەم قايسى دىننىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. مەنمۇ

مۇسۇلمان ئىدىم، لېكىن نېمە بولدۇم مەسىلەن؟! كىم بىزگە بۇ دىنىنى چۈشەندۈردى؟ ھېچكىم چۈشەندۈرمىدى، بەلكى بىزنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دېگىنىمىز بىلەن بۇ دىندىن بىلىپ-بىلمەي چىقىپ كەتتۇق؛ ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ياشىدۇق. ئاخىر نېمە بولدى؟ دىنسىز بولدۇق. ئازابىمىز ئېغىرلاشتى. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن خرىستىئان دىنىغا قىزىقىپ قالدىم، بۇ دىنىنى چۈشەنگەنچە ئۇنىڭغا مەھكەم باغلاندىم. ھازىر مەن شۇنچە خۇشال ياشايمەنكى، تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن. سېنىمۇ شۇنداق ياشىسا دەپ ئويلايمەن. سەن ئۆزۈڭنى مۇسۇلمان دەپ ئويلايسەن، لېكىن دەردىڭ تۈگىمەيدۇ. نامازنى تاشلىۋەتتىڭ، قۇرئاننى بىچارە قارىم ئۆزى كېلىپ ئەكەتتى. دېمەك، سېنىڭ ھازىر مۇسۇلمانلىقىڭ قالمىدى. قاراپ باققىنە، بىز ھازىر قانداق ناچار ياشاۋاتىمىز، مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك يالغانچى بولۇپ كەتتىكى، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا موللام، ئۆز ئالدىغا پەرىشتە. لېكىن، ھەممىسى گۇناھقا پېتىپ كەتكەن، بۇ گۇناھىنى پاكلاشنى ئويلىمايدۇ؛ ئۆز-ئارا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن غاجايدۇ، ئۇرا كولايدۇ، قويمىچىلىق قىلىدۇ. مەن ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدىغان شۇنداق ساختىپەزلەرنى، ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان بىچارىلەرنى تولا كۆرۈپ كەتتىم. مەن بۇنداق ساختىلىقتىن بىزار؛ شۇڭا خرىستىئان دىنىنى تاللىدىم؛ ئۆزۈمچە مۇشۇنداق پىداكار بولۇپ كەتتىم، گۇناھىمنى يۇيۇشقا ئاتلاندىم. ئۆزۈممۇ ھەيران، بۇمۇ مۇشۇ دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن بولسا كېرەك، بۇ دىنىنى مەنچىلىك چۈشەنسەڭ ئىدىڭ، گېپىمنى راستكەن دەيتتىڭ.

ئادىلە «كۆپ ۋەز سۆزلەپ ئاڭلىغۇچىنى بىزار قىلماسلىق» ئۇسۇلى بويىچە گېپىنى ئىتتىك ئاياغلاشتۇردى.

– مىڭ سۆزلىسەڭمۇ شۇ، مېنىڭ خرىستىئان بولغۇم يوق. مېنىڭ كاللامدا ھازىر ئۇماش قايناپدۇ.- دېدى زۆھرە خىيالچان ھالدا.

– دېمىسىمۇ، سەن كاللاڭغا بىر تالاي مەسىلىلەرنى يىغىۋالدىڭ. بۇنداق قىلساڭ ئازابىڭ يەڭگىللىمەيدۇ.

– سەن شۇنچە بەختلىكمۇ؟– دېدى زۆھرە ئادىلەنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ.

– ئاجايىپ بەختلىك!– دېدى ئادىلە زۆھرەگە ئىشەنچلىك نەزەردە تىكىلىپ. – ئۆزۈمنى شۇنچە يەڭگىل سېزىمەن. يەكشەنبە كۈنى چېركاۋغا بېرىپ ئىلاھىي مۇزىكىلارنى ئاڭلىسام ئېرىپ كېتىمەن، پۈتۈن دەردلىرىمنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ يېنىپ چىقىمەن. بىر ھەپتىگىچە شۇنداق خۇشال يۈرىمەن. خىرىستىئان بولۇش جەريانىدا كورىيەلىك بىر كۆچمەن بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۆزى ئاۋستىرالىيىدە تۇرىدىكەن، بېيجىڭدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالىدىكەن، ئۇرۇمچىگىمۇ بېرىپتىكەن، ياخشى تونۇشۇپ، ئارىلىشىپ قالدۇق. يېقىندا ئۇ ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويدى؛ ماقۇل دېدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، مېنى ئاۋستىرالىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى، بىزنىڭ يۈكسەك پىلانلىرىمىز بار.

– بوپتۇغۇ، بەختىڭ ئېچىلىدىغان بوپتۇ...

– سەنچۇ، تېخى بىرەرسىگە ئۇچرىمىدىڭمۇ؟

زۆھرە ھۆسەيىننى تىلغا ئېلىشنى يەنە خالىمىدى.

– مۇسۇلمان بولغانىدىكىن سىيىت قارىمنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلىپ شۇنىڭ بىلەن كەتسەڭمۇ بولىدۇ بولمىسا...

– مۇسۇلمان، مۇسۇلمان دەپ ئەجەب كەمسىتكەندەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن، سەن ئىلگىرى مۇسۇلمان ئەمەسمىدىڭ؟

– ئۇقمايتتىم، ئۆزۈمنى مۇسۇلمان دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە دىنسىز ئىكەنمەن. دىن دېگەن نەرسىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. خىرىستىئان دىنىغا كىرىپ ئاندىن دىننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندىم. مۇسۇلمان بولۇشنىڭمۇ قانچىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

– ماڭا ئۆزۈڭنىڭ قارىشىنى تاڭما، مەن ساڭا ئوخشىمايمەن.

– سېنى مەجبۇرلىمىدىمغۇ؟ چۈشىنىپ باققىن دېدىم. سەنغۇ بۇ ئەپتىڭدە بىر نەرسىنى چۈشىنىشنى خالىمايدىغاندەك قىلىسەن.

– بېشىمدا مۇشۇ تاپتا جىق ئىش بار، كاللام ساراڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،– دېدى زۆھرە مەيۈس ھالدا

سىرتقا قاراپ.

ـ كاللاڭنىڭ ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ـ سېنىڭچە، سىيىت قارى بولامدۇ؟ـ دېدى زۆھرە تۇيۇقسىز ئادىلەگە بۇرۇلۇپ،ـ ئۇنىڭغا تەگسەم بەختلىك بولالايمەنمۇ؟

ـ ئۆزۈڭ بىل، قاچانغىچە ساڭا ئاپاڭدەك يول كۆرسىتىپ يۈرىمەن. كۆڭلۈڭدە بولسا مۇھەببىتىڭنى يەتكۈز، تەڭكۈڭ بولسا تەگ، كېيىن پۇشايمان قىلما. جىق ئىككىلەنسەڭ، زىيان تارتىسەن. سىيىت قارى ھېچ بولمىغاندا دىنسىز بۇزۇقلاردىن ياخشى. مەن ئۇنىڭ ساڭا يازغان خېتىنى پەقەت ئۇنتۇمايمەن. شۇ چاغدا مەن نېمىنى ئويلىغان، بىلەمسەن؟ ماڭىمۇ بىرسى شۇنداق تەسىرلىك خەتتىن بىرنى يازغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن نەچچە ئاخشام بىللە يېتىشقا رازى ئىدىم دەپ ئويلىغانىدىم. بۇغۇ بىر ئەخمىقانە خىيال، ئەمما مۇھەببەتنى قەدىرلەش كېرەك. پۈتۈن ئىنسانلار، بولۇپمۇ ئاياللار شۇنداق قىلىشى كېرەك. پەس ئەرلەر قۇتراپ يۈرۈۋاتقان بۇ زاماندا مۇھەببەت ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش ھەقىقەتەن ئەرزىيدىغان ئىش.

زۆھرە كۆڭلىگە ياققان بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك، ئىدىيىسىدىن بىر ئىش ئۆتكەندەك يەڭگىل ئۇھ تارتىپ قويدى.

ـ سەن تولا قايمۇقۇپ يۈرمە،ـ دېدى ئادىلە ماڭىدىغان چاغدا،ـ مەن بەرگەن كىتابنى ئوقۇپ باققىن، قالغان تاللاش ئۆزەڭدە. كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش ئىشىڭغا كەلسەك، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق. كاللاڭنى ئىشلىتىپ مۇشۇنچىلىك كۈنگە ئېرىشىپسەن، ئەمدى يەنە داۋاملىق تىرىشىپ ئۆزۈڭ كۈتكەن بەختكە ئېرىشكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەتنىڭ كەينىدىن ماڭ. خىرىستىئان دىنىنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمۇ مۇھەببەت... مۇشۇ مۇھەببەتلا ئادەمنى ياشارتىدۇ. ئۆزۈڭنى سۆيۈشتىن ئاۋۋال باشقىلارنى سۆي، ئەگەر باشقىلارغا مۇھەببەت بېرەلمىسەڭ، ئۆزەڭمۇ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيسەن ۋە بەختتىن مەڭگۈ قۇرۇق قالىسەن!

زۆھرە ئۇنىڭ ئەزۋەيلەشلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گەپلىرىنى ئويلىنىپ

قالدى، مۇھەببەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەن ئالدى. ئادىلە تاكسىدىن بىرنى توسۇپ چىقىۋېتىپ « ئەمىسە خوش، گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ قالما، بەختلىك بول، يەنە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز» دەپ ئۇزاپ كەتتى، زۆھرە ئۆيىگىچە مېڭىپ خىيال سۈرۈپ كەلدى.

سىيىت قارىنىڭ بېيجىڭغا كەلگەنلىكى زۆھرەگە ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى، كاللىسى سىلكىندى، كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، خىيالىغا سىيىت قارى كىرىۋېلىپ ئارام بەرمىدى. ئۇ قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟ زۆھرەنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋقا چىقىرىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ ناھەقچىلىككە زۆھرە ھەرگىز چىدىمايدۇ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدۇ، توغرا چۈشىنىشكە ئېرىشمىگىچە بولدى قىلمايدۇ. بۇرۇن كىچىكلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بىلەن ھازىر ئۇنىڭغا سەل قارىمايدۇ. يولدا كەلگۈچە زۆھرە باشقا ھېچنېمىنى ئويلىماي سىيىت قارى توغرۇلۇق جىددىي خىياللارنى سۈردى، شۇ تاپتا سىيىت قارى يېنىدا بولغان بولسا دەيدىغان بىر مۇنچە گەپلىرى، تۆكىدىغان بىر مۇنچە دەردلىرى بار ئىدى. قىز بالىنىڭ ھەقىقىي دوستى يوق، ئادىلەگە تېخىمۇ دېگىلى بولمايدۇ، بەزى دەردلەرنى، ئەڭ چوڭقۇر دەردلەرنى پەقەت ئوغۇل بالىغىلا ــــ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ھېچ بولمىغاندا ياخشى چۈشىنىدىغان ئوغۇل بالىغىلا دېگىلى، ياش تۆكۈپ يىغلىغىلى، ھەتتا مەيدىسىگە مۈشتلىغىلى بولىدۇ.

زۆھرە ئەزەلدىن بۇنداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان، ئەمما ھازىر شۇنى تەسەۋۋۇر قىلماقتا، ئويلىغانچە كۆڭلى ھەسرەت ۋە تەقەززالىققا تولماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا نېمىشقا سىيىت قارىنى ياراتمىدى؟ نېمىشقا ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرىپ پاھىشىدەك ياساندى؟ چىرايىغا شۇنچە ئىشىنىپ كەتكەنمىدى؟ چىرايلىق بولسا نېمە بوپتۇ، چىراي پەقەت شەھۋەتپەرەسلەرنى چىللاشتىن بۆلەك نېمىگە يارىدى؟ چىراي مۇھىممۇ، پاكلىقمۇ؟ ئەگەر پاكلىقى ناپاكلارنىڭ قولىدا يوقالسا، چىرايىدىن مەغرۇرلىنىپ يۈرەلەمدۇ؟ بەلكىم كۆپ قىزلار شۇنداق يۈرەلىشى مۇمكىن، ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن قىزلار ئەرمەك ئىتتەك ئەركىلەپ بايلارنىڭ كۆڭۈل خوشلۇقىنى قاندۇرۇپ يۈرۈۋېرىدۇ، ئەينەككە قاراپ يەنە تەسەللى تاپالايدۇ، سۈنئىي گۈزەللىكىنى تەسەللى بىلەن قايتا ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ، چىرايىنى دەسمىي قىلىپ ئەرلەر بىلەن سودا قىلىدۇ...

ئەي غەمكىن تالىپ، ئەي ياۋاش بەندە، ئەي زاغرا ناندەك بالا ... نەدە سەن؟!

زۆھرە ئۆيىگە كۆڭۈلسىز كىردى، سومكىسىدىن ئىنجىلنى ئېلىپ ۋاراقلاپ بىر ياققا تاشلاپ قويدى. ئادىلە خرىستىئانلارچە توي قىلاتتى، پاھىشەلىكتىن قۇتۇلاتتى، بەلكىم كونا كېسىلى قوزغىلىپ قالسا يەنە باشقا ئەرلەرنى قىلتاققا چۈشۈرەتتى. رەسۋا قىزنىڭ قانداقلارچە خرىستىئان تەقۋاسى بولۇپ كەتكەنلىكى زۆھرەنى ئەجەبلەندۈردى، ئويلىغانچە ھېچ ئەقلى يەتمىدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى پاراڭلىرى شۇنچە دەبدەبىلىك، شۇنچە جەددىي ئىدى. بىر پاھىشەنىڭ ئېغىزىدىن مۇھەببەتنىڭ مەدھىيىلىنىشى نە قەدەر تەسىرلىك-ھە!

مۇھەببەت — ئادىلەنىڭ دىنى.

مۇھەببەت — قىزلارنىڭ سايىسى، مۇھەببەت — جىنسىيەتنىڭ باھانىسى، مۇھەببەت — ئۇسسىغان يەرگە بارالمايدىغان شەربەت.

مۇھەببەت — ھۇسەيىننىڭ نەپسىنى بېسىقتۇرالايدىغان تىنچلاندۇرۇش دورىسى.

مۇھەببەت — سىيىت قارىنىڭ قايتا-قايتا كۆچۈرۈلگەن چىرايلىق خېتى، قارىمنىڭ قارىملىق سۈپىتىنى ساقلىماي شىلتىڭ ئېتىشى؛

مۇھەببەت — سىيىت قارىم قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت ۋە شۇ قارىم قايتا پەيدا قىلغان ئازاب...

زۆھرە مۇھەببەت ھەققىدە ھېچقاچان بۇنداق كۆپ ئويلىنىپ باقمىغانىدى؛ بەلكىم بۇرۇن مۇھەببەتكە ئۇنچە جەددىي قارىمايتتى، خوش ياقمايتتى، ئىنتىلگەنچە ھېرىپ قالاتتى، قانچە ئۈمىدلەنگەنچە شۇنچە ئىتتىك ئۈمىدسىزلىنەتتى؛ مۇھەببەتنىڭ قىزلار ئۈچۈن جىمى نەرسە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاتتى. چۈنكى ئۇ ھېچقانداق قىزنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ياش تۆككەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، كۆرگەن تەقدىردىمۇ بەلكىم كۈلۈپ سالاتتى. ئۇ سىيىت قارى بىلەن يۈرتداشلىق يۈزىسىدىن ئارىلىشىۋاتىمەن دەپ يۈرگەندە ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز تارتىنچاقلىق بىلەن سۇنۇلغان مۇھەببەت مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قەلبى مەيىن شامالدا قالغان كۆل سۈيىدەك دولقۇنلانغان بولسىمۇ، ئىتتىككىلا ئەسلىگە قايتىۋالغان، «بەلكىم مېنىڭدەك چىرايلىق قىزنىڭ بۇنداق

خەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشى تەبىئىي ئىش» دەپ ئويلىغانىدى؛ ئۇنىڭچە بولغاندا بۇنداق خەتلەرگە سەت قىزلارنىڭ قەلبىلا دەريادەك ئۆركەشلەيتتى ۋە شۇنداق بالىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكىنىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، بارلىقىنى بېغىشلايتتى. چىرايلىق قىزلار ھەر ۋاقىت ئۆز سۆيپىتىنى، ئىززىتىنى ساقلاپ يۈرۈشى، كۆڭلىدىكى يىگىتنى تاپقىچە، بەخت گۈللىرى ئېچىلغىچە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشى كېرەك ئىدى. زۆھرە كۈتتى، جىق نەرسىلەرنى كۈتتى، كۈتكەنلىرى رېئاللىقتىن چەتنىيەلمىدى، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئۆزىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. گەرچە ھۆسەيىن ئۇنى «گەمە»دىن تارتىۋېلىپ، راھەت بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، زۆھرە يەنىلا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ئەگەر زۆھرە مۇشۇ تۇرمۇشنى ھەقىقىي بەخت، قېرى ھۆسەيىننىڭ ياش كۆڭلىدىكى تەقەززالىقنى مۇھەببەت دەپ ئويلىغان بولسا ھەممە ئىش تۈگەيتتى، بۇنچە ھەسرەتلەنمەيتتى، سىيىت قارىنى قەتئىي ئويلىمايتتى. «جاھاندا مەندەك بەختلىك قىز بارمۇ؟ مۇھەببەت دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇنىڭغا قورساق تويامدۇ؟ ئۇنى ئۇچىمىزغا بىر قۇر كىيىم قىلىپ كىيەلەمدۇق؟ راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەم مۇھەببەت دېگەن شۇ» دەپ ئويلىغان بولسا، مەسىلىنىڭ ھەممىسى ھەل بولاتتى. بىراق، زۆھرە ئۆزىنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكىنى چوڭ بىلگەچكە، پەقەت مۇھەببەتلا پاكلىق، گۈزەللىك بىلەن تەڭداش بولالىغاچقا، مۇھەببەتتىن ئۇنچە ئاسان ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭغا ھازىر ھاۋادەك، سۇدەك، ناندەك، پۇلدەك موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنى مۇھەببەت بىلەن قوغداپ كېلەلىگەنىدى، ئەمدى بۇنى نابۇت قىلىۋەتسە پاكلىقى، گۈزەللىكىمۇ بىرلا ۋاقىتتا پايخان بولاتتى.

ئۆز ۋاقتىدا بىلىنمىگەن مۇھەببەت ئەمدى كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەببەتنىڭ سىرتىدا قالغان قەلب ئەمدى مۇھەببەتكە شۇنچىلىك تەشنا بولدىكى، ئەگەر بۇ ئېھتىياج ئەمدى قانمىسا يۈرەكنىڭ زېدە بولغىنى بولغانىدى.

ئەجەبا زۆھرە ھۆسەيىننىڭ كەمسىتكىنىدەك، ھېسسىياتىنىڭ تايىنى يوق، ئىشىق-مۇھەببەت بىلەن خوشى يوق، نېمىنى غايە قىلىپ ياشايدىغانلىقى ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان، قورسىقى تويسا

ئۇخلايدىغان، ئارتۇق غەمنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلايدىغان، مۇھىم ئىشلارغا ئالدىرىمايدىغان قاشاڭ قىزمۇ؟

زۆھرە ئۆزى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدە مۈشۈكتەك ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ ئىلگىرى شۇنچە پالاقلاپ يۈرگەن بىلەن ماھىيەتتە كۈنلىرىنى پاسسىپ، ناچار ئۆتكۈزگەنمىدۇ؟ ھەممىنى ئۆز ئېقىمىشغا قويۇپ بېرىپ، خاتىرجەملىك قوغلىشىپ، كۆنۈپ قالغىنىغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، شۇنى بەخت، خۇشاللىق ھېسابلاپ كەلگەنمىدۇ؟ ئەگەر ھۇسەيىن يولۇقۇپ قالمىغان بولسا ئۇ رېستۇراندىكى جاپالىرىدىن قۇتۇلۇپ، يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشەلەرمىدى؟ ئۇپچە ياتاق ۋە يالغۇز «گەمە»دىن قۇتۇلۇپ، بۇ چىرايلىق، ئازادە ئۆيدە ئولتۇرالارمىدى؟ بۇ راھەتلەرگە ئۇ ئۆزى تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكىنى يوق، تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئامەت. ئۇ بۇ ئامەتتىن مەست بولدىيۇ، قېنىپ-قېنىپ كۈلەلمىدى، يۈرىكى ئەركىن سوقالمىدى.

زۆھرە تا ھازىرغىچە جاپا-مۇشەققەت بىلەن راھەتنىڭ ھەممىسىنى پاسسىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. سىيىت قارى تەلەپ قويمىغان بولسا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقماي ئۆتۈپ كېتەتتى؛ خالىد قورقۇتىۋەتمىگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەيتتى؛ ئادىلە ھەيدىۋەتمىگەن بولسا ئۇنىڭغا مالاي بولۇپ ئۆتىۋېرگەن بولاتتى؛ ھۇسەيىن پەيدا بولمىغان بولسا رېستۇراندا ئىشلەۋەرگەن بولاتتى. زۆھرە بېيجىڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشتىن باشقا بىر ئىشقا ئېرىشىدە قالغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك تەۋەككۈل قىلىپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىرادە، تەۋەككۈلچىلىك بولمىسا زادى بولمايتتى؛ بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭدا شۇنچىلىك ئاز ئىدىكى، تا ھازىرغىچە ئىككىلىنىپ، سىقىلىپ يۈرەتتى؛ ئەگەر ئۇ ھۇسەيىنگە توقال بولسا مەزلۇم ۋە مەھكۇم مىجەزلىكىنى، رايىشلىق، مۇلايىملىقىقا ئارىلىشىپ كەتكەن پاسسىپلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىغان بولاتتى.

زۆھرە ئادىلەدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ ئەسلىدە جۈرئەت ۋە راستچىللىق

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان ئۇ بوزۇقنىڭ، ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدىغان خىرىستىئان... نىڭ مۇستەقىل ياشاشلىرى، مۇھەببەت دەپ جار سېلىشلىرى، ئۆز ئىدىيىسى ۋە ئوي-خىيالىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالىشى زۆھرەنى ئۈيقۇدىن ئويغاتقاندەك بولدى. يەنە كېلىپ، زۆھرەنىڭ قولى پۇل كۆرۈپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ قالغاندىن بېرى كاللىسىدا مۇستەقىل پىكىرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى؛ بەلكىم، ئوي-خىيالمۇ پۇلغا بېقىپ بولاتتى.

زۆھرە ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ، ياستۇقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇرۇش ئالدىدىكى ھەربىي قوماندانىنىڭ ئەستايىدىللىقىدەك بىر جىددىي پوزىتسىيىدە غەلىبە، بەخت پىلانلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى، مەغلۇبىيەتنىڭ خەۋپ-خەتىرى كۆرۈنسە قورغان نەرسىلىرى بۇزۇلۇپ كېتەتتى؛ ئەمما ئۇ ئىچىنى سىقماي ئولتۇرۇپ قايتا قۇردى... تەسەۋۋۇرىنى كەڭ يايدى. ئۆمۈرلۈك بەخت، خۇشاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنداق چوڭ ئىشقا چوقۇم ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك ئىدى. ئەگەر «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان ھالەتتە قالىدىغان بولسا، ئىت، مۈشۈكتەك خارلىنىپ ياشايتتى.

قىزلارغا تاكى توي قىلغىچە ھاياجاندىن ياكى قورقۇنچتىن تىترەپلا ياشاش بەخشەندە بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ھەقىقىي مۇھىم نەرسە زادى نېمە؟ ھېچ نەرسىنى قېتىغا ئېلىپ قويمايدىغان ئادىلە قانداق بولۇپ باشقا دىنغا كىرىپ كەتتى. زۆھرە زادى مۇسۇلمانمۇ؟ ئادىلە نېمىشقا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئىمانىنى مەسخىرە قىلىدۇ؟ مۇسۇلمان قىزلار قانداق ياشىشى كېرەك، زۆھرە راستتىنلا دىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەچكە ئۆزىنى تونۇيالماي، غايە-مەقسەتلىرىنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپالماي قېلىۋاتامدىغاندۇ؟ سىيىت قارى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنلا مۇقەررەر ھالدا مۇسۇلمانلىق، تەقۋالىقنىڭ گېپى چىقىدۇ. زۆھرە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىشنىمۇ، بەك يېقىنلىشىپ كېتىشنىمۇ خالىمايتتى، شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتاتتى ۋە بۇنى بىر خىل كۆڭۈللۈك تاللاش ھېسابلايتتى. ھېچ ئىشقا تەۋەككۇل قىلالمايدىغان پاسسىپ ئادەملەرنىڭ باھانىسى تولىمۇ كۆپ ئىدى. زۆھرە دىن ھەققىدە ھېچقاچان چوڭقۇر ئويلاپ باقمىغان، نامىزىنى ئادەت يوسۇنىدا داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىر تاشلاپ قويغانىدى؛ كېيىنكى كۈنلەردە تىرىكچىلىك بېسىمى ۋە بەخت ۋەسۋەسىلىرىنىڭ قوينىدىن چىقالماي، ئىمانىنىڭ

سۇسلۇقىغىمۇ پەقەت ئىچ ئاغرىتماس بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ دۇنيالىق مەئىشەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئىنسان تەبىئىي ھالدا ئۇ دۇنيانى ئۇنتۇيتتى، بۇ دۇنيانىڭ شېرىنلىكى، گۈزەللىكىنى ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، ئۇ دۇنيالىقتا ئائىت ئىشلاردىن قاچاتتى. شۇڭا ئەينى چاغدا زۆھرە سېيىت قارىنىڭ مۇھەببىتىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۈمىدسىز قارىغانىدى. بىر يىل ئۆتتى، ئادىلە بۇزۇۋقچىلىقتا ھەددىدىن ئاشتى، چىرايى سەتلەشتى؛ ھالبۇكى، زۆھرە ئاشۇ سۇس ئىمانىغا، ئەخلاقىغا چىڭ ئېسىلىپ، پاكلىقىنى قوغداپ كەلدى؛ زۆھرە ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويدى: ئۆزۈمگە چىڭ بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئىمانمۇ، ۋىجدانمۇ، ئەخلاقمۇ، مۇھەببەتمۇ؟ ئاتا- ئانامنىڭ ئىچ ئاغرىقىمۇ؟ ئاچامنىڭ سەپراسىمۇ؟... مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، زۆھرە ئۆزى ئادەتتە چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمىگەن، ئەھمىيەت بەرمىگەن، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېگەن ئاشۇ بۇيۇك ئەقىدىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئاۋۋال ئۇنىڭ كاللىسىدا پاكلىقتا، گۈزەللىككە تەڭداش مۇھەببەت ئۇقۇمى پەيدا بولدى، كېيىن ئادىلەنىڭ خىرىستىئان بولغاندىكىن كېيىن سۈپىتىنى ساقلاپ يۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەجەبلىنىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە، سېيىت قارى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدى. سېيىت قارىدەك بالا بىلەن ياشىسا تەقۋالىقتا قايتىشقا توغرا كېلەتتى، ھەۋەسيىن بىلەن ياشىسا ئەركىن-ئازادە، باياشات ياشايتتى؛ بۇمۇ شەرت ئەمەس ئىدى، ھەۋەسيىندەك ئەرەبكە تەگمىسىمۇ، ئىمانى سۇس بىرەر ئۇيغۇر بايغا تەگسىمۇ ئوخشاشلا سىقىلماي، موھتاجلىق دەردىنى تارتماي ياشىيالايتتى.

زۆھرە ئادىلەنىڭ زوق-شوخ بىلەن ئېيتقان گەپلىرىنى قايتا ئويلاشقا باشلىدى. خىرىستىئان بولۇپ كەتكەن ئادىلە شۇنچە بەختلىك، كۆڭلى توق ياشىسۇنۇ، مەن مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن، شۇنىڭغا لايىق ھالدا ئېپپەت-نومۇسىنى قوغداپ كەلگەن زۆھرە ئازابلىنىپ، ئىككىلىنىپ يۈرسۇن... بۇ قانداق ئەقىلگە سىغىدۇ؟! چاتاق زادى نەدە؟ خۇدايىم ئاشۇنداق ئىمانى سۇس، ئىككى تايىن، قاشاڭ ئادەمنى تۈگىمەس ئىچ پۇشۇغى، كۆڭۈل يېرىملىقى ۋە ئارىسالدىلىق ئازابىغا تاشلاپ قويامدىغاندۇ ؟!

تەقدىر ئىشىغا كۆكرەك كېرىپ چىقالمىغان ئادەم بىر بولۇڭغا تىقىلىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كونا ئۆچەكتە ياتىۋېرىدۇ... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئاللىقاچان قېرىپ كەتكەن، ئارمانلىرى شۇ پېتى تۇرغان... شۇنىڭ بىلەن «ۋاقىت نېمانچە تېز ئۆتكەن-ھە!» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بىر خىللا ئۆتۈۋەرگەن، ھېچ بىر ئۆرۈنۈش ۋە يېڭىلىق بولمىغان ھايات ئاشۇنداق تېز ئۆتىدۇ، ھەتتا ئەسلىگۈدەك ھېچنېمە قالمايدۇ.

زۆھرە شىددەتلىك بىر ئۆزگىرىشكە، كەسكىن بىر قارارغا شۇنچىلىك زارىقىپ كەتتىكى، خىيال سۈرۈۋېتىپ كارىۋاتتا نەچچە دومىلىدى، ئېڭەك يۆلەپ سائەت-سائەتلەپ ئولتۇردى؛ بېشى چىڭقىلىپ كەتكەندە ئۇيقۇنى سېغىندى؛ يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ، ھېچنېمىنى ئويلىماي ياتتى. كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىناي دېگەندە يانفونى سايراپ كەتتى، ئۇنى قولىغا ئېلىشىمۇ خوش ياقمىدى، ئەمما كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ تۇساتتىن جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە تېلېفون نومۇرىغا قارىدى، ناتونۇش بىر نومۇر ئىدى، زۆھرە بۇنىڭ سىيىت قارى بولۇپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلدىكى، كاللىسى شۇنىڭدىلا توختاپ قالدى. دەرۋەقە، شۇ تونۇش ئاۋاز ھاياجان بىلەن، مۇھەببەت بىلەن، يېڭى بىر باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىش بىلەن يېتىپ كەلدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...ــ زۆھرەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆكسىنى تۇتۇپ قالدى.

ــ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن سىيىت قارى...

ــ ئاۋازىڭىزدىن بىلدىم.

ــ ھەر نېمە بولسا ئۇنتۇپ قالماپسىز...

زۆھرە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، ئەمما ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى قالايمىقان ئىدى، جىددىيلىشىپ تۇراتتى، ئىچىدىكى گەپنىڭ جىقلىقىدىن قايسى گەپنى دېيىشنى بىلەلمىدى.

ــ بېيجىڭغا كەلگەن، يېقىندا مېڭىپ قالىدىغاندەك قىلىمىز. شۇڭا تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ قوياي دەپ...

ــ كەلگىنىڭىزنى ئادىلەدىن ئاڭلىغان، ئاشۇنداق كۆرۈشمەيلا كېتەمسىز؟ ــ دېدى زۆھرە كارىۋىتىغا راۋۇرۇس يۆلىنىپ.

ــ كۆرۈشسەك كۆرۈشەيلى.

ــ نەدە كۆرۈشىمىز؟

ــ سىز دېسىڭىز، مەن شۇ يەرگە باراي.

زۆھرە ئۆزى ئىشلىگەن رېستۇراننىڭ ئورنىنى ئېيتىپ بەردى، ۋاقتىنى كېلىشتى.

زۆھرە بىر دەمدىلا پەيدەك يەڭگىللەپ، قۇشتەك ئۇچۇپ، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىرىپ كىيىم يەڭگۈشلىدى، ئەينەككە قارىدى؛ تەبىئىي، سۇس گىرىم قىلدى؛ دېيىشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن رېستورانغا باردى؛ يان تەرەپتىن بىر ئورۇن تېپىپ ئەينەكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردى، دېيىشكەن ۋاقىتقا ئۇلگۇرۇپ سېيىت قارىم كەلدى، زۆھرەنىڭ ئۆزىگە قاراپلا تۇرغانلىقىنى، رېستوران ئىچىدە تۇرۇپ كۆزىتىۋاتقانلىقىنى سېزەلمىدى. بىر يىلدا جامائەت ئارىسىدا جامائەتنىڭ كۆزى بولۇپ ياشاپ كەلگەن، خېلى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ قارىمغا خېلىلا سالاپەت قونغان بولۇپ، قامىتى تىك تۇراتتى، قەدەم ئېلىشلىرى شۇنچە چەبدەس، مەردانە ئىدى... چىرايىدا زىيادە ھاياجان، ئالدىراڭغۇلۇق كۆرۈنمەيتتى، كۆزلىرى ھەممە نەرسىگە تەكشى قارايتتى... زۆھرەنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى ئېرىپ كەتتى.

سېيىت قارى زۆھرەنى كۆرۈپ تەمكىن، خۇش پېئىل ھالدا، بەلكىم ھېچ قانداق ھاياجانلانمىشنى باشتىن كەچۈرمەيلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ــ ساقلىتىپ قويۇپتىمەن-دە! قېنى ئولتۇرۇڭ...

ــ ياقەي، مەنمۇ تېخى ھازىر كەلگەن...

زۆھرە ئۆزى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىتنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تارتىنىپ كەتتى، لېكىن بۇنداق تۇرسا سېيىت قارىنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇقى باردەك كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى، شۇنداقتىمۇ يۈرەك سوقۇشىنى باسالمىدى. بەلكىم مۇھەببەت دېگەن نەرسە

كۆچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مۇھەببەت ئۇرۇقىنىڭ كۆچىگە ئوخشايدىغان نەرسە بولسا كېرەك، بىر بۆلۈكىگە تاشلىنىپ قالسىمۇ ھامان بىر كۈنى بىخ سۈرۈپ كۆكلەپ چىقاتتى. زۆھرە بۈنى كۆز ئالدىدا كۆرۈۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ بۇ رېستوراندا ئىشلىگەن مەزگىللەردە مۇشۇنداق بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىش، دەرقەمدە بولۇش خۇشاللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدى... مۇھەببەت بىلەن تەسەۋۋۇر نەقەدەر گۈزەل بىرلىشىدۇ-ھە!

ــ قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟- دېدى سىيىت قارى زۆھرەگە ئادەتتىكىچە قاراپ.

ــ ياخشى-دېدى زۆھرە سىيىت قارىنىڭ ئالدىكى پىيالىنى ئېلىپ چاي قۇيۇۋېتىپ، ــ ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقانسىز.

ــ قەدىر ئەھۋال...

ــ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟

ــ بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشكەن، ماڭىدىغاندا كۆرۈشەلمەي قالدىم.

ــ ئۆيدىكىلەرگە باشقىچە گەپ قىلىپ يۈرمىگەن بولغىيدىڭىز-ھە؟ - دېدى زۆھرە مۇلايىملىق بىلەن.

گەپلەر شۇنداق سىلىق باشلاندى، ئاندىن سۆھبەتنىڭ خام پىيازدەك قىرتاق پوستى بىر-بىرلەپ سويۇلۇشقا باشلىدى.

ــ نېمە دەپ دەيمەن...

ــ ئۆيدىكىلەر مەندىن تولا گۇمانلىنىپ، ئەنسىرەپلا يۈرىيدۇ، شۇڭا دەيمەن.

ــ ئۇنىڭغا مەن سەۋەبچى ئەمەس،- دېدى سىيىت قارى قاتتىق بىر گەپ قىلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغاندەك ئېغىرلىق بىلەن،- ئۇلارنىمۇ توغرا چۈشىنىڭ.

ــ شۇ كەتكەنچە ماڭا بىرەر قېتىم بولسىمۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويمىدىڭىز...

ــ راستىمنى دېسەم، ئارتۇق دەردنى يۈكلىۋالماي دېدىم.

ــ كۆڭلىڭىز مەندىن شۇنچە رەنجىگەنمىدى؟

ـ رەنجىسەڭمۇ قانداق قىلاتتۇق...

ـ ئادىلە ئىشنى بۇزغانىدى، سىز كەتكەندىن ئادىلە بىلەن قىزىرىشىپ قالدىم. لېكىن بۇنى ھازىر دېگەنىڭمۇ پايدىسى يوق. سىزمۇ چاپاننى ئالدىراپ تەتۈر كەيدىڭىز.

ـ ئۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ سىزنى ئۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتەر دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدىم.

ـ دېمەك، سىز شۇ ۋاقىتتىلا مېنى خاتا چۈشەنگەن...

ـ بەلكىم شۇنداقتۇ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئۇقۇپ بولغىلى بولمىغاندىكىن...

ـ ئۇقمىغاندىكىن ئۇنداق قالايمىقان گۇمان قىلىسىڭىز بولمايتتى.

ـ گۇمان دېگەنمۇ بىكاردىن تۇغۇلمايدۇ-دە...

شۇ تاپتا سىيىت قارىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە، گەپ-سۆزىگە بۆلەكچە سەزگۈر بولۇپ كەتكەن زۆھرە ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئىلگىرى زۆھرەگە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان سىيىت قارى ھازىر بىپەرۋا، سوغۇق يىگىتكە ئايلانغانىدى. سىيىت قارى ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلماسلىقى كېرەك. ھەق-ناھەق ئايدىڭ بولۇشى كېرەك، ئاندىن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ، ئاندىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن پاراڭلاشقىلى بولىدۇ، ئاندىن سىردىشىپ مۇڭداشقىلى بولىدۇ، ئاندىن كۆڭۈل نەگە باشلىسا شۇ ياققا ماڭغىلى بولىدۇ...

ـ گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ دېگەننى بىلمەمسىز؟- دېدى زۆھرە نەچچە ۋاقىتتىن ئىچىگە پاتمىغان گەپلىرىنى باشلاپ.

ـ گۇمانىم تېخى ئىمانىمنى قاچۇرغىدەك بولمىدى.

ـ شۇنداق، سىز بەك ئىمانلىق، سىز بەك تەقۋا.. بىز ئىمانسىز، بىز رەسۋا...

ـ ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، سىزنى ئۇنداق دېگىنىم يوققۇ؟!

ـلېكىن شۇنداق ئويلىدىڭىز ئەمەسمۇ؟!

ـ ئويلاش بىلەن قاراش ئوخشىمايدۇ...

ــ ئەمىسە قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. مېنى خېلى چۈشىنىدۇ دەيتتىم سىزنى، لېكىن مېنى ئادىلە بىلەن بىر قاتارغا چىقىرىۋەتكىنىڭىزگە قاراپ، مېنى پەقەت چۈشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم.

ــ ئىككىڭلار ئوخشىمايسىلەر، لېكىن مەقسىتىڭلار بىر-دە! ھەر ئىككىڭلار بۇ شەھەردە خالىغانچە ياشايمىز دەپ قالدىڭلار...

ــ خالىغانچە ياشاش دېگەن كوچىغا چىقىش دېگەن گەپمىكەن؟

زۆھرەنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ئۇچقۇنلار چاقنىدى. بۇ كۆرۈنۈش ئارقىلىق زۆھرە كونا دەردىنى ئېلىۋالىدىغاندەك، سېيىت قارى بولسا دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇۋالىدىغاندەك قىلاتتى. سېيىت قارى يەنە گەپ قىلسا زۆھرەنىڭ زىتىغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى، بۇ كۆرۈنۈشنىڭ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىشىنى خالىماي جىم ئولتۇردى.

ــ مېنى پەقەت ئىزدىمەي دېگەنمىدىڭىز؟ــ دېدى زۆھرە بايىقىدەك مۇلايىم ئاچچىقى بىلەن، ــ بىر كەتكەنچە مېنى شۇنداق ئاسان ئۇنتۇپ كەتتىڭىزما؟

سېيىت قارى ئەجەبلەندى، زۆھرەنىڭ باشقا بىر يۈزى كۆرۈنۈۋاتاتتى، بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزگەرگىنى راستتۇ... نېمىلا بولسا بەربىر.

ــ يالغان گەپ قىلساق بولمايدۇ، ــ دېدى سېيىت قارى پېتىنى بۇزماي، ــ ئەسلەپ تۇردۇق، ئىنساۋىڭىزغا دۇئا قىلىپ تۇردۇق.

ــ رەھمەت، ــ دېدى زۆھرە تەنە قىلغاندەك، ــ ھەر قايسىلىرىنىڭ دۇئالىرى بەرىكاتىدىن مانا جان چىقمىدەك چىقىلماي ساق تۇرۇپتىمىز.

سېيىت قارى زۆھرەنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئەندىكتى:

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئۇنداق بولسا خۇداغا شۈكۈر!

ــ خۇداغا مىڭ قېتىملاپ شۈكۈر قىلىمەنكى، خۇدايىم مېنى ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىدى، ــ دېدى

زۆھرە جىددىي تەلەپپۇزدا ـ ئەمما سىز مۇشۇ ۋاققىچە مەندىن گۇمانلىنىپ كەلدىڭىز...

سىيىت قارى زۆھرەنىڭ مىقتەك قادالغان شەھلا كۆزلىرىدىن تىترەپ كەتتى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، زۆھرە ئۇنىڭ ھېچنېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ سىز شۇ بىر يامانلاپ كەتكەنچە كەتتىڭىز، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە پۇرسەت بەرمىدىڭىز. سىز ھېچنېمىنى بىلمەيلا ماڭا ئۇنداق قارا سۇۋىماڭ. ئۇ چاغدا ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرىپ قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ باققاندىم، كۆزىڭىزگە سىغماي قالغىنىم راست، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئادىلەدەك بۇزۇلۇپ كەتكىنىمنى چۈشەندۈرمەيتتى. ئويۇن-تاماشىلارغا بارمىدىم ئەمەس، باردىم، لېكىن سىز ئويلىغاندەك ئىشلارنى ھەرگىز قىلمىدىم. ئۆزىڭىز، ئويلاپ بېقىڭ، ئىككى قىزنىڭ ياسىنىشىغا قاراپلا ھەر ئىككىسىنى بۇزۇقتا چىقىرىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟ قىياپىتى ئوخشىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىۋېرەمدۇ؟ ئۇلار پەقەت ياسىنىشنىلا بىلىدىغان، كاللىسى يوق، يۈرىكى يوق نېمىلەرمۇ؟ مەن ئادىلەگە ھەرگىز ئوخشىمايتتىم، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئاخىرى شۇنى چۈشەندىمكى، سىز ماڭا چۈشەنمەيلا ئاشىق بوپسىز، خېتىڭىزنى ماڭا ئەمەس، خىيالىڭىزدىكى پەرىشتىگە يېزىپسىز.

بىر يىلدىن بۇيان بۇ ئىش ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى، ناھەق ئەيىبلەنگەن جىنايەتچىدەك سىقىلىپ ياشىدىم؛ ئادىلەگە مالاي بولۇپ ئىشلىسەم ئىشلىدىمكى، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كوچىغا چىقمىدىم، نى جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. ئويلاپ بېقىڭ، بىر قىز بالا ئۈچۈن مۇشۇنداق ياشاش ئاسانمۇ؟! ئەگەر مەن بۇزۇلماقچى بولسام بىر دەملىك ئىش ئىدى، ئادىلەدەك بولسامۇ بولىۋېرەتتىم، لېكىن مەن سىزنى ئەمەس، ئاپامنى، ئۆيدىكىلەرنى ئويلىدىم. ماڭا مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، مەن ئۆيدىكىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم؛ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلمايمەن. ..

سىيىت قارى زۆھرەنىڭ گەپلىرىگە دەرگۇماندا بولسىمۇ، كۆڭلىدە شۇنداق بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىگەچكە، ئاخىر ئىشەندى؛ مۇھەببەتلىك قەلبى ئەزىم دەريادەك شاۋۇقۇنلاپ ئاقتى، يوقالماس ۋە بۇزۇلماس بىر ۋەدە ئەمەلگە ئاشقاندەك ھاياجانلاندى.

ـ كۆڭلۈمدە گۇمان قالغىنى راست،ـ دېدى سىيىت قارى بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كېتىشىنى

ئاجىزلىق كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، رەببىم ئاللاھتىن كۆڭلىڭىزگە ئىمان-ئىنساپ تىلەپ تۇرغىنىممۇ راست. ئاللاھ سىزنى شۇ بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلاپ كەلگەن بولسا، بۇنىڭغا مەنمۇ ئالەمچە خوش! ئەگەر سىز ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلسىڭىز قىيامەتتە ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىسىز. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن ئىپپەت-نومۇسلۇق، پاك ئايال بولسىڭىز، بىز سىزگە تۆھمەت قىلساق، بۇنىڭ جازاسىنى بىز تارتىمىز. ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئاللاھ بىر بەندىنى يامانلىقتىن ساقلاشنى ئىرادە قىلغان بولسا بۇ ئىرادىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ...

زۆھرە ئاجايىپ يەڭگىللەپ قالدى، كۆڭۈل ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈلدى، ھەقىقەتنىڭ پارلاق قۇياشى نۇر چاچتى.

— رەھمەت سىزگە، شۇ تاپتا قانچىلىك خوش بولغىنىمنى بىلمەيمەن. ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا ئادەم چىدىمايدىكەن، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئادىلەدىن ئاڭلاپ ئۆزۈم ئىزدەپ بېرىپ تازا دېيىشەيمىكىن دەپمۇ ئويلىغانىدىم؛ ياخشى، ئۆزىڭىز تېلېفون قىلىپسىز...

— مەن بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق دېيىشىۋالمىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئۇنىمامتى؟

— ئۇنىمايدۇ-دە، پول يېمەي كەتكىنىڭىزنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

— ئەمدى بېرىپ يېسەممۇ بولار.

— موللام تەمەخور دەپ، راست دەپتىكەن،- دېدى زۆھرە كۈلۈپ،- ئەلۋەتتە، بۇ قېتىم سىزنى رازى قىلىپ ئۇزاتمىسام بولمايدۇ.

— نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟

— بارغاندا كۆرۈڭ.

— يالغۇز بارامدىمەن؟

— يالغۇز كېلىڭ. دېيىشىدىغان گېپىمىز تېخى تۈگىمىدى. ھە راست، قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالماي ئالغاچ كېلىڭ...

— يەنە توپا بېسىپ خارلىنىپ قالامدىكىن...

ــ ئەمدى خارلىنىپ قالماس، رامىزان يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ماڭا قۇرئان لازىم.

ــ بولىدۇ، قاچان كۆرۈشىمىز؟

ــ ئەتىلا كېلىڭ، ئىشىڭلار ئالدىراش ئەمەستۇ؟

ــئانچە ئەمەس.

سېيىت قارى ئەسلىدە زۆھرە بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشىمەن، ئېپى كەلسە قاتتىق دېيىشىمەن دەپ ئويلاپ كەلگەندى، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقتى، تېخى قايتا كۆرۈشىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئۇلار ھېچقاچان بۇنداق تەبىئىي، ئېسىل كەيپىياتتا پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇلار تاماق يېگەچ نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتى، بىر-بىرىگە سەممىمىي، ئوچۇق-يورۇق بولۇشتى، ئارىلاپ-ئارىلاپ قىزىقارلىق ئىشلارنى دېيىشىپ كۈلۈشتى.

سېيىت قارى مېھمانخانىغا خۇشال قايتىپ كەلدى. زۆھرەنىڭ چىرايىدىكى گۈزەل ئالامەتلەرنى تەكرار-تەكرار ئەسلىدى، ھەر بىر ئەسلىگىنىدە بىر ھاياجانغا چۆمدى، زۆھرەنىڭ شۇ چاغدا يادىدا قالغان خۇنۇك چىرايى بۈگۈنكى ئۇچرىشىشتا ۋە چىرايلىق خوشلىشىشتا قايتا پارلىدى، بەلكى تېخىمۇ يارقىن گۈزەللىككە تولدى. سېيىت قارى ياتىقىغا كىرگەندە تاھىر قارى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قولىغا تىزگىنەكنى ئېلىۋېلىپ، قانال يۆتكەپ ئولتۇراتتى.

ــ نېمىدېگەن تايىن يوق نەرسىلەر بۇ...

ــ بولدى كۆرمىگىنە، تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى،-دېدى سېيىت قارى كەيپى چاغ ھالدا.

ــ  قانداق، كۆرۈشتۈڭمۇ؟ ئەجەب ئۇزۇندا كەلدىڭ، موللام كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ دەپ، ئەمدى شۇ قىزنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمە...

ــ كۆرۈشتۇم، ئۇزاق پاراڭلاشتۇق؛ خۇداغا شۈكۈر، زۆھرە ئۇ يولغا كىرىپ كەتمەپتۇ.

ــ قارا ساددىلىقىڭنى، قارىغاندا ئۇ قىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەنسەن-دە!

ــ سېنىڭچە ئۇ ماڭا يالغان ئېيتارمۇ؟ ئەگەر ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا ئۆزىنى ئۇنچىۋالا چۈشەندۈرۈپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزلار ھېچكىمنى قىيتىغا ئالمايدۇ، قارىمىلارنى تېخىمۇ

ئۆچ كۆردۇ. زۆھرەنى مەن خېلى چۈشىنىمەن، ئۇ بۇرۇنمۇ ئۇنداق شوخ، ئويۇنچى، ھېيلىگەر قىز ئەمەس ئىدى.

ــ ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەندىكىن شۇنداق تۇيۇلىدۇ-دە، قانداقلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

ــ ئەلۋەتتە، شۇڭا مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىم يوق. پاك ئايالغان تۆھمەت قىلىشتىن ياكى كەينىدىن غەيۋەت قىلىشتىن قورقمىساق بولمايدۇ.

ــ توغرا دەيسەن، ئاللاھ ئۇ قىزنىڭ ئىنساپىنى بەرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

ــ شۇنى دېگىنە، مەنمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دەر گۇماندا يۈرگەنىدىم، شۇ قىزنىڭ زىنا قىلغان-قىلمىغانلىقىنى تولا ئويلاپ بەزىدە ساراڭ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغانىدى...

ــ ئەمدى قالتىس خۇش بولۇپ كېتىپسەن دېگىنە، سېنى تەبرىكلەيمەن!

ــ دېمىسەڭمۇ، بەك خۇشال بولدۇم ــ دېدى سېيىت قارى چاپىنىنى سېلىپ كارىۋاتتا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ.

ــ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

ــ نېمىنى قانداق قىلىمەن؟

ــ بۇ جاھاندا سىلى بارمۇ يا قارىم، ئۇ قىزنى قانداق قىلماقچى دەۋاتىمەن!

ــ تېخى بۇنى ئويلىغۇدەك بولمىدىم.

ــ يالغان گەپ قىلمايلى، بىللە ئۆتىدىغانلىقىڭ ئىشىنىمۇ دېيىشىپ بولغاندىمىز؟

ــ ھە ياق تېخى، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

ــ قىيىن ئىشمۇ ئەمەس قارىم، ئاللاھتىن تىلەيلى، ئاللاھ ئىرادە قىلسا بولۇپمۇ قالار.

ــ لېكىن زۆھرەنىڭ ئۇنداق خىيالى يوقتەك قىلىدۇ.

ــ سەن نېمە بىلىسەن؟ ئۇنداق خىيالى بولمىسا ساڭا ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ قانداق قىلىدۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىدىم، لېكىن ئىلگىرى مېنىڭ مۇھەببەت تەلۋىمىنى رەت قىلغان قىز ماڭا شۇنداق ئاسان تېگەرمۇ؟

ـ سەن نېمانداق ئۆزۈڭنى تۆۋەن چاغلايسەن؟ سەن دېگەن ئىمام، جامائەتنىڭ بېشى. مۇھەببەت دېگەننىڭ قاچانقى گەپ. ئۇ قىز بۇ شەھەردە بىر يىل يۈردى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ساڭا ئۆزىنى پاك دېسىلا پاك بولىدىغان ئىش يوق، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىشى كېرەك، قانداق دېدىم؟! سەن شۇنى تولۇق ئىسپاتلىغاندا ئاندىن ئۇ قىزنى جاندىن ئەتىۋار كۆرۈپ قەدىرلەپ سۆيىدىغان بولىسەن.

سىيىت قارى بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ، شېرىن خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، بەخت قۇشى ئەتە-ئۆگۈن بېشىغا قونىدىغاندەك ھاياجانلاندى. ئەمما بىرىنچى قېتىم زەربە يېگەن ئىش تېخى ئېسىدىن چىقمىغاچقا قايتا زەربىگە ئۇچراشتىن ئەنسىرىدى.

ـ شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ؟-دېدى تاھىر قارى ئۇنى ئالدىرتىپ،- ياخشى ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىساڭ شەيتان ئارىلاپ قالىدۇ! بۇنداق مەسىلىداپ ئولتۇرساڭ، ئۇ قىز ئەتە-ئۆگۈن مەشەدىكى تاشچىلارنىڭ بىرىگە تېگىپ كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا مىڭ پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار!

ـ ياخشى ئىشقا ئالدىراش كېرەك،ـ دېدى سىيىت قارى راستتىنلا جىددىيلەشكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، ـلېكىن توي ئىشى باشقا ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ...

ـ نېمىسى ئوخشىمايدۇ، ئۇنى تەس دەۋالغان ئۆزۈڭ. پۇل دېسەڭ پۇل بېرىپ تۇراي، نىكاھ ئوقۇتىمەن دېسەڭ مانا مەن يېنىڭدا تۇرۇپتىمەن. سېنىڭ ھازىر ھەممە نەرسەڭ تەل، پەقەت جۈرئەتلا كەم! ئۇنداق قىلمايلى، قارىم! ئاللاھ تائالا كۈچلۈك، زېرەك مۇسۇلماننى ياخشى كۆرىدۇ.

ـ جۈرئەت قىلىشقىمۇ ئىمكان كېرەك،-دېدى سىيىت قارى غەمكىن ھالدا -زۆھرە بۇنىڭغا نېمە دەيدۇ، بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ خىيالىدىن بىخەۋەر ھالدا پىلاننى قۇرۇۋەرگەن بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ئاقمايدۇ...

ـ سەن دېيەلمىسەڭ مېنى باشلاپ بار، ئۆزۈم دەيمەن،-دېدى تاھىر قارى كەسكىن، جاراڭلىق ئاۋازدا،- نىكاھىڭنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن.

ـ چاقچاق قىلما،ـ دېدى سىيىت قارى كۈلۈپ،ـ دەيدىغان ئىش بولسا ئەتە ئۆزۈم دەيمەن.

ــ سېنى يەنە چاقىردىما؟ مانا ئەمەسمۇ، ئۇ قىزنىڭ ساڭا راستتىنلا تەگكۈسى كەپتۇ.

ــ بەلكىم، ئۆيىگە ئەۋەتىدىغان خەت-خالتىلىرى باردۇر... يا باشقا دەيدىغان گەپ-سۆزى باردۇر. مەيلى نېمىلا بولسا، خام خىيالنى ئازراق قىلغان ياخشى.

ــ خام خىيالدىن پىلان تۇغۇلىدۇ، پىلاندىن ھەرىكەت تۇغۇلىدۇ قارىسم. جەسۇرراق بولايلى...

سېيىت قارى ئەتىنى ئويلاپ، يەنە ئاجايىپ خىياللارغا چۆكۈشكە باشلىدى.

سېيىت قارى شۇ كېچە ئۇخلىيالمىدى، زۆھرەمۇ ئۇخلىيالمىدى.

سېيىت قارى كارىۋاتتا بىر نەرسىدىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك، خىيال مەستخۇشلۇقىدا، تەقەززالىقتا، ھاياجاندا ياتتى، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتتى، زۆھرەنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن قايتا ئەسلىدى، گەپلىرىنى ئويلىدى.

كارىۋىتىدا تۈگۈلۈپ ياتقان زۆھرەنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى، تەسەۋۋۇرىدا گويا سېيىت قارى بىر يېنىدا، ھۆسەيىن بىر يېنىدا ياتقاندەك جىددىيلىشىپ، ئۇ ياق-بۇياققا ئۆرۈلەتتى، دومىلايتتى، ئەركىنلىككە، شادلىققا، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بەختكە ئىنتىلەتتى...

سېيىت قارى بىر چاغدا يۆلىنىپ ئولتۇردى، ئىماملىق ۋە ئەركەكلىكىنى ئويلىدى؛ ئادەم ئۆز نەپسى ئۈچۈن كۆرەش قىلغاندا باتۇرلىشىپ كېتىدۇ؛ مۇھەببەت خەيرلىك نەپسانىيەت؛ مۇسۇلمانلىق ئىززەت-شەرەپكە، پاكلىققا، گۈزەللىككە پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن يانماسلىق، چېكىنمەسلىك، قورقماسلىق كېرەك؛ غازاتقا كىرىپ كېتىۋاتقان جەسۇر مۇسۇلمانلارنىڭ روھىدىن بىر ئۇلۇش ئېلىپ، مەقسەت داۋىنىدىن يامىشىش كېرەك...

زۆھرە يېتىۋېرىپ ئىچى سىقىلىپ بالكونغا چىقتى، كېچە نەپسانىيەتلىرىگە چۆكۈپ كەتكەن شەھەرنىڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن قاراڭغۇ يۈزىگە قارىدى، ھەممە ئادەم سىغىناقلىرىدا ھايات لەززەتلىرىنى سۇرۇۋاتسا، زۆھرەلا بۇنىڭدىن چەتتە قېلىپ، تەنھالىق بۇلۇڭىدا غېرىبسىنىپ، بەخت ئىزتىراپلىرىدا تولغانماقتا ئىدى. تەنھالىق رومانتىكلىق ئەمەس، بەلكى پاجىئە.

سىيىت قارى قىز چىقماي قويۇۋەتكەن خوتۇننى ئەسلەپ قالدى، ئەسلىگۈدەك ھېچنېمە قالمىسىمۇ، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئەسلىدى. ئۇنى زۆھرەگە ئوخشىتىپ خوتۇن قىلغانىدى؛ ھەتتا بىمەنىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، توي ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئۇنى زۆھرە دەپ ئويلىغانىدى، تىترەپ تۇرۇپ قويىنىغا كىرگەنىدى. ئەمما شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن قىز ئۈچ كۈندىن كېيىن يوقالدى ۋە ئۇ مەھەللىدىنمۇ جىندەكلا غايىب بولدى...

قوشنا ياتاقتا تاشچىلار قىزغىن پاراڭلىشاتتى، پۇل... مىليون.. ياباۋلۇ... رۇس قىزلىرى...

«خۇدايىم بىزنى كەمبەغەل كۆرۈپ مۇشۇ تاشنى بېرىپتىكەن ... بىزمۇ ياشايدىكەنمىز جۇما» دېدى بىرسى.

بويىغا يەتكەن زۆھرە جىنسىيەتنىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقىدىن چىقالمايلا كەلدى؛ قىزلىق تەلپۈنۈش، ۋىسال شادلىقى، ھاياجاندىن خۇدىنى يوقىتىش تۇيغۇسىنى بويلاپ تەدرىجىي ۋايىغا يېتىدىغان ھېسسىياتى بېسىلىپ قالغاندەك قىلاتتى؛ بۇنىڭغا ئادىلەنىڭ رەسۋالىقى، زۆھرەگە يۈرگۈزۈپ كەلگەن بېسىملىرى سەۋەبچى بولغانىدى. زۆھرە ئەمدى جىنسىيەتنى قەبىھ، سەت كۆرۈشتەك پسىخىك توسالغۇلىرىنى يېڭىپ، بۇ ياشتا بەھرىلىنىشكە تېگىشلىك شادلىقتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىدى. سىيىت قارىنىڭ ئەركەكلىك شىجائىتىنى ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى، يېتىپ ئويلاندى، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئويلاندى، خىياللىرىدىن خىجىل بولدى، ئەمما ھەر قانچە خىجىل بولسىمۇ، ئىنسان شۇنچىلىك مەخلۇق ئىدى، باشقا ھايۋانلاردىن پەقەت شۇ نومۇس-خىجالەتلا بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. زۆھرە ئۇ ئىشلارنى ھامان باشتىن كەچۈرەتتى، ھامان بىر ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز ۋۇجۇدىنى بايقايتتى، نېسۋىسىنى تاپاتتى. زۆھرە كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە جىددىي ئويلىنىۋېتىپ، كاللىسىنىڭ جىنسىيەتكە كېتىپ قالغىنىنى ھېس قىلدى، ئىپپەت-نومۇس بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن ئۇ ئىشنى ئويلىماي تۇرالمايتتى، لېكىن ھېچقاچان بۇنداق بىرىلىپ، تەپسىلىي ئويلاپ كەتمىگەنىدى، ھېچقانداق بىر ئەرنى سىيىت قارىدەك يېقىن كۆرۈپ، ئۆز ۋۇجۇدىغا خىيالەن يېقىنلاشتۇرالمىغانىدى.

سىيىت قارى ئەتىسى كەچتە زۆھرەنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنى تېپىپ كەلدى؛ ماڭغان ھەر بىر قەدەملىرى تۈنۈگۈن رېستورانغا ماڭغان چاغدىكىدەك خىلمۇ خىل ھېس-تۇيغۇلارغا، ھەۋەس ۋە قىزىقىشقا، ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا تولۇپ كەتتى؛ ئۇ يېپيېڭى، ئۇنتۇلغۇسىز بىر كەچمىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتتى ھەم داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ زۆھرە تۇرۇۋاتقان ئولتۇراق رايوننىڭ پاكىزلىقى، ئېسىللىكىنى كۆردى، لىفتتىن چىقىۋېتىپ تەۋەككۇلچىلىك ھەققىدە ئويلاندى، مۇھەببەت دېگەن نەرسە كاتتا، غايىۋى كۆرسىتىۋەتكەن گۈزەل قىزنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ئەنسىرىدى، يولدا ئويلاپ كەلگەنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى، بەلكى بۇ قاراشنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. زۆھرەنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرۇقىنى بېسىپ، گۈزەل قىزنىڭ خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان ياسىداق ئۆيگە ئەيمىنىپىرەك كىرىپ، يۇمشاق سافادا ئولتۇرۇپ، ئۆينىڭ سەرەمجانلىرىغا قاراۋېتىپ، خىياللىرىنىڭ راستتىنلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ زۆھرەنىڭ ئەلچىخانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، قانچىلىك يۇقىرى مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ھەم زۆھرەنىڭ بۇنچىلىك ياخشى شارائىتتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. قىزنىڭ پۈتۈن ئەت-ئۇزايىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن بەختىيارلىق بىلىنىپ تۇراتتى، چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى... سىيىت قارى «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئىش بولغانلىقىنى ئويلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى. جامائەت ئارىسىدا شۇنچە يۈرگەن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپچىلىك ئالدىدا تەمتىرىمەي ۋەز سۆزلىگەن سىيىت قارى بىردىنلا بۇرۇنقى نازۇك، گۆدەك ھالىتىگە قايتىپ كەتكەندەك بولدى، مۇھەببەتنىڭ سېھرى كۈچىدىن، خاراكتېرىنىڭ جاھىللىقىدىن، ئارتۇق خىيالىنىڭ كاساپىتىدىن شۇنداق بولدى. كۆڭۈلنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مۇھەببەت ئەمەلىيەتتە كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، غەللە-غەشلەرنى ئۆزىگە ئاسانلا قوشۇۋالاتتى.

زۆھرە سىيىت قارىنى پولۇ ئېتىپ مېھمان قىلىمەن دېگەنىدى، ئەمەلىيەتتە ئوخشىتىپ لەڭمەن ئەتتى، چۈنكى سىيىت قارى لەڭمەنگە ئامراق ئىدى. پولۇ تامىقى زۆھرەگە كۆڭۈلسىز ئەسلىمە

قالدۇرغانىدى؛ يەنە كېلىپ، ئالدىنقى قېتىم ھەسەيىننى پول ئېتىپ مېھمان قىلغانىدى، سېيىت قارى ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ قالسا بولمايتتى.

سېيىت قارى زۆھرە ئەتكەن لەڭمەننى ئاۋايلاپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى، مۇھەببەت بىلەن يېدى، ئازاب بىلەن يېدى. كۆزلىرىگە ياش كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. زۆھرە ئۇنىڭ تاماق يېگىنىگە قاراپ شۇنچىلىك سۆيۈندىكى، خۇددى بىر ۋاپادار ئايال ئۆز ئېرىنىڭ تاماق يېگىنىگە زوقلانغاندەك زوقلىنىپ قاراپ كەتتى، بەختىنىڭ نەق ئۆزىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجانلاندى، شۇنچە مۇشەققەتلەردىن كېيىن ھاردۇقى ئەمدى چىققاندەك يەڭگىللەپ قالدى، راھەتلەندى. سېيىت قارى لەڭمەندىن ئىككى تەخسە يەپ، ئاش سۈيىدىن ئىچىپ ھۇزۇرلاندى. قاچان كېتىش ھەققىدە ئويلاندى.

زۆھرە تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، مېۋە ئىچىملىك ئېلىپ كەلدى، شىرەنى بىر دەمدىلا مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، قارىغاندا سېيىت قارىنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

ــ قېنى ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەردىن ئالغاچ...ــدېدى زۆھرە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ــ بەك كايىپ كېتىپسىز...

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ئادەمنى خىجىل قىلىپــ دېدى زۆھرە تارتىنىپقىنە كۈلۈپ قويۇپ.

ــ تۇرمۇشىڭىز ھەقىقەتەن ياخشىكەن.

ــ ئىشقىلىپ، بولىدۇ.

ــ مەن سىزنى بۇنداق ئېسىل ياشاۋاتىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

ــ ۋاي كۈلدۈرمەڭە ئادەمنى، بۇ تېخى ئادەتتىكى تۇرمۇش. بۇنىڭدىن ئېسىل ياشايدىغانلار كۆپ مىڭ.

ــ بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئېسىل تۇرمۇشــ دېدى سېيىت قارى يەنە ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ.ــ خۇدايىم بەختىڭىزنى بېرىپتۇ...

ــ مازاق قىلىۋاتامسىز؟ــدېدى زۆھرە ئۇنىڭغا ئالما ئاقلاۋېتىپ.

ــ راست دەۋاتىمەن. خۇدايىم بىز مۇسۇلمانلارنى كەمبەغەل بولۇڭلار، كەپىدە ياشاڭلار دېمىگەندىكىن،

ئەسلى مۆشۈنداق ئىپسىل ياشىشىمىز كېرەك.

ــ لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم، ئۆزۈم تاپتىم، ئۆزۈم يېدىم دەپلا ئۆتكىلى بولامدۇ دەيسىز. ئۆيدىكى بىچارىلەرنى ئويلىسام تېخىمۇ بىئارام بولىمەن.

ــ لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەر سىزدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرىدۇ.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، قىز بالا بولۇپ قاپتىكەنمىز، كۆڭلۈم پەقەت جايىدا ئەمەس.

ــ يالغۇز زېرىكىدىغانسىز؟ــ دېدى سىيىت قارى، ئۇ ئەمدى نېمىلا بولمىسۇن زۆھرەنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەندى، باشقا گەپ قۇلاققا خوش ياقمايتتى.

ــ زېرىكىمەن، زېرىكسەممۇ نېمە ئامال...ــ دېدى زۆھرە قولىدىكى ئالمىغا قاراپ، ئۇ بۇ ئالمىنى تېخىچە سويۇپ بولالمايۋاتاتتى.

ــ توي ئىشىنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

ــ توي ئىشىنى دەمسىز...

زۆھرە گەپ قىلماستىن ئالمىنى سويۇپ بولۇپ سىيىت قارىغا تەڭلىدى:

ــ ھازىرچە تېخى ئويلىشىپ بولالمىدىم.

سىيىت قارىنىڭ ئۈمىدى تېخىمۇ يوقالغاندەك بولدى.

ــ يالغۇزلۇققا كۆنۈپ كېتىپسىز-دە،ــ دېدى سىيىت قارى ئالمىنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن پىچاقنى ئېلىپ ئىككىگە بۆلدى، ــ يېرىمىدىن يەيلى.

ــ ئادەم ھەممىگە كۆنىدىكەن، ماڭا ھازىر يالغۇزلۇق ئانچە بىلىنمەيدۇ...

ــ مۇشۇنداق ياشاۋەرمەكچىمۇ؟

ــ ھازىرچە ياشاپ تۇراي، كېيىن بىر گەپ بولار.

ــ لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىسىڭىز بولاتتى.

زۆھرە جىمىپ قالدى، بۇ ھەقتە پەقەت گەپ قىلغۇسى يوقتەك تۇراتتى.

ــ يۇرتلارغا بارمامسىز؟ـدېدى سىيىت قارى زۆھرەنى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك.

ـ قاراپ باقارمەن، 9ـئايلاردا بېرىپ قالارمەنمىكىن، بارسامۇ ئۇزاق تۇرالمايمەن.

ـ نېمىشقا؟ ئۆز مەھەللىڭىزدە ئۇزاقراق بولسىمۇ تۇرىۋېلىشنى ئويلىمامسىز؟

ـ كۆنەلمەسمەنمىكىن دەيمەن.

سىيىت قارى تېخىمۇ غەمكىنلىككە پاتتى. ئارىنى ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر سۈكۈت باستى. بۇ چىدىغۇسىز جىمجىتلىق سىيىت قارىنى بۇ يەردىن كېتىشكە ئۈندەيتتى. سىيىت قارىنىڭ ھالىدىن خەۋىرى يوق زۆھرە باشقا بىر گەپنى تاپتى:

ـ توي قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خوتۇنىڭىزنى قويىۋېتىپسىز، نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭىز؟

سىيىت قارى جاۋاب بېرىشنى ئەپسىز كۆردى.

ـ شۇنداقمۇ تېز قويىۋېتكەن بارمۇ؟ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولدى؟

ـ بۇنى سورىماڭ،ـدېدى سىيىت قارى،ـ خوتۇن خەقنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ياخشى ئىش ئەمەس.

زۆھرە چۆشەندى، جىلمىيىپ كۈلۈپ قويدى:

ـ ياخشى قىزنى تاللاپ ئالالماپسىزـدە...

ـ تاڭەي، ھازىر ياخشى قىز نەدىكىن...

ـ ۋوي، ياخشى قىزلار جىققۇ؟!

ـ ياخشى قىزلار شەھەردە، ناچار قىزلار سەھرادا يۈرىدىغان چېغىمۇ...

ـ ئۇنىڭدىن كېيىن توي قىلىشنى ئويلىشىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

ـ ئويلاشمىدىم، ھېچقانداق قىزغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

ـ ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟ـدېدى زۆھرە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ.

ـ ئىشىنىمەن، لېكىن يەنە تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيمەن ـ دېدى سىيىت قارى گەپنىڭ چىڭىغا چىققانلىقىنى، پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ،ـ يا مەن شۇنداق گۇمانخورمۇ...

ـ راستىنلا گۇمانخور ئىكەنسىز!ـدېدى زۆھرە،ـ ھەممە قىزلار ئۇ خوتۇنىڭىزغا ئوخشىمايدۇ.

ـ ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس.

ــ توي قىلغاندىكىن بەربىر بىرىنچى خوتۇنىڭىز ـ دە!

ــ مەن ئۇ تويىنى قىلغانغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن.

ـ ئەمدى پۇشايمان قىلماڭ.

ــ ئۇنداق تويىنى قىلغاندىن بويتاق ئۆتكەنمۇ ياخشى ئىكەن، لېكىن دىنىمىزدا توي قىلىش سۈننەت، يالغۇز ئۆتۈۋېرىش ياخشى ئىش ئەمەس.

ــ بۇ گەپنى يەنە ماڭا دەۋاتىسىز ـ دە...

ــ بۇ ئوبدان ئويلىنىدىغان مەسىلە.

ــ ئويلىمايدۇ دەمسىز، ئويلايمەن، لېكىن كاللامدا ئىش بەك تولا.

ــ دىنىمىزنىڭ ھۆكۈمىگە سەل قارايدىغان بولۇپ كېتىپسىز...

ــ مەن توي قىلمايمەن دېمىدىم، لېكىن بۇ ئىشقا تەييارلىقىم يوق.

ــ سىزمۇ ئادىلەدەك توي قىلماي ياشاي دەمسىز يا؟

ــ ئادىلە بىلەن مېنى بىر قازاندا مىڭ يىل قايناتسىڭىزمۇ قوشۇلمايمىز. ئۇ ھازىر تېخىمۇ ئۆزگىرىپ خىرىستىئان بولۇپ كەتتى.

ــ شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى سىيىت قارى ھەيران قېلىپ، ـ قانداق بولۇپ ئۇ دىنغا كىرىپ كەتتى؟

ــ ئۇقمىدىم، ـ دېدى زۆھرە ۋە دەرھال ئادىلەنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

سىيىت قارى بولسا ئادىلە بىلەن زىنا ئۆتكۈزۈش ـ ئۆتكۈزمەسلىك ئارىسىدا قىينىلىپ، شىددەتلىك ئىدىيىۋى كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا زۆھرە ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىۋېلىپ، ئادىلەنى سەت كۆرسىتىپ، مۇھەببەتنى پاك كۆرسىتىپ، زىنايى ھارامنى مىڭ تەستە قوغلىغانىدى.

ــ مۇنداق ئىكەندە، مەن بىلەن كۆرۈشكەندە غەلىتىلا كۆرۈنگەنىدى...

ــ ئۇ ھازىر توختىماي ئىنجىل تارقىتىپ، خىرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىپ يۈرىدۇ.

ــ ئاجايىپ ئىش ـ دە! دىنىمىز ئۈچۈن بىزمۇ ئۇنچىلىك خىزمەت قىلالمايۋاتىمىز...

ــ ئۇ ماڭىمۇ ئىنجىلدىن بىرنى بەگەنىدى، ۋاراقلاپ بېقىپ تاشلاپ قويدۇم.

ــ ئوقۇماڭ، قۇرئان نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇ كىتابلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. لېكىن سىز قۇرئاننى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، غېمىڭىزدە يوق يۈرۈپسىز. ئۇ كىتاب شۇ يەردە توپا بېسىپ يېتىپتۇ. ئۆي كۆچكەندە پايپاقتىن تارتىپ ھەممە نېمىڭىزنى ئېلىپ مېڭىپسىز، ئەڭ قىممەتلىك بولغان شۇ قۇرئاننى تاشلاپ قويۇپ كېتىپسىز، كېيىن ئالغىلىمۇ كەلمەپسىز. مېنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىزمۇ مەيلى، قۇرئاننى ئۇنتۇپ قالماڭ. مېنى تاشلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، قۇرئاننى تاشلىۋەتمەڭ...

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ئۇ چاغدا ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، كېيىن بارااي دەپ پەقەت ۋاقىت چىقىرالمىدىم...

ــ سىزنىڭ توي قىلىش-قىلماسلىقىڭىزدىنمۇ بەكرەك، قۇرئاننى ئوقۇش-ئوقۇماسلىقىڭىز، ناماز ئوقۇش-ئوقۇماسلىقىڭىز مۇھىم.

سېيىت قارى ئەمدى بىردىنلا ئىماملىقتا ئۆتۈپ قالدى؛ زۆھرەگە بولغان مۇھەببەتلىك تەلپۈنۈشلىرى، كېچىدىن ئۇخلاتمىغان شەھۋەت غەلىيانلىرى بىر ياقلارغا كەتتى. زۆھرە بولسا تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى.

ئىش ئەمدى مۇشۇ يەردىن باشلاپ بۇزۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

ــ ياخشى مۇسۇلمان بولالمىغانلىقىم راست،-دېدى زۆھرە ئادىلەنىڭ خىرىستىئان بولغاندىن كېيىنكى پىداكارلىقى ۋە بەختىيار ھالىتىنى ئويلاپ.- لېكىن ئىمانىمىزدىن چەتنەپ كەتمىدۇق. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزىپ كەتمەي ياشايمىز.

ــ مەنمۇ شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداشمەن،- دېدى سېيىت قارى چىن كۆڭلىدىن، ئەمما چىرايى بارغانچە قايغۇلۇق، غەمكىن تۈس ئېلىۋاتاتتى.

زۆھرە ئۇنىڭ بۇ چىرايىنى كۆرۈپ سەل جىددىيلىشىپ قالدى:

ــ سىزنى ئالايىتەن چاقىرىپ، كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇممۇ نېمە؟

ــنېمىگە رەنجىيمەن؟ ھېلىمۇ جىق ئاۋارە بولدىڭىز.

ــ قىزىق چاي دەملەپ ئەچىقايمۇ؟

ــ بولدى ئاۋارە بولماڭ.

ــ ئۇنداق قىلماڭ، بۇنداق كېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ. ئۆتكەندىمۇ شۇنداق رەنجىپ كەتتىڭىز. بىلىمەن، سىز ئاسان رەنجىيسىز.  مېنىڭ كۆڭلۈمنى يەنە يېرىم قىلاي دەمسىز...

ــ مەن سىزدىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن.

ــ ئۇنداق بولسا خۇشال ئولتۇرۇڭ، بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ يا؟

سىيىت قارى «يۈرىكىم ئاغرىيدۇ» دېگەن گەپنىمۇ دېيەلمەي ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، خىيالى جىق ئادەمنىڭ ئەنسىرەشلىرىمۇ كۆپ بولاتتى، ئۆزىنى بىكاردىن بىكار قىيناىتتى.

ــ چاي دەملەپ ئەچىقاي، كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى.ـ دېدى زۆھرە يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن ئاشخانىغا مېڭىپ.

سىيىت قارى ئېغىر تىنىپ ئولتۇراتتى، مۇھەببەت، زىيادە ياخشى كۆرۈش ئۇنىڭغا شۇ تاپتا توسقۇن بولۇۋاتاتتى، زۆھرەنى غەزەپ ئاچچىقى بىلەن «رەسۋا» دەپ ئويلاۋەرگەن بولسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككى تەستەك سالالمىسىمۇ، قاتتىق گەپتىن ئىككى ئېغىز دەپ، ئاندىن «مەن ساڭا يەنىلا چىدىمايمەن خان» دەپ ئەسەبىيلىك بىلەن قۇچاقلىغان بولسا... بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى؛ ھېچ بولمىسا ھازىرقىدەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئېسەنگىرەپ ئولتۇرمايتتى. نېمىشقا ھەقىقىي مۇھەببەت ۋىسال شادلىقىغا توسقۇن بولىدۇ؟ غايىۋى كۆرۈپ كەتكەن قىزنى بۇنچە چوڭ بىلىش، ئۇنىڭغا قول سۇنۇشتىن قورقۇش بىر خىل ئىشقىي كېسەللىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنى مۇقەددەس بىلىش ۋە بۇ مۇقەددەسلىككە چوقۇنۇش  ماھىيەتتە ئىشق-مۇھەببەت خۇراپىيلىقى ئەمەسمۇ؟!   تېگىپ كەتسىلا پارقىراقلىقىنى يوقىتىدىغان  «گۆھەر قىز»نىڭ ئىچىدىكى دەزنى كىم كۆردى؟ ئۇنىڭ تەشنالىقى، دەردى،  ئازابى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كىم بىلىدۇ؟!  قىز نېمىشقا ئۇنى چاقىردى، ئىشىكنى ئاچقاندا نېمىشقا ھاياجانلانغاندەك تۇرۇپ قالدى ۋە بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئاچتى؟ چىرايىدا نېمىشقا قىزغىنلىق ئۆچمەيدۇ، نېمىشقا گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈمسىرەيدۇ؟ سىيىت قارى گەپ قىلىۋاتسا نېمىشقا بىر ياقتىن گەپ

تىڭشاپ، بىر ياقتىن ئۇنىڭ يۈزىگە تەكشى قارايدۇ ھەم قانداقتۇر يوشۇرۇن تەشنالىق بىلەن تىكىلىدۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇ سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك گەپ قىلمىغان چاغدىمۇ چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى يوقاتمىدى، «ھەرگىز توي قىلمايمەن» دېگىنى يوق، ئىدىيۋى تەييارلىقىم يوق، كاللامدا ئىش تولا... دەۋاتىدۇ؛ سىيىت قارىدىن بىر گەپ كۈتۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن جۈرئەت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ تۈيۈقسىز بىر شادلىققا بولغان تەشنالىقىنى، چۆچۈش ئىلكىدە خۇشاللىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، ئەندىكىش ۋە ھەيرانلىقنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ھاياجانلىرىغا بولغان ئامراقلىقىنى سىيىت قارى بىلسە ئىدى كاشكى!! خوتۇن خەقنى شەيتانغا يېقىن دەپ قارايدىغان سىيىت قارى ئەلۋەتتە بۇلارنى بىلمەي قالمايتتى، ئەمما دېگەندەك ئىشىنىپ كېتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ھېچقانداق قىزنى (جىق دېگۈدەك قىز يوق، پەقەت زۆھرەنى) تۈيۈقسىز خۇش قىلىپ باقمىغان، ئېسىدىن چىقمىغۇدەك ئەندىكتۈرۈپ باقمىغانىدى! قانداق قىلسا زۆھرەنى، بۈرۈنقى زۆھرەنى ئەمەس، ھازىرقى زۆھرەنى تۈيۈقسىز خۇش قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالايدۇ؟! تەۋەككۈل قىلىش كېرەك، قول سۇنۇش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ھازىرچە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، سىيىت قارى گۇناھ تۈيغۇسىغا چۆممەي قالمايدۇ، «زىناغا يېقىنلاشماڭلار!» دېگەن ئىلاھىي بۈيرۇق «نامەھرەملەرنىڭ قولىنى تۇتماڭلار، ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيمەڭلار، بولمىسا زىناغا تەشنا نەپسىڭلار تەرىپىدىن ۋەيران بولىسىلەر...» دېگەن گەپ. چۈنكى ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان، ئەگەر زىناغا يېقىنلىشىپلا قالسا زىنا ئۇنى يۇتىۋېتىدۇ؛ زىنا بەئەينى قەغەزگە، ئادەم سىياھقا ئوخشايدۇ؛ سىياھ قەغەزگە تېگىپلا كەتسە قەغەز ئۇنى سۈمۈرۈۋالىدۇ... سىيت قارى ئىماملىق كاللىسى بىلەن ئويلاندى: تەۋەككۈل قىلىش دېگەن زىناغا تەۋەككۈل قىلىشمىدى؟ نىكاھ ئارقىلىق ھالال يول بىلەن شەھۋەتنى قاندۇرۇشنىڭ يولى تۇرۇپتىغۇ؟ زۆھرەگە توي قىلىش تەكلىپى قويۇش كېرەك، قوشۇلسا نىكاھلاپ ئېلىش كېرەك؛ قىز ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە ئىش جايىغا چۈشىدۇ، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ساۋابلىق، خەيرلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ، كۆڭۈل ئازادىلىككە چۆمىدۇ، نېمىلا قىلسا يارىشىدۇ، ئارىدا مېھىر-مۇھەببەت كۈچىيىدۇ...

زۆھرە ئاشخانىغا كىرىپ چىقىپ بولغۇچە سىيىت قارى تەۋەككۇلچىلىك ھاياجىنىدا تىترىدى، زۆھرە ئۇنىڭ خىيالىدىن بىخەۋەر ھالدا قىزىق چاينى قۇيغىلى تۇرغاندا قىزنىڭ كۆكسىگە قاراپ سېلىپ، ۋۇجۇدى يەنە بىر قېتىم شېرىن قىسىلدى. چاي ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن سۇنۇلدى، شەھلا كۆزلەر مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. چاي ھازىر قىزىق ئىدى، قارىمىنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭدىنمۇ قىزىق، ئوت-ئاتەش بولۇپ كەتتى.

زۆھرە ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى، ئوتتۇرىدا باشقىچە بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

ـ بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم...-دېدى سىيىت قارى پىيالىنى سىلاپ.

ـ بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، ئالدىڭىزدىكى ماۋۇ ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر مەندەك غېرىبسىنىپ قالمىسۇن.

سىيىت قارى قورۇق ئۈزۈملەرنى ئېلىپ يەپ ئولتۇرۇپ، بىر چاغلاردا «كىشمىش قارىم» دەپ نام ئالغانلىقىنى كۆڭۈلسىز ھالدا ئويلىدى. قاچانغىچە مۇشۇنداق يۇمشاق يەپ، يۇمشاق دەسسەپ، يۇمشاق ئويلاپ، يۇمشاق گەپ قىلىپ، يۇمشاق ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئىچى شۇنچىلىك سىقىلدىكى، كىشمىشنى چايناپ-چايناپ يۇتۇۋەتتى.

ـگەپ قىلىپ ئولتۇرۇڭە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟-دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراپ، ئۇ سىيىت قارىنىڭ چىرايىدىن يېڭى-يېڭى ئالامەتلەرنى بايقايدىغاندەك، ئۆزىگە كېرەكلىك مەنە ۋە خۇشاللىق ئىزدەيدىغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى، بۇ چىرايدىن ھەرگىز زېرىكمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ـ بەزى ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن،-دېدى سىيىت قارى (زۆھرە ئۇنىڭ بۇغدىيەكلىرىنىڭ لىپىلداپ كەتكەنلىكىنى كۆردى)ـ مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم، سىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم... لېكىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بۇرۇنقى ئىشلار يادىمغا كېلىۋاتىدۇ... سىز مېنى رەت قىلغانىدىڭىز.

ـ ئۇ چاغدا مەن پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن...

ـ پەقەتلا ئويلىمىغانما؟ دېمەك، مەن كۆزىڭىزگە شۇنچە سىغمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئادەم ئىكەنمەن-دە...

ـ ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇ چاغدا مۇھەببەت دېگەننى چۈشەنمەيتتۇق.

ـ هازىرمۇ چۈشەنمەمسىز؟

زۆھرە سېيىت قارىنىڭ بايىقى قايغۇلۇق چىرايىنى كۆردى، ئەمما هازىر بۇ چىرايىدا بېسىپ بولماس بىر هاياجان بالقىيتتى.

ـ هازىرما؟ ئۇقمايمەن.

ـ مەن سىزنى هازىرمۇ ياخشى كۆرىمەن.

ـ بۇنى بىلىمەن، سىز مېنى چۈشىنىسىز، ماڭا ئىشىنىسىز.

ـ لېكىن سىز مېنى هازىرمۇ ياراتمايدىغاندەك قىلىسىز.

ـ ئۇنداق ئەمەسقۇ، مەن سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، سىزنى چوڭ بىلىمەن...

ـلېكىن ھۆرمەت بىلەن ياخشى كۆرۈش باشقا گەپ.

ـ راستىنى دېسەم، ياخشى كۆرۈش دېگەننىڭ زادى قانداقلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن...

ـ ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان قىزمۇ بولامدۇ؟

ـ بولىدۇ، مانا مەن شۇ.

ـ مەن ئىشەنمەيمەن.

ـ نېمىشقا ئىشەنمەيسىز، مۇشۇ ۋاقىتچە مەن بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم، چۈنكى مەن ياخشى كۆرىدىغان بىرسىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟!

ـ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن دەڭا؟!

ـ سىز بىلەمسىز؟ ماڭا دەپ بېرىڭە ئەمىسە، ئۆگىنىۋالاي.

سېيىت قارى زۆھرەنىڭ خۇپسەن گاسلىقىدىن، تايىنى يوق گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولدى.

ـ مۇھەببەتلىشىش گۇناھ ئەمەسما؟ـ دېدى زۆھرە ئۇنى تېرىكتۈرۈۋاتقاندەك.

ـ سىز قانداق مۇھەببەتنى دەيسىز؟

ـ قىز-ئوغۇل سۆركىلىشىپ يۈرىدىغان، كىنولاردا چىقىدىغان مۇھەببەتنى دەيمەن...

ـ ئەلۋەتتە گۇناھ ـ دە!

ـ شۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا مەن مۇھەببەتلىشىشكە ئۆچ.

ـ كۆڭۈلدىكى مۇھەببەتنى بىز مۇھەببەت دەيمىز. ـ دېدى سىيىت قارى ۋەز سۆزلەۋاتقاندەك.

ـ كۆڭۈلدىكى مۇھەببەت قانداق بولىدۇ؟ مەن مۇشۇنى تازا بىلەلمەيمەن...

«سىز نېمانداق دۆت» دەۋەتكۈسى كەلدى سىيىت قارىنىڭ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

ـ مانا مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم كۆڭۈلدىكى مۇھەببەت، مۇشۇنىمۇ چۈشەنمەمسىز؟!

زۆھرە كۈلۈپ قويدى، لېكىن بۇ كۈلكىسىگە مەسخىرە ئەمەس، بىچارىلىك ئارىلىشىپ قالدى، بۇنى سىيىت قارىمۇ سەزدى، كۆڭلى يېرىم بولدى. كۆڭۈلدىكى مۇھەببەت قاچانقىمۇھەببەت؟ چۆچەكلەردىكى مۇھەببەتمۇ؟ سىيىت قارى بىلىدىغان شاھ مەشرەپ ياكى ناۋايىنىڭ مۇھەببىتىمۇ؟ مۇشۇ ئاشىقپەرەس شائىرلار سىيىت قارىنى غايىۋى يار ئوبرازىغا باغلاپ، ئالداپ كەلگەنمىدۇ؟!

ـ كۆڭۈلدىكى مۇھەببەتنى كۆپىنچە قىزلار خالىمايدۇ. ـ دېدى سىيىت قارى ئويچان قىياپەتتە. ـ بەلكىم سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە...

ـ مەن ئۇنىڭغا قارشى ئەمەس، لېكىن مەن بەك ئەمەلىيەتچى.

ـ ئەگەر مەنمۇ سىزدەك ئەمەلىيەتچى بولسامچۇ؟

ـ بولالامسىز؟

ـ بولالايمەن.

ـ مەسىلەن، قانداق؟ ـ دېدى زۆھرە كۈلۈمسىرەپ.

ـ سىز بىلەن توي قىلسام دەيمەن.

زۆھرەنىڭ چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش يوقاپ، جىددىيلىك پەيدا بولدى.

ـ مۇھەببەتلەشمەيلا توي قىلاي دېمەكچىمۇسىز؟

ــ مۇھەببەتلىشەي دېگەندە رەت قىلدىڭىز، ئەمدى توي قىلايلى دەۋاتىمەن. بۇنىمۇ رەت قىلامسىز؟

ــ دېدىمغۇ، مېنىڭ ھازىر تويغا تەييارلىقىم يوق.

سېيىت قارى شۈئان ئۈمىدسىزلىك ئازابىغا تۇتۇلدى:

ــ دېمەك، بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمايسىز...

ــ مەن بۇنىڭغا ھازىر بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

ــ بۇ گەپنى ئەمدى دېمىسەم بولمىدى، توي قىلغۇڭىز يوق ئادەم تونۇگۈن نېمىشقا ئۆزىڭىزنى پاك دەپ ماڭا چۈشەندۈرىسىز؟

ــ مېنى چۈشەنسۇن، ماڭا ئىشەنسۇن دېدىم؛ يۈرتقا بېرىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن يەنە گەپ قىلىپ يۈرمىسۇن دېدىم...

ــ كىم سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن گەپ قىلىپ يۈرۈپتۇ، خۇدا ئالدىدا تۆھمەت قىلماڭ.ـ دېدى سېيىت قارى خاپا بولۇپ.

زۆھرە ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ گۇمانىغا تايىنىپلا شۇنداق دېگەنىدى. ئويلىماي دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلدى. سېيىت قارىنىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

ــ مېنى ئاشۇنداق گۇمانخور، غەيۋەتخور كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ مەن مەسچىتتە جامائەتكە كۈندە «غەيۋەت قىلماڭلار، خەقنىڭ ئۈستىدىن گەپ تاپماڭلار» دەپ سۆزلەپ تۇرۇپ، ئۆزۈم شۇنداق ئىشنى قىلسام خەق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامدۇ؟ مەن ئادەتتە خەقلەر بىلەن كۆرۈشكەندە بىر كىمنىڭ ئۈستىدىن يامان گەپ قىلماسلىققا كۆپ دىققەت قىلىمەن. غەيۋەت قىلىش دېگەن شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈكىنى يېگەن بىلەن باراۋەر! غەيۋەت، تۆھمەت دېگەنلەر زىنادىنمۇ قەبىھ گۇناھ، شۇ كىشىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشمىگىچە گەدەندىن ساقىت بولمايدىغان چوڭ گۇناھ! مەن بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلامدىمەن؟ مەن ئۈچ كۈنلۈك خوتۇنۇم ھەققىدىمۇ ھېچكىمگە بىر نەرسە دەپ باققان ئەمەس... مېنى ئۇنداق قارىلىماڭ.

ــ خاپا بولماڭ،ـ دېدى زۆھرە،ـ ئويلىماي دەپ ساپتىمەن.

ــ كەچ بولۇپ كەتتى، مەن ماڭاي،ـ دېدى سېيىت قارى ئورنىدىن تۇرۇپ،ـ سىزنى جىق ئاۋارە

قىلمىۋەتتىم.

ــ مۇشۇنداقلا ماڭامسىز؟ــ دېدى زۆھرە نېمە قىلارىنى بىلمەي جىددىيلىشىپــ ئۆتكەندىمۇ شۇنداق ئالدىراپ كەتتىڭىز كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ.. كەچۈرۈم سورىساممۇ بولمىسا، ئەمىسە قانداق قىلاي سىزگە...

زۆھرەنىڭ بۇنداق بىسەرەمجان بولۇپ كەتكىنىگە ئىچى ئاغرىغان سىيىت قارى ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىشنىمۇ ئويلىدى، ئەمما ئىچ-ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن جاھىلانە غۇرۇرى يول قويمىدى، چاپىنىنى كىيىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شۇنچە جۈرئەت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان توي تەكلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن پەيدا بولغان ئازاب ئۇنى بۇ يەردىن رەھىمسىزلىك بىلەن كېتىشكە، بىر دەممۇ ھايال بولۇپ تۇرۇپ قالماسلىققا ئۈندەيتتى.

ــ شۇنداق قىلىپ كېتىسىز، بوپتۇ، كەلگەن قەدىمىڭىزگە رازى بولۇپ قېلىڭ.ــ دېدى زۆھرە ئۈمىدسىز بىر ئاچچىق بىلەن.

ــ قايتاي، كەچ بولۇپ كەتتى. سىزگە رەھمەت.

ــ قۇرۇقلا ماڭدىڭىز..

ــ ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، تۈنجى قېتىم ماڭا ئۆز قولىڭىز بىلەن لەڭمەن ئېتىپ بەردىڭىز.

ــ ئۆي تامىقى سېغىنغاندا كېلەرسىز.

ــ بولىدۇ.ــ دېدى سىيىت قارى بوش گەپ قىلىپ.

زۆھرە ئىشىك تۈۋىدە ھالسىز يۆلەنگىنىچە قالدى.

سىيىت قارى تالاغا چىقىپ بولۇپ، دۇئا قىلمايلا يېنىپ چىققانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

زۆھرە ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، سىيىت قارى ئولتۇرغان ئورۇندۇققا كۆڭۈلسىز قاراپ قويدى، سىيىت قارىنىڭ خاپا چىرايىدىن باشقا ھېچنېمە كاللىسىغا كەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئويلىماي دەپ سالغان گېپىدىن پۇشايمان قىلاتتىيۇ، ئەمما سىيىت قارىنىڭ خوتۇن كىشىدەك قېيداپ، چاپانىنى تەتۈر كىيىپ

كېتىپ قالغىنىغا ئاچچىقى كېلەتتى. كېيىن ئويلاپ ئۇنىمۇ چۈشەندى، زۆھرە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىككىنچى قېتىم رەت قىلىپ، غۇرۇرىغا ئازار بەرگەنىدى، ئەسلى خاپىلىق مۇشۇنىڭدا ئىدى. زۆھرە گەرچە سېيىت قارىغا مۇھەببەتلىك ھېسسىياتتا ئىنتىلىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى تېخى ئەدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولالمايۋاتاتتى، ئەگەر توي قىلغان بولسا ئۆتكەن يىلىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۇرتقا كېتىپ توي قىلغان بولاتتى، ئەگەر ھازىر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ يۇرتقا كەتسە بىر يىلدىن بۇيان تارتقان جاپالىرى، مىڭ تەستە ئېرىشكەن بۇ ئىمكانىيەتلىرى يوققا چىقاتتى. بۇرۇن قىلمىغان تويىنى ئەمدى قىلالامتىمۇ؟ نەتىجە بەرىبىر ئوخشاش: كەمبەغەل ئىماملغا خوتۇن بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، شەھەرنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولىدۇ، توپا ئۇچۇپ تۇرغان شۇ مەھەللىدە بىر ئۆمۈر جاپا چېكىدۇ... ئادەم ئالدىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك، سۇ ئىگىزدىن پەسكە ئاقىدۇ، ئادەم پەستىن ئېگىزگە قاراپ ماڭىدۇ. شۇنچە جاپالارنى تارتىپ ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ۋە راھەتكە ئۇلاشقاندا مۇھەببەتنى دەپ يېزىغا كېتەمدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىگە جاپا چېكىپ، تېپىرلاپ كەلدى؟ ئۇنىڭ ھەممىسى بىكار كېتەمدۇ؟...

زۆھرە ئۆزىنىڭ تاللىشىدا مەھكەم تۇرۇش قارارىغا كەلدى، سېيىت قارىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىغا، ئاسان خاپا بولۇپ كەتكىنىگە جىلە بولغانچە «يۇرۇش-تۇرۇشلىرىغا ئازراق سالاپەت قونغان بىلەن مىجەزى قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، ئاچچىقى ئىتتىك كېلىدىكەن، موللا دېگەننىڭ ھەممىسى سەپرا مىجەز، چېچىلغاق بولامدىغاندۇ؟! كەلگۈسىدە ئېرىم بولۇپ قالسىمۇ بۇنداق مىجەزدىكى ئادەم بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاپ بولالمايدىكەنمەن» دەپ ئويلىدى؛ سېيىت قارىنى خىيالىدا قانچە ئەيىبلىسە، ئۇنىڭ ئوبرازىنى قانچە خۇنۇكلەشتۈرسە كۆڭلى شۇنچە ئارام تاپىدىغاندەك ئۇزاق ئويلىدى؛ لېكىن داۋاملىق بىئارام بولدى، شىرەدىكى نازۇنېمەتلەرنى يىغىشتۇرغۇسى كەلمەي داستىخاندىن بىرنى يېپىپ قويدى؛ قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇقسىز تاشلاپ قويدى، ئىچى سىقىلىپلا تۇراتتى، بىرەر ئىش قىلغۇسى، مىدىرلىغۇسى كەلمەيتتى؛ تېلېۋىزور كۆرۈپ باقتى، ئۇمۇ خوشياقمىدى؛ ۋاننىغا چۈشۈپ يۇيۇناي دەپ ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كەچتى. شۇنچە راھەت ئۆي ۋە ئارامبەخش نەرسىلەرمۇ ئۇنى پەرىشانلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. يالغۇزلۇققا شۇنچىلىك

چىدىمىدىكى، ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياستۇققا بېشىنى تىقتى، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

سىيىت قارى ئەلەڭ-سەلەڭ كېتىۋېتىپ، بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى چىرىغى يېنىقلىق ئۆيگە قاراپ قويدى، زۆھرەنىڭ ئۆيىدىكى رەڭدار چىراغ خۇشال چاقناپ تۇراتتى، «زۆھرە ئازابلانمايدۇ، ئازابلانماي ياشايدۇ، ئۇ شۇنداق ياشاشنى ئاللىبۇرۇن تاللاپ بولغان.- دەپ ئويلايتتى سىيىت قارى.- مەن شۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تەقىسلىقتا قويدۇم. ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولماق تەس. گەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇنچە ياخشى شارائىتقا شۇنچە ئاسان ئېرىشكەنمىدۇ؟ بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار. بېيىپ كەتكەن تاشچىلار جىم ياتمايدۇ، بېيىگەندىن ئۆي ئېلىپ، ئاشنىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان بايلارنى ئاڭلاۋاتىمىز. پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېسىگە بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغان نەرسە سەتەڭنىڭ ھۇزۇرى. زۆھرە ھەقىقىي ئىچ سىرىنى ئېيتمىدى، مەندىن خىجىل بولدى، ئەگەر ماڭا تەگسە چوقۇم قىز چىقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا رەت قىلدى... نېمانچە يالغانچى بولۇپ كەتكەندۇ بۇ زۆھرە... شەھەر قىزلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، بۇ يەردە مال-دۇنيانىڭ مېھرى شۇنچىلىك كۈچلۈك... پال-پۇل، ۋال-ۋۇل نەرسىلەرگە ئامراق قىزلار، ئەقىلسىز، ھېسسىياتچان ئايال
لار شەھەرنىڭ زىننىتى، زۆھرەمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، مەن ئەخمەق ئۇنى ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن ئايرىۋېتەي دەپ يۈرۈپتىمەن... نېمە قىلاتتىكىن ئۆزىنى ئاقلاپ، ۋىجدانى بولسا بۇ تۇرمۇشتىن ۋاز كەچسۇن. ئىمانى بولسا ئىمامغا تەگمىسىمۇ، بىر مۇسۇلمان ئەرگە تېگىپ ھالال ياشىسۇن، بالىلىق بولسۇن، جالاپ بولمىسۇن...

سىيىت قارى ئەشەددىي خىياللارغا چۆمۈپ، قارا بولۇتتەك قويۇقلىشىپ كەتكەن ھەسرەتلىرىگە تەسەللى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كەتتى. زۆھرەنىڭ گۈزەللىكىنى ئويلىغانچە ھەسرىتى شۇنچە كۈچەيدى، ئۇنىڭغا قىيالماي كەتتى، گۈزەللىكنىڭ ۋەيران قىلىش كۈچى نەقەدەر زور ھە! زۆھرە قايسى ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتەر، ئۇنى كىممۇ سىيىت قارىدەك ياخشى كۆرۈپ قەدىرلەپ كېتەر؟! ئەمما سىيىت قارىنىڭ ئىچىدە باشقا بىر نىدا يۈكسەلدى: سەن زۆھرەنى قانچىلىك قەدىرلىدىڭ؟ ئۇنىڭ دەردىگە قانچىلىك

دەرمان بولالىدىڭ؟! ئادىلە بىر چاغدا سېنى ئەيىبلىگەندە زۆھرەمۇ گويا شۇنداق تۇيغۇدا ساڭا تىكىلىپ قارىمىغانمىدى؟ بۇ قېتىم يەنە ئۇنى كۆڭۈلسىز تاشلاپ قويۇپ چىقتىڭ، كەچۈرۈم سوراشلىرىغا پەرۋا قىلمىدىڭ، ئېتىپ بەرگەن لەغمىنىنىڭ يۈزىنى بولسىمۇ قىلمىدىڭ. قەدىرلەش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

ئۇ زۆھرەنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ يەنە ئويلاپ باقتى: يىگىت دېگەن شۇنداق ئۆپكىسى يوق بولامدۇ؟ كۆڭۈلدىكى مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ بىر قېتىملا دېگەنگە قىز بالا ئۇنامدۇ؟ ئاسانلا ئۇنىدەككە كەلسە قىز بالىنىڭ قەدرى بولامدۇ؟

ئۇ باشتىن ئاخىر تەمكىن، ۋەزمىن بولالمىغىنىغا، ئۆتكەن يىلقى ئالدىراڭغۇلۇقىنى قايتا تەكرارلىغىنىغا، زۆھرە شۇ خاتا گەپنى دەپ سالغاندا ئاچچىقلىماي ئولتۇرۇپ چىرايلىق رەددىيە بەرمىگىنىگە، ئەڭ چاتاق يېرى، بىچارە قىز ئەپۇ سوراپ بولالماي ھودۇقۇپ كەتكەندە ئالدىغا بېرىپ «ھېچقىسى يوق، سىز ئۇ گەپنى قەستەن دېمىگەن» دەپ كۆڭلىنى خوش قىلمىغىنىغا، جايىغا بېرىپ ئەرلىك سالاپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. شۇنداق قىلالىغان بولسا ئۇ زۆھرە بىلەن ھازىرغىچە بىللە ئولتۇرالىغان، كۆڭۈللۈك پاراڭلىشالىغان، بەلكىم باشقا ئىشلارغىمۇ (شەيتاننىڭ چىرايلىق كۆرستىشى بىلەن) يېقىنلىشالىغان بولاتتى... سىيىت قارى مۇھەببەتنى كىچىك گۇناھلاردىن باشلاپ چوڭ گۇناھ بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىغاندەك ھېس قىلدى، مۇھەببەتنى دەپ شۇ گۇناھلارغا ھەۋەسلىنىۋاتقانلىقىنى، مۇھەببەتنى دەپ ھەتتا شۇ گۇناھنى ئاقلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇمۇ بىر زالالەت ئىدى، ئىنساننىڭ قېنىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان شەيتان ئەسەبىي، قىزغىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايتتى، مۇھەببەتتىن سەۋدا پەيدا قىلاتتى، ھاياجانغا بېرىلىدىغانلارنى شۇ ھاياجانغا يۈگۈرتەتتى، سېھىرلىك تۇزاق قۇرۇپ تەقۋادارلارنى پۇتلايتتى...

« ئۇ مېنى رەت قىلدى، ئەمدى بەربىر! » دەپ خۇلاسە چىقاردى سىيىت قارى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، «غۇرۇر بىلەن ياشاش كېرەك. پاك، چىرايلىق خوتۇن دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ، مۇھەببەت دېگەننىمۇ شۇ خوتۇننىڭ قوينىدىن ئالغىلى بولىدۇ. كېيىن بالىمىز بولىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ مۇھەببەت

كېرەك، خۇدا تەقۋادارلارنىڭ دىلىنى مۇھەببەتتىن كەم قىلمىغان، شەھۋانىي مۇھەببەتتىن ۋاز كېچەلىگەندە، ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك، ساۋابلىق مۇھەببەتكە ئېرىشكىلى، ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.»

«لېكىن...» دەپ پىغان چېكەتتى سىيىت قارى، « لېكىن» دىن باشلىناتتى تۈگىمەس ھەسرەت ۋە دەرد-ئەلەملەر... ئاندىن شۇنچە ئۇزۇن ئوي-پىكىرلەر ئاخىر ئازاب نۇقتىسىغا كېلىپ توختاپ قالاتتى.

سىيىت قارى ياتىقىغا تونۇگۇنكىنىڭ دەل ئەكسىچە سالپىيىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان تاھىر قارى دەرھال گەپ سورىدى:

ــ قانداق بولدى؟ قاپىقىڭ چۈشۈپلا كېتىپتىغۇ؟

ــ ھەي، بولدىلا، دېگۈدەك گەپ يوق. خۇيتەن ئوقۇپ بولدۇڭمۇ؟

ــ كەلسەڭ بىللە ئوقۇيلى دېگەن. ئاۋۋال گېپىمگە جاۋاب بېرىۋەت، بولمىسا ھەر ئىككىمىز نامازنى جايىدا ئوقۇيالمايمىز.

ــ ئىش ئاقمىدى ئاداش...ــ دېدى سىيىت قارى چاپىنىنى كارىۋاتقا تاشلاپ.

ــ توي قىلىلى دەپ دېدىڭمۇ بولمىسا؟

ــ دېدىم، لېكىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ.

ــ قىز بالا دېگەن شۇ، نېزىقايدۇ.

ــ ئۇنداق ئەمەس، مەن بىلەن توي قىلسا يۇرتقا كېتىشتىن، جاپا تارتىشتىن قورقىدۇ.

ــ ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمىغۇدەكسەن.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، بىكاردىن كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىۋالدىم.

ــ بوپتۇ قارىم، سەۋرچان بولايلى، ئىمام دېگەنگە يۇرتتا خوتۇن كەم ئەمەس.

ــ لېكىن كىملا بولسا خوتۇن دەپلا ئالغۇرگىلى بولمايدۇ-دە!

ــ چىقىپ قالىدۇ، يا بولمىسا چەت يېزىغا بېرىپ 16 ياشلىق قىزدىن بىرنى نىكاھلاپ ئالارسەن.

ــ بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن.

ـ توي قىلغاندىن كېيىن خوتۇننى مۇھەببەت قىل، زۆھرەخاننى ئۇنتۇپ كەت، بولمىسا خىيالىڭ بۇزۇلىدۇ، چۇشۇڭ بۇزۇلىدۇ، ناشايان ئىشلارنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىسەن.

ـ راست دەيسەن، كۆڭلىمىزنى پاك تۇتۇپ يۈرمىسەك، نەرىمىز تەقۋا، نەرىمىز ئىمام بىزنىڭ..

ھېلىمۇ بىلىپ تۇرۇپ بەزى گۇناھلارنى قىلىۋاتىمەن، لېكىن چوڭ گۇناھلارنى قىلىشتىن ئاللاھ ساقلاۋاتىدۇ.

ـ تاس قاپسەن ـ دە تېپىلغىلى، قارىغاندا بۇ يەردىن پاتراق كېتىۋالمىساق بولمىغۇدەك.

ـ قاچان ماڭىمىز؟

ـ ئازراق تاش قالدى، ھېلىقى خەنزۇ پۇلنى تېخى ئەكېلىپ بەرمەيۋاتىدۇ. يەنە بىرەر ھەپتە تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىمىز، بازارنىڭ ئەھۋالى يامان ئەمەس تۇرىدۇ.

ئىككىيلەن بىر دەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن خۇپتەن ئوقۇپ يېتىپ قېلىشتى. تاھىر قارى بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆڭلى سەل ئېچىلىپ قالغان سىيىت قارى ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىز خىياللىرىغا غەرق بولدى. ھەسرەتلىك كېچە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى، ۋاقىت تولىمۇ تەستە ئۆتەتتى، تاھىر قارى خورەك تارتىشنى باشلاپ، ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

24

ھۇسەيىن كەيپتىن سەرخۇش يۈرەتتى، خالىد بىلەن يەنە بېرىش ـ كېلىش قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىككىسى نېمىلەرنى دېيىشتىكىن، نېمىلەرنى قەست قىلىشتىكىن؟ زۆھرەنى چىرايلىق قۇشتەك قەپەسكە سولاپ قويۇپ، تاماشىسىنى كۆرىمىز دەمدىكىن؟ خالىد ئەلچىخانىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ زۆھرەگە سالام بەردى، ھۇسەيىننىڭ ئىشخانىسىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ ئاندىن كەتتى. زۆھرە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى ھەققىدە، بۇزۇقچىلىق ۋە پاكلىق ھەققىدە مۇنداق پاراڭ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ـ يېنىڭغىلا ئەكىلىۋاپسەن بۇ قىزنى؟

ـ ياقتۇرۇپ قالدىم، ـ دېدى ھۆسەيىن كۆزىنى قىسىپ، ـ مۆشۈنداق قىزلارنى كۆرۈپ تۇرساق كۆڭلىمىز ياشىرىپ قالىدىكەن.

ـ قانداقراق، بولامدىكەن؟

ـ نېمىسىنى دەيسەن، خىزمەتتىكى ئېپادىسىمۇ؟

ـ بۇ يەردە قانچىلىك ئىشى بولماقچى؟!ـ دېدى خالىد ھۆسەيىنگە ھەسەت قىلغاندەك تىكىلىپ قاراپ، ـ ھېلىقىدەك پەيزىنى دەيمەن..

ـ بۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم، خۇسۇسىي مەخپىيىتىم.

ـ ئۇغۇ شۇنداق، ـ دېدى خالىد مەنىسىز ھىجىيىپ، ـ بىلىپ باققۇم كەلدى.

ـ شەھۋەتكە تويمايسەن، سەتەڭلەرنى ئويناپ بولۇپلا ئۇنتۇپ كېتىسەن، ئەجەب بۇ قىزنى ئېسىڭدىن چىقارمايدىكەنسىنا؟

ـ پەيزى بار ئىدى كاساپەتنىڭ!

ـ مەن قارىسام ئۇنداق ئەمەستەك...

خالىد يالغانچىلىقى چېنىپ قالغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

ـ سەن قانداق قىلدىڭ؟ ئۇ نېمە بولدى؟

ـ يا خالىد، يەنە نېمىنى سورايسەن؟ كاللاڭدا باشقا ئىش يوقمۇ سېنىڭ؟

ـ سوراپ قويدۇم، جاھاننىڭ لەززىتى مۆشۇ تۇرسا...

ـ شەھۋەتكە ئۆزۈڭنى بەك ئۇرۇپ كەتمە، جاھاندا بۇنىڭدىن باشقا گۈزەل ئىشلار بار. ئىنسان لەززىتى سۆرىمەن دەپ دورا يەپ، ھايۋاندەك قۇتراپ يۈرمىسەكمۇ، ياخشى ئوزۇقلىنىپ، مۇھەببەت بىلەن شۇ شادلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ...

ھۆسەيىن سۆزمەن ئەرەبلەردىن ئىدى، پاساھەتلىك سۆزلەيتتى.

ـ بىز تېخى ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق ھۆسەيىن،ـدېدى خالىد تېرىكىپ،ـ ئىنسان لەززىتىگە ئەركەكلىك ئىقتىدارلا ئەمەس، روھىي كۈچ كېرەك؛ بىزدە بۇ كۈچ تولۇپ تاشقان. سەندەك ئادەملەرلا

مۇھەببەت دەپ ئۆزىنى ئالدايدۇ، بۇ ياشتا مۇھەببەت دەپ يۈرسەڭ كۈلكىلىك ئاڭلىنىدۇ، پاھىشىلەرگە مۇھەببەت كېرەك ئەمەس.

ــ ئىنسان دېگەن كامالەت ئىگىسى، گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى ــ دېدى ھۆسەيىن قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىچىۋېتىپ. ــ ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى ئەقلىدە، مۇھەببەتتە، شاد-خۇرام كۈلكىدە! شەھۋەت دېگەن ئېشەكتىمۇ بار. ئاللاھ نېمىشقا ئېشەكنى ياراتتى؟ ئىنسانلار مىنسۇن، پايدىلانسۇن دەپ ياراتتى؛ مەنچە بولسا، يەنە ئىبرەت ئۈچۈن ياراتتى. يەھۇدىيلار قۇرئاندا كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەككە ئوخشىتىلغان، دوزاختىكىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرىمۇ ئېشەكنىڭ ھاڭراشلىرىغا ئوخشىتىلغان؛ ئېشەكنى ھاڭراتقان نەرسە شەيتان، بىزنى ھاڭراتقان نەرسىمۇ شەيتان... بىز ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلاپ بېقىشقا تىرىشمايمىز، تارىختىن بۇيان بىز بۇ ئاجىزلىقىمىزنى يېڭەلمەي كېلىۋاتىمىز.

ــ بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قوي! ــ دېدى خالىد چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ مېنى ئېشەك دەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، سەنمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس. دىن ھەققىدە ھەر كىم گەپ قىلالايدۇ، ئاخىرىدا كېلىپ نېمە قىلالايدۇ؟ سەنمۇ ئۆزۈڭنى پاك دېيەلمەيسەن، جاھاندا ھېچكىم ئۆزىنى پاك دېيەلمەيدۇ. ئاللاھ غەفۇرۇررەھىم، بۇ سۈپەتنى ھەممىدىن ياخشى بىلىش كېرەك. ئېشەكلەر تۆۋە قىلالمايدۇ، ئادەمسىمان ئېشەكلەر تۆۋە قىلالمايدۇ، لېكىن ئىنسان تۆۋە-ئىستىغپار ئېيتالايدۇ.

ــ ئاللاھنىڭ ئەپۇ-رەھمىتى ناھايىتى كەڭ، بۇنىڭدا شەك-شۈبھە يوق. لېكىن بىز ئاللاھنىڭ باشقا سۈپەتلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز.

ــ ئاللاھنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتى رەھىمدىللىك، ئەگەر بۇ رەھىمدىللىك بولمىسا ھەر قانداق ئادەم ھالاك بولىدۇ. بىزمۇ ئاللاھنىڭ رەھىمدىللىكى ئاستىدا ياشاۋاتىمىز.

ــ بولمىسا سېنىڭ شۇ گۇناھلىرىڭغا يەر سېنى يۇتۇپ كېتەتتى. ــ دېدى ھۆسەيىن كۈلۈپ.

ــ سېنىچۇ؟ ئاللاھ ساڭا يەر يۈزىدە ياشاشقا قانچىلىك مۆھلەت بېرەر؟!

ــ ساڭا باققاندا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالارمەنمىكىن؟!

ــ كۆرەرمىز، بۇ دۇنياغا بەك ئىشەنچىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ خۇددى پاھىشىگە ئىشەنمىگەندەك، بۇ

باقاسىز دۇنياغىمۇ ئىشەنمە.

ھۆسەيىن ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلاپ، چايغا قولىنى ئۇزاتقاچ دېدى:

ـ بۇنداق گەپلەرنى سەندەك ئادەملەر تاپىدۇ، دۇنيانى پاھىشىگە ئوخشىتىدۇ، دېمەك پاھىشىنىمۇ شېرىن ۋە گۈزەل دەپ ئويلايدۇ؛ ئۇنى قانچە ئوينىغانچە شۇنچە قانمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆمرى ئاز قالغاندا ئازابلىنىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقۇپ يىغلايدۇ.

ـ ھەممە ئىنسان شۇنداق!ـ دېدى خالىد ئىشەنچ بىلەن ـ مەن تەقۋادىنمۇ، پاسىقتىنمۇ قورقمايمەن، مەن بىر ئىنسان.

ـ شۇنداق، سەن ئىنسان، سەن ئاجىز، سەن بىچارە، سەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكۈچى.

ـ توغرا دەيسەن.

ـ ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلىۋاتسا، سەن بۇ رەھمەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ گۇناھلارغا چۆكۈپ كەتسەڭ ئاقىۋىتىڭ قانداق بولار؟

ـ بۇنىڭدىن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۆزۈڭ قانچىلىك ئىدىڭ؟!

ـ مەن دېگەن ئاللاھنى مۇھەببەت بىلەن زىكىر قىلىمەن، ساھىبجامال قىزلارنىڭ چېھرىدىن ئاللاھنىڭ سەنئىتىنى ئىزدەيمەن، مۇشۇكىنىڭ كۆزىدىن ئاللاھنىڭ مۆجىزاتىنى بايقايمەن. مەن ئۆزۈممۇ بىر مۆجىزە، لېكىن بۇنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرىدىغان ئەۋلىيالىق مەندە يوق. مەن بەكمۇ ئاددىي ئىنسان، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايمەن، تۇرۇپ گۇمانلىنىمەن، يەنە كېچەلمەيمەن. بۇمۇ روھۇمدىكى بىر كېسەل ئوخشايدۇ. ئەمما قەلبىمدە مۇھەببەت يوق ئادەملەر ئەجەللىك كېسەللىككە گىرىپتا بولغان بىمارلارغا ئوخشايدۇ.

ـ سەنمۇ ئېغىر كېسەل، ـ دېدى خالىد بوي بەرمەي، ـ سەن مۇھەببەت، مۇھەببەتلا دەيسەن، خوتۇنىڭدىن قاقشايسەن، ئەمدى بۇ قىزنى تېپىۋاپسەن، شۇنى مۇھەببەت دەۋاتامسەن؟

ـ مۇھەببەت مەۋھۇم نەرسە ئەمەس، مەن بۇ قىزنىڭ جامالىدىن مۇھەببەت نۇرىنى كۆردۈم.

ـ بۇ يالغان، سەن ئۇنىڭدىن نەپسىڭنى قاندۇرۇشنىلا ئويلايسەن.

ـ لېكىن مەن ساڭا ئوخشىمايمەن.

ـ ئۆزۈڭنى يەنە پاك دەۋالماقچىمۇ؟

ـ مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەت ئوخشىمايدۇ.

ـ ئوخشاش گەپ يا خالىد، مۇھەببەت دېگىنىڭمۇ شۇ شەھۋەت، لەززەت دېگەن گەپ.

ـ بۇ سېنىڭ قارىشىڭ.

ـ ئەمىسە تالاشمايلى، ئاشناڭنى مۇھەببىتىم دەپ يۈرۈۋەرگىن.

ـ مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ئويلاۋاتىمەن.

ـ ئاشۇ مالاي قىزنىما؟

ـ كۆڭۈلگە ياقسا چۆرە قىزنىمۇ ئېلىش كېرەك.

ـ سەن راستتىنلا مەجنۇن بوپسەن، ئەگەر ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالساڭ ئارىمىزدا سۆز-چۆچەككە قالىسەن.

ـ سىلەر ناشايان ئىش قىلساڭلار گەپ يوق، مەن ھالالدىن نەپسىمنى قاندۇراي دېسەم ئۇستۇمدىن گەپ قىلامسىلەر؟

ـ توي باشقا، ئويناش باشقا.

ـ مانا بۇ پاسىقلىق!ـ دېدى ھۇسەيىن ئاچچىق كۈلۈپ، ـ ئەگەر ئۇنى خوتۇن قىلمىسام زىنا قىلسام بولىدۇ.

ـ بۇرۇنمۇ قىلغاندىكىن ئەمدى قىلىۋەرسەڭمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ.

ـ ئۇ ۋاقىتتا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەندىم، ھازىر ئۇ ئىشلاردىن سەسكىنىمەن.

ـ مادارىمىز توگىدى دېگىنە،ـدېدى خالىد بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ،ـ كۆپىنچە ئەرلەر شەھۋەتنى ئاجىزلاپ كەتكەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۆزۈڭنى قىينىما ھۇسەيىن، بۆرىكىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا بىر نەچچە دورىنى تەۋسىيە قىلاي، بۇ دۆلەتتە باھنى قۇۋۋەتلەش دورىسى مۇشۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسىدەكلا كۆپ.

ھۇسەيىن دەسلەپتە تېرىكىپ، كېيىن خالىدنىڭ گېپىدىن زوقلىنىپ قالدى.

– دورىنى سەنلا ئىشلىتىپ ئۆتۈپ كەت، بۇ دۆلەتتىكى ۋاقتىڭنى قانچە ئۇزارتساڭ شۇنچە ئۇزارتىپ، نەپسىڭنى قاندۇرۇپ يۈرۈۋەر. لېكىن مەن ئۇنداق ياشاشتىن زېرىكتىم.

– يەنە يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن ھۆسەيىن، زېرىكسەڭ بۇ قىزنى يېنىڭغا ئېلىپ كېلىۋالامتىڭ؟ ئۇنىڭغا ئۆي ئېلىپ بەرگەنسەن ھەرقاچان. ئۇنداق مۇلايىم كۆرۈنگەن بىلەن ئۇ بەك يامان قىز، ياش بولغاندىكىن جىنسىي ھەۋىسى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۆيگە باشقا ئادەملەرنى ئەكىرىپ يۈرمىسۇن يەنە. ئەڭ ياخشىسى، سەن مۇھەببەت ھەققىدىكى خام خىياللىرىڭنى قويۇپ، بەدىنىڭنى قۇۋۋەتلە، ئۇ قىزنى رازى قىل. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ خوتۇنىڭدەكلا بولۇپ قالىدۇ، توي قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

ھۆسەيىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، «كەسىپ ئەھلى» خالىد ئۇنىڭغا «توغرا يول» كۆرسىتىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى؛ لېكىن، بۇ پاھىشىۋازنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى قىلالامسىمۇ؟

– سېنىڭچە ئۇ قىزنى خوتۇن قىلىپ ئۆز ئارزۇيۇمچە ياشىسام زادى بولمامسىمۇ؟– دېدى ھۆسەيىن ئېغىر تىنىپ.

– ئۇ سېنىڭ خىيالىڭ، توي قىلمايمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، بەلكى تېخىمۇ پەيزى ياشىغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىز بىلەن توي قىلساڭ ئاۋارىچىلىك، چىرايى ئەرەب قىزلارغا ئوخشىغان بىلەن ئەرەب ئەمەس، قايسى مىللەت دېدى، بىر مىللەتكەن؛ نەسلى تۈركلەرگە، بۇخارىيلىقلارغا تۇتىشىدىكەن. نەسلى ئەرەب بولمىغاندىكىن خوتۇنۇڭدىن رازىلىق ئېلىشىڭ تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىزنىڭ تېگى-تەكتىنىڭ تايىنى يوق، بىزنىڭ باش ئەلچىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن، مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ ئىشلىدى، مۇشۇنداق تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر قىزنى ئالساڭ ئەلچىخاناڭدىكىلەر نېمە دەيدۇ؟ باشقا بۇرادەرلىرىمىز نېمە دەيدۇ؟ ئۆزۈڭ ئويلاپ باق. چىرايىنى دېسەڭ، ئەرەب قىزلىرىمىز ئۇنىڭدىن چىرايلىق. بىزنىڭ قىزىقىدىغىنىمىز بۇنداق چىراي ئەمەس، ھەقىقىي جۇڭگولۇق قىزلارنىڭ چىرايى. ئۇلارنىڭ بېلىقتەك بەدىنىنى، ناز-خۇلقىنى، قاچان دېسەڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۆزەڭمۇ ئوبدان بىلىسەن. بىر نەچچە قېتىم بىللە بولغانغا ئۇلار سەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ تۇرۋالمايدۇ، پۇلنى ئېلىپ كېتىدۇ، ئاۋارىچىلىكى يوق. ئەتراپىڭدا

مۇشۇنداق ئىمكانىيەتلەر تۇرسا نېمىشقا پايدىلانمايسەن؟ كونىسىدىن زېرىكسەڭ يېڭىسى پەيدا بولۇۋاتسا، جاھاندا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق بارمۇ؟ يەڭگىل، ئەركىن ياشىماي، ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك ئىزدەپ نېمە قىلىسەن؟ خوشۇڭ كەلسە بۇ قىز بىلەن ئويناپ قوي، مۇھەببەتلىشىمەن دېسەڭمۇ مەيلى، لېكىن توي قىلىمەن دەپ يۈرمە، ئىناۋەتنى تۆكىسەن، ھەممە ئادەم سېنى تىللايدۇ.

ــ بۇنى بىلىمەن، لېكىن مەن ئۆزۈمگە خاس، مۇستەقىل ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن، زىناخورلۇقتىن راستتىنلا زېرىكتىم. گۇناھقا گەدەنگىچە پېتىپ كەتتۇق، سەن بولساڭ گۇناھقا چۆكۈپلا كەتتىڭ، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ...ــ دېدى ھۈسەيىن مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈمسىرەپ.

ــ يەنە ئۆزۈڭنى مەندىن ئۈستۈن قويۇۋالماقچىما، چېپىڭغا باھانى قۇۋۋەتلەش دورىسىدىن ھازىرلا بىرنى سېلىپ بەرسەم، زۆھرەنى يېنىڭغا چاقىرىسەنغۇ دەيمەن، شۇ چاغدا مۇھەببەت دېگەنلەرنىڭنى كۆرەتتىم. مەن ئىشقى-مۇھەببەت دېگەننى باھنى قۇۋۋەتلەش دورىسى دەپلا چۈشىنىمەن.

ــ شەھۋەتپەرەسلەر شۇنداق چۈشىنىدۇ.

ــ مەن شەھۋەتپەرەسلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، بۇ دېگەن ئەركەكلىكىنىڭ نامايەندىسى. سەندە بۇ نەرسە كەمچىل بولسا كېرەك، ئاياللاردەك رومانتىك ياشايمەن دەپ جاھىللىق قىلىۋاتىسەن.

ــ شەھۋەتكە رومانتىكلىق قوشۇلسا گۈزەل بولىدۇ، سەن بۇنى چۈشەنمەيدىكەنسەن.

ــ بولدى تالاشمايلى ھۈسەيىن، ئىشقىلىپ قانداق ياشىساق خۇشال ياشىساقلا بولدى. بولمىسا قېرىغاندا پۇشايمان قىلىمىز. لېكىن ھازىر قېرىلارمۇ پۇشايمان قىلماس بولۇپ كېتىپتۇ ــــ قېرى بايلار ئامېرىكىنىڭ دورىلىرىنى، پەقىرلىرى جۇڭگونىڭ دورىلىرىنى ئىشلىتىدىكەن.

ــ ئەمىسە، سەنمۇ بەك كۈچەپ كەتمىسەڭ بولغۇدەك، بەربىر دورىنىڭ ئىشكەن...

ــ لېكىن ئوخشىمايدۇ، قانچە تەبىئىي بولسا ھۇزۇر شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ياشلىقىمىزنى قەدىرلەش كېرەك.

ــ ئەمما شەھۋەتكە بەك بېرىلىپ كەتسەڭ ياشلىقىڭنى نابۇت قىلىسەن، بالدۇر قېرىپ كېتىسەن ــ دېدى ھۈسەيىن ــ ئادەمنىڭ ھاۋايى نەپسى ھەرگىز قانمايدۇ. شۇڭا قانائەتچان، سەۋرچان بولۇش كېرەك.

ــ بۇ ئاجىزلارنىڭ باھانىسى، ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

ــ سەن دېۋىدەك كۈچلۈك ئوخشىمامسەن؟ــدېدى ھۆسەيىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، ــ ھەقىقىي ئەركەك ئۇنداق بولمايدۇ، كاللىسى پۇچەك ئادەملا شەھۋەتتىن پەخىرلىنىدۇ.

خالىد يەنە تېرىكتى، ئاچچىقى ئىچىگە پاتماي قالدى:

ــ شۇنداق، مەن پەخىرلىنىمەن، سېنىڭ بولسا پەخىرلىنىدىغان ھېچنېمەڭ يوق. پاھىشە بولۇپ كەتكەن قىزنى خوتۇن قىلىشتىن پەخىرلىنەمتىڭ يا؟!

ــ نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق،ــ دېدى خالىد ئورنىدىن قوپۇپ.

ــ مەن دوستلۇق يۈزىسىدىن دەپ قوياي، سەن ئەرەبلەرنىڭ يۈزىنى تۆكمە!

ــ ئەرەبلەرنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋاتقان كىم؟

ــ بولدى، مەن كېتەي، بىر پاھىشەنى دەپ مۇنداق جېدەللىشىشنى خالىمايمەن.

ــ مەئەسسالام (خەيرخوش)ــ دېدى ھۆسەيىن جايىدا ئولتۇرۇپ. خالىد چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تەمكىنلىك بىلەن چاي ئىچتى، تاماكا چەكتى، ئەمما كەيپىياتى بارغانچە ئوساللىشىپ كەتتى، كاللىسىنى مالىمان قىلىۋاتقان بىر تالاي زىددىيەت ۋە غەشلىك خۇددى كۆز ئالدىدىكى تاماكا ئىسىدەك لەيلەپ، كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. خالىد بىلەن شۇنچە پاراڭلىشىپ ئاخىر كۆڭۈلسىز خوشلاشقانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى، «كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە بىر قاپاق چېلىم تارتايلى» دېگەن گەپنى ھېچكىمنىڭ قىلمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، شەھۋەت ھەققىدىكى پاراڭ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى.

خالىد چىقىپ كېتىۋېتىپ، سالوندا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان زۆھرەگە بىزارلىق بىلەن قاراپ قويدى، زۆھرە خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپسىمۇ پىسەنت قىلمىدى ۋە ئۇنى خىلمۇ خىل گۇمان، يوقىلاڭ خىياللارغا سېلىپ قويۇپ كەتتى.

بىر چاغدا ھۆسەيىن زۆھرەنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، ئۇنىڭغا باشقىچە نەزەردە تىكىلدى. زۆھرە «نېمە ئىش؟»دېگەندەك ئىسەنگىرەپ قاراپ تۇراتتى.

– سىرتقا چىقاتتىم، ئايىغىمنى سۈرتۈپ قويۇڭ، – دېدى ھۆسەيىن تاماكىسىنى كۈلدانغا مىجىقلىتىپ، ئاندىن ئورنىدىن قوپۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان زۆھرەنىڭ يېنىغا كەلدى، چىرايىدا يا خاپىلىق، يا خۇشاللىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى، – ئەنە ئاۋۇ يەردە ئاياغ سۈرتىدىغان لاتا بار.

زۆھرە بوينىنى سوزۇپ، ئۇ نەرسىنى كۆرگەندەك مېڭىپ لاتىنى قولىغا ئالدى، ھۆسەيىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېڭىشتى. ھۆسەيىن پۇتىنىڭ ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ قىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى، خوتۇنلۇققا زادى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى، ئىشتىنىغا پاتماي كۆرەڭلىدى، مۇھەببەتنى دەپسەندە قىلىۋاتقاندەك، بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى ھەم بۇنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقارغۇسى كەلدى. زۆھرەنىڭ قولى خارلىق ئىچىدە ھەرىكەتلىنەتتى، كۆزلىرى قارا رەڭدىن باشقىنى كۆرمەيتتى؛ باياتىن ئېسىل سافادا ئولتۇرۇپ ئېكراندىكى گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئۆز رىئاللىقى بىلەن نەقەدەر يېقىنلىقىنى ھېس قىلغان زۆھرە ئەمدى مايلامچىلىق قىلىۋاتاتتى؛ ئەركىنلىكىم مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ دەپ يۈرگەندە توساتتىن قۇللۇق، مالايلىققا چۈشۈپ قالدى؛ ئادەتتە زوقلىنىپ، تەسەۋۋۇردىن چىقماي كەلگەن يوپيورۇق تۇرمۇش بىردىنلا خۇنۈكلىشىپ، ھۆسەيىننىڭ ئايىغىدەك قارىيىپ كەتتى...

ئۇ ئاياغنى سۈرتۈپ بولۇپ، «ئەمدى بولدىمۇ»دېگەندەك ھۆسەيىنگە قارىدى.

– پاكىز سۈرتۈڭ، كەينىمۇ قالمىسۇن، –دېدى ھۆسەيىن.

زۆھرە تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ھېسسىياتتا ئاياغنىڭ تاپىنىنى سۈرتتى. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئورنىدىن قوپماستىلا ھۆسەيىن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزدى ۋە قۇچاقلاشقا ھەرىكەتلەندى. زۆھرە تېزلىك بىلەن كەينىگە داجىدى، قولىدىكى لاتا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

– نېمانداق ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟– دېدى ھۆسەيىن ئاچچىقلىنىپ.

– قولۇم پاسكىنا، قولۇمنى يۇيۇپ چىقاي...–دېدى زۆھرە تىترەپ.

– ھېچنېمە بولمايدۇ، مېنى ئوسال قىلماڭ، – دېدى ھۆسەيىن زۆھرەگە ئېتىلىپ كېلىپ. زۆھرە

ئۇنىڭ قۇچىقىغا چۈشۈپ قالدى، ھۆسەيىن ئۇنىڭ قولىدىكى لاتىنى تارتىپ چۈرۈۋەتتى. ھۆسەيىن ئىچىرقاپ كەتكەن قىرى مۆشۈكتەك تىپىرلايتتى، تەستە قولغا كەلگەن ئولجىنى تارتقۇشلايتتى، يەپ ھۆزۈرلىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنى پۇراپ يالاشقا ئىنتىلەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن زۆھرە ھوشىنى يوقاتتى، سېپسىق تاماكا ئىسىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك تىنالماي، چىدىغۇسىز بىر بىئاراملىقتا تولغاندى. شۇ ئەسنادا ئىشخانىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، «سەت قىلىقىڭنى توختات ھۆسەيىن» دېگەن بىر سىگنال چېلىنغاندەك بولدى، دىققىتى بۆلۈنۈپ كەتكەن ھۆسەيىن زۆھرەنى قويۇپ بېرىپ، تېلېفوننىڭ يېنىغا ماڭدى، زۆھرە ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

زۆھرە ئەلچىخانا بىناسىدىن سىرتقا چىقىپ، پىيادىلەر يولىدا مەقسەتسىز ماڭدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى، ھۆسەيىننىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ، قارىيىپ كەتتى، ئۇ زۆھرەگە بەرگەن ئىشەنچمۇ ئۇلى بوش تامدەك ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتاتتى. ئەزىزلىك بىلەن خارلىقنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەملا كېلەتتى. زۆھرە سىيىت قارىغا تېلېفون ئۇرۇشنى ئويلاپ، بولدى قىلدى، ئادىلەگە دەردىنى تۆكۈشنىمۇ خالىمىدى. ئاخىر يەنە شۇ بىچارە ئانىسىنى ئېسىگە ئالدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، كۆزىگە لىق ياش تولدى، بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. قوپال گەپ قىلىدىغان ئاچىسى تېلېفوننى ئالدى:

ـ ھە، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ نېمانداق تېلېفون قىلمايسەن؟ سېنىڭ دەستىڭدە كالىلىمىز بىر كۈن ئارامىدا ئەمەس، قاچان قايتىپ كېلىسەن؟

ـ تېخى ئەمدى ئىشقا ئورۇنلاشتىم، بىر ئاز ئىشلەپ پۇل تېپىۋالاي، ئاندىن بارىمەن...ـ دېدى زۆھرە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

ـ سەن مۇشۇنداق دېگىلى بىر يىلدىن ئاشتى، زادى قاچان يېنىپ كېلىسەن؟ ئەمدى كەلمىسەڭ، كەلمە. خەقنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزمۇ قالمىدى، كەلسەڭمۇ بۇ يەردە سېنى ئەر ئالمايدۇ، بەرىبىر يۈزىمىزنى تۆكىسەن.

ـ نېمانداق گەپ قىلىسەن؟! ئەرگە تەگمىسەم تەگمەسمەن، ئەر دېگەنگە سەنمۇ تويدۇڭغۇ، نېمانداق

ماڭا ئىشەنمەيسەن؟ــ دېدى زۆھرە ئاچچىقىنى ئاچسىدىن ئىپلىۋاتقاندەك.ــ مەن سېنىڭ ئىزايىڭنى ئىشتقىلى تېلېفون قىلمىغان، ئانام بىلەن كۆرۈشمەن.

ــ ئانام باغقا چىقىپ كەتكەن، ئاۋازىڭنى ئاڭلىسا يەنە يىغلىغىلى قوپىدۇ. سەن زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ماڭا بىر دېگىنە قېنى، يۈزىمىزنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلمىغانسەن؟ ئەمىسە نېمىشقا كەلمەيسەن؟ نېمىشقا بىزدىن قېچىپ يۈرۈيسەن؟

ــ ساڭا دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن، چۈشەندۈرسەم ئاڭلىمايسەن. خۇدايىم ئالدىدا قەسەم قىلساممۇ يالغان دەيسەن. ئەڭ ياخشىسى، مەن ئانام بىلەن سۆزلىشەي، ئانامنى چاقىرىپ قويغان بولساڭ.

ــ سەن ساددا، سەن دۆت.ــ دېدى ئاچىسى تېرىكىپ ۋارقىراپ.ــ بىر ئوبدان ئۆينى تاشلاپ كوچىدا پوق بارمۇ؟ تېخى مەن چۈشەنمەيدىغان قاپاقۋاشكەنمەن، ۋاي ئەقىللىق ساراڭ، تولا نېرۋامنى ئۆرلەتمەي ئەتىلا يېنىپ كەل، بولمىسا ئىككىنچى بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولما!!

زۆھرە يۈرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى، يامانلاقلىق ئاچىسى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك سەپرا، تېرىككەك بولۇپ كەتكەندى.

ــ ئاچا، مېنىڭ مۇشۇ تاپتا كۆڭلۈم بەك يېرىم، سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇدەك ھالىم يوق.ــ دېدى زۆھرە ھېلىلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك جىلە بولۇپ،ــ ئانام بىلەن كۆرۈشكىلى قويغىن...

ــ ئانامنىمۇ ساراڭ قىلاي دەمسەن، مۇشۇنداق قىلىپ ھەممىمىزنى ساراڭ قىلىپ بولدۇڭ. ئەۋەتكەن پۇللىرىڭنى يا خاتىرجەم خەجلىگىلى بولمىغان، خەق ھەر قىسما گەپلەرنى دەپ يۈرىدۇ... دادام خەقنىڭ نەزىرىدە بىر شۈۋىكەش بولدى قىزىنىڭ پۇلىنى خەجلەيدىغان... بىزمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيۋاتىمىز... بىزنى ما مەھەللىدە ياشىغىلى قويامسەن ـ يوق؟!

ــ نېمانچە ئەسكى خەقلەر ئۇ، تـوۋا خۇدايىم تـوۋا.ــ دەۋەتتى زۆھرە ئاھ ئۇرۇپ.ــ ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئەۋەتسەممۇ ئۇنى-بۇنى دېسە، مېنىڭ ئۇستۇمدىن گەپ تاپقىچە ئۆيىدىكى قىزلىرىنى باشقۇرسا بولمامدۇ؟ مەنمۇ ئەرنىڭ قولى بولۇپ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغان بولسام كۆڭلى تىنامدىكەن ئۇ خەقلەرنىڭ؟ شۇڭا مەن ئۈچ ئۇنداق مەھەللىگە، ئادەملىرىنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، نېمە دېسە دەۋەرسۇن،

پەرۋايىم پەلەك!

ـ سىزنىڭ كارىڭ بولمىغان بىلەن، گەپ بىزگە كېلىدىكەن! سىزسىز گەپ بىزگە ئۆتمەيدىكەن!

ـ سىلەردىمۇ ئىچىمىز بولغاندىكىن، قايتۇرۇپ ئوبدان گەپ قىلساڭلار بولمامدۇ؟ سىلەرمۇ ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟

ـ تاڭ خېنىم، قالغىنىنى خۇدايىم ئۆزى بىلەر. ئانامۇ كېلىۋاتىدۇ، تېلېفوننى ئانامغا بەردىم، خوش، نومۇس قىلىپ يۈرەرسەن!

زۆھرە ئاچچىقىدىن قوتۇلۇپ، ئانىسىنىڭ يىغىسىغا تۇتۇلدى.

ـ يىغلىماڭ ئانا... دېدى زۆھرە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ.

ـ ۋاي ھاي.... جېنىم قىزىم، يىغلىما دېسەن، ئۆزەڭمۇ يىغلايسەن، مەنمۇ يىغلايمەن. قانداق، ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟

ـ ياخشى، ئانا... دېدى زۆھرە بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

ـ ياخشى تۇرغان بولساڭ بوپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە تولا چۈشۈمگە كىرىپ قالدىڭ، ئەسكى چاپاننى كىيىپ كوچىدا يۈرگىدەكسەن، چاچلىرىڭ مەينەت، بىر توپ ئادەم سېنى ئىتتىرىپ يىغلىتىپ يۈرگىدەك، بېرىپ قولۇڭدىن تارتىپ ئەكىلەي دەيمەن، يا بارالمايمەن... يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىمەن. خۇداغا شۈكرى، ياخشى تېلېفون قىلىپسەن، ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى، لېكىن سەن كەلمىگۈچە كۆزۈمدىن ياش قۇرىمايدۇ مېنىڭ...

ـ كۆڭلىڭىزنى ئۇنداق يېرىم قىلماڭ ئانا، مەن چوقۇم قايتىپ بارىمەن.

ـ كەلگەندە كۆرەيلى سېنى- دېدى ئانىسى ئۇھ تارتىپ، - ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ تۇرغان بىلەن ئادەم يەنە چىدىمايدىكەن، سەنمۇ ئەرگە تېگىپ بىر بالىنىڭ ئانىسى بولغاندا بىلەرسەن...

ـ مەن بىر ياخشى خىزمەت تاپتىم ئانا- دېدى زۆھرە يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ- مائاشىم 3000 كويدىن ئاشىدۇ، تۇرۇۋاتقان ئۆيۈممۇ ياخشى...

ـ بوپتۇ بالام، ئوبدان ياشىغىن...

ــ كېيىنچە سىزنى ئەكىلىۋالسام دەيمەن، ئۆمرىڭىزدە بۇنداق شەھەرنى كۆرمەيلا ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ.

ــ كېيىن بىر گەپ بولار. ئاۋۋال سەن كەلگىن، كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولسۇن.

ــ مەندىن نېمىشقا ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىغانسىلەر دەيمەن...

ــ تويۇڭنى قىلىۋەتكەن بولساق خاتىرجەم بولاتتۇق.

ــ بۇ ئىشنى مەنمۇ ئويلىشىۋاتىمەن ئانا.

ــ بەك كەينىگە سۈرۈۋەتمە، سەن ئەرگە تەگمىگىچە بىزگە ئارامچىلىق يوق. يالغۇز قىز بالا سىرتتا ئۇزاق تۇرۇپ كەتسە سۆز-چۆچەككە قالىدۇ. خەقنىڭ ئېغىزىنى توسىۋالغىلى بولمايدىكەن، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن جىق گەپ تېپىشتى. سىيىت قارىم يوقاپ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ كەينىدىنمۇ ھەر خىل گەپلەرنى قىلىشتى، تاشچىلىق قىلىمەن دەپ كۈلىغا كېتىپتىمىش دەيدۇ، سەن بىلەن كۆرۈشمىگەندۇ؟

ــ كۆرۈشتۇق، ئۆيۈمگىمۇ كەلدى، لەڭمەن ئېتىپ مېھمان قىلدىم،ــدېدى زۆھرە خۇرسەنلىك بىلەن.

ــ ياخشى قىلىپسەن قىزىم، سىيىت قارىم ئوبدان بالا، جامائەتمۇ بەك گېپىنى قىلىدۇ. ئەسلى شۇ بالا بىلەن تويۇڭنى قىلىشنى ئويلاشقانىدۇق، كەلمەيلا قويدۇڭ. ئۇ بالىمۇ ساڭا تارتىنشقاندەك خېلىغىچە ئۆيلەنمەي يۈردى، كېيىن مەھەللىمىزدىكى قادىراخۇننىڭ قىزى گۈلنىساغا ئۆيلەنگەنىدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن تالاق قىلىپتۇ، مەھەللىدە ھەر خىل گەپ بولۇپ كەتتى. گۈلنىساخان ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن قىز ئىدى، قانداق بولۇپ سىيىت قارىمغا تېگىپ قالدى، ئۇقمىدۇق. ئۆيىدىكىلىرى قارىمنى ياۋاش كۆرۈپ زورلاپ بەرگەن چېغىۋا، قارىممۇ ياۋاش ئەمەسكەن، قىز چىقمىدى دەپ قويىۋېتىپتۇ. شۇڭا دەيمەن، سەنمۇ ئۆزۈڭگە چىڭ بول، ئەگەر يۈزىمىزگە داغ تەگكۈزىدىغان بولساڭ، بەرگەن سۈتۈمگە ئۆلگۈچە رازى ئەمەسمەن، بۇ گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن.

ــ گېپىڭىزدىن چىقماي ياشاۋاتىمەن ئانا، ماڭا ھەر ۋاقىت دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ.

ــ لېكىن ۋاقتىدا ئەرگە تېگىۋال، بولمىسا ئىشىڭ تەســ دېدى ئانىسى كەسكىنلىك بىلەنــ خوتۇن كىشى ئاجىز كېلىدۇ، شەيتان ئاسان ئازدۇرىۋېتىدۇ. ياخشى بىر ئەرگە تېگىۋالساڭ، نەدە ياشىساڭ

مەيلى، خاتىرجەم ياشايتتۇق.

ــ مېنىڭمۇ سىلەرنى خاتىرجەم قىلغۇم بار، لېكىن ماڭا لايىق ئادەم بولمىسا بۇ يەردە؟! يۇرتقا بارسام تېخى توي قىلالمىسام... باياتىن ئاچام بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىلدى ماڭا.

ــ سىيىت قارى بولمامدۇ؟ــ دېدى ئانىسى زۆھرەنى ھەيران قالدۇرۇپــ قارىمنىڭ خوتۇنىدىن پەقەت تەلىيى كەلمىدى. ئۆزى ئوبدان، پاكىز بالا. ئىماملىقنى ياخشى قىلىدۇ دەيدۇ، بىر مۇنچە ياش بالىلارنى مەسچىتكە بارىدىغان قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىككىڭلار بۇرۇندىن تونۇشىسىلەر...

ــ بىر خوتۇن ئالغان بالىغا تېگەمدىمەن؟

ــ نېمە بوپتۇ، بىر قېتىم خوتۇن ئالغان دەپ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇپتىمۇ؟ ئەر كىشى ئون قېتىم خوتۇن ئالسىمۇ بەربىر ئەر، ئۇلارنى خوتۇن خەقتەك قىز، جۇۋان دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ.

ــ ئۇنىڭغا تەگسەم كېيىن قانداق قىلىمەن؟ بىر ئۆمۈر جاپا چېكەمدىمەن؟ ــدېدى زۆھرە دەردىنى تۆكۈپــ ئۇ بالىمۇ يۇرتتا ئىماملىق بىلەن جان باقالماي مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ تاشچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ تاشمۇ ئۆزىنىڭ تېشى ئەمەسكەن، باشقا بىر قارىمغا تاش سېتىشىپ بەرگىلى كەپتۇ.

ــ كەمبەغەل بولسا ھېچنېمە بولمايدۇــدېدى ئانىسى ئىشەنچ بىلەنــ نۇرغۇن ئادەم كەمبەغەللىكتە ياشاپمۇ ھېچ نېمە بولمىدى، يەنىلا ئوبدان كېتىپ بارىدۇ، بىزمۇ شۇنچىلىك ياشاۋاتىمىز. كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب. سىيىت قارى پۇل تاپىمەن دەپ تىرىشىۋېتىپتۇ، بەلكىم ئاز-تولا بىر نەرسە تاپقاندۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ دىندا ئوقۇغان بالا، ھازىر بۇنداق بالىنى تاپماق تەس. بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۆيگە كىرىپ ماڭاتتى، ئېغىرراق نەرسە ماڭدۇرۇپ بەرسەكمۇ ئېغىر كۆرمەي ئېلىپ ماڭاتتى؛ «ئىككىسى بولسا تېپىشىپ قالسا، توينى قىلساق» دەپ ئويلاپ قالاتتۇق، كېيىن ئۇ بالا كەلدى، سەن يوق، خىيالىمىز ئىشقا ئاشمىدى. سەن شۇ كەلمىگەنچە مانا ھازىرغىچە تېنەپ يۈرۈيسەن.

ــ ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، مانا ھازىر بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىمەنــدېدى زۆھرە ئويچان قىياپەتتە ئەتراپقا قاراپ، ــ سىيىت قارى ئۆيۈمگە كەلگەندە بولمىسا شۇ گەپنى قىلغان.

ــ توي قىلىلى دېگەنما؟ــ دېدى ئانىسى خۇشال ئاۋازداــ ئەجەب ئوبدان گەپ بوپتۇغۇ بۇ، سەن نېمە

دېدىڭ؟

ـ مەن بۇنى ئويلاپ باقمىغاندىكەن، «هازىرچە تەييارلىقىم يوق» دەپ گەپنى تۈگەتتىم.

ـ ئوبدان دەپسەن قىزىم، ئۇ يەردىمۇ ئەر تاپالمىساڭ، بۇ يەردە سېنى ئەر ئالمىسا، ئاشۇنداق يۈرۈۋەر. بىز بۇ يەردە «بېيجىڭدا قىزىمىز بار» دەپ ئۆتتۇۋېرەيلى، سەن «مېنى ھېچكىم كۆرمىدى» دەپ ئەركىن ياشاۋەر. ھېچكىم كۆرمىگەن بىلەن خۇدايىم كۆرۈپ تۇرىدۇ. خۇدايىم ئىنساۋىڭنى بەرسۇن...

ئانىسىنىڭ تەنە ئارىلاش، ھەسرەتلىك، ئۈمىدسىز گەپلىرى زۆھرەگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى، چىدىيالمىدى:

ـ ئاشۇ سىيىت قارىغا تەگسەم رازى بولامتىڭىز؟ ئەگەر سىزلا رازى بولىدىغان ئىش بولسا تەگسەم تەگدىم. لېكىن مەن سىيىت قارى بىلەن ئۇ مەھەللىدە نامراتلىقتا ياشاپ بولالمايمەن، شەھەرگە كۆنۈپ قالغان ئادەم يېزىغا ھەرگىز كۆنەلمەيدۇ ئانا...

ـ توۋا ما بالىنى، مۇشۇ مەھەللىدە 20 يىل ياشىدىڭ، شەھەر كۆرگىنىڭگە ئۆتۈپ كەتسە ئۈچ يىل بولغاندۇ، شۇنچە كۆنۈپ كەتتىڭمۇ كۇلىغا؟ بۇ مەھەللە ساڭا لازىم ئەمەسما؟ ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ، ئايلىنىپ يەنە كېلەرسەن. يۈرتتىن چىقىپ كەتكەنلەر يەرلىكىدە ياتقىلى بولسىمۇ مەھەللىسىگە كېلىدۇ، ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرىدىغانغا يەنە مۇشۇ مەھەللەكوي، جامائەت كېرەك بولىدۇ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانغا سىيىت قارىدەك بىر ئىمام لازىم بولىدۇ. سەن كېيىنلىكىڭنى ئويلا، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىۋەندە ئەمەس. كۇلىدا يۈرۈۋېرىپ ياغلىقىڭنى ئېلىۋەتكەنسەن، نامازنىمۇ تاشلىۋەتكەنسەن ھەرقاچان؟! مەن شۇنى ئويلاپ بولدۇم. چۈشۈمدە كۆرگىنىم بىكار ئەمەس، چاچلىرىڭ چۇۋۇق، چىرايىڭ تۇتۇق... كۆڭلۈم ھازىرمۇ بەك يېرىم. سىيىت قارىغا تەگكەن بولساڭ، ھېچ بولمىغاندا ياغلىقنى چىڭ چىگىدىغان، نامىزىڭنى جايىدا ئوقۇيدىغان بولاتتىڭ. سىيىت قارىنىڭ تەكلىۋىنى ئوبدان ئويلان. ئەگەر سىيىت قارىغا تەگسەڭ شۇ يەردە تۇرساڭمۇ، يۇرتقا يېنىپ كەلسەڭمۇ باشقا پىكرىمىز يوق، ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىز.

زۆھرە بۇ گەپنى ئويلىنىپ قالدى، ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرى قىزىقتۇرۇش كۇچىگە باي ئىدى.

ــ مەن بۇنى ئويلىشىپ باقاي ئانا. ئەگەر سىيىت قارىغا تەگسەم، مۇشۇ يەردە داۋاملىق قالسام رازى، شۇنداقمۇ؟

ــ مەن رازى بالام، سەن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتمىغۇچە بىز ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايمىز، ئاندىن نېمە ئىش قىلساڭ كارىمىز يوق، سەن شۇ بالىنى قولدىن بەرمە، مەن ئۇ قارىم بالامغا ئىشىنىمەن.

زۆھرە كۈلۈپ قويدى، ئانىسى بىلەن بىر دەم يەڭگىل پاراڭلىشىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئانىسىغا تېلېفون بېرىدىغان بولۇپ خوشلاشتى.

ئەمدى توي ھەققىدىكى رەڭگارەڭ ئويلار زۆھرەنىڭ كاللىسىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. نامراتلىقنى، يېزىدا ياشايدىغانلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا سىيىت قارى زۆھرەنىڭ كۆڭلىگە سىغىدىغان، ھەتتا مۇھەببەت بىلەن سىغدىلىپ كىرەلەيدىغان ئىنسان ئىدى؛ زۆھرە ئۇنىڭغا تېگىپ، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلغاندىلا ئارامبەخش بىر تۇرمۇشقا ئېرىشەتتى. لېكىن بۇ تۇرمۇش زۆھرەنىڭ خىيالىچە بولغاندا، يېزىدا ئەمەس، شەھەردە بولۇشى، زۆھرەنىڭ مەھەللىسىدە ئەمەس، بەلكى بېيجىڭدا بولۇشى كېرەك ئىدى. مەھەللىسىدە توي قىلسا زۆھرەنىڭ بۇ ياققا كەلمىكى تەس بولاتتى؛ مۇشۇ شەھەردىلا تويىنى قىلغۇدەك بىر مۇنچە ئىش چىقاتتى، ئاتا-ئانىلىرى ئاسانلىقچە كېلەلمەيتتى. ئەگەر نىكاھنى قىلىۋېتىپ، تويىنى كېيىن قىلغۇۋالسا، بۇنداق تويىنىڭ قىزىقى، داغدۇغىسى بولمايتتى، ئوغۇلدىن كۆرە، قىزنىڭ كۆڭلى بەك غەش بولاتتى، بۇنداق تويىنى ئامالىنىڭ يوقىدىن قىلسا بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولاتتى؟ سىيىت قارى زۆھرەنى يۇرتقا بىللە كېتىشكە، شۇ يەردە ئۆمۈر بويى تۇرۇشقا زورلايدۇ، زۆھرە بۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئۇنىمايدۇ. ھەممە گەپ سىيىت قارىدا، توي قىلغاندىن كېيىن ئەر كىشى ئۆزگىرىدۇ، توي كېچىسىدىن كېيىنلا مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك نىقابى يىرتىلىپ، تويىدىن ئاۋۋالقى گۈزەل ھېسسىياتلار بەش تۈگمەننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋېتىلىدۇ. زۆھرە سىيىت قارىنىڭ تەرىتىگە سۇ ئىسسىتىپ بېرىدىغان، نېمە دېسە لەببەي دەپ تۇرمىسا بولمايدىغان قۇشناچىمغا ئايلىنىدۇ....

«ۋاي، نېمانچە مۇرەككەپ مەسىلە بۇ... ــ دەپ ئويلايتتى زۆھرە ئىغىر ئۇھ تارتىپ، ــ بىشىمنىڭ

ئىچىمۇ تېشىمۇ قاتتى، بىچارە ئانامنى دېمىسەم، ھېچكىم بىلەن توي قىلغۇم يوق، ئەركىنلىكىم، يالغۇزلۇقۇم نەقەدەر قىممەتلىك، غېرىبلىقتا بەزىدە يىغلىساممۇ، لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا كۈلۈپ يۈرەتتىم. ئەمدى بۇ ئىش كاللامغا كەلدى. ھامان بىر ئەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايمەن. سىيىت قارىدىن باشقا ئەرلەر ناتونۇش ۋە قورقۇنچلۇق، مەن سىيىت قارىنى بويسۇندۇرالايمەن. مۇھەببەت بىلەن، قىيىداش بىلەن، ئاچچىقلاش بىلەن... بۇ بالىنى ئىلكىمگە ئالالايمەن، ئۇ قارىم بولغان بىلەن ھېسسىياتچان بالا، سەپرا بولغان بىلەن ئاچچىقىدىن ئىتتىك يانىدۇ. ئەرلىك غۇرۇرىدا چىڭ تۇرغان بىلەن قۇچىقىمدا ئېرىپ كېتىدۇ... ئارزۇيۇمغا پۈتۈنلەي يېتەلمىسەممۇ، شۇنىڭغا يېقىن بىر ھايات كەچۈرەلەيمەن...»

زۆھرە سىيىت قارى ھەققىدە شۇنچىلىك ئىشەنچلىك خىياللارنى قىلدىكى، ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. سەۋەب ئايدىڭ: سىيىت قارى ئۇنى ياخشى كۆرگۈچى. زۆھرە ئۇنى قوبۇل قىلغۇچى. سىيىت قارى ھاجەتمەن، زۆھرە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇچى. ياخشى كۆرگۈچى كۆپ ھاللاردا تۆۋەنرەك ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، چۈنكى مۇھەببەت ئۇنى قۇل قىلىۋېتىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىچارە قىلىۋېتىدۇ. زۆھرە ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، ھەر ئىشنى ئۆز ئارزۇيىغا توغرىلاپ ماڭسا بولۇۋېرىدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا تۈزۈك يول قالمىدى. ئەگەر بۇ يولدا ماڭمىسا ھۆسەيىننىڭ ئايىغىنى سۆرتىدۇ، خارلىققا قالىدۇ. ئەمما ھۆسەيىن ئۇنىڭغا ۋاز كېچەلمەس ئىمكانلارنى بەخش ئەتتى، مۇشۇ ئىمكانىيەتلەر سىيىت قارىدا بولغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى-ھە! ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان! بىچارە قارىمغا خۇدا رەھمەت قىلىپ، نەچچە مىليونغا يارايدىغان تاشتىن بىرنى بېرىۋەتمەيتتىكەن. شۇنداق بولغان بولسا، ھەممە ئىش ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتەتتىكەن، زۆھرە مۇرادىغا يېتەتتىكەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇنداق ئامەت تېشىغا ئۇچرىماي ۋاتقان سىيىت قارى مۇھتاجلىقىنىڭ تاشتىنمۇ قاتتىقلىقىنى ھەممىدىن بەك بىلەتتى؛ قولى يەتسە زۆھرەنى بۇ بۇلغىنىشچان ماكاندىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا ئېلىپ كېتىشنى ئويلايتتى.

زۆھرە تويىنىڭ ئىشىنى ئويلىغانچە ئېلىشىپ كەتتى. مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟ ۋاقىتلىق

ھېسسىيات. ۋاقىتلىق ھېسسىيات دېگەن نېمە؟ كۈچلۈك جىنسىي تەلپۈنۈش. زۆھرە ھەممە ئىشنى خىيالىدىلا تامامىلاپ كېلىۋاتقان قىز ئىدى، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، بىلمىگەنچە ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىمايلا توي قىلىدىغان بولدى، مۇھەببەتتىن يىراقلىشىپ جىنسىيەتنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىدىغان بولدى.

ئانىسى ئۇنى تويغا قىستاپلا قويدى، ئۇ ئەۋەتكەن پۇلنىڭ كۈچىمۇ يۈز-ئابرويغا تاقابىل تۇرالماپتۇ. ئۆيىدىكىلەر پىتنە-پاساتتىن قورقۇپلا يۈرۈشۈپتۇ. دېمىسىمۇ، سەھرادا خەقنىڭ گېپى يامان، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كاللىسىغا ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ، ھېچكىم مۇستەقىل پىكىر قىلىپ بىر ئىش قىلالمايدۇ، ئىش قىلسىمۇ دائىم باشقىلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارى، بەرگەن باھاسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. خەقلەر بىر-بىرىنى چەكلەشتىن ھوزۇرلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ گېپىنى جامائەت پىكرىدەك كۆرسىتىپ، بىر-بىرىگە گەپ ئۆتكۈزەلىگىنىدىن خوش بولۇشىدۇ. خەقلەر زۆھرەنى ئاللىقاچان بۇزۇقا چىقىرىپ، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، پەس كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرۈشۈپتۇ؛ ئەڭ ئاۋۋال گەپ تاپىدىغىنى پىتنىخور خوتۇنلار، ئاندىن قالسا يىگىتلەر. ئەرلەرمۇ خوتۇنلاردەك غەيۋەتخور بولۇپ كەتكەن گەپ. شۇ خەقلەرنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرى كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر-كىشەن بولۇپ زۆھرەنى قىسماقتا ئالغىلى نەۋاخ! ئۇنىڭ قىيناشلىرى ھەتتا بېيجىڭغىچە يېتىپ كېلەلەيدۇ. ئۆيىدىكىلىرى سۆز-چۆچەكنىڭ سىرتمىقىغا چۈشۈپ، زارلىنىپ نالە قىلىۋاتقاندا زۆھرە قانداقمۇ خاتىرجەم يۈرەلىسۇن؟! ئۆيىدىكىلىرىنى دېمىسە ئۇ نەس باسقان مەھەللىسىنىڭ ھېچ يېرى زۆھرەگە يېقىملىق كۆرۈنمەيتتى، ئېسىدە قالغان مەنزىرىلەرمۇ زوقلانغۇدەك ھېچ نېمىسى يوق خۇنۇك رەسىملەرگە ئوخشايتتى. شەھەر كۆرگەن، ئىلىم ئالغان سىيىت قارى مەھەللىسىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بەندە بولسىمۇ، بەربىر شۇ مەھەللىنىڭ ئادىمى ئىدى. زۆھرەنى خوتۇن قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ، مەھەللىسىدىكى ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاخىر شۇلاردەك قارا قورساق، قوپال، مۇستەبىت بىر ئەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا مۇھەببەت مەۋجۇد بولارمىدى؟ ئىككىيلەن ئېتىزلىقتا مۇھەببەت گۈللىرىنى تېرىپ، بىر-بىرىنى قوغلاپ ئوينىشالارمىدى؟ ھەممىسى خام خىيال. توي قىلماستا يارىشىدىغان ئىشلار توي قىلغاندىن كېيىن قاملاشماي قالىدۇ،

ھەتتا كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ.

تۇزۇككىنە مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان زۆھرە تويىنىڭ گېپى چىققاندا مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى؛ ئۆزىنىڭ شۇنچە گۈزەللىكىگە باقماي تا ھازىرغىچە مۇھەببەت دېگۈدەك مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكىگە ئېچىندى، كىنولاردىكى شېرىن مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرىنى كۆڭۈلسىز ئەسلىدى. ئاشۇ بۇزۇق ئادىلەمۇ مۇھەببەت تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. مۇھەببەتلىشىش قىزلارنىڭ خاراكتېرىگە بېقىپ بولىدىغان ئىشمىدۇ؟ ئىمكانىيەتكە، بەخت ـ تەلەيگە مۇناسىۋەتلىك سىرلىق ئىشمىدۇ؟

لېكىن مۇھەببەت كۆڭۈل ئىنتايىن خاتىرجەم ۋاقىتتا ئويلايدىغان گۈزەل ئىش ئىدى؛ تويىنىڭ گېپى چىقىۋاتقاندا مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىشى؟! سىيىت قارى تويدىن كېيىن رومانتىك قارىم بولالامدۇ؟ ئەمدى بارغانچە قېرىيدىغان مولىلىدا مۇھەببەت، رومانتىكلىق، گۈزەللىك بولامدۇ؟ سەھرايى قىيامەتتە رومانتىكلىق بولامدۇ؟ كىنولاردىكىنىڭ ھەممىسى يالغان، ھەممىسى ساختا ئارزۇ بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان. رىئاللىقتا پەقەت سەۋرچانلىق ھەم غەشلىكلا بار. نۇرغۇن ئىشلارغا كەسكىنلىك بىلەن يۈزلىنىش كېرەك.

زۆھرە سىيىت قارىغا قانداق يۈزلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭغا توي ھەققىدە قانداق ئېغىز ئېچىشى كېرەك؟ «مەن ئەمدى ئويلىشىپ بولدۇم، ئەمدى توي قىلساق بولىدۇ» دەمدۇ؟ ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ بۇ گەپلەرنى دېيىشمۇ شۇنچە ئېغىر كېلىۋاتقان ئەھۋالدا قالغان ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ نىكاھنى قانداق قىلىدۇ؟ تويىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىچۇ؟

زۆھرە جىددىي خىياللارنى سۈرۈپ ئەلچىخانا بىناسىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندا ھۇسەيىن تېلېفون قىلىپ بايىقى ئىشىدىن ئەپۇ سورىدى ۋە زۆھرەنى پەستە ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قارىغاندا ئىككىسى سىرتقا يەنە بىللە چىقاتتى، سودا سارايلىرىغا كىرىپ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالاتتى.

سىيىت قارىغا باققاندا ھۇسەيىن ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشەنچلىك بەرپاچىسى، تويىنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىسى ئىدى، زۆھرەنىڭ ئارزۇيىغا پاياندار سالاتتى... پەقەت ئاتا ـ ئانىسىلا قوشۇلسا زۆھرە ئۇنىڭغا

تېگىپ، يېڭى-يېڭى ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشەتتى، داچىدا ئولتۇراتتى، ماشىنا ھەيدەپ ماڭالايتتى، چەت ئەللەرگە چىقاتتى. زۆھرە ئۇنىڭ ئاستىدا ئۆمىلىگەن بىلەن بۇ ئىشنى بىر سىناق دەپ چۈشەندى، «ئۇ مېنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن دېگەندە رەت قىلالمىغاندىكىن بۇنىمۇ رەت قىلماي، خوتۇنلىرى ئېرىنىڭ ئايىغىنى سۈرتۈپ قويىدىغان ئىش بار، ماڭا شۇنچە ياخشىلىقلارنى قىلغاندىكىن، بۇنچىلىك ئىشنى قىلسام ھېچنېمە بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، ۋاقىت، سورۇن تاللاپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى زۆھرە ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئادەم ئىدى، بۇنداق ئادەمنىڭ يېنىدا ئۆتكەن ھاياتتىمۇ غەلىتە ئىشلار ھامان يۈز بېرەتتى.

ھۈسەيىن ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بولۇپ ماشىنىسىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، زۆھرەنى بىرىنچى ھەم ئىككىنچى قەۋەتتىكى زىبۇ زىننەت ساتىدىغان ئەڭ چوڭ سودا سارىيىغا ئېلىپ كىردى. بۇ يەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى، كۆزلىرى ئاشۇ زىننەت بۇيۇملىرىدەك چاقناپ كەتكەن ئاياللار بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۆرىلىپ يۈرۈۋاتقان بىچارە ئەرلەر تىقماتىقماق تۇرۇشۇپ، ئەينەك جازىنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن بۇيۇملارغا سىنچىلاپ قارايتتى، ئاياللار پىركازچىكقا ئۇنى-بۇنى ئىشارەت قىلىپ، يېڭى نۇسخىدىكى زىبۇ زىننەتلەرنى ئالغۇزۇپ كۆرەتتى، ئۆلچەپ باقاتتى. ھۈسەيىن بىر دەم ئايلانغاندىن كېيىن زۆھرەنى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك ساتىدىغان يەرگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق ئۈزۈكتىن بىرنى تاللاشنى ئېيتتى. زۆھرە ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەنلا كۇپايىلەندى، ئەمما ھۈسەيىن ئۇنى زورلاپ تۇرۇۋالدى:

– بۈگۈن ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، ياخشىسىدىن بىرنى تاللاڭ.

– مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن،-دېدى زۆھرە ئىككىلىنىپ.

– بۇ مېنىڭ سىزدىن ئەپۇ سورىغىنىم بولۇپ قالسۇن.

– مەن ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

– مېنىڭ بەزىدە ئاشۇنداق مىجەزىم ئۆزگىرىپ قالىدۇ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن. شۇڭا توغرا

چۆشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۈزۈكنى چوقۇم ئېلىڭ.

ــ ئۈنچىلىك ئىش ئۈچۈن بۇنداق قىممەتلىك سوۋغىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ــ قوبۇل قىلىڭ، سىزنىڭ قەدىر-قىممىتىڭىز ئالدىدا ئالماس ئۈزۈك ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن هازىرقى ئادەملەر كۆڭۈل، مۇھەببەت دېگەنلەرنى تاشلىۋېتىپ، شەھۋەتكە بېرىلىپ كەتتى.

زۆھرە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمىدى، ئاق ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، كۆزلىرى يالت-يۇلت پارقىراپ تۇرغان ئېزىتقۇ ئۈزۈكلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى.

ئۈزۈكلەر ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، زۆھرەگە قاراپ جىلوە قىلاتتى، «يۈرىكىڭ خورلۇقتا داغلاندى، ئەمدى كۆڭلۈڭ ئېچىلسۇن، سەن بۇنىڭغا ھەقلىق» دەۋاتقاندەك كۆز قىسىپ چاقنايتتى.

زۆھرەنىڭ ئىچى قىززىشقا باشلىدى، مۇشۇنداق ئىمكانىيەتلەرنى دېمىسە بۇ ئەرەبنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ نېمە قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئايغىنى سۆرتىدۇ؟ ئۇ زۆھرەنى نېمىلا قىلسام بولىدۇ دەپ ئويلىدى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا زۆھرەنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق. ئۇ زۆھرەنىڭ قىزلىق غۇرۇرىغا چاقچاق قىلدى، مۇھەببەتسىز يېقىنلاشتى، شەھۋەت تۇمۇشۇقىنى ئۇزارتتى... ئەمدى زۆھرەمۇ ئۈزۈككە قول ئۇزاتسا بولىدۇ، بۇنداق نەپىس ئۈزۈك ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىدا چاقناپ باقسا بولىدۇ... زۆھرە ئۇنى تاقاپ زوقلىنىپ قاراپ باقسا بولىدۇ، ئۆمرىدە بۇنداق قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى تاقاپ باققىنىدىن يايراپ باقسا بولىدۇ.

زۆھرە بىر دەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ھۆسەيىنگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

ــ مەيلى ئەمىسە، كۆڭلىڭىزنى قايتۇرماي...-دېدى.

ــ قېنى ئەمىسە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئۈزۈكتىن بىرنى تاللاڭ.

زۆھرە بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئۈزۈكلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، ئەڭ نەپىس، ئالتۇن مىقدارى ئەڭ ساپ، ئەڭ چوڭ ئۈزۈكتىن بىرنى تاللىدى ۋە دەرھال ھۆسەيىننىڭ چىرايىغا قارىدى. ھۆسەيىننىڭ تەلەتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى. ھۆسەيىن پىركازچىكنى دەرھال چاقىردى، خېرىدارنىڭ كۆپلىكىدىن پۇت-قولى يەرگە تەگمەي كەتكەن بىر قىز بۇ ئەرەبنى

كۆرۈپ دەرھال كەلدى ۋە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى زۆھرەگە ئېلىپ بەردى، زۆھرە ئۈزۈكنى تاقاپ كۆرۈۋىدى، بارمىقىغا دەل كەلدى، قولى شۇ ئۈزۈك بىلەن تەڭ چاقناپ كەتكەندەك بولدى، بۇ بىچارە قوللار ئادىلەنىڭ ئۆيىدە تولا قاچا يۇيۇپ يىرىكلىشىپ، سەتلىشىپ كەتمىگەنمىدى؟! ئۈزۈكنىڭ گۈزەللىكىگە مەھلىيا بولۇپ قېتىپ قالغان زۆھرە شۇنچىلىك خۇش بولدىكى، ھۆسەيىنگە نەچچە رەت مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ھۆسەيىن ئۈزۈكنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، زۆھرەنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ، كاررېفور تاللا بازىرىغا ئاپاردى. زۆھرە بۇ يەردە ئۆيىگە كېرەكلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئالدى، ئەسلىدە ئېلىشنى ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئالدى، ھۆسەيىن بىلەن تونۇشقاندىن بېرى زۆھرە بازارغا ئامراق ۋە بىر نەرسە سېتىۋېلىشقا شۇنچىلىك خۇمار بولۇپ كەتكەنىدى. تاللا بازىرىدىن قايتىپ چىققاندا ئۇ ئىتتىرىپ ماڭغان ھارۋا لىق توشتى. ھۆسەيىن تاتلىق تۇرۇم، شاكىلات، ئۈزۈم ھارىقى، تاماكا... ۋەھاكازا نەرسىلەرنى جىق ئېلىۋالغان بولۇپ، تېخىمۇ سەمرىشكە قاراپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛ ئۇ ئۆتكەن قېتىم ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇرلار « قان بېسىمى يۇقىرى، دىئابېت كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى بار» دەپ دىئاگنوز قويغان بولسىمۇ، ئۇ يېمەك-ئىچمەكتىن پەرھىز تۇتۇشنى رەت قىلىپ، «ئادەم 60 ياش ئۆمۈر كۆرسە بولدى، قىيىنىلىپ ياشىغاندىن كۆرە راھەتتە ياشاپ ئۆلگەن تۈزۈك» دەپ ئويلاپ، بۇرۇنقىدەك يەپ-ئىچىپ يۈرەتتى.

ھۆسەيىن ماشىنىسىنى زۆھرەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ھەيدىدى، ماشىنىنىڭ ئىچى ۋە كەينى ساندۇقى بازاردىن ئالغان نەرسە-كېرەكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. زۆھرە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك نەرسىلەرگە ئىگە بولغىنىدىن خۇرسەن ئىدى، ھۆسەيىننىڭ ئىشىك ئالدىدىلا خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھۆسەيىن ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىر خالتىنى بىكارلاپ ئۇنىڭغا ئۈزۈم ھارىقىدىن بىرنى ۋە تەييار كالا گۆشىدىن بىر پارچىنى سالدى، بىر قولىدا زۆھرەنىڭ نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ، لىفتكە چىقتى. زۆھرە ئۇنىڭ كەينىدىن خۇددى ئۇنىڭ خوتۇنىدەك بىر مۇنچە خالتىنى كۆتۈرۈپ ئەگەشتى.

ھۆسەيىن ھېچ تەكلىپسىز، تەكەللۇپسىزلا ئۆيگە كىرىپ، خالتىنى قويۇپ، چاپىنىنى سېلىپ سافاغا تاشلاپ قويدى، ئاندىن خالاغا ماڭدى، زۆھرە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، ھۆسەيىن بۇ ئۆينى

ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك كۆرۈۋاتاتتى؛ زۆھرە خالتىلارنى رەتلەپ، يېمەكلىكلەرنى توڭلاتقۇغا سالىمەن دەپ قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى ئۇقالماي قالدى؛ كاللىسىغا يامان ئىشلار كىرىۋالدى. جاھاندىكى ھەممە ئىشلار تەرتىپلىك، ئاددىي، خاتىرجەم ئۆتسە نېمە بولار؟!

خالادا ئولتۇرغان ھۈسەيىن ئىشخانىدا چالا قالغان ئىشنى بۇ ئۆيدە قانداق ئازادە، بەھۇزۇر داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى سوقۇۋاتاتتى، پات-پات ھاياجانلىناتتى، تاماكىسىنى كۆچەپ شورايتتى.

ئۇ بۇ ئۆيگە چىلمىنىمۇ ئەكىلىۋېلىشنى ئويلىدى؛ بىر ياقتىن خۇش كەيىپ بولۇپ ھۇزۇرلىنىپ ياتسا، زۆھرە نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇپ ئۇۋلاپ قويسا... قانداق راھەت-ھە!

ھۈسەيىن سافاغا كېلىپ كېرىلىپ ئولتۇردى، زۆھرە ئاشخانىغا كىرىپ بىر-ئىككى تەخسە سەي قورىدى، تاللا بازىرىدىن ئالغان پىششىق گۆشلەرنى پارچىلىدى. ھۈسەيىن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇم ھارىقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۆزىگە بىر رومكا قويۇپ، يەنە بىر رومكا تەلەپ قىلدى:

– سىزمۇ ئىچىڭ، بىللە ئىچەيلى.

– مەن ھاراق ئىچمەيمەن.

– بۈگۈن خۇشاللىق كۈن، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم.

–ھە، شۇنداقمۇ، لېكىن مەن پەقەت ئىچىپ باقمىغان.

– بۇ ئەمەلىيەتتە ھاراق ئەمەس، ئۈزۈمدىن ياسىغان ئىچىملىك. بىر رومكا ئىچىپ قويۇڭ، ئاندىن زورلىمايمەن.

– مەن ئىچمەي، مېنى زورلىمىسىڭىز.

– ئىچسىڭىز يۈرەككە داۋا، كۆڭلۈمنى قايتۇرمىسىڭىز.

– ئەمىسە ئازراقلا قۇيۇڭ، بىر يۇتۇملا ئىچەي.

– ئەمدى رومكىنى ئەكىلەرسىز.

زۆھرە كومزەك رومكىدىن بىرنى ناھايىتى تەستە ئېلىپ كەلدى، چىرايىدا قانداقتۇر بىر پۇشايمان

ۋە جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى.

ھۆسەيىن قاندەك قىزىل ھاراقنى يېرىم رومكا قۇيدى، زۆھرەنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ھاراقنى ئېلىشقا ئۈندىدى.

– مەن ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغان، لېكىن بۈگۈن كۆڭلىڭىزنى رەت قىلمىدىم. سىزمۇ مېنى ھۆرمەت قىلسىڭىز، ئەمدى ئىچمىسەم...

– بولىدۇ، قېنى ئېلىڭ.

زۆھرە ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، تىكىلىپ بىر دەم قاراپ تۇردى ۋە ئۇنى ئىككى سومۇرۇپلا ئىچىۋەتتى. شۇنچىلىك ئاسان ئىشكەن، ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن... دەپ ئويلىدى؛ ئەمما مەست بولۇپ قېلىشتىن راستتىنلا قورقتى، ئەقلى-ھوشىدىن كەتسە پۈتۈنلەي تۈگىشەتتى.

– رەھمەت!– دېدى ھۆسەيىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، – يۈزىڭىز قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى!

ھۆسەيىن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭغا قايتا ھاراق تەڭلىمىدى؛ ئەمما ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى.

– ياخشى ناخشا-مۇزىكىلىرىڭىز بولسا قويىماسىز – دېدى ھۆسەيىن سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ،– بۇنداق يەپ-ئىچىپلا ئولتۇرمايلى، بىزگە رومانتىكا كېرەك.

– مەندە تۈزۈك پلاستىنكا يوق، ھەممىسى ئۇيغۇرچە...

– بۇ دېگىنىڭىز نېمىسى، مەن رېستورانلاردا سىزدەك قىزلارنىڭ ئەرەب ئۇسسۇلىنى ئويىغىنىنى كۆرگەن، سىزمۇ ئويناپيالامسىز؟

– مەن ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن.

– ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسسۇلى بولسىمۇ بولىدۇ.

زۆھرە بۇ ئۆيدە بىر خىل سەنئەت ۋە گۈزەللىك كەيپىياتى يارىتىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، بولسا ھۆسەيىننى رومانتىكا قويىنىغىلا بەند قىلىپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاش پۇرسىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزى بىلگەن پەدىگە بىر ئۇسسۇل ئويناش قارارىغا كەلدى.

- بولىدۇ، مەن سىزگە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي.

زۆھرە شوخ، ئۇسسۇللۇق ناخشىدىن بىرىنى قويدى، ئاندىن  قەددىنى رۇسلاپ، قوللىرىنى كېرىپ، ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى بىر ئۇسسۇلنى ئويناشقا باشلىدى. ھۆسەيىن ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەركىتىگە ئەمەس، كۆكسىگە، بېلىگە، ساغرىسىغا قارايتتى. زۆھرە ئۇسسۇلىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا شۇنچىلىك بىئارام بولدىكى، ھەركىتى ئاستىلاپ، چىرايىدىن كۈلكە-تەبەسسۇم بارا-بارا ئۆچتى.

ھۆسەيىن بۇ ئۇسسۇلنى ماختاپ قويغاندىن كېيىن داۋاملىق ھارىقىنى ئىچتى.

— ئەمدى يېنىڭ مۇزىكىلارنى قويسىڭىز، تانسا ئوينايلى،-دېدى ھۆسەيىن  كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ. زۆھرە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۈرىسىگە قارا داغ چۈشكەنلىكىنى بايقىدى، بۇ داغلار ئۇنى تېخىمۇ يىقىمسىز، قېرى كۆرسىتەتتى.

— ئۇنداق پلاستىنكا يوقمىكىن.

— بولمىسا مەندە بار، مېنىڭ تېلېفونۇمدا ھەممە مۇزىكا بار— دېدى ھۆسەيىن يېڭى ئالغان تېلېفوننى چىقىرىپ.

زۆھرە ئۇنىڭ تېلېفونىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، بىر مىنۇت ئۆتمەيلا  بۇ تېلېفوندىن ساكس بىلەن ئورۇندالغان مۇھەببەت سىمفونىيىلىرى ياڭراشقا باشلىدى. كىچىككىنە نەرسىدىن شۇنچە چوڭ ئاۋاز چىقاتتى. زۆھرەنىڭ بېشى قايغىلى تۇردى، ھۆسەيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تانسىغا تارتتى.

— مەن تانسا بىلمەيمەن— دېدى زۆھرە قورۇنۇپ.

— بۇ  ئاسان، بىر دەمدىلا ئۆگىنىۋالىسىز.

— مەن راستتىنلا بىلمەيمەن، مېنى زورلىمىسىڭىز.

— سىزنى بەزى ئىشلارغا زورلىمىسا بولمايدىكەن، مىجەزىڭىز بەك ئېغىركەن...—دېدى ھۆسەيىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، — شوخ قىزلاردەك ئەركىن بولۇڭ، بولمىسا ياش تۇرۇپلا  قېرىپ كېتىسىز...

— مەن ھەر قانچە قىلساممۇ ئەركىن بولالمايدىكەنمەن...

— بولالايسىز، كېلىڭ، ناز قىلماڭ...

زۆھرە يەنە قىسىلدى، بىسىمدىن ئېزىلدى، ئۆزى ماڭمىدى، ھۇسەيىن ئىتتىرىپ ئەكىلىپ قۇچىقىغا تىقتى. زۆھرە دەرھال كەينىگە داجىپ ئارىلىق ساقلىدى، باشقا ياققا قارىۋالدى، ھۇسەيىن ئۇنىڭ ئۇزۇك تاقىغان قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولۇپ، ھەققىمنى ئالىمەن دەپ مەھكەم ئېسىلىۋالغاندەك، نامەرتلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھە دېگەندىلا زۆھرەنى پوكىنىغا بېسىشقا ئىنتىلەتتى، ئۆزىنى ئاران-ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. زۆھرە كۆندۈزدە ئىشخانىدا قانداق مەجبۇرلانغان بولسا، بۇ ئۆيدە ئۆزى خالاپ-خالىماي ھۇسەيىننىڭ قۇچىقىدا تولغىنىپ تېپىرلاپ يۈرەتتى. ھۇسەيىن مۇزنىڭ تۇگەشنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا زۆھرەنى قۇچاقلاپ دەس كۆتۈرۈۋالدى-دە، سافاغا ئەكىلىپ ياتقۇزدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى، بىر دەمدە ئىشنى تۈگىتىۋالمىسا ھېلىلا ھالىدىن كېتىدىغاندەك، ئەرلىكى غۇلاپ چۈشىدىغاندەك ئالدىرايتتى. شۇ بىر رومكا ھاراقنىڭ تەسىرىدىن، قىسقا ۋاقىتتىلا يۈز بەرگەن جىنسىي تۇتقۇنلۇقنىڭ زەربىسىدىن كاللىسى قىيىپ كەتكەن زۆھرە ھۇسەيىننىڭ قولىنىڭ كۇسارغا بېرىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ يۇڭلۇق قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى:

— سىز دادامدەك ئادەم، ئۇنداق قىلماڭ!

— مېنى قېرى كۆرۈۋاتامسىز، ئەرەبلەر ئاسان قېرىمايدۇ..

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇۋېتىڭ. مۇسۇلمان ئادەم بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ...

— قىلىشمۇ مۇمكىن...

— توۋا قىلماي تۇرۇپ بۇنداق قىلماڭ... مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ئۆتكەنكى گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغانمۇ؟!

— مۇشۇنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت!

— مەن سىزگە ئىشىنىپ خاتا قىپتىمەن...

— توغرا قىلدىڭىز، مېنىڭ قانداق ياخشى ئادەملىكىمنى بىلىپ قالىسىز.

— مەن ئىشەنمەيمەن!

ــ سىزنى ھامان خوتۇنلۇققا ئالىمەن.

ــ بىز توي قىلماستىن بۇرۇن ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمىز. مۇسۇلمان بولسىڭىز پەيلىڭىزدىن يېنىڭ... ئۆتۈنۈپ قالاي.

ــ ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

ــ  بىر ئۇزۇك ئۆچۈن مۇشۇ ئىشقا زورلامسىز؟ ئۆتكەندە نېمە دېگەن؟

ھۇسەيىن ئېلىشىپ كەتتى، كاللىسى مالىمان بولدى، دىققىتى چېچىلدى، تۆمۈرنى قىززىقىدا سوقۇشقىلا يارايدىغان مادارى تۈگەپ بارماقتا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك جىلە بولۇپ تۇرغاندا زۆھرە يەنە ئويلاپ باقمىغان بىر گەپنى قىلدى:

ــ مەن بۈگۈن ئاغرىق!

ھۇسەيىن گاڭگىراپ ئۇقالماي قالدى. زۆھرە « ھەيز » دېگەن سۆزنى چىقارغان بولسىمۇ، ئەسلىدىلا ئەرەبچە بولغان بۇ سۆزدىن مەقسەت دەرھال ئايدىڭلاشقان بولاتتى، زۆھرە ئۇنى ئىنگلىزچە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالماي «مەن كېسەل، مەن ئاغرىق» دەپ قايتا-قايتا تەكرارلىدى. كاللىسى شەھۋەتتىن ئوماشتەك قايناپ تۇرغان ھۇسەيىن بۇقىدەك پۇشۇلداپ، ھېچنېمىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، زۆھرەنىڭ قولىنى قايرىپ كۇسىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. چۆچۈپ كەتكەن زۆھرە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن كۇسىرىدىن قان يۇقى قەغەزنى ئېلىپ ھۇسەيىننىڭ كۆزىگە تەڭلىدى:

ــ مەن ئاغرىق!

ھۇسەيىن قان يۇقى قەغەزنى كۆرگەن ھامان مەقسەتنى چۈشەندى، يەنە كېلىپ بۇ قەغەزدىكى قان ئۇنىڭغا قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدىغان دورىدەك تەسىر قىلىپ، جىنسىي ئىستەكلىرىنى بىر دەمدىلا بېسىقتۇرۇپ قويدى. ئۇ شۇ ئەسنادا  باياتىن خالادا قەغەزنى ئەخلەت چېلەككە تاشلىغاندا كۆرگەن قان يۇقى قەغەزلەرنى ئېسىگە ئالدى؛  ئۆزى «ئاشىقى بىقارار» بولغان  قىزنىڭ ئوبرازى شۇ ھامان خۇنۇكلىشىپ، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان يىرگىنچلىك بىر  مەخلۇققا ئۆزگىرىپ قالدى.

ھۇسەيىن قاتتىق غەزەبلەندى، كەيپىياتى ئوساللىشىپ كەتتى، زۆھرەگە يىرگەنگەندەك قاراپ قويدى. سافادا ئولتۇرۇپ تاماكىدىن بىر تال چېكىۋېتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈردى، ئاندىن گەپ-سۆز قىلماي، چاپىنىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

زۆھرە قورقۇپ كەتتى، ئەمما قورقۇشتىن ھۇزۇرلىنىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ قولىدىكى ئۈزۈككە قاراپ، تويي ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئۆز خىيالىدىن خوش بولىدىغان ساراڭلاردەك خىيالىي بىر تۇرمۇشتا، كۆپۈكتەك يوقايدىغان راھەتلىك تۇرمۇشتا ياشاۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ تۇرمۇش ئۈچۈن غۇرۇرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، سافادا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق ئېسەدەپ يىغلىدى.

بۈگۈن بۇ ئىشتىن ۋاقىتلىق قۇتۇلغان بىلەن ئەتە-ئۆگۈن قانداق قىلىدۇ؟ ھامان بەدەل تۆلەيدۇ، پاكلىقىدىن ئايرىلىپ بۇغۇزلانغان قويدەك تاشلىنىپ، خارلىنىپ ياتىدۇ... ئەمەلىيەتتە ھۇسەيىن ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، خوتۇنلۇققا ئېلىشقىمۇ ئەستايىدىل قارىمايتتى، بەلكىم ئەسلىدىلا ئۇنداق نىيىتى يوقتەك قىلاتتى. شەھۋەتتىن كۆزلىرى پەردىلەنگەن نومۇسسىز ئەرنىڭ ئېغىزىدىن «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپ يالغاندىن بولسىمۇ چىقمىدى، «سىز رازى بولمىغۇچە...»دېگەن گەپلىرىنىڭ قىپقىزىل يالغانلىقى مەلۇم بولدى. زۆھرە بىلىپ تۇرۇپ ئالدانغانلىقىنى سەزدى، ۋۇجۇدى خارلانغانچە ساددىلىقىدىن زارلاندى، قەدىر-قىممىتى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغانچە ئالماس ئۈزۈكنىڭ ئېزىتقۇ جۇلاسىنى ۋە ياخشىلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان رەزىللىكنىڭ قاپقارا يۈزىنى كۆردى.

لېكىن ئۇ ئۈزۈكنى بارمىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئاتالمىدى، ئۈزۈكتە نېمە گۇناھ! باياتىن ئۈچرىغان خورلۇقلىرى دەل مۇشۇنىڭغا تۆلەنگەن بەدەل. شۇ پەيتتە زۆھرە ئادىلەنى، ئۇنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى ئويلاپ قالدى ۋە ئۇنى باشقىدىن چۈشىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئادىلەنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇش جەريانىدا زۆھرە ئادىلەدىن ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ، جەمئىيەتتىكى ئىشلارنى چۈشىنىپ، خۇددى شۇ ئىشلار ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغاندەك ھېس

قىلغان، نۇرغۇن زىددىيەتلىك خىياللارغا پاتقان، سائەت-سائەتلەپ ئىچىگە تىنىپ ياتقانىدى. ئادىلەدەك پاھىشە بولمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، زۆھرە شۇ ياشتىكى قىزلارنىڭ ئىدىيىسىدە يۈز بېرىدىغان كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. دىن، ئەخلاق ئېڭى شۇنچە كۈچلۈكمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەستەك، ئەمما كۆڭۈل ۋەسۋەسىلىرى تازا ئەۋج ئېلىپ ئەقلىنى يوقىتىشقا تاس قالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى، قورقاتتى، پاكلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەرنى ئويلىسا ئىچى سىقىلىپ قىينىلىپ كېتەتتى، بۇ ئازابقا چىدىمايتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئازابلارغا خۇمار بولغاندەك، مۇشۇنداق ئازابلارغا يولۇقۇشنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك بىر يوشۇرۇن ئاڭدا، خاتا ئىشلارنى توختىماي سادىر قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ بىلىپ تۇرۇپ خارلىنىش، قورقۇپ تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىشمىدۇ؟!

ئۇ ئادىلەنىڭمۇ دەسلەپتە ئوغۇللار بىلەن ئارىلاشقاندا قورقۇپ تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئادىلە بېيجىڭغا كەلمەستىلا بىر نەچچە ئوغۇل بىلەن ئارىلاشقانلىقىنى زۆھرەگە دەپ بەرگەن، مۇھەببەتلەشكەنگە ئانچە ئۇزاق بولمايلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە زورلاپ تۇرۇۋالغان بىر بالىغا ئاي كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى تەستە قۇتۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ شۇنچە قەدىرلەپ كەلگەن قىزلىقىنى بىر نېگىرگە بەخشەندە قىلىۋېتىپ، ئەيدىز ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمىغاندا ھەممە دەردىنى زىنايى ھارامدىن ئېلىپ، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش ئۇسۇلىدا ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىرىستىئان بولۇپ كېتىشىگىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ يوقالماس ۋەھىمە سەۋەبچى بولغانىدى.

زۆھرە ھۇجرىسىغا كىرىپ، چىراغنى ياندۇرۇپ، ئالماس ئۈزۈكنىڭ جۇلاسىغا تىكىلىپ جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. نېمىدېگەن چىرايلىق ئۈزۈك-ھە! ئالماسنىڭ سۈزۈكلۈكى، پارقىراقلىقى، قاتتىقلىقى پاكلىقتەك گۈزەل، ئەمما ئۇ تارىختىن بۇيان قانچىلىغان گۈزەللەرنىڭ پاكلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئەرلەر ئالماس ئۈزۈكنى مۇھەببەتنىڭ، ساداقەتنىڭ سىمۋولى قىلىپ مەشۇقلىرىنىڭ قولىغا ئاستا سېلىپ قويۇۋاتقان پەيتتە جىنسىي ھاياجاندا تىترەپ كېتىشىدۇ... ئۈزۈك بىلەن تەڭلا قىزمۇ يېپىشقاق جىنسىي مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىدىن مەست بولۇپ، مۇھەببەتلىك

قەلبىنى، ھەتتا جىسمىنى ئەرگە ئاتىۋېتىدۇ.

بىر قېتىم ئۆزۈك توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالغاندا ئادىلە:« قىممەت باھالىق ئۆزۈك قەدرىمنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قارىسام ھاياتىمدىن زوقلىنىمەن» دېگەنىدى. ئادىلە دەسلەپتە جىنسىي جەھەتتە ئەركىنلىشىشنى باشلىغاندا كۆڭۈلنى، ئاتالمىش مۇھەببەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزى خالىمايدىغان ئەرلەرنى ئايالللار كېسىلى، ھەتتا ئەيدىز بىلەن قورقۇتۇپ قاچۇرىۋەتكەنلىكىنى زۆھرەگە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئادىلەمۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىراقلا يەرگە ئۇرمىغانىدى، ئىشلىرىدا تەجرىبە توپلىغانىدى ھەمدە كېيىنكى كۈنلەردە كۆڭۈلنى ئەمەس، بەلكى پايدا-مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانىدى. دېمەك، ئادىلە كۆڭۈل، مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ ساختىلىق، ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدى. «ئادىلە ئەسلىدە جىنسىيەتنىڭ قىزلار ئۈچۈن ئېغىر ئىش، ئېغىر سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن- دەپ ئويلىدى زۆھرە- دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى قەستەن چۈكۈرۈپ، ئەرزىمەس، يەڭگىل، ئەركىن بىر ئىش قىلىۋەتكەنىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ پاھىشىلىك كارىۋىتىدا ئازابلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە، ھۇزۇرلىنىشقا ئىنتىلىدۇ، ھارام ئىشنىڭ جانغا ئارام ئىكەنلىكىنى ئۆز-ئۆزىگە ھەر ۋاقىت دەپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ ھارام ئىشىدىنمۇ ئايرىلىپ قالسا، ياكى سەتەڭلىك قىممىتى چۈشۈپ كەتسە چۈشكۈنلىشىپ ساراڭ بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭ خىرىستىئان بولغاندىن كېيىن ئارام تاپقانلىقى، بەختلىك ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ يۈرگىنى بىكار ئەمەس...»

زۆھرە ئادىلەنىڭ دىنسىزلىق ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئەسلىدى، تەبىئىي ھالدا «مەن ھازىر نېمە؟ مۇسۇلمانمۇ كاپىرمۇ؟» دەپ ئويلىدى. زىنادىن ساقلاندى، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشى كېرەك. ئەگەر زىناغا زورلانغان، باسقۇنچىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولسا بۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ قالاتتى، بۇنداق دەھشەتلىك ئىش ئاسانلىقچە ئېسىدىن چىقمايتتى، ئۇ ئېسىدىن چىقىرىۋېتەي دېسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاتا- ئانىسى، ئاچىسى ئۇنىڭ ئەس-يادىدىن چىققىلى ئۇنىمايتتى، ھەتتا

ئۇنىڭ خىيالىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنى ئاز دەپ سىيىت قارىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا پات-پات پەيدا بولۇپ قالاتتى، ھۆسەيىن بىلەن تىركىشىۋاتقان چاغدىمۇ زۆھرە ئۆيدىكىلىرى بىلەن قوشۇپ سىيىت قارىنىڭ ئازابلىق چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىلدى، تېخى بۇ تەسەۋۋۇر ھەممىدىن ئېنىق، ھەممىدىن دەھشەتلىك بولدى.

زىنا يۈز بەرگەن بولسا زۆھرە بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەنلىك گۇناھىنى ئاقلاپ بولالمايتتى. «تۆۋە قىلدىم خۇدايىم، تۆۋە...» دەپ ئىچىدە مىڭ قېتىم تۆۋە قىلسىمۇ، بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى تۆۋە-ئىستىغپار ئەمەس، بەلكى تۆۋە قىلغۇدەك ئىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ھەيرانلىقى، قورقۇشتىن كېيىنكى خاتىرجەملىكى ئىدى.

زۆھرە كارىۋىتىدىمۇ ئىشەنچلىك ئولتۇرالمايۋاتقاندەك قىمىرلايتتى، سۇنۇۋاتقان كۆۋرۈكتىن پايپاسلاپ ئۆتۈۋاتقان مومايدەك ئىتتىك ۋە ئېغىر تىناتتى... ئۇ ئەمدى كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقىمەن دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى، جەددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى بوشىشىپ، شېرىن چۈشلەرگە ۋەسلە بولدى. چۈشىدە سىيىت قارىنى كۆردى، قارىم بىر ئۆيدە (مېھمانخانىدىكى ياتقى دېگۈدەك) قۇرئان ئوقۇۋاتقۇدەك. زۆھرە «قۇرئانى ئەكىلىپ بېرىپ يەنە ئەكىتىۋاپتۇ، ئۆزىلا تەقۋا بولاي دېگەن چېغىدا، مەن بىلەن كارى يوق...» دەپ ئويلىغۇدەك. سىيىت قارى قۇرئان ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، زۆھرەگە پەرۋا قىلمىغۇدەك. زۆھرەنىڭ ئىچى سىقىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ، ئاخىر پەقەت چىدىماي ئۇنىڭ قولىدىكى قۇرئانىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغىدەك، سىيىت قارى:« ھەيزدار ئايال قۇرئانىنى تۇتسا بولمايدۇ، نېرى تۇرۇڭ» دەپ قولىنى ئىتتىرىۋەتكۇدەك...

زۆھرە ئەتىسى ناھايىتى ئېغىر قوپتى، ئاخشامقى ئىشلارنى قاباھەتلىك چۈشتەك ئەسلىدى. ئىشقىمۇ بارمىدى، تۈنۈگۈن ئانىسى بىلەن توي توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئەسلىدى. ھۆسەيىن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغاندىن باشلاپ بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىغا توسقۇن بولغاچقا، ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ ئالماس ئۆزۈك ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئېپپەت-نومۇسنىڭ بېشىغا چىققىلى، نىكاھ، توي دېگەنلەرنى قۇربان قىلغىلى تاس قالدى. زۆھرە ئاخشامقى

تاجاۋۇزدىن ئامان قالغىنىغا خۇرسەن بولسىمۇ، ئەتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن داۋاملىق ئەنسىرەپلا تۇراتتى. هۇسەيىنىنىڭ شۇ قاندىن قورققانچە قورقۇپ، ئۆزىدىن ئۇزاققىچە يىرگىنىپ تۇرۇشىنى تىلەيتتى.

زۆهرە ئانىسىغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشىنى كۆپ ئويلىدى، چۈشكە يېقىن سىيىت قارىغا تېلېفون قىلىپ، هېلىقى رېستۇراندا بىللە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى؛ سىيىت قارى زۆهرەگە قىلغان ئالدىراقسانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ، تېلېفون قىلايمۇ-قىلمايمۇ دەپ يۈرگەچكە، زۆهرەنى خىيالىدىن پەقەت چىقىرالماي، هەتتا بەزىدە نامازلىرىدىنمۇ ئېزىپ يۈرگەچكە، ئاڭلاپلا ماقۇل دېدى. زۆهرە سىيىت قارىغا ئۆزىنىڭ ئوي-خىياللىرىنى ئېيتقاچ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن، ئەركىن پاراڭلىشىشنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئالىلىقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەيتتى؛ قارىم ئىتتىك خاپا بولۇپ كەتسە هەممە ئىش تۈگەيتتى. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زۆهرە ئانىسىنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، گەپلەرنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپ مەسىلىنى هەل قىلىۋەتمىسە، داۋالانماي سۆرىلىپ قېنىلىپ كەتكەن كېسەلدەك ئازاب تارتاتتى.

ئۇ بۇرۇنقىدىكلا تەبىئىي گىرىم قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق كىيىمىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى، يولبويى ئۆزى ۋە سىيىت قارى هەققىدە، ئىككىيلەننىڭ مىجەزى ۋە بىرلىشەلمەسلىك سەۋەبى هەققىدە يېڭى-يېڭى خىياللارنى سۈرۈپ كەلدى. ساددا دېسە ساددا ئەمەس، قاشاڭ دېسە قاشاڭ ئەمەس، ئىش كۆرگەن دېسە تېخى ئۇنداق ئەمەس، چاققانمىكىن دېسە مۇشۇ ۋاققىچە سۆرىلىپ يۈرگەن. نېمانچە ئۆزىنى قىيناش بۇ، ئادەم جۈرئەت-شىجائەتنىڭ، كەسكىنلىكنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتمىغىچە چالا بوغۇزلانغان قويدەك تېپىرلاپ تۇرۇۋېرىدۇ، جېنى قاقشايدۇ...

زۆهرە رېستورانغا ئاز قالغاندا قولىدىكى ئۇزۇكنى ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

زۆهرە توي ئىشىدا مۇكەممەللىك قوغلىشىپ مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى، بىر قەدەر ياخشى تاللاشقىلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇنچە ئىزدەپمۇ توققۇزى تەل، كۆڭۈلدىكىدەك ئەرنى تاپالمىغانلىقىنى، بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى تەن ئالدى، جاهاندا ئۇنداق مۇكەممەل ئىش كەم ئۇچرايتتى، كۆڭۈلدىكىدەك هەمراھ ئاز ساندىكى بەختلىك قىزلارغىلا نېسىپ

بولاتتى. زۆھرە ھالسىز، ئۈمىدسىز قەدەملىرى بىلەن رېستورانغا كىرىپ، كۆڭلىدە ھازىرقى ھالىتىدىن رازى بولدىيۇ، ھەقىقىي خۇرسەن بولالمىدى، رېستۇراندا ئىشلىگەن چاغدىكى خاتىرجەم كۈنلىرىنى سېغىندى؛ سىڭىلچاقلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇستىۋاشلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتسىمۇ كۆڭلى ئېچىلالمىدى. چەتتىكى بىر جوزىغا كېلىپ سىيىت قارىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى، نېمىشقا ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ بۇرۇن كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قارىمىنىڭ سۆرەلمىلىكىگە ئىچى پۇشتى؛ «ئانامنى دېمىسەم كەلمەيتتىم، بىچارە مۇھەببەتنىڭ يۈزىنى دېمىسەم كەلمەيتتىم، ئازاب تارتساممۇ مەيلىدى، ھەممىنى ئۇستۇمگە ئېلىپ ياشاۋېرەتتىم، ئەرگە تەگمەيمۇ ئۆتىۋېرەتتىم...» دەپ ئويلىدى، ئەمما ئەمدى ئۆزىنى ئالداپ، ئۆزىنى بەزلەپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ بىر يىلدىن بېرى قانائەتچانلىق، تىرىشچانلىق بىلەن ياشاپ كېلىپ، ئەمدىلىكتە بىردىنلا ئاچكۆزلىشىپ كەتكىنىنى، بۇنىڭ ئېغىر بەدىلىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىۋاتقىنىنى كۆڭۈلسىز ھالدا ئويلىدى، ئۆزىنى تەلەيلىك قىزمەن دەپ ئېيتالمايتتى، ئېرىشكەن ئىمكانىيەتلىرى يالغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى؛ ئەمما بۇنىڭدىن ھېچ كېچەلمەيۋاتاتتى؛ بۇ شەھەرگە مۇشۇنداق ئەركىن، بەختىيار كۈنلەرنى دەپ كەلگەنلىكىنى، مۇشۇنداق راھەتنى دەپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جاپا چېكىپ كەلگەنلىكىنى ھېچ ئۇنتۇمايتتى. ھازىرقى ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بەدەلسىز قولغا كەلگەن ئازغىنە ئامەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى؛ بۇ بەدەلنى ھامان بىر كۈنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلسىمۇ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆتكۈنچى ئىشلار ئىكەنلىكىگە، بىر ئامال قىلىپ تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا، بولمىسا بۇ شەھەردە ياشىيالمايدىغانلىقىغا، ھەممە ئەرنىڭ چوشقىدەك ئاچكۆز، بۆرىدەك ياۋۇز ئەمەسلىكىگە، ئۆزىدىكى پاكلىق ۋە ھۆسن جامال بىلەن ياخشى ئەرگە ھامان بىر كۈنى ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، تا مۇشۇ ۋاقىتچە ئىشىنىپ كەلدى، ئىشەنچىسىدىن تەۋرەنمىدى، ئارزۇسىدىن يانمىدى؛ باشتىن كەچۈرگەن ئىشلىرىنى ئويلىسا ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق؛ تۇنجى قېتىم ئىپپىتى خەۋپكە ئۇچرىغاندا سىيىت قارى بەرگەن قۇرئاننى قالقان قىلىپ، خالىدىنى نىيىتىدىن ياندۇرالىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىگە تىكىلگەن ئىشەنچ ھۇسەيىننىمۇ مەغلۇپ قىلدى.

ئەمما ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيتتى، زۆھرە ئىپپىتىنى داۋاملىق قوغداش ئۈچۈن مۇشەققەتلىك تالالاشقا دۇچ كېلەتتى. ئەينى چاغدىمۇ ئۇ خالىدىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق پاكلىقىنى قوغداپ قالالىغان، ئىپپەت-نومۇسىنى قىزلىق ۋۇجۇدى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەلىگەنىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەمدى هۇسەيىنىنىڭ مىننەتلىك، مەقسەتلىك يارىدەملىرىنى رەت قىلىپ، خىزمەتتىن، ئۆيىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇزۇكنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى، بولمىسا ئەتە-ئۆگۈن ھەيزدىن توختىغاندا يەنە قېيىن-قىستاققا چۈشەتتى، بەلكىم ئىپپىتىنى قۇربان قىلاتتى. هۇسەيىنىنىڭ پات ئارىدا توي قىلىش نىيىتى بولسا، نەپسىگە ئۇنچىلىك ئالدىراپ كەتمىگەن بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ زۆھرەنى قىز دەپ ئويلىمايتتى، توي قىلماي تۇرۇپلا بۇنداق ئادەمگە پاكلىقىنى بېرىۋېتىش زۆھرە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى ئەرزىنىغا سېتىش، قەدىر-قىممىتىنى دەپسەندە قىلىش ئىدى. ئەمما بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت زۆھرەنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالدى، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك كەسكىن تالالاشقا دۇچ كەلدى، كاللىسىدا زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى، ئوي-خىياللىرى ئۇماشتەك قايىندى؛ ئادىلەدەك قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىگە، خۇشاللىقىغا ئەجەبلەندى، ھەۋەسلەندى، «مەن شۇنداق قىزلارغا ئوخشايمەنمۇ؟ شۇنداق بولالايمەنمۇ؟ ئۆزۈمنى يېڭەلەيمەنمۇ؟ مۇتلەق ئەركىنلىككە ماڭالايمەنمۇ؟ ماڭسام قانچىلىك ماڭالايمەن؟ ئازابلانماسمەنمۇ؟ ياكى ھەممىگە كۆنۈپ قالارمەنمۇ؟...» دەپ ئۆزىدىن قايتا-قايتا سورىدى، ئۆزىنى ھېچ ئۇقالمىدى، دەڭسىيەلمىدى، سىيىت قارىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپ ئويلاندى، بۇنچە شەخسىيەتچىلىشىپ كەتمىگەن بولسا ئاللىبۇرۇن سىيىت قارىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ مەھەللىسىگە كەتمەسمىدى؟ ئەمدى تەس، زۆھرە ئالدىغىلا قاراپ ماڭىدۇ، كەينىگە قايتالمايدۇ؛ شەھەرگە كۆنۈپ قالدى، سەھراغا كۆنەلمەيدۇ؛ ئەركىنلىككە كۆنۈپ قالدى، سىقىلىشقا كۆنەلمەيدۇ؛ چىرايلىق ئۆيگە كۆنۈپ قالدى، مورا ئوچاقلىق ئۆيگە كۆنەلمەيدۇ. ئىسسىق سۇيى چۈشۈپ تۇرىدىغان مۇنچىغا كۆنۈپ قالدى، پاكىز مۇنچا يوق ئۆيگە كۆنەلمەيدۇ. پاسونلىرى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئېسىل كىيىملەرگە، راھەت ئىچ كىيىملەرگە، پارقىراق ئاياغلارغا كۆنۈپ قالدى، سەھراچە كىيىم ۋە كىيىنىشلەرگە، ئېسىل كىيىمنىمۇ ئازادە كىيگىلى بولمايدىغان، كىيىم ۋە ئاياغنىڭ سۈپىتىنى قويمايدىغان توپىلىق ماكانغا كۆنەلمەيدۇ.

بۇ يەردە قۇلاق تىنچ ياشاپ كۆنۈپ قالدى، مەھەللىدىكى ئۈششاق گەپ-سۆزلەرگە، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىپ قوسۇر ئىزدەيدىغان سېمىز خوتۇنلارغا، تېشى كۆچلۈك ئىچى ئاجىز ئەرلەرگە، بېزەڭ يىگىتلەرگە، ئايتاۋۇر كۆز، قۇلاق، ئېغىز ئارام تاپمايدىغان، داشقازاندا قاينىمىغاننى ئاپىرىپ شۇ قازانغا تاشلايدىغان كۆرەلمەسلەر، پىتنىخورلار، غەيۋەتخورلار ماكانىغا كۆنەلمەيدۇ. زۆھرە بۇ يەردە بولغان بىلەن شۇ مەھەللىگە تەئەللۇق قىسمى سەھرايى قىيامەتنىڭ داشقازىنىدا قاينىماقتا، ئۇنىڭ پەريادلىرىنى بۇ يەردە ئۆزىمۇ ئاڭلىماقتا... نەقەدەر ياتلىشىش، ئۆزىدىن نەقەدەر قېچىش-ھە! ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئاداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىچارە، ئېرىدىن تاياق يەپ، بالىسىنى مىقىرتىپ، كۆزىدە ياش يۇقى يۈرىيدۇ. «قانداق قىلىمىز ئاداش، كۆرىدىغان كۈنىمىز مۇشۇكەن» دەيدۇ... زۆھرەگە ھەۋەس، ھەسەد بىلەن قارايدۇ.

ئەمما زۆھرە ئىچ-ئىچىدىن لاغىلدايدۇ، ئىشلەپ تېپىپ ئالمىغان كىيىملىرى بەدىنىدىن چۈشۈپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەيدۇ. يالىڭاچلىنىپ قالسىلا تۈگەيدۇ ۋە شۇ قىزلاردىنمۇ بەختسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەر قانچە ئۆزىگە تەسەللى بەرسىمۇ ئاقمايدۇ، نادامەت ياشلىرىنى تۆكىدۇ.

زۆھرە ئېغىر ھەسرەت چەكتى: ئۇ يەردىمۇ ئازاب، بۇ يەردىمۇ ئازاب!!! نېمىشقا ھالىمىز خاراب؟!

زۆھرە ئېغىر خىياللارغا چۆكۈپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى، كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، گويا روھى تېنىدىن قاچقاندى؛ سېيىت قارى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا ئاندىن ئېسىگە كەلدى، ئەندىكىپ كەتتى، ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈلۈمسىرىدى. سېيىت قارى ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقا بىر دۇنيانى پەيدا قىلدى: ئالدىرىماس قارىم، ياۋاش موللام، سۆرەلمە يىگىت، غېرىپ مەھەللە، كونامەسچىت، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بولغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى، ئەبەدىي تەرەققىي قىلمايدىغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ بازار...

ــ نېمانچە خىيال سۇرۇپ كەتتىڭىز؟

ــ ھە، ھېچنېمە، ئەجەب ساقلاتتىڭىز، دائىم شۇنداق قىلىسىز.

ــ يول بەك توسۇلۇپ قالدى...

ــ ھە نېمە يەيسىز، دېگەچ تۇرۇڭ.

ــ لەڭمەن.

ــ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، ھەي سىڭلىم...

تاماق چىققۇچە ئىككىيلەن گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. زۆھرە بىر ئىش بولمىسا سىيىت قارىنى ئالدىراپ چاقىرمايتتى، ئۆزى چاقىرىپ مانا ئەمدى سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئەمما دەيدىغاننى ھامان دېمىسە بولمايتتى، غورۇرنى ساقلايدىغان يەردە ساقلاش، قايرىپ قويىدىغان يەردە قايرىپ قويۇش كېرەك ئىدى؛ پاكلىق بىلەن غورۇر ئايرىم-ئايرىم مەسىلە بولسىمۇ، ھالقىلىق پەيتتە بىرلىشەلەيتتى. مۇشۇ كىچىككىنە تايانغان زۆھرە ھۆسنىيىنىڭ چاڭگىلىدىن كەسكىنلىك بىلەن قۇتۇلغاندىكىن، ھازىرمۇ كەسكىن بولۇشى كېرەك ئىدى؛ بۇ كەسكىنلىكى، جاسارىتى ۋە ئىپپىتىنى قوغداش يولىدىكى مۆۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت پەخىرلىنىپ بېشىنى تىك تۇتۇپ يۈرۈشكە ھەقلىق ئىدى، سىيىت قارىنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق تىل قىسىنچىلىقى يوق ئىدى.

ــ مېنى بىر ئىش بىلەن چاقىردىڭىزغۇ دەيمەن،ــ دېدى سىيىت قارى زۆھرەگە يالغاندىن ھېسسىياتسىز قاراپ، ــ ئۆيىڭىزگە ئالغاچ كېتىدىغان نەرسىلەر بولسا دەڭ، ئالغاچ كېتەي.

زۆھرە ئۆزىنىڭ دەيدىغان گەپلىرىنى كۆڭلىدىن يىراقلىتىۋەتكەن بۇ قارىمغا ناخۇشلۇق بىلەن قاراپ قويدى، ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوقلا بۇنداق سوغۇق مۇناسىۋەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا ئىچى پۇشتى.

ــ ئالغاچ كېتىدىغان نەرسىلەر يوق، ئەۋەتسەممۇ خوش بولمايدىكەن.

ــ نېمىشقا؟

ــ توي قىلسام ئاندىن خوش بولىدىكەن.

سىيىت قارى زۆھرەگە جىددىي بىر تەرزدە تىكىلىپ قالدى. زۆھرەمۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتەتتى.

ــ ئەلۋەتتە چوڭلار سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەيدۇ...ــ دېدى سىيىت قارى چايغا قول ئۇزىتىپ، ئۇ زۆھرەگە قارىماي يەنە چايغا قاراپ تۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى بىچارىلىك بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچتى. زۆھرە سىيىت قارىنىڭ چىراي ئالامەتلىرىگە، ھەر بىر ھەرىكىتىگە شۇنچىلىك ئىنچىكە نەزەر سالدىكى، بۇنى سىيىت

قارىمۇ تۇيدى.

ــ ئانام مېنى تويغا قىستاۋاتىدۇ...

ــ قانداق قىلىسىز، يۇرتقا كېتەمسىز؟

ــ ياق، كەتمەيمەن.

ــ ئاتا-ئانىڭىزنى رازى قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايۋاتىسىز...

سىيىت قارى مۇشۇ باھانىدە زۆھرەگە قاتتىقراق گەپ قىلىپ، ئاتا-ئانىنى رازى قىلىشنىڭ پەرز، ئۇلارنىڭ قاقشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكچى بولدى، لېكىن زۆھرەنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى چىقىرىشنى قانداقتۇر بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدەك ھېس قىلىپ سەۋر قىلدى.

ــ ئەمدى شۇنداق قىلاي دەۋاتىمەن ــ دېدى زۆھرە ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىنلىك بىلەن ــ توي قىلمىغۇچە ئادەم خاتىرجەم بولالمايدىكەن.

ــ ياخشى ئويلاپسىز ــ دېدى سىيىت قارى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ــ ئانا رازى، خۇدا رازى. ئاتا-ئانىنى رازى قىلغان بالا ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ.

ــ مەن مۇشۇ ۋاققىچە چوڭلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىپ كەلدىم. توي ئىشىدىمۇ شۇنداق قىلماقچىمەن ــ دېدى زۆھرە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، ئاندىن سىيىت قارىغا بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى ــ ئانام مېنى سىز بىلەن توي قىل دەۋاتىدۇ.

سىيىت قارى ھاياجاندا تىترەپ كەتتى، ئانىلار ئۇلۇغ ئىدى، ئانىلار مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغ ئىدى.

ــ شۇنداقمۇ ــ دېدى سىيىت قارى چىرايىغا ئۆزى ئىگە بولالمايۋاتقاندەك ھەر خىل ئۆزگىرىپ، لېكىن ئۇ ئىچىدىكى شادلىقنى ۋە ئاللىقانداق ئەنسىرەشلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى، ــ سىز نېمە دېدىڭىز، ياق دېگەنسىز ھەرقاچان؟!

ــ ئويلىنىپ باقاي دېدىم.

مانا، بۇ غۇرۇرلۇق قىزلارنىڭ ئويناپدىغان ئويۇنى! لېكىن سىيىت قارىغا بۇ ئويۇننىڭ ئەمدى

قىزنىقى قالمىغاندەك تۇيۇلدى.

– مۇشۇ گەپنى دېيىش ئۈچۈن مېنى چاقىرىپتىكەنسىز-دە...

– مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم بۇ ئەمەس،– دېدى زۆھرە ۋە كەسكىن بىر ئىپادە بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىغىلى تۇردى،– ھېلىقى كۈنى سىز ماڭا تەكلىپ قويغاندا كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئەسلىدە مەن قوشۇلمايدىغان يەردە ئەمەس؛ مەنمۇ سارالڭ ئەمەس قەدىرلىگەننى بىلمەيدىغان. شۇنچىلىك گەپلەرگە قارىماي سىز ماڭا ئىشەندىڭىز، ھەم بۇرۇندىنلا مېنى ياخشى كۆرىسىز. سىزنى رەنجىتىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتىم، لېكىن بەزى ئىشلار كاللامغا كىرىۋېلىپ، ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرەلمىدىم. ئاندىن تۇرۇپلا خاتا گەپ قىلىپ سالدىم، سىزمۇ شۇ ئاچچىقىڭىزدا ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭىز. مۇشۇنىڭ بىلەن، ئىككى قېتىم يامانلاپ كەتتىڭىز. سىزگىمۇ، ئۆزەمگىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. بۇ گەپلەرنى دېمىسەك بولمايدۇ. ئويلاپ باقسام، نەچچە ۋاقىتتىن قېيىدىشىپ يۈرۈپتۇق. قىز بالا قېيىدىسا يارىشىدۇ، لېكىن ئوغۇل بالا قېيىدىسا قاملاشمايدۇ. سىز ياخشى قىلمىدىڭىز. شۇ كەتكەنچە تېلېفونمۇ بەرمىدىڭىز. مەن نەچچە قېتىم تېلېفون قىلاي دەپ باقتىم، لېكىن ئاچچىقىدىن يانمىغان بولسا تېخىمۇ يامانلىشىپ قالمايلى دېدىم؛ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلىشىم سىزگە بەك ئېغىر كەلمىگەندۇ؟! مېنى نېمە دەپ ئويلىدىڭىز؟ كۆڭلىڭىزدىكىنى دەپ بېقىڭە قېنى؟!

– ھېچقانداق ئويلىمىدىم،–دېدى سىيىت قارى كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ،– نېمىلا بولمىسۇن، ئىچىمدىكىنى دەۋالغىنىمغا خوش بولدۇم.

– ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇزاق ئويلىدىم. ئاخىر ئانامنىڭ گېپىگە كىرىپ سىز بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم.

سىيىت قارى بۇ گەپتىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتسە بولاتتى، بىراق خۇشال بولۇپلا توختاپ قالدى، بۇ قارار زۆھرەنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان قارار ئەمەس، بەلكى ئانىسىنىڭ گېپى بىلەن مۇقىملاشقان قارار ئىدى. ئەجەبا بۇ مۇھەببەتسىز بىر ۋىسال تېپىشمۇ؟! سىيىت قارى بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدى، تېخى بولمىغان بۇ توي ئۇنىڭغا مەجبۇرەن تۇيۇلۇپ قالدى. تويلىشىش ۋە تويدىن

كېيىنكى بىرلىشىش مۇھەببەت بىلەن بولمىسا ئۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟!

شۇنداقتىمۇ، بۇ گەپ سىيىت قارىنىڭ يارىلانغان قەلبىگە مەلھەم سۈرتتى.

— ئانىڭىز دېمىگەن بولسا قوشۇلماتتىڭىز؟— دېدى ئۇ مۇھەببەتتىن يىراقلاپ كەتمەسلىكنى نىشانلاپ، — ماڭا ھەقىقىي رازىلىقىڭىز كېرەك.

— ماقۇل دەپ قويسام، ئەمدى ئىشەنگۈلىكلى تۇردىڭىزغۇ؟!

— ئىشەنگۈلىكنىم ئەمەس، سىز تازا رازى ئەمەستەك قىلىسىز.

— مەن بايا دېدىمغۇ، مەن قەدىرلىگەننى بىلىدىغان قىز. مەن ھېچقانداق ئوغۇلنى تېخى سىزچىلىك ياقتۇرۇپ باقمىدىم...

سىيىت قارى ئەمدى ھەقىقىي مۇھەببەت ساداسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھاياجانلاندى، لېكىن بۇنى چىرايىدا ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەپ، ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇشنى خالىمىدى:

— تەكلىپىمگە چىن كۆڭلىڭىزدىن قوشۇلدىڭىزمۇ زادى؟

— قوشۇلدۇم، لېكىن ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئىش بار. بۇگۈن مۇشۇنى ئېنىق دېيىشىۋالايلى،— دېدى زۆھرە ئەستايىدىل، جىددىي قىياپەتتە.

مۇھەببەت يەنە يىراقلاپ كەتكەندەك بولدى، سىيىت قارىنىڭ ھاياجىنى پەسكويغا چۈشتى:

— ئەلۋەتتە، توي ئىشى ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس، دېيىشىدىغان گەپ بولسا دېيىشسەك بولىدۇ، كۆڭلىمىزدە ئېنىق سان بولسۇن.

— بىز توي قىلساق نەدە قىلىمىز؟ تويدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟— دېدى زۆھرە بېشى ئاغرىۋاتقاندەك چېكىسىنى تۇتۇپ.

— ئەلۋەتتە يۇرتتا توي قىلىپ شۇ يەردە ياشايمىز. ئاتا-ئانىلار، ئۇرۇغ-تۇغقانلار شۇ يەردە تۇرسا...

— ئۇغۇ شۇنداق،—دېدى زۆھرە نېمىگىدۇر ئىچى تىتىلداپ، — لېكىن مېنىڭ يۇرتتا توي قىلىپ شۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قالغۇم يوق.

— ھېچكىم مەڭگۈ تۇرۇپ قالمايدۇ، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ...— دېدى سىيىت قارى زۆھرەنىڭ

كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، يەنە خاتا گەپتىن بىرنى قىلىدىكىز.

– گېپىم خاتا كەتكەن بولسا خاپا بولماي ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ بەرسىڭىز، چۈنكى ئۆزۈم بىلىمەن، مەن ئېتىقادتىن يىراقلاپ كەتتىم. شۇڭا سىزگە ماس كېلىمەمنمۇ-كەلمەيمەنمۇ، بۇنىمۇ ئويلاۋاتىمەن-زۆھرە ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن، ھازىر مەن بۇ شەھەردىن ئايرىلالمايدىغاندەكلا بولۇپ قالدىم. شۇڭا مەيلى نەدىلا توي قىلايلى، مېنىڭ بۇ شەھەردىن ئايرىلغۇم يوق. ئادەمگە تۇرمۇش كېرەك، يېزىدىلا ياشاش بىزگە باقمۇندە ئەمەس، بۇنى ئويلىشىپ باقسىڭىز...

– سىز بۇلتۇرمۇ شۇنداق ئىدىڭىز، بۇ شەھەرگە تارتىشىپ تۇرۇپ قالغان ئىدىڭىز، بۇنى بىلىمەن، گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى دەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە...

زۆھرە سىيىت قارىنىڭ سوغۇققان چىرايىغا قاراپ سەل ئەندىكتى، ئەمما «مېنىڭ گېپىمنىڭ بولمايدىغان نەرى بار؟ ئادەم دېگەن ئۆزگىنى ئۆزگەرتىشى، يېڭىچە ياشاپ بېقىشى كېرەكقۇ...» دەپ ئويلاپ، بارلىق ئوي-پىكىرلىرى، مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى:

– مەن شۇنداق ئويلايمەن، خەقلەر ئامالىنىڭ يوقىدىن يېزىدا ياشايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ شەھەردە ياشىغۇسى كېلىدۇ. بولۇپمۇ مەندەك قىزلار بۇنى ئارزۇ قىلىدۇ. شەھەردە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كېرەكلىك ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئىزدىسەك ئىش چىقىدۇ، ئىشلىگەنگە چۈشلۇق پۇل چىقىدۇ. سىزمۇ بۇ شەھەردە ئوقۇدىڭىز، بۇلارنى سىزمۇ بىلىسىز. ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى ئەر كىشى ئويلىشى كېرەك، ئەر كىشى دېگەن جۈرئەتلىك، بىر ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئولتۇرسىڭىز، كۆمەچ يېيەلمەي ئاچ قالىسىز. بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، مېنىڭ سىزگە ئىش ئۆگەتكىچىلىكىم يوق. ئەمما مەن سىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۈمىد قىلىمەن، سىز مەندىن جىق ئوقۇغان بالا، بۇ شەھەردە مەندىن ئۇزاق تۇردىڭىز، شۇڭا مەن ئويلىغاننى سىزمۇ ئويلاپ يېتەلىشىڭىز كېرەك ئىدى؛ لېكىن، قارىسام يەنە شۇ مەھەللىگە تارتىشىپلا تۇرىسىز، ئاتا-ئانىڭىزدىن باشقا تارتىشقۇدەك نېمە بار ئىدى؟ ئىمامىلىق مائاشىڭىزمۇ؟ بەك ئالسىڭىز، ئۈچ-تۆت يۈز كوي ئالارسىز،

بۇنداق پۇلنى بېيجىڭدا بىرەر سورۇندا خەتمە قىرائەت قىلىپ بولسىمۇ تاپالايسىز. سىزدەك بىر ئىمامنىڭ بولمىغىنىغا ئورنىڭىز ئاق قالمايدۇ، سىزدەك ياۋاش ئىمامدىن ھۆكۈمەتمۇ ئەنسىرىمەيدۇ. يەنە كېلىپ، سىز پايتەخت بېيجىڭدا، مەركەزدە تۇرىسىز. مەن مۇشۇلارنىمۇ ئويلىدىم، ئۆزىڭىزمۇ بەلكىم ئىستىقبالىڭىز ھەققىدە بۇنچىلىك ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز. سىز قىلالمايسىز ئەمەس، قىلالايسىز، سىزدە شۇ جۈرئەت ئازراق. ئۇنداقمۇ دېگىلى بولمايدىكەن، مەسىلەن سىز بېيجىڭغا تاش ساتقىلى كەلدىڭىز، ئىمامىلىقنى ۋاقىتلىق تاشلاپ پۇل تېپىشقا ماڭدىڭىز، مۇشۇنىمۇ جۈرئەت دېمەي نېمە دەيمىز، بۇنىڭدىن مەن راستىتىنلا خوش بولدۇم. سىز تاش سودىڭىزنى قىلىسىز، مەن خىزمىتىمنى قىلىۋېرىمەن، مۇشۇنداق بىللە ياشايمىز...

سېيىت قارى بۇ گەپلەردىن ئويلىنىپ قالدى، ئەمما ھەر قانچە ئويلانسىمۇ بۇ شەھەردە زۆھرە بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ياشاپ قېلىشنى، ياشىغاندىمۇ ئۇزاققىچە ياشاشنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى، بۇ گەپلەر بەك غايىۋى پاراڭدەك تۇيۇلدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق خىيالپەرەس، ئەخمەق بولامدىغاندۇ؟ سېيىت قارى بۇ يەرگە پەقەت تاھىر قارىغا تاش سېتىشىپ بەرگىلى كەلگەن، تاشنى تېخى تۈزۈك پۇل قىلالمىدى، ئۆزىنىڭ يېنىدىمۇ تۈزۈك پۇل يوق. نېمىسىگە توي قىلىدۇ؟ يۇرتتا توي قىلىسىغۇ ئەپلەپ-سەپلەپ، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بىر ئىش قىلغىلى بولار. بۇ يەردە مۇمكىن ئەمەس. زۆھرەنىڭ خىيالىچە بولسا، مۇشۇ شەھەردە، بەلكىم مۇشۇ رېستورانىدا توي قىلغۇسى بار. قىزنىڭ تويلۇق-مەھرىدىن تارتىپ سورۇننىڭ چىقىملىرىغىچە كەم دېگەندە نەچچە تۈمەن بولمىسا بولمايدۇ. بۇنچە پۇلنى سېيىت قارى نەدىن تاپىدۇ؟ قايسى كۈنى «مەن سىزنى ئالاي دەيمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغاندا نېمىشقا بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىمىدى؟ زۆھرە بىلەن قىلىدىغان توينى يېزىنىڭ، شۇ مەھەللىسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قىلىمىز دەپ ئويلىغانمىدى؟ «قىممەتلىك مۇھەببەت» تويلۇقتىن ئېغىر دەپ قارىغانمىدى ياكى زۆھرەنى قەدرى يوق، ئېپىپتى يوق، ئەرزان قىز دەپ ئويلاپ قالغانمىدى؟ بەلكىم بۇ گۇمانىمۇ بار، يەنە باشقا ئەسەبىي ئىستەك، قىزىقىش، ھاياجان، تەۋەككۇلچىلىكمۇ بار. بويتۇ، زۆھرە بىلەن مۇشۇ يەردە توينى قىلالىدى دېگەن تەقدىردىمۇ چوڭلارنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلارنى بېيجىڭغا ئېلىپ كېلىشكىمۇ

پۇل كېرەك. تويىنى قىلغاندىن كېيىن سىيىت قارى يەنە تاشچىلىق قىلالامدۇ؟ مۇشۇ شەھەردىن چىقماي تۇرۇپ ئۇيغۇر بىلەن خەنزۇنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچىلىق قىلسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇنىڭ كىرىمى مۇقىم ئەمەس، تاش بازىرى ئەڭ مۇقىمسىز بازار، قويمىچىلىق يۈز بەرسە ۋاستىچىمۇ بالاغا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق سودىدا ھە دېگەندە ئالدامچىلىق، بىر-بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش... ھەتتا قەرزدارلار، شېرىكلەر ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرالار، قەستلەشلەر ئۇزۇلمەيدۇ. سىيىت قارى تاش بازىرىدا بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆردى، تاشچىلارنىڭ ئېغىزىدىنمۇ نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىدى؛ پۇل تاپقان تاشچىلارنىڭ بېيىجىڭدا قانداق بۇزۇقچىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇقتى؛ ئاللاھ ئاتا قىلغان بايلىقنى بۇزۇپ چېچىۋاتقان، مېھنەتسىز كەلگەن پۇلنى ئۆزىنىڭ تويماس نەپسىگە پۈرلەپ تىقىۋاتقان ناكەسلەرگە نەپرەتلەندى. شۇڭا بۇ قېتىم تاشنى سېتىپ كەتسە ئىككىنچى بۇ يەرگە دەسسىمەسلىكنى، ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، جامائەتكە قايتىپ ئىمامىلىقنى قىلىۋېرىشنى ئويلاپ بولدى. ھېچقانداق قىز، يىگىتنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان قىزمۇ يىگىتىگە ئاز پۇلغا تەگمەيدۇ، شەرىئەتتە مۇنداق ئىدى، «ئەڭ ياخشى توي مېھرى(تويلۇقى) ئاز بولغان تويدۇر»دېگەنگە ئۇنىمايدۇ، ھېچ بولمىسا ئۆيىدىكىلىرى چات كىرىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە ۋەز سۆزلىسە « موللامغا بىكار خوتۇن بولسا بولىدۇ» دەپ سېسىق گەپ قىلىشىدۇ. يەنە كېلىپ، زۆھرە سىيىت قارىنى تېخى ئۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، ئېتىقادى سۇس، سىيىت قارىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، ئالدىغىنىنى ھامان ئالىدۇ. بوپتۇ، سىيىت قارى شۇنچە ئىقتىسادىي بېسىم، مۇشەققەتلەرگە چىداپ، زۆھرەنى نىكاھىغا ئالدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ، ئۇنىڭ مىننەتلىك كۆزىگە قاراپ كۈن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ئەرلىككە، ئىماملىققا ئېغىر ھاقارەت. سىيىت قارى مۇھەببەت، شەھۋەتتىن ۋاز كەچسە كېچەلەيدۇكى، غۇرۇرىنىڭ سۇنۇشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ، خوتۇن خەقنىڭ مۈلكى ئۇنىڭ بېشىغا ھامان بىر كۈنى كالتەك بولۇپ تېگىدۇ.

سىيىت قارى بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئېغىر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ غەمكىن ھالدا شۇنداق دېدى:

ــ بۇ خىيالىڭىز خاتا ئەمەس، لېكىن ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدۇ...

ــ ماس كەلمىگۈدەك نەرى بار؟

ــ بىز بەربىر يېزىلىق، يېزىغا قايتىشىمىز كېرەك.

ــ خۇدايىم بىزنى يېزىلىق دەپ پېشانىمىزگە پۈتۈۋەتمىگەندۇ؟ رىسقىمىزنى نەدىن بولسا تېپىپ يېسەك بولىدىغاندۇ؟

ــ لېكىن ئادەم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان يەردە ياشىشى كېرەك، قۇرۇق ئارزۇلارغا ئېسىلىۋالساق بولمايدۇ.

ــ لېكىن بۇ قۇرۇق ئارزۇ ئەمەسقۇ، مانا مەن شۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئادەم تىرىشسىلا ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ. تىرىشمىغان ئادەمگە خۇدايىممۇ بەرمەيدۇ.

ــ قىزلار ئاسان ئېرىشكەن ئىمكانلارغا ئوغۇللار ئېرىشەلمەيدۇ...ــدېدى سىيىت قارى مەيۈسلۈك بىلەن.

ــ سىز نېمە دېمەكچى، مېنى بۇ ئىمكانغا ئاسان ئېرىشتى دېمەكچىما؟ تېخىچە مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسىز؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنى ئۇنداق قىلىدىغان قىز دەپ ئويلىمايمەن. سىزگە ئىشىنىمەن. مەن دېمەكچىمەنكى، شەھەرلەردە قىزلارنىڭ ئىش تېپىشى بىر قەدەر ئاسان.

ــ ئەرلەرمۇ ئىشلەيمەن دېسە، ئىزدىسە ئىش چىقىدىغۇ، بۇ شەھەردە سىرتتىن كېلىپ ئىشلەيدىغانلار جىققۇ! گەپ، سىزنىڭ كاللىڭىزدا؛ ئۆزگەرتىمەن دېسىڭىز، ئۆزگەرتەلەيسىز.

ــ مېنىڭ كاللام ئۆزگەرمەيدىغان كاللا ئوخشايدۇــ دېدى سىيىت قارى زوھرەگە تېخىمۇ بىچارە كۆرۈنۈپــ مەن بۇ شەھەردە ياشاشقا ماس كەلمەيدىغان ئادەم.

ــ مېنى دەپ بولسىمۇ ياشىيالامسىز؟ ئادەمنى ئەجەب تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىكىز، ئويلاپ بېقىڭ، بىر قىزنىڭ مۇشۇنداق دېيىشى ئاسانمۇ؟

سىيىت قارى تەسىرلىنىپ تۇراتتى، قەلبى دېگىزدەك ئۆركەشلەيتتى، ئىدىيىسى داۋالغۇيتتى.

ئەمما زوھرە تەسەۋۋۇر قىلغان گۈزەل تۇرمۇشنى ھەر قانچە قىلسىمۇ رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرالمايۋاتاتتى. ئەسلىدە شۇ گۈزەل تۇرمۇش نەچچە يىلدىن بۇيان زوھرەگە زارىقىپ كەلگەن بۇ ناتىۋان قارىمىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىمۇ جانلىنىشى كېرەك ئىدى، خىياللىرى شۇنچە گۈزەل بولسا، ھاياجانلانسا بولاتتى. ئەمما خىيال رېئاللىققا ئايلانغىلى تۇرغاندا سىيىت قارىمىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان رىئاللىقى ھەممە نەرسىنى چەكلەپ قويدى. ئۇ بىر يىل ئالدىدىكى خىيالپەرەس قارىم ئەمەس، بەلكى بىر يىلدىن بۇيان جامائەت ئارىسىدا يۇرۇپ جەمئىيەتتىكى جىق ئىشلارنى چۈشەنگەن ئەمەلىيەتچىل قارىم ئىدى. بۇ شەھەرگىمۇ قايتا كېلىپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى؛ يېزا بىلەن شەھەر، ئېتىقاد بىلەن ئەمەلىيەت، ئوقەت بىلەن بىكارچىلىق ئارىسىدا يۇرۇپ ئۆزىنى بېيىتتى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، يېڭى-يېڭى خىياللارغا كەلدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېلىشتۇردى ۋە قۇرئان، ھەدىسلەردە ئېيتىلغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى. بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن شېرىن ۋە گۈزەل ئىدى، كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دۇنياپەرەس، نەپسانىيەتچى بولۇپ كەتكەنىدى. ئەڭ چوڭ بايلىق مەنىۋى بايلىق دېسە ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى، بۇ ھالدا ئېتىقادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگىلى بولمايتتى. سىيىت قارىنىڭ چوڭقۇر ھەسرىتى مۇشۇ ئىدى، ئەگەر زوھرەنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي قالسىمۇ، مۇشۇ ھەسرىتىگە تايىنىپ، ئىمانىغا، ۋىجدانىغا يۈزلىنىپ ياشىيالىشىغا كۆزى يېتەتتى.

– سىزنى دەپ ئۆزۈمدىن ۋاز كەچسەم كېچەمەن، كونىلاردا «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بار. لېكىن، بۇ جان يەنە باشقا ئىشلارغىمۇ لازىم. مۇھەببەت دەيمىز، بەختلىك نىكاھ دەيمىز، پەرزەنت دەيمىز، ئۆنى دەيمىز، بۇنى دەيمىز، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا بىزگە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان. بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىمان بىلەن ياشاش ۋە ئىمان بىلەن ئۆلۈش. بۇنىڭغا ھازىر جىق ئادەم سەل قارايدۇ، لېكىن بىز بىلىپ تۇرۇپ خاتا قىلساق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغاندىكىن، ئىمان-ئېتىقاد مەسىلىسىگە سەل قارىماسلىقىمىز، ھامان قايتىپ بارىدىغان ئاخىرەتنى ئويلىشىمىز كېرەك، – دېدى سىيىت قارى سەل ھاياجانلىنىپ، – مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، باشقىسىغا

ئۆتەلمەيمىز. چۈنكى قىلمىۋاتقان ھەر بىر ئىشىمىزنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ــ گېپىڭىز توغرا، لېكىن شەھەردىمۇ خۇداغا ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ.

ــ ئەمما بۇنداق شەھەردە ئۇزاق ياشاپ كەتسىڭىز ئىسلامىي مۇھىتتىن يىراقلاپ كېتىسىز.

ــ بۇ گېپىڭىز ئاقمايدۇ. ــ دېدى زۆھرە شەھەر ھەققىدە پاراڭ قىلىشقا ئۆزىنى ئەڭ ھەقلىق كۆرسىتىپ، ــ بۇ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

ــ بۇنىڭغا مەنمۇ قوشۇلىمەن، لېكىن مۇھىت ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ، بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ــ دېدى سىيىت قارى بۇ ھەقتە داۋاملىق ۋەز سۆزلەيدىغاندەك.

زۆھرە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكەن بۇ قارىمغا كۆڭۈلسىز قاراپ ئولتۇراتتى. سىيىت قارى ئۇنى پەس كۆرۈۋاتامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. زۆھرەنى ھەقىقىي پەس كۆرگىنى خالىد بىلەن ھۇسەيىن. زۆھرە « بىللە ياشايمىز» دېگەن بىلەن ھازىرقى ئۆيىدە سىيىت قارى بىلەن بىللە ياشىيالامدۇ؟ ئۆزى ئۆتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرغا سىيىت قارىنى زادى قانچىلىك ئىشەندۈرەلىدى؟! شۇڭا بۇ قارىمدىن ئاغرىنىپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. گەپ بولسا يەنە چىرايلىق دېيىشسە بولىدۇ.

ــ شۇنداق قىلىپ، مەن بىلەن توي قىلىپ بۇ يەردە تۇرۇشقا قوشۇلمايسىز...ــ دېدى زۆھرە تەبىئىي ھالدا، ئەمما سىيىت قارى ئۇنى خاپا بولدى دەپ ئويلىدى، كۆڭلى يېرىم بولدى، ئەمما كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرگەن بىلەن ئەمەلىيەتنى ئويلىمىسا بولمايتتى، رېئاللىق رەھىمسىز ئىدى.

ــ مەن نېمىشقا قوشۇلمايمەن؟ سىز بىلەن توي قىلىش مېنىڭ بەختىم!ــ دېدى سىيىت قارى ئاھ ئۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ شۇ تاپتا ھەقىقىي ھېسسىياتىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دەردىنى تۆكۈۋاتاتتى. ــ مەن سىزنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرىمەن، ھازىرمۇ كۆڭلۈمدە سىزدىن باشقا ئادەم يوق، سىز بىلەن توي قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ بىلىمەن. لېكىن سىز مۇشۇ شەھەردىن پەقەت كېچەلمەيۋاتىسىز، يۇرتتا پەقەت توي قىلغۇڭىز يوقكەن. مەن شۇنىڭغا ھەيران، ئۆزىڭىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەھەللىدىن نېمىشقا قاچىسىز؟ سىزنىڭچە سەھرايى قىيامەت بىر دوزاخ، شەھەر جەننەت ئىكەن-دە! راستىنى

دېگەندە، مەن سىزنى جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، جەننەت دېگەن سۆزنىمۇ بۇنداق مەينەت شەھەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ شەھەردە سىز كېچەلىمگۈدەك زادى نېمە بار، مەن ھېچ چۈشەنمىدىم؛ يۇرتتىن، مەھەللە كويدىن ئۇنداق ئاسان كېچىپ كەتمەڭ، خەقنىڭ تاپقان گەپلىرى ئەمەلىيەتتە سىزگە كۆڭۈل بۆلگىنى. ئادەمنى شۇنداق جامائەت پىكرى چەكلەپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۆزىڭىز قوي باققان، يوللىرىدا ماڭغان، ھەپتىيەكتىن ساۋاق ئالغان شۇ مەھەللىڭىز ئەمەلىيەتتە شەھەرنىڭ بىر مەينەت كوچىسىدىن پاكىز. مەھەللىڭىزدىن ئۇنداق يۈز ئۆرۈپ كەتمەڭ، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز...

– يۇرتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىش يوق، ئۇنداق خاتا چۈشەنمەڭ، – دېدى زۆھرە ئالدىراپ، – مەن بىر كىمدىن يامانلاپ چىقمىغان، مەھەللىدە ھېچكىم بىلەن ئۆچ-ئاداۋىتىممۇ يوق. مەن پەقەت تۇرمۇش يولۇمنى تاللىدىم، شەھەرنى ياخشى كۆرىمەن، ھەم بۇنىڭدىن ئالدىراپ كېچەلمەيمەن.

– ئۇنداق بولسا مەن گېپىمى ئوچۇق قىلاي، مەن بۇ شەھەردە توي قىلالمايمەن. مۇھەببەتنى دەپ توي ئىشىغا چاقچاق قىلالمايمەن. يەنە راست گېپىمنى قىلاي، مەندە بۇ شەھەردە توي قىلغۇدەك ئىقتىساد يوق، مەھەللىدە توي قىلسام قەرز ئېلىپ بولسىمۇ مەھرىڭىزنى بېرەلەيمەن، ھەم شۇ يەرگە لايىق توي قىلالايمەن.

زۆھرە سيىت قارىنى بۇنچىلىك بىچارە دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى، زۆھرە ئۇچۇن پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشلا مۇھىممىدى؟! ئۇنىڭغا ئەر دەپ تەگكەندىكىن شۇنىڭغا لايىق تويلۇققا ئېرىشمىسە، تويدىن كېيىنمۇ ئېرى بەخش ئېتىدىغان ئىمكانىيەتلەردىن بەھرىمەن بولمىسا بولامتى؟ ئۇنىڭغا تەگسە بىكارغا تېگىپ، تويدىن كېيىن تېخى ئۇنى باقسا بولامتى؟ توي ئىشى بەكمۇ ئەمەلىي، بەكمۇ رەھىمسىز ئىش ئىدى، مۇھەببەتنى دائىم چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتى.

– مۇنداق دەڭ، مەن تېخى سىزنى تاش سېتىپ خېلى پۇل تاپتىمىكىن دەپتىمەن، – دېدى زۆھرە ھەسرەتلىنىپ، – دېمەك يۇرتتا توي قىلغۇدەكمۇ پۇلىڭىز يوق.

سىيىت قارى تولغىنىپ كەتتى، نامراتلىق، مۇھتاجلىقنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ يوق، بۇنىڭغا يالغان گەپ قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن قەرز ئالسام بولىدۇ.

ــ پۇلىڭىز يوق ئادەم ھېلىقى كۈنى نېمە دەپ مەن بىلەن توي قىلىمەن دەيسىز؟

ــ كۆڭلۈم ئۈچۈن...ــ دېدى سىيىت قارى چايغا قاراپ، چاينىڭ شاملىرى قايناق سۇنىڭ ئاستىدا سىيىت قارىنىڭ چوڭقۇر ھەسرەتلىرىدەك تىنىپ تۇراتتى.ــ تاشچى ئاغىنەم قەرز بېرىپ تۇراي دېگەنىدى...

ــ ئەگەر يۇرتتا توي قىلىپ، مەن بۇ ياققا يېنىپ كەلسەمچۇ؟!

سىيىت قارى بېشىنى كۆتۈرۈپ زۆھرەگە ئەجەبلىنىپ قارىدى، زۆھرە ناھايىتى ئەستايىدىل تەرزدە ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. بۇ بىر يېڭى مەسىلە ئىدى؛ مۇھەببەتتىن ۋە ھالال نېسىۋىدىن ئېرىشىدىغان بەختنى دېسە زۆھرەنى خوتۇن قىلغۇسى بار، ئەمما سىيىت قارى ئىمام ئىدى، ئەل يۇرت، جامائەت ئارىسىدا ياشايتتى؛ تۇنجى خوتۇن ئالغاندىمۇ مەھەللىدە جىق گەپ بولۇپ كەتتى، لېكىن سىيىت قارىنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلۈپ كەتمىدى، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ھەق مەيداندا ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدى. ئەمدى ئىككىنچى قېتىم زۆھرەنى ئالسا، ئۇنى كۆلىغا يولغا سېلىپ قويۇپ سايىماخۇن بولۇپ ئولتۇرامدۇ؟ بىر خوتۇننى ئوڭلاپ باشقۇرالمىغان ئىمامنىڭ گېپىنى جامائەت ئاڭلامدۇ؟ ئىماملىقنى دېمىگەندىمۇ، ئەڭ ئەقەللىيسى بىر خوتۇننى ئوڭلاپ خوتۇن قىلالمىغان ئەرنى كىشىلەر كۆزگە ئىلامدۇ؟ مەھەللىدە زۆھرە ھەققىدە بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەر ھېلىمۇ ئازمۇ؟ زۆھرەنىڭ بۇ نىيىتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنمۇ سىيىت قارىغا بويسۇنغۇسى يوق، شەرىئەتكە ئەمەل قىلغۇسى، خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلغۇسى، نامىز ئوقۇغۇسى، تاھارەتكە سۇ ئىسسىتىپ بەرگۈسى يوق. سىيىت قارىنىڭ مۇھەببەت ئارقىلىق ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ شۇنداق قىلدۇرالىشىغىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ... ئارىلىقتا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، قانداق زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇققىلى بولمايدۇ...

سىيىت قارى بارغانچە روھسىزلىنىپ كەتتى، ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشكە، ھەتتا ئىمان-ئېتىقادىنىمۇ قايرىپ قويۇشقا تەيار كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ دىن ئوقۇمىغان بولسا،

تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈپ دوزاختىن قورقۇپ، جەننەتكە قىزىقمىغان بولسا، كۆڭۈل خاھىشى تارتقانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋەرگەن، قىلچە روھىي ئازاب تارتمىغان بولاتتى. ئۆزىنى ھىدايەت يولىغا ئاتىۋەتكەندە، ئەمدى نەپسىنى دەپ باشقا بىر يولغا كىرىپ كەتسە، نۇرغۇن ئازاب ۋە دىشۋارچىلىققا دۇچ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. خوتۇنىغا ئىگە بولالمىغانلىقى، توغرا يولغا باشلاپ ئادەم قىلالمىغانلىقى ھەققىدە قىيامەتتە سوئال-سوراق قىلىنىپ قالسا، قارىمىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ئىدى...

ـ بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمامسىز؟!ـ دېدى زۆھرە نارازى بولغاندەك.ـ شۇنچە يول قويسامۇ قاراپ تۇرىدىكەنسىز، ئوغۇل بالا دېگەن كەسكىنرەك بولمامدۇ؟ غەمنى قانچە جىق قىلغانچە ئىش ئاقمايدۇ، دادىلراق بولۇڭ. بۇ شەھەردە ياشىيالمىسىڭىز يۇرتتا ئىماملىقىڭىزنى قىلارسىز، تاشچىلىق قىلغىلى پات-پات كېلەرسىز، كەلسىڭىز يەنە ئەر-خوتۇن بولۇپ بىللە ياشايمىز. ئايرىلىپ تۇرساق مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچىيىشى مۇمكىن. سىز بۇلارنى ئېمىشقا ئويلىمايسىز. ئىككىمىز توي قىلساق، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاغزى يېسىقىدۇ، چوڭلارمۇ خاتىرجەم بولىدۇ.

سىيىت قارىنىڭ كاللىسى قېتىپ كەتتى، زۆھرە ھەممە ئىشنى ئۆز ئارزۇيى، ئۆز خىيالى بويىچىلا ئويلاۋاتاتتى، سىيىت قارىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغان بىر ئەركەكلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا سىيىت قارى زۆھرەنى ئەمرىگە ئالغۇچى ئەمەس، بەلكى زۆھرەنىڭ قۇربانلىق مېلى بولۇپ قېلىۋاتاتتى؛ بۇ توي كىمگە ياخشى؟! ئېرى يېزىدا ساقلاپ ئولتۇرسۇن، خوتۇنى شەھەردە ئىشلەپ پۇل تاپسۇن؟! بۇ ئەركەكلىك ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قاملاشمىغان تۇرمۇشنى جىنسىي ھەۋەس، مۇھەببەتنى دەپلا ئۆتكۈزۈش كېرەكمىدى؟!

ـ مەن بىر ئىمام،ـدېدى سىيىت قارى ئېغىر تىنىپ.ـ مەن ياش تۇرۇپلا مۇشۇ دىنى ئىسلامنىڭ يولىغا كىرگەن بەندە، شۇڭا ھەر قانداق ئىشىمنى مۇشۇ يولدا ئېلىپ بارىمەن، بۇ يولدىن چەتنەپ كېتەلمەيمەن. سىزنى ئەمرىمگە ئالغان ئىكەنمەن، سىزگە مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك، سىزنىڭ ھەققىڭىزنى ئادا قىلىشىم كېرەك. سىزمۇ مېنىڭ ھەققىمنى ئادا قىلىپ، ھەقلىق تەلەپلىرىمگە رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنىشىڭىز كېرەك. بۇ ئىلاھىي پرىنسىپتىن چەتنەشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام« ئەگەر بەندىگە سەجدە قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم» دەپتىكەن، چۈنكى ئەرنىڭ خوتۇنىدىكى ھەققى بەك چوڭدۇر. ماڭا سىزنىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىپ بېرىشىڭىز كېرەك ئەمەس، ماڭا سىزنىڭ خىزمىتىڭىز، ساداقىتىڭىز كېرەك. بىلىمەن، سىز ھازىر بۇ ئىدىيىڭىزدە تۇرۇپ گەپلىرىمنى قوبۇل قىلالمايسىز، ھەتتا مەندىن خاپا بولىسىز. ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىمان بىلەن ياشاش تەس، لېكىن جەننەتكىمۇ ئۇنداق ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدۇ. تىرىشمىساق بولمايدۇ. مەنمۇ ھەر كۈنى ئىمانىم بىلەن ياشايمەن دەپ تىرىشىپ تۇرساممۇ دائىم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىمەن، نەپسىم مېنى بىر ئىشلارغا ئالدىرىتىدۇ، ناھايىتى مۇشەققەتتە ياشاۋاتقىنىمنى بىلىمەن، ئەمما ئۆكۈنمەيمەن، ئىمانىم شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. نەپسىمنى دەپلا ياشىسام ھەممە ئىش ئاسان ئىدى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن؛ توي قىلغان تەقدىردە سىزنى ئەركىن قويۇۋېتەلمەيمەن؛ ئەر-خوتۇنلار بىللە ياشاشقا مۇمكىن تۇرۇپمۇ ئايرىلىپ ياشىسا بولمايدۇ، بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ياخشى ئەمەس، ئاتا-ئانىلار رازى بولمايدۇ، كىشىلەر سۆز-چۆچەك قىلىدۇ...

ـ دېمەك، سىزگە تېگىپ شۇ مەھەللىدە خىزمىتىڭىزنى قىلىپلا ئۆتسەم بولىدىكەن-دە، بۇنى بۇرۇنلا ئويلاپ بولغانىدىم، ئاخىر ئويلىغىنىمدەك بولدى. بۇ گەپنى دېگىنىم بىلەن دېمىگىنىمنىڭ پەرقى بولمىدى. .. بوپتۇ، خۇدايىم بىزگىمۇ بىر يول ئېيتار... ئاش سوۋۇپ قالدى، قېنى ئاشقا بېقىڭ.

سىيىت قارى سوۋۇپ قالغان لەڭمەنگە چوكا سالدى، چۆپنى ھەسرەتلىرىنى قوچۇغاندەك قوچىدى، كۆڭلى بەك يېرىم بولغاچقا ئاشنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئالدىرىماي يەپ تۈگەتتى. ئەمما زۆھرە ھېچنېمە يېمەي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە بىلىپ-بولماس بىسەرەمجانلىق، ئەنسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، قايغۇ-ھەسرەت، پەرۋاسىزلىق، ... ئەيتاۋۇر سىيىت قارى پەرەز قىلىشى تەس بولغان خىلمۇ خىل ئالامەتلەر ئەكس ئېتەتتى، يىغلىدىمۇ؟ يىغلىمىدى...

25

سىيىت قارى زۆھرە بىلەن كۆڭلى يېرىم ھالدا خوشلاشقاندىن كېيىن يولبويى ئىمان بىلەن مۇھەببەت، تەقۋالىق بىلەن نەپسانىيەت ئارىسىدا ئېغىر خىياللارنى سۈرۈپ كەلدى، ئاخىرقى ھېسابتا

ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلەيدىغان نەرسە يەنىلا ئىمان ئىدى، مۇسۇلمان بەندە ھەر قانداق چاغدا سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى، دۇچ كەلگەن ھەر قانداق ئىشقا ئىمان بىلەن يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەملا ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دەرت-ئەلەمگە چىدىماي چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، بۇنداقلار ئاز؛ لېكىن كۆپ ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالىدۇ، ماھىيەتتە بۇلارمۇ ھالاك بولغۇچىلار. نۇرغۇن ئادەم دۇنيانىڭ قايغۇ-ئەلەملىرىدىن زارلىنىپلا ھايات كەچۈرۈشىدۇ، پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدىنى مۇشۇ دۇنياغا- ماددىي مەئىشەتكە، نام-ئابرۇيغا، شەھۋەتكە، مۇھەببەتكە، ۋاپاسىز پەرزەنتكە... باغلاپ، شۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلاپلا ئۆتىدۇ؛ دۇنيا ئۇنىڭ ئارزۇيىغا باقمىغانچە ئازابلىنىدۇ، ئارمانلىرى ئۆلگۈچە تۈگىمەيدۇ، ئارمان بىلەن ئۆلىدۇ. «ئالدىڭدا يەنە بىر دۇنيا بار، بۇ ئەرزىمەس دۇنياغا ئۇنچە باغلىنىپ كەتمە، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالما» دېسە، نەق دۇنياغا ئالدانغان پىسخىكىسى بويىچە «شۇ ۋاقىتتا كۆرەي» دەپ پىسەنت قىلمايدۇ، ئەمما ئۆلۈم ئالدىدا جېنى بىلەن تەڭ ئىدىيە جەھەتتىمۇ تىركىشىدۇ... ئەمما ئۇ ۋاقىتتا كېچىككەن بولىدۇ. مانا بۇ غاپىللىق، دۇنيا غاپىللىق بىلەن لىق توشۇپ كەتتى. «ئازابلىنىپ نېمە قىلاي،-دەپ ئويلىدى سېيىت قارى،- بۇ ئازابلىرىم قىيامەت ئازابى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بۇ ۋىسالنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقىدا بەلكىم بىر ياخشىلىق باردۇر، بېرىپ نامىزىمنى ئوقاي، نامازدىن راھەت تاپاي، رەببىمنى زىكرى قىلاي، كۆڭلۈم يېرىم بولسا يىغلاي، شۇ قىزنىڭ ئىنساپىنى تىلەپ دۇئا قىلاي، ئۆلۈمنى ياد ئېتەي، ئاخىرەتتىكى ھېساب-كىتابتىن قورقۇپ بولسىمۇ بۇ دۇنيالىق غەلۋىلىرىم، ۋەسۋەسىلىرىم، ئازابلىرىمنى تەرك ئېتەي».

سېيىت قارى تەقۋالىقنى، تەقۋالىقنىڭ ھۇزۇرىنى ياد ئېتىپ ئۆزىگە شۇنچە تەسەللى بېرىپ تۇرسىمۇ كۆڭلى يەنىلا پاراكەندە ئىدى، زۆھرەنىڭ غەمكىن ھالىتى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، «ئۇ پاك بولمىسا ماڭا ئىشەنچلىك ھالدا گەپ قىلالارمىدى؟ زىنادىن يىراق تۇرۇشنى ئويلىمىغان بولسا ماڭا تېگىمەن دەپ نېمە قىلاتتى؟ ۋىسال شادلىقىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىمەنمۇ؟ ئارتۇق ئويلاپ كەتكەندىمەنمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا قانداق بولار ئىدى؟ تىرىشساق بىر گەپ بولارمىدى؟ ئۇ ماڭا تەگمىسە

كىمگە تېگىدۇ؟ كىم ئۇنىڭ پاكلىقىغا، گۈزەللىكىگە ئېرىشىدۇ؟ مەن نېمىشقا مۇھىم مەسىلىنى ئويلىمىدىم؟ بۇنىڭ زادى قايسىسى مۇھىم مەسىلە؟ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزنى ھېچنېمىگە قارىماي ئېلىش ئارقىلىق ئۇنى ھىمايە قىلىشىم كېرەكمۇ ياكى مۇشۇ ئىپلاس شەھەرگە تاشلاپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟!، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئاندىن بىر ئىشنى چالا قىلغاندەك ياكى خاتا قىلغاندەك جىددىيلىشەتتى ــ بىر چاغلاردا قېرى ئىماملار تەرىپىدىن «ۋاھابىلار، قۇلاق كەستىلەر» دەپ ئاتالغان ياش باللارنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇش دائىرىسىدىكى ئېپپەتلىك قىزلارنى ئىمانسىزلارغا قۇربان بولۇپ كەتمىسۇن دەپ نىكاھىغا ئېلىشى ھەقىقەتەن ساۋابلىق ئىشمۇ؟ بەلكىم شۇ قىزلار ئىمانلىق ياشلارغا تېگىش ئارقىلىق ھاراقكەشلەرگە خوتۇن بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغاندۇ؛ زۆھرەچۇ؟ ئۇ تېخىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا، ئېپپىتىنى قۇربان قىلىۋەتسىلا تامامەن تۈگىشىدۇ، بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ زۆھرەنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىنى زادى تۈزەتكىلى، ئۇقۇشتۇرغىلى بولماسمۇ؟ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنى خوتۇن قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى چىرايلىق تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تامامەن بولىدىغۇ؟ تويى قىلماي تۇرۇپ نېمىنى بىلىدۇ؟ نېمىدىن ئەنسىرەيدۇ؟...»

سىيىت قارى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تەگىمەي دېسىمۇ، خىيالى ئارام بەرمەيتتى، كېچىكىپ كەلگەن ياخشى نىيەتلىك ئوي-خىياللىرىغا ئەمدى ئاچچىقلانغۇلۇقمۇ؟

زۆھرە ئوتتۇرىغا قويغان تۇرمۇش تەسەۋۋۇرلىرى گەرچە خىيالىي، ئەخمىقانە بولسىمۇ، ئۇنى يامان خىيال، ناچار ئارزۇ دېگىلى بولمايتتى؛ ئۇ يەنىلا زۆھرەنىڭ پاكلىقى، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ياشايدىغان تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى ئىدى. بۇ پىكىرلەر زۆھرە بىلەن يۈز تۇرانە تۇرغاندا نېمىشقا سىيىت قارىنىڭ كاللىسىغا كەلمىدى؟ بۇمۇ غاپىللىق بولسا كېرەك.

سىيىت قارى زۆھرەنى بىچارە قالدۇرۇپ قويدى، كىم كىمنى بىچارە قىلدى؟ بۇ ئېنىق ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئۇ زۆھرەنى راستتىنلا بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر قېتىم خوتۇن ئېلىپ كۆردى، خوتۇن كىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى سىر ئەمەس؛ شۇنىڭدەك جىنسىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن

ئادەمگە مۇھەببەتمۇ ئۇنچىلىك سىر ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ سېھرى كۈچى زادى ھەر قانداق ئەھۋالدا توي بىلەنلا تۈگەيدۇ.

سىيىت قارى مۆرەككەپ ئوي-خىياللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇھىم ئىشنى چالا تاشلاپ كەلگەن ئادەمدەك بولىدىغان ئۆكۈنۈش ۋە بىئاراملىقتا تۇتۇلۇپ، قىرتاق تۇيغۇلىرىغا پۈتلىشىپ ياتىقىنى ئاران تېپىپ كەلدى ۋە تاھارەت ئېلىپ جايناماز يۈكۈندى. نامىزىنى دەسلەپتە ئويلىغاندەك تەقۋا كەيپىياتتا، دىققىتىنى يىغىپ ئوقۇيالمىدى؛ نامازدىن كېيىن يىغلاپ دۇئا قىلالمىدى؛ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ ئورنىدىن قوپتى، كارىۋىتىغا يانپاشلىدى، بىرەڭ خىياللىرى يەنە پەيدا بولدى؛ پىلان يوق، ھەرىكەت يوق، قۇرۇق خىياللا بار؛ زۆھرەنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغانچە ئوي-پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كەتتى، ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى.

بىر دەمدىن كېيىن تاھىر قارى كىرىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ تاھىر قارىغا بوگۆنكى ئىشنى ئېيتىپ، ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋېلىشنى ئويلىدى، ئەمما ئۇنىڭ يەنە ئەيىبلەپ كېتىشىدىن، دەرد ئۈستىگە دەرد يۈكلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم بولۇۋالدى. تاھىر قارى ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكىدەك سالاملىشىپ قويۇپلا نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. سىيىت قارى ئۆزى سەۋر قىلالمىدى:

ــ ئادەمدىن ئەھۋال سوراپ قويايمۇ دېمەيسەنغۇ؟

ــ نېمە ئىش بولدى، قارىسام ياخشى تۇرىسەنغۇ..

ــ ئەجەب بىر ئىش بولدى...

ــ نېمە ئىش بولدى؟

ــ مەن زۆھرەگە توي قىلىلى دېگەندە ئۇ رەت قىلدى، ئەمدى ئۇ توي قىلايلى دېگەندە مەن رەت قىلدىم.

ــ نېمە؟ سەن نېمىشقا رەت قىلدىڭ؟

ــ توي قىلسام مۇشۇ يەردە توي قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ياشىسام بولىدىكەن؛ يۇرتقا كەتكىلى ئۇنىمايدىكەن. يۇرتتا توي قىلساقمۇ ئۇ يەردە تۇرماي بۇ شەھەرگە يېنىپ كېلىدىكەن. سەن ئويلاپ باقە،

شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ زادى قاملاشمىغان بىر ئىش...

ـ مەيلى دېسەڭ بولمامدۇ! قىز بالا دېگەن ئەرگە تەگمەستە ھەر نېمىنى دەپ باقىدۇ. ھە دەپ قويۇپ ئىكاھىڭغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىسەن. ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئىشتا بىر كەتكۈزۈپ قويۇپسەن؛ يا شۇ چاغدا ماڭا تېلېفون قىلىۋەتمەپسەن، ئوبدان مەسلىھەت بېرەتتىم.

سىيىت قارىنىڭ چىرايىنى نادامەت تۇمانلىرى قاپلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ بۇ تاللىشىنى بەك خاتا دەپمۇ ئويلىمىدى، بۇنداق ئويلىسا ھەسرىتى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.

ـ لېكىن ئويلاپ باق، مەن ئۇنىڭغا بويسۇنامدىمەن ياكى ئۇ ماڭا بويسۇنامدۇ؟ مەن ئۇنى ئالامدىمەن ياكى ئۇنىڭغا تېگەمدىمەن؟ بۇ يەردە نۇرغۇن مەسىلە بار، توي دېگەن ئاسان ئىش ئەمەس، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنى تېخىمۇ ئويلىماي بولمايدۇ.

ـ سەن ئارتۇق ئويلاپ كېتىپسەن بۇرادەر ـ دېدى تاھىر قارى خۇشخۇيلۇقىنى يوقاتماي ـ زۆھرە ساڭا شۇ گەپنى دېگەنىكەن، ساڭا كۆڭلى بار دېگەن گەپ؛ بۇ كۆڭۈلنى قەدىرلەش كېرەك، مۇشۇنداق كۆڭلى بار خوتۇنلا ۋاپادار كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، زۆھرە سېنىڭ قارىملىقىڭنى، ئىپپەت-نومۇس قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىدۇ؛ ساڭا قورقماي تېگىمەن دېيەلىگەنىدىكىن، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوق. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ شەھەردە ئىپپەت-نومۇسنى قوغداپ ياشىيالىغان قىزنى جاننى تىكىپ قويۇپ بولسىمۇ ئېلىشىڭ كېرەك، ھەرگىز ئالدى-كەينىڭگە قاراپ ئولتۇرما. ئادەتتە بىر قىز توي قىلىمىسا بولمايدىغان ئەھۋالدا توي قىلىدۇ، دېمەك، زۆھرە چوقۇم بىر ئىشقا دۇچ كەلدى، ساڭا ئېنىق ئېيتمىغان بىلەن بۇنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ـ ئۆيدىكىلىرى قىستاپتۇ، ئانىسى تېلېفوندا دېگەن چېغىدا...

ـ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بىر ئىش بار دەپ ئويلايمەن، زۆھرەجانىڭ ھەرقاچان چىرايلىقتۇ، چىرايلىقلار ئۆزىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، چۈنكى بۇنداق شەھەردە ئۇنداق قىزغا يامان نىيەتلىك كۆزلەر تىكىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئەرنىڭ ھىمايىسىگە تەشنا بولىدۇ. سەندىن شۇنى ئۈمىد قىلىپ ئۇ گەپنى ئاران تەستە دېگەندۇ، لېكىن سەن ئۆزۈڭنى چاندۇرۇپسەن ئەمەسمۇ!

سىيىت قارى جىمىپلا كەتتى، تاھىر قارى ئۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن تەرەپلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلاۋاتاتتى.

ـ مەنمۇ شۇنچىلىك ئىككىلەندىم ـ دېدى سىيىت قارى ئۆزىنى ئاقلاۋاتقاندەك ـ لېكىن بۇ شەھەردە توي قىلالىشىمغا ئىشەنمىدىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەندە پۇل يوق. پۇلنىغۇ سەندىن قەرز ئېلىپ تۇرارمەن، ئەمما تويدىن كېيىن خوتۇننىڭ تاپقان پۇلىغا قاراپ ئولتۇرمىدىمەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلالايمەن؟ يۇرتتا توي قىلىپ يېنىپ كېلىمەن دەيدۇ، مەن شۇ خوتۇننىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرسام بولىدىكەن، ئۆزى ئىمام تۇرۇپ خوتۇننى باشقۇرالماپتۇ، خوتۇننىڭ پۇلىنى خەجلەيدىكەن دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم بولىدىكەن...

ـ ئىقتىساد ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن بۇنى باھانە قىلىۋالما. زۆھرەنىڭ ئۆتۈپ بېرىپ سېنى تاللىشى مېنى قىزىقتۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆڭۈلنى دېمەي، پۇلنى دېگەن بولسا بۇ شەھەردە ئۇنى ئالىدىغان باي تېپىلماي قالارمۇ؟ زۆھرەنىڭ باشقا بىرسىنى ئەمەس، بەلكى سېنىڭدەك بىر قارىنى تاللىشى ئۇنىڭدا ئىمان-ئېتىقادنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنى نىكاھىڭغا ئالغاندىن كېيىن دىيانەتلىك خوتۇن قىلالايسەن.

ـ بۇلارنى مەنمۇ ھېس قىلغان، لېكىن مەسىلە ھازىر، زۆھرە بۇ شەھەردىن ئايرىلمايمەن دەۋاتىدۇ. ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇش تەس، مۇبادا توي قىلساقمۇ ئۇزاققىچە ئۆي تۇتالمايمىز.

ـ بۇنى شۇ ۋاقىتتا كۆرمەمسەن؟ قىز بالا توي قىلغاندىن كېيىنلا يۇۋاشلايدۇ، ئۆزۈڭگە ئاستا-ئاستا كۆندۈرەلەيسەن.

ـ ھەي تەس جۇمۇ، مەن بۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمەيمەن. ئۈچ كۈنلۈك خوتۇنۇم توي قىلماستا ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنگەندى، ئاخىرى نېمە بولدى، ئادەمنى ئالۋاستىدەك قورقۇتۇپ قېچىپ كەتتى.

تاھىر قارى كۈلۈپ كەتتى، سىيىت قارى يەنىلا غەمكىن ئولتۇراتتى.

ـ كونا خوتۇننىڭ كاساپىتىگە كېتىپلا بارىسەنغۇ سەن، ئارتۇق ئويلىما! قېرى ئاخۇنۇملارغا خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، لېكىن بىز ئۇنداق قارىۋالساق بولمايدۇ. پاك، گۈزەل قىزلارنى

قەدىرلەش كېرەك. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىپپەت-ھايالىق، ئەقىللىق، ۋاپادار خوتۇن بولىدۇ. سەن ئەڭ ياخشىسى، زۆھرە بىلەن توي قىل، قالغىنىنى ئاللاھقا تاپشۇر.

— مېنى شۇنداق ئويلىمىدى دەمسەن، بولدىلا، يەنە دېسە يەنە شۇ.. ئۇ بۇ شەھەردىن كەتمەيمەن دېسە، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنامدىمەن؟!

— كەتمەيمەن دېسە سەنمۇ كەتمەي بىر مەزگىل ئۆي تۇتۇپ كۆرۈپ باققىن، چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ باققىن. جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا ئۆيدىن چىقىپ كەتكىن. ئىنساۋى بولسا كەينىڭدىن ئەگىشىدۇ، ساراڭلىقى تۇتسا جايىدا قېلىۋېرىدۇ.

— بىر دەملىك ھەۋەسنى دەپ بۇنداق پاراكەندە ياشىغۇم يوق؛ نىكاھتا بىر قېتىم مەغلۇپ بولدۇم، نۇرغۇن ئىقتىسادتىن ئايرىلدىم، ئەمدى يەنە مەغلۇپ بولغۇم يوق، بىزدە ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان پۇل يوق. ئۆيدىكىلەرنى ئويلىمىسام بولمايدۇ، سىڭلىم تېخى توي قىلمىدى...

— ئەمىسە سېنى ۋاقىتلىق نىكاھلاپ قويىلى -دېدى تاھىر قارى، ئۇنىڭ چىرايىدا يەڭگىل، سەمىمىي بىر كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— چاقچاق قىلماڭلا قارىم.

— چاقچاق قىلمىدىم، پەقەت بولمىغاندا بۇمۇ بولىدىغان چارە. بۇرۇنلاردا بىزدەك ئوقەتچىلەر ياقا يۇرتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئۆيلىنىدىغان ئىشلار بوپتىكەن.

— شەرىئەتتە ئاساسى بارمۇ بۇنىڭ؟

— بولۇشى مۇمكىن، ئىزدىنىپ باقساق بولىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن، نىكاھ قىلىش زىنا قىلغاندىن مىڭ ئەۋزەل-دە! ئەگەر ھەر ئىككىڭلار زىنادىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلساڭلار نىكاھىڭلارنى ئوقۇۋەتسەك بولىدۇ. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار كېلىشىۋالساڭلار.

سېيىت قارى ئۇممىدۋارلىق بىلەن ئويلىنىپ قالدى، ئەمما تەشۋىشتىن قۇتۇلالمىدى:

— زۆھرە بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ.

— قوشۇلمىسا ئامال يوق. سەن كېتىسەن، ئۇ قالىدۇ. ئاراڭلاردا كۆڭۈل دېگەن نەرسە قالمايدۇ، سەن

ئىگە بولالمىغان پاكلىققا باشقا بىرسى ئېرىشىدۇ. ئۆلگۈچە ھەسرەت-نادامەت چېكىسلەر...

سىيىت قارى ئىزتىراپ ئىچىدە تولغاندى، زۆھرەنىڭ مەيۈسلۈك قاپلىغان چىرايىنى ئەسلىدى، بۇ چىراي غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولسا، نېمە ئاقىۋەتلەر يۈز بېرەر؟

زۆھرە سىيىت قارىمنى بىچارە دەپ ئويلىدى، ئۆزى ئاشىق بولغان قىزغا ئىگە بولالمىغان يىگىتنى بىچارە دېمەي نېمە دەيتتى؟! ئۇ زۆھرەگە ھەسرەت بىلەن كۆڭلىنى چۈشەندۈردىيۇ، ئۈمىدلىك، ئىشەنچلىك گەپلەرنى قىلالمىدى. ئوقۇغان قارىم تۇرۇپ پاكلىقنى جان دىلىدىن قەدىرلىمەي، زۆھرەنى تېگىشلىك بەختكە ئېرىشتۈرمەي ئۇنىڭدىن شۇنچە ئاسان ۋاز كېچىدىغان بولدى. قارىم ھېچ بولمىغاندا مۇھەببىتىگە چىن دىلىدىن سادىق بولۇپ، توي قىلىپ بىر كۈن بولسىمۇ ياشاپ ۋىسالىغا يېتىپ، زۆھرەنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، دەردمەن قىزنىڭ كاللىسىدىكى زىددىيەتلەرنى، پاكلىقنى كىمگە بېغىشلاش ھەققىدىكى ئىزتىراپلىرىنى كەتكۈزەلمىدى. سىيىت قارىدىن باشقا ھەر قانداق ئەركەك زۆھرەدەك قىز ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقالىغان بولاتتى. پاك، گۈزەل قىزغا يىگىتلەر ئۆلگۈدەك ئاشىق بولىدۇ، ھەتتا شۇ يولدا رەقىبلىرى بىلەن قان بولۇشۇپ كېتىدىغۇ؟ سىيىت قارىدا جۈرئەت-شىجائەت كەم، گەرچە ئۇ شۇ ئىمانى، پاكىزلىقى، غۇرۇرى بىلەن ئېسىل كۆرۈنسىمۇ، غەيرەت-جاسارىتىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئوخشاشلا كەمسىتىلدى؛ ئۇ زۆھرەگە «كۆڭلۈمدە سىزدىن باشقا ئادەم يوق» دەپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنى ئىپادىلىيەلمىدى؛ ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ، مۇھتاجلىقتىن قىسىلىپ زۆھرەنى بىئارام قىلىۋەتتى؛ قارىمنىڭ ئاجىزانە ئىپادىلىرى زۆھرەنىڭ كۈچلۈك ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى زۆھرە ھېچكىمگە بۇنچىلىك ھېسداشلىق قىلىپ باقمىغان، ھېچكىمگە بۇنچىلىك ئىچى ئاغرىپ باقمىغانىدى. بۇ ھېسداشلىقنى زۆھرە مۇھەببەت بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، ئەمما مۇھەببەت بۇنداق بىچارە بولسا بولمايتتى. مۇھەببەت دېگەن بىر-بىرىنى بىچارە قىلىشمىدى؟ بىر-بىرىنى ئازابلاشمىدى؟ ۋىسالنى قەستەن كەينىگە سۈرۈشمىدى؟

زۆھرەمۇ يولدا كەلگۈچە سىيىت قارىغا ئوخشاشلا جىددىي، كۆڭۈلسىز خىياللارنى سۈرۈپ كەلدى؛

قارىمىنىڭ ھەسرەتلىك چىرايىنى ئەسلەپ، بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئېيتقان گەپلىرىنى ئويلاپ ئىچى سېرىلدى، ئەمما «ئۇنىڭ بىچارىلىكىگە مەن سەۋەبچى ئەمەس، جۈرئەت قىلالمىغاندىكىن ئۆزىدىن كۆرسۇن، قارىم تۇرۇپ نېمىشقا تەۋەككۇلچىلىك قىلالمايدۇ » دەپ ئۇنىڭغا ئەيىب قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈپ، كەلگۈسىنى ئويلاشتىن قېچىپ ئۆيىگە ئاران يېنىپ كەلدى.

ئىشىكنى ئېچىپ تۇرۇشىغا ئادىلەدىن تېلېفون كەلدى:

ــ ۋاي ئاداش، بارمۇ سەن؟

زۆھرە ئۆيىگە كىرىپ دېمىنى ئېلىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى. ئادىلە ئۇنى يېڭى ئېچىلغان بىر رېستوراندا تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىچى سىقىلىپ تۇرغان زۆھرەمۇ بىرسى بىلەن مۇڭدىشىشقا تەشنا بولۇپ تۇراتتى، ئادىلەدىن باشقا پاراڭلاشقۇدەك ئادىمىمۇ يوق ئىدى؛ زۆھرە سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، نېمىشقا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئادىلەدىن باشقا سىرداش دوستىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلىنىپ قالدى، بۇ شەھەردە دوستلىشىشقا نېمە كەم؟ ئۆزى شۇنچە پاسسىپ، ئىچ مىجەز قىزمىدى؟

زۆھرە ئۆيىنىڭ ئىچىگە باشقىدىن سەپسالدى، ئەگەر سېيىت قارى بىلەن توي قىلىپ بۇ ئۆيدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا ھوسەيىن ئۇنى قوغلاپ چىقارماسمۇ؟ ئەجەبا سېيىت قارىنىڭ كۆڭلى بۇنى تۇيغانمىدۇ؟ تەقۋا بولغاندىكىن قەلبى شۇنچە سەگەكمىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ قارىم ئەمەلىيەتتىمۇ ئويلىغانىدى، ۋاقىتلىق ھەۋەسنى دەپ ئەمەس، مەسئۇلىيەتنى بەكرەك ئويلىغانىدى...

زۆھرە سېيىت قارىنى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئويلاۋېرىپ تېخىمۇ پۇشايمان قىلىشتىن ئەنسىرىدى. بىر دەم ئارامىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن شۇ كىيىمى، شۇ پەردازلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئادىلە ئېيتقان رېستورانغا كەلدى. ئادىلە ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.

ــ قارىسام يوقاپلا كەتتىڭ، كۆرۈشمىسەك ئۇنتۇشۇپلا كېتىدىكەنمىز، پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى، نېمە كۆردۇق، نېمە ئاڭلىدۇق، نېمە يېدۇق، نېمە كىيدۇق، دەپ تۇرايلى. بولمىسا ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىدىكەن...ــ دېدى ئادىلە زۆھرەگە چاي قۇيغاچ.

ــ شۇ، كۆرۈشۈپ تۇرساق ياخشى...

ــ تۇرقۇڭ بەك ئېسىل، ئەمما ھالىڭ بوشقۇ؟!

زۆھرە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى، مەيۈسلۈك بىر دەمدىلا چىرايىغا چىقتى.

ــ دەردىڭ باردەك قىلىدۇ، ئۇچۇق-يورۇق دەۋەرگىن، مەنمۇ ساڭا ۋاتىلدىشىپ بېرەي.

ــ مۇشۇ كۈنلەردە كۆڭلۈم پاراكەندەــ دېدى زۆھرە دېيەلمىگىدەك گەپ بولمىغاندىكىن دەۋېرەي دەپ ئويلاپ، ــ ئەلچىخانىدىكى بىر ئادەم پەقەت ئارامىمنى قويمىدى.

ــ قانداق ئادەم، يەنە شۇ ھېلىقىدەك ئەرەبمۇ؟

ــ ھەئە، لېكىن ھازىرقىسى مېنىڭ باشلىقىم.

ــ ئەرەب، مۇسۇلمان دېگەننىڭ ھالى شۇ!ــ دېدى ئادىلە جانلىنىپــ سېنى بىر نېمە قىلمىغاندۇ؟

ــ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئەمما بەك قىستاپ كېتىپ باردۇ...

ــ بۇ يەردىكى ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى شۇ، مەنغۇ بۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ياقتۇرمايمەن. دىنىمىز دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، قارىسا جاھاندىكى ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتقان...

ــ مېنى ياخشى كۆرىمەن دەيدۇ، توي قىلىمەن دەيدۇ، لېكىن قاراپ باقسام، بۇنىڭ ھەممىسى يالغانىكەن...

ــ يالغان بولماي، ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش. سەن باشقا جەھەتتە ساددا بولساڭمۇ، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە يامان كېلىۋاتىسەن. راستىنى دېسەم، مەن بۇنىڭغا قايىل. سەن ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

ــ ئۇقمايمەن، كۆڭلۈم دەككە-دۈككىدىلا ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ سەن ھازىرغىچە قىز-ھە...ــ دېدى ئادىلە كۈلۈپ، لېكىن بۇ كۈلكىسىگە مەسخىرە ئارىلاشتۇرمىدىــ ئاجايىپ قىز جۇمۇ سەن، چىدامچانلىقىڭغا مەن بەك قايىل. ئەمدى گەپ، مۇشۇ پاكلىقىڭنى كىمگە بېغىشلاش مەسىلىسى. بۇ قىزلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مۇشۇ ئىش قىزلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا، بەختىگە ئالامەت تەسىر كۆرسىتىدۇ. پاكلىقنى چوڭ بىلمەيدىغان ئادەم

بولمايدۇ، ھەممە ئادەمدە پاكلىق ئارزۇسى، پاكلىنىش ئىستىكى بولىدۇ. مېنى بىلىسەن، مەن ئېپېەت-نومۇسنىڭ دەردىنى بەك تارتىپ كەتتىم، پاكلىنىش ئارزۇيۇمغا يېتەلمەي كەلدىم، ئاخىر مانا خرىستىئان بولغاندىن كېيىن بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم.

زۆھرە ئۇنىڭ ھە دېگەندىلا شۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن ئويلاپ بولغاچقا، ئېرەن قىلماي جىم ئولتۇردى.

ـ سەنمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلىشىڭ كېرەك ـ دېدى ئادىلە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ـ پاكلىقىڭنى ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆلگۈچە پۇشايمان قىلمايدىغان بىرسىگە بېغىشلىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا قىممىتىڭنى قوغداپ قالالىغان بولىسەن، بۇ ئىشىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىسەن، ئارمانىڭ قالمايدۇ، ھەسرەت چەكمەيسەن...

ئادىلە زۆھرەنى زۆھرە قىلىۋاتقان، غۇرۇرىنى، قىممەت قارىشىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسىنىڭ ئاشۇ قىزلىق، پاكلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەچكە، زۆھرە شۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسىلا ئۆزگىرىپ باشقىچە ياشاش يولىغا قەدەم قويىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغاچقا، گەپنى پاكلىقتىن باشلىدى؛ زۆھرەنىڭ مەيلى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن شۇ پاكلىقىدىن بالدۇرراق ئايرىلىپ، ئۆزىنى ئەمدىيە جەھەتتە ئازاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئادىلە ھازىرچە سىيىت قارىنى زۆھرەنىڭ پاكلىقىغا ئېرىشەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم دەپ قارايتتى، سىيىت قارىدىن باشقا ئادەمنى زۆھرە قوبۇل قىلالمايتتى. چۈنكى ئوتتۇرىدا مېھىر-مۇھەببەت دېگەن نەرسە بار ئىدى.

ـ مەنمۇ شۇ مەسىلىنى ئويلاۋاتىمەن ـ دېدى زۆھرە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ گەپ قىلىۋاتقان ئادىلەگە ئىچ سىرىنى تۆكۈپ، ـ بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بولمىسا مەن نەچچە ۋاقىتتىن نېمىگە ئۇنچە جاپا چېكىمەن؟ مېنىڭمۇ باشقا قىزلاردەك ئويناپ-كۈلۈپ، خالىغانچە ياشىغۇم بار. ئۆزۈمنى بولۇشىغا قويۇۋەتسەم ئىش بىردەمدىلا ھەل بولىدۇ. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن...

ـ بىلىمەن سەن ئۇنداق قىلالمايسەن ـ دېدى ئادىلە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلەن تىكىلىپ.

ـ مەن ئۆزۈم ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىتنى ھازىرغىچە تاپالمىدىم...

– سىيىت قارىچۇ؟

– ئۇمۇ ئارزۇيۇمدىكىدەك ئەمەس...

– ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، سەندە ھېسسىيات يوق ئەمەس. ئۆتكەندە ئۇ قارىمىنىڭ بېيجىڭغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالغانتىڭغۇ؟

– سېنىڭچە شۇمۇ مۇھەببەتمىدۇ؟ مەن مۇھەببەتنى بۇنداق ئويلىمايتتىم، مېنىڭمۇ ئاجايىپ ئارزۇ-ئارمانلىرىم بار ئىدى.

– مۇھەببەتنى ھىندىستان كىنولىرىدىكىدەك ئويلاپ قالما، بەك غايىۋى بولۇپ كەتسەڭ ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالىسەن؛ شارۇنخان بىلەن سىيىت قارى ئوخشىمايدۇ. بۇ يېشىڭدا ئەمدى كىچىك قىزلاردەك بەك رومانتىك بولۇپ كەتسەڭمۇ قاملاشمايدۇ.

– ھەي، ئادەم شۇ ئارمان قىلىدىكەن...

– ئارمانلىرىڭنى قويۇپ تۇر، ھازىر يېشىڭدا ئوت كۆيۈۋېتىپتۇ، چاققانراق بولمىساڭ ئىشىڭ چاتاقتەك قىلىدۇ. قاراپ تۇر، ئۇ ئەرەب ئەتە-ئۆگۈن يەنە قېشىڭغا كېلىدۇ. بىر قېتىم رەت قىلارسەن، ئىككى قېتىم رەت قىلارسەن، ئۈچىنچى قېتىم قانداق قىلىسەن؟ ئۇنىڭغا ئەر كىشى پايلىمايدۇ، يا سېنى بىر نېمە قىلىۋېتىدۇ، ياكى سەن ئۇنى بىر نېمە قىلىپ قويىسەن. شۇنىڭ بىلەن تۈگمەس بالاغا قالىسەن.

– مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن...

– شۇڭا ۋاقتىدا بىر قارارغا كەلگىنىڭ تۈزۈك. يا بىراقلا ھەممىنى تاشلاپ يۇرتقا كەتسەڭ بولىدۇ، يا بولمىسا ھەممىگە چىداپ مۇشۇ يەردە ياشىساڭ بولىدۇ. لېكىن سەن بۇئىشتا بەك ئىككىلىنىسەن، مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن. سىيىت قارى ھازىر كەتتىمۇ بارمۇ؟

– كەتمىدى، بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشتۇق.

– نېمە دېيىشتىڭلار؟ خېلى قىزغىن پاراڭلاشقانسىلەر؟!

– ھەئە، پاراڭلاشتۇق، ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويدى، باشتا ئۇنىمىغانىدىم. كېيىن ئانام شۇنىڭغا

تەگسەڭ دەپ تۇرۇۋالدى. ماقۇل دەپ باياتىن تېخى ئۇنىڭغا توي قىلىشنى ئېيتسام ئۆزى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

– ئوغۇل بالا دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟! نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكەن؟! ساڭا ئىشەنمەمدىكەن؟

– بۇ شەھەردە ياشاشقا ئىشەنچى يوقكەن، يۇرتقا كەتسەم بولىدىكەن. يۇرتتا توي قىلىپ بۇ ياققا يېنىپ كېلەي دېسەممۇ ئۇنىمايدىكەن. گېپىمىز بىر يەردىن چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلسىز خوشلاشتۇق.

– ھە، مۇنداق-دە، سەن بۇ شەھەرگە بەكلا كۆنۈپ قاپسەن دېگىنە!

– ئىشقىلىپ، نېمىشقىكىن تاڭ، پەقەت ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. يېزىغا كېتىشنى ئويلىساملا كۆزۈم قاراڭغۇلىشىدۇ.

– ۋاۋ، رەسمىيلا شەھەر قىزى بولۇپ كېتىپسەن، بۇ جەھەتتە مەنمۇ ساڭا يېتەلمىگۈدەكمەن. لېكىن ئاداش، ئۇ قارىمىنىغۇ شۇنداق دەپ يولغا ساپسەن، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟!

– ھېچ ئۇقماي تۇرىمەن، تولا ئويلاپ كاللام ئېتىلىپ كېتەي دەۋاتىدۇ...

– سېنى مۇشۇنداق قىلىۋەتكەن نەرسە نېمە، بىلەمسەن؟ سېنىڭ پاكلىقىڭ، مۇشۇ پاكلىقىڭنى سېيىت قارىغا بېغىشلاپلاۋەتسەڭ ھەممە دەردىڭ تۈگەيدۇ، كۆڭلۈڭ ئارام تېپىپ قالىدۇ...

قىز بالا قىز بالىنى چۈشەنمىسە بىكار! زۆھرە ئادىلەگە ئەجەبلىنىپ قارىدى، بۇنى زۆھرەمۇ نەچچە قېتىم ئويلاپ بولغان، ئەمما بۇ يوشۇرۇن خىيالنى ئادىلە ئاشكارىلايدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. زۆھرە خىجىل بولدى، لېكىن ھۆسەيىنىنىڭ قىلىقلىرى ئېسىگە كېلىپ توختاپ قالدى، ھۆسەيىن ھارام نىيەتلىرىنى ئاشكارىلاۋاتقاندا زۆھرەنىڭ كاللىسىغا سېيىت قارىم تەسىر قىلىپ، پاكلىقنى قوغداش ھەققىدە يوشۇرۇن گەپ ئۆتكۈزەلىگەن ئەمەسمىدى؟! ئەگەر شۇ چاغدا ھۆسەيىنىنىڭ ئورنىدا سېيىت قارى بولغان بولسا زۆھرە بەلكىم رازىلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىۋەتكەن بولار ئىدى...

– ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟—دېدى زۆھرە يەنىلا خىجىللىقىنى يوشۇرالماي، ئەمما يوشۇرۇن ئېڭىدا بۇنى قوللاپ تۇراتتى.

– ھېچنېمە بولمايدۇ، باشقا كەلگەندە باتۇر بولمىساڭ بولمايدۇ، تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزۈڭگە ئەڭ بولىدىغىنىنى تاللايسەن، زىيانىنى ئازايتىسەن. ساڭا شۇ ئەرەبنىڭ ئاشنىسى بولۇش مۇھىممۇ ياكى سىيىت قارىغا ئۆزۈڭنى بېغىشلاش مۇھىممۇ؟ شۇ ئەرەبكە پاكلىقىڭنى بېرىۋېتىپ ئازابلانغاندىن كۆرە سىيىت قارىغا بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق تېگىپ، ئاياپ كەلگەن قىزلىقىڭنى بەخشەندە قىلىپ راھەتلەنگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟! قىز بالا دېگەن ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگىلا بېرەلەيدۇ، ئۇنداق قىلالمىسا ئۆلگۈچە قان يىغلايدۇ.

بۇ گەپلەر زۆھرەگە ھەقىقەتەن ياقتى، ئادىلەنى بۇنچىلىك توغرا گەپ قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئەمما سىيىت قارىغا تەگمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا پاكلىقىنى قانداق بەخش ئېتەلەيدۇ؟ مەسئۇلىيەتچان قارىم زۆھرەنى بىر كۈن، بىر ھەپتە بولسىمۇ نىكاھىغا ئېلىپ بەختكە ئېرىشىشنى خالىمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا زۆھرە قانداق قىلىدۇ؟ بېرىپ سىيىت قارىغا يالۋۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا خارلىنىشىپ ئۇنى يەنە ئاللىقانداق گۇمانغا سېلىپ يۈرەمدۇ؟

– گېپىڭغۇ توغرا– دېدى زۆھرە ئادىلەنى خۇشال قىلىپ، – لېكىن ئۇ قارىم مەن بىلەن بىر كۈن بولسىمۇ نىكاھلىق تۇرۇشقا قوشۇلمايدۇ، ئۆمۈرلۈك خوتۇن قىلىمەن دەيدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. ھازىر بېشىمنى ئەڭ قاتۇرۇۋاتقان ئىش مۇشۇ...

ئادىلە زۆھرەنىڭ سىيىت قارىغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى، نىكاھ قىلمىغان ئەھۋالدىمۇ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇ زۆھرەنىڭ ئۆز ئېتىقادىدىن، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدىن كېچىپ، باشقا يول ئىزدەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئادىلە ئۇنىڭ دەل مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. سىيىت قارىمۇ ئۆزىنى تەقۋا ئىمام دېگەن بىلەن ھېسسىياتچان، ئالدىراڭغۇ بالا ئىدى؛ ئاشۇ كۈنى ئۇ ئادىلەنىڭ ئۆيىدە بىر ئاز ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئاندىن نەپسىنى يىغالىغان، بەلكىم زۆھرەنى ئويلاپ شۇنداق قىلالىغانىدى. ئەگەر شۇ كۈنى ئادىلەنىڭ ئورنىدا زۆھرە بولغان بولسا ئىش باشقىچە بولاتتى، قارىم ئۆزىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ تۇتۇۋالالماي قالاتتى. چۈنكى مۇھەببەت بىلەن باشلانغان ھېسسىيات جىنسىيەت بىلەن تۈگەيتتى.

ـ ئەگەر ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دېسەڭ شۇ قارىمىنىڭ بار ۋاقتىدا ھەرىكەتلەن، كەسكىن بول. سىيىت قارى نېمە دەپ ئويلاپ قالار دەپ ئولتۇرما، ئۇ ساڭا ئاشىق، ئۇنىڭ ئاشىقلىقى ئۇنىڭ تەقۋالىقىنى بېسىپ چۈشمەي قالمايدۇ. ئۇ يالغاندىن ياۋاش بولۇۋېلىپ سېنى ئەمدى قىيناۋەرسە بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا سەن ئاكتىپراق بولۇپ ھەقىقىي ھېسسىياتىڭنى ئاشكارىلا. بۇنىڭ خىجىل بولىدىغان يېرى يوق، مۇھەببەتتە ئەرلەر ئاكتىپ، ئاياللار پاسسىپ بولىدۇ دەيدىغان گەپ يوق، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشقا ھەقلىق. سەن ئۇنىڭغا توي قىلىلى دېسەڭغۇ، جۈرئىتىڭگە ئاپىرىن، مانا مۇشۇنداق جۈرئەتلىك قىزلارلا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلىرىنى يۇلۇپ ئالالايدۇ. مانا بۇنى بەخت دەيمىز. سەن مۇشۇ ۋاقىتچە ئاكتىپ ياشاپ كەلدىڭ، ئۆز مۇستەقىللىقىڭنى، پاكلىقىڭنى قوغداپ كەلدىڭ، ئەمدى ئۇنى جايىغا يەتكۈزىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئىككىلىنىپ ئولتۇرما.

ـ دېگەنلىرىڭ توغرا، مەن ھازىر ھەر قانداق ۋاقىتتىدىكىنمۇ بەك كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلدىم، كۆنۈپ قالغان خۇينى ئۆزگەرتەلمەي جىق جاپا چەكتىم.

ـ بەزى خۇيۇڭنى ئۆزگەرتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنداقمۇ قىلىپ بولالمايسەن. ئەمما ھالقىلىق پەيتلەردە كۆنۈپ قالغان بەزى خۇيۇڭنى ۋاقىتىنچە تاشلىۋەتسەڭ بولىدۇ. بەزى چاغدا ئۆزۈڭنىڭ قىز ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ، شۇ چاغدا ئوغۇللاردەك جۈرئەتلىك بولالايسەن. لېكىن ھازىر ئەر خەقلەر جۈرئەتسىزلىشىپ كەتتى. شۇڭا سىيىت قارىمىنىڭ جۈرئەتسىزلىكىدىن ئىچىڭنى سىقما، ئۆزۈڭ جۈرئەتلىك بول، شۇ چاغدا ئۇ سېنىڭ دادىللىقىڭدىن خىجىل بولۇپ، ئۆزى جۈرئەتلىك بولۇپ كېتىدۇ.

زۆھرە راست شۇنداق بولۇپ كېتىدىغاندەك، خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

ـ يەنىلا تارتىنچاق قىز-دە سەن! ئىشقىلىپ، سىيىت قارىمنى قولدىن چىقىرىپ قويما، پاكلىقىڭ جايىنى تاپقاندىن كېيىن، ئازابلانماي ئولتۇرۇپ كەلگۈسىڭ ھەققىدە قايتا پىلان تۈزەلەيسەن. بەلكىم سىيىت قارى بۇ شەھەردىن كەتمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم ئۇ ئەرەب سېنى ئۇنچىۋالا پاراكەندە قىلالماسلىقى مۇمكىن، پاراكەندە قىلسىمۇ بۇرۇنقىدەك قىينىلىپ، ئۆلۈۋالغىدەك بولۇپ كەتمەيسەن.

بەلكىم ئۇ ئەرەب سېپنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىمۇ مۇمكىن. قايسىبىر ئەلچىخانىدا بىر قىزنىڭ ئەرەبكە تەگكەنلىكىنى ئاڭلىدىم؛ بەلكىم ئۇمۇ شۇ ئەرەبكە ئۆزىنى تۇتقۇزماي يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق قىلغانچە ئۇ قىزنىڭ قەدرى ئېشىپ كەتكەن گەپ. بولمىسا ئەرەبلەر ئۆزى ئويناپ تاشلىۋەتكەن قىزنى خوتۇنلۇققا ئالمايدۇ.

ــ ماڭا قارىغاندا جىق ئىشلارنى بىلىسەن-دە، - دېدى زۆھرە ئادىلەگە يېقىنلىق نەزىرىدە قاراپ.ــ راستىنى دېسەم، ئىلگىرى چۈشەنمەيتتىكەنمەن، مۇشۇ يېقىندىن بېرى سېنىڭ بەزى ئىشلىرىڭنى قايتا ئويلاپ قالدىم. ئۆزۈم بىلمىگەن بىلەن، ئەسلىدە سېنىڭدىن خېلى ئىشلارنى ئۆگىنىپتىكەنمەن دەيمەن، ھالقىلىق پەيتتە كەسكىن بولۇش، چاققان بولۇش ماڭا ھەقىقەتەن ئەسقاتتى. بۇنداق شەھەردە گۆدەكلەرچە ياشىساڭ راستىنلا زىيان تارتىدىغان ئىشكەن.

ــ شۇنى دېگىنە ئاداش، ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. سەن سىيىت قارى مېڭىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشىڭنى ھەل قىلىۋەت. مەن مۇنداق ئويلىدىم، سەن ئەتە ياكى ئۆگۈن سىيىت قارىنى ئۆيۈڭگە چاقىر، مەنمۇ باراي، ئۇچىمىز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى. مەن ۋاقتىنى توغرىلاپ تېلېفونىنى سايرىتىپ قوياي، ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ ئۆيۈڭدىن كېتەي. سەن سىيىت قارىنى بىر نەرسە دەپ ئېلىپ قېلىپ، ھەقىقىي گەپلىرىڭنى دېگىن، ھەقىقىي ھېسسىياتىڭنى ئاشكارىلا. سەندەك گۈزەل قىزغا كۆيۈپ يۈرگەن ئاشىق قارىم بۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. قالغان ئىشنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلالايسەن...

زۆھرە شۇئان جىددىيلىشىپ كەتتى، ئىش قانداق بولۇپ بۇ دەرىجىگە بېرىپ قالدى؟ سىيىت قارى زىنادىن قورقىدىغان قارىم تۇرسا، زۆھرە قانداقچە ئۆزىنى سەتلەشتۇرۇپ يۈرەلەيدۇ؟ لېكىن سىيىت قارى بىلەن ئاخىرقى قېتىم زادى كۆرۈشمىسە بولمايدۇ. ئادىلە كەتكەندىن كېيىن، ئىككىسى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ، ئىشلىرىنى مۇۋاپىق يوسۇندا ھەل قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن...

ــ بولارمۇ؟ــ دېدى زۆھرە جىددىي ئويغا چۆمۈپ.

ــ مېنىڭچە بولىدۇ، ئۆزۈڭگە ئىشەنگىن.

ئىككىيلەن بۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشۈپ كەتتى، باشقا پاراڭلارنى قىلىشقا زۆھرەنىڭ مەيلى بارمىدى. ئادىلەمۇ سەۋرچانلىق بىلەن خىرىستىئانلىق ھەققىدە گەپ ساتمىدى.

شۇ كۈنى كېچە زۆھرە خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، تەسەۋۋۇرلىرى، ئەندىشىلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكىنى تۇزۇك ھېس قىلمايلا قوپال جىنسىيەتنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىش نەقەدەر تەس-ھە! سىيىت قارىنىڭ جۇرئەتسىزلىكى قاچان تۈگەر، ئۇ ئەزەلدىن زۆھرەنىڭ قولىنى تۇتۇشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىغان يەردە، باشقىسىغا جۇرئەت قىلالامدۇ؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇنىڭ جۇرئەتسىزلىكى تەقۋالىقىنىڭ تەلىپىمىدۇ ياكى مىجەزىدىكى ئاجىزلىقمىدۇ؟ ئۇ ئادىلەنى كۆرۈپ قانداق ئويلاپ قالار؟ ئادىلە يەنە قاملاشمىغان گەپتىن بىرنى قىلىپ ئىشنى بۇزارمۇ؟ ئۇ بەلكىم ئۇنداق قىلمايدۇ، زۆھرەنىڭ پاكلىقتىن بالدۇرراق خوشلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ كۆرەلمەسلىكتىنمىدۇ؟ ئادىلە كەتكەندىن كېيىن سىيىت قارى يەنە ياۋاشلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرارمۇ؟ ئۇ جۇرئەت قىلالمىسا زۆھرە يۈزىنى داپتەك قىلىپ قانداق يېقىنلىشالايدۇ؟ سىيىت قارى نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىش كۈتۈلمىگەندە يۈز بېرىپ قالسا سىيىت قارىنىڭ گۇمانلىرى تامامەن تۈگەيدۇ، بۇ نەتىجە پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان قارىنى دەھشەت سۆيۈندۈرىدۇ، زۆھرەنى چىن دىلىدىن قەدىرلەپ سۆيىدىغان بولىدۇ، ئەمما نىكاھسىز ھالدا ۋىسالغا يېتىش چوڭ گۇناھ، بۇنى سىيىت قارىم قوبۇل قىلالامدۇ-يوق، ئەگەر ئۇ ئىمانىنى قايرىپ بۇ چوڭ گۇناھنى ئۆتكۈزەلىسە ئاندىن ئۇنىڭ زۆھرەگە بولغان مۇھەببىتى چىن، ھەقىقىي، ئۇلۇغ بولغان بولامدۇ؟! زىنا ئىمانىنىمۇ، مۇھەببەتنىمۇ سىنايدىغان چوڭ گۇناھمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن چوڭ سىناق-ھە!... زۆھرە بۇلارنى ئويلاپ ھېلىتىنلا ھاياجاندىن ئوت ئالدى، ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلاپ كارىۋاتتا نەچچە دومىلىدى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تال-تال يېيىلدى. ئىچ-ئىچىدىن ئۇتلۇق نىدالار يۇكسەلدى: ئەي سىيىت، سېنىڭ قارىملىقىڭنى ئېلىۋەتسە نېمەڭ قالىدۇ؟ ئەگەر سەن بۇ قېتىممۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتسەڭ ئەركەكلىكىڭ نەدە قالىدۇ؟! بىر قېتىم بولسىمۇ يۇۋاشلىقىڭنى تاشلاپ يېنىمغا يىگىتتەك كەل، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىيالىڭدا نەچچە يۈز قېتىم ئويلاپ، خىيالىڭدا

تاماملاپ، ھەتتا چۈشلىرىگىدە ئۆرۈنلاپ بولغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇر، ياشلىقىڭدا بىر ەر قېتىم بولسىمۇ ئېزىپ باق، شەيتاننىڭ كەينىگىمۇ كىرىپ باق، گۇناھنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ باق، بۇنىڭلىق بىلەن ئىماننىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەيسەن، تۆۋە قىلساڭ خۇدا كەچۈرىدۇ، چۈنكى خۇدايىم ئادەمنى مۇشۇ نەپسى بىلەن ياراتقان، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس...

زۆھرە شۇنداق خىياللارنى قىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئەخلاقى ئۇستىدىمۇ ئويلاندى؛ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بۇرۇنقىدەكلا پەخىرلەندى، بۇنى ئەڭ چوڭ ئىش دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆپايلەندى؛ ھەر ۋاقىتتىكىدەك، « ئاۋۋال توي قىلىپ كاللامنى جەم قىلاي، نامازنى ھامان ئوقۇۋالىمەن، روزىنى ھامان تۇتۇۋالىمەن، لېكىن بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشنى قولدىن بەرمەيمەن» دەپ ئويلىدى. توي، نەدىكى توي؟! زۆھرە ئۆزىنىڭ تويىنى ھازىر قانداق تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟ مەڭ ئەپسۇس! زۆھرە ئەتە تويى بولىدىغان قىز ئەمەس، توي كۆينىكى كىيەلمەيدۇ، قىزلار ئىچىدە ئوتتاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان گۈزەل قىز بولالمايدۇ، ئاتا-ئانىسى، دوستلىرى، قولداشلىرى يېنىدا تۇرۇپ بەخت تىلىيەلمەيدۇ، مۇزىكا چېلىنمايدۇ، يىگىتلەر كېلىنگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ يەرنى چەڭ-چەڭ دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ؛ كەپسىز شۇمتەكلەر، جىنتەك قىزلار كېلىنگە ھەيرانلىق، قىزىقىش بىلەن نەزەر سالالمايدۇ ۋە چوڭلارغا كەمپۈت دەپ غەلۋە قىلالمايدۇ... ئەكسىچە، بۇ كۈنى ھەممىدىن يىراقلىشىپ، توي خۇشاللىقىدىنمۇ ئايرىلىپ كەتكەن زۆھرە بۇ ئۆيدە ساراسىمىگە چۈشۈپ، جىددىيلىشىپ ئولتۇرىدۇ، بىر دەمدىن كېيىن نېمە بولۇشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، سىمىت قارى پۇشۇلداپ ئولتۇرىدۇ؛ بۇ گويا توي كېچىسى بىر ھۇجرىغا سولانغان قىز-يىگىتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوخشىمايدۇ، توي قىلغان قىز-يىگىت بىر-بىرىدە ھەققى بارلىقىنى بىلگەچكە ناھايىتى تەبىئىيلا مۇرادىغا يېتىشىدۇ. ئەمما سىمىت قارىنىڭ زۆھرەگە يېقىنلىشىدىغان نېمە ھەققى بار ئىدى؟ مۇھەببەتمۇ؟ ئاشۇ بىر پارچە خېتىمۇ؟ سىز بىلەن توي قىلىمەن دەپ قويغىنىمۇ؟ زۆھرە نېمىشقا جۈرئەتلىنىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتقۇزغىدەك؟ نېمىشقا بىكاردىن بىكار پاكلىقىنى قۇربان قىلغۇدەك؟ ....

زۆھرە يەنە ئېلىشىپ كەتتى، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، كۆڭلى رازى بولغۇدەك نىيەتكە كېلەلمىدى.

« ئەمما ئامال يوق!ــ دەپ ئويلىدى ئۇ تۈن يېرىمدا ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ، ــ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭدىن باشقا بىرىكىم بولمىغاندىكىن، ماڭا ئەگە بولىدىغان تۈزۈك ئەر چىقمىغاندىكىن ئامال يوق؛ ئېرىشەلمىگەنگە ئازابلانغىچە ئېرىشكەننى قەدىرلەي، ئۆزۈم ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن ئۇ قارىمى مەن ئۈچۈن مۇھىم، بولمىسا نېمىشقا ھەر قېتىم تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە ئۇ كاللامدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنى دائىم يېنىمدا باردەك ھېس قىلىمەن، نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزى دائىم مېنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرىدۇ... كەلسۇن، قوچاقلىسۇن، ئالىدىغان نېسۋىسىنى ئالسۇن، يېنىمدا بىر دەم قالسۇن، ئاندىن يوقالسۇن، نەگە بارسا بارسۇن، مەنمۇ ئەركىنلىكىمدە قالاي، ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاي، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن ئويلىشاي، ھۇسەيىن دېگەن كازابقا ئۆزۈمنى تۇتقۇزماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياتلىق بولاي... بۇ ئۆينى ئالغۇزۇپ ئۆزۈمنىڭ قىلاي... تېخىمۇ ئېسىل ياشاي، چەت ئەللەرگە چىقاي، ھاجى خېنىم بولاي...

ئەتىسى زۆھرە ئورنىدىن قوپماي يەنە ئۇزاققىچە خىيال سۈردى، ئۆيىدىكىلىرى كاللىسىغا كىرىۋالدى. سىيىت قارى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك بالا ئىدى. ئۆيىدىكىلەرگە «سىيىت قارى بىلەن مۇشۇ يەردە نىكاھنى قىلىۋېتىپ، كېيىنچە يۇرتتا رەسمىي توي قىلىدىغان بولدۇق» دېسە ئىشەنمەي قالمايتتى، سىيىت قارىغا تېلېفون بەرگۈزسە ھەممىسىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولاتتى، مۇرادىغا يەتكەن سىيت قارى زۆھرە ئۈچۈن بۇنچىلىك ئىشنى قىلمىسا بولامتى؟

زۆھرە بۇ پىلاندىن رازى بولدى، ۋەسۋەسىلىك ئوي-خىيالدىن تۇغۇلغان مۇشۇنداق پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قىزغىنلىق، كەسكىنلىك كېرەك ئىدى، بىراق ئويلاش بىلەن ئويلىغاننى قىلىش ئوتتۇرىسىدا ھاڭ پەيدا بولۇپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن قورقمىغان ئادەملا «ھالقىما رىئاللىق»قا قەدەم قويۇپ، مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

زۆھرە سىيىت قارىغا تېلېفون قىلدى، سىيىت قارى تېلېفوننى كارىۋىتىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى خالادا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. تاھىر قارى تېلېفوننى ئالدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىيىت قارى...

ــ توختاپ تۇرۇڭ.

تاھىر قارى تېلېفوننى سۇنۇپ بەردى، سىيىت قارى تېلېفوندىن زۆھرەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئەپ ھېس قىلىپ، جىمىپلا كەتتى. گۈزەل ئىشلار نېمىشقا گۈزەل ۋاقىتلارغا ئۇدۇل كەلمەيدىغاندۇ؟ سىيىت قارى جىممىدە ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا ئېغىز جاۋاب بەردى: «ماقۇل، باراي».

سىيىت قارى خالادىن روھسىز، خىيالچان چىقىپ كەلدى. تاھىر قارىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا جىددىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ سىزنى يەنە چاقىرىپتىما؟

ــ ھەئە، يەنە بىر دوستىمۇ بار ئىكەن.

ــ مېنىمۇ بار دېسەڭ بولمامدۇ؟

ــ ئۆزىڭىزلا كېلىڭ دەۋاتىدۇ.

ــ ئاۋازى چىرايلىق قىزكەن، ئۆزى قانچىلىك چىرايلىقتۇ، سەن تولا دەۋېرىپ مېنىڭمۇ كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ. بوپتۇ، بېرىپ كەل، مەن دېگەن گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالما...

ــ دوستى بار يەردە قانداق دېگىلى بولىدۇ ئۇ گەپنى.

ــ ئىشقىلىپ ساڭا، مۇشۇ بىر پۇرسەت. دەپ باقارسەن، بولمىسا مەيلى.

ــ ۋاقىتلىق نىكاھ دېگەننى چۈشىنەرمۇ؟

ــ چۈشەندۈرمىسە چۈشەندۈرۈپ دەيسەن.

ــ ھەي، مۇشۇ ئىشقا تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن جۇمۇ، نىكاھ بىلەن تالاقنىڭ ئىشى بەك نازۇك ئىش، شەرىئەتتە يوق ئىشنى قىلىپ كېيىن پۇشايمانغا قالمايلى دەيمەن...

ــ مەن ساڭا دېمەي دېگەن بۇرادەر، لېكىن ئامالىنىڭ يوقىدىن دېدىم، ۋاقىتلىق نىكاھ شىئەلەردە بار ئىش، كونىلىرىمىز زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىكەن. ساڭا بۇنى دېيىشىمدىكى مەقسەت

سېنى گۇناھقا ھەيدەش ئەمەس، بەلكى سېنى گۇناھتىن ساقلاپ قېلىش. زوّرۇرىيەت تۇپەيلىدىن بەزى ئىشلارغا يول بار. مەسىلەن، چوشقا گوّشى ھارام، ئەمما ئاچلىقتىن ئوّلمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئازراق يېسە بولىدۇ. بىر ئادەم قىلىچ ئاستىدا ئوّلۈمدىن قورقۇپ ئاغزىدا «مەن مۇسۇلمان ئەمەس» دېسە كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، چۈن كوّڭلىدە مۇسۇلمانلىق ئىشەنچىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ. مەن شۇنداق قارايمەن، ئىشقىلىپ، مۇسۇلمانلىققا پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن، ئىشنىڭ ئەۋزىلىنى تاللاپ قىلىش كېرەك. شۇڭا، قانداقلا قىلىپ بولسا نىكاھىڭلارنى چېتىڭلار، قالغىنىنى كېيىن كوّرۈڭلار. ئاللاھ بەختىڭلارنى بېرىپ قالسا قوشۇلۇپ قالارسىلەر.

سىيىت قارى بۇ گەپلەرگە قايىل بولۇپ، تاھىر قارىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— بەزى موللىلار ئوّزگە پايدىلىقلا ئىش بولسا قورقماي پەتىۋا چىقىرىۋېرىدۇ، — دېدى تاھىر قارى سوّزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئۇنداق گۇناھتىن نېرى تۇرۇشىمىز كېرەك. جەمئىيەت بۇزۇلسا دىنمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، پۇچەك موللا كوّپ ماكاندا ھەق گەپ قىلىدىغان موللىنىڭ كۈنى تەس، شۇنداقتىمۇ ھەق ئالدىدا تىك تۇرمىساق قىيامەتتە بوينىمىز ئېگىلىپ قالىدۇ.

— تەبلىغدە رەسمىي يېتىشىپسەن، — دېدى سىيىت قارى زوقلىنىپ، — پىكرىڭ ئۈچۈق، دائىم ئۇبدان پاراڭ قىلىسەن، سەن بىلەن بىرەر يىل ھەمراھ، سەپەرداش بولسىمۇ زېرىكمەيدۇ كىشى.

— زوّھرەجانىڭنىڭ ئاۋازى ئىلھامىمنى قوزغىۋەتتى بولغاي، — دېدى تاھىر قارى كۈلۈپ، — قىز بالىنى نېمىشقا دائىم شەيتان دەيمىز، ئەسلى شەيتان كوّڭلىمىزدە، بىز شۇلارغا ھەر ۋاقىت يۈزلىنىپ تۇرىمىز، گاھى كۈلۈپ قارايمىز، گاھى قاپاق تۈرىمىز. مۇھەببەت دېگەن نەرسىنى بىر نۇر دېسەك، بىز شۇ نۇرنىڭ ئىچىدە رەڭگارەڭ ئوّزگىرىپ تۇرىمىز. سىناق دۇنياسىدىكى ئادەمنىڭ ھالى مانا شۇ. زوّھرەجاننىڭ كوّزلىرىگىنى قاماشتۇرىدۇ، قىزىقىپ تۇرىسەن، ئالدىراپ تۇرىسەن، قورقماي بېرىۋەر، ئۇنىڭ ھەرقاچان ساڭا تۇتىدىغان يوللۇقى بار، ئوّيىگە ئەۋەتىدىغان نەرسىلىرى بار. بەلكىم ئۇنداق نەرسىلىرىمۇ يوقتۇ، چۈشەندۈرىدىغان كوّڭلى، دەيدىغان گەپلىرى باردۇ؛ بىچارە قىزمۇ بىر نەرسىگە ئالدىراۋاتىدۇ، ئاۋازى تىترەپ تۇرىدۇ، مېنىڭ ئاۋازىمدىنلا سېنىڭ ئەمەسلىكىڭنى دەرھال سېزىپ توختاپ قالدى، كالىلىسى

قېتىپ قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى سىڭىپ كەتكەن ئۆزگىچە بىر تۇيغۇ؛ سەنمۇ ئۇنىڭ غېمىدە، خىياللىرىڭلارنى جەم قىلغىلار، ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشىڭلار. ئاللاھ ئىشىڭلارنى ئاسان قىلغاي...

سېيىت قارى پۈتۈن بىر كۈننى زۆھرەنى ئويلاش، كۆرۈشكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. كەچكە يېقىن يۈز-كۆزلىرىنى قايتا يۇيۇپ، چىشلىرىنى چوتكىلاپ، كىيىملىرىنى رەتلەپ كىيىپ، ئەتىر چېچىپ تالاغا چىقتى، تاكسىدىن بىرنى توستى، ئۇ زۆھرە بىلەن خوشلاشقىلى ياكى يېڭى بىر ھاياتنى باشلاشقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى؛ ئىشەنچ ۋە ئۈمىدى گاھىدا يۈرەكلىرىنى ھاياجاندا ئاغرىتسا، ئەندىشىلىرى يۈرىكىنى سىقىپ-سىقىپ قويۇپ بېرەتتى. ئۇ بىر يىل ئالدىدا زۆھرە بىلەن خوشلاشقىلى بارغاندىكى ئىشلارنى ئەسلىدى، ئادىلە بۇ قېتىممۇ چاتاق سالارمۇ؟ «سېيىت قارىمنى ئۆيۈمگە چاقىرسام كېلىپ ماڭا ئېسىلغان، قارىممۇ دېگەنبىلەن جىق ئۆزگىرىپتۇ » دەپ يالغان گەپتىن بىرنى قىلىپ، ئىشنى بۇزارمۇ؟ «بۇزۇقتا يۈز يوق» لۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندىكىن، ھەممىگە چىداش كېرەك. يالغان گەپ قىلسا جايىدىلا دەككىسىنى بېرىپ، زۆھرەنىڭ ئالدىدا ئىناۋەتنى تىكلىشى كېرەك. سېيىت قارى ئىختىيارسىز ھالدا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئالقىنىغا ئۇرۇپ قويدى، بۇ ئۇنىڭدا بىر خىل ئىشەنچ پەيدا قىلدى.

ئۇ زۆھرەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ ئاندىن قوڭغۇراقنى باستى، زۆھرە ئىشىكنى ئېچىپ، بولەكچە يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنى قارشى ئالدى ۋە كەينىگە داجىپ ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلىدى؛ ئادىلە ئورنىدىن قوپۇپ مۇلايىم سالام بەردى ۋە ئۇنى ئۆز ئولتۇرۇۋاتقان سافاغا باشلىدى، ئاندىن زۆھرەگە قارىشىپ بەرگىلى ئاشخانىغا ماڭدى. زۆھرە سېيىت قارىنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئىككىسى ئاشخانىدا سەي قورۇغاچ تاماق ئېتىشنىڭ پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى، بىر دەمدىن كېيىن ئادىلە قايتىپ چىقىپ سېيىت قارىنى پاراڭغا تۇتتى:

ـ تاش سوداڭلار قانداقراق؟

ـ يامان ئەمەس كېتىپ بارىدۇ.

ـ خېلى پۇل تاپقانسىلەر؟

– ياتاق، تاماق، كىراغا چۇشلۇقلا بىر نەرسە چىقمىدىغان ئوخشايدۇ.

– ئۇنداقتا نىمە پايدا ئالىسىلەر؟

– پايدا يوق، زىيان چىقمىسىلا مەيلى.

– ئەمىسە ئۇ قانداق سودا؟

– ئاشۇنداق سودا، سودىنىڭ ھەممىسىدە پايدا ئىلىۋەرگىلى بولمايدۇ، تەجرىبە توپلايمىز.

– خېلى تۇرامسىلەر؟

– يەنە بىرەر ھەپتە تەۋەككۇل قىلىپ باقارمىز، سودا بوشاپ كەتسە كېتىمىز.

– خەنزۇلار ئىپسىل قاشتېشى بولسا بەك ئالىدۇ دەيدىغۇ؟

– تەيۋەنلىكلەر كۆپرەك ئالىدۇ.

بىر دەمدىن كېيىن تاماق تەييار بولدى، زۆھرە «ئىلىڭلا، بېقىڭلا» دەپ، ئۆزى ئىككى تاللا نەرسە يەپ قويۇپ، چاي ئىچىپ ئولتۇردى، سىيىت قارى تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا سەيلەرگە چوكا سالدى.

– ھە نىمە بولسا سىيىت قارى تاماقتا قارىماي كېتىپ قالمىدى،– دېدى ئادىلە ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ،– قارىم ھازىر جىق ئىش كۆرگەندەك قىلىدۇ، ئىغىر بېسىق، تەمكىن بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغۇل بالا ئەركەك دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ. ئۆتكەن يىلقىدىن جىق ئۆزگىرىپسىز، ئۇ چاغدا گۆدەك ئىدىڭىز، شۇ چاغدا بىزدىن يامانلاپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن بېچارە زۆھرە يىغلاپ تۆگىشىپ كەتتى، مەن بىلەنمۇ تاس قالدى ئۇرۇشقىلى... ئىككىڭلار تا ھازىرغىچە مانا بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىسىلەر. بۇنداق مۇھەببەت كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ، سىزنىڭ تەقۋالىقنى دەپ مۇھەببەتنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىڭىز كىشىنى بەكمۇ قايىل قىلىدۇ. ئىككىڭلار رەسمىي خۇدا قوشقان قوشماقلار، قاراڭلار مانا، بەختلىك بىر جۈپلەردەك بىللە تاماق يەپ ئولتۇرىسىلەر.

سىيىت قارى بىلەن زۆھرە بىر-بىرىگە قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ قىلىشتى. بىر دەمدىن كېيىن ئادىلەنىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى، ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ نېرىراق بېرىپ بىر كىملەرگە جىددىي جاۋاب قايتۇرغاندەك قىلدى، ئاندىن «مېنى يەنە چاقىرتىپتۇ، بارمىسام بولمىدى، ئىككىڭلار ئوبدان

ئولتۇرۇڭلار، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز» دەپ ئايىغىنى كىيىپ ماڭدى.

ئۆيدە ئىككىسى بايىقى ئوڭايسىزلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ قالدى، سىيىت قارى تەخسىگىلا قارايتتى، بىر نەرسىلەرنى توختىماي يەيتتى، توختىماي چاي ئىچەتتى، زۆھرە ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ هارمايتتى، بىر دەمدىن كېيىن چايمۇ تۈگىدى. زۆھرە ئاشخانىغا ماڭدى. سىيىت قارى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، ئەۋرىشىم بوي نازۇك قىز، مۇھەببەتكە سادىق قىز، ۋاپادار قىز... خوتۇن بولۇشقا لايىق قىز... يۈرەكنى هاياجانلاندا ئاغرىتىپلا تۇرىدىغان قىز... بەختكە بىر قەدەم قالغاندا يۈرەك نېمىشقا پايلىمايدۇ، ۋىسالغا ئاز قالغاندا ئادەم نېمىشقا پۇتلىشىپ كېتىدۇ؟ پۇتلىكاشاڭ هەددى-هېسابسىز كۆپ بولغاچقا ئادەم مەقسەتكە ئاز قالغاندا هالىدىن كېتىپ بەل قويۇۋېتىدۇ، ئەگەر سەللا غەيرەت قىلىۋەتسە مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، بەختىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئالدىراپ بولسىمۇ ئاتالايدۇ.

زۆھرە چاي ئېلىپ چىقىپ يەنە چاي قۇيدى، قوللىرى سەل تىترەپ تۇراتتى، چىرايىدىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى، يۈزلىرى قىزارغان ئالمىنىڭ رەڭگىنى ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئىككىيلەن دەيدىغان گەپلىرىنى دېيەلمەيۋاتقانىدەك، بىر-بىرىنىڭ ئىچىنى سىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. زۆھرە سۈكۈتكە چىدىماي، باشقا گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى:

ـ سەيلەرنى تۈزۈك يېمەپسىز، ئوخشىماپتىمۇ يا؟

ـ ئوخشاپتۇ، هېلىمۇ جىق يەۋەتتىم.

ـ ئەمىسە چاي ئىچىڭ.

ـ بولدى، چاينى جىق ئىچىۋەتتىم.

ـ ئەمىسە ئۇششاق-چۈششەكلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ.

زۆھرە تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانىدىكى قازانغا تاشلاپ قويۇپلا يېنىپ چىقتى. ئاندىن سافانىڭ ئالدىدىكى شىرەگە هەر خىل مېۋە-چېۋىلەرنى تىزىۋەتتى.

ـ سافاغا كېلىپ بىر دەم ئولتۇرۇڭـ دېدى زۆھرە بايىقىدىن كەسكىنرەك ئاھاڭدا.

سىيىت قارى سافاغا كېلىپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى، زۆھرە ئۇنىڭ نەق ھۇسەيىن ئولتۇرغان

يەرگە كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. سىيىت قارى مەنىسىز ئېكرانغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن بىر كۆزى زۆھرەدە ئىدى. ھايال ئۆتمەي زۆھرە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى. بىر كىنو بېرىلىۋاتاتتى، مۇھەببەتلىشىدىغان كۆرۈنۈشلەر چىقمىدى، بىر دەمدىن كېيىن كىنو ئۈزۈلۈپ دورىنىڭ ئېلانلىرى بېرىلىشكە باشلىدى. سىيىت قارى قانال يۆتكىدى، قانالالرنىڭ ھەممىسى مەنىسىز، لاۋزا پروگراممىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئەسلى ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ تەسىرلىك تۇرمۇش نەق رېئاللىقتا ئىدى، ئەمما شۇ تاپتا ھەر ئىككىسى بۇ رېئاللىققا كۆز يۇمۇپ، دەردىنى شۇ مەنىسىز، قۇپقۇرۇق نەرسىلەردىن ئىزلەۋاتاتتى، دىققىتىنى قەستەن شۇ ياققا بۇراۋاتاتتى.

– تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز بولغۇدەك– دېدى ئىچى سىقىلىپ كەتكەن زۆھرە – كۆرگۈدەك ھېچنېمە يوق. بىر دەم ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرايلى..

سىيىت قارى تېلېۋىزورنى دەرھال ئۆچۈرۈپ، زۆھرەگە يۈزلەندى.

– قاچان ماڭاي دەيسىز، بەك ئالدىراپ كېتىپ قالماسسىز؟

– ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز، خېرىدارلار چىقىۋاتىدۇ، ئازراق بولسىمۇ پايدا ئېلىپ كەتمىسەك، ماڭغان يولىمىز بىكار بولىدۇ.

– بولسا بىر مەزگىل تۇرۇپ، تاشنىڭ ھەممىنى سېتىۋېتىپ كېتىڭلار. ئېغىر تاشنى نەلەردە سۆرەپ يۈرۈيسىلەر.

– يۈكىمىز ئېغىر ئەمەس، ئۆيىڭىزگە ئالغاچ كېتىدىغان نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ قويدىڭىزمۇ؟

– قاراپ باقسام، ئازراق نەرسىنى كەم قىلىپتىمەن، سىز ماڭغىچە ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرەي.

گەپلەر قېيىپ كېتىۋاتاتتى، سىيىت قارى يولدا ئويلاپ كەلگەن گەپلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ دېيەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئىچى پۇشتى، بەلكى بىلىپ-بىلمەي ھازىرلا كېتىدىغاندەك پاراڭ قىلىۋاتقىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچتى. زىيادە خىيال، زىيادە تەشۋىشلىرى مۆكتۈرمىدە تۇرغان دۈشمەنلەردەك كۆپىيىپ كەتتى. زۆھرە ئۇنىڭدىنمۇ بەك جىملە بولدى.

– تۇنۇگۈن كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟–دېدى سىيىت قارى ئاخىر دېگىلى بىر گەپ

تېپىپ.

ــ ياقەي، نېمىشقا رەنجىيمەن.

ــ چوڭلارغا تېلېفون قىلىپ دېمىگەنسىز.

ــ ياقەي، نېمىشقا دەيمەن.

ــ بۇ ئىشتىن بەك كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ــ دېدى سىيىت قارى،ــ سىز زادى مۇشۇ شەھەردىن كەتمەي تۇرۇپ قالامسىزمۇ؟

ــ ئۇقمايمەن، ــ دېدى زۆھرە،ــ بۇ شەھەردە ياشاش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ــ ئادىلە بىلەن يەنە ئارىلىشىۋاتامسىز؟

ــ ئانچە-مۇنچە كۆرۈشۈپ قويىمىز.

ــ سىز بۇنداق قىزلاردىن ئۆزىڭىزنى تارتىشىڭىز كېرەك ئىدى.

ــ بۇ شەھەردە بۇنىڭدىن باشقا ئارىلىشىدىغان دوستۇم يوق.

ــ ئۇنى تېخى دوستۇم دەپ قارامسىز؟

زۆھرە يەنە خاتا گەپ قىلىپ سالغانلىقىنى سېزىپ تەمتىرەپ كەتتى:

ــ ياقەي، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە نورمال ئارىلىشىپ ئۆتىمىز.

ــ ئىككىڭلار ئىككى تائىپىدىكى قىزلار.

ــ بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، شۇڭا ئۇنىڭ يېنىدىن كەتكەن.

شۇ ئەسنادا سىيىت قارىغا تاھىر قارىمدىن تېلېفون كەلدى. زۆھرە ئورنىدىن قوپۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ــ قارىم، تىنچلىقتۇ؟

ــ ھەئە، نېمىگە تېلېفون قىلىپ قالدىڭ؟

ــ ئەنسىرەپ بولمامدۇ؟ــ دېدى تاھىر قارى كۈلۈپ،ــ شۇ تاپتا مېنىڭ كاللامغا باشقا ئىش كەلمەيۋاتىدۇ.

ــ قىزىق ئاداش تە سىلە، مەن يا كىچىك بالا بولمىسام.

ــ دەيمىنا ئەمدى، ئۆزۈڭ ھېسسىياتچانراق بالا، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەيمەن.

ــ خاتىرجەم بول، چاتاق چىقمايدۇ.

ــ قانداق، دېدىڭمۇ ئۇ گەپنى؟

سىيىت قارى ئاۋازىنى پەس قىلدى:

ــ دوستى تېخى ئەمدى كەتتى، ئەمدىراق دېسەم بولامدىكىن، لېكىن كۆڭلۈمدە پەقەت ئىشەنچ يوق تۇردۇ...

ــ سەندە كالتىسي كەممۇ نېمە؟ نېمىشقا دېيەلمەيسەن؟

ــ پەسرەك گەپ قىل، شۇ تاپتا مەن ئوتنىڭ ئىچىدە...

ــ بۇرادەر، گەپنى غاچ-غاچ قىلىپ ئۇ يەردىن كەت، ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، يالغۇز قىزنىڭ يېنىدا تۇرۇش گۇناھ. نى نى تەقۋا باللار مۇشۇ قىز بالىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە شاپاقتا تېيىلىدۇ. نامەھرەملەر بىلەن يالغۇز قالغاندا زىنا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالغانلار ئاز ئەمەس، توي قىلمىغانلار زىنا قىلسا شەرئى مەھكىمە 80 قامچا ئۇرىدىغان ئىش ھازىر بولمىغان بىلەن، گۇناھكارلىق ئازابى ئۇلارنى ئۆلگۈچە قىينايدۇ. ئۇلار دېگىنىم ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمان ئەمەسلەر كارى يوق يۈرىۋېرىدۇ، ئاخىرەتتە جازاسىنى تارتىدۇ. «مۆمىن ئادەم مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئۇنتۇپ قالما. يەنە تېخى بەزى باللار بارمىش، نامەھرەم قىز بىلەن مەخپىي زىنا ئۆتكۈزۈشتىن قورقۇپ، پىچاقتىن بىرنى ئوتتۇرىغا سانجىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ نىكاھىنى ئۆزى ئوقۇيمىش... جەمئىيەتتە بۇنداق بىدئەت ئىشلار تولا، خاتا نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىشلارمۇ جىق. خەقلەر ئۆزىنىڭ نەپسىنى دەپ ئاشۇنداق غەلىتە ئىشلارنى تاپىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بەزىلىرى خاتا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، تۈزەتمەك تەس. ھەي... ئىشىمىز تەس قارىم، بولسا سەنمۇ پىچاقتىن بىرنى ئالدىڭغا تىكلەپ قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ نىكاھىنى ئۆزۈڭ ئوقۇۋېتىپ توي كېچىسىنى ئۆتكۈزۈپ كەلمىگىن يانا، بۇ گەپ ساڭا خوش يېقىپ قالمىغاندۇ-ھە؟! ئۇنداق قىلما، «نىكاھ قىلىپ بىرگە بولايلى، قانچە كۈن دېسىڭىز شۇنچە

كۆن بىللە تۇرايلى» دەپ چىرايلىق گەپ قىل، ئازراق ئىمانى بولسا گېپىڭنى يىرمايدۇ، ئەتە ئاندىن ئۈچ-تۆت ئادەمنى چاقىرىپ نىكاھىڭلارنى ئوقۇۋېتەيلى. قىزنىڭ مەھرىنى بەرمىسەڭ بولمايدۇ، پۇل دېسەڭ مەندە بار، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ يولىدا چىرايلىق تۈگىتەيلى، قانداق دېدىم؟

سىيىت قارى بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى، تاھىر قارى سۆزىنى تۈگەتكەندە ئەندىكىپ:

ــ ھە، شۇنداق قىلايلى، ما گەپنى ئوبدان قىلدىڭ-ــدېدى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، گەپنى تۈگىتىپ چاققان يېنىپ كەل.

ــ ماقۇل، ھايال قالماي بارىمەن.

سىيىت قارى تېلېفوننى ئېتىپ، زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ قويدى، بايىقىدىن خېلىلا روھلىنىپ قالدى. بىر دەمدىن كېيىن زۆھرە ھۇجرىسىدىن چىقتى، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرى سەل ئازلاپ قالغاندەك قىلاتتى، سىيىت قارىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئىتتىكلەپ كەتتى، زۆھرە ئۇنىڭغا قاراپلا كېلىۋاتاتتى، جامالىدىن ھېچ ۋاقىتتا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېقىملىق مەنە، تەشنالىق، ھەتتا بىلىپ بولماس ئەسەبىيلىك ئەكس ئېتەتتى. زۆھرە شامالدەك يەڭگىل، لەرزان مېڭىپ سىيىت قارىنىڭ يېنىغا كەلدى. قارىم ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئولتۇرسىمۇ، يۈرەكلىرى ئىختىيارىغا بويسۇنماي تىنىمسىز سوقاتتى، پۇت-قوللىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك خىيالي سېزىمدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ــ سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسىز؟-دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا ئوتلۇق نەزەردە تىكىلىپ.

سىيىت قارى زۆھرەگە قاراپ سالسىلا، ئۇ كۆزلەرنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قارىماي تۇرۇۋالدى؛ راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ــ مېنى ياخشى كۆرەمسىز-كۆرمەمسىز؟

ــ ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ...

ــ ماڭا قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا گەپ قىلالمايسىز؟ مەن شۇنچىلىك سەتما؟ شۇنچە قورقۇنچلۇقما؟

سىيىت قارى ناھايىتى تەستە زۆھرەگە قارىدى، زۆھرە يېقىنىدىن قارىغاندىمۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىدى، چېھرى تەشنالىق سېھرىگە چۆمگەنىدى، لەۋلىرى شەبنەمدە قالغان گۈل بەرگىدەك تىترەپ تۇراتتى.

– ماڭا ئوبدان قاراڭ – دېدى زۆھرە جۈرئەتلەنگەنچە قىنىغا پاتماي – سىز مېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ خەت يازغان قىز مەن شۇ، ئوبدان قاراڭ، ماڭا خەت يېزىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەم ماڭا نېمىشقا قارىيالمايسىز؟

سىيىت قارى جىددىيلىشىپ كەتتى، نامەھرەم بىلەن يالغۇز قالغانغا پۇشايمان قىلغىلى تۇردى. ئەمما بىر ياندىن يىگىتلىك ھەۋەسى جۇش ئۇرۇپ، قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئىنتىزىپ تۇراتتى. ئىمان بىلەن شەيتاننىڭ كۈرىشى مۇشۇ تەرزدە باشلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

– مۇشۇ ۋاققىچە كاللامدىن چىققىلى ئۇنىمىدىڭىز، يازغان خەتلىرىڭىزنى يىرتىپ يوقاتقىنىم بىلەن گەپلىرىڭىز ئېسىمدە قاپتىكەن، تولا كاللامغا كېلىۋالىدۇ، مۇھەببەت دېگەن نېمىنى چۈشەنمەستە ئۇقۇۋغان خەت بولغاچقا شۇنداقمىكىن، ھېچ بىلمىدىم. راست گەپنى قىلغاندا، مەن سىزنى ساراڭ بولغۇدەك ياخشى كۆرۈپ قالمىدىم، لېكىن ماڭا بولغان ھېسسىياتىڭىزنى مۇھەببەت دەپ قەدىرلەشكە توغرا كەلدى، شۇنداق ئويلىغانچە، سىز ماڭا مۇھىم ئادەم بولۇپ قالدىڭىز، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيران، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھېچكىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭىز، مېنى ئۇقۇۋتۇۋالدىڭىزمىكىن دەپمۇ گۇمان قىلىمەن.

– بىز ئۇنداق خۇراپىي ئىشنى قىلمايمىز – دېدى سىيىت قارى تەسىرلىنىش ئارىلىقىدا ھوشىنى تېپىپ.

– ئىشقىلىپ، مەيلى قانداق ئويلاڭ، سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى مۇشۇكتەك يەپ بولدىڭىز. قاچانكى بىر ئىش ئۇچرىسام سىز كاللامغا كېلىۋالىسىز، جىندەك چاپلىشىسىز، مۇھەببەت دېگەن جىن چاپلىنىش كېسىلىمىدۇ دېگۈم كېلىدۇ بەزىدە... بەلكىم بۇ شەھەردە تۇنجى قېتىم بىللە تاماق يېگەن، بىللە ماڭغان، پاراڭلاشقان ئادىمىم سىز بولغاچقىمىكىن، ھەر قانچە قىلسامۇ سىزنى ئۇنتۇپ

كېتەلمىدىم. سىز بەرگەن قۇرئاننى خۇددى مۇھەببىتىمىزنىڭ يادىكارىدەك ساقلاپ كەلدىم، ئارىلىقتا ئادىلەنىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇپ قېلىپ، خېلىغىچە ئەكىلىۋالالماي بىر نېمەم كامدەك يۈردۈم، كېيىن قۇرئاننى دەپ بارسام سىزنى ئەكەتتى دېدى، قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يوقىتىۋەتكەندەك بىئارام بولدۇم. سىز بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ شۇنداق خوش بولدۇم، ھەر كۈنى خىيالىمدا سىز بىلەن بىللە بولدۇم. لېكىن توي ئىشىغا كەلگەندە ئۆزەمنىڭمۇ بېشىم قېتىپ تۇرغاچقا تەكلىپىڭىزگە دەرھال بىر نەرسە دېيەلمىدىم، لېكىن سىز رەت قىلدى دەپلا چۈشىنىپ قالدىڭىز، ماڭىمۇ ئامال بولمىدى. كېيىن ئانام گېپىڭىزنى چىقىرىپ قالدى، راستىنى دېگەندە، ئۆزەمنىڭمۇ سىز بىلەن توي قىلغۇم بار ئىدى، ماقۇل دېدىم، سىزنى ئىلمىي بالا بولغاندىكىن كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ، مەن بىلەن بۇ شەھەردە كەتمەي بىللە تۇرىدۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئەنسىرىمەيمۇ قالمىدىم، چۈنكى سىز بۇ شەھەردە بەش يىل ئوقۇغان بىلەن ئىدىيە جەھەتتە تازا ئېچىلىپ بولالمىغان بالا، مەھەللىمىزنىڭ ئىدىيىسى تېخىچە كاللىڭىزدا بار. سىزنى مۇتئەسسىپ دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن ياش يىگىتلەردە يىگىتلەرگە خاس روھ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەمدى ئاساسىي گەپكە كەلسەك، سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ كۆڭلۈمنى مۇشۇنچىلىك قىلىۋەتكەندىكىن، بۇ ئىشىڭىزغا ئاخىرىغىچە ئىگە بولۇڭ، مۇھەببەتتىن بىر نەتىجە چىقىرىڭ. مەن مۇھەببەتكە ئەڭ سادىق قىز، جاھاندا مېنىڭدەك قىز ئاز، مەن خىجىل بولماي تۇرۇپ شۇنداق دېيەلەيمەن: مەن ھەر قانداق يىگىتنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىپ بولسىمۇ ئېرىشىشىگە لايىق قىز. مەن ئۇچرىغان ئىشلارغا باشقا قىزلار ئۇچرايدىغان بولسا ئالللىبۇرۇن تۈگىشىپ كېتەتتى. مەن ئادىلەدەك خىرىستىئان پاھىشە بولۇپ كەتمىدىم، ئانامدىن قالغان پاكلىقىمنى قوغداپ ئىمانىم بىلەن ياشىدىم. مەن بۇنى سىزگە تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. مەن سىزنىڭ ماڭا ئىشىنىشىڭىزنى، مۇھەببەتكە سادىق بولۇشىڭىزنى، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشىڭىزنى، يىگىتلەردەك ئىش قىلىشىڭىزنى، ئۆزىڭىز ئېرىششكە تېگىشلىك ھەق-نېسىۋىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلالمايدىكەنسىز، مەن سىزنى بۇ ئۆيدىن تىللاپ قوغلىۋېتىمەن، سىزدىن ئۆلگۈچە نەپرەتلىنىمەن...

زۆھرە شۇنداق دەپلا سىيىت قارىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. سىيىت قارى ئەقلىدىن كېتىپلا قالدى، ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى، ئۇ پەقەت بۇ ھاياتىدا ئەڭ يېقىملىق گەپلەرگە، ئەڭ گۈزەل ئىشلارغا، ئەڭ شېرىن پەيتلەرگە شاھىت بولۇۋاتقىنىنىلا بىلەلىدى.

— مەنمۇ سىزنىڭ نەپرىتىڭىزگە قېلىشنى زادى خالىمايمەن،— دېدى سىيىت قارى بوغۇلۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا زۆھرەنىڭ بېشىنى سىلىدى، كۆڭلىدە «ئاھ رەببىم، ئاجىز بەندەڭنى كەچۈر، ئىختىيارىم ئىلكىمدە ئەمەس» دەپ نىدا قىلدى،— ئاللاھ ئىنسانغا كۆڭۈل دېگەن نەرسىنىمۇ ئاتا قىلغانىكەن، بۇ كۆڭۈلنى توغرا يول بىلەن رازى قىلىش كېرەك دەپ ئويلايمەن. سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى ھەرگىز خارلىغۇم يوق. مەن بۈگۈن ئەسلى سىزگە نىكاھىمىزنى چېتىش ھەققىدە مەسلىھەت سالغىلى كەلگەن. نىكاھلانماي تۇرۇپ بىللە بولغىلى بولمايدۇ، نىكاھلانماي تۇرۇپ مۇرادىمىزغا يەتكىلى بولمايدۇ. نىكاھلانماي تۇرۇپ كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلغىلى بولمايدۇ. نىكاھ قىلىشىۋېتەيلى، ئەگەر قوشۇلسىڭىز، ئەتە تۆت-بەش ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدا نىكاھىمىزنى ئوقۇۋېتەيلى، ئاندىن سىزگە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە تويلۇق ئالاي. مەنمۇ سىزنىڭ قەدرىڭىزنى قىلىپ باقاي، سىزنى خۇشال قىلىپ باقاي...

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟—دېدى زۆھرە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، ئۇ شۇ تاپتا بۆلەكچە مۇلايىملىشىپ كەتكەنىدى، چىرايى شۇنچىلىك خاتىرجەم ئىدىكى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بۈگۈن مۇشۇ پەيتتە كۆڭلى ئارام تاپقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئىشىمىزنى ئاسان قىلار. تۇرۇپ قالىمەن دېسىڭىز باشقا پىكرىم يوق، مەن بەلكىم تۇرۇپ بولالمايمەن. ئەمما نىكاھ رىشتىمىز باغلانغاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە مەسئۇلىيەتچان بولمىساق بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىشتا بىر-بىرىمىزنى قوللاپ بېرىشىمىز كېرەك.

— ئۈلۈشكۈن نېمىشقا مۇشۇ گەپلەرنى قىلمايسىز؟

— ھەممە ئىشنى ئۆز رايىڭىزغا توغرىلاپ، مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز ئەمەسمۇ...

ـ ئەمدىچۇ؟

ـ كاللامدىن ئۆتتى، ئەتىدىكى ئىشلارغا ئەتە ئۆزى جاۋاب بەرسۇن.

ـ كاللىڭىز ئۇنداق ئاسان ئېچىلماسمىكىن دېگەنىدىم.

ـ سىزنىڭ كاللىڭىز بەك ئېچىلىپ كەتكەن بولغاچقا، تازا كۆنۈپ بولالماي تۇرىمىز...

زۆھرە بېشىنى كۆتۈرۈپ سىيىت قارىغا خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىنى ئوڭشىدى، چاچلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە يىغدى.

ـ ئەتە نىكاھ ئوقۇشقا قوشۇلدىڭىزمۇ؟ـ دېدى سىيىت قارى ھاياجاندا تەلمۈرۈپ.

ـ قوشۇلمىسام قانداق قىلاي، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرىدىغان ئوخشايمىز...

ـ تازا رازى ئەمەستەك  تۇرىسىز.

ـ راست دەيسىز، لېكىن نۇرغۇن قىزلار ئامالىنىڭ يوقىدىن كۆزىنى يۇمۇپلا ئەرگە تېگىدۇ...

ـ كۆڭلۈمنى ئۇنداق يېرىم قىلماڭ، ماڭا رازىلىق بىلەن تېگىڭ.

ـ راستىنى دېسەم، ھازىر ئۆزۈممۇ ئۇقالماي تۇرىمەن...

ـ نېمىشقا ئەمدى؟

ـ بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مېنى چۈشەپ قويمايدىغانسىز؟ ماڭا ئەركىنلىك كېرەك.

ـ ئەركىنلىكىڭىزنى ھۆرمەتلەيمەن.

ـ بېشىڭغا ياغلىق ئارت دەپ تۇرۇۋالمايدىغانسىز؟

ـ ھازىرچە سىزنى زورلىغىلى بولمايدۇ، كېيىن ئۆزىڭىز ئارزۇلاپ چىگىدىغان بولىسىز.

ـ مەن ئەركىشى، مەن نېمە دېسەم ھېساب دەپ تۇرۇۋالمايدىغانسىز؟

ـ گاھىدا خوتۇنلارنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىمىز.

ـ مۇشۇ گەپلىرىڭىز راست بولسا، گېپىمىز ئاساسەن بىر يەردىن چىققىدەك. ئەگەر مېنى ئىلمۇبىلىپلا ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىنى قىلسىڭىزچۇ؟ ئۆزگۈرۈۋالسىڭىزچۇ؟

ـ ئۇنىڭدىن نېمە غەم قىلىسىز، چىدىيالمىسىڭىز ئاجرىشىپ كېتەرسىز ـ دېدى سىيىت قارى

كۈلۈپ قويۇپ، ــ مەن ئۇنداق ئاسان ئۆزگىرىۋالىدىغان بەندە ئەمەس، مېنىڭ مەيدانىم ئېنىق. گەپ سىزدە، ئايال كىشى ئاسان ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، تېخى ئېرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن...

ــ سىزنىڭچە، مەن سىزنى ئۆزگەرتەلەرمەنمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس.

ــ ھازىرچە كىمنىڭ كىمنى ئۆزگەرتىۋېتىشى ئېنىق ئەمەس.ــ دېدى سىيىت قارى ئارىدا كۆڭۈلسىز گەپلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.ــ نىكاھ قىلىدىغىنىمىز ئېنىق بولسىلا بولدى.

زۆھرە بۇ ئىشنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىققىنىغا تېخىچە ھەيران بولسىمۇ، ئەمما بۆلەكچە خاتىرجەم ئىدى.

ــ ئۆيدىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويساق بولاتتى.ــ دېدى زۆھرە ئانىسىنى ئېسىگە ئېلىپ.ــ ھازىر تېلېفون قىلالىمىزمۇ؟

ــ بولسا شۇنداق قىلايلى، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالمىساق بولمايدۇ.

ــ بولمىسا ھېلىراق ئۆزۈم تېلېفون قىلىپ دەپ قوياي...

ــ يا شۇنداق قىلارسىز. ئىشقىلىپ، ئۇلار چوقۇم خەۋەر تېپىشى كېرەك.

سىيىت قارى ھېلىتىن زۆھرە نىمە دېسە ماقۇل دەپ تۇرىدىغان مۆمىن بەندىگە ئايلىنىپ قالدى.

ــ ئەمىسە، مەن قايتاي.ــ دېدى سىيىت قارى ئورنىدىن تۇرۇپ، زۆھرەگە بايىقىدەك مەستانىلىق بىلەن تىكىلىپ.ــ كۆڭلۈمنى شۇنداق خوش قىلدىڭىزكى، بۇ خۇشاللىق ماڭا بىر ئۆمۈر يېتىدۇ؛ ئاللاھ خالىسا سىزنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەيدىغان ئادەم بولىمەن.

سىيىت قارىنىڭ چەبدەس ھالىتىنى كۆرۈپ زۆھرە بەختىيارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى:

ــ ماڭا قەسەم بېرىۋاتامسىز؟! توي قىلماستا ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ، كېيىن كۆرەرمىز...

ــ ئەتە مەن سىزگە تېلېفون قىلىمەن.

ــ ماقۇل، تېلېفونىڭىزنى ساقلايمەن.

زۆھرە سىيىت قارىنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى، كۈلۈمسىرەپ ئىشىكنى ياپتى. شادلىق ۋە

ھاياجاندىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان سېيىت قارى ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى تۆكۈپ سالدى. نەۋائىنىڭ شېئىرلىرى نەدە قالدى؟ مۇھەببەت غەلىيانلىرى نەگە كەتتى؟ ھېسسىيات دېگەن مانا مۇنداق بولاتتى، مۇھەببەت ھامان ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەتتى. قارىم ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك ھېسسىياتچان ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى.

ئۇ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن مېڭىپ يولنىڭ بويىغا ئۆتۈپ زوھرەنىڭ ئۆيىنىڭ چىراغلىرىغا تەشنالىق، زارىقىش بىلەن تىكىلدى. تاكسىغا چىقىپ شادىمان خىياللىرىنى چېكىگە يەتكۈزدى، ئاللىقانداق غەم-ئەندىشىلىرىنى يىراققا قوغلىدى، ئىچى قىززىپلا تۇراتتى. ياتاققا كىرگەندە تاھىر قارى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ـ قانداق بولدى قارىم؟

ـ ئەتە چۈشتىن بۇرۇن نىكاھنى ئوقۇيدىغان بولدۇق...

ـ قارا، ھاياجانلىنىپ بىر نېمە بولۇپ كەتكىنىڭنى، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان.

ـ ھازىرچە مۇشۇ خۇشاللىقمۇ ماڭا يېتىدۇ دوستۇم، ئەتە نىكاھ ئوقۇش ساڭا قالدى ئەمىسە!

ـ شۇ گەپلەرنى دېيەلىدىڭمۇ بولمىسا؟

ـ ئاللاھنىڭ مەدەت-ئىلھامى بىلەن ھەممىنى دېدىم. ئۆزىمۇ بىر مۇنچە گەپلىرىنى دېدى. پىكرىمىز ئاخىر بىر يەردىن چىقتى. مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال...

ـ باشقا بىر ئىشلارنى قىلمىغانسەن؟ـ دېدى تاھىر قارى ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى سوراۋاتقاندەك.

ـ ھېچ ئىش بولمىدى، بېشىنى سىلاپ قويدۇم شۇ...

ـ بىچارە قىزنىڭ قېتىپ كەتكەن بېشىنى ئاخىر يۇمشىتىپسەن-دە! نېمىلا دېگەنبىلەن تاھارەت ئالغان قول ئەمەسمۇ!

ـ لېكىن... گۇناھ قىلدۇق-تە!

ـ دەرھال ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلە، ئاندىن بەختىڭنى تىلە!

سېيىت قارى چاپىنىنى سېلىپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

سىيىت قارى خۇيتەن نامىزىنى باشلاپ، خىيالىنى مىڭ تەستە يىغىپ ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا، شۈكۈرلەر ئېيتتى. كارىۋىتىغا چىقىپ ئوڭدىچە ياتتى، شېرىن خىياللارغا پاتتى، بېيجىڭغا كېلىپ زۆھرە بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋىسالىغا يېتىمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى؛ يۈرەك تارىنى تۇنجى قېتىم قېتىم چەككەن قىز ئاخىر يۈرەكنى ئالەمچە يايرىتىدىغان، بەخت چەشمىلىرىنى قايىنىتىدىغان بولدى. نىكاھ رىشتىسىنىڭ شۇنچە ئاسان باغلىنىشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟ مۇھەببەتمۇ؟ قىزىقىشمۇ؟ ئامالسىزلىقمۇ؟ مۇھەببەتكە شۇنچە تەشنا بولۇپ كەتكەن بىچارە زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرى ھەسرەت يېشىمۇ ياكى بەخت يېشىمۇ؟ ئۇ ئۆز غايىسىدىكى يىگىتنىڭ قۇچىقىغا چىقالماي، سىيىت قارىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندىمۇ؟...

سىيىت قارى نىكاھتىن ئىلگىرى مۇھەببەتلىشىشتە گۇناھتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىدەك ھېسسىياتچان بالىنىڭ ئۇ سىناقتا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مۇھەببىتىنى قەلبىدىلا ساقلاپ، خەت ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. ئۇ زۆھرەنىڭ ئۆزىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بۇ ئارزۇسىغا ئازراق بولسىمۇ يەتتى، نىكاھ رىشتىسى باغلانغاندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، كۆپ ھاللاردا تويدىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ كۈز پەسلى باشلىنىپ، جىنسىيەتنىڭ باھارى باشلىنىدۇ؛ مۇھەببەت ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ، ئەر-خوتۇنلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق ۋە مېھرىبانلىققا ئايلىنىدۇ. ئادەتتە بىر كېچىلىك ئەر-خوتۇنچىلىقتىن كېيىن ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ. بۇ ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قېلىش مۇھەببەتنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەلەمدۇ؟ جىنسىيەت بىر ياقلارغا تارتىپ كەتكەن ھېسسىياتتا تويدىن ئىلگىرىكى سېھىرلىك مۇھەببەتنىڭ ئىزنالىرى قانچىلىك؟ جىنسىيەت لوڭقىسىدا مۇھەببەت گۈللىرى قانچە چىقىدۇ؟ سىيىت قارى ئەمدى توي قىلىدۇ، تەنتەك مۇھەببەتنى ئويلىمىسىمۇ بولىدۇ، تويدىن ئىلگىرى باشقىلاردەك مۇھەببەتلىشەلمىگەندىكىن، بۇنىڭ «دەردىنى» تويدىن كېيىن ئالىدۇ. تويدىن كېيىن مۇھەببەتلىشىشكە قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان قىزغىن ئادەملەرلا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. سىيىت قارى ئانچە-مۇنچە شائىرلىق تالانتىغا ئىگە قارىم،

ھېسسىيات بۇلاقلىرى ئاسان قۇرۇپ قالمايدۇ، بۇنداق بالىغا تەگكەن زۆھرەنىڭ قەلبىمۇ قاغجىراپ قالمايدۇ...

زۆھرە، مۇھەببەت ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن ناتىۋان زۆھرە مۇھەببەت ئۈچۈن، پاكلىق ئۈچۈن سىيىت قارىغا ئۆزىنى ئاتىۋېتىدىغان بولدى. «ئېرىشەلمىگەنگە تارتىشقىچە ئېرىشكەننى سۆيەي» دەپ ئويلاپ، سىيىت قارىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويدى، سىيىت قارى بېشىنى سىلاپ قويغاندا ھەقىقەتەن ئارام تاپتى، بۇ قول غايىۋى يىگىتنىڭ قولى بولمىسىمۇ، مۇھەببەتكە، مېھرىبانلىققا قادىر قول ئىدى. سىيىت قارى كەتكەندىن كېيىن زۆھرە ھاياجانلانماي ئولتۇرۇپ خىيال سۈردى، بالكونغا چىقىپ ئېرىتقۇ شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىلىرىگە نەزەر سالدى، بىنالاردا ئېسىل ھايات، راھەت-پاراغەت داۋاملاشماقتا ئىدى، ماشىنىلار ئەيش-ئىشرەت يوللىرىنى بويلاپ كېتىۋاتتى، ۋىلىلداپ تۇرغان چىراغلار ھەشەمەت ۋە كاتتا مەئىشەت جىلۋىلىرىنى نامايان قىلاتتى.

زۆھرە ئۆزى بىلەن قېرىشىشقا خۇمار بولۇپ بولغاندەك، ئۆزى قىلغان ئىشلارغا ئەجەبلىنەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپلا پۇشايمان قىلاتتى. پىلان قانداق بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتتى؟ قارىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپلا نېمىشقا ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپ كەتتى؟ يېشى نېمىگە ئاقتى؟ نىكاھنى چاتقاندىن كېيىنلا باش بىر يەرگە باغلىنىدۇ، مۇھەببەت بىر چەتكە تاشلىنىدۇ، يۈرەكنىڭ بىر يەرلىرى داغلىنىدۇ، كۆزلەر ياشلىنىدۇ، چەكلىملىك ھايات باشلىنىدۇ... ئۇ ئەركىنلىك ئىزدەپ بۇ شەھەرگە كېلىپ بىر يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا پوككىدە ئەرگە تېگىپ ئولتۇرامدۇ؟ ئېرىشكىنى شۇ بولدىمۇ؟ نىكاھتىن كېيىن كۆڭۈل ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولالامدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرەمدۇ؟ سىيىت قارى مۇرادىغا يېتىۋالغىچە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئەتىسىلا ئۆزگىرىپ ئىماملىقىغا، تەقۋالىق غۇرۇرىغا قايتىۋالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قۇشناچىم تۈگمەس پەند-نەسىھەتلەر، تەنقىد-تەربىيەلەرگە دۇچار بولىدۇ، سۈركىلىش باشلىنىدۇ. سىيىت قارىدەك ئەرلەر مۇھەببەتنى دەپ غۇرۇرىدىن ئاسان ۋاز كەچمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، تويدىن كېيىن مۇھەببەت دېگەن نەرسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. توي كېچىسىدىن كېيىنلا قىزنىڭ بارلىق سېھرىي كۈچى تۈگەيدۇ... قانداق قىلىش كېرەك؟

نىكاھتىن كېيىن سىيىت قارى كەتسە زۆھرەنى يەنە كۆرۈنمەس بىر كۈچ تىزگىنلەپ تۇردۇ. ھۇسەيىن ئۇنىڭ تويى قىلغانلىقىنى بىلمەي، بۇرۇنقى قىلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا زۆھرە ئۇنىڭغا مەيلىنى بەرسە، ئېرىگە خىيانەت قىلغان بولۇق خوتۇنغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ سىيىت قارىنىڭ مۇھەببىتىنى دەپسەندە قىلغان بولامدۇ؟ بۇ تېخىمۇ چوڭ رەسۋالىق، تېخىمۇ چوڭ ئاھانەت ئەمەسمۇ؟ بىر قېتىم مەقسىتىگە يېتىۋالغان ھۇسەيىن شۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ. تام تۆشۈكىگە بىر قېتىم كىرگەن چاشقان ئىككىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم، قايتا-قايتا كىرىۋېرىدۇ. ئادىلەنىڭ «بىر قېتىم ئوينىاپ تاشلىۋەتكەن قىزنى ئەرەبلەر ئالمايدۇ» دېگەن گېپى بويىچە بولغاندا، زۆھرە ھەرگىز ھۇسەيىنىنىڭ خوتۇنى بولالمايدۇ، بەلكى ئاشنىسى، ئويۇنچۇقى، ئىت-مۇشۈكى بولىدۇ.

زۆھرە كېچىچە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بەختسىزلىكىدىن ئاھ ئۇردى. « بەختلىك قىزلار قانداق قىزلاردۇر؟ تەلەيلىك قىزلار قانداق قىزلاردۇر؟ بەزى سەت قىزلار قامەتلىك، كېلىشكەن ئەرلەرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ماڭىدۇ، بەزىلىرى ھەر ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەيدۇ، كىيىۋالغان كىيىملىرى ئاندىن ئېسىل، خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، ئويناپ كۈلەلەيدۇ... » دەپ ھەسرەت چەكتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تېلېفون كەلدى، زۆھرە كۆزىنى تەستە ئېچىپ تېلېفوننى ئالدى، ئۈيقۇسىزلىق ۋە پاراكەندىلىكتىن قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

ــ قوپتۇڭلىمۇ ئاداش؟ ئەتىگەندە ئاۋارە قىلمىغاندىمەن-ھە!

ــ ھە... ياق..

ــ تېخى قوپماپسەن-دە! ئەمىسە ئۇخلاۋەر، ئەھۋال سوراي دەپ تېلېفون قىلغانىدىم.

ــ مەيلى، گېپىڭنى قىلىۋەر.

ــ شۇ، ئاخشام قانداق بولدى دېمەكچىمىدىم...

ئادىلە جىددىي پاراڭ قىلىۋاتاتتى، ئەمما چاندۇرمايتتى.

ــ ھېچقانداق بولمىدى.ــ دېدى زۆھرە سوغۇققىلا.

ــ ھېچقانداق ئىش بولمىدىما؟

زۆھرەنىڭ ئىچى پۇشتى، راستىنى دېگەندە ئادىلەنىڭ چوقۇم ئوغىسى قايناپتۇ.

ــ مەن ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن.

ــ دېمەك، ئۇ قارىمنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن-دە!

ــ ئۇ مېنى ياخشى كۆرسە بولدى، مەن ھېچكىم بىلەن مۇھەببەتلەشمەيمەن، توي قىلسام بولدى.

ــ سىيت قارى بىلەن توي قىلىدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟!

زۆھرە مەخپىي گەپنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ، بىراقلا دېدى:

ــ بۈگۈن نىكاھىمىزنى ئوقۇيدىغان بولدۇق.

ــ نېمە؟!... قانداق بولۇپ بۇنداق بولۇپ قالدى؟

ــ نىكاھ قىلماي تۇرۇپ بىر يەرگە كېلىشمىز تەسكەن.

ــ نىكاھ قىلغاندىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ سەن نېمانچە ئالدىراڭغۇ؟ ئۆمۈرلۈك ئىشقىمۇ شۇنچە ئالدىرامسەن؟ ئويلىنىپ بىر ئىش قىلمامسەن؟

ئادىلەنىڭ بۇ گەپتىن شۇنچىلىك ئىچى قايناپ كەتتىكى، تېلېفوندا ئۆزىنى ناھايىتى تۇتۇۋالدى. زۆھرە نىكاھ ئارقىلىق سىيت قارىغا باغلانسا قانداق ئۆزگىرىدۇ؟ ئادىلە باشلىغان يولغا قانداق ماڭىدۇ؟ سىيت قارىغا پاكلىقى بىلەن تەگكەن زۆھرە ۋىسال كېچىسىدىن كېيىن سىيت قارىنىڭ ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، سىيت قارىغا بولغاچە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئەل بولىدۇ، ئىدىيىسىمۇ پۈتۈنلەي سىيت قارىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ...

ئادىلە زۆھرەنىڭ نىكاھقا چىتىلىپ، سىيت قارىغا تەسلىم بولۇپ كېتىشىنى پەقەت خالىمىدى، بەلكى زۆھرەنىڭ مۇشۇ شەھەردە داۋاملىق قېلىپ، ھەۋەسىنىڭ ياكى باشقا بىر كىمنىڭ قولىدا ئېپپېتىدىن ئايرىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى؛ شۇ چاغدا ئادىلە زۆھرە بىلەن قايتىدىن تېپىشىپ، ئەركىنلىك كوچىلىرىدا بىللە ماڭالايتتى، ھەتتا ئۇنى سىيت قارىمغا نەپرەتلىنىدىغان خىرىستىئان مۇخلىسى قىلالايتتى.

ــ ماڭىمۇ ئامال يوق— دېدى زۆھرە ئۆيىقۇدىن پۈتۈنلەي سەگەكلىشىپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ—

ئۇنداق تەقۋا بالىغا ئالدىراپ قېلىنلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

ــ ئۇ قارىم قاچاندىن باشلاپ شۇنچە تەقۋا بولۇپ قاپتۇ؟ ئۆتكەندە ئۆيۈمگە كەلگەندە ماڭا قىلغان ئىشلىرىنى ساڭا تېخى دېمىدىم، ماڭا قىلغان قىلىقىنى ساڭا نېمىشقا قىلالمايدۇ؟ مېنى باشقا بىر نېمە كۆرۈپ قاپتىمۇ؟

ــ نېمە دېدىڭ؟ قاچانقى گەپنى دەيسەن، مەن ھېچ ئۇقالمىدىم.

ــ ۋاي، ئۆتكەندە ئۇنى ئۆيۈمگە كېلىپ قۇرئاننى ئەكەتتى دېمىدىممۇ؟ شۇ چاغدا بولمامدۇ؟ ياۋاش بولغاندىكىن جىم ئولتۇرار دېسەم، كۆزلىرى زادى جىم تۇرمايدۇ. شوخلۇقىنى ساڭا قىلالمىغان بىلەن ماڭا قىلالايدىكەن، مېنى ئاسانلا بىر ئىش قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدىغان چېغىۋا... بىر قېتىم خوتۇن ئالغان بالا ئەمەسمۇ، بېيجىڭغا كېلىپ خوتۇنسىراپ كەتكەن بولسا بوپتۇ دەپ گەپ قىلمىدىم. تونۇشلۇق يۈزىسىدىن مەيلى دېدىم... بۇنى ساڭا ئەسلى دېمەي دېگەن، ئاخشامقى يالغان تەقۋالىقىنى ئاڭلاپ سەل زەردەم ئۆرلەپ قالدى...

زۆھرە قاپقارا گۇماننىڭ ئارىسىدا قېلىپ قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، پىكىر-خىيالى ئۇمىدسىزلىك نۇقتىسىدا قېتىپ قالدى.

ــ سەن راست دەۋاتامسەن يا چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

ــ ساڭا يالغان گەپ قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ سەن تېخى ئۇ قارىمنى مەنچىلىك چۈشەنمەيسەن.

ــ سېيىت قارى ئۇنداق قىلىدىغان بالا ئەمەس، مەن ئۇنىڭ تارتىنچاقلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.

ــ ۋاي... بەك साددا جۇمۇ سەن، سىنئالغۇ لېنتىسى بولغان بولسا ئۆيۈڭدە قويۇپ بەرسەم ئاندىن ئىشىنىدىكەنسەن دېگىنە...

ــ ئۇنداق قىلىدىغان ئىشى بولسا نېمىشقا ئاخشام قىلمايدۇ، سەنمۇ نېمىشقا ماڭا ھېلىقى كۈنى دېمەيسەن؟ ــ دېدى زۆھرە ناھەقچىلىككە ئۇچراۋاتقاندەك زارلاپ. بۇ ئاچچىقىدا ئۇ سوغۇقتا قالغاندەك تىترەپ تۇراتتى.

ــ ئۇ كۈنى سېنى ئاچچىقلىتىپ قويماي دېدىم، چۈنكى ئۇنى ئازراق بولسىمۇ ياخشى

كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئۆيۈڭگە چاقىرساڭ مەن دېمىسەممۇ ئۇ قارىم ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن گېپىڭنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، بەلكىم ئۇ سېنى پاك دەپ ئويلاپ چېقىلغۇسى كەلمىگەندۇ، يا مۆجىزى بوشراق بولۇپ قالغاندۇ... بۇنى سەن بىلمەيسەن دېگىنە...

ــ ئۇ راستىنلا سەن بىلەن ئاشۇ ئىشنى قىلدىما؟

ــ سەن پەقەت ئىش كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇ ئىش ساڭا شۇنچىلىك تەس، شۇنچىلىك چوڭ بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە سىيىت قارىدەك خوتۇن قارىسى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن بىر دەملىك ئىشلار ئۇ... تاشچىلارنىڭ قانداقلىقىنى مەندىن سورا، بېيجىڭدا ئوينايدىغان قىز نەدە دەپ دىبا، جيۈبالارغا قاتراپ يۈرۈيدۇ، پۇلنى بولۇشىغا خەجلەپ پوچىلىق قىلىدۇ. سىيىت قارىنىمۇ شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى دېيەلەمسەن؟ ئۇ نىكاھ ئوقۇتۇپلا سېنى ئەرزانلا ئېلىۋالسا مەقسىتىگە يېتىمەن دەپ ئويلاپتۇ. نىكاھ دېگەن بەش مىنۇتتا تۈگەيدۇ، ئاندىن سېنى ئۆيۈڭگە سولايدۇ، خالىغانچە خوتۇن قىلىدۇ، بۇنداق پايدا نەدە بار؟ قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئوبدان ئويلاپ باق!

زۆھرە تېلېفوننى قويۇۋەتتى، سىيىت قارىنىڭ توي قىلغان ئەرلىكىنى، ھېسسىياتچانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، «بىر خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن سىيىت قارى خوتۇنغا تەشنا بولماي قالمايدۇ، ئادىلەگە باشتا ئېسىلمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئادىلە كۆزىنى قىسىپ قويسا ياكى بىر يېرىنى تۇتۇپ قويسا چوقۇم ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ، ئەينى چاغدا ئادىلە ئۇنىڭغا كىرىشىۋېلىپ، قاتتىق گەپ قىلغان چاغدىمۇ ئۇنىڭ بۇغدىيەكلىرى غىلدىرلاپ قالغان، بەلكىم ئادىلە شۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، يوشۇرۇن ئىشارەتلەرنى يوللاپ بولغان. شۇڭا سىيىت قارى بېيجىڭغا كېلىپلا باشتا ئادىلە بىلەن تېپىشىپ، ئۆيىدە كۆرۈشكەن، ئازراق پاراڭلىشىپلا مەقسەتلىرىنى قاندۇرۇشقان... نېمىدېگەن چوڭ رەسۋاچىلىق! بۇزۇقلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ... ئەمدى بۇ نىكاھنىمۇ قىلغىلى بولمايدۇ!» دەپ ئويلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن سىيىت قارىدىن تېلېفون كەلدى.

ــ ئەتىگەن ئوبدان تۇرۇپسىزمۇ؟

– ھە، يامان ئەمەس،– دېدى زۆھرە توڭلۇق بىلەن.

– نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىشنى چوڭلارغا باشتا دېسەك بولارمۇ؟ كېيىن دېسەك بولارمۇ؟ ئورۇننى بىز كۆرۈشكەن رېستورانغا بېكىتسەك بولارمۇ؟ ئايرىمخانىلىرى بار ئىكەن، شۇ يەرگە تۆت-بەش ئادەمنى باشلاپ بارىدىغان بولدۇق، نىكاھنى تاھىر قارىم ئوقۇيدىغان بولدى...

– مەن سىز بىلەن نىكاھ قىلمايمەن، – دېدى زۆھرە ئېغىر تىنىپ، يۈرەكلىرىمۇ سىيلىپ كەتتى.

– نېمىشقا؟ نېمە بولدى؟ – دېدى سىيىت قارى پەرياد ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ،– نېمىشقا ئەتىگەندىلا يېنىۋالدىڭىز. سەۋەبىنى دەڭە ماڭا، دېمىسىڭىز قېشىڭىزغا ھازىر ئۆزۈم بارىمەن...

– يېنىمغا نېمىشقا كېلىسىز؟ بىز ئەمدى كۆرۈشمەيمىز.

– نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ نېمە ئىش بولدى زادى؟ سەۋەبىنى دېمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

– بۇنى سىزگە دېگىلى بولمىغۇدەك..

– ئادەمنى ئۇنداق بىچارە قىلماڭ زۆھرە، ھەق-ناھەق ئايدىڭ بولۇپ كەتسۇن، سەۋەبىنى دەۋەتسىڭىزلا مەن سىزنى ئىزدىمەي، ئىككىنچى تېلېفون قىلماي، بولامدۇ؟!

– سىز ئادىلەنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەنسىز...

– ئادىلەنىڭ ئۆيىگە دەمسىز، ھە بارغان، ئۆزى تېلېفون قىلىپتىكەن، سىزنى بار دېدى، بارسام سىز يوق، قۇرئاننى ئېلىپ يېنىپ كەلگەن.

– باشقا ئىش قىلمىغانما؟ ماڭا تولا يالغان گەپ قىلماڭ، ئادىلە ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، سىز تېنىۋالماقچىما؟

– خۇدايا تۆۋە، نېمە دەيدۇ ما بوزۇق ئەمدى ئىشنى بۇزۇپ، سىزمۇ شۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ يۈردىڭىزما؟ شۇ بۇزۇق بىلەن بىر يىل بىللە تۇرۇپ ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمىدىڭىزما؟ ئەقلىڭىز نەگە كەتتى سىزنىڭ؟

– ھە، مېنىڭ زادى ئەقلىم يوق، ئەقلىم بولمىغاچقا مۇشۇ ھالغا قالدىم، سىزمۇ مەندەك ئەقىلسىز قىزنى ئالمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەھەللىدە نى نى قىزلار سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

سىيىت قارى ھەيران ھېس قالدى، «خوتۇن خەقنىڭ ئەقلى قىسقا» دېگەن گەپنى كۆڭلىدە بىر-ئەر يۈز قېتىم دەۋەتتى.

ــ ماڭا ئىشەنسىڭىز، مەن سىزگە راست گەپنى قىلاي، خۇداغا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ راست گەپ قىلاي، ئىمانىم بىلەن راست گەپ قىلاي ــ دېدى سىيىت قارى ئۇرغۇلۇق سۆزلەپ ــ ئۇ بوزۇق مېنى ئالداپ ئۆيىگە چاقىرىپتىكەن، گەپنىڭ ئارىلىقىدا كېلىپلا ماڭا ئېسىلدى، مەن ھودۇقۇپ كەتتىم، لېكىن نەپسىمنى بېسىۋالدىم. ماۋۇ راست گەپ، مەن ئۇ بوزۇقتىن بۇرۇنلا سەسكىنىپ كەتكەن، مەن بۇرۇندىنلا ئۇنى ئەيدىز كېسەللى دەپ گۇمان قىلىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ پاسكىنىغا ئۆزۈمنى بۇلغامدىمەن؟ سىز ماڭا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ ئۇ بوزۇقنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مۇشۇ يەردىكى تاشچىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپمۇ يېتىپتۇ، ئىنجىل تارقىتىپتۇ، ئۇ بوزۇق نەگىلا بارسا شۇ يەرنى سېسىتىپ، ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ يۈرۈيدۇ. پۇل بەرسە ھەممىنى قىلىشتىن يانمايدىغان شۇنداق پەسەندە بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈيسىز تېخى! ئاخشام سىزگە مۇشۇ ھەقتە قاتتىقراق گەپ قىلاي دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، چىرايلىق ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇپ كېتەي دېدىم، كۆڭلىسىز ئىش چىقىپ ئىشىمىز بۇزۇلمىسۇن دېدىم. ئەگەر سىز ماڭا ئىشەنمەي شۇ بوزۇققا ئىشىنىدىغان بولسىڭىز، مەنمۇ كەچتىم بۇنداق نىكاھتىن، ئاللاھ ئىنساۋىڭىزنى بەرسۇن...

سىيىت قارى تېلېفوننى ئېتىۋەتتى، كۆزىدىن يەنە ياش ئەگىپ قالدى.

زۆھرە تېلېفوننى تۇتقىنىچە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ساراڭدەك ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى

كاللىسى پىرقىراپ، قويغان-تۇتقىنىنى ئۇقالماي قالغان سىيىت قارى يېشىنى سۈرتۈپ، ياتاق دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ قالدى، بىر دەمدىن كېيىن تاھىر قارى ياتاققا كىرىپ كەلدى:

ــ ئەمىسە قىزنى ئالغىلى بارامدۇق؟

ــ نىكاھ ئوقۇلمايدىغان بولدۇق ــ دېدى سىيىت قارى كارىۋىتىغا كېلىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

ــ نېمىشقا؟ ئۇ قىز كېيىندىن يېنىۋالدىما؟

ــ يېنىۋالدى، ماڭا ئىشەنمەيدىكەن.

ــ نېمىگە ئىشەنمەيدىكەن؟ قانداق تايىنى يوق قىز بالا ئۇ؟

ــ ھېلىقى بۇزۇق ئۇنىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇپتۇ.

ــ قايسى بۇزۇق؟

ــ تۈنۈگۈن مەن دېگەن دوستىچۇ، بىز ھېلىقى چاغدا مېھمانخانىدا كۆرۈشۈپ قالغان سېرىق چاچ.

ــ شۇ قىزما؟ مەنغۇ بىر قاراپلا ئۇنىڭ دۇرۇس قىز ئەمەسلىكىنى سەزگەن. زۆھرە شۇنداق قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەمدىكەن؟

ــ دوستۇم دەپ قارايدىكەن تېخى، نېمە دېسە ئىشىنىدىكەن..

ــ خوتۇن خەق زادى بىر-بىرىنىڭ گېپىگە ئاسان ئىشىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە دۈشمەن. ئۇ قىز قانداق قىلىپ زۆھرەنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپتۇ؟

ــ ئۆتكەندە ئۇ مېنى زۆھرەنى بار دەپ چاقىرتقاندا باردىم ئەمەسمۇ؟ شۇ بىر قېتىم بىرىپ قويغانغا ئەمدى بالاغا قالدىم. مېنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان پاھىشۋازغا چىقىرىپتۇ.

ــ بۇ قانداق گەپ؟ سەن ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا زادى نېمە ئىش قىلغان!؟

ــ ئاداش، ئەمدى سەنمۇ مەندىن گۇمانلانغىلى تۇردۇڭغۇ؟ مەن ئاشۇنداق ئادەمما؟ ھەر قانچە بولسىمۇ شۇ بۇزۇققا بۇزۇلۇپ يۈرەرمەنما؟ـ دېدى سېيىت قارى ئەلەمدىن يىرىلغۇدەك بولۇپ، ــ خۇدايا، پەرۋەردىگار، تۆھمەت نېمىدېگەن يامان؟!

ــ ئۆزۈڭنى نېمانچە ئىتتىك يوقىتىپ قويىسەن؟ پىتنە-پاساتقا، تۆھمەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان بولساڭ مۇشۇ ئىش بولمايتتى، ئادەم دېگەن ئازغۇچى، بەزىدە ئېزىپ قالسىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ...

ــ ھەي بۇرادەر، مەن ئېزىپ-تېزىپ قالسامۇ ئۇنداق رەسۋاغا ئۆزۈمنى بۇلغىمايمەن.

ــ قەسەم قىلالامسەن؟

ــ ئەستەئىزۇبىللاھ، ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلالايمەن.

ــ ئىپغىرراق بول بۇرادەر، گۇمان، تۆھمەت دېگەن بوقىنى چىمداپ ئۆلتۇرەلەيدۇ، تارىختىن بۇيان

تۆھمەتنىڭ  قۇربانى بولغانلار ئاز ئەمەس. مەن سېنىڭ ئۇنداق بولۇپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن. ساڭا ئىشەنمىسەم كىمگە ئىشىنىمەن. زۆھرەگىمۇ چۈشەندۈرۈپ دېيىشىمىز كېرەك.

ــ مېنىڭچە، ئۇ ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ماڭا تەگكۈسى يوق ئوخشايدۇ.

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالساڭ بولمايدۇ.

ــ مېنى نېمىشقا بۇزۇق چاغلاپ قالىدۇ دەيمەن، جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئېشەكتەك ھاياسىز بولامدۇ...ــ دېدى سىيىت قارى دەرت-ئەلەمنى تۆكۈپــ ماڭا ئىشەنمىگەن ئادەم نېمە قىلىدۇ ماڭا رازىلىق بىلدۈرۈپ، كۆڭلىدە ئىشەنچ بولمىغان بۇنداق نىكاھنى زورلاپ قىلغىلى بولمايدۇ، قىلغان تەقدىردىمۇ ئاقىۋەت ياخشى بولمايدۇ. مەن ھازىر شۇنداق ئويلاپ قالدىم، ۋاقىتلىق نىكاھقا رازى بولغان گۇناھىمىز ئۈچۈن ئاللاھ بىزنى جازالاۋاتقان بولسا كېرەك، كۆڭۈلگە شەك چۈشكەن ئىشنى زادى قىلمىغان تۈزۈككەن. ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ يولىمىزغا قايتساق بولامدىكىن، مەن ئەمدى بۇ ئىشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم...

ــ ئالدىراپ ئۈمىدسىزلەنمە، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى. زۆھرە بىلەن نىكاھىڭنى چېتىش ئالاھىدە ئەھۋالدىكى ئىش، ئەگەر تىرىشساق ئېتىقادىمىزغا ۋە بەختىمىزگە مۇناسىپ يول تاپالايمىز. مەن ۋاقىتلىق نىكاھنى يەنىلا زىنادىن ئەۋزەل دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە بىز نىكاھنى ئۆمۈرلۈك دەپ قىلىمىز، لېكىن سەن  زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى قىلمايسەن...

ــ زۆھرەگە مەن ۋاقىتلىق نىكاھ توغرۇلۇق گەپ قىلمىغانــ دېدى سىيىت قارى كۆڭلى سەل ئارامغا چۈشكەندەك پاراڭ قىلىپــ شۇنداقتىمۇ ئۇ قوشۇلغان، مېنىڭدىن پەقەت ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ــ مانا ئەمەسمۇ، زۆھرەمۇ  بىر كىم بىلەن ئويناشقاندەك توي قىلىشنى خالىمايدۇ-دە،  سىلەرمۇ  ئەر-خوتۇن بولۇپ، ئۆي تۇتۇپ ئوينايدىغان كىچىك باللار ئەمەس-تە؟!  شۇنداق ئويۇن ئويناپ باقايلى دېگەنمۇ يا ئىككىڭلار؟!

ــ ئۆمۈرلۈك ئىشقا چاقچاق قىلامدۇق قارىم...

ـ ئەمىسە ئىككىڭلارنىڭ بېشى نېمىشقا بىر يەرگە كېلىپ بولالمايدۇ؟ زۆھرە سېنى ياخشى كۆرمەمدۇ يا؟!

ـ بۇ تەرىپىمۇ بار، بەلكى ئەڭ چاتاق سىلىۋاتقان نەرسە مۇشۇ.

ـ ئۇنداقمىكىن دېسە، سېنى قاتتىق كۈنلەيدىكەن، باشقا خوتۇنلارغا بۇزۇلۇشۇڭنى قەتئىي خالىمايدىكەن.

ـ بىلمەمتىڭ، خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى كۈنلەمچى. بۇنى ياخشى كۆرۈش دېگىلى بولمايدۇ.

ـ بۇ ئىش چاتاق بوپتۇ- دېدى تاھىر قارى خورسىنىپ،- سەن بىر قارىم تۇرساڭ نېمىشقا سەندىن شۇنچە ئاسان گۇمانلىنىدۇ؟ بىر نەرسە دېمىدىڭمۇ؟

ـ گەپ قىلمىدى دەمسەن، ھەتتا ئاللاھقا قەسەم قىلدىم.

ـ ئىمانى سۇس ئادەم قەسەمگىمۇ ئىشەنمەيدۇ، خەقلەر ھازىر «خۇدا ھەققى» دەپ قورقماي قەسەم قىلىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى، زۆھرەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك.

ـ ھەممىسى شۇ ئىمانى سۇسلۇقنىڭ كاساپىتى!- دېدى سېيىت قارى يەنە ئاھ ئۇرۇپ،- ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئويلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ شەھەردىن تېزرەك كەتسەكمۇ بوپتىكەن؛ بىر كۈن تۇرسام‌لا ئاچچىق يۇتۇپ تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن.

ـ زۆھرەنى قانداق قىلىسەن؟ ئۇنى تاشلىۋېتىپ كەتمەكچىمۇ؟

ـ زۆھرە مېنى ھارغۇزۇپ قويغىدەك...- دېدى سېيىت قارى كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ،- كاللىسى بىر دەممۇ جايىدا تۇرمايدىغان ئۇنداق قىز ئادەمنى بىر ئۆمۈر خاتىرجەم قىلمايدۇ.

ـ ئۇنداق ئاسان بەل قويۇۋەتمەيلى قارىم، سەۋر قىلىلى، كاللا ئىشلىتىپ مۇراد-مەقسەتكە يېتەيلى. غولاچ تۈگەپ غېرىچ قالغاندا قېيداپ كېتىپ قالساق، بۇ شەھەرگە قايتا كېلىش تەس؛ شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىزنىڭ ئىستىقبالى تۈگەيدۇ.

سېيىت قارى زۆھرەنىڭ تېلېفوندىكى دەھشەتلىك گەپلىرىنى قايتا-قايتا ئويلىدى؛ چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆمدى، ناھەقچىلىك ئازابى ۋە ئۈمىدسىزلىك قوينىغا غەرق بولدى.

ـ ئاللاھ شۇنداق گۈزەل چىراي بەرگەن قىزلار نېمانچە دۆت بولىدىغاندۇ؟ـدەپ غودۇڭشىدى سىيىت قارى،ـ ماڭا ئىشەنمىگىنىڭگە ھەيرانمەن، بولمىسا ئاخشام شۇنچە بەلەن پاراڭلارنى قىلىپ ۋەدىلەشكەنىدۇق...

ـ خوتۇن خەق دېگەن شۇ، خىيالى جىق بولىدۇ، تولا ئىككىلىنىدۇ، گېپىدىن ئاسان يېنىۋالىدۇ..

ـ شۇ بوزۇقنىڭ گېپى بىلەن ئىشىمىز سۇغا چىلىشارمۇ؟

ـخوتۇن خەق دېگەن داۋخور كېلىدۇ، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۈمىدلىكرەك بول.

ـ ھەي... ئىچىم ئەجەب سىقىلدى...ـ دېدى سىيىت قارى تولغىنىپ.

ـ ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمە، قارا، چىرايىڭنىڭ ساغىرىپ كەتكىنىنى! ئۆزۈڭنى ئۇنداق ئالدىما، ئوڭدا يېتىپ يامان خىيالنى قىلىۋەرمە. ئۇ قىزغا قايتا تېلېفون قىلىپ باق بولمىسا، ئەھۋالنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈر.

ـ ئۇنىڭ جاھىللىقىنى ئوبدان بىلىمەن، پايدىسى يوق.

ـ ئۇنداق قىلماي بىر تېلېفون ئۇرۇپ باق.

ـ دەيدىغان گەپنى دەپ بولغان، پۇشايمان قىلسا ئۆزى ئۇرار...

ـ ئەگەر زۆھرە سەن دېگەندەك جاھىل قىز بولسا، ساڭا ئاسان تېلېفون قىلمايدۇ، سېنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىگەندىكىن ساڭا كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈشنى خالىمايدۇ، سەندىن تېلېفون كۈتسە كۈتىدۇكى، ئۆزىنى بىلىپ تېلېفون قىلمايدۇ. ئەگەر تېلېفون قىلمىساڭ ئۆمۈرلۈك زىيان تارتىشىڭ مۇمكىن، ئۇ قىزمۇ قېيدىغانچە قېيداپ، شۇ ئاچچىقىدا سەندىن كېچىپ كېتىشى مۇمكىن. تېلېفون قىل، بۇ بەلكىم سەن ئۈچۈن سىناق.

ـ ئەتە تېلېفون ئۇراي، يا كەچتە ئۇراي، ھازىر پەقەت رايىم يوق...

ـ ئەكىلە ئەمىسە مەن ئۇراي، تېلېفونىڭنى ماڭا بەر.

سىيىت تېلېفوننى قارى خالا-خالىماس ھالدا تاھىر قارىغا بېرىپ، دىققەتتە قاراپ ئولتۇردى.

تاھىر قارىدىن تېلېفون كەلگەندە زۆھرە چالا قالغان ئۇيقۇسىنى ئۇخلىيالماي، سىيىت قارىنىڭ

زەردە بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئويلاپ، «مەن راستتىنلا ئۇ تەققۇا قارىمنى ناھەق ئەيىپلىگەندىمەنمۇ؟» دەپ ئۆزىدىن تەكرار سوراپ، چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي، شۇنچە ئويلاپمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى رازى قىلغۇدەك يەكۈنگە ئېرىشەلمەي جىلە بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ تېلېفون نومۇرىغا قاراپ سېيىت قارىمدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تېلېفوننى ئىتتىك ئالدى:

– ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم، زۆھرە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

– سىز كىممۇ؟

– مەن سېيىت قارىنىڭ دوستى تاھىر قارى، سېيىت قارى سىزگە ئېيتمىغانىدى؟

– ھە، دېگەن؛ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

– ئەلھەمدۇلىللاھ، مۇشۇنچىلىك كېتىپ بارىمىز.

– ئەجەب بۇ تېلېفوندا ئۇرۇپ قاپسىز؟ سېيىت قارى ئۆزىچۇ؟

– سېيىت قارىنىڭ ھالى بەك يامان تۇرىدۇ، گەپ قىلسا گەپ ئاغزىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ، مەن ئەنسىرەپ قالدىم، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاخشام تېخى ئۇ «نىكاھىمىزنى قىلدىغان بولدۇق» دەپ بەك خۇشال كەپتىكەن، مەن تېخى نىكاھىڭلارنى ئوقۇيدىغان بولغانىدىم. تۈنۈگۈنكى خۇشاللىق بۈگۈن ياراشماي قالدىمۇ نېمە، قارىم ئاغىنەم ئېغىر تىنىپلا ياتىدۇ. ناھايىتى تەستە گەپ سوراپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپسىز. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلىدىغان بالا ئەمەس. سېيىت قارى بىلەن مەن بەش يىللىق ساۋاقداش، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى شۇ چاغدىن باشلاپلا بىلەتتۇق، قارىمغا چاقچاق قىلاتتۇق، ئۇ سىزگە ئاتاپ خەتلەرنى، شېئىرلارنى يېزىپ كېتەتتى. ئۇ سىزنىڭ مەكتەپكە بىرەر قېتىم بولسىمۇ كېلىپ ئۇنى يوقلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتى، سىزنى بىزگە كۆرسىتىۋالغۇسى كېلەتتى. لېكىن كەلمىدىڭىز، مەن سىزنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ لېكىن سىزنى دىنى ئىسلامدىن چەتنىمىگەن، ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىز دەپ ئويلايمەن. بولمىسا سېيىت قارىمۇ سىزنى ئۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كەتمىگەن بولاتتى. مۇشۇ كەمگىچە بۇ شەھەردە غورۇرىڭىز بىلەن ياشاپ كەپسىز، ئاپىرىن، سېيىت قارىمۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، سىز بىلەن ئۆتنەك توي

قىلغۇسى كەلدى. بىر نەچچە قېتىم گېپىڭلار بىر يەردىن چىقماي قالغاندا بىچارە ئاغىنەم ياتاقتا شۇنداق سالپىيىپ يېنىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرى بىرلىككە كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ئويلاپ يېتەلەيمەن، ئاخشام تېخى شۇنداق بەلەن يېنىپ كەپتىكەن، سىز ئاخشام ئۇنىڭ ھاياجاندىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى بىلمەيسىز، بۇنىڭ ھەممىسىگە مەن شاھىت. مەن سىزگە يالغان گەپ قىلمايمەن. ئەمدى بۈگۈن ئەتىگەندە سۆزىڭىزدىن يېنىۋاپتىكەنسىز، بۇ بىچارە تۈگىشىپلا كەتتى. سىز شۇ گېپىڭىز بىلەن ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىگىلا ئەمەس، ئىمانى، ئەخلاقىغىمۇ ئېغىر چاقچاق قىلىپسىز، بۇ زەربە ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادىلەنى ئوبدان بىلىدىكەن، مەنمۇ ئۇ قىزنى كۆرگەن، تۇرقىدىنلا يامانلىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. سىز شۇنداق بىر قىزنىڭ بەدناملىرىغا ئىشىنىپ، سېيىت قارىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويسىڭىز پەقەت قاملاشمايدۇ... ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز ئىشىڭلار ئاقمايدۇ، ھەر ئىككىڭلار بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. بىز سىزگە ئىشىنىمىز، قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئوبدان ئويلىنىپ كۆرەرسىز.

زۆھرە بۇ قارىمىنىڭ گەپدانلىقىغا زوقلاندى، سۆزلىرىدىن خېلى تەسىرلەندى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، بىر نەرسە دېمىسە بولمايتتى، ئىككى قارىم ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئادىلەنىڭ يامانلىقى راست، — دېدى زۆھرە شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئەل بولۇشنى خالىماي، — لېكىن سېيىت قارى بىر خوتۇن ئالغان بالا، ئۆزىنى تۇتالماي شۇنداق ئىشنى قىلىپ سالسىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ...

— سېيىت قارىم ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىپتۇ، بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەمسىز؟

— قەسەم دېگەننى ھەر كىم قىلالايدۇ.

— ئەمىسە سىز ئادىلەنى چاقىرىڭ، مەنمۇ سېيىت قارىنى باشلاپ باراي، بىر جايدا كۆرۈشۈپ ئىككىسىنى يۈزلەشتۈرەيلى، نەتىجە قانداق بولىدىكىن؟!

زۆھرە ئويلىنىپ قالدى، لېكىن بۇنداق قىلسا ئىش چوڭىيىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدى.

– يۈزلەشتۈرگەنلىكىمۇ پايدىسى يوق...–دېدى زۆھرە گەپتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ،– سىيىت قارى ئادىلەگە گەپتە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

– ئەمىسە قانداق قىلىمىز، سىز ئۇنداق قىزلارنىڭ گېپىگە ئالدىراپ ئىشەنمەڭ، ئۆمۈرلۈك ئىشىڭىزغا چاقچاق قىلماڭ، –دېدى تاھىر قارى،– گەپ دېگەن يامان، تۆھمەت ئاندىن يامان، سىز سىيىت قارىغا راستىنلا ئۆۋال قىلىۋاتىسىز. سىيىت قارى شۇ ئىمانى بىلەن سىزگە ئالدىراپ قەسەم قىلمايدۇ. ئەگەر بىلسىڭىز، ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قىلغان قەسەمنىڭ كۈچىگە دۇنيادىكى جىمى مەخلۇقنىڭ جېنى تەڭ تۇرالمايدۇ. ئەگەر بۇ قەسەم يالغان بولۇپ قالسا سىيىت قارى قىيامەتتە ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ، سىز زىيانغا ئۇچرىمايسىز. ئەگەر سىيىت قارىنىڭ قەسىمى راست بولۇپ، سىز ئۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، ئاخىرقى ھېسابتا سىز زىيان تارتقۇچى بولۇپ قالىسىز. كۆزىڭىز كۆرمىگەن ئىشقا ئالدىراپ ئىشەنمەڭ. پاكىتى يوق ئىشقا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماڭ. ئادىلەنىڭ قانداق ئادەملىكىنى سىز بىلمەمتىڭىز؟ ئەگەر سىيىت قارىنى ياخشى كۆرمىسىڭىز گېپىڭىزنى ئوچۇقلا قىلىڭ، سىزدەك قارىمغا تەگمەيمەن دەڭ. شۇنداق دېسىڭىز بۇ ئۇنىڭغا ئاسانراق چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىمانىنى يوققا چىقىرىپ، بەرگەن قەسەملىرىنى يالغان دېسىڭىز ئۇنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا قويىسىز. جاھاندا پاك ئادەمگە تۆھمەت قىلىش قاتىللىق قىلىش ۋە زىنا قىلىشتەك ئېغىر گۇناھ، ئادىلە شۇ گۇناھى ئۈچۈن قىيامەتتە چوقۇم ھېساب بېرىدۇ، ئەگەر ئىمانىڭىز ۋىجدانىڭىز بولسا سىزمۇ ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ھاياتلىق بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ...

زۆھرە «بۇ قارىم قىيامەتنىڭ گېپىنى قىلىپ ئادەم قورقۇتۇۋاتامدۇ نېمە؟...» دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما ئۆزىنى ھەقىقەتەن يامان بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، بۇ تۇيغۇدىن قۇتۇلالمىدى. سىيىت قارىنىڭ مىجەزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇنچىلىك قاتتىق گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زۆھرەدىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ كېتىپ قالاتتى. زۆھرە «توي قىلىلى، مۇشۇ شەھەردە بىللە ياشايلى» دېگەندە، ئۇ كۆڭلى نازۇك، دەردمەن، غۇرۇرى كۈچلۈك قارىم ئىمانى ۋە ئەرلىك غۇرۇرىنى چوڭ بىلىپ، كۆڭلىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ، زۆھرەدەك نازىنىن قىزنى رەت قىلالىغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بۇ

گەپ ئۇنىڭ ئىمانى ۋە غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەندە، ئۇ ئەلۋەتتە زوھرەنى ئادىلە بىلەن بىر قاتارغا چىقىرىپ، غەزەپ ئاچچىقى بىلەن پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالاتتى. ئۇنداقتا ئۇ بۇ دوستىغا نېمە دەپ تېلېفون ئۇرغۇزغاندۇ؟

ــ بۇ گەپلەرنى سېيىت قارى نېمىشقا ئۆزى دېمەيدۇ؟!ــ دېدى زوھرە بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن.ــ سىزگە نېمىشقا تېلېفون بەرگۈزىدۇ؟

ــ سېيىت قارىنىڭ سىزگە تېلېفون بەرگىدەك ھالى يوق، ھەم تېلېفون بېرىش خىيالىمۇ يوق. مەن بۇ ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي تېلېفون بېرىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ بەش يىللىق ساۋاقدىشىم، قىيامەتلىك بۇرادىرىم، ئۇنىڭ دەردى ئەلۋەتتە مېنىڭ دەردىم.

ــ چۈشەندىم، لېكىن سېيىت قارىمنىڭ بۇنداق ھالى بوشلۇقىنى ئويلىماپتىمەنكەن، مەندىن شۇنچە ئاسان كېچىپ كېتەمدىكەن؟ شۇنچىلىك گەپكە پايلىماي يېتىۋالامدىكەن؟ ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولامدا؟ ماڭا ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپ نېمىشقا سىزگە ئوخشاش گەپ قىلالمايدۇ...

ــ ئادەم بەك ئازابلىنىپ كەتكەندە ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. بۇنى بىلمەمسىز؟ سىز ئۇنىڭغا قىلىنغان تۆھمەتنى شۇنچىلىك گەپ دەپ ئويلىغان بىلەن، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ قارىم ئۈچۈن دەھشەتلىك گەپ ئۇ! ناھەقچىلىككە ئۇچرىمىغان بولسا ئۇ بۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتمەيتتى، ئىمانى كەمستىلمىگەن بولسا بۇنچىلىك غەزەبلىنىپ كەتمىگەن بولاتتى، سىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرمىگەن بولسا، بۇنچىلىك ئىشلارغا كۆزىدىن بىر تېمىم ياش چىقارمىغان بولاتتى. سىز ئەركەكلەرنىڭ يىغلىغىنى كۆرگەنمۇ؟ سىز تۇنۇگۈن ھەم بۈگۈن بۇ قارىمنى ئىككى قېتىم يىغلاتتىڭىز، بىلەمسىز شۇنى؟!

سېيىت قارى تاھىر قارىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ قېتىپ قالدى، تاھىر قارى سېيىت قارىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن، ئەمما سېيىت قارى ھەقىقەتەن ئىككى نۆۋەت ياش تۆككەنىدى، بەلكىم تاھىر قارى ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى بايقىغان بولسا كېرەك، گويا ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيادەك گەپ قىلىۋاتاتتى، ئورۇنلۇق، ھېسسىياتلىق گەپلىرىدىن سېيىت قارىمۇ تەسىرلىنىپ كېتىۋاتاتتى ۋە

ناتىقلىقتا خېلى يېتىشكەن بۇ دوستىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇۋاتاتتى.

ــ تېلېفوننى سىيىت قارىمغا بېرەمسىز؟ــ دېدى زوھرە تەسىرلىنىپ؛ــ ئۆزى گەپ قىلسۇن.

تاھىر قارىنىڭ چىرايىدىكى سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى كۆرگەن سىيىت قارى ئەندىكىپ كەتتى، تېلېفوننى ئاستا ئالدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم...ــدېدى ئېغىر ۋە ھالسىز ھالدا.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... قانداق ئەھۋالىڭىز؟

ــ ئاللاھقا شۈكۈر... مۆشۈنچىلىك تۇرىمەن.

ــ بۇنچىلىك ئىشلارغا تۇگىشىپ كەتسىڭىز، كېيىن ئىش بار ئوخشايدۇ سىزگە...

ــ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئاستا-ئاستا ئوڭشىلىپ قالارمەن.

ــ دوستىڭىز گەپكە ئۇستىكەن-ھە، ئادەمنى قورقۇتۇپ، تەسىرلەندۈرۈپ بىر نېمە قىلىۋەتتى. سىز نېمىشقا بۇنچىلىك گەپلەرنى قىلالمايسىز؟ ئاچچىقىڭىزنى ئۇنداق يامان قىلسىڭىز بولمايتتى، تېلېفوننى ئۇنداق ئالدىراپ قويۇۋەتسىڭىز بولمايتتى، قايىل قىلارلىق گەپ بىلەن كۆڭلۈمنى نېمىشقا ئالالمايسىز؟ نېمىشقا مېنى ئادىلەنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ ئۇ رەسۋانىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەيسىز. قويۇڭە، سىزدەك بالىنى. مەن سىزنى ئازابلىنىپ يېتىپ بېرىڭ دېمىدىم، ئەرلىك جۈرئەتنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن.

سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىگە قايتا ئاپتاپ چىقتى، ئەمما بۇ ئاپتاپ سېرىق ئاپتاپ بولۇپ قالسا بولمايتتى، بۇنداق ئېھتىماللىقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى، قارىمنىڭ كۆڭلى بىتايىن خۇشاللىق ۋە ئەنسىچكە تولۇشقا باشلىدى.

ــ مەن ھېچقاچان ئۇنداق تۆھمەتكە ئۇچراپ باقمىغاچقا، ئۇ گەپنى ئاڭلاپلا ھوشۇمنى يوقاتتىم دېسەممۇ بولىدۇ. ھەممىدىن قورۇق قېلىشنى ئويلاپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. ھېچقاچان بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدىم. بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم ئوخشايدۇ.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، سىزنىڭ شۇ ئاجىزلىقىڭىزنى بىلگەچكە ئادىلەنىڭ قېشىدا ئۆزىنى يوقىتىپ

قويدىمىكىن دەپ ئويلىغان گەپ، بولمىسا مەن سىزگە زادى ئىشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس.

— مەن كۆڭلۈمنى دەپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويسام قويىمەنكى، ئۇنداق رەسۋا بوزۇقنىڭ يېنىدا خۇدۇمنى يوقىتىپ قويمايمەن. ئۆزۈمگە ئىگە بولالمىسام ھايۋاندىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟

— ئاشۇ قەسەملىرىڭىزگە زادى ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— مەن ئىمانىمغا ھەرگىز چاقچاق قىلمايمەن.

— كۆڭلۈم بەك يېرىم، نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىغا بارغان بولغىيدىڭىز؟

— سىزنى بار دەپ ئالدىراپ بېرىپتىكەنمەن، ئەسلىدە ئۇ بوزۇقنىڭ نىيىتى باشقىكەن. ھەتتا سىز توغرۇلۇقمۇ ئادەمنى گۇمانغا سالىدىغان گەپلەرنى قىلدى. ئاشۇنداق يالغانچى، تۆھمەتخور بىر نېمە بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈيدىكەنسىز، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرگىز ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

— ئادىلە مەن توغرۇلۇق نېمە دېگەن؟

— ھەي بولدىلا، دېسەك غەيۋەت بولىدۇ. ئىشقىلىپ، ياخشى گەپ ئەمەس. بۇزۇقلار ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك بۇزۇق چاغلايدۇ، شۇنىلا بىلسىڭىز بولىدى.

— سىز شۇنداق دېگەندە ئىشەنگەنمىدىڭىز؟

— راست گەپنى قىلسام، ئازراق گۇمانلانغان. لېكىن گۇماندىن يىراق تۇراي دەپ ئويلىغان. چۈنكى سىزگە ئىشىنەتتىم، ئادىلەنىڭ گېپىدىن بەكرەك گۇمانلىناتتىم.

— مانا، سىزمۇ مەندىن ئازراق بولسىمۇ گۇمانلىنىپتىكەنسىزغۇ؟ شۇڭا مېنىڭ بۇ گۇمانلىنىپ قېلىشىمدىنمۇ ھەيران قالماڭ، مەندىن ئاغرىنماڭ.

— لېكىن سىز ماڭا مەن سىزگە ئىشەنگەنچىلىك ئىشەنمىدىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ئەر كىشى دېگەنگە ئالدىراپ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، قىزلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان بىلەن ئوغۇل بالىلار ئۆزىنى تۇتالمايدۇ. مەن سىزنى پەقەت ئىمانى بار تەقۋا قارىم دەپ ئويلىغاچقىلا ئىشىنىۋاتىمەن، بولمىسا، ئەر كىشى دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش.

— ئىشقىلىپ، ماڭا ئىشىنىڭ، دېدى سېيىت قارى تەمكىن ھالدا، كۆڭلۈمنى ئېيتىۋارغا

ئالمىسىڭىزمۇ، ئىمانىمغا بولسىمۇ ئىشىنىڭ. ئەلۋەتتە ئىمانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ، مەن ئاللاھ نامىغا قەسەم قىلغانىكەنمەن، شۇنىڭغا لايىق راستچىل مۇسۇلمان بولۇشۇم كېرەك. مەن ئۆز نەپسىمنى دەپ ئاللاھ نامىغا يالغان قەسەم قىلىشنى زىنا قىلىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ دەپ قارايمەن. بىر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا ئۇنىڭدىن ئېغىر ئىش يوق.

ـ بوپتۇ، مەن قەسىمىڭىزگە ھازىرچە ئىشىنىپ تۇراي، لېكىن كۆڭلۈمدە بىر داغ قالىدىغان بولدى.

ـ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ داغمۇ چىقىپ كېتەر، بىز بىر-بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك بۇ نىكاھنى قىلغىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق، بىر-بىرىمىزنى ئالدايمىز.

ـ ئوبدان گەپ قىلىۋاتىسىز، ئەمدى ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلامسىز-نېمە؟

ـ شۇنداقتەك قىلىمەن، ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. قانداق، نىكاھنى قىلامدۇق-يا، مەن مۇشۇنداق ئاغرىپ يېتىۋېرىمەنمۇ؟

ـ ياتسىڭىز يېتىۋېرىڭ، دوستىڭىز تېلېفون قىلمىغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ ھە دېسە ئۆزىڭىزنى بىچارە كۆرسىتىدىغان قارىمىكەنسىز ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ...

ـ سىزنىڭ دەردىڭىز بولمامدۇ، بولمىسا بىزمۇ راۋۇرۇس ئادەم ئىدۇق.

ـ نىكاھ ئىشىنى مەن يەنە بىر ئويلىنىۋالاي، سىزگە ئالدىراپ تېگىدىغان قىز يوق.

ـ قاچانغىچە ئويلىنىپ بولالمايسىز، ياخشى ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغۇتمىسەك شەيتان ئارىلاپ قالىدۇ.

ـ نېمانچە ئالدىرايسىز؟ مىجەزىڭىز يامان ئىتتىككەن، تېز ئاچچىقلىنىدىكەنسىز، ئاسان ھاياجانلىنىدىكەنسىز... ئاسان خاپا بولۇپ يېتىۋالىدىكەنسىز... ئەمدى ئالدىرىماڭ.

ـ مەن ئالدىرىماي دېسەممۇ كۆڭلۈم ئالدىرايدىكەن، چۈنكى سىزمۇ ئىتتىك ئۆزگىرىۋالىدىكەنسىز ئەمەسمۇ!

ـ مېنىڭ كاللامنى جەم قىلىدىغان ئادەم چىقمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ.

ـ قانداق ئەرگە تەگسىڭىز كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولىدۇ؟

ـ كۆڭلۈمدىكىدەك ئەرگە تەگگەندە..

ــ مەن ئۇنداق بولالمامدىكەنمەن؟

ــ ھازىرچە ئۇققىلى بولمايدۇ. توي قىلىشتىن ئاۋۋال ئوغۇللار قەسەمخور كېلىدۇ، چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىدۇ، كۆڭلۈم دەپ چۈشەندۈرۈپ كېتىدۇ، لېكىن تويدىن كېيىن ئۇ گەپنىڭ ھېچقايسىسى يوق، ئاخىرىدا ھەقىقىي ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ.

ــ ھەممە ئادەمنى بىر تاياقتا ھەيدىمەڭ، بىز قارىملار راست گەپ قىلىمىز.

ــ قارىملار تېخى ئەڭ يالغانچى كېلەمدىكىن دەيمەن. موللا خەق ھەممىنى بىلەر...

ــ بولدى، بولدى، ئۇ سىز قىلىدىغان گەپ ئەمەس زۆھرە، چىرايلىق گەپ قىلىشايلى، ئىش ئەمدى مۇشۇ يەرگە كەلدى. ئارىمىزنى ئوچۇق قىلىۋېتەيلى، سىزنىڭ زادى موللىغا تەگكىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئۇنى دېسىڭىزغۇ شۇ، نېمىشقىكىن ئۆزۈمنى زادى بەختلىك ھېس قىلالمايۋاتىمەن، بۇ يېرىم كۆڭلۈمنى كىممۇ پۈتۈن قىلار؟...ــ دېدى زۆھرە ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

ــ ئەمىسە بۇ نىكاھقا رازى ئەمەسكەنسىز-دە!

ــ ئۇقالماي قالدىم، بىز زادى بەختلىك بولالامدۇق؟

ــ ئىنشائاللا، بەختلىك بولالايمىز.

ــ موللا خەق شۇنداق دەپ قويۇپ تىرىشمايدۇ. سىز ئۇنداق قىلمايدىغانسىز؟

ــ ئاللاھ بەرگەن جاننى ھۇرۇنلۇق بىلەن قىينىمايمىز. تىرىشساق رىسقىمىزنى ئاللاھ بېرىدۇ.

ــ مېنىڭ ئۇنداق كەمبەغەل ياشىغۇم يوق، ئادەمدەك راھەت كۆرۈپ ياشاپ باققۇم بار.

ــ بىزمۇ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلىمىز دەپ بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز، توي قىلغاندىن كېيىن ئاللاھ بىزنى ئۆز كەرەمى بىلەن باي قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

ــ ھازىرچە ئىشەنگەچ تۇراي، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز. ھە راست، بايىقى دوستىڭىز توي قىلغان قارىمۇ؟

سېيىت قارىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا غەشلىككە تولدى، زۆھرەنى تۇيۇقسىز چۈشەنمەي قالدى.

ـ توي قىلغان، بىر بالىسى بار.

ـ مەن سىزدىن بالىسى بارمۇ دەپ سورىمىدىم.

ـ ئەمىسە ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

ـ سوراپ قويدۇم، ھېلىتىن ئادەمنى كۆڭلىگىلى تۇردىڭىزغۇ؟

ـ سىزنىمۇ ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، بېشىڭىز بىر كىمگە باغلانمىغىچە كۆڭلىڭىز ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.

ـ توي قىلىدىغان قىزنىڭ خىيالى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇنى بىلمەمتىڭىز؟

ـ بىلىمەن، ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ سىز كۆڭلىڭىزنى ماڭا توختىتىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرايمۇ؟ بىزنىڭ ۋاقتىمىز بەك ئاز، ئۇزاق تۇرۇپ بولالمايمىز.

ـ شۇنچەۋاقىت مېنى ياخشى كۆرىمەن دەپ يۈردىڭىز، كېيىن پېشىڭىزنى قېقىپ كېتىپ قالدىڭىز. قايتا كۆرۈشكەندە يەنە ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىڭىز. شۇڭا مەن سىزنىڭ ماڭا چىن كۆڭلىڭىز بارلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن.

ئىچى سىقىلىپ تۇرغان زۆھرە توختىماي پارالڭ سالاتتى، سىيىت قارىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، تېلېفون تۇتقان قوللىرىمۇ تىترەپ كەتتى.

ـ قانداق قىلسام بولاتتى، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا تولغىنىپ ھېچ ئىش قىلماي، ئىماملىقنىمۇ قىلماي ساغىرىپ ياتسام بولامتى؟! ئادەمگە جان كېرەك، نان كېرەك، ئابرۇي كېرەك.

ـ مېنى زادى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسىز؟

ـ ياخشى كۆرىمەن، بۇ كۆڭلۈمگە شەك كەلتۈرمەڭ، چۈنكى مەنمۇ سىزنىڭ پاكلىقىڭىزغا شەك كەلتۈرمىدىم.

ـ مېنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلالامسىز؟

ـ مەن سىزگە ئاخشام ۋەدە بېرىپ بولغان، ئەمدى قايتا تەكرارلىمايمەن.

ـ ياق، يەنە بىر قېتىم ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىۋالاي.

ــ شۇنداق، مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

ــ تويلۇقنى نەچچىلىك ئالىسىز؟ نىكاھ ئوقۇپلا ئىشنى تۈگەتمەيدىغانسىز؟

ــ مەھرىڭىزنى قۇدرىتىمىنىڭ يېتىشىچە بېرىمەن، يەتمىسە كېيىنكى كېيىن تولۇقلايمەن.

ــ ئەمىسە مەن ئويلىنىپ باقاي. بىر دەمدىن كېيىن سىزگە خەۋىرىنى بېرەي.

زۆھرە «خوش» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. سىيىت قارى تەقەززالىق، تەشنالىق ئىلكىدە گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقاندا سىرتقا چىقىپ كەتكەن تاھىر قارى ياتاققا قايتىپ كىرىپ سورىدى:

ــ تېخى ئېنىق جاۋاب بەرمىدىما؟

ــ تېخى ئويلىنىپ بولالماپتۇ.

ــ ھازىرلا ماقۇل دېمەيدۇ، ساقلاپ تۇرايلى. مېنىڭچە چوقۇم قوشۇلىدۇ.

ــ تولا گەپ قىلىپ ھارغۇزۇۋەتتى، بۇنداق ئۇششاق گەپ قىلىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم.

ــ كۆڭلى جايىدا ئەمەسكەن، مېنىڭچە ئۇنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ــ ئادەمنى بەك يېلىندۇرىدىكەن، ھېلىتىنلا بۇنداق قىلغىلى تۇرسا بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئىش بار ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭغا چىداپ بولالماسمەنمىكىن.

ــ نېمانداق پاراكەندە گەپ قىلىسەن؟ ئىشلار ئاساسەن ئوڭشالدىغۇ، يەنە نېمە خاپىلىق؟!

ــ زۆھرەنى بارغانچە چۈشەنمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ ھازىر ئۇستۇن ئورۇندا، مەن بەك پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم. كۆڭۈلنى دەپ بىچارە بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ چىرايىنى دەپ مىجەزىگە قارىمىسام، مۇرادىمغا يېتىمەن دەپ ديانەت مەسىلىسىنى قايرىپ قويسام قانداق بولار؟ مەن ھازىر ئەنسىرەۋاتىمەن.

ــ يوقىلاڭ خىيالنى جىق قىلىدىغان قارىمكەنسىلە، «خوتۇن ئالساڭ كوچىدىن ئال، ئادەم قىلىش ئۆزەڭدىن» دەيدىغان بىر گەپ بار! كوچىدا كۆيۈپ قېلىپ ئالغان خوتۇن تۇرماق، ديانەتلىك قىزنى خوتۇن قىلىشقىمۇ كاللا كېتىدۇ قارىم، كاللا! خوتۇننى خوتۇن قىلىش بىر سەنئەت، مەيلى تەقۋا، مەيلى

ئويۇنچى خوتۇن بولسۇن، ئۇنىڭ ئېرىدىن كۆتىدىغىنى مېھىر-مۇھەببەت، قەدىر قىممەت! شۇنىڭ ھەممىسى جانلىق مۇناسىۋەتنى، سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېلىتىن ئۇنداق بەل قويۇۋەتكىلى تۇرساڭ، ئەر كىشىگە لايىق ئىش قىلمىغان بولىسەن. ھەر قانداق قىز تويى قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ مۇلايىملىشىدۇ، غايىۋى خىياللىرى تۈگەپ ئەمەلىيەتكە قايتىدۇ. كاللىسى بىر يەرگە جەم بولىدۇ. بىرنى تۇغقاندىن كېيىن ساڭا تېخىمۇ ئەل بولىدۇ. خوتۇن دېگەننى ئاشۇنداق ئاستا-ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرىسەن.

– سەنغۇ بىر خوتۇن ئېلىپ تۇرمۇشنى چۈشىنىپ بولدۇڭ، مەن تۇرمۇشتىن تەلىيىم كەلمەي خوتۇن خەقتىن ئەنسىرەپلا ئۆتىدىغان ئوخشايمەن.

– ئەنسىرىمە، ئۇقۇشلىپ كېتىدۇ. ئىگىلىك تىكلىگەن ئادەممۇ قايتا-قايتا مەغلۇپ بولۇپ ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، شۇنىڭغىچە تەجرىبە توپلايدۇ، تەۋەككۇل قىلىدۇ. ياخشى خوتۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلماي بولمايدۇ، ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇننىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماي بولمايدۇ. ئاللاھ بىزنى ئەر دەپ ياراتقاندىكىن ئەركەكلىككە لايىق چىدامچان، سەۋرچان، كەڭ قورساق بولمىساق بولمايدۇ. مەنمۇ خوتۇنۇمنى ئاشۇنداق قايىل قىلىمەن، كۆڭلىنى يەردە قويمايمەن. خوتۇن دېگەننى ئەسلىدە باشقۇرۇش كەتمەيدۇ، سەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالىساڭلا، ئۇ سېنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمەتكارىڭ بولۇشقا ئۆزلۈكىدىن رازى بولىدۇ.

– بۇنداق گەپلىرىڭ بولسا دېگەچ تۇر-دېدى سېيىت قارى زوقلىنىپ،- لېكىن ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ مىجەزىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، سەن دېگەندەك قىلىپ بولالمايدۇ.

– مىجەز دېگەننىمۇ كۆندۈرىمىز دەيمەن قارىم، ئادەم دېگەن قېلىپتا قۇيغان كېسەك ئەمەس، مىجەز دېگەن لايغا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئەيلەپ ئوبدان ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە توختىماي يۆتكەپ تۇرىدۇ، بىز نېمىشقا بالىلىقتىكى مىجەزىمىزنى قېرىلىققىچە سۆرەپ يۈرۈيمىز؟ نېمىشقا كونا مىجەزىمىزگە مەھكەم ئېسىلىۋالىمىز. بىزنىڭ نۇرغۇن ناچار مىجەزىمىز بار، ئۇ بىزنى دائىم گۇناھقا ئىتتىرىپ تۇرىدۇ، ئايىغىمىزغا كىرىۋالغان تاشتەك جېنىمىزنى قىينايدۇ، ئۇ

مىجەزنى ئوڭشىمىساق بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ زىيان تارتىمىز ئەمەسمۇ؟

ـ بۇ گېپىڭغۇ توغرا، لېكىن كۆڭگەن خۇي دائىم چاتاق سالىدۇ.

ـ چاتاق سېلىشى چوڭ ئىش ئەمەس، مۇھىمى چاتاقنى ئازايتىش.

ـ سېنىڭچە مەن زۆھرە بىلەن توي قىلالامەنمۇ؟

ـتوي قىلالايسەن، تويۇڭنى قىلىپ مۇرادىڭغا يەتكۈزمىگىچە بۇ شەھەردىن ئايرىلمايمىز. ئەگەر ئىشىڭ راستىتىنلا ئاقماي قالسا ئامال يوق، ئاللاھ بۇيرۇماپتۇ دەپ بىلىمىز. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ يىغلاپ ئېقىپ كېتەرسەنمۇ؟

سىيىت قارىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ قالدى، چىرايىدا بىر جىددىيلىك ئەكس ئەتتى.

ـ شائىر مىجەز ئادەم يىغلاڭغۇ كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن سەن ئىماملىقىڭنى قەدىرلە، بىزدە نېمە تولا شائىر تولا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى ھاراقكەش. ئىماملىق مۇھىم ئىش، ھۆكۈمەتمۇ بىزنى پارتىيە سىرتىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دەپ ھۆرمەتلەۋاتىدۇ.

ـ مەن شائىر ئەمەس،ـدېدى سىيىت قارى كەسكىن بىر ئىپادە بىلەن،ـ لېكىن كۆڭلۈم پەقەت تىنجىمايدۇ.

ـ سېنى شائىر قىلىۋەتكەنمۇ شۇ زۆھرەغۇ دەيمەن، ئۇنى نىكاھىڭغا ئالالىساڭ شائىرلىقىڭمۇ ئاخىرلىشىدۇ، ئىشىنىڭ قىزىقى شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، ئىلھامىڭ قۇرۇپ قالىدۇ. توغرىمۇ يا؟!

سىيىت قارى تولا يېتىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى بىر يانغا سىلجىتىپ، قوللىرىنى بېشىغا گىرەلەشتۈرۈپ، ئويچان قىياپەتتە:

ـ تېخىمۇ شائىر بولۇپ كېتەمدىم تېخى! زۆھرەگە ئېرىشەلمىسەم دەردمەن شائىر، ئېرىشەلىسەم لىرىك شائىر بولۇپ كېتىمەن ـ دېدى.

ـ نەۋائىنى ھازىرمۇ دوراۋاتامسەن، يا تاشلىۋەتتىڭمۇ شېئىر يېزىشنى...

ـ ئۆيدە ئانچە-مۇنچە يېزىپ قوياتتىم. ئەلىشىر نەۋائىمۇ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتۈپتىكەنمىش. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببەت داستانلىرى مەشھۇر.

― ئەگەر زۆھرەنى خوتۇنلۇققا ئالالماي قالساڭ سەنمۇ ئاشۇنداق بولۇپ كېتەرسەنمۇ؟ لېكىن سەن توي قىلماي ئۆتەلمەيسەن؛ چۈنكى سەن ئىمام، ھەممىنى ياخشى بىلىسەن، توي قىلماسلىق ياخشى ئىش ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ياشلارنى توي قىلىشقا دەۋەت قىلغان، توي قىلالمىغانلار روزا تۇتسۇن، روزا تۇتۇش ئۇنىڭ شەھۋىتىنى تىزگىنلەيدۇ دېگەن. لېكىن قاراپ باقساڭ، بۇ جەمئىيەتتە كۆرمەڭ بويتاق بار، روزا تۇتقان ئادەم يوق دېيەرلىك. ھەتتا بىزمۇ ئۇنداق قىلالمىدۇق.

― بۇنداق جەمئىيەتتە زىنادىن ساقلىنىپ ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش بولۇپ قالدى.

― شۇڭا، زۆھرە بىلەن توي قىلغۇال، توي قىلغۇالساڭ دەردىڭ تۈگەيدۇ، شەھۋىتىڭ بېسىقىدۇ، كاللاڭ نورماللىشىدۇ، نامازنى جايىدا ئوقۇيدىغان بولىسەن، نامەھرەملەرگە ئازراق قارايدىغان بولىسەن. بۇنى مەن دېمىسەممۇ بىلىسەن، لېكىن مەندىن ئاڭلىساڭ ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ...―دېدى تاھىر قارى خۇش كۈلكە، خۇش پېئىل بىلەن― ئۇ ساڭا قاچان جاۋاب قايتۇرىدىغان بولدى؟ نىكاھنى ئەڭ ياخشىسى بۇگۈن قىلىۋەتسەك بولاتتى.

― ھەي تاڭ جۇمۇ، نىكاھ قىلىمىز دېگەن تەقدىردىمۇ ئاۋۋال تويلۇق ئالمىساق بولمىغۇدەك، يامان يەردىن چۈشۈۋالماس-ھە، سەندىمۇ جىق پۇل يوققۇ دەيمەن.

― ئاۋۋال بىر قارارغا كەلسۇن، پۇلنىڭ ئىشى تەس ئەمەس.

ئىككى قارىم زۆھرەدىن جاۋاب كۈتۈپ، تۇغۇلمىغان موزاينىڭ قۇزۇقىنى قېقىپ، ھەر خىل پەرەز، تەخمىن، مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپ قالدى.

بۇ چاغدا زۆھرە ئۆيىدە ئادىلەدىن كەلگەن ئىككىنچى تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

― سەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە،―دەيتتى ئادىلە گېپىدە چىڭ تۇرۇپ― جاھاندا مولla خەقتە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ تېنىۋالىدۇ.

― لېكىن مەن كۆزۈم كۆرمىگەن ئىشقا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىسام بولمايدۇ،―دەيتتى زۆھرە،― سەن ئۆزەڭنىڭكىنى راست دەيسەن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدۇ. ئىككىڭلارنىڭ زادى نېمە ئىش

قىلغانلىقىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. سىيىت قارىمنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئالدىراپ ساڭا چېقىلمايدۇ.

– مەن چېقىلدىم، مەن باسقۇنچىلىق قىلدىم، ئەمدى بولدىمۇ؟ جاھاندا بەز يېمەيدىغان مۈشۈك يوق. مەيلى موللام، قارىم بولۇپ كەتسۇن، ھەممىسى ئادەم، ھەممىسى ئەر كىشى. يوتامنى چىقىرىپ قويسام كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن قارىم شۇ ئىشنى قىلماي قالامدۇ؟ سەن نېمانداق چۈشەنمەيسەن؟ ئىش كۆرمىگەندىكىن چۈشەنمەيسەن، سىيىت قارىم بىلەن شۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغاندىكىن ئۇقمايسەن. مەن راست گەپ قىلىمەن، بولغان ئىشنى بولدى دەيمەن؛ بولمىسا، ئۇنداق قارىم بىلەن قىلغان ئىشنى سۆزلەپ يۈرۈش ماڭىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟

– ئەمىسە ئۆزۈڭ بىر قېتىم ئازدۇرۇۋەتكەن قارىمغا مېنى نېمىشقا قىزىقتۇرىسەن؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مېنى بىر بۇزۇلسىكەن دەپ ئاران تۇرغانمىدىڭ؟

– قىزلىقىڭ بۇزۇلسا ماڭا نېمە پايدا؟ قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ سەن؟! راست دەيسەن، مەن قىزلىقىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قىزلىق دەردىدە جىق ئازابلاندىم، شۇڭا ساڭا چىدىمايمەن. لېكىن ئويلاپ باق، قىزلىق دېگەن ھامان بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بۇ قىزلىق دېگەنمۇ ساختىلىشىپ كەتتى. قارىم-موللىلاردىن باشقىسى ئۇنى چوڭ بىلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. سىيىت قارى سېنىڭ شۇ يېرىڭنى دەپلا ياخشى كۆرىدۇ، بولمىسا نېمە قىلىدۇ كەينىڭگە كىرىۋېلىپ. شۇ قارىمغا بېرىدىغىنىڭنى بېرىۋېتىپ، ئۆزۈڭنى قىيناپ كەلگەن شۇ نەرسىدىن بۇرۇنراق قۇتۇلامدىكىن دېسەم، نىكاھ قىلىمەن دەپ ئولتۇرۇۋېسەن. قارىمغا تېگىشنىڭ جاپاسىنى ئۇنتۇپ قاپسەن. ئاران تەستە قولغا كەلگەن بۇ شارائىتىڭنى قۇربان قىلغىلى تەييار تۇرۇپسەن. شۇڭا، نىيىتىڭدىن يېنىپ قالامدىكىن دەپ راست گېپىمنى دېدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ قارىمنىڭ بىر خوتۇن ئېلىشى، مەن بىلەن بىر قېتىم بىرگە بولۇشى ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس، قارىم قانچە جىق ئىش كۆرسە قىزلارنى شۇنچە چۈشىنىدىغان بولىدۇ، بۇ سېنىڭ كېيىنلىكىڭگە پايدىلىق. ئۇنىڭغا تەگسەڭ بولۇۋېرىدۇ. مەن نېمە قىلىمەن سېنى توسۇپ! تەگكۈڭ بولسا تېگىۋەر. ئۇ قارىم بەربىر كېتىدۇ، سەن قالىسەن، لېكىن ئەركىن بولالمايسەن. ئېرىڭگە

خىيانەت قىلغۇلۇك كەلمەيدۇ، خىيانەت قىلساڭ ئازابلىنىپ تۈگىشىپ كېتىسەن. شۇڭا نىكاھنىڭ دەردىنى تارتمىغىن، قىزلىقىڭدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ياشىغىن دەپ نەسىھەت قىلدىم ساڭا، ئاڭلىمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، مەن ئارىلىشالمايمەن، لېكىن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، سەن قاچانغىچە مۇستەقىل بولالمايسەن؟

زۆھرەنىڭ كاللىسىدا كۈرەش كەسكىنلەشتى، ئادىلەنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى بومبىدەك تېگىپ پارتلايتتى، زۆھرە ھودۇقۇپ قاچاتتى، يىقىلىپ قوپۇپ مۇدۈرۈپ ماڭاتتى. شۇ ھالدا ئۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن ھۆررا توۋلاپ كېتىۋاتقان ئايال جەڭچى بولالامدۇ؟

— نىكاھ قىلساڭ قىل، — دېدى ئادىلە گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئالدىرىماي چۈشۈرۈپ، — ئۆتكەن يىلىلا شۇ قارىما ئەگىشىپ كەتكەن بولساڭمۇ بۇ ئىش بولمايتتى. ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن، چاققان ھەرىكەتلەن، بولمىسا ئۇ قارىم كېتىپ قالمىسۇن.

— مەن نىكاھ قىلماي تۇرۇپ ھېچكىم بىلەن بىرگە بولمايمەن، كۆڭلۈم ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى زۆھرە ھەسرەتلىك تىنىپ، — مەن پاكلىقنى نىكاھ بىلەن باغلىمىسام ئۆمۈر بويى ئېچىم سىقىلىدۇ.

— سەن نىكاھ دەپ تۇرۇۋالما زۆھرە، ئۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. نىكاھ، توي دېگەن مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. بوپتۇ، نىكاھىڭنى قىلدىڭمۇ دەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى، بىر كىچىك خوتۇن بولۇپ ئاجرىشىپ كەتمەكچىمۇ؟ سېيىت قارى شۇنداق ئاسان بولىدى قىلىۋېتەرمۇ؟ كىچىك بالىنىڭ خوتۇنىدەك ئىش قىلما زۆھرە، ئاقىۋەتنى ئويلا. بىر قېتىم ئۇنى رازى قىلىشىڭ بىلەن بىر ئاخشام نىكاھلىق خوتۇن بولۇش باشقا-باشقا ئىش. نىكاھ قىلماي تۇرۇپ بىرگە بولساڭلار مۇھەببەتنىڭ شېرىن مۇئەسسىنى ئۆزۈپ يېگەن بولىسىلەر، تەمى ئاغزىڭلاردا قالىدۇ، كېيىن سېغىنىپ ئەسلەيسىلەر. ئەگەر نىكاھلىق خوتۇن بولۇپ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالساڭ، سېنىڭ بارلىق سېھىرلى كۈچىڭ تۈگەيدۇ، مۇھەببەت دېگەن نىمە قالمايدۇ. ھەسەلدەك شېرىن مۇناسىۋەت ئەمەن تېتىيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، توي قىلماي ياشىغىلى بولامدۇ؟ — دېدى زۆھرە قايىل بولماي، — سەنمۇ بىر ئادەمگە تېگىمەن دەپ پەخىرلىنىپ يۈرەتتىڭغۇ؟ ئەمىسە سەن نېمىدەپ توي قىلىسەن؟

ــ چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن توي قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە مەن توي قىلسامۇ بىر كىمگە باغلىنىپ ياشاشنى خالىمايمەن، ئۆز ئەركىنلىكىمنى قولدىن بەرمەيمەن.

ــ قاچان توي قىلىدىغان بولدۇڭ.

ــ ئاز قالدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە كەتكەن، پات يېقىندا كېلىدۇ.

ــ تويۇڭلارنى چېركاۋدا ئۆتكۈزەمسىلەر؟

ــ شۇنداق بولىدۇ-دە، كىنولاردىكىدەك ھەيۋەتلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز. چاقىرسام كېلەمسەن؟

ــ چېركاۋدا قىلساڭ بارالمايمەن.

ــ سەنمۇ مەندەك ئۇزۇن ئاق كۆينەك كىيىپ، ئالماس ئۈزۈكنى تاقاپ يىگىتىڭنىڭ يېنىدا تۇرغان بولساڭ گۈل ئۈستىگە گۈل كېلەتتى-دە، ئۆزۈڭ چىرايلىق بولغاندىكىن...

ــ ھەي، تويىنى قويۇپ تۇر ھازىر، كاللامنى ئېلىشتۇرۇۋەتتىڭ.

ــ بىز دېيىشكەن بويىچە ئىش قىلغان بولساڭ، ھەممە دەردتىن قۇتۇلاتتىڭ، ئەمدى تەس.

ــ نېمىسى تەس، نىكاھنى ئوقۇساقلا ئىش پۈتىدۇ.

ــ نىكاھ قىلىڭلار ئەمىسە، لېكىن ئاسان پۈتكەن ئىش ئاسان بۇزۇلىدۇ. نىكاھتىن ئاجرىماق تەس. مۇسۇلمان خوتۇن ئېرى تەرىپىدىن تالاق قىلىنمىغىچە مەڭگۈ ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ ئۆتىدۇ.

ــ ئاياللارنىڭمۇ ئاجرىشىش ھوقۇقى بار-دېدى زۆھرە خۇددى بۇ ئىشقا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك.

ــ نېمە قىلارسەن جېنىڭنى قىيناپ جېنىم دوستۇم، ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ نىكاھنى قىلمايلا قويساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟! جەڭنى تېز قىلىپ غەلىبىنى تېز قولغا كەلتۈرىمەن دېسەڭمۇ مەيلى، لېكىن شۇ غەلىبىنى ساقلاپ قالالامسەن-يوق، بۇ بىر مەسىلە.

ــ مەن بىر تەلەيسىز قىز-دېدى زۆھرە خورسىنىپ-. تۇزۇك بىر يىگىتكە ئۇچرىشالمىدىم. سېيىت قارى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا مەيلى دەۋاتىمەن.

ـ بوپتۇ ئەمىسە، نىكاھىڭىنى قىلىپ، بېرىدىغان ئامانىتىڭنى بېرىپ بەختلىك ياشا.

ئادىلە گېپىنى تۈگىتىپ سوغۇقلا خوشلاشتى، ئاندىن سىيىت قارىغا تېلېفون قىلدى. سىيىت قارى بەك تونۇش بولمىغان بۇ نومۇرغا دىققەت قىلمايلا تېلېفوننى ئالدى، ئادىلەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، سەپراسى ئۆرلىدى:

ـ نېمە دەپ ماڭا تېلېفون قىلىسىز؟

ـ ئەھۋال سوراي دەپ ئۇرغان.

ـ ئادەمگە ئاشۇنداقمۇ تۆھمەت قىلامسىز؟ يەنە نومۇس قىلماي تېلېفون ئۇرۇپسىز.

ـ ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مەن زۆھرەنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتى قانچىلىكتۇ، سىناپ باقاي دەپ چاقچاق قىلغانىدەك مۇنداقلا دەپ قويغان، زۆھرە شۇ گېپىمگە ئىشىنىپ سىزگە تەگمەيدىغان بولدىما؟

ـ شۇنداق بولسا خوش بولامتىڭىز؟

ـ بۇ قىزنىڭغۇ زادى مۇشۇنداق تۇتامى يوق. كىم نېمە دېسە ئىشىنىپلا يۈرگەن. ئەگەر ئۇ سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولسا بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇرۇندىنلا سىزنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى، خېتىڭىزنى ئوقۇپ بولۇپ تاشلىۋەتكەندە مەن تېرىۋېلىپ ئوقۇپ تەسىرلەنگەن. مۇشۇنداق ياخشى بالىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇپسەن دەپ ئۇنى ئەيىبلىگەنىدىم. لېكىن ئۇ چاتىقى يوق يۈرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يىل بىللە تۇرغان، مىجەزىنى بەك ياخشى چۈشىنىمەن. سىز ئۇنىڭ مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە قانداق ياشىغانلىقىنى بىلمەيسىز. ئۆتكەندە سىز شۇ توغرۇلۇق مەندىن «زۆھرە راست شۇنداق ئىشلارنى قىلغانمۇ؟» دەپ سورىغانىدىڭىز، مەن زۆھرەنى ئاياپ راست گەپ قىلمىغانىدىم. ئۇنىڭ راست شۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم، لېكىن بەزى ئەھۋاللارنى سىزگە دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى، سىز ئۇنى نىكاھلاپ ئېلىشتىن ئاۋۋال بولغۇسى خوتۇنىڭىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىپ قويۇڭ، يامىنى يوق. ئۇ بۇرۇن خالىد دەپ بىرسىنىڭ ئۆيىدە بىر ئايدەك ئىشلىگەن، كېيىن خالىدنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئۆيىدىن قوغلىۋېتىپتىكەن.

ئىككىسىنىڭ بىرەر چاتىقى بولمىسا بىكاردىن قوغلامدۇ؟ ئاندىن ئۇ يېقىندا بەھرەيىن ئەلچىخانىسىغا ئاسانلا ئورۇنلىشىپ، ئىسىل ئۆيگىمۇ ئاسانلا ئېرىشتى. سىزنىڭچە بۇ زۆھرەگە كەلگەن تەساددىپىي ئامەتمۇ؟ جاھاندا نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ ئۇنىڭ ھازىرقى باشلىقىمۇ ئەرەب، بۇلارنىڭ ئوينىمايدىغىنى ئاز، بۇنى مەندىن سوراڭ، ئۇلار ئاشنىلىرىغا ئۆي، ماشىنا ئېلىپ بېرىدۇ. زۆھرە شۇ ئەرەبكە تېگىمەن دەپ تېگەلمەي ساراڭ بولۇپ يۈرۈيدۇ. مانا قاراڭ، ئۇ شۇنداق تۇرسىمۇ سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈپسىز، سىز ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشەنسىڭىزمۇ لېكىن ئۇ سىزگە ئىشەنمەپتۇ. بۇ قانداق گەپ؟! ئۇنىڭ نېمىشقا سىزگە تەگكۈسى كېلىپ قالغىنىنى ھېچ ئۇقمىدىم. بەلكىم، ئۆيدىكىلىرىنى خوش قىلاي دېگەندۇ. لېكىن ئۇ سىزنىڭ پاكلىقىنى چوڭ بىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ، شۇڭا توي قىلاي دەيدۇيۇ، قورقىدۇ. ئۇنىڭ سىزدىن ئاسانلا يېنىۋېلىشىدىكى بىر سەۋەب مۇشۇ بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋاللارنى سىزگە ئەسلى دېمەي دېگەنىدىم، لېكىن زۆھرە ماڭا تېلېفوندا بىر مۇنچە گەپ قىلىپ كەتتى، ئۆزى شۇنچە ئىشلارنى قىلسا گەپ يوق، سىز بىرەر قېتىم ئوينىسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ سىزغۇ ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايسىزغۇ، مەسىلەنگە دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق تۇرۇپ سىزدىن پاكلىق تەلەپ قىلىپ كەتكىنى قىزىق، پاكلىق دېگەننى قىزلار ئاۋۋال ئۆزىدىن سورىمامدۇ دەيمەن. مەيلى نېمىلا بولسا، بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ قويغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق. خوتۇن دېگەننى تېگى-تەكتىنى بىلىپ ئېلىش كېرەك، ئۆزىڭىز ساددىراق بالا، شۇڭا مۇھەببەتكە بېرىلىپ ئاخىر ئازابقا قالماڭ دەيمەن...

ئادىلە پىلىموتتەك سۆزلەپ، سىيىت قارىنى دەھشەتلىك «ئوق»قا تۇتۇپ، بىچارىنى يىقىتىپ قويدى، ئۇ تېلېفوننى شۇ تۇتقىنىچە تاتىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى. تاھىر قارى ئۇنىڭغا يەنە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي ئالدىراپ سورىدى:

ــ كىمئۇ ئۇ، نېمانداق ئۇزۇن گەپ قىلىدۇ؟

ــ ئادىلە دېگەن شۇ...

ــ ئۇ يەنە نېمە دەيدۇ؟

ــ زۆھرەنى بۇزۇلۇپ كەتكەن دەيدۇ...ــ دېدى سىيىت قارى گېلىنى بىر كىم بوغۇۋالغاندەك تەستە گەپ

قىلىپ، ئۇنىڭ ھالى بايقىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتكەنىدى.

ــ ئاداش، جان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەركەكتەك چىڭ-چىڭ گەپ قىلغىنا، زۆھرەنىغۇ ئەيىبلەيسەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى دەپ، ئەمدى ئۆزەڭنىڭمۇ ھالى چاغلىقكەنغۇ؟

ــ لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمغا ئۇدۇل كېلىۋاتىدۇ.

ــ شەيتان ھىيلە-مىكىرگە ئۇستا، يالغاندىن توقۇپ دەۋېرىدۇ.

ــ باشقىسىغۇ مەيلى، زۆھرە ماڭا پەقەت راست گەپ قىلماپتۇ. مەن ئۇنىڭ تورۇۋاتقان ئۆيىگە بارغان، ئۆيىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭدىن گۇمانلانغانىدىم. زادى بۇ قىزنىڭ ماڭا دېيەلمەيدىغان بىر يېرى بار، بەزىدە پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئادەمنى ساراڭ قىلغىنى قىلغان.

ــ قانداق قىلىسەن ئەمىسە، ئۇنى ساراڭ، بۇزۇق دەپ مۇشۇ شەھەرگە تاشلىۋېتىپ كەتمەكچىما؟

ــ ئۇقمىدىم، جاھاندا ساق قىز قالماپتۇ دەپلا ئويلاۋاتىمەن.

ــ ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ئېپىتتىنى قوغدىيالىغان غورۇرلۇق قىزلارمۇ كۆپ، بولمىسا جەمئىيەتتىكى شۇنچە كۆپ ئانىلارنىڭ ھەممىسى تۇخۇمىنى دائىم سېسىتىپ قويىدىغان شۇم مىكيانلارغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇلار تۇغقان باللارمۇ تۇخۇمدىن سېسىغان چۈجىلەر بولۇپ قالامدۇ؟ خوتۇن خەق ھېسسىيات جەھەتتە ئاجىزراق كېلىدۇ، كەمچىلىكىمۇ تولا بولىدۇ. لېكىن غورۇرلۇق قىزلارنى ئاجىز دېيەلمەيسەن، بەلكى ئۇلار لاتا ئەرلەردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك.

ــ لېكىن خوتۇن خەقنى مال-دۇنيا، شۆھرەت ئاسان ئازدۇرۇپ كېتىدۇ، ئىرادىسى بەك ئاجىز كېلىدۇ...ــدېدى سىيىت قارى خوتۇن خەقنى توختىماي تىللاپ.

ــ سەن ھازىر ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدىڭ، ئىككىسى بېشىڭنى ئوچاق ئېتىپ ساراڭ قىلۋەتتى، بۇنى بىلىمەن. لېكىن، سەن بۇ سىناقتىن چوقۇم ئۆتۈشۈڭ كېرەك. ئەگەر بىزمۇ خوتۇن خەقتەك ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئويلىمايلا ئىش قىلساق زىيان تارتىمىز. ئىمانىمىزغا يۇز كېلەلەيدىغان ئىشلارنى قىلايلى، ئەقلىمىزنى قولدىن بەرمەيلى. ئۆزۈڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغان چاغدا ئادىلەنى يالغانچى، تۆھمەتخور دېگەنىكەنسەن، زۆھرە تۆھمەتكە ئۇچراۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگىمۇ

ئىشەنمەسلىكىڭ كېرەك. سەن تۆھمەتكە چىدىغان بىلەن، زۆھرە بەلكىم چىدىيالماسلىقى مۇمكىن.

ــ لېكىن ئاداش، باشتىكىسى ئېنىق تۆھمەت، كېيىنكىسىنىڭ ئاساسى بار.

قانداق ئاساسى بار؟ ئادىلە زۆھرەنى پايلاپ تۇرۇپتىكەنمۇ؟ زۆھرەنى پاك ئەمەس دەپ قارىساڭ، توي قىلىساڭلا ھەممە ئىش ئېنىق بولىدىغۇ؟

ــ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ توي قىلالايمەن؟ كۆڭلۈمدىكى گۇمان ئاخىر يېشىلدى، ئۇنى ئىسپاتلاشنىڭمۇ ئەمدى ھاجىتى قالمىدى.

تاھىر قارى سېيىت قارىنىڭ پۇتۇنلەي شۇ گۇمانغا تاقىلىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى، ھازىرچە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ جىمىپ قالدى، كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى.

كەچتە سېيىت قارىنىڭ تېلېفونىغا زۆھرەدىن ئۇچۇر كەلدى:

«مەن سىزگە ئاخىر قوشۇلۇش قارارىغا كەلدىم. مېنى بەختلىك قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن.»

سېيىت قارى بۇ ئۇچۇرغا ئېچىنىپ كۈلۈپ قويىدى.

ــ نېمە ئۇچۇركەن؟ــدېدى تاھىر قارى چاي قۇيىۋېتىپ.

ــ زۆھرەدىن كەپتۇ.

ــ ئۇ قوشۇلۇپتىمۇ؟ــ دېدى

ــ قوشۇلسا نېمە بولماقچى؟ ئەمدى ئىشنى قىلسۇن.

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئەگەر ئۇ بۇزۇق بولسا ساڭا تېگىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئويناپ يۈرۈۋەرمەمدۇ؟ ئۇنداق ئاسان ۋاز كېچىپ كەتمە، سەن خېلى سەۋرچان ئىدىڭ، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە پەقەت ئۆزۈڭنى تۇتالماي قېلىۋاتىسەن.

ــ مېنىڭ كۆڭلۈم توىغان، دېدى سېيىت قارى پەرۋاسىز، سوغۇق بىر كۈلۈپ قويۇپ، ئۇ نېمىشقا ماڭا چىن كۆڭلىدىن رازىلىق بىلدۈرمەيدۇ؟ مېنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈنما؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىنىڭ چاتىقى بولغاچقا ئەرگە تەگكۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.

– ماۋۇ گەپ پەقەت بولمىدى، ئەرگە تەگكۈسى بولمىسا نېمە قىلىدۇ ئەرگە تېگىمەن دەپ. تەگكۈسى بولسا قىزلىقنى چوڭ بىلمەيدىغان لاتاپۇرۇش ئەرلەر جىققۇ؟ خالىغان بىرسىگە تېگىۋالمامدۇ؟ كاللاڭنى سىلكىۋەت بۇرادەر، ئۇ سەندەك قارىمىغا تېگىمەن، مۇھەببەتنى قەدىرلەيمەن دەۋاتىدۇ. شۇنداق تورۇقلۇق، سەن يەنە ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ... ۋاي بولدىلا، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل. مەن جىنىمدا ئۆزۈم كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر قىزغا ئىشىنىۋاتىمەن، سەن شۇنچە يىل كۆيدۈم، پىشتىم دەپ تورۇقلۇق ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىسەن. مۇھەببەت دېگەن شۇنداق گۇمانخورلۇقمىدى؟ شۇنچىلىك ئىشەنچىمۇ تىكلىيەلمەي تورۇپ يەنە نېمە مۇھەببەت!

– مۇھەببەت دېگەن ئاشۇنداق نازۇك نەرسە، مۇھەببەت دېگەن كۆندەشلىك ئۇستىگە قۇرۇلغان. مۇھەببەت دېگەن يالغانچىلىقنى سىغدۇرمايدۇ، مۇھەببەت دېگەن ئالدامچىلىقنى نەپرەتلىنىدۇ...

– شائىرلارنىڭ قۇرۇق گەپلىرىنى قوي، ئەمەلىيەت دېگەن باشقا. قارىغاندا سېنىڭ زۆھرەگە بولغان مۇھەببىتىڭ بەك خىيالىي ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ سېنى ئانچە ياخشى كۆرمەسلىكىدىن ئاغرىنمىساڭمۇ بولغۇدەك. سەن ئەمدى مۇھەببەت دەپ دەۋا قىلما، مۇھەببەت دەپ ئۆزۈڭنى ئالدىما. ئەمەلىيەتچىل بول.

– مەن مۇھەببەتنى، كۆڭۈلنى دېگەن بولسام، ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ قىلغان بولاتتىم. ئەمەلىيەتچىل بولغاچقا ۋاز كەچتىم بۇرادەر، مېنى تېخىچە چۈشەنمەيدىكەنسەن.

– ئەمەلىيەتچىل بولۇش دېگەن گۇمانخور بولۇش دېگەن گەپمىكەن؟ سەن نېمىگە ئاساسەن ئۆزۈڭنى ئەمەلىيەتچىل دەيسەن. مۇھەببەتنى دەپ كاللاڭدىن كېتىپ قالمىغانلا بولساڭ، مۇھەببەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدە بۇرادىرىم، بۇ خۇددى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندەك بىر ئىش. ئىماننىڭ بولسا پىتنىخورنىڭ گېپىگە كىرمە، ئەركەك بولساڭ خوتۇن كىشىدەك گۇمانخور بولما، مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن، بەختىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي زۆھرەنى نىكاھىڭغا ئال، ئەركەكتەك جەسۇرلۇق، باغرى كەڭلىك بىلەن ئۇنى قۇچاقلا، پاك ياكى پاك ئەمەسلىكىنى ئەمەلىيەتتىن كۆر، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلا. شۇنداق قىلالىساڭ، ئاندىن ئەمەلىيەتچىل قارىم، يىگىتتەك قارىم بولالايسەن. بولمىسا، نېمىلا دېسەڭ

بىكار، ھەر دائىم غودۇڭشىپ قاقشىغاندىن ئەمەلىيەتتە بىر ئىسىل ئىش قىلغان مىڭ مەرتىۋە ئەلا...

بۇ گەپلەر سىيىت قارىنىڭ كۆڭلىگە كەلدى، ئەمما يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا تەگدى، قەلبىنى سەگىتتى. ئويلىنىپ، خىيال سۈرۈپ، ئىچىگە تىنىپ، پۇشۇلداپ ياتتى. بىر چاغدا زۆھرەدىن تېلېفون كەلدى:

ـ مەن يوللىغان ئۇچۇرنى كۆردىڭىزما؟

ـ كۆردۈم.

ـ ئەمىسە نېمىشقا بىر نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرمايسىز؟

ـ كۆڭلۈم پەقەت ئارامىدا ئەمەس...

ـ نېمىشقا ئارامىدا ئەمەس؟

تاھىر قارى ئۇنى شەرەتلەپ ئۇ گەپنى دېمەسلىككە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ھەسرەتتىن تولغىنىپ ياتقان، دەردى ئىچىگە پاتماي قالغان سىيىت قارى ئاچچىق تىنىپ، ھەممىنى دەپ تاشلىدى.

ـ ئۇ يالغانچى رەسۋا نېمە دېسە ئىشىنىپسىز ـ دە!ـ دېدى زۆھرە تىترەپ تۇرۇپ، ـ شۇنداق قىلىپ، سىزمۇ مەندەك تۆھمەتچى بولاي دەمسىز؟ بۇزۇقنىڭ گېپىگە كىرمەڭ دەپ ماڭا نەسىھەت قىلغان ئەمەسمىدىڭىز؟ خۇدا ھەققىدە قەسەم قىلغان ئەمەسمىدىڭىز؟ مەنغۇ سىزدەك تەقۋا ئەمەس، قەسەممۇ قىلالمايمەن، قەسەم قىلساممۇ سىزدەك تەقۋا بولمىغاندىكىن، سىزنى ئىشەندۈرەلمەيمەن. ياخشى بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، شۇ بۇزۇقنىڭ گېپىگە كىرىپ ھەر ئىككىلىمىز بىر-بىرىمىزگە قارا سۈركەيلى، بىر-بىرىمىزنى رەسۋا قىلايلى، ئۇنىڭغا تاماشا قىلىپ بېرەيلى، نىكاھ قىلايلى دېگەنگە بىر-بىرىمىزنى تويغۇزايلى، مۇھەببەت، كۆڭۈل دېگەننى ئىتقا تاشلاپ بېرەيلى، ئەتە-ئۆگۈن پۇشايمان قىلىپ خەققە يىغلاپ بېرەيلى. شۇنداق ياشايلى...

زۆھرە تېلېفوننى ئېتىۋەتتى، ئۇنىڭ قوشاق توقۇغاندەك ئېيتقان گەپلىرى سىيىت قارىنىڭ شائىرانە كۆڭلىگە شىددەتلىك تەسىر قىلدى. ئەمما ھەممە ئىش كېچىككەندى. تاھىر قارى ئۇنىڭ سالپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇرسەندى. ئىككىسى ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى.

ـ بۇ گەپلەرنى دەۋالمىسام كۆڭۈل ئۇنىمايتتى...ـ دېدى سېيىت قارى ئۆزىگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك.

ـ ئوبدان دېدىڭ، شائىر مىجەز ئادەمنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەۋالمىسا ئۇنىمايدىغان ئوخشايدۇ.

ـ سېنىڭچە، بۇ گەپ ئۇنىڭغا راستىنلا ئېغىر كەلگەنمىدۇ؟

ـ ئېغىر كەلمىگەندۇ... ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر بولۇپ قالدى.

ـ يىغلىغانمىكىن دەيمەن، ئۇنىڭ قانداق يىغلايدىغانلىقىنى بەك كۆرگۈم بار.

ـ سەن ئۆمۈرلۈك ئىشىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئارقىدىن تاماشا كۆرۈۋاتامسەن نېمە؟

ـ بۇ تاماشىنىڭ ئاخىرى قانداق چىقار؟...ـ دېدى سېيىت قارى غەلىتىلا كۈلۈپ، تاھىر قارى ئۇنىڭ بۇنداق غەيرىي ھالىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئەنسىرەپ قالدى.

ـ سەۋدالىق يامان نېمە، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل بۇرادەر، بەخت-ئامەت ئالدىڭغا كەلگەندە تۇتالمىدىڭ، ئەمدى پۇشايمان قىلما. ئىش دېگەننى ئويلاپ قىلىش، گەپنى ئويلاپ دېيىش كېرەك ئىدى، يەنە ئالدىراقسانلىق قىلدىڭ...

ـ ھېچقىسى يوق، كۆنۈپ قالغان خۇي، دەيدىغان گەپنى دېيىش كېرەك.

ـ لېكىن شۇنى ئويلىمىدىڭكى، ئۇ بىر تۆھمەت. ئۇ تۆھمەت بولمىغان تەقدىردىمۇ بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ياخشى ئىش ئەمەس.

ـ مەن ئۇنى تۆھمەت دەپ ئويلىمىدىم، كاللامغا شۇ گۇمان كىرىۋالدى.

ـ ئادىلە ھەقىقەتەن يامان مەخلۇقكەن، سېنىڭ شۇ ئاجىزلىقىڭنى بىلىۋاپتۇ، سەن زۆھرەدىن ئۆتە جاھىل ئىكەنسەن. ئۇ خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئۆز گۇمانىنى شۇنچە ئاسان يوقىتالىدى، لېكىن سەن يوقىتالمايۋاتىسەن، ئاتتىن چۈشسەڭمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، ئۆزۈڭنى قىيناپ، ئۆزۈڭنى ئالداپ تۇرۇۋاتىسەن.

ـ بولدى بۇ گەپلەرنى ئەمدى دېيىشمەيلى، زۆھرەنىڭ دەردىگە بەك يېتىپ كېتىپ بارىسەن، تاھىر-زۆھرە داستانى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ـ دېدى سېيىت قارى ھالسىزلىق بىلەن،ـ مەن زادى زۆھرەگە

لايىق ئەمەسكەنمەن. شۇ تاپتا ئىچىمدە بىر زەھەرلىك يىلان مىڭىۋاتىدۇ، زوھرەدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بۇنچىلىك قورقۇپ باقمىغانىدىم، ماڭا راستىنىلا ئىشق بالاسى تەگكەن ئوخشايدۇ.

ــ ئۇنداقتا ئادىلە يىلانغا ئايلىنىپ ئىچىڭگە كىرىۋاپتۇ. تۆھمەت بالاسى ئىشق جۇلاسىنى يەپ تۈگىتىدۇ...

ــ مەن زوھرەنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەچكە ئۇ گەپلەرگە چىدىيالمىدىم. زوھرە ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنچىلىك ئاچچىقلاپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. مەن پەقەت ئادىلە شۇنداق دەۋاتىدۇ دېدىم، ئۆز ئىپادەمنى تېخى بىلدۈرمىدىم-دە... ئەسلىدە ئۆزىنىڭمۇ خۇدىكى بار، شۇڭا گەپنى دەپ بولغۇچە چىدىمايدۇ... خوتۇن خەق دېگەن تېپىلماسنىڭ خورىمىسى ئەمەس... ئالدىرىماي قىلارمىز توينى... قاچان ماڭىمىز...

تاھىر قارى سېيىت قارىغا گەپ قىلىشتىن بارا-بارا زېرىكىپ، ئۇيقۇ بىلەن تەڭ خورەككە چۈشتى. ئۇنىڭ خوتۇن-بالىسى بار، ئۆزىنىڭ غېمىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، سېيىت قارى كېچىچە ئويلىنامدۇ، تولغىنىپ ياتامدۇ، نېمە قىلسا قىلامدۇ؟

26

ھېسسىيات ئاشۇنداق زەربە يېدى، كاللا ئاشۇنداق قېيىپ كەتتى...

مۇھەببەت شۇنچىلىك تايىنىسىز ھېسسىيات، ئۆمۈچۈك تورىدىنمۇ ئاجىز مۇناسىۋەت ئىكەنكى، كىچىككىنە تەتۈر شامالمۇ ئۇنى چۇۋۇپ تاشلىيالايدۇ.

مۇھەببەت ــــ قۇچاقلاشما جەڭ ئەمەس، يىراقتا تۇرۇپ تەلپۈنۈش...

مۇھەببەت ــــ ئادەم دېگەن ئاجىز مەخلۇقنىڭ ھەقىقىي ئاجىزلىقى ۋە بەختسىزلىكى.

مۇھەببەت ــــ قانماس نەپسىنىڭ گۈزەل نامى، شۇڭا ئۇ ئازاب بىلەن تولغان.

مۇھەببەت ــــ ئازغىنە بەخت، بەك تولا خاپىلىق، ئېغىر مۇشەققەت.

سېيىت قارىم زوھرە بىلەن ئەزەلدىن قول تۇتۇشۇپ باقمىغان، شۇڭا ھەر ئىككىسىنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلغۇدەك مۇھەببەت شەكىللەنمىگەن. گۇناھ بىلەن ۋايىغا يېتىدىغان مۇھەببەتنى مۇھەببەت دېگىلى بولامدۇ؟ سېيىت قارى نېمىدىن پۇشايمان قىلىدۇ؟ ئۇ ئىمان-ئىسلامنى چۈشەنگەندىن بېرى«

ئىماننىڭ ھۇزۇرىدا ياشايمەن، ئازابلانمايمەن، بۇ دۇنيا ئالدامچى، ئۇ دۇنيالىق بەخت ئۈچۈن تىرىشىمەن»دەپ ياشاپ كەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بۇ نېمە ئازاب؟

قارىم كېچىچە ئۇخلىيالمىدى، زۆھرەدىن كەلگەن ئۈچۈر ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن جاۋاب ئەمەسمىدى؟ ئېرىشەلمەستە كۆڭۈلنى دەردتە قويغان قىز ئەمدى قۇچاق ئاچقاندا ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ زۆھرە ئۆزىنىڭ پاكلىقىدىن پەخىرلەنمىسە تويى قىلىشنىڭ ئالدىدا غۇرۇرلىنىپ، ھالىنى چوڭ قىلىپ، ئۇششاق گەپ قىلىپ سىيىت قارىنى زېرىكتۈرەلەرمىدى؟! پاك قىزلارلا ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە، يىگىتلەرگە تاللاپ تېگىشكە ھەقلىق ئەمەسمۇ؟! باشقا چىرايلىق قىزلارغا ئوخشاشلا، زۆھرەمۇ ئۆزىنىڭ ھۆسن-جامالىغا يارىشا قەدىر-قىممەتكە ئېرىشىشكە تەشنا بولىدۇ؛ ئەمما چىرايلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى ئىپپىتىنى ساقلاپ ياشىيالىشى ناتايىن، شۇڭا زۆھرە ھەم چىرايلىق ھەم ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىدىن تېخىمۇ پەخىرلىنىپ، كۆڭۈلدىكىدەك يىگىتكە ئۇچرىشالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىشكە ھەقلىق؛ بۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ تەبىئىي ھالدا سىيىت قارىغا ھەر خىل تەلەپلەرنى قويىدۇ، بۇ نىكاھقا تازا رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، دىلغۇل بولىدۇ، باشقا بىر تاللاش ئىمكانىيىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ؛ كۆز ئالدىدا سىيىت قارى تۇرسىمۇ ئۇنى كۆرمەي باشقىلارنى ئويلىشىپ باقىدۇ، ھېچ بولمىسا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، تاكى رېئاللىققا تەن بېرىپ «ئەمدى بولدى» دېگۈچە كۆڭلى تىنمايدۇ، كۆڭلى بىرسىگە توختىغاندا ئامالسىز ھالدا « بوپتۇ، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي، مەن تاللىغنى بىلەن ئەمەس، مېنى تاللىغنى بىلەن يېرىم-يارتا بولسىمۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەي...» دەپ ئويلايدۇ. زۆھرە چىن دىلىدىن خالاپ ھەم خالىماي، كىبىر-تەمەننا، تەۋەككۇلچىلىك، ئەمما يەنىلا ئەستايىدىللىق بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتقان ئەھۋالدا ئۇنىڭ پاك ئەمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ناپاكلىق بىلەن سىيىت قارىنى ئالدايمەن دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ زۆھرە ئۆزى پۇل تۆلەپ بىر يىل بولسىمۇ ئىنگلىزچە ئوقۇغان قىز، ئۇ ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساتمىسىمۇ، ئاشۇ بىلىمى بىلەن ھازىرقىدەك ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىشى تامامەن مۇمكىنغۇ؟ زۆھرە ئەگەر شۇنداق ئىشلارنى قىلغان بولسا مىجەزىمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ، ئادىلەگە ئوخشاشلا داپشاق، قېلىن، نومۇسسىز بىر

نېمىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ ھالدا ئۇ سىيىت قارى بىلەن كۆرۈشۈشنى ھەرگىز خالىمايدۇ، بۇنداق قارىمدىن يولۋاسنى كۆرگەن ياۋا ئېشەكتەك قاچىدۇ. ئەمما زۆھرە سىيىت قارى بىلەن ناھايىتى بەلەن تېپىشالىدى، سېغىنىش پىغانلىرىنى بېسىقتۇرغىدەك كۆرۈشەلىدى، چىرايلىق پاراڭلىشالىدى، سىيىت قارىغا بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن گەپ قىلالىدى، قارىمغا بۇرۇنقىدەك تارتىنچاق تەبەسسۇملىرىنى، يېقىملىق كۈلكىلىرىنى تەقدىم قىلالىدى، ھېچقانداق قورۇنمىدى، تاتىرىپ ئوڭايسىزلىنىدىغان ئىش قەتئىي بولمىدى. ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈش شۇنداق تەبىئىي بولدى، گۇمانلىق چىراي ئىپادىلەر ۋە ياغلىما گەپ-سۆزلەر بولمىدى. زۆھرە يەنىلا بۇرۇنقى زۆھرە ئىدى، پەقەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا جەمئىيەتنى كۆپرەك چۈشەنگەندەك، مىجەزدە خېلى پىشىپ يېتىلگەندەك بولۇپ قالغانىدى. سىيىت قارى توي تەكلىپى قويغاندا زۆھرە تەبىئىي ھالدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى، كېيىن ئۆزى ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن ئۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىشەنچلىك ھالدا بىلدۈردى، دۇدۇقلاپ قالمىدى. ئۇ ھەر قانچە قاقۋاش بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆزىنى ئۈنچىدەك پاك كۆرسىتىپ سىيىت قارىنى ئالدىيالامدۇ؟ «مېنى بەختلىك قىلالارسىمۇ؟» دەپ سىيىت قارىنىڭ كۆزىگە قايغۇلۇق ھالدا تىكىلىپ قارىيالامدۇ؟ توي كېچىسىدىن ھېچ قانداق ئەنسىرىمەي، كەلگۈسىدە بەختلىك بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ شۇ گەپلەرنى قىلالامدۇ؟ بۇنى سىيىت قارى نېمىشقا ئويلىمىدى؟!

سىيىت قارى ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىپ، زۆھرە بىلەن كۆرۈشكەن پۈتۈن جەريانلارنى تەپسىلىي ئەسلەپ، قايتا-قايتا ھۆكۈم قىلىپ، زۆھرەنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ئىسپات بولالايدىغان ھېچقانداق نەرسە تاپالمىدى، بۇنىڭدىن كۆڭلى سۆيۈنگەنچە شۇنچە ئازابلاندى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ چۈش كۆردى. ئەتىسى قوپۇپ نېمە چۈش كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى، زۆھرەنى كۆرگەندەك قىلىۋىدى، يەنە يوقاپ كەتتى؛ ئويغىنىپلا كۆڭلىگە كەچكەن تۇيغۇ ئۇنى ئۇنچە بىئارام قىلىدىغان تۇيغۇ ئەمەس ئىدى، كېچىدىن ئېغىر ياتقان بولسىمۇ ئويغاندا يېنىكلەپ قالغانىدى؛ ئۇ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە ياتتى، ئۈزۈلمەس خىياللىرى داۋاملاشتى.

ــ ئاخشام ئىستىخارە نامىزى ئوقۇساڭمۇ بوپتىكەن ــ دېدى تاھىر قارى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ ــ كېچىدىن ئۇخلىيالىدىڭمۇ؟

ــ ئۇخلىغىلى بولمىدى، كېچىدىن تولا خورەك تارتتىڭ...

ــ خورەككە ئامال يوق، ئۇيقۇڭ قاتتىق كەلسە خورەكنىمۇ ئاڭلىمايسەن. كېچىدىن شۇ ئىشنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم دېگىنە، بىر چاغدا گەپ قىلمۇۋاتاتتىڭ، ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ــ ئۆزۈمگە ئۆزۈم گەپ قىلىپتىمەن، گەپ قىلىپ ھارغاندا خىيال سۈرۈپتىمەن. كېچىدە خىيال سۈرسەڭ كاللاڭ ئېچىلىپلا كېتىدىكەن، ئۇيقۇ دېگەن بىر يەرلەردە قالىدىكەن. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن، بامداتقا قوپالمىغىلى تاس قالدىم.

ــ ھازىر كەيپىياتىڭ خېلى ياخشى تۇرىدۇ، زۆھرەنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەتتىڭمۇ ئەمدى؟

ــ ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە؟! باشقىدىن ئويلاۋاتىمەن.

ــ بۇگۈن كەچتە ئىستىخارە نامىزى ئوقۇپ باق، گۇماندىن قۇتۇلۇپ، توغرا قارارغا كېلىپ قىلىشىڭ مۇمكىن. پاكلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىق ئىزدىگۈچىلەرنى ئاللاھ نائۇمىد قويمايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياخشىلىقنى ئىلھام قىلىدۇ. دائىم ياخشىلىقنى ئويلايدىغان مۇسۇلمان بولساق، بىزگە چوقۇم ياخشىلىق ۋە بەخت نېسىپ بولىدۇ. دائىم يامانلىقنى ئويلايدىغان ئادەملەر باشقىلارنىمۇ رەزىل، ناچار دەپ ئويلايدۇ، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، ئاسان ئۈمىدسىزلىنىدۇ، غەزەبلىنىدۇ، خاپىلىقى تۈگىمەيدۇ، ئۆزىنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدۇ. ئۈمىدۋار بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ياخشىلىقنى سۆيىدىغان بولۇش كېرەك، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى.

ــ مېنى بەك ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ قالما ــ دېدى سېيت قارى خاتىرجەملىك بىلەن ــ مۇرادىمغا يېتەلمىسەممۇ ئاخىرەتنى ئويلاپ سەۋر قىلالىشىمغا ئىشىنىمەن. تۈنۈگۈن شۇ بۇزۇق كاللامنى ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاچچىق ۋە غەزەپ ئەقلىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ. كېچىچە ئاغرىقچان بوۋايدەك جىمجىت يېتىپ ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىدىم. جىق ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى، مەن بىلىدىغان زۆھرەنى ئۆزۈم ئاخىر ئاقلاپ چىقتىم، گۇمانىم پۈتۈنلەي تۈگىدى دېيەلمەيمەن، ئەمما

تۈنۈگۈنكىدىن جىق ئۆكۈشلەپ قالدىم.

ـ بارىكاللا، بۇرادەر، ئىمانغا بىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە يېپىشىمىز، چۈنكى ئۇ قەلبىمىزنى ئويغاق قىلىدۇ. نېمىشقا بىز ھەر بىر ئىشىمىزنى ئىمانغا سېلىپ توغرىلاپ ماڭىمىز؟ چۈنكى قەلبىمىز ھۇزۇر تاپىدۇ. مانا سەن سەگەكلىك بىلەن ھەقىقەتنى ئويلاپ يېتىپسەن، مەشۇقىڭنى تۆھمەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپسەن. بۇ ئاسان ئەمەس. ئەمدى، قالغىنىنى توي كېچىسىگە قوي، ئەمەلىيەت ۋە كېيىنكى تۇرمۇش ھەممىنى ئىسپاتلايدۇ.

ـ كېچىچە زۆھرەنى ئويلاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇھەببەت دېگەن بۇ نەرسە پەقەت ياخشى كۆرۈشلا ئەمەسكەن، مەشۇقنى يامان كۆرەلمەيدىكەنمىز. يامان كۆرسەكمۇ ئۇنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدىكەنمىز. يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى ھېسسىياتىغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلايدىكەنمىز، بىللە ئۆتكەن ۋاقىتلارنى سېغىنىدىكەنمىز. «مۇھەببەت قانچە كۈچلۈك بولسا نەپرەتمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، لېكىن، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ زۆھرەگە نەپرەتلىنەلمىدىم، چۈنكى نەپرەتلەنگىدەك چوڭ سەۋەب، پاكىت تاپالمىدىم. ئاشۇ بۇزۇقنىڭ گېپى مېنىڭ زۆھرەگە بولغان ھەقىقىي تۇيغۇمدىن ئېشىپ كەتسە مېنىڭ ھېسسىياتىم نۆلگە تەڭ ئەمەسمۇ؟!، مەن نەدە قالىمەن؟ مەن نېمىگە ھېساب؟! كېچىچە مۇشۇ سوئالدىن قىينالدىم. يەنە كېلىپ، ئادىلەنىڭ قانداقلىقىنى بىلىمەن، قاراپ تۇرۇپ ماڭا تۆھمەت قىلغىنىنىمۇ بىلىمەن. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ يەنە تۆھمەت قىلىشى مۇمكىنلىكىنى، زۆھرەگە ئۇۋال قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىشىمىزدىن چاتاق چىقىرىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم، لېكىن بۇ خىيال تۈنۈگۈن كاللامغا قەتئىيلا كەلمەپتۇ، سېنىڭ گەپلىرىڭمۇ قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ، «تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن» دەپ مانا ئەمدى ئويلاۋاتىمەن. بىراق ئەمدى كېچىكتىم....

سېيىت قارى مەيۈسلىك بىلەن گېپىنى تۈگىتىپ، خىيالىي بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

ـ زۆھرەگە ئۇ گەپلەرنى دېمەيدىغان ئىش ئىدى، دېمەي تۇرغان بولساڭ، كاللاڭ ھازىرقىدەك جايىغا چۈشكەندە ھەممە ئىشنى مۇۋاپىق توغرىلاپ، نىكاھنى ۋاقتىدا قىلاتتۇق، ئىش تامام ۋەسسالام بولاتتى.

لېكىن ھېلىمۇ ئالدىراپ ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ.

— لېكىن بەك ئۈمىدلىنىپمۇ كېتەلمەيمەن، زۆھرەنىڭ تۈنۈگۈنكى گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان بولساڭ چىداپ تۇرالمايتتىڭ، خۇددى ھازا ئاچقان خوتۇندەك يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى ئەمەسمۇ..

— زۆھرە ئەلۋەتتە ئۇ گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ، پاكلىقنى چوڭ بىلىدىغان غۇرۇرلۇق قىزلار شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كاللىسى ئىشلەيدىغان قىز بولسا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ يۈرىۋېرىدۇ، بۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ؛ ئەگەر كاللىسى ئىشلىمەيدىغان قىز بولسا، «مانا ئەمىسە، ماڭا ئىشەنمىگىنىڭگە تويە» دەپ، بىرىپلا قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. قىز بالا ئاچچىقلىسا ياكى قېيداپ قالسا ساراڭغا ئايلىنىدۇ. زۆھرەنىڭ ئۇنداق بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ— دېدى سېيىت قارى ئەنسىز ھالدا— زۆھرەنىڭ ئاچچىقىمۇ خېلى بار. گاھىدا قېيداپمۇ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاز جاھىل، بىر ئىشنى ئاسان قارار قىلمايدۇ، قارار قىلسا قىلماي قويمايدۇ.

— ئۇ سەن بىلەن توي قىلىمەن دېگەندىكىن ئەمىسە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرسا بوپتىكەن.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، —دېدى سېيىت قارى ئەلەم بىلەن، — مەن بىلەن توي قىلىشنى ئەمدى ھەرگىز ئويلاشمايدۇ.

— گەپنى ئۇنداق كەسكىن دېۋەتمە، قىز بالىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولماق تەس.

— ئۇنى ئاچچىقتىن ساراڭ قىلىۋەتتىممىكىن دەيمەن، ھەم بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدۇم، مەندىن نەپرەتلىنىپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ!

— بۇنداق قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى ئۆزىمۇ ئادىلەنىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ سەندىن گۇمانلاندى ئەمەسمۇ؟! نەپرەتلەنسە ئادىلەدىن نەپرەتلىنىدۇ؛ ساڭا نەپرەتلىنىپ قانداق قىلىدۇ؟

— ئۇققىلى بولمايدۇ، ئاچچىقىدا ئادەم ھەر نېمىلەرنى ئويلايدۇ... ئاچچىق ئادەمنى ساراڭ قىلىدۇ، مەنمۇ تۈنۈگۈن قانداق بولۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈم بىلمەيمەن، باشقا كەلگەندە بىلىسەن بۇرادەر!

— ئەلۋەتتە، لېكىن سەن تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك-تە! بەندە دېگەن ئاجىز

دەپ ئۆزۈڭگە تەسەللى ئىزدەپ يۈرۈۋەرسەڭ باھانەڭ تۈگىمەيدۇ، ئىشىڭ ئىلگىرى باسمايدۇ.

ــ ئادەم دېگەن بىر كۈندىلا ئادەم بولمايدۇ، ئىشنى ھەر قاچان مۇكەممەل قىلىمەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ...ــدېدى سىيىت قارى ھەسرەتلىك تىنىپ.

ــ لېكىن، ئىنسان ئۆزىدىكى ياخشى سۈپەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك.

ــ لېكىن، بۇرادەر، گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس، ئەمەلىيەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەقلىنى دائىم يوقىتىپ قويىدۇ، ھەر خىل ئۇششاق ئىشلار چوڭ ئىشلارغا پۈتلىشىدۇ، ئۆمۈر شۇنداق ئۆتىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئەقىلسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىپلا ياشايدىغان جاھان بۇ...

سىيىت قارىنىڭ ھازىر ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك تەسەللىيگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان تاھىر قارى ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇق تالاشمىدى؛ سىلىق-سىپايە پاراڭلاشتى، سىيىت قارىنىڭ دەردىنى ئازايتىپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىشىغا ئىلھام-مەدەت بېرىدىغان گەپلەرنى قىلدى. گەپلەر ئايلىنىپ كېلىپ يەنە زۆھرەگە مەركەزلىشىپ قالدى.

ــ زۆھرەدىن گۇمانلانمىغان بولساڭ، ئەمىسە كەچۈرۈم سوراــ دېدى تاھىر قارى سەمىمىيەت بىلەنــ ئىشىڭنى پۈتتۈرىۋېتەيلى.

ــ تۇنۇگۇن ئۇنداق دەپ، بۈگۈن كەچۈرۈم سورىسام قانداق بولار؟

ــ ھېچقانداق بولمايدۇ، تۇينىڭ ئالدىدا ھەر خىل گەپلەر، ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. نىيەت ھەممىدىن ئەلا، نىيىتىڭ دۇرۇس بولغاندىكىن ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىن، باشقا ئۇششاق مەسىلىلەرنى بەك ئويلىۋالمىساڭمۇ بولىدۇ.

ــ لېكىن نىكاھ قىلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپتە تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك، زۆھرە ئۇ ياقتا تۇرسۇن، مەنمۇ تېخى تولۇق بىر قارارغا كېلىپ بولمىدىم، كۆڭلۈم ھازىرمۇ غەش.

ــ ياخشى ئىشقا دائىم پىتنە-پاسات ئارىلىشىۋالىدۇ، ياخشى كۆڭۈلنى يامان خىيال دائىم يوقلاپ تۇرىدۇ، گۇمان دېگەن چوڭقىيىپ كېتىۋېرىدۇ. سەن بۇلارغا قارىماي زۆھرەنى قايتا ماقۇل كەلتۈرۈشكە

تېرىشقىن.

ــ سېنىڭچە، مەن زۆھرەگە يۈزدە يۈز ئىشەنسەم بولامدۇ؟ــدېدى سېيىت قارى ئىچىنى تىڭشاپ، يەنى ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلالماي.

ــ يۈزدە يۈز ئىشەنمىسەڭمۇ يۈزدە ئاتمىش پىرسەنت بولسىمۇ ئىشەنگىن. ئەگەر زۆھرە ھەقىقەتەن پاكلىقىنى يوقاتقان قىز بولسىمۇ، ئۇنى ئاسراش، ھىمايە قىلىش، كۆڭلىنى تەقۋالىقتا مايىل قىلىش سېنىڭ بۇرچۇڭ. زۆھرە تېخى يامان ئەمەس قىزغۇ، كوچىدا قالغان بۇزۇقنى ئادەم قىلىشمۇ چوڭ ساۋاب. بۇنداق قىلالمىساڭ، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. پاكلىقنى قوغداشقا پىداكارلىق كېرەك، ناپاكنى پاك قىلىشقىمۇ پىداكارلىق كېرەك.

ــ بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى نەپسانىيەتچىدەك ھېس قىلىپ قالدىم، بۇ گەپ كاللامدىن ئۆتتى، زۆھرەنى زادى ئالغىنىم ئالغان. لېكىن مەسىلە ھازىر زۆھرەدە، ئەگەر بۇ قېتىم مەندىن رايى يۈتۈنلەي يېنىپ كەتكەن بولسا بۇنىڭغا ئامالىم يوق، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن بىر كىمگە يالۋۇرۇشقا ئۆچ، مەن پەقەت ئاللاھقىلا يېلىنىمەن، كۆڭلىنى دېگەن تەقدىردىمۇ كۆڭلىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى پەسلەشتۈرۈشنى زادى خالىمايمەن، بىر قېتىم دەپ باقارمەن، ئىككى قېتىم دەپ باقارمەن، ئۈچىنچى قېتىممۇ ئۇنىمىسا ئەلەكمۇللا دەپ يۇرتقا كېتىمەن...

شۇ گەپ بىلەن سېيىت قارى زۆھرەگە تېلېفون قىلىدىغان بولدى، دەرۋەقە تېلېفون ئۇردى، ئەمما زۆھرەنىڭ تېلېفونى ئالدىراش ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئادلە بىلەن قاتتىق دېيىشىۋاتاتتى:

ــ نېمانداق تېلېفوننى ئالمايسەن؟

ــ ئالدىمغۇ مانا، نېمە گېپىڭ بار ئىدى؟!

ــ تۈنۈگۈندىن بېرى نەچچە تېلېفون قىلدىم، بىر قېتىم قەستەن ئالمىدىڭ، قايتا ئۇرسام ئېتىۋاپسەن. بۈگۈن يەنە ئۇرماي دەپ ئۇردۇم. مەندىن قېچىپ قانداق قىلالايتتىڭ؟

ــ كىم سەندىن قېچىپتۇ، سەندىن قورقۇپمۇ ئىشمۇ؟!

ــ سەن زادى ھېچكىمدىن قورقمايسەن، شۇنچىۋالا ئىشنى تېرىۋېتىپتۇ يەنە نومۇس قىلماي

يۇرۇيسەن. دېگىنە قېنى، نېمىشقا ئۇ قارىمغا مېنى چاقىسەن؟

ـ بولغان ئەھۋالنى دېدىم.

ـ سەن نېمانداق تۆھمەتخور، بىردەم سىيىت قارى ئۇنداق قىلغان دەيسەن، بىر دەم مېنى يولدىن چىققان دەيسەن. ئۇنى بۇنىڭغا، بۇنى ئۇنىڭغا چېقىپ زادى نېمە پايدا كۆردۈڭ؟ سېنى بۇنداق قىلار دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن، سەندە نومۇس دېگەن نېمە زادى يوقكەن، مەن ئەزەلدىنغۇ سەندە نومۇس بار دەپ قارىمايتتىم....ـ زۆھرە ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، جەددىيلىشىپ سۆزلەيتتى، بۇ ھالنى سىيىت قارى كۆرەلىگەن بولسا سۆيۈنۈپ قالار ئىدى.

ـ سەندىمۇ نومۇس دېگەن نەرسە ئازراق. مېنى بىلمەيدۇ دېمە، ئۆزۈڭنى قاچانغىچە يالغاندىن پاك كۆرسىتىپ يۈرۈيسەن؟ مۇشۇ ۋاققىچە ئۆزۈڭنى قىز دەپ سارائدەك پەخىرلىنىپ يۈرۈيسەن. ھازىر دېگەن قاچانقى زامان؟ سېنى قىز دېسە پۈتۈن بېيجىڭلىق كۈلىدۇ. يا مەندەك ئېچىلىپ يۈرەلمەيسەن، يا بېشىڭغا ياغلىق ئارتىپ بۇۋىم بولۇپ ئولتۇرالمايسەن. ئوتتۇرىدا قالغان قېچىردەك يا ئۇنىڭغا، يا بۇنىڭغا تەۋە ئەمەس. بۇنداق قىينىلىپ ياشىغاندىن ياشىمايلا قويغان ياخشى.

ـــ قانداق ياشىشىمنى سەن بەلگىلەپ بېرەمتىڭ؟! مېنى خرىستىئان قىلالمىغان ئاچچىقىڭدا قىلىۋاتقان ئىشىڭغۇ دەيمەن بۇ، ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مەن تېخى ئۈنچىلىك دۆت ئەمەس، پۇلنى دەپ نومۇسۇمنى ساتمايمەن، پۇلنى دەپ خرىستىئان بولمايمەن.

ـــ سەن ھېچنېمىنى بىلمەيلا شەھەرگە كىرىپ قالغان سەھرالىق، شەھەردە ئون يىل تۇرغۇزسىمۇ يەنىلا تومپايلىقىڭنى قىلىسەن، ھېچنېمىنى ئۇقمايسەن، شۇڭا ئارتۇق گەپ قىلما. سېنىڭ ئېيپەت-نومۇس ھەققىدە گەپ قىلىدىغان سالاھىيىتىڭ يوق، بەلكىم ئالىلبۇرۇن سېتىپ بولغانسەن، ساتمىساڭ ئەمدى ساتارسەن. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. پۇلنى دەپ خرىستىئان بولغان دەمسەن؟ پۇل دېسەڭ سەندەك تومپاينى مالاي قىلىپ سېتىۋالالىغۇدەك پۇلۇم بار، مەن كاللامدىن ئۆتمىگەن ئىشنى قىلمايمەن، مەن چۈشىنىپ خرىستىئان بولغان، سېنىڭ ئېتىڭ مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە سەن ئۆتۈپ كەتكەن دىنسىز. سېنىڭ قايسى ئەپتىڭ مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ؟ ھېچ يېرىڭ ئوخشىمايدۇ. ئەگەر شۇ

گومۇش قارىمغا تەگسەڭ ئاندىن ئاز-تولا ئوخشاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۆزۈڭگە دۇئا قىلدۇرۇپلا تېگىۋال، بەختلىك بولىسەن! نىكاھ قىلارمىش تېخى ئادەمنىڭ كۆلگىسىنى كەلتۈرۈپ، نىكاھ دېگەننى نامااز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان قىلىدۇ، سەندەك دىنسىزلار نىكاھ قىلماي ئويناپ ياشاۋېرىشى كېرەك...

ئادىلەنىڭ سەت ئېغىزى بىسىلمايتتى، زۆھرە غەزەبتىن تىترەپ كەتتى:

ــ مەن دېگەن مۇسۇلمان، ماڭا ھاقارەت قىلغان ئېغىزىڭغا بالا بېرەر خۇدايىم. خرىستىئان دېگەن سەندەك چېقىمچى، بۇزغۇنچى بولامدۇ؟! ئۆتكەندە مېھىر-شەپقەت، مۇھەببەت بىر نېمە... دەپ كاپشىپ يۈرەتتىڭ، ھەممىسى يالغان گەپكەن، ئىچىڭدە زەھەر قايناپدىكەن... ئۆزۈڭ بۇزۇق بولغاندىكىن بىزنى كۆرەلمەيۋاتىسەن؛ سېنىڭ داداڭ ئاپاڭنى نىكاھلىماي ئالغانمىدى؟ سەن قانداق تۇغۇلغانىدىڭ؟...

ــ دادام-ئاپامنى چىشلەپ تارتما پەسەندى، گەپ بولسا ماڭا دە، گەپ دېگەنگە تويغۇزۇپ قويىمەن...

ــ بىلىمەن، ئېغىزىڭدىن پوق-سۈيدۈك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئىچىڭدە نېمە بولسا شۇ چىقىدۇ، ئىسىت دەيمەن، سەن بۇزۇقلا بىكار ئىشلەپ يۈرۈپتىكەنمەن، دوستۇم دەپ ئارىلىشىپ ئۆتۈپتىكەنمەن، نېمە دېسەڭ ھە دەپ گېپىڭگە ئىشەنگەندىكىن ماڭىمۇ ئاز! ئەمدى ئىككىنچى مېنى ئىزدىگۈچى بولما، كوچىدا ماڭسامۇ سەندەك رەسۋاغا توكۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن... ــ زۆھرە ئۆز گېپىدىن ئۆزى ھۇزۇرلىنىپ ئادىلەنى تىللاۋەردى، شۇ ئاچچىقىدا تىلىمۇ نەشتەردەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. ئادىلە چىدىماي زۆھرەنى ئەڭ قەبىھ تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىدى، زۆھرەمۇ دەيدىغان گېپىنى تازا دەپ تىللىۋېلىپ تېلېفوننى ئېتىۋەتتى.

ئىككىيلەن ناھايىتى سەت سوقۇشتى، ئادىلەنىڭ چېقىمچىلىق، تۆھمەت ۋاستىسى بىلەن ئىشنى بۇزغانلىقى، زۆھرەنى بۇزۇقچىلىق كوچىسىغا ئاپىرىشتىن ھازىرمۇ ۋاز كەچمەيۋاتقانلىقى زۆھرەگە تېخىمۇ ئايدىڭ بولدى. ئادىلە ئۇ مەجەزدە بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمايتتى، زۆھرەنى ئۆيىگىچە ئىزدەپ كېلىشىمۇ، يولدا ئۇچرىغان يەردە ئېسىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ئۇ شۇ نومۇسسىزلىقنى كوچىغىچە سۆرەپ چىقالايتتى. ئىككىسى كوچىدا ئادەم-بار يوق دېمەي چاچلىشىپ كەتسە كۆرۈڭ، خەقلەرگە تاماشا بولۇپ بېرىدۇ. ئىشقىلىپ، ئادىلە ئەمدى زۆھرەنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇشقا ھەر

ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان كۇشەندىگە ئايلىنىپ كەتتى؛ قاچانلا بولمىسۇن، بىر كۈنى بىر يەردىن ماراپ چىقىدۇ. ئادىلە بىلەن دۈشمەنلەشمەستىلا كۆڭلى پاراكەندە يۈرۈۋاتقان زۆھرە بۇ ئىشتىن كاللىسى تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى. مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟ ئەگەر بۇ شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا كېتىپ سىڭگەن نېنىنى يېسە خاتىرجەم بولالامدۇ؟ ياكى سىيىت قارىغا ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتسە كۆڭلى تىنامدۇ؟ زۆھرە يېزىغا كەتسە ئادىلە «ئۇ تومپايغا شۇ سەھرا ياخشى، جايىنى تېپىپتۇ» دەپ كۆرەڭلەيتتى، ئەگەر سىيىت قارىغا تەگسە«دىنسىز تۇرۇپ موللىغا تېگىپتۇ، بەربىر ئۇزاق ئۆي تۇتالمايدۇ» دەيتتى؛ زۆھرە ئادىلەنىڭ شۇنداق قىلىپ كەتكەنلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ، سىيىت قارىغا تەگسە بەك يەڭگىللىك قىلغان بولۇپ قالارمۇ؟ ئەمىسە قانداق قىلىدۇ؟ باشقا ياخشى تاللاش بارمۇ؟

زۆھرە ئادىلەنى تىللاپ بولۇپ ئەنسىرەپ قالدى، ئۇ ئۆمرىدە ھېچكىمنى بۇنداق تىللاپ باقمىغانىدى ھەم ئەزەلدىن ئادىلەنى بۇنداق تىللاپ تويغۇزۇۋېتەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. ناھايەت، بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىدە مالايدەك ئىشلىگەندە دېيەلمىگەن گەپلىرىنى دەۋالدى، ئەنتىنى ئېلىۋالدى، ئەنسىزلىكىگە خۇرسەنلىكى قوشۇلۇپ كەتتى، تىللاشقىمۇ جۇرئەت، تويي قىلىشقىمۇ جۇرئەت، ھەممىگە جۇرئەت، كەسكىنلىك كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. تېلېفوننى قولىدا ئويناپ بالكونغا چىقىپ شەھەرگە نەزەر سېلىپ كۆڭلىنى ئاچتى، سىيىت قارىغا دەرھال تېلېفون قىلىپ، ئۇنىمۇ تازا تىللاپ تويغۇزۇپ قويغۇسى كەلدى، « ئادىلەنىڭ تۆھمىتىگە ئىشىنىپ مەندەك قىزدىن گۇمان قىلىدىغان بولساڭ سەنمۇ تايىنلىق قارىمكەنسەن، ئېرىشەي دېگەن بەختىڭنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان دۆتكەنسەن، ئاقكەنسەن، كۆككەنسەن...» دەپ بىر مۇنچە ئاچچىق خىياللارنى سۇردى، شۇنداقتىمۇ سىيىت قارىنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىغا قورسىقى كۆيتى، «قانداق مەيدانى يوق قارىمكىن بۇ، مېنى چۈشىنىمەن دېگەنلىرى قۇرۇق گەپكەن، مېنى بەك غايىۋى ئويلىۋاپتۇ، غايىۋىلىك ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدىغان بولدى، شۇ گۇمانغا تۇتۇلۇپ بەختسىزلىك تۇرمىسىدە ياتىدىغان بولدى، مەندىن ئۈمىدسىزلىنىپ مەھەللىدە باشقا قىزلارنى خوتۇن قىلىپ ئۆتىدىغان بولدى... ئۆزىگە ئۆزى قىلدى..» دەپ ئويلىدى. ئەمما سىيىت قارىنى پۈتۈنلەي قارىغا بوياپ، ئەيىبىنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭغا قويالمىدى.

ئەگەر ئادىلە يالغاننى ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ قارىمىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، نازۇك كۆڭلىگە ئېغىر زەربە بەرمىگەن بولسا قارىم ئۇنداق گۇمانغا، يامان خىيالغا ئەسىر بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ قارىمىنىڭ زۆھرەدىن بۇنداق گۇمانلىنىشى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس، ئۇ ئۆتكەن يىللا زۆھرەدىن گۇمانلىنىپ بولغان، بۇنىڭغىمۇ ئادىلە سەۋەبچى بولغان. بىر يىل ئۆتۈپ قايتا كۆرۈشكەندە سىيىت قارى زۆھرەگە بولغان ئىشەنچىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ھەم بۇ ناھايىتى تەبىئىي ۋە تېز بولغان، چۈنكى ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت بۇ يەردە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن زۆھرە سۆيۈنگەن، سىيىت قارىنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان، مۇھەببەتتىن ئازراقلا ئۇمىد تۇغۇلسا قارىمىنىڭ ھېچنېمىگە قارىماي شۇ ياققا ماڭىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاز-تولا ھاياجانلانغان. زۆھرەمۇ بۇلارنى ئويلىشى كېرەك، پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان يىگىتنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا دەرھال ئەقلىنى يوقىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك، قارىمغا بىر نەچچە كۈن قاراپ بېقىشى كېرەك، قېنى، قارىمىنىڭ بۇ قېتىم زۆھرەگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئالدىنقى قېتىمقىدەك تېز، ئۇڭۇشلۇق بولامدۇ؟ مۇھەببەت يەنە كۈچىنى كۆرسىتەلەمدۇ؟! ئەمما دىلخەستە قارىم بىر نەچچە كۈن ئىچىدە «كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن بۇنداق ئىپلاس شەھەرنى» دەپ كېتىپ قالسىچۇ؟ زۆھرە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەھەللىگىچە بارالامدۇ؟ ئۇنداق قىلالمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەتكە ئۇچراپ تۇرۇپ يەنە سىيىت قارىغا يېلىنالمايدۇ، قىزلىق غۇرۇرىنى كەمسىتىشكە پېتىنالمايدۇ.

زۆھرە تۈنۈگۈن سىيىت قارىغا يوللىغان ئۇچۇرىدىن ئالغان بولمىغۇر جاۋابىنىڭ دەردىنى تۈگىتەلمىدى، تۈنۈگۈن ئۇ غۇرۇرىنىڭ بۇنداق سۇنۇشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان، بېرىپ سىيىت قارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ « ئەركەك بولساڭ گۇمانلانما، ھەممىنى توي كېچىسى كۆر!» دەپ قاتتىق گەپ قىلىشنىمۇ ئويلىغانىدى، لېكىن ھېچ ۋاقىتتا كۆرسەتمىگەن يۈزىنى قارىمغا كۆرسىتىپ سەتلىشىپ قېلىشنى خالىمىدى، ھەم ئۇنىڭ قېشىدا دوستى بارلىقىنى ئويلاپ بولدى قىلدى. شۇنداقتىمۇ، زۆھرە ئىچ-ئىچىدىن ناھەقچىلىككە چىدىمىدى، سىيىت قارىغا ئاچچىقلىنىشتىن بەكرەك ئادىلەگە نەپرەتلەندى، ئىچىدە تىللاۋەرمەي، تېلېفوندا بولسىمۇ تىللاپ پۇخادىن چىقىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم

ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، ئاخىر بۇ ئەتىسى مەقسىتىگە يەتتى. زۆھرەنى كىم مۇلايىم، تارتىنچاق دەيدۇ؟! بىچارە قاچانغىچە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈيدۇ؟

زۆھرە ئەگەر ھەقىقىي ئۆزىنى ئاشكارىلىمىسا سىقىلىپ تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك، بۇنداق ناھەقچىلىكنىڭ زەربىسىدە نېرۋىسىدىن كېتىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ھەقىقىي يۈزىنى ئاشكارىلىدى، ئادىلەگە ئۆزىنىڭ بوش قىز ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى، ئەمدى سىيىت قارىمغىمۇ ئۆزىنى تېتىتىپ قويۇشى كېرەك، قاراپ تۇرۇپ قارىغا كەتسە بولمايدۇ، قارىمنىڭ مۇھەببەت دەپ ئاتىۋالغان ھېسسىياتىنىڭ زادى ھەقىقىي ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى بىلمىسە بولمايدۇ. «چىقىرىڭە يۈرىكىڭىزنى، بۇلار گۇماندىن قارىيىپ كەتتىمۇ ياكى ئەسلىدىكىدەك پاك تۇرۇۋاتامدۇ؟» دەپ ھېساب-كىتاب قىلمىسا بولمايدۇ. خالىسا زۆھرەنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، خالىسا تاشلاپ كېتىدىغانغا ئۇ قارىمنىڭ بېشى ئۇنىمىدى؟! قارىم دېگەن شۇنداق مەسئۇلىيەتسىز بولسا بولامدۇ؟ بىر قىز ئىپپىتىمنى ساقلايمەن دەپ تەلمۈرۈۋاتسا، «بۇزۇلساڭ بۇزۇل، سەندەك بىر قىزنىڭ بۇزۇلغىنىغا نېمە بولماقچى؟» دەپ پېشىنى قېقىپ كەتسە بولامدۇ؟... زۆھرە بۇلارنى ئويلىغانچە سەپراسى ئۆرلىدى، سىيىت قارىنى نەچچە قېتىم «لامزەللە» دەپ ئەيىبلەپمۇ بولدى، بۇ گەپلەرنى تېلېفوندا تازا دەۋېلىپ، يەنە بىر قېتىم پۇخادىن چىقىۋېلىشنى ئويلاپ، تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ توختاپ قالدى. ئۇچۇر يوللاش ئەڭ قۇلاي ئۇسۇل ئىدى، ئۇ تېلېفوننى خەت يېزىش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ نېمە دەپ يازسا دەل جايىدا، تەگكىدەك گەپ بولىدىغانلىقىنى جىددىي ئويلاشقا باشلىدى، ئۇن مىنۇتتەك ئويلاپ ئاخىر مۇنداق يازدى: « مەندىن گۇمانلانسىڭىز مەنمۇ ئۆمۈر بويى سىزگە نەپرەتلىنىمەن!»

زۆھرەگە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ ئالالمىغان، دىلغۇللۇقتىن، غەشلىكتىن، بىئاراملىقتىن، ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلالمىغان سىيىت قارى بۇ ئۇچۇرنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى. كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇ ئۇچۇرنى قايتا-قايتا ئوقۇدى، تاھىر قارى كىرگەندە ئۇنىڭغىمۇ ئوقۇپ بەردى.

— بۇ قىز ھەقىقەتەن بولىدىكەن جۇمۇ!— دېدى تاھىر قارى تەمكىن ھالدا— دېمەك، ئۇ تۆھمەت گەپكە پەقەت چىدىماپتۇ، سەنمۇ بىر نەرسە دەپ ئىنكاس قايتۇرۇپ قوي.

ــ نېمە دېسەم بولار، لېكىن ئۈمىد باردەك ھېس قىلىۋاتىمەن ــ دېدى سىيىت قارى ئويغا چۆمۈپ.

ــ ئۇچۇر يوللاپ ئولتۇرماي دەرھال تېلېفون قىل!

سىيىت قارى زۆھرەگە تېلېفون ئۇردى، تېلېفون ئۇلاندى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم زۆھرە، قانداق ئەھۋالىڭىز، مەن سىيىت قارى...

ــ دېمىسىڭىزمۇ ئاۋازىڭىزدىنلا بىلىمەن مەن، ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىدۇ بولمىسا...

ــ ئەۋەتكەن ئۇچۇرىڭىزنى كۆردۈم، تونۇگۈن راستىنلا كاللامدىن كېتىپ قاپتىمەن، كېچىچە ئويلاپ ئاخىر سىزگە ئىشەندىم، باياتىن تېلېفون قىلىپ كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرەي دېسەم تېلېفونىڭىز ئالدىراشكەن.

ــ كاللىڭىزدىن كەتمەيدىغان كۈنمۇ بولارمۇ سىزگە، تونۇگۈن مېنى قاتتىق رەنجىتتىڭىز. ماڭا ئىشەنمەيلا قويسىڭىز بولامدۇ؟

ــ ئازمايدىغان بەندە يوق، توغرا چۈشەنسىڭىز...

ــ دائىم مۇشۇنداق ئىتتىك ئۆزگىرىۋالىدىغان، مەيدانى يوق قارىمىكەنسىز. ماڭا ئىشەنسىڭىز تويۇلۇك ئىشىنىڭ، بولمىسا ئىشەنچلىك قىزدىن بىرنى تېپىپ تويىڭىزنى قىلىڭ.

ــ توي دېگەننى كىملا بولسا قىلغىلى بولمايدۇ زۆھرە، سىزدىن باشقا ھېچكىم بىلەن توي قىلغۇم يوق. تونۇگۈنكى جاۋابىڭىز ھازىرمۇ كۈچكە ئىگىمۇ؟

ــ ھەممە ئىش تۈگىدى، گەپنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

ــ گۇمان دېگەن ئاشۇنداق يامان نېمىكەن، سىزمۇ مەندىن گۇمانلىنىپ نىكاھ قىلغىلى ئۇنىمىدىڭىز ئەمەسمۇ، ئەمدى مەن سىزدىن گۇمانلىنىپ قويسام كەينىگە يېنىۋالامسىز؟

ــ مەن سىزگە ئىشىنىپ ماقۇل دېسەم، سىز ماڭا ئىشەنمىدىڭىز ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مەن سىزدىن بەكرەك گۇمانلانسام بولاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم، تەقۋالىقىڭىزغا ئىشەندىم. لېكىن، سىز مېنىڭ ئىمانىمغا بولسىمۇ ئىشەنمەي، مېنى ئادىلەدەك ئازغۇن، بۇزۇقىقا چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدىڭىز!

ــ ئاشۇ بۇزۇقنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، تونۇگۈنكى گەپلىرىڭىز قۇلىقىمغا پەقەت

كىرمەيتۇ. ئادەم ئەقلىنى يوقاتقاندا كۆزى پارقىراپ تۇرغان بىلەن دىلى كور بولىدىكەن.

ـ قارىم تۇرۇپ دىلىڭىز كور بولسا قالغان ئادەم نېمە بولۇپ قالار؟! سىز «بۇ جاھاندا ھەممە قىز بۇزۇق» دەپ ئويلىسىڭىز، مەن قويۇپ « بۇ جاھاندا ساق ئادەم قالماپتۇ» دەپ ئويلىسام توغرا بولامدۇ؟!

ـ جايىدا گەپ قىلدىڭىز، تۇنۇگۈن مەن راستتىنلا ھوشۇمنى يوقىتىپتىمەن. ھېچقاچان بۇنداق ئۆزۈمنى يوقىتىپ باقمىغانىدىم، كۆڭۈل دېگەن ئاشۇنداق نازۇك نېمىكەن، قىلچىلىك گەپنىمۇ سىغدۇرمايدىكەن

ـ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ غورۇرۇمنى يوق قىلدىڭىز، قارىمنىڭ كۆڭلى نازۇك بولسا، مەن بىر قىز بالا تۇرۇپ مېنىڭ كۆڭلۈم نازۇك ئەمەسمىكەن؟ قارىم دەپ ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ قالدىم، بولمىسا نى گەپلىرىم بار ئىدى دەيدىغان!

ـ ھازىر دەۋېلىڭ، كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇپ قالمىسۇن.

ـ ئەمدى بەربىر، بۇ جاھاندا بىر كىمدىن قاقشاپ جان تۇشامدۇ...

ـ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، كەچۈرۈم سورىسامىمۇ بولمىسا، ئەمىسە قانداق قىلاي.

ـ قاچان مەندىن كەچۈرۈم سورىدىڭىز؟

ـ باياتىن بېرى دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى سىزدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈنغۇ...

ـ كەچۈرۈم سورىماڭ بولدى.

ـ قانداق قىلىمەن ئەمىسە؟

ـ ھېچقانداق قىلماڭ، باشقا ئىش قىلىڭ، بېرىپ تاش سودىسىنىڭ غېمىنى قىلىڭ.

ـ ئۇنداقتا بىزنىڭ ئىشىمىز مۇشۇنداقلا تۈگەمدا؟!

ـ يەنە قانداق قىلماقچىدىڭىز؟ بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قانداق قىلاتتىڭىز؟

ـ ئۇنداق قېيىدىماڭ زۆھرە، تۇنۇگۈنكى ئىشتا مەن ھەقىقەتەن خاتا قىلىپتىمەن.

ـ تېلېفوندا دېگەن ھېساب ئەمەس، ئالدىمغا كېلىپ دەڭ.

ـ ھازىر يېنىڭىزغا بارايمۇ ئەمىسە، تاھىر قارىمۇ بارسۇن. ئالدىڭىزدا ئەپۇ سوراي.

– بۈگۈن ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ، كېيىن بىر گەپ بولسۇن.

زۆھرە تېلېفوننى قويۇۋەتتى، كۆڭلى تەسكىن تاپتى، سىيىت قارى يەنە «مۇھەببەت، پاكلىق، گۈزەللىك!...» دەپ زۆھرەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، زۆھرە سۆيۈندى، كۈلدى، ئەمما غۇرۇرى ئالدىراپ ئېرىپ كېتىشكە يول قويمىدى.

زۆھرە تۈنۈگۈن بىر كۈن زىددىيەتلىك ئىشلار قاينىمىغا كىرىپ كېتىپ چىقالمىدى، ھۇسەيىن «ئىشقا كەلمىدىڭ» دەپ تېلېفونمۇ قىلمىدى، بەلكىم بۈگۈن بارسا ئىشخانىسىدا قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرىدۇ، زۆھرەنى يەنە ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ھەر خىل بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن زۆھرە كەلگۈسىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر جېنىنى چىڭ تۇتۇپ ياشىمىسا بولمايدۇ. تۈنۈگۈنكى «بوران-چاپقۇن»دا كىمنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئادىلە ئۆلەي دېگەندە چاقىدىغان يىلانغا ئايلاندى، ئەپتى-بەشرىسى ئاشكارىلاندى. سىيىت قارىنىڭ ئاجىز خاراكتېرىمۇ ئاشكارىلىنىپ چىقتى، زۆھرەمۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن ئېغىر سىناقلارغا ھەقىقىي جۈرئەتى، ئاچچىقى، كەسكىنلىكى بىلەن تاقابىل تۇردى. نەتىجىدە بۇغداي -سامان ئايرىلدى، ئادىلە ئەخلەتتەك سۈپۈرۈپ تاشلاندى، سىيىت قارىنىڭ زۆھرەگە يەنىلا ئىشىنىدىغانلىقى، مۇھەببەت دەۋالىرىنىڭ راستلىقى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلاندى. نەتىجە ياخشى بولدى، زۆھرە كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ ئىشقا باردى. ھۇسەيىننىڭ قاپاق تۈرۈشلىرىدىنمۇ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى. ئەلچىخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئانچە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ھەر ئادەم ئۆزىگە مەنسۇپ ئەمەستەك بىلىنىدىغان ئاتالمىش بەختكە، ئېسىللىككە ھەۋەس قىلىدۇ، قىزىقىدۇ، ئىنتىلىدۇ، ئېرىشىپ بولغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ياكى ئارتۇق ھەۋەس قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. زۆھرە بۇ يەرنىڭمۇ ئەمدى ۋاي دېگۈچىلىكى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇ يەرگە دەسلەپتە كەلگەندىكى خۇشاللىقلىرى بىر ياقلاردا قالدى. پۈتۈن بىنا گويا ھۇسەيىننىڭ چىرايىدەك تۇتۇق، سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنداق يەردە قانداقمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئىشلىگىلى بولسۇن، يالغۇز ئولتۇرۇشتىن نېمە خۇشاللىق تاپسۇن؟! شۇنداقتىمۇ زۆھرە يالغۇزلۇقتا، نىسبىي ئەركىنلىككە مەھكۇم

ئىدى. ئۇ سالونغا كىرىپ قەھۋە دەملەپ ئىچكەچ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى، ئېكراندىكى گۈزەل، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش چاقىرىقلىرى، ئېلانلار، مەھسۇلاتلار، ئەر-ئايال مۇناسىۋىتىنى كۆپتۈرۈپ ئىپادىلەيدىغان كىنولار، تۈگىمەس پاراڭلار بىلەن مەنىسىز ھەرىكەتلەرگە توشۇپ كەتكەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى زۆھرەنى بۇرۇنقىدەك مەپتۇن قىلالمىدى، كاللىسىغا تۈنۈگۈنكى ئىشلار كىرىۋالدى، ھەقىقىي كىنو، دراما تۈنۈگۈن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەنىدى. بىر كۈن ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن دراماتىك توقۇنۇشلاردا ئادىلە سەلبىي رولنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئويناپ چىقتى. سىيىت قارى ئاشىق، زۆھرە مەشۇق بولسا، ئادىلە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۇنگەن شۇم بۇيا بولدى، ئاشىق-مەشۇقلار شۇنچە تۆھمەت-بەدناملارغا، توسقۇنلۇق، پالاكەتلەرگە قارىماي ئۆزئارا ئىشىنىپ، بىر-بىرىگە مۇھەببەت بىلەن چىڭ باغلاندى. كىنولاردىكىدەك بىرلا نەتىجە كەم قالدى: سىيىت قارى زۆھرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ «كەچۈر جانىم» دەيدۇ، زۆھرە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ سىيىت قارىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ... بۇ نەقەدەر گۈزەل خاتىمە! زۆھرە بۇ خىيالغا كۆلۈپ قويدى.

ھۇسەيىن چۈشكە يېقىن كەلدى، زۆھرەگە سوغۇقلا سالام بېرىپ قويۇپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، بىر دەمدىن كېيىن زۆھرەنى يېنىغا چاقىردى. زۆھرە مۇشۇنداق بولۇشىنى پەملىگەنىدى، ھۇسەيىن قارىماققا ئۆزىنى تەمكىن تۇتسىمۇ، ئىچ-ئىچىدىن تاقەتسىز، خىيالى تولا، ھەرىكىتى قالايمىقان بىر ئىنسان ئىدى.

ــ تۈنۈگۈن نېمىشقا ئىشقا كەلمىدىڭىز؟ــدېدى ئۇ چۈپەيلىك بىلەن.

ــ مىجەزىم يوق...

ــ تېخىچە ساقايمىدىڭىزما؟

زۆھرە ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇيالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ شۇ ئاغرىقنى كۆزدە تۇتتۇۋاتقانلىقى بىر ھېسابتا ياخشى باھانە ئىدى. دېمىسىمۇ ھەيز تېخى تۈگىمىگەنىدى، شۇڭا زۆھرە تۈنۈگۈندىن بېرى مىجەزى ئۆزگىرىپ، سەپرالىشىپ، ئادىلە بىلەن سوقۇشۇپ، سىيىت قارىغىمۇ قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. زۆھرەدىكى جۈرئەت ۋە كەسكىنلىك ئەجەبا شۇ ئاغرىقنىڭ خاسىيىتىمىدۇ؟!

ھۆسەيىن زۆھرەنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تونۇگۇن راستتىنلا مىجەزىنىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەندى.

ــ مەندىن قورقۇپ كەلمىدىڭىزمۇ يا ؟!

ــ....

ــ ئۇ كۈنى ئۇنداق ئىكەنلىكىڭىزنى پەقەت ئويلىماپتىمەن– دېدى ھۆسەيىن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ــ كېيىن ئويلاپ توغرا قىلمىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

زۆھرە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ھۆسەيىن سۆزلەۋەردى:

ــ تونۇگۇن كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس، سىزنى بىر كۈن كۆرمىسەم تاقەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتىمەن، تېلېفون قىلسام بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋېتىپتىكەنسىز، قايتا ئۇرمىدىم. ئادەم بىرسىنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالغاندا ئۆزىنى ئاشۇنداق تۇتالماي قالىدىكەن، بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بولمىسا، مەن چوپچوڭ بىر ئادەم تۇرۇپ ئاشۇنداق پەسلىشىپ يۈرەمدىمەن؟! بۇنداق خارلىق ماڭىمۇ ئېغىر كېلىدۇ...

زۆھرە كاللىسى قېتىپ قالغاندەك ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى، ھېچقانداق جاۋاب كاللىسىغا كەلمىدى.

ــ خالىد ماڭا سىزنى يامان قىز دېگەن، زادى قانداق يامان قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن–دېدى ھۆسەيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قارىغاندا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئويلايدىغان باشقا ئىشى يوقتەك قىلاتتى، ــ سىزنى چۈشەنمەك تەس ئىكەن، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق. ئۆزىنى سىرلىق كۆرسىتىۋالىدىغان ئاياللار ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي كېلىدۇ، سىزدەك قىزلارنى نېمە دېيىش كېرەك؟ سىز پەقەت چۆچۈۋاتىسىز، باشقا مىللەتتىكى ئەرلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا ئەمەلىيەتتە قىزىقىسىز، لېكىن قىزىققانچە ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز. ھەقىقىي ئارزۇيىڭىزنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىز... مەيلى قانداق مىللەت بولسۇن، مۇھەببەت ئوخشاش، جىنسىيەت ئوخشاش، شەھۋەت ھەممە ئادەمدە بار، پەقەت ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىلا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئايالالارنىڭ جىنسىي

ھەۋەسى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك، لېكىن ئاياللار ئادەت كۈچىدىنلا ئۆز ھەۋىسىنى كونترول قىلىۋالىدۇ. بۇ ھەۋەس مۇۋاپىق قېنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ھامان ئاياللار ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، ھەتتا ئەرلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ...

زۆھرە بۇ گەپلەردىن قېيىپ كەتتى، ئىنگلىزچە دېيىلسە ئاڭلىماققا ھەيۋەتلىك، ئىلمىي تۈيۈلىدىغان بۇ گەپلەرنىڭ ئاستىدىن ئەۋرەز ئاقاتتى. ھۈسەيىن بۇ نەزەرىيىلەرنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟! ئۇ دۆلەتتىكى باشلىقلار مەخسۇس ئايالالارنى تەتقىق قىلىدىغان، شۇنىڭ غېمىدىلا يۈرىدىغان خوتۇنپۈرۈشلارنى بۇ دۆلەتكە دىپلومات قىلىپ ئەۋەتەمدىغاندۇ؟!

ـ سىز ھازىر فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىسىز، كەيپىياتىڭىز تۇراقسىز، ئىنتىلىسىز، ئەمما قېچىپ تۇرىسىز. ئايالالارنىڭ جىنسىي ئېڭى مۇرەككەپ، شۇڭا ئۇلار سېھىرلىك بىر دۇنيا، ئايالالار بولمىسا بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى قالمايدۇ. شۇڭا مەن سىزگە ئىنتىلىمەن، مۇھەببەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن، جىمى نەرسەم بىلەن ئىنتىلىمەن. ئەمما مۇھەببەت بولمىسا مەجبۇرلاشتىن ھۇزۇر ئالغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەن ھازىرچە ئالدىرىمىدىم. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پات ئارىدا ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىڭىزنى ئاشكارىلايسىز، بۇنى قىلالايسىز، مەنمۇ سىزگە ئۆزۈمدە بار جىمى ئىمكانلىرىمنى بەخش ئېتىمەن، سىزنى رازى قىلىمەن...

زۆھرە جىددىيلىشىپ قالدى، ھۈسەيىن شۇ نىيىتىدىن زادى ۋاز كەچمەسمۇ؟ زۆھرەنى ئارامىدا قويماسمۇ؟ بۇ يەرگە زۆھرە زادى نېمىشقا كەلگەن؟ ھۈسەيىننىڭ قورچىقى، مالىيى، ئاشنىسى بولۇشقا كەلگەنمۇ؟ ئۇ زۆھرەنى زادى نېمە كۆرۈپ قالدى؟ ئۇنىڭ زۆھرەنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن دېگەن گەپلىرى يوقاپ كەتتى، ھۈسەيىنگە خوتۇن بولغان تەقدىردىمۇ زۆھرە ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان ئويۇنچۇق خوتۇنى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا نېمە رولى بولسۇن؟

ـ مەن بۇ يەرگە خىزمەت قىلغىلى كەلگەن، ـ دېدى زۆھرە بۇ گەپنى ئەمدى دېمىسە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ـ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىشلار بولسا ئورۇنلايمەن، باشقا ئىشلارغا مېنى زورلىمىسىڭىز...

ـ ئەلۋەتتە سىز بۇ يەرگە خىزمەت قىلغىلى كەلگەن، بۇنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم خۇسۇسىي ئىشلار، يەنى ئىككىمىزنىڭ ئايرىم مەسىلىسى، سىز ماڭا ئىشىنىسىز، ماڭا تايىنىسىز. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزگە ياخشى ئىمكانىيەت ھازىرلايمەن. بىز مۇشۇ ئارقىلىق بىر-بىرىمىزنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمىز. جاھاندىكى ئەر-ئايال مۇناسىۋىتى ئاساسەن مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ـ لېكىن، مەندە سىزگە ھۆرمەتتىن باشقا ھېسسىيات يوق. قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھامان قايتۇرىمەن. لېكىن سىز ئويلىغاندەك ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇشنى خالىمايمەن.

ـ شۇنداقمۇ؟! ھازىر سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز جىددىي ئۆزگىرىش باسقۇچىدا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن كۆڭلىڭىز جايىغا چۈشىدۇ، شۇ چاغدا بۇنداق ئويلىمايدىغان بولىسىز...

ھۇسەيىن ھېسسىيات جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىگە ئاسان تەن بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. مۇھەببەت بەزىدە مۇشۇنداق قىتىغۇر ئەرلەرنىڭ چوڭ باھانىسى، ھەر قانداق ئوڭايسىزلىقتا، قولايسىزلىقتا قارشى قالقىنى ئىدى

ھۇسەيىننىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ كەتتى، بۇنداق خۇنۇك ئەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇش نومۇس ۋە ئازابتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى، بۇنى زۆھرە شۇ تاپتا تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى. ھەممىنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى، كېچەلمىدى، ئالدىمغا قاراپ ماڭىمەنلا دەپ ئويلىدى، قارىغۇلارمۇ قولىغا تاياقنى ئېلىۋېلىپ ئالدىغا قاراپ ماڭالايدۇ، زۆھرە نېمىسگە تايىنىپ خىيالىدىكى مەنزىلگە گۈزەل كېلەچەككە ماڭالايدۇ؟! يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ شەھەردە تەرەققىي قىلىش، پۇل تېپىپ ئېسىل تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئالدىغا قاراپ مېڭىش بولامدۇ؟ يەردىن ئاسمانغا چىققان بولامدۇ؟

زۆھرە ھۇسەيىننىڭ ئىشخانىسىدىن كۆڭۈلسىز قايتىپ چىقتى، كاللىسى زىددىيەت، تالاش-تارتىشتىن بىر دەممۇ بىكار بولمىدى. «چىرايىم ئۆزۈمگە دۈشمەن ئىكەن» دەپ ئويلىدى زۆھرە سالوندىكى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، قولىنى يۇيغاچ ئەينەككە قاراپ ـ چىرايلىق قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى دەڭسىيەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. رۇخسارىمىز سەھرانىڭ تويىسىدا تۇغۇشۇپ كېتىدۇ، قەدرى

بولمايدۇ دەپ شەھەرگە ئېقىۋاتقان چىرايلىق قىزلاردىن قانچىسى مەقسىتىگە يېتەلىگەندۇ؟! ئادىلەدەك بۇزۇققا ئايلىنىپ كېتەمدىغاندۇ ياكى مەندەك دەردمەن بولامدىغاندۇ؟! گۈزەل چىراي ئەرلەرنىلا ئەمەس، قىزلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېزىقتۇرىدىكەن، تۈگىمەس خام خىيال، ۋەسۋەسىلەرگە سالىدىكەن، چىرايىمغا ئىشەنمەي دېسەم باشقا قىزلاردىن چىرايلىق ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمەسلىكىمگە ئامالىم يوق، ئىشىنەي دېسەم چىرايىغا چۇشلۇق بەخت يوق. نېمىگە بۇنچە كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ، ئەتىر چېچىپ سوكۇلداپ يۈرىمەن، زادى نېمە ئۈچۈن؟! يۇۋاشلار مەندىن ئەيمىنىپ گەپ قىلالمايدۇ، يامانلىرى غەيرىي نىيەتتە چىشىنى بىلەپ يۈرىيدۇ. قارىم پەقەت دەسلەپتە ماڭا خالتامنى ئەكېلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا مەن بىلەن تونۇشالىغان. بولمىسا ئادەتتە بىزنىڭ بۇگۈنكىدەك ھالغا كېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، تېخى ئۇنىڭ مېنى ياراتماي كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا مەن دائىم مۇشۇنداق غۇرۇرلىنىمەن، ھەسرىتىم ئىچىمگە پاتمايدۇ، چىرايىمغا چۇشلۇق بەختكە ئېرىشەلمەسلىك مېنى ئۆمۈر بويى قىينايدۇ، ئويلىماي دېسەممۇ كاللامغا كېلىۋالىدۇ. سەترەك قىز بالا بولغان بولسام يېزىدىن چىقماي، بىرەر تومپايغا تېگىپ بالا تۇغۇپ ئولتۇراتتىم. چىرايىمغا چۇشلۇق كۆرىدىغان بەختىم مانا شۇ دەپ شۈكۈر قىلاتتىم. لېكىن، ئاللاھ مۇشۇنداق يارىتىپ قويۇپتىكەن، بۇ دەردى بالادىن قۇتۇلالمىدىم. چىراي دۈشمەن! چىراي ئېزىتقۇ! ھەر قانداق ئەر چوقۇم چىرايلىقنى تاللايدۇ، چىرايدىن بەخت ئىزدەيدۇ. چىراينىڭ شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى بىلگەن قىزلار گۈزەل چىرايغا ئۆلۈپ بېرىدۇ، پۈتۈن ئىش-مەيلى شۇنىڭ بىلەن بولىدۇ. چىراي ئۆلارنىڭ بارلىقى، بۇ جەھەتتىن بەختلىكمەن، لېكىن نېمىشقا بەختلىك بولالمايمەن؟! «چىرايلىقنىڭ دەردى تولا، سەتنىڭ ھالى» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك... چىرايلىق بولۇپ ئەمدى نېمە بولدى؟ چىرايدىن ئېرىشمەكچى بولغان بەخت قېنى؟! چىرايلىقنىڭ بېشىغا كېلىدىغان دەردنى شۇ چىرايلىقتىن باشقا كىم بىلىدۇ؟! چىرايلىقلار سۆز-چۆچەككە، غەيۋەت-شىكايەتكە، ھەسەدكە، تۆھمەتكە ئۇچراپلا تۇرىدۇ، بۇنى سەت قىزلار بىلمەي، چىرايلىقلارغا ھەۋەس قىلىدۇ، دۆت قىزلارلا چىرايلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلامدىغاندۇ؟! چىراي دېگەن بىر شەكىل، ئېزىتقۇ نىقاب، ئۇنىڭ تېگىدىكى ئەخلاق، گۈزەل خۇلق ھەممىدىن مۇھىم دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟! سىيىت قارى ئىشىنەمدۇ؟ ھۆسەيىن

ئىشىنەمدۇ؟ زۆھرەنىڭ چىرايىنى دېمىسە بۇ ئىككىسى زۆھرەگە قىزىقارمىدى؟! سىيىت قارى پاكلىق دەيدۇ، ھۇسەيىنچۇ، پەقەت چىرايىنى، بەدەننى، بۇ بەدەندىن كېلىدىغان شەھۋانىي ھوزۇرنى دەمدۇ؟! نېمىدېگەن ئاچكۆز ئەر بۇ!»

زۆھرە چىرايدىن كۆرە ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق دېگەنلەرنىڭ قىزلار ئۈچۈن مۇھىملىقىنى بىلسىمۇ، چىراينىڭ رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىمايتتى، ئىختىيارى ئىلكىدە ئەمەس ئىدى، بۇ دۇنيا، بۇ جەمئىيەت ئۇنى شۇنداق قىلىۋەتكەنىدى؛ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا دائىم دىققەت قىلاتتى، بەلكىم ئۇنىڭ قاش- كۆزىگە قاراپلا قەلبىنىمۇ گۈزەل دەپ ئويلايتتى. ئازراق ئەقلىنى بىلگەندىن باشلاپ زۆھرە باشقىلارنىڭ نەزىرى، باھاسى ۋە ئۇلار پەيدا قىلغان سۆيۈنۈش ھەم ئىشەنچكە ئامراق بولۇپ كەتكەچكە، چىرايىغا ئىشەنمەي، چىرايدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايتتى ۋە مۇشۇ چىرايى بىلەن بەختسىز بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتى.

زۆھرە بەخت ھەققىدە ئويلاندى، ھەقىقىي بەختنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىدى. ھۇسەيىننىڭ يېنىدا ياشاۋەرسە ماددىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرغان بىلەن، پاكلىقى ۋە روھىي ھالىتى بۇزۇلاتتى؛ دۆلەتمەن تۇرمۇشنى دەپ مالاي بولاتتى، ئىززەت-غۇرۇرى ۋە كۆڭلىنى شۆھرەتپەرەسلىككە قۇل قىلاتتى، ۋۇجۇدىنى قانغا بويالغان تازىلىق قەغىزىدەك پۇرلەپ تاشلىۋېتەتتى. جەمئىيەتتە بۇنداق كېسەلمەن قىزلار ئازمۇ؟! ئەگەر زۆھرە سىيىت قارىغا تەگسە ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى، كەمبەغەل ياشىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىككىيلەن قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ياشىيالايتتى؛ زۆھرە سىيىت قارىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلەيتتى، قېيداپ قاپىقىنى تۈرەلەيتتى، چاقچاق قىلالايتتى، قېنىپ كۈلەلەيتتى، يىغلىغۇسى كەلسە يىغلاپ دەرھال تەسەللىيگە ئېرىشەلەيتتى. پەرزەنت مەسىلىسىنى ئويلىغاندىمۇ، سىيىت قارىدىن بولىدىغان بالا ھامان ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى؛ دېمەك، ھۇسەيىنگە خوتۇن بولۇش ئاخىرى چىقمايدىغان بىر ئازاب ئىدى، خوتۇن بولالىسا تېخى!... نەچچە خوتۇن ئالغان بىر قېرىغا خوتۇن بولۇشنى تاما قىلىش خارلىق، پەسلىك، ئاچكۆزلۈك بولماي نېمە!

« ئانا، مەن ئويلىنىۋاتىمەن؛ ئانا، مەن توي قىلاي دەيمەن؛ ئانا، مەن سىيىت قارىغا تېگەي دەيمەن؛ ئانا، مەن سىزگە ئۇماق نەۋرە تۇغۇپ بېرەي دەيمەن... »

زۆھرە ئىشتىن چۈشۈپ ئانىسىغا تېلېفون قىلدى، ئانىسى ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ يۈرگەنىدى.

ــ سىيىت قارى بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ قىزىم!

ــ كۆرۈشتۇم ئانا، نەچچە قېتىم پاراڭلاشتۇق.

ــ قانداق قىلىدىغان بولدۇڭ؟

ــ سىيىت قارىغا ماقۇل دېدىم.

ــ ئاللاھ، بەختىڭنى بەرسۇن قىزىم، قاچان قايتىپ كېلىسىلەر؟

زۆھرە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما ئويلىغانلىرىنى دېمىسە بولمايتتى.

ــ ئىككىمىز مۇنداق مەسلىھەتلەشتۇق؛ نىكاھنى بېيجىڭدا قىلىدىغان، توينى كېيىنچە يۇرتتا قىلىدىغان بولدۇق.

ــ نىكاھنى مەشەدە قىلساڭلا بولمامدۇ؟! بىز ئۈستىدە تۇرمىساق قانداق بولىدۇ؟

زۆھرە ئاتا-ئانىسى يوق چاغدا ئوغرىلىقچە بىر ئىش قىلىۋاتقان بالىدەك تەمتىرەپ كەتتى:

ــ شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى ئانا، لېكىن مەن ھازىرچە قايتىپ بولالمايمەندەك تۇرىمەن.

ــ سىيىت قارىمغا ياتلىق بولساڭغۇ، ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىز. لېكىن ئەل-جامائەت نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟!

ــ خەقلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاللىقاچان گەپ تېپىپ بوپتىكەنغۇ؟ يەنە نېمە دەيدۇ؟! نېمە دېسە دېمەمدۇ؟! بىز خەقنى دەپ ياشامدۇق بۇ جاھاندا!... ــ دېدى زۆھرە زەردىسىنى باسالماي.

ــ ساڭىلا ئەمەس، سىيىت قارىمغىمۇ گەپ كېلىدۇ قىزىم، ئۇ دېگەن ئىمام، جامائەت شۇنىڭ ئېغىزىغا قارايدۇ. بېيجىڭغا بېرىپ ئۆزىگە نىكاھ ئوقۇتۇۋاپتۇ... دەپ گەپ تاپماي قالمايدۇ.

ــ سىز مەندىن ئەنسىرىمەي، سىيىت قارىدىن ئەنسىرەپ كەتتىڭىزما؟ ئۇ ئۆزى ماڭا توي قىلىلى دېگەن تۇرسا..

ــ ئۇغۇ ياخشى بوپتۇ قىزىم، مەن دەيمەن، نىكاھنى، توينى مەشەدىلا قىلىۋېتىپ ئاندىن نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلساڭلار مەيلى ئىدى. سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ئەمدى تويۇڭنى كۆرەلمەي ئۆتۈپ كېتەرمىزمۇ؟

ــ توينى هامان قىلىمەن ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ. هازىر بېرىپ توي قىلاي دېسەم، يېڭى ئىشقا چۈشكەچكە رۇخسەت ئالالمايمەن، سىيىت قارىمۇ بۇنى بىلىدۇ، شۇڭا نىكاھ قىلىۋېتەيلى دېدى، نېمە دەيمەن، قوشۇلسام ھەر قايسىڭلار بار يەردە نىكاھ قىلالمىغانلىقىمدىن كۆڭلۈم يېرىم؛ قوشۇلمىسام، ئەگەر بۇ ئىش سۆرىلىپ كەتسە ئەتە-ئۆگۈن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇققىلى بولمايدۇ. مېنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىڭلار، ئەجرىڭلارنى قايتۇرمىسام بولمايدۇ، ئىشلەپ پۇل تاپمىسام بولمايدۇ. بۇ ئىمكانىنى قولدىن بەرسەم تېخى بولمايدۇ. ئاماللىنىڭ يوقىدىن قىلىۋاتقان ئىشلار بۇ ئانا، شۇڭا توغرا چۈشىنىڭ، قالغانلارغىمۇ چۈشەندۈرۈپ دەپ قويۇڭ. مەندىن ھەرگىز رەنجىپ قالماڭ. سىز رازى بولمىغۇچە مەن بۇ نىكاھنى قىلمايمەن.

ــ مەنغۇ رازى بالام، لېكىن سېنى تويۇڭدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىغان...

ــ يىغلىماڭ ئانا، تويۇمنى هامان كۆرىسىز، ــ دېدى زۆهرەمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ــ خۇدايىم بۇيرۇسا سىيىت قارىم بىلەن يۇرتقا قايتىپ چوڭ توي قىلىمىز، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېغىزى بېسىققىدەك كاتتا توي قىلىپ، ھەممىسىنى پولوغا تويغۇزىمىز.

زۆهرە ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، سىيىت قارىغا دەرھال تېلېفون قىلدى، ئۇنى تۆيۈقسىز خۇشاللىققا چۆمدۈردى.

ــ ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن بۇرۇن مېنى ئالغىلى كېلىڭ، ــ دېدى زۆهرە كەسكىنلىك بىلەن، ــ بۇ قېتىم يىگىتتەك ئىش قىلىڭ، بولمىسا مېنى ئىككىنچى كۆرەلمەيسىز.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى سىيىت قارى ھاياجاندىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، ــ تاھىر قارى بايا تيەنجىنگە كەتكەن، ئەتە كەچتە قايتىپ كېلىدۇ. سىز دېگەن ۋاقىتتا ئۇلگۇرۇپ بارايلى.

ــ تېگەي دەپ قويسام ئېشىۋالماڭ جۇمۇ، سىزگە قاراپ ئولتۇرسام ھېچ ئىش ئاقمىغۇدەك، شۇڭا

ئۆزەملا تېلېفون قىلاي دېدىم.

ــ سىز تېلېفون قىلمىغان بولسىڭىز، كەچتە سىزگە تېلېفون قىلىپ تاماق يەيلى دېمەكچىدىم.

ــ ھازىرچە سىز بىلەن كۆرۈشمەي تۇراي، كۆڭلۈم ئارامىدا تۇرمايدىكەن...

ــ ئۇ سىزدىكى مەسىلە، بولمىسا مەن سىزنى كۆرۈپ تۇرسام دەيمەن.

ــ قىلمىدىغان قائىدىنىڭ ھەممىسىنى قىلىسىز، ئالمىدىغان نەرسىنى ئالىسىز. ئالمىدىغاننى ئەتە كەچتە بىللە چىقىپ ئالساقمۇ بولىدۇ.

ــ نېمە ئالىمىز؟ــ دېدى سىيىت قارى يېنىدا پۇل يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ تەمتىرەپ.

ــ نېمە ئېلىشنى شۇ چاغدا دەيمەن، مېنى بىكارغا ئالاي دېگەنمىدىڭىز؟!

ــ مۇھەببىتىم بولسىلا كۇپايە دەپ ئويلاپتىكەنمەن ــ دېدى سىيىت قارى كۈلۈپ ــ خاتىرجەم بولۇڭ، پۇل تاپساملا سىزنى ھەرگىز نائۈمىد قويمايمەن.

ــ نىكاھنى قىلغاندىن كېيىنمۇ مۇھەببىتىڭىزگە سادىق بولىسىز، كۆڭلىڭىزدە مەندىن باشقىنى ئويلىمايسىز. ئەگەر چىقىشالماي قالساق بىر-بىرىمىزنى قىينىماي چىرايلىق ئاجرىشىمىز.

ــ نېمىشقا توي قىلماي تۇرۇپلا ئاجرىشىشنىڭ گېپىنى قىلىسىز؟ــ دېدى سىيىت قارى ھەيران بولۇپ.

ــ تۇرمۇش دېگەن مۇرەككەپ، سىزمۇ بىر خوتۇننى ئۈچ كۈن خوتۇن قىلىپ قويۇۋېتىپسىزغۇ؟ تۇرمۇشتا ئاشۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. توي قىلغان قىز-يىگىتلەر تويدىن كېيىن بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىغا قارايدۇ، بىر-بىرىنىڭ مىجەزىنى دەڭسەيدۇ، ئىشلارنى ئۆز ئارزۇسىغا بېقىپ ئويلايدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ ئارزۇيى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى زىددىيەت، كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. توي قىلغاندا، مۇشۇلارغىمۇ ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش كېرەك دەپ ئويلايمەن...

ــ ئارتۇقچە ئويلىغۇلۇق ئالماڭ، ئارتۇق خىيال ئادەمنى بىھۇدە قىينايدۇ، مەن بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان ــ دېدى سىيىت قارى راستچىللىق بىلەن ــ مەن سىز بىلەن بىر ئۆمۈر ياخشى ئۆتۈپ

كېتەلىشمگە ئىشىنىمەن. ئىمانى ساغلام، كۆڭلى ياخشى مۇسۇلمانغا ئاللاھمۇ ياردەم قىلىدۇ، بىرلىكتە تىرىشساقلا ياخشى ئۆتۈپ كېتىمىز.

ــ ھازىرغۇ شۇنداق دەيسىز، كېيىن كۆرىمىزغۇ، ھەر ھالدا بۇ گەپلەرنى ھازىر دېيىشىپ قويغان ياخشى.

ــ توغرا، ھەر خىل ئېھتىماللىقنىمۇ ئويلىشىش كېرەك، لېكىن مەن ھازىر بەك خۇشال، باشقا گەپ قىلىقمىغا كىرمەيدۇ، مەن بەك ئۈمىدۋار. سىزلا ئۆزگىرىپ كەتمىسىڭىز مەن ئۆزگەرمەيمەن، مېنىڭ قانداقلىقىمنى ئەمەلىيەتتىن كۆرۈڭ.

ــ ھەي... شۇنداق قىلىپ، مەن سىزنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىڭىز بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم...

ــ مەن سىزگە راست گەپنى قىلايمۇ ـ دېدى سىيىت قارى خۇشاللىقىدا ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ ـ مەن ئۇ خوتۇننى نېمىشقا ئالغان بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ بىر يەرلىرى سىزگە ئوخشاپ قالاتتى، ئىسمىنى دېسەم ھەرقاچان ئېسىڭىزگە ئالالايسىز.

ــ قىز بالا دېگەن قىز بالىغا ئوخشايدۇ، مېنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ يۈرگىنىڭىز قىزىق!

ــ سىز كاللامدىن پەقەت چىقمىغاندىكىن، ئۇنى سىزگە ئوخشىتىپ قاپتىمەن.

ــ ئاخىر  ئۇچىدا قاپسىزغۇ ئەنە، توي دېگەننىمۇ ئاشۇنداق قىلامدۇ؟!

ــ ھەي، شۇنى دەڭا، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەندىكىن شۇنداق بولىدۇ.

ــ ھازىرمۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىۋاتىسىزغۇ!؟

ــ بۇنىڭغا ئامالىم يوق، بۇنى ھەقىقىي ۋىسالىغا يېتىش دەيمىز.

زۆھرە پىسسىڭدە كۈلۈپ قويدى، كۆڭلى ئازادىلىككە چۆمدى، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىيىت قارىغا پاكلىقىنى، گۈزەللىكىنى بەخش ئەتسە ئەرزىيتتى، ھاياتىدا ھېچقانداق پۇشايمان قالمايتتى، كۆڭلىنىڭ كەم قالغان يەرلىرى بەلكىم ئاستا-ئاستا تولۇقلىنىپ قالاتتى.

سىيىت قارىنىڭ خۇشاللىقىغا بولسا گەپ توغرا كەلمەيتتى، زۆھرە بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ، ئەتە كەچتە كۆرىشىدىغانغا دېيىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، تاھىر قارىغا دەرھال

تېلېفون قىلىپ بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭدىن پۇل سورىدى.

– مۇبارەك بولسۇن بۇرادىرىم، ئىشلار ئەجەب ئوڭ كېلىۋاتىدۇ، ھېلىقى خەنزۇ بىلەن كۆرۈشتۈم، بىر قانچە تاشنى تاللىۋالدى، پۇلنى بۇگۈن كەچتە جايلاپ بېرىدىغان بولدى، بۇ سودىمىز پۈتۈپ كەتسە ئىنشائاللا يۇرتقا بالدۇرراق بارالايمىز– دېدى تاھىر قارى، بىر ياقتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازى كېلەتتى– مەن ئاللاھ خالىسا ئەتە چۈشتە قايتىپ بارىمەن، پۇلنى قولۇڭغا يەتكۈزىمەن، ئەگەر بارالماي قالسام يېنىمدا بار پۇلنى كارتىڭغا سېلىۋېتەي. ئىشقىلىپ، نىكاھ قىلىدىغانغا ئۈلگۈرۈپ چوقۇم بارىمەن، نىكاھىڭنى ئۆزۈم ئوقۇمىسام بولمايدۇ…

– يولۇڭغا قارايمەن ئەمسە، ئۆزۈڭگە ھوشىيارراق بولارسەن دوستۇم، ئاللاھ ئامان قىلسۇن …

سېيىت قارى بىر كېچىنى شېرىن خىيال ۋە تاقەتسىزلىكتە ئۆتكۈزدى، ئاللىقانداق ئەندىشە ۋە ئەنسىزلىكمۇ يۈرىكىنى پات-پات مۇجۇپ قويىدى. چۈنكى ھاياتلىقتا كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەر، پۈتلىكاشاڭلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئەگەرى-توقاي كەچمىشلەر دائىم ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. سېيىت قارى كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن ئۆزىگە بەخت تىلىدى؛ تاڭ سۈزۈلۈپ قۇياش چىققاندا بۇ كۈننىڭمۇ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلدى.

چۈشكە يېقىن تاھىر قارى خۇشال قايتىپ كەلدى، نەچچە ۋاقىتتىن توختام سۈدەك جىمجىت تۇرۇپ قالغان تاش سودىسىغا ئەمدى جان كىرگەنىدى. باشقا تاشچىلارمۇ ياتاق-ياتاقتا بازار ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭ سېلىشقاچ، بىر-بىرىدىن ئۇچۇر تىڭ-تىڭلايتتى.

كەچتە سېيىت قارى تاھىر قارى بېرىپ تۇرغان ئون مىڭ يۈەننى يانچۇقىغا مەھكەم سېلىپ، زۆھرەنى باشلاپ سودا سارايلىرىنى كەزدى، ئالتۇننىڭ باھاسى بەكلا ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ زۆھرە سېيىت قارىغا قىلچە ئىچ ئاغرىتماي، ئۆزى ياخشى كۆرگەن زىبۇ زىننەتلەردىن بىر نەچچىنى ئالغۇزدى، پۇل بىر دەمدىلا تۈگىدى. سېيىت قارىنى غەم باستى، ئالتۇن-كۈمۈش ئالدىدا مۇھەببەتنىڭ قەدرى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندى.

– كىيىم-كېچەكلەرنى كۆرۈپ باقامدۇق!–دېدى زۆھرە سېيىت قارىغا سىنچىلاپ قاراپ– دېمىڭىز

ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتىغۇ! پۇل تۇگىدىما؟!

ــ راستىنى دېسەم پۇل يوق ــ دېدى سېيىت قارى خىجالەت بولۇپ، ئەمما كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى ــ بايىقى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى تاھىر قارىدىن قەرز ئالغان.

زۆھرە بىر دەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى، قاپاقلىرى سەل تۇرۇلدى. ئۇ شۇ ئەلپازدا سېيىت قارىنى ۋەيران قىلىۋاتاتتى، كەمبەغەللىك، موھتاجلىق ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى ئۇنىڭغا ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ــ ئاغىنىڭىزنىڭ پۇلىغا مېنى ئالماقچىما! سىزدە نېمىشقا پۇل يوق، بۇ بىر يىلدا ئىشلىمەي نېمە ئىش قىلدىڭىز، ئەر كىشىگە پۇلنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەمتىڭىز؟ ــ دېدى زۆھرە ئاچچىقلاپ، ئاندىن بىر نەچچە كۈندىن بېرى كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىنىڭ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ توختىۋالدى ــ بوپتۇ، كىيىمنى ئالمايلى، بۇ يەردىن كېتەيلى...

سېيىت قارى ئالتۇننى ئېلىپ بولغاچقا، ئالتۇندەك ئېغىرلىق قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئەگىشىپ ماڭدى. ئەمدى زۆھرە بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالسا يەنە كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقاتتى، ئىككىلىسى بىر-بىرىگە قېيىدىغانچە قېيداپ، بىر-بىرىگە يول بەرمەي ئىشنى بۇزاتتى. ئادەمدە غۇرۇر كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن غۇرۇر بەزىدە غەزەپ-ئاچچىقنى پەيدا قىلاتتى، شۇڭا ھە دېگەندە غۇرۇرنى پەپىلەپ كۆپتۈرۈۋېتىشمۇ كىشىگە كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلەتتى.

ــ بايىقى گەپلىرىم كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويمىغاندۇ؟ ــ دېدى زۆھرە سېيىت قارىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ. سېيىت قارىنىڭ سەۋرچانلىقى ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، زۆھرەنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ــ ياقەي، ياخشى گەپ قىلدىڭىز، يۈرەككە تەگكىدەك گەپ قىلدىڭىز، دېمىسىمۇ ئاللاھ ئەر كىشىنىڭ جېنى دەپ بەرگەن بۇ جاننى تىرىكچىلىككە، ئائىلىنى قامداشقا ئىشلىتىش كېرەك، ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىش كېرەك، تىرىشساق ئاللاھ رىسقىمىزنى بېرىدۇ.

ــ توغرا دەيسىز، تەۋەككۇل قىلىپ بۇ شەھەرگە چىققىنىڭىز ياخشى بولدى. قاراڭ مانا، ئاللاھ

رىسقىمىزنى قوشتى، بولمىسا ماڭا چۈشكىنىزدىمۇ ئىرىشەلمەيتتىڭىز.

ـ راست، بۇ قېتىم تەۋەككۇلچىلىكىنىڭ پايدىسىنى كۆردۇم، «رەببىم» دەپ بوسۇقتىن ئاتلاپ چىققىنىمغا چۈشلۇق كاتتا رىزىق، ئېسىل نېمەتكە ئېرىشتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ سانا، شۈكۈرلەر ئېيتىمەن.

ـ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بېيجىڭغا كېلىپ تۇرۇڭ، تاش سودىسى چوڭ سودىكەن، بىر قېتىمدىلا نەچچە مىليونلۇق تاش ساتىدىغانلار بار دەيدۇ، خۇدايىم ئېسىل تاشتىن بىرنى سىزگە نېسىپ قىلىپ باي قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس...

سىيىت قارىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى، زۆھرە بۇ شەھەردىن كېچەلمەيلا ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭغا بېيجىڭنىڭ زادى قانداق جىنى چاپلاشقاندۇ؟! قىسقىغىنا ۋىسالدىن كېيىن ئايرىلىپ كەتسە قاچان كۆرۈشەلەيدۇ، ئەر-خوتۇن ئالتە ئايدىن ئوشۇق ئايرىلىپ تۇرسا نىكاھىنىڭ بۇزۇلۇش خەۋپى بار، بۇنى زۆھرە ئويلىماسمۇ؟! ئۇنىڭغا خىزمەت ۋە ئۆي بەرگەن باشلىقى ئۇنىڭ تويى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ، نىيىتىدىن ياناسلىقى مۇمكىن؛ بىر ئەرگە تېگىپ چىققان زۆھرە ئېرىگە خىيانەت قىلماي ياشىيالارمۇ؟! پەيغەمبەر زامانىدا تۇرمۇشقا چىقىپ بولغان ئەھۋالدا زىنا ئۆتكۈزگەن بىر ئايالنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن چالما-كېسەك قىلىنغانلىقىنى زۆھرە ئاڭلىمىغان، زۆھرە تېخى توي قىلغان ئايالنىڭ ئائىلىدە قانداق مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى، ئېرىنىڭ ھەققىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلمەيدۇ، باشقا ئىبادەت-ئەمەللەرنى قايتىدىن چۈشەندۇرۇپ ئۆگەتمىگىچە ئاكتىپلىق بىلەن قىلالمايدۇ. ئائىلىدىن، دىنىي تەربىيىدىن ئايرىلغان مۇھىتتا ياشاۋەرسە كېيىنچە قانداق ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ...

سىيىت قارى ئۆزىنىڭ ئىماملىقىنى، دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى، ئاللاھتىن ۋە ئەل-جامائەتنىڭ پىكرىدىن قورقاتتى، بولغۇسى خوتۇننى باشقۇرالمىسا ھەم ئۆزگەرتەلمىسە جامائەت ئارىسىدىكى ئابرۇيى چوقۇم چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ نىكاھنى مەخپىي تۇتسا ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ چىقاتتى. ئەگەر زۆھرەنى ئالمايمەن دەپ كېتىپ قالسا، مۇھەببەت ئۈچۈن

چەككەن رىيازەتلىرى بىكار بولاتتى، داغدا قالاتتى، كۆڭلى ئارام تاپمايتتى، ھەسرەتتىن قۇتۇلالمايتتى، ئۇزاقچە ئۆيلەنمەي دەرۋىشتەك ياشايتتى، بۇ ھالدا ئوخشاشلا جامائەتنىڭ سۆز-چۆچەكلىرىگە قالاتتى. «خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، بۇ نىكاھنى قىلىش كېرەك ـ دەپ ئۆزىگە مەدەت بەردى سېيىت قارى.ـ ئالالاھ نېسىپ قىلغان بۇ بەختنى قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك. ئاۋۋال زۆھرەنى ئەمرىمگە ئېلىپ مۇرادىمغا يېتىشىم كېرەك، ئاندىن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك، ھەر ئىشتا ئالالاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشىم كېرەك. ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزگەرتىشكە، يۇرتقا قايتىشقا كۆندۈرۈشۈم كېرەك. ئالالاھ نېسىپ قىلسا، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ، ئەگە ئۇنداق بولماي قالسا خېتىنى بەرمەي بولمايدۇ...

ــ نىكاھ ئوقۇغاندا ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرارمەنمۇ؟!...ــ دېدى زۆھرە سېيىت قارىنىڭ ئېغىر خىياللىرىدىن بىخەۋەر ھالدا باشقا گەپ قىلىپ.ـ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدىغان بولدى...

ــ ئەمىسە نېمىشقا يۇرتقا كېتىپ نىكاھ قىلمايمىز!؟ــ دېدى سېيىت قارى ئۇنىڭ يۇرتقا كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ.

ــ شۇنداق قىلساقمۇ بولاتتى، شارائىت چەكلەپ قويدى، مەن ئانامغىمۇ شۇنداق دېدىم، ئۇلار مەيلى دېدى.

ــ نىكاھ ئوقۇغاندا بىزنى باققان ئاتا-ئانىمىز ئۈستىمىزدە تۇرۇپ بەرسە ئوبدان بولاتتى. ئۇلار كېلەلمىگەن شارائىتتا، تۇت-بەش ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىدا نىكاھ قىلساقمۇ دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ. مەھرىڭىزنى ئالدۇق، ئەمدى ئەتە گۇۋاھچىلارنى چاقىرىمىز.

ــ تويلۇقنىڭ كەم قالغىنىنى كېيىن تولۇقلايسىز.

ــ ئەلۋەتتە، قولۇمدىن كېلىشىچە سىزنى رازى قىلىمەن...

سېيىت قارى بۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە «مەن شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بېرىدىغان مەھرىڭىزنى تولۇق بەردىم خېنىم، قالغىنىنى ئەھۋالغا قاراپ بېرىمەن، كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ، ئالالاھ ئۆزى بىلىدۇ...» دەپ ئويلىدى.

سىيىت قارى زۆھرەنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ ياتىقىغا خۇشاللىق ۋە غەم بىلەن، يەڭگىل، ئەمما ھارغىن يېنىپ كەلدى.

شۇنداقتىمۇ يۈرىكى بەختتىن سوققىنى سوققانىدى، ئەتىدىكى، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى توختىماي ئويلايتتى، ئاللاھتىن ئاسانلىق تىلەيتتى.

سىيىت قارى ياتاققا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇھ تارتتى.

ـ قانداق، ئالدىغاننى ئالدىڭلارمۇ؟ـدېدى تاھىر قارى باشلاي دەپ تۇرغان خۇپتەن نامىزىنى قويۇپ.

ـ ۋاي گەپ قىلما بۇرادەر، توي قىلىش دېگەن باشقا ئىشكەن، قىز بالا دېگەننى چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن، تولا ماڭدۇرۇپ ھارغۇزۇۋەتتى، ئالتۇن بويۇملارنىلا ئالدۇق، پۇل تۈگەپ كەتتى، قالغىنىنى كېيىنچە ئالدىغان ئوخشايمەن.

ـ مەن تېخى ئۇ قىزنى سېنىڭ ھالىڭغا يېتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، مېھرى ھەققىگە شۇنچىلىك پۇل بولسا يېتەتتى، ھەي، ھازىر ھەممە ئادەم بۇ ئىشقا كەلگەندە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئەمەس، ئۆز نەپسى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بوپتۇ، خوتۇن خەق ئالتۇنغا تويمايدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئاللاھ رىسقىڭنى كەڭ قىلار...

ـ زۆھرەنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىغا قاراپ مەن سەل ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم، ـ دېدى سىيىت قارى غەمكىن ھالدا، ـ پۇل دېگەنگۇ تېپىلىپ قالار، مۇھىمى، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش، بېشىم قېتىپلا كەتتى. ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولغان بىلەن مەن ئۇنى باشقۇرالمىسام، بۇ ماڭا ئەلەم ئەمەسمۇ! بۇ نىكاھنى ۋاقىتلىق نىكاھ دەپ قىلمىغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق نىكاھ بولۇپ قالىدىغاندەكلا قىلىدۇ...

ـ قارىم دېگەنمۇ سەندەك ئۈمىدسىز بولامدۇ! ـ دېدى تاھىر قارى سەل جىلە بولۇپ، ـ ھەممە ئىش سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە توغرىلىنىپ تۇرامدۇ؟ چىدىغانغا چىقارغا جاھان بۇ، بەختكە ئېرىشىمەن دېگەندىكىن شۇنىڭغا چۈشلۇق جاپاسى بولىدۇ. چىرايلىقنى خوتۇن قىلغاندىكىن ئۇنى چىرايلىق ئادەم قىلىشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك.

ـ توغرا دەيسەن، كاللامغا بىر ئىشلار ئىتتىك تەسىر قىلىدۇ، غەمنى جىق قىلىمەن.

ـ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويۇشقا ئامراق بولۇپ قالدىڭمىكىن دەيمەن، ھەممە ئادەمنىڭ يېتىپ ئاشقىچە دەردى بار، موللىنىڭ دەردى جىقراق، لېكىن بىز ئۆزىمىزنى ئۇنداق تۈگەشتۈرۈۋالساق بولمايدۇ.

ـ راست دەيسەن بۇرادەر، كۆڭلۈم پاراكەندە چاغدا ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلىپ تۇرساڭ ياخشىكەن، بولمىسا ئۆزۈمنىڭ خىيالىدا ئېزىقىپ يۈرىدىكەنمەن.

ـ مېنىڭچە، سەن ھازىر «خوتۇننى باشقۇرۇش» دېگەن گەپنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇر، سەن كۆڭۈلنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىكەنسەن، كۆڭۈل ئارقىلىق ئۇنى تەسىرلەندۈرۈشۈڭ كېرەك. بۇنداق ئىچى كۆچلۈك قىزغا قاتتىق قول بولساڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ، قېيداپ ئاچچىقلىساڭ يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، ئىش تەتۈرىسىگە ماڭىدۇ. شۇڭا سەۋرچان بول، زىددىيەتنى كۆڭۈل ھەل قىلسۇن. زۆھرە كەتمەيمەن دېسە قالسۇن، بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چۈشىنىشىگە قالدۇرۇپ قوي، ئۇنى سىناپ باق، زۆھرەدەك قىزلارنىڭ دىلىنى تەقۋالىققا زورلاپ مايىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆزۈڭ ئىمام بولغاندىكىن قانداق قىلىشنى بىلىسەن، دىلى قېتىپ كەتكەن ئادەملەرنى ھېكمەت بىلەن، مۇھەببەت بىلەن، مۇلايىملىق بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەك. زۆھرەنىمۇ شۇنداق قىل، مۇھەببەت بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈرگىن، مۇھەببەت بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرغىن. مۇھەببەت بىلەن ئۇنى دىيانەتلىك، ئېسىل خوتۇنغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقىن، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇر، خەيرلىك ئىشلاردا ئاللاھ بىزنىڭ ياردەمچىمىز.

تاھىر قارىنىڭ بۇ گەپلىرىنى سېيىت قارىمۇ كۆڭلىدە ئويلىغان، لېكىن غەمدىن، پاسسىپ خىيالدىن قۇتۇلالمىغانىدى، ئۆزى ئويلىغاننى باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاش كىشىدە باشقىچە ئىشەنچ پەيدا قىلاتتى. سېيىت قارى روھلىنىپ قالدى.

سېيىت قارى توي قىلىدىغان بولدى، سېيىت قارى ۋىسالغا يېتىدىغان بولدى، سېيىت قارى باش ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان بولدى، سېيىت قارى بەخت بىلەن مۇشەققەتنى تەڭ يۈدۈپ ياشايدىغان بولدى...

ئەتىسى سېيىت قارى زۆھرەنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى، زۆھرەنى ئۇزاق ساقلىدى، زۆھرە چىرايلىق ياسىنىپ پەسكە چۈشتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن گۈزەللىك

چاقناپ تۇراتتى، سىيىت قارى مەپتۇن بولۇپ قاراپ قالدى. دۇنيا گۈزەل ئىدى، بەخت گۈزەللىكتە ئىدى. زۆھرەنىڭ چىرايى سەل ئېچىلسا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. سىيىت قارى پەقەت گۈزەللىككىلا مەپتۇن بولۇپ، زۆھرەنىڭ چىراي ئىپادىلىرىغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى، گۈزەل قىز ئەمدى كۈلسىمۇ، يىغلىسىمۇ، قاپاق تۈرسىمۇ، جىم ماڭسىمۇ، گەپ قىلسىمۇ بەربىر سىيىت قارىنىڭ خوتۇنى بولاتتى.

سىيىت قارى زۆھرەنى تاكسىغا چىقىرىپ، زۆھرە ئىشلىگەن رېستورانغا ماڭدى، ئۇ يەردە تاھىر قارىم ئون نەچچە تاشچىنى باشلاپ بىر ئايرىمخانىغا كىرىپ سىيىت قارىنى ساقلاۋاتاتتى. زۆھرە ماشىنىدا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، سىيىت قارىمۇ گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆردى، دەيدىغان گەپلەرنى دېيىشىپ بولغان، ھەتتا چىقىشالمىسا ئاجرىشىدىغاننىمۇ دەپ بولغان، خاپىلىقلارنىمۇ تارتىشىپ ئارقىدىن يارىشىپمۇ بولغان، ئەمدى نېمە دېيىشەتتى! زۆھرەدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراق سىيىت قارىنى ھېلىتىن مەست قىلىشقا باشلىدى، زۆھرە ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن كوچىلارغا مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى، قارىم بولسا ياندىن زۆھرەگە نەزەر سېلىپ خىيال سۈرەتتى: « بولغۇسى ئايالىممۇ؟ ئايالىم، قارىمنىڭ ئايالى، ئىمامنىڭ ئايالى، ... بۇ قۇشناچىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىسىگە قايتىپ بېشىغا ياغلىق ئارتارمۇ ياكى مۇشۇ شەھەردە چېچىنى خىلمۇ خىل پوسۇندا ياسىتىپ، پارقىرىتىپ، كۆپتۈرۈپ، لەپىلدىتىپ ئەركىن يۈرۈۋېرەرمۇ؟ شەھەردە قىلغان گىرىملىرىم، كىيگەن كىيىملىرىم سەھرادا ياراشمايدۇ دەپ مەھەللىسىگە قايتقىلى ئۇنىماسمۇ، مودا ياسىنىشىنى دەپ بولسىمۇ، بۇ شەھەرنىڭ قوينىدىن چىقماي ياشاۋېرەرمۇ؟... سۆلەتۋاز قىزلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىنمۇ ياسىنىشنى قولدىن بەرمەيدۇ، ئېرى بىلەن چاتىقى يوق، ئاساسەن ئۆزى ئۈچۈن ياسىنىدۇ، جەلپكارلىقنى قوغلىشىپ ئۆمۈر بويى جاپا چېكىدۇ، ياشلىق ۋە گۈزەللىك ئۇلارغا باقىۋەندىمۇ؟ ئەرنىڭ رازىلىقى ۋە ئۇ دۇنيالىق بەختىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ؟!».

سىيىت قارىمنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى، كۆڭلى يەنە دەردكە تولدى: «چىرايلىقنى دەپ دەردتە قالغان قارىم، چىرايلىققا كۆڭۈل بېرىپ ئۆزىنى خار قىلغان قارىم، چىرايلىقنى باش ئەگدۈرەلمەسلىكى

كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغان قارىم، تەقۋالىقىدىن كۆرە كۆڭۈل خاھىشى، شەھۋىتى غالىب كېلىۋاتقان قارىم، ئۆز ھالى بىلەن ھېسابلاشماي چىرايلىقىقا ئېسىلغان قارىم، ئالتۇنغا ئەرزىمىگەن كۆڭلىنى چوڭ بىلىپ تىكەنلىك گۈلگە قول سوزغان قارىم، بىر نەچچە كۈنلۈك بەختىنى دەپ قەرزگە بوغۇلۇپ غەمگە پاتقان قارىم، نامى چىقىپ قالغان خوتۇننى كۆلىغا تاشلاپ قويۇپ جامائەتنىڭ گېپىگە قالغان قارىم، ئىمان-ئەخلاق، تەقۋالىق ھەققىدە جامائەتكە بىر نەرسە دېگۈدەك يۈزى قالمىغان قارىم، بىرىنچى خوتۇننى مەھەللىدە ئۈچ كۈن، ئىككىنچى خوتۇننى شەھەردە ئۈچ كۈن خوتۇن قىلغان قارىم، جامائەتتىن يوشۇرۇن نىكاھ قىلىۋالغان خوتۇنپۇرۇش قارىم، مەھەللىدە شۇنچە پاك، مەسۇم قىزلار تۇرسا ئېشىپ-تېشىپ ئەمدى شەھەردە ئويناپ يۈرگەن قىزنى خوتۇن قىلىۋالغان قارىم، ئۆزىگە ئاش بولماس خوتۇننى ئېلىپ ئەمدى ئاچ قورساق يۈرىدىغان قارىم...» سېيىت قارى چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە بۇ كۆڭۈلسىز ئەيىبنامىلەرنى ئۆزىگە ئوقۇپ بەردى ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى.

رېستۇراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان سېيىت قارى ئاخىرقى قېتىم ئۆزىگە مەدەت بەردى: «ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلاي، ئۈمىدۋار بولاي، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگىچە ئىچىدە كۆيەي، نېمە كۆرسەم كۆرەي، ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە دوزاخ ئازابىدىن قورققىنىمدىن باشقا نېمىدىن قورقىمەن! بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇق بېرىلگەنچە ئۇششاق غەم-قايغۇ تۈگىمەيدۇ. مەندىنمۇ بەختسىز، مەندىنمۇ ئېچىنىشلىق ياشاۋاتقان ئادەملەر كۆرمىڭ، ئارتۇق غەمدىن جېنىمنى قىيناپ قانداق قىلىمەن، نېمىشقا رەببىمگە شۈكۈر قىلمايمەن، نېمىشقا ئۆزۈمگە ئىشەنمەيمەن، نېمىشقا بۇ «خوتۇن»نى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشمايمەن!...»

سېيىت قارىغا ئوخشاشلا زۆھرەمۇ تىنىمسىز خىيال سۈرەتتى، كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئەمما شۇنچە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى ئۆزىنى سېيىت قارىغا ــ بەك كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، يامان ئەمەس بىر بالىغا تاپشۇرالىغىنىدىن خاتىرجەم ئىدى، سېيىت قارى بىلەن تونۇشۇپ كۆرۈشكەن ۋاقىتلىرىنى، ئۇ يازغان مۇھەببەت مەكتۇبىنى، قايتا كۆرۈشكەندە پەيدا بولغان ھاياجانلىرىنى بىرمۇ بىر ئەسلەيتتى. مۇشۇنداق قىلمىسا بۇ قارىمغا ھېلىلا رازى بولمايدىغاندەك، بۇ نىكاھتىن كۆڭلى

يېرىم بولىدىغاندەك، ئەرگە تېگمەمەن دەپ ئۆزىنى ئازابلايدىغاندەك، قايتا-قايتا ئەسلەيتتى. قارىمىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلايتتى، بۇ قارارىغا ئۆزىنى قايىل ۋە رازى قىلىشقا تىرىشاتتى، شۇنداقلا ئاتا-ئانىسىدىن يىراقتا تۇرۇپ قىلىۋاتقان بۇ ئىشىغا تەسەللى، خاتىرجەملىك ئىزدەيتتى.

سىيىت قارى زۆھرەنى ئايرىمخانىغا ئېلىپ كىردى، تاھىر قارى ۋە باشقا تاشچىلار ئۇيۇر-تۇپۇر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى، ئورۇنىدۇقلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى گويا بۇ نىكاھ، بۇ توي تەنتەنىسىنىڭ باشلىنىشىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تاھىر قارى زۆھرەنىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ زوقلىنىپ قاراپ قالدى، ئەمما باشقا تاشچىلار بۇنداق قىزنىڭ قەنتىنى چىقىشىپ بولغاندەك، ئانچە ئېتىبار قىلىشىپ كەتمىدى، بەلكىم بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغان قىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن نەزەر سېلىشتىن ئۆزلىرى تارتىشتى. تاھىر قارى سىيىت قارىغا ھەۋەسلەندى، ئەمما ئۇنىڭ زۆھرەنى تەقۋا قۇشناچىم قىلالىشىغا ئانچە ئىشەنمەي قالدى. زۆھرە بىر توپ ئەرنىڭ ئارىسىدا سىيىت قارىغا يېقىن يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىرەر سورۇندا بۇنداق كۆپ ئەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا قورۇنۇپ كەتتى. ئەمما مۇشۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئالدىدا نىكاھىنىڭ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

تاھىر قارى قىز-يىگىتنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مېھمانلارنىمۇ بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى.

– بۇرادىرىمىز سىيىت قارى زۆھرەگۇل بىلەن بىر يۇرت، بىر مەھەللىلىك،– دەپ گەپ باشلىدى تاھىر قارى نىكاھ خۇتبىسىنى ئوقۇش ئالدىدا بىر نەرسە دېيىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ،– ئىككىيلەن بىيجىڭدا تونۇشقان، بىر يىلدىن بۇيان ئىككىسى ئىككى ياقتا بولسىمۇ، مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان، تاشچىلىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇرادىرىمىز بىيجىڭغا كېلىپ زۆھرەگۇل بىلەن كۆرۈشۈپ توي ئىشىنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئەسلىدە ئىككىيلەن يۇرتتا نىكاھ قىلىپ، تويىنىمۇ شۇ يەردە قىلىشنى ئويلاشقان، بىراق زۆھرەگۇلنىڭ ئەلچىخانىدىكى خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا يۇرتقا ھازىرچە قايتالمايدىكەن، شۇڭا ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن نىكاھنى ئاۋۋال مۇشەدە قىلىدىغان بوپتۇ،

تــوي مەرىكىســـنى مۇشــۇ يــىل ئىچــىدە يۇرتتــا قىلىشــنى ئويلىشــىپتۇ. شــۇڭا ھەر قايســىڭلارنىڭ گۇۋاھلىقىڭلاردا بۇ نىكاھنى قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق.

ھەممەيــلەن بىــر ئېغىــزدىن «ياخشــى بوپتــۇ، نىكــاھ دېگەننــى زادى ۋاقتــىدا قىلىۋەتكــۈلــۈك...» دېيىشــتى. بۇلارنىــڭ ئىچــىدە بەزىلــىرى ئىككــى خوتــۇن ئالغــانلار بولغاچقــا، نىكــاھنى ئاددىي، چاققان قىلىشنى قوللايتتى.

تــاھىر قــارىمۇ ســەل ھاياجانلىنىــپ قالغانــدەك قىلاتتــى، تەمكىنلىــك بىــلەن تۇرۇۋېلىــپ نىكــاھ خۇتبىسىنى باشلىدى:

«جىمــى ھەمدۇســانا ئاللاھقــا خاســتۇر. بىــز ئاللاھقــا ھەمدۇســانا ئېيتىمىــز، ئــاللاھتىن يــاردەم تىلــەيمىــز. بىــز ئۆزىمىــزنىــڭ يامانلىقلىرىــدىن ۋە يامــان ئەمەللىرىمىــزدىن ئــاللاھتىن پاناھ تىلــەيمىــز. ئاللاھ كىمنــى تــوغرا يولغــا باشلىســا ئــۇنى ھېچكىــم ئازدۇرالمايــدۇ. ئــاللاھ ھــەقنــى ئىنكــار قىلغــان بىــر كىمنى ئازدۇرسا ئۇ كىشىنــى تــوغرا يولغــا باشــلىغۇچى بولمايــدۇ. بىــز بىــر ئــاللاھتىن باشــقا ئىــلاھ يــوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.»

تاھىــر قارى نىكاھقا ئائىــت بىــر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىــن مۇنداق دېدى:

پۈتــۈن كائىنــاتنى، جۈملىــدىن پۈتــۈن ئىنســانىيەتنى يــوقتىن بــار قىلغــان، ھەزرىتــى ھەۋۋا ئــانىنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى بۈۋى سارەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتــى خەدىچە كۇبرانى پەيغەمبىرىمىــز مۇھەممەد ئەلەيھىســسالامغا جۈپ ئەيلىــگەن پەرۋەردىگــارىمىز ئــاللاھ تائالانىــڭ ئەمــر-پەرمــانى بىــلەن؛ ئــاللاھ تائــالا پۈتــۈن ئــالەمگە رەھــمەت ۋە بېشــارەت قىلىــپ ئەۋەتــكەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى بىلەن؛ ئۈممەت پېشىۋالىرى چاھاريار-ساھابە كىراملارنىڭ ئىجمائى بىرلىكى بىلەن؛ بۇ خاسىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىسلامىي مۇراسىمغا قاتناشقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ شاھادەت-گۇۋاھلىقى بىلەن؛ ھەقىقىي ئىسلام مۇخلىسلىرى سۆيىپتىدە توي قىلماقچى بولغان قىز-يىگىتنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ مېھرى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە پۈتۈشكەنگە تايىن تاپتى.

تاھىر قارى سىيىت قارىدىن زۆھرەنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالغاندىن كېيىن:

ــ قادىراخۇننىڭ قىزى زۆھرەگۈل، سىز مەزكۇر ھەقلىرىڭىزگە رازى ۋە راغىب بولۇپ، ئىككىلا ئائىلەمدە ھالال بىر جۈپتىن بولۇش ھەمدە ئەخلاقلىق ھەقىقىي ئىسلام پەرزەنتى كۆرۈش نىيىتى بىلەن، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چەكسىز مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقان ناھايىتى مېھرىبان ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىغۇبار سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا ئۆزىڭىزنى ئەزىزئاخۇننىڭ ئوغلى سىيىت قارىنىڭ ئايالى بولۇش ئەھدىسىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى.

زۆھرە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ زۇۋان سۈرمىدى، يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بەدەنلىرى سىلكىنەتتى، قولىدىكى ياغلىقى بىر دەممۇ بىكار تۇرمايتتى، تاھىر قارى ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندا ئۇ پەس ئاۋازدا: «قوبۇل قىلدىم» دەپ رازىلىق بەردى. ئەمما يىغىدىن توختىمىدى، يالغۇزلىقىغا چىدىماي يىغلىدى، نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ نىكاھلىنالمىغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلىدى. ئەمما بۇنى كىمدىن كۆردۇ؟! باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ تاللىشىغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ ياشاۋاتىدۇ.

ئاندىن تاھىر قارى سىيىت قارىغا زوقلىنىپ بىر قاراپ قويۇپ:

ــ ئەزىزئاخۇننىڭ ئوغلى سىيىت قارى، سىز يۇقىرىقى ھەقلەرگە چىن كۆڭلىڭىزدىن رازى ۋە راغىب بولۇپ، كىشىلەرنى نادانلىق تۇمانلىرىدىن، جاھالەت زۇلمەتلىرىدىن ئىمانى ۋە ئىرپان يورۇقلۇقىغا چىقارغۇچى بۈيۈك مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنىڭ پاك شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بارلىق ھالال ئىشلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قىلىش بىلەن بىرگە، بارلىق ھارام قىلمىشلاردىن ئۆزىڭىزنى قەتئىي پاك تۇتۇپ، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ياخشى پەرزەنت كۆرۈش نىيىتىدە قادىراخۇننىڭ قىزى زۆھرەنى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

سىيىت قارى تىترەپ تۇرۇپ ئۇرغۇلۇق ھالدا:« ئالدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

ئاخىرىدا تاھىر قارى بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئۆز ھەقلىرىگە رازى بولۇپ، ھالال مۇناسىۋەت قۇرۇپ،

پاك نەسىل قالدۇرۇپ، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەپ ياخشى ياشىشنى ئۈمىد قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى. تاھىر قارى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نىكاھنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە تەبلىغ قىلمىشنى ئويلاپ تۇرغاندا زۆھرەنىڭ سومكىسىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، زۆھرە تېلېفوننى ئېلىپ قاراپ قويۇپ ئېتىۋەتتى، قېرى ھۇسەيىن خۇددى كۆڭلى تۇيغاندەك تېلېفون قىلغاندى، زۆھرە بۈگۈن ئىشقا بېرىش-بارماسلىق ھەققىدە ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

تاھىر قارى سورۇننىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى: خۇشاللىقتا، ھاياجاندا ئولتۇرغان سىيىت قارىدىن باشقا ھەممەيلەن تاقەتسىز، بىر-بىرىدىن ئالدىراش كۆرۈنەتتى؛ سىيىت قارىغا نىكاھنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ بۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتۈۋالدى، ئەمدى گويا رىزقىنى قاماللاشقا تەشنا بۆركۈتتەك قاناتلىرىنى كېرىپ تەييار تۇرۇۋاتىدۇ... ئەرگە تېگىش تەشۋىشىدە تېڭىرقاپ قالغان زۆھرەمۇ ھېچقانداق گەپ قۇلىقىغا كىرمەيدىغاندەك غەمكىن، بىئارام كۆرۈنىدۇ؛ تاش سودىسىدىن، ئويناشتىن، ئىككى خوتۇن ئېلىشتىن باشقا غېمى يوق تاشچىلار قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ، ئەسنەپ ئولتۇرىدۇ... تاھىر قارى نىكاھ ئوقۇشنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، كۈتكۈچى قىزلارغا ئاش-تاماقنى دەرھال ئەكىرىشنى تاپىلىدى.

تاھىر قارى سىيىت قارى بىلەن زۆھرەگە پات-پات قارايتتى، ھەر بىر قارىغاندا زوقلىناتتى، «بۇ ئىككىسى بەختلىك بولالارمۇ؟ ياكى ئىككى كۈن ئۆي تۇتۇپلا ئاجرىشىپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

تاماقلار كەينى-كەينىدىن تارتىلدى، رېستورانىدا قويۇلۇۋاتقان تەمبۇر مۇزىكىلىرى ئايرىمخانىغىمۇ ئاڭلىناتتى ۋە كىشىگە گويا توي نەغمىسىدەك تۇيۇلاتتى. تېخى چۈش بولا-بولمايلا قورسىقى ئېچىپ كەتكەن تاشچىلار «ھە قېنى، ئاللى باقىلى» دېيىشىپ، تەخسىلەرگە چوكا سالدى، قوشۇق، تەخسىلەردىن ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى. توي دېگەن مانا، مەئىشەت، ھوزۇر-ھالاۋەت دېگەن مانا، بەختلىك بولۇشلار مۇساپىرلار...

زۆھرە تۆزۈك بىر نەرسە يېمەي ئېزىلىپ ئولتۇردى، سىيىت قارى ئۇنى تولا زورلاپ ھېرىپ قالدى،

كۆڭلى يېرىم بولدى: نىكاھتىن كېيىنكى زۆھرە يەنىلا بۇرۇنقى زۆھرە ئىدى! ئەمما زۆھرەنىڭ تۇيغۇلىرى باشقا ئىدى، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. مەنسۇبىيەت، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ئېڭى پەيدا بولدى.

نىكاھ مانا مۇشۇنداق تاماملاندى، ئاسانلا ئىش ئىكەن، غەلۋە-غۇدۇرىسى ئاز ئىكەن. قارىماققا شۇنداق كۆرۈنگەن بىلەن، مەن مۇسۇلمان دېگەنلەرنىڭ كۆڭلىدە نىكاھ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، ئۇ مۇسۇلمانلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ تەقەززاسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز ۋە ۋەدىنىڭ ۋەزنى ئېغىر. شۇڭا نىكاھ مۇقەددەس مەنە بېرىدۇ، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن بۈيۈك ۋەدە ئالىدۇ، ھەق-نېسىۋىسى قوشۇلىدۇ. زۆھرە مەيلى ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدىن، ئەخلاق قارىشىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، ئادەت كۈچىدىن ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇيىدىن بولسۇن، نىكاھنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ئىشەنچلىك تاللىشى قىلدى ۋە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

تاشچىلار يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ، قىز-يىگىتنىڭ بېشىنىڭ باش، ئايىغىنىڭ تاش بولۇشىنى تىلەپ تارقاپ كېتىشتى. تاھىر قارى ئۇ ئىككىيلەننى تاكسىغا سېلىپ زۆھرە تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، ياتىقىغا قايتىپ كەتتى. سىيت قارى زۆھرەنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ جىددىيلىشەتتى، زىيادە ھاياجاندىن يۈرىكى ئاغرىپلا تۇراتتى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەغرۇر تۇرۇۋاتقان زۆھرە تويى بولغان قىزلاردا كۆرۈلىدىغان خۇشاللىقتىن ئانچە ئەسەر يوق، قېتىۋېلىپ تۇراتتى، ياسىنىشلىرى، پەردازلىرىمۇ ئۇنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندەك قىلاتتى. سىيت قارى توي قىلىپ بۇنداق بىچارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، بۇ نىكاھ ئەجەبا خاتا قوشۇلۇپ قېلىشىمىدۇ؟! توي قىلماستا ئېچىلىپ كۈلگەن زۆھرە ئەمدى ئۈششۈك تەگكەن گۈلدەك بۇنداق سوغۇق تۇرۇۋالسا توي كېچىسىدىكى شادلىقتىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشتىن قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ؟

ــ باشلىقىم تولا تېلېفون قىلىپ كېتىپ بارىدۇ، ــ دېدى زۆھرە بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرمەي تۇرۇپ، ــ ئىشقا بارمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، سىز ھازىرچە ياتىقىڭىزغا قايتىپ تۇرسىڭىز...

سىيىت قارى زۆھرەنىڭ ئىغىزىغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

ــ ئەسلى بۇگۈن رۇخسەت سورىسام بوپتىكەن، ئالدىرىغاندا كاللام پەقەت جايىدا ئەمەس...

ــ مېنىڭمۇ كاللام جايىدا ئەمەس...ــدېدى سىيىت قارى ھوشىنى يىغىپ، ــ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى پەقەت ئۇقالمىدىم.

ــگېپىمدىن ھەيران قىلىۋاتامسىز، بۇگۈن مەن ئىشلەيمەن، توغرا چۈشىنىڭ.

ــ توي كۈنىمۇ ئىشلەمدۇ بىر كىم؟

ــ بىز نىكاھ قىلغان بىلەن تېخى توي قىلمىدۇققۇ؟

ــ نىكاھنى سىز نېمە دەپ ئويلىغانىدىڭىز؟ــ دېدى سىيىت قارى بوۋلەكچە سەزگۈرلىشىپ، ــ توي قىلغىچە ئايرىلىپ تۇرايلى دېمەيدىغانسىز؟

ــ كىم ئۇنداق دەپتۇ؟ نېمانداق گەپ چۈشەنمەيسىز...

ــ بولدى تالاشمايلى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن...ــ دېدى سىيىت قارى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

ــ كۈندۈزى دېگەن ئىشلەش ۋاقتى، كەچتە كۆرۈشسەك بولىدىغۇ؟!

ــ ماقۇل كەچتە كۆرۈشەيلى...

زۆھرە سىيىت قارىنى پەسكە تاشلاپ قويۇپ، بىنانىڭ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى. سىيىت قارى ياتاققا قايتىشنى خالىماي، كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە ماڭدى، ئىغىر خىياللىرىغا پۇتلاشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شۇنچە زارىققان، ۋىسالىغا ئېرىشىشكە كېچە-كۈندۈز تەشنا بولغان قىزغا ئېرىشكەندە خوش بولمىغىنى قىزىق! تۇرمۇش ھە دېگەندىلا نېمىشقا ئويلىغاندەك بولمايدىغاندۇ؟! كۆڭۈلدە خۇشاللىق ئاپتىپى چىققان ھامان غەم بۇلۇتلىرى بېسىۋالىغان بۇ تۇرمۇش قاچانغىچە كۆلرەڭ كەيپىياتتا داۋاملىشار؟!

زۆھرە ھۇسەيىنگە تېلېفون قىلىپ بۈگۈنمۇ مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەتە ئىشقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ھۇسەيىن ئەتە ئۆز دۆلىتىدىن ئەلچىلەر ئۆمىكى كېلىدىغانلىقىنى، ئەلچىخانا ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى، زۆھرەنىڭ ئەتە چوقۇم كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى،

گېپىنىڭ ئاخىرىدا زۆھرەنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بىر كۈن كۆرمىسە چىدىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. «تېتىقسىز ئوغرى...» دەپ تىللاپ قويىدى زۆھرە ۋە ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتلىرىنى تۈزەشتۈردى، كىرلىكلىرىنى يېڭىۋاشتىن سالدى. ئاندىن مۇنچىغا كىردى، سۇنى شاقىرىتىپ قويۇۋەتتى، يۇيۇنۇۋېتىپ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى، ئادەم بار يەردە ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىيالمىغاندى، ئەمدى تازا يىغلىدى، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى.

كوچىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن سىيىت قارى نامازلىرىدىنمۇ قالدى، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، ئەزىزلىك بىلەن خارلىقنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەملا كېلەتتى، سىيىت قارى شۇ قەدەملەرنى بېسىپ زۆھرەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. زۆھرە ئۇنى غەمكىن چىرايى بىلەن قارشى ئالدى، ئىلگىرىكى قىزغىن تەبەسسۇملار يوقاپ كەتكەنىدى. سىيىت قارى بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى، ھېچنېمە دېيەلمىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى، «تاماق بارمۇ» دېيەلمىدى. زۆھرە تاماق ئەتمىگەنىدى، چاي ئەكەلدى. ئىككىيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىشتى. ئۇقۇشماي بىر يەرگە كېلىپ قالغان قىز-يىگىتلەردەك ئۆزئارا سىنچىلاپ قاراشتى. سىيىت قارى چىيىنى ئىچىپ بولۇپ شام نامىزىنى ئوقۇدى، قىرائەتنى مۇڭ بىلەن قىلدى، كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئاندىن قازا بولۇپ كەتكەن نامازلىرىنى ئوقۇدى، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. زۆھرە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى، سىيىت قارىغا پات-پات قارايتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقى بىر-بىرىگە مەلۇم ئىدى. سىيىت قارى نامازدىن كېيىن پەيدا بولغان كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە زۆھرەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆتكەندە زۆھرە دەل مۇشۇنداق مېڭىپ، سىيىت قارىنىڭ يېنىغا كەلگەن، قارىمغا ئوتلۇق نەزەردە تىكىلگەن، ھاياجاندا نومۇسنى قايرىپ قويۇپ قارىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىغانىدى... سىيىت قارى زۆھرەنىڭ قېشىدا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي گالۋاڭدەك قاراپ ئولتۇردى، ئىچى بەكمۇ سىقىلدى، يەنە شۇ مەنىسىز تېلېۋىزور، ئادەمنىڭ ۋاقتىنى بىر ئۆمۈر ئىسراپ قىلىدىغان ناچار پروگراممىلار...

ـ مۇنچىڭىزدا ئىسسىق سۇ بولسا يۇيۇنۇۋالسام بوپتىكەن...

ـ يۇيۇنۇڭ، ئىچىدە ھەممە نەرسە تەييار.

سىيىت قارى مۇنچىغا كىرىپ كەتتى، زۆھرەنىڭ مۇشۇ مۇنچىدا قانداق يۇيۇنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ھاياجانلاندى، نازىنىن قىز، ئادەمنى بەختتىن مەست قىلىدىغان قىز، بۇگۈن ئاخشام مەن شاھ بولىدىغان بولدۇم....

ئۇ كوچىدا تولا مېڭىپ تەرلەپ قالغان بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ پاكىز يۇيدى، بارلىق غەم-قايغۇ، مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى، ھارغىنلىقى يوقالدى. كىيىملىرىنى كىيىپ زۆھرەنىڭ يېنىغا قورۇنماي كەلدى، بىر دەم تېلېۋىزور كۆرگەندىن كېيىن خۇپتەن نامىزى ئوقۇدى، نامازدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئوقۇدى. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغۇچە زۆھرە تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. سىيىت قارى نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۇئا قىلدى، ئاللاھقا سېغىنىپ غەم قايغۇدىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، كېسەللىكتىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھاياتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلىدى.

سىيىت قارى زۆھرەنىڭ ھۇجرىسىغا بۇرۇنلا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ  بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزگە چىدام-غەيرەت بىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى، زىيادە ھاياجان ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھاياجانلانماي تۇرالمايتتى، ئاللاھ نېسىپ قىلغان بۇ بۈيۈك نېمەتكە ئېرىشكەندە كىممۇ شادلانمىسۇن، ئۇزاق ھىجران ۋە خاپىلىقتىن كېيىن ۋىسال تاپقاندا كىممۇ «مەن بۇ دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئىنسان!» دېيەلمىسۇن.

سىيىت قارى مۇرادىغا يەتتى، زۆھرەنىڭ پاك ۋۇجۇدىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپ، ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ئەر دەپ ھېسابلىدى، زۆھرە گەرچە ئازابلانغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا خاتىرجەملىككە چىقتى.

سىيىت قارى تاڭ سۈزۈلگەندە قايتا مۇنچىغا كىرىپ، غۇسۇلى قىلىپ، بامدات نامىزى ئوقۇدى، ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇ سانالار ئېيتتى. زۆھرە بولسا خېلى ۋاقىتچە قوپماي ئۇخلىدى...

27

شۇنداق قىلىپ، بەختكە تەشنا يىگىت قىزنىڭ گۈلزارلىقىغا كىردى، ياپراق كۆلدى، مۇھەببەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، ھەقىقىي مەنىسىنى تاپتى. تەلپۈنۈش ئاخىرلاشمىدى، بەلكى ئەمدى باشلاندى...

قىز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قورقۇشتىن ھەقىقىي شادلاندى، ئۆزىنى يوقاتتى، ئۆزىنى يوقاتتى، بەخت دېگەن شۇ، بەخت دېگەن مۇشەققەتلىك ئۆزلۈكنى ئۇنتۇش، روھىي بېسىمدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش دېگەنلىك.

زۆھرەنىڭ توي كېچىسى ۋە سېيت قارى ھەققىدىكى خىياللىرى رېئاللىقتا باشقىچە تۈس ئالدى، خىيال بەربىر رېئاللىققا ئوخشىمايتتى، رېئاللىق خىيالنى ھەر ۋاقىت چۇۋۇپ تاشلايتتى ۋە باشقىدىن توقۇيتتى.

سېيت قارى ۋىسالغا يەتتى، زۆھرە ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. زۆھرە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ توي كېچىسى ۋىسال شادلىقى ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر تۇرمۇش باسقۇچىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ توي كېچىسىدىن ئاۋۋال مۇشۇنداق ئويلىۋالغان بىلەن، بۇ كېچىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن خىياللىرى ئۆزگەردى، سېيت قارى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئويلىمىغان يەردىن ئىستېلا قىلدى، تېنىگىلا ئەمەس، قەلبىگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. بۇ كۆڭۈلنىڭ ھەقىدادىغا يېتىشىمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ تەن ئارقىلىق چوڭقۇرلىشىشىمۇ؟ زۆھرەنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان سېيت قارى توي كېچىسىگە، زۆھرەنىڭ قوينىغا بىراقلا ئاتلاپ كىرىپ كەلدى، مۇھەببەت كۆنلۈكى ئاستىدا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ يۈرىدىغان قىز-يىگىتلەرنىڭ رومانتىكىلىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى، سېيت قارىنىڭ نەزىرىدە ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى زىنانىڭ باشلىنىشى ئىدى، نامەھرەمنىڭ ۋۇجۇدىغا نىكاھ ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولاتتى. قارىم ئاخىر ئېرىشتى، بىر ئۆمۈر ئارمان قالمىغۇدەك بەختكە ئېرىشتى. مۇھەببەتنىڭ دەشتى باياۋانلىرىدا چاڭقاپ يۈرۈپ، ئاخىر سۈلىرى ئېقىپ تۇرغان گۈزەل بوستانلىققا ئۇلىشىپ، تەشنالىقىنى قاندۇردى...

سېيت قارى زۆھرەنىڭ ئويغىنىشى كۈتۈپ مېھمانخانىدا قاراپ ئولتۇردى، كۆن قىزىرىپ چىقىۋاتاتتى. « زۆھرە ئەمدى ماڭا مەنسۇپ، بۈنىڭدىن كېيىن مېھىر-مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ ـ دەپ ئويلايتتى سېيت قارى ـ زۆھرەنىڭ ماڭا بولغان قاراشلىرى ئۆزگىرىدۇ، دىلى

يۇمشايدۇ، قەلبى تەقۋالىققا مايىل بولىدۇ، شۈكۈر-قانائەتچان بولىدۇ، ئاللاھ كۆڭلىگە تېخىمۇ ئىنساپ بېرىپ قالسا، ئۆمۈر بويى خىزمىتىمنى قىلىدىغان ديانەتلىك، كۆيۈمچان خوتۇن بولىدۇ...»،

ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق ئۇمىدۋار خىياللىرى ئۇزۇنغا بارمايتتى، ئەنسىرەشلىرى كۈچلۈكرەك ئىدى، ئۇ زۆھرەنىڭ پاك ۋۇجۇدىغا ئېرىشكەن بىلەن تېخى ئۇنىڭ قەلبىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچان روھىي ھالىتىنى، ئىنتىلىشلىرىنى، مەقسەت-مۇددىئالىرىنى باشقۇرۇپ بولالمايتتى؛ زۆھرە مەيلى قىز ياكى جۇۋان ھالىتىدە بولسۇن، شۇ چىرايى، شۇ مىجەزى بىلەن پېتىدىن ھەرگىز چۈشمەيتتى، سېيت قارىدىن ھۆرمەت، مۇھەببەت تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىۋېلىشىغا، ئۆزى بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىشىغا يول قويمايتتى؛ شۇنداق قىلىپ، سېيت قارىنى ئۆز رايىغا بويسۇندۇرماي قويمايتتى، بۇنداق قىلمىسا كۆنەلمەيتتى.

مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئوماق قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن سۆيۈملۈكلىكىنى يوقىتىدۇ.

نىكاھ شۇنچە نازۇك قىزلارنىمۇ قوپاللاشتۇرىۋېتىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى مۇلايىم قىزلارنى ئەرلەردەك سەپرا قىلىۋېتىدۇ.

زۆھرە مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، تويدىن كېيىن تېخىمۇ مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ. ھارغىن تۇرمۇشنىڭ خاپىلىقىدا قاپىقىنى تۇرۇپ ياشايدۇ. سېيت قارى بۇنداق چىرايدىن بىزار بولسىمۇ ئامال يوق چىدايدۇ.

كېچىدىن «شاھ» ھۇزۇرىنى سۈرگەن قارىم ئەمدى كۆڭۈلنى دەپ «قۇل» بولۇش مۇساپىسىنى باشلامدىكىن تاڭ! بەختىنىڭ ئارقىسىدا ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىك قارا ئىتتەك ماراپ ياتىدۇ.

نېمە بولسا بولسۇن، كەلگۈسىگە ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

سېيت قارى بىر دەم روھلانسا، بىر دەم بوشىشىپ كېتەتتى. ناچار خىياللىرىدىن كەيپىياتى يۇقۇملىنىپ قالسا، ئۈمىدۋارلىقىغا «زۇكام»تېگەتتى، ئىچى بورۇقتۇرما بولۇپ، ئازادە نەپەس ئالالمايتتى. ئۇ زۆھرە ھەققىدە ئايىغى چىقماس خىياللارنى سۈرۈپ، زۆھرەنى كۆرگىسى كېلىپ ھۇجرىغا كىردى،

زۆھرە ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ خاتىرجەم ئۇيقۇنى ئۇخلاۋاتاتتى، قاپقىنى تۇرمەي ياكى كۈلۈمسىرىمەي ئادەتتىكىدەك ئۇخلاۋاتاتتى. سىيىت قارى ئۇنى سۆيۈپ ئويغىتىپ قويۇشنى ياكى سۆيۈپ قويۇپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردى، ئۇمىدلىك خىياللىرى بىلەن ئەندىشىلىرى ئۆزئارا قوغلاشماق ئوينىدى. كېيىنكى تۇرمۇش مۇشۇنداق ئويۇننىڭ قىيا-چىيالىرى ئىچىدە داۋاملىشاتتى. كىشى ھېرىپمۇ قالاتتى، لېكىن ئۇمىدلىرىدىن، كېيىنكى قەدەملىرىدىن ۋاز كەچمەيتتى.

سىيىت قارى سەل توڭغاندەك بولۇپ، زۆھرەنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى، ئۇيقۇدىكى ساھىبجامالنىڭ تەپتى، تىنىقلىرى، خۇش ھىدلىرىدىن يەنە مەست بولدى، غەم-قايغۇلىرىنى يىراققا ئاتتى، شېرىن خىيالغا پاتتى، كېچىدىكى شېرىن سەزگۈلەرنى قايتا-قايتا ئەسلىدى، سېغىندى...

زۆھرە بىر چاغدا ئويغىنىپ يېنىدا كىيىمى بىلەن ئۇخلاپ قالغان سىيىت قارىغا ئۇيقۇچان قارىدى، « بۇ مېنىڭ ئېرىم» دېگەن تەۋەلىك تۇيغۇسىغا دەرھال كېلەلمىدى. ئەمما كېچىدىكى ئىشلار چۈش ئەمەس ئىدى، سىيىت قارى ساھىبقىراندەك جەسۇرلۇق ۋە جۈرئەت بىلەن ئېپپەت بوستانلىقىغا ئات چاپتۇرۇپ كىرگەنىدى، ئەل بولغان زۆھرە قورقۇنچنىڭ دەھشىتى ۋە ھۇزۇرىدا قېتىپ قالغانىدى...

قارىمنىڭ پاكىز يۈزى، تۇنۇگۈن قىرغان بولسىمۇ يەنە بېدىدەك ئۆسۈپ چىقىۋاتقان ساقال-بۇرۇتلىرى باشقىچە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ھاياتلىق، ئەرلىك كۈچ-قۇۋۋەت ئۇنىڭ يۈزىدە ئىدى. زۆھرە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى، رازىمەنلىك بىلەن قارىدى، ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان بىر سۆيۈنۈش، ئامراقلىق ھېسسىياتىدا قارىدى.

زۆھرە يۇيۇنۇپ، ياسىنىپ تارىنىپ، ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ناشتىلىق تەييارلاپ بولۇپ سىيىت قارىنى ئويغاتتى، قارىم خۇرسەنلىك ئىچىدە يېڭى تۇرمۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۈتۈۋالدى. ئىككىيلەن ئىناقلىق، ھۇزۇر بەخش ئىچىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

ــ بۈگۈن ئىشقا بارامسىز؟

ــ ھەئە، بۈگۈن ئىشىمىز ئالدىراش.

ــ سائەت قانچىلەردە بىكار بولىسىز؟

ــ ئالتىلەردە ئىشتىن چۈشكىلى بولامدىكىن.

ــ تاھىر قارى بىزنى مېھمان قىلماقچى ئىدى، كەچتە بىللە تاماق يەيلى.

ــ مەيلى، ئىشتىن چۈشۈپ مەن سىزگە تېلېفون قىلاي.

شۇنداق قىلىپ، زۆھرە ئىشقا كەتتى. سىيىت قارى ياتىقىغا يېنىپ كەلدى. تاھىر قارى كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. سىيىت قارىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇزاق جەڭدە بىللە بولغان سەپدىشىنى قارشى ئالغاندەك قىزغىن قارشى ئالدى، چىرايىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كەتتى، كەيپىياتى جۇشقۇن ئىدى.

ــ بەختىڭ بار قارىم جومۇ سەن!

ــ سېنى بەختلىك دەيمىز ــ دېدى سىيىت قارى كۈلۈمسىرەپ، ــ مۇلايىم ئايالىڭ، ئوماق بالاڭ بار.

تاھىر قارى خوتۇن-بالىسىنى ئەسلەپ قالدى، تۈنۈگۈن كەچتە غېرىبسىنىپ ئايالىغا تېلېفون قىلىپ ئۇزاق مۇڭداشقان، ئايالى شېرىن-سۆخەن گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق قايتىشىنى تاپىلىغانىدى.

ــ ئىنشائاللاھ، سېنىڭمۇ شۇنداق كۈنلىرىڭ كېلىدۇ..

ــ مەنغۇ ھازىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپلا تۇردۇم ــ دېدى سىيت قارى كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ــ ئىشىمىزنى ئاللاھ ئاسان قىلار...

ــ سېنىڭچە زۆھرە كەتكىلى ئۇنىماسمۇ؟

ــ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق، مەشەدە خىزمەت قىلىپ ياشاپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، بۇگۈنمۇ ئىشقا كەتتى.

ــ ئىككىمىز نەسىھەت قىلىپ دەپ باقساقچۇ!؟

ــ بەربىر ئۇنىمايدۇ.

ــ ئەمىسە ئۇنى تاشلاپ كېتىۋېرەمسەن؟

ــ توي قىلماي كېتىپ قالمىدۇق-دە، نىكاھ چېتىلغاندىن كېيىن ئۇ بەربىر مېنىڭ خوتۇنۇم.

ئەمدى ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتمىساق بولمايدۇ بۇرادەر.

– نىكاھنى چاتقان بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ قارىم، ئەر-خوتۇن دائىم بىللە تۇرمىسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدە ھەققى بار.

–زۆھرە شۇنى بىلسە بولاتتى،-دېدى سېيىت قارى ئەپسۇسلىنىپ،- دىنى ئىسلامنى ھەققىي يوسۇندا چۈشىنىپ ئەمەل قىلالىغان بولسا مەن ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتىم.

– مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ماڭمىسام بولمايدۇ بۇرادىرىم، سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

سېيىت قارى گويا قايتىشنى ئويلاپ باقمىغاندەك ئەندىكىپ تاھىر قارىغا قارىدى.

– كەلگىنىمىزگە بىر ئايغا يېقىن بولۇپ قاپتۇ، قىلىدىغان سودىنىمۇ بىر ئەر قۇر قىلىپ تۈگەتتۇق. چوڭ ئىشتىن بىرنى تۈگىتىپ بېشىڭنىمۇ ئوڭلاپ قويدۇق، يېڭى توي قىلدىڭ، شۇڭا سېنى ئالدىراتقىلى بولمايدۇ. مەن خوتۇن-بالىلىق ئادەم، ئۆيىنى يالغۇز تاشلاپ بۇنداق يۈرۈۋېرسەم بولماس، ئاخشام ئايالىمنىڭ دەردىنى تىڭشاپ، بالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيىنى بەك سېغىنىپ كەتتىم، شۇڭا بالدۇرراق قايتاي، قالغان تاشلارنى قالدۇرۇپ قوياي، ساتالىسىڭچە ساتارسەن.

سېيىت قارى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي جىددىي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىراپ كەتكۈسى يوق ئىدى، بەختلىك كۈنلىرىنى، ۋىسال دەملىرىنى ئۇزارتقانچە ئۇزارتىپ، ھاياتنىڭ گۈزەل نېمەتلىرىدىن قانغۇچە بەھرىلىنىشنى ئويلايتتى. ئەمما ئۆيدە قالغان ئاتا-ئانىسىنى، جامائەتنى، تەشكىلنى قايرىپ قويالمايتتى؛ يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزى ھەقىقىي مەنسۇپ بولمىغان بۇ شەھەرگە ئەمەس، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە، چوڭ ئائىلىسىگە، بىر يىلدا تىرىشىپ يۈرۈپ ياراتقان ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلىرىگە تارتىشاتتى؛ نامرات، جاپالىق بولسىمۇ، ئازادە، قوۋناق ئۆتىدىغان تۇرمۇشى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى؛ ئۆز ئۆيىنىڭ راھىتى زۆھرەنىڭ ئۆيىدە قورۇنۇپ ياشىغاندىن مىڭ ئەۋزەل ئىدى؛ كېسەك تاملىق ئۆيىنىڭ پەگاسى، كىگىز، زەدىۋاللىرى زۆھرەنىڭ ياسىداق ھوجرىسى، كارىۋات ياپقۇچلىرىدىن سۆيۈملۈك ئىدى. كىشىنىڭ تېخىمۇ ئىچىنى سىقىدىغىنى شۇ ئىدىكى، زۆھرە تۇرۇۋاتقان ئۆي ئۇنىڭغا ھەقىقىي تەۋە ئەمەس، ھېلىلا سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغان رەڭدار قەغەز ئۆيدەك

كۆرۈنەتتى، كىشىگە ئىشەنچلىك تۇيغۇ بەرمەيتتى. زۆھرە باشلىقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىسە، سىيىت قارى ئەمدى زۆھرەنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەمدۇ؟ بۇ بىر ئەر كىشى ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ!

تاھىر قارى سىيىت قارىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بىلىمەن بۇرادەر، سەن ئىككىلىنىۋاتىسەن، توي قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىنلا خوتۇننى تاشلاپ كېتىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ، بۇ ساڭا تەس كېلىدۇ، شۇڭا ئالدىرىمايراق قايتساڭمۇ بولىدۇ، تەشكىلگە دەپ ۋاقتىڭنى بىر ئاز ئۇزارتساڭ بولىدۇ.

ـ توغرا دەيسەن، مېنى چۈشىنىسەن ـ دېدى سىيىت قارى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ـ بېشىمغا جىق ئىشلار كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانام تېخى ئۇقمايدۇ، ئۇلارغا نېمە دەپ دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئەگەر ۋاقىت ئالىمەن دېسەم بىرلىكسەپ ئىشخانىسىغىمۇ بۇ ئىشنى دەپ قويۇشۇم كېرەك، ئاندىن شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن ئىماملارغا، ئىماملاردىن جامائەتكە تاراپ كېتىدۇ، ھەر خىل گەپلەر چىقىدۇ، مەن يۇرتقا بېرىپ بولغۇچە نامىم بۇرۇن بېرىپ بولىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ ئەسلىدە سەن بىلەن بىللە قايتسام ياخشىراق بولاتتى...

ـ سەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ ئىش قىلمىغاندىكىن نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ ئۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە پەرۋا قىلما، ئۆزى بېسىقىپ قالىدۇ؛ جامائەت رايىش كېلىدۇ، ئىماملارنى يەنىلا ھۆرمەتلەيدۇ، سەن بىر ـ ئىككى قېتىملىق تەبلىغ، ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ۋەز سۆزلەش بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلالايسەن. ئاتا ـ ئاناڭمۇ ساڭا ئىشىنىدىغاندۇ، ئۇنداق بولسا ئۇلاردىمۇ چوڭ مەسىلە يوق. ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە خوتۇننى خوتۇن قىلىش مەسىلىسى، زۆھرەنى قانداق قايىل قىلىپ يۇرتقا ئېلىپ كېتىش مەسىلىسى. سەن ئاۋۋال مۇشۇ ئىشنى ئويلا، مەن كەتكەندىن كېيىن ئاز دېگەندە بىرەر ھەپتە تەخىر قىلىپ، خوتۇنۇڭنى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قايىل قىل. ئىش ۋاقتىنچە ئاررۇيىڭدىكىدەك بولماي قالسا قېيداپ قالما، خاپىلىشىپ قالما، كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمە، دىلىنى رەنجىتمە، ئەگەر ئۆزۈڭ بىلەن ئەكىتەلمەي قالساڭمۇ ئۇنى خوش قىلىپ ئاندىن خوشلاشقىن؛ شۇنداق خوش قىلغىنىڭكى، سەن كەتكەندىن ئۇ سېنى ئۇنتۇيالمايدىغان، سېنى سېغىنىدىغان بولسۇن.

ــ بۇ گەپلىرىڭ جايىدا،ــدېدى سىيىت قارى يېنىڭ ئۇھ تارتىپ.ــ كېتىپ قالساڭ بىر ياخشى مەسلىھەتدىشىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم.

ــ ئۇنداق ئويلىما، تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ھامان ماڭا تېلېفون قىلساڭ بولىدۇ!ــدېدى تاھىر قارى كۈلۈپ.

ــ ھەممە مەسىلىنى سەندىن سورامدىمەن!ــدېدى سىيىت قارى بۇ كۈلكىگە ئورتاقلىشىپ.ــ ھەر كىم باشقىلارنىڭ ئىشىغا دانا! سېنىڭمۇ مەندىن مەسلىھەت سورايدىغان كۈنلىرىڭ كېلەر...

شۇ كۈنى كەچتە سىيىت قارى تاھىر قارى بىلەن بىللە تۇنۇگۈنكى رېستورانغا كېلىپ زۆھرەنى ساقلاپ ئولتۇردى، زۆھرە بۇ كۈنى ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەپ، كەچ سائەت ئالتە بولغاندىمۇ ئىشتىن چۈشەلمىدى. ھۆسەيىن ئۇنى ۋەكىللەر ئۆمىكى چۈشىدىغان مېھمانخانىغا بېرىپ، ياتاقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى؛ زۆھرە ئۇ يەردىن سائەت سەككىزلەردە ئاران بىكار بولۇپ، ئۇدۇللا رېستورانغا كەلدى.

ــ بەك ساقلىتىۋەتتىم، تاماقنى يەۋەرساڭلار بولمامدۇ؟!ــدېدى زۆھرە قۇيقۇرۇق جوزىغا قاراپ.

ــ ھېچقىسى يوق، قورساقمۇ بەك ئېچىپ كەتمىدى.ــ دېدى تاھىر قارى ۋە تاماق تىزىملىكىنى زۆھرەگە ئۇزاتتى.

ــ مېنىڭ تۇزۇك بىر نەرسە يېگۈم يوق، خالىغاننى بۇيرۇتۇۋېرىڭلار...ــ دېدى زۆھرە ھارغىن قىياپەتتە.

تاھىر قارى ئادەتتىكى تاماق ۋە بىر قانچە سەي بۇيرۇتتى. تاماق چىققاندا زۆھرە ئالدىدىكى ھېچ نەرسىگە ئىشتىھاسى يوقتەك قاراپ ئولتۇراتتى، تاھىر قارىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق زورلاشلىرىمۇ ئانچە ئۈنۈم بەرمىدى، زۆھرەگە قاراپ سىيىت قارىنىڭ ئىشتىھاسىمۇ ئېچىلالمىدى، كېچىدىن ۋىسالىغا يەتكەن بۇ سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ سۆيۈملۈك تەرىپىنى بىردىنلا كۆرەلمەي ئازابلىنىپ كەتتى، كۆڭلىنى زېدە قىلىدىغان ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان قىرتاق تۇيغۇلىرى تۇرۇپلا كۆچىيىپ كەتتى، يۇقىرىدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئىززەت-غۇرۇرىنى چىدام بىلەن تۇتۇپ ئولتۇردى، كېچىدىكى ئىشلار گويا

شېرىن چۈشتەكلا ئۆتۈپ كەتتىمۇ! ئەتىگەنكى ناشتىلىق ئەڭ ئاخىرقى ناشتىلىقمۇ؟!

سىيىت قارى يەنە ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىز خىياللىرىغا تۇتۇلۇپ قالدى، پەرىشانلىق ھە دېگەندە قاغا-قوزغۇندەك ئۇنىڭ بېشىدىن ئەگىپ كېتەلمەيتتى.

— تۈزۈك بىر نەرسە يېمىدىڭىز- تاھىر قارى تاماقتىن كېيىن، - كەيپىياتىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

— ياقەي، سەل ھېرىپ قاپتىمەن...-دېدى زۆھرە سۇس كۈلۈمسىرەپ.

— ئىشىڭلار بەك جىددىي ئىكەن-دە، سەككىز سائەت مۇقىم ئىشلەيدىغان ئىش يوقما؟

— ئادەتتە ئىش يوق، بۈگۈنكىدەك ئىش چىققاندا سائەتكە قارىماي ئىشلەيدىغان گەپ.

— مەن ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم-دېدى تاھىر قارى تەمكىنلىك بىلەن گېپىنى باشلاپ- بۈگۈن ئىككىڭلارنى ئاددىي بولسىمۇ مېھمان قىلىپ، تويۇڭلارنى تەبرىكلىۋالاي دېدىم.

— رەھمەت، ئاۋارە بوپسىز — دېدى زۆھرە تاھىر قارىغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ.

— رەھمەت دوستۇم، سەن ماڭا جىق ياردەم قىلدىڭ-دېدى سىيىت قارى ئىچ-ئىچىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇ ھەقىقەتەن تاھىر قارىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايتتى.

— ھە ياق، ماڭا بەك رەھمەت ئوقۇپ كەتمەڭلار، ئاللاھ تائالا ئىككىڭلارنىڭ رىزقىنى قوشتى، مەن شۇنىڭدىنلا خوش، ئىككىڭلارغا بەخت تىلەيمەن.

سىيىت قارى تاھىر قارىنىڭ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەمدى نېمە دەيدىغانلىقىغا ناھايىتى دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

— مەن كەتكەندىن كېيىن سىيىت قارى بىر ئاز تۈرۈپ قايتىدىغان بولدى، تاشلارنى تېخى تولۇق قولدىن چىقىرىپ بولمىدۇق، قارىم ئۆزى بىر نېمە قىلار، مۇشۇ پۇرسەتتە قارىم تاش سودىسىغا تېخىمۇ پىشىدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى توي قىلدى، توي قىلىپ ئەتىسىلا كېتىپ قالسا ياخشى ئەمەس؛ بىز توي قىلغان ئادەم، بۇنى چۈشىنىمىز. ئەر-خوتۇن بىللە بولغاندىلا

ئوتتۇرىدا چۈشىنىش ھاسىل بولىدۇ، كۆڭۈل توق تۇرىدۇ.

زۆھرە تاھىر قارىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، سەممىيلىك بىلەن دەۋاتقان گەپلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى، قانداق ئىپادە بىلدۈرۈش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلاندى، سىيىت قارىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى ئەلۋەتتە قوللايدۇ، ئەمما ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇشنى ئويلىسا بېشىدا بىر مۇنچە غەم...

– مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق...–دېدى زۆھرە سىيىت قارىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ،– تۇرۇپ ماڭسىمۇ بولىدۇ.

– سىلەر نىكاھلانغان بىلەن تېخى توي خېتى ئالمىدىڭلار– دېدى تاھىر قارى ئېغىر تىنىپ قويۇپ، – نىكاھقا ئالدىراپ كېتىپ ھېچقايسىمىز بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدۇق. مەنمۇ تۇنجى قېتىم توي خېتىنى كۆرمەي تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇپ نىزامغا خىلاپلىق قىلدىم. سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ھازىرچە مەخپىي، كېيىن باشقا گەپ بولۇپ قالسا «ئالاھىدە ئەھۋال» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويارمىز. لېكىن سىيىت قارى يۇرتقا بېرىپ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىرمىسە بولمايدۇ، بولمىسا قانۇنسىز ئەر-خوتۇن بولۇپ قالىسىلەر. سىيىت قارىمۇ ئۆزى ئىمام تۇرۇپ نىكاھ قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي خاتا ئىش قىلغان دىنىي خادىم بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەر ئىككىڭلارغا ياخشى ئەمەس. شەھەرلەردىغۇ، توي قىلماي، خەت ئالماي، ھەتتا نىكاھ ئوقۇمايلا بىر ئۆيدە بىللە تۇرىدىغانلار جىق دەيدۇ، ئۇلارغا باققاندا سىلەر ئىمان-ئەخلاق بىلەن ئىش قىلدىڭلار، ھالال يول بىلەن بىر ئۆيگە كىردىڭلار. شۇنداقتىمۇ، يۇرتقا بېرىپ توي رەسمىيىتىنى بېجىرمىسەڭلار بولمايدۇ، توي مەرىكىسى ئۆتكۈزەلمىسەڭلارمۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا چاي بولسىمۇ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ.

سىيىت قارى بىلەن زۆھرە توي خېتى ئېلىشنى ھەقىقەتەن ئويلىمىغانىدەك، ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلگەندەك بىر ھېسسىياتتا بۇ گەپلەرنى بىئاراملىق، جىددىيچىلىك ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. بۇ جەمئىيەتتە ياشىغانىكەن، قانۇنغا بويسۇنماي ياشىيالامدۇ؟ سىيىت قارى تېخى ئۆزۈن- قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتنىشىپ، قانۇن-سىياسەتتىن ھەممىدىن بەك خەۋەر تاپقان ياش ئىمام، شۇنداق تۇرۇپ قانۇننى كۆزگە ئىلمىسا بولامدۇ؟ بۇ گەپ تەشكىلگە يەتمەي قالارمۇ؟

ئەگەر بۇ ئىشنى ۋاقتىدا ھەل قىلمىسا كېيىن قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقار؟

سېيىت قارى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شېرىن خىيال ۋە كۆڭۈل ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلالماي، زۆھرەنىڭ ۋىسالىغا قانداق يېتىشىشنىلا ئويلاپ، بۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانلىقىنى، غەپلەتتە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى باستى.

ـ شۇڭا زۆھرە، سىز سېيىت قارىغا نىكاھلانغان ئىشىڭىزنى ئۆيدىكىلىرىڭىزگە دېمەي تۇرۇڭ، دېگەن بولسىڭىزمۇ ئۇلارغا دەپ قويۇڭ، باشقىلارغا دەپ يۈرمىسۇن. بولسا سېيىت قارى بىلەن يۇرتقا بىللە قايتىپ رەسمىيەت بېجىرىپ، تويۇڭلارنى قىلىۋېتىڭلار، ئاندىن خاتىرجەم بولىسىلەر.

زۆھرەنىڭ پىكىرلىرى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئەھۋال شۇ قەدەر جىددىيمىدۇ؟

ـ تويدىن كېيىن قانداق قارار قىلساڭلار، شۇنداق ياشاڭلار. نىكاھ قىلغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىمكان بار بىر ئۆيدە ياششى كېرەك. نىكاھ قىلدى دېگەن گەپ ئىككى مۇسۇلمان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بىر-بىرلىرىنىڭ ھەقلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى دېگەن گەپ. بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، نىكاھ قىلغاندىن كېيىن ئەر ئۆز ئايالىنى چوڭ بىر سەۋەب بولماي تۇرۇپ ئالدىراپ تالاق قىلالمايدۇ، ئايالمۇ ئېرىگە ھېچ سەۋەبنىڭ تايىنى يوقلا ئاجرىشىمەن دېيەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۇ ئايالغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارام. بىر-بىرىگە نىكاھى باغلانغان بىر جۈپ ياش بىر-بىرىنى توغرا چۈشىنىپ، كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىشىپ، بىرسى ھەددىدىن ئاشقاندا يەنە بىرسى سەۋر قىلىپ چىرايلىق ئۆتتۈشلىرى كېرەك. بولمىسا بۇ تۇرمۇش جەڭ-جېدەلنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ھېچكىم ھېچكىمنى مۇتلەق بويسۇندۇرالمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمەيدۇ، بەلكى مەغلۇپ بولسا ھەر ئىككىسى تەڭ مەغلۇپ بولىدۇ، زىيان تارتسا ھەر ئىككىسى تەڭ زىيان تارتىدۇ. شۇڭا بۇنى ئورتاق تۇرمۇش دەيمىز.

تاھىر قارىنىڭ پىكىرلىرى ئوچۇق، سۆزلىرى جايىدا ئىدى، « موللا دېگەن شۇنداق بولسا... يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا» دەپ ئويلاپ قالدى زۆھرە، سېيىت قارىمۇ دوستىنىڭ سۆزمەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قول قويدى.

— راست، بۇ ئىشنى ئويدان ئويلاشمىساق بولمىغۇدەك—دېدى سىيىت قارى زۆھرەگە جەددىي قاراپ قويۇپ— توي خېتى ئېلىشقا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

ئەمما زۆھرەنىڭ كاللىسى تېخى بىر يەرگە كېلىپ بولالمايۋاتاتتى. شۇڭا ھېچقانداق گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. گەپنى يەنىلا تاھىر قارى تەشتى:

— سىيىت قارى بىلەن بىللە يۇرتقا قايتىپ، رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە قوشۇلامسىز زۆھرە؟

— ھازىرچە رۇخسەت ئالالمايمەن...—دېدى زۆھرە پەسكە قاراپ.

— ئەمدى دېمەن، كېيىنچە بولسىمۇ يۇرتقا قايتىپ سىيىت قارى بىلەن ئۆيي تۇتۇشقا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بۇ گەپلەرنى ئەڭ ياخشىسى، سىيىت قارى ئۆزى سورىسۇن— دېدى زۆھرە گەپتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ— نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچى بولسا مېنى نەگە باشلىسا شۇ ياققا ماڭىمەن.

— سىيىت قارى سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەچكە، ئالدىڭىزدا گەپ قىلالمايۋاتىدۇ—دېدى تاھىر قارى كۈلۈمسىرەپ— گەپ قىلىڭلا قارىم، زۆھرەنى باي ھەم بەختلىك قىلالامسىلە!

— ئاللاھ خالىسا، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، مەن بۇنىڭغا چوقۇم تىرىشىمەن— دېدى سىيىت قارى جانلىنىپ.

— بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟—دېدى تاھىر قارى زۆھرەگە قادىلىپ.

— ئاللاھ ئامەت بېرىپ قالسا...—دېدى زۆھرە ئىككى خىيالدا تۇرۇپ قالغاندەك، بۇنىڭغىمۇ ئانچە ئىشەنچى يوقتەك بىر ئەلپازدا— قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز.

— «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. سىز سىيىت قارىغا ئىشىنىپ، ئۇنى قوللاپ بەرسىڭىز، دولدولغا قانات چىققاندەك ئىش بولىدۇ. ھەر قانداق ئەرنىڭ يېرىم كۆڭلىنى ئۇنىڭ ئايالى پۈتۈن قىلالايدۇ، ئەرنىڭ ئاجىزلىقىنى ئايالى تولۇقلىيالايدۇ. ئېسىل ئايال ئۆز ئېرى كەمبەغەل ياكى باي ۋاقتىدىمۇ خۇلقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئېرىنى ماڭىلا مەنسۇپ ئادەم، مەن قانداق بولسام ئۇمۇ شۇ دەپ ئويلايدۇ، ئېرىنىڭ بەختىنى ئۆزىنىڭ بەختى دەپ بىلىدۇ. سىز سىيىت قارىنى ئۆمۈرلۈك

ھەمراھلىقىقا تاللىغان ئىكەنسىز، بۇ تاللىشىڭىزدىن گۇمانلانماسلىقىڭىز، ئۆز كۆڭلىڭىزنى ئۆزىڭىز نابۇت قىلماسلىقىڭىز كېرەك. نۇرغۇن ئاياللار ئەرگە تەگكەندىن كېيىنلا پۇشايمان قىلىدۇ، ياخشىسىنى خىيال قىلىدۇ. ئەرلەردىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس. تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇندا « ياخشى بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ، يامان بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ، باشقىسى بىكار» دەيدىغان قاراش بولۇشى كېرەك. تويى قىلماستا بىر-بىرىنى جەلپ قىلىشقان تەرەپلىرىنى كۆپرەك ئويلاپ، ئارتۇقچىلىقىنى كەمچىلىكىنىڭ بوينىغا مىندۈرۈپ، شۇ ئازادە كەيپىيات ۋە ئۈمىدۋارلىقتىن ۋاز كەچمەي ياشىشى كېرەك. تويى قىلغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككى ئائىلىنى باغلاپ، ئۇرۇغ-تۇغقاندەك بولۇشۇپ كېتىدۇ، بۇ بىزدە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە. مەن چوڭلاردىن ئاڭلايمەن، ياخشى ئۆتۈشكەن ئەر-خوتۇنلار قېرىغانچە بىر تۇغقاندەك ئايرىلماس بولۇپ كېتىدىكەن، ئاجرىشىش دېگەننى قېرىنداشلىقتىن ۋاز كەچكەندىن ئېغىر ئالىدىكەن. مەن سىلەرنىڭمۇ شۇنداق ياخشى ئۆتۈپ كېتىشىڭلارنى، بولسا بىر ئۆمۈر ئىجىل-ئىناق، ئايرىلماس بولۇپ كېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

– رەھمەت دوستۇم، ياخشى گەپلەرنى قىلدىڭ...–دېدى سېيىت قارى پەسكە قاراپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان زۆھرەگە ئەنسىز قاراپ قويۇپ.

– كېتىدىغان چاغدا سىلەر بىلەن كۆپرەك ئەسرا بولالمايمەن، شۇڭا جىق گەپلەرنى دەپ سالدىم.

– ياقەي، ئوبدان گەپلەرنى قىلدىڭ...

«ئەمدى مۇشۇ ئوبدان گەپلەر قانچىلىك ئەمەلىيەتكە ئايلىنار–دەپ ئويلىدى تاھىر قارى– زۆھرەنىڭ خىيالى باشقىچىلا كۆرۈنىدۇ. سېيىت قارى غەيرەتلىك، سەۋرچان بولمىسا بولمىغۇدەك، بولمىسا دەردمەنلىك ئۇنى قىيناپ قويىدۇ.»

تاھىر قارى كۆتكۈچى قىزنى ھېساب-كىتابنى قىلىۋېتىشقا چاقىردى. سېيىت قارى بىلەن زۆھرە تاھىر قارىغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيلىرىگە كەتتى. تاھىر قارى سېيىت قارىنىڭ كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقماي، كەيپىياتى تۇراقسىز خوتۇنى بىلەن بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ بەختلىك

ئۆتۈشنى تىلەپ ياتتىقىغا كەتتى.

– دوستتىڭىز جىق گەپ قىلىدىكەن،– دېدى زۆھرە يولدا كېتىۋېتىپ،– ئەمما ھەممىسى ئورۇنلۇق گەپلەر. بۇنداق بولۇشنى بىزمۇ بىلىمىز، لېكىن تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەك بولمايدۇ.

– سىز قايسى تەرەپتىن دېمەكچى...

– مەسىلەن، ئەر-خوتۇننىڭ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈش مەسىلىسى... مېنىڭچە، بىر ئايال ئۆز ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدىغان بىر ئەرگە تەگكەندە ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتەلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا تېخى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش مەسىلىسى بار، كۆڭلىگە ياقسا بىر ئۆمۈر ئۆتەلەيدۇ، بولمىسا ئاجرىشىدىغان گەپ.

– سىز ئۆتكەندىمۇ ئاجرىشىشنىڭ گېپىنى چىقاردىڭىز. سىزنىڭچە ئاجرىشىش شۇنداق ئاسان ئىشمىدۇ؟–دېدى سىيىت قارى بىئارام بولۇپ.

– بىر-بىرىنى قىيناپ يۈرگەندىن ئاجرىشىپلا قۇتۇلغان ياخشى ئەمەسمۇ!

– ئاجرىشىش دېگەن ئويناپلا توي قىلغان، ئويناپلا ياشايدىغان ناچار ئادەملەرنىڭ ئىشى. ئادەم دېگەندە مەسئۇلىيەت بولمىسا بولمايدۇ. توي قىلىپ بالىلىق بولغاندىمۇ بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ ئاجرىشىدىغان ئەرلەرنىڭ تولىسى ھاراقكەش، زىناخور، ئويۇنچى... ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئېشەكلەرنى ھايۋان دېسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ...

سىيىت قارى ئۆزىنى تۇتالماي قايناپ كېتىۋىدى زۆھرە دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

– نېمانداق سەت گەپ قىلىسىز، ئۇنتۇپ قالماڭ، سىزمۇ بىر خوتۇننى قويىۋەتكەن ئادەم.

– لېكىن، مەندە گۇناھ يوق، ئۇ خوتۇن ئۆزىنىڭ رەسۋالىقىغا چىدىماي ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان.

– بولمىسا خوتۇن قىلىپ ئۆتىۋېرەمتىڭىز؟

– كىم سىزگە شۇنداق دېدى، بۇزۇق قىزنى ھېچكىم خوتۇن قىلمايدۇ. خوتۇن قىلغانلارمۇ ئۆمۈر بويى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتىدۇ. نامەرد ئەرلەر ئالدامچى قىزلارغىلا لايىق.

– سىزمۇ ئۆزگىرىزنى ئۇنداق چوڭ تۇتۇپ كەتمەڭ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ.

– جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى، بۇنىڭغا كۆز يۇمىمايمىز. لېكىن ساق ئادەملەرمۇ جىق، ھەممە ئادەم بۇزۇلۇپ كەتسە، جاھاندا ساق ئادەم قالمىسا ئاقىۋەتتە بىزمۇ ساق قالمايمىز. چۈنكى بۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمىز. جەمئىيەت بۇزۇلسا بىزگىمۇ يامان تەسىرى يېتىدۇ. بۇ خۇددى بىر ۋابا تاراپ كەتسە ئادەملەر بىر-بىرىدىن يۇقۇملانغاندەكلا ئىش. شۇڭا ھەممە ئادەم بۇزۇقچىلىقتىن خۇددى ۋابادىن قورققاندەك قورقۇشى كېرەك.

– موللا ئادەم دائىم بىر ئىشلارنى ئاشۇرۇپ سۆزلەيدىكەن، قۇلاققا ياققۇدەك گېپىڭلار ئاز.

– گېپىم خاتامۇ؟! خاتا بولسا خاتا يېرىنى دەڭ، بولمىسا موللىنى كەمسىتمەڭ.

– مەن سىزنى كەمسىتمىدىم، شۇ مىجەزىڭىز تازا قاملىشالمايدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

– قاملىشىپمۇ قالار، سىز ئاۋۋال موللىغا بولغان قارىشىڭىزنى توغرىلاڭ، ئاندىن مېنى توغرا چۈشىنەلەيسىز.

– بېيجىڭدا قانچە كۈن تۇراي دەيسىز؟–دېدى زۆھرە تاكسىدىن چۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە.

– ئۇقمايمەن، مېنى تېزرەك كەتسىكەن دەمسىز؟!

– تاۋىڭىز بەك نازۇكلىشىپ كېتىپتۇ، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

– ئېشىپ كەتسە بىر ھەپتە، تاشنى سېتىپ بولسا ملا كېتىمەن.

– تاھىر قارى كەتسە، تاشنى ساتالارسىزمۇ؟

– ئادەم قىلالىغاننى ئادەم قىلالايدۇ.

– مۇشۇنداق چوڭ گەپنى جىق قىلىسىز، قېنى ئەمەلىيەتتە كۆرەرمىز...

ئىككىيلەن بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ سالىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى تارتىپ، بىر ئۆيدىكى ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ ئىنتىلىپ، ۋاقىتلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن تاھىر قارى ماڭىدىغان بولۇپ قالدى، سىيىت قارى ئايروپورتقا ئۇزىتىپ چىقتى. تاھىر قارى سىيىت قارىغا ئىككى مىڭ يۈەننى تۇتقۇزۇپ:

ــ سەنمۇ ئاز جاپا چەكمىدىڭ بۇرادىرىم، قايتىپ قالساڭ پۇلسىز قالما ــ دېدى.

ــ بۇنداق قىلمىساڭمۇ بولاتتى– دېدى سېيىت قارى تەسىرلىنىپ– سېنى بەك جىق ئاۋارە قىلىپ كەتتىم.

ــ ئۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى قارىم، قانداق قىيىنچىلىقىڭ بولسا ماڭا تېلېفون قىل، كارتىڭغا پۇل سېلىپ بېرەمەن. خوتۇن ئالدىڭ، پۇل ھەر ۋاقىت لازىم بولىدۇ.

ــ رەھمەت دوستۇم، مەنمۇ بىكار ياتماي مىدىرلاپ تۇرىمەن، شۇ تاشلارنى سېتىشقا يول ئىزدەيمەن.

ــ خېرىدار چىقىپ قالسا بەك پايدىسىغا بولمىسىمۇ سېتىۋېتەرسەن، بولمىسا مەيلى.

ــ شۇندقتىمۇ تىرىشىپ باقىمەن.

ــ خەير، ئەمىسە ئاللاھقا ئامانەت.

ــ خەير دوستۇم، ئاق يول بولسۇن، بېرىپلا تېلېفون قىلىۋەت.

ئىككى دوست بىر-بىرىگە قىيالماي قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

سېيىت قارى زۆھرە تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ھېچ نەرسىنى ئۆزىگە تەۋە دەپ ئويلىمايتتى، زۆھرەنىڭ مۇئامىلىسى ھەر قانچە ئىللىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىدا تۇرغاندەكمۇ ئازادە ھېس قىلالمايتتى؛ ئەتىگەندە چېيىنى ئىچىپ بولسا پەنجىيايۇەنگە كېتىپ تونۇش تاشچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشاتتى، ئۇلار سېيىت قارىغا پايدىلىق ئۇچۇر بەرمىسىمۇ، ئۇنى ئىشەنچلىك قارىم ھېسابلاپ كۆڭلىدىكى بەزى گەپلىرىنى دەيتتى، ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا سورايتتى. ئۇلار يەنە تاشچىلارنىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرىنى سۆزلىشەتتى، كىملەرنىڭ مىليون-مىليون پۇلغا تاش ساتقانلىقى، كىملەرنىڭ قوشلاپ خوتۇن ئالغانلىقى، كىملەرنىڭ رۇس سەتەڭلىرى توپلاشقان ياباۋلۇدا ئېتىبار باھانى قايرىپ قويۇپ ئويناپدىغانلىقى، كىملەرنىڭ مىليون يۈەنلىك ئېسىل ماشىنىلارنى ئېلىپ بېيجىڭدا ھەيدەپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا پۇل دېگەننى ساقچىنىڭ يۈزىگە چېچىپ قويۇپ كېتىۋېرىدىغانلىقى... ھەققىدە زوقلىنىپ پاراڭ قىلىشاتتى.

سىيىت قارى تونۇگۇنكى قەلەندەر تاشچىلارنىڭ بوگۇن ئىشتىنىغا پاتماي، ئاللاھ بەرگەن نىمەتنى بۇزۇپ-چېچىپ گۇناھقا گەدەنگىچە پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن غەزەبلىنەتتى؛ پۇل تېپىپلا خۇدنى يوقاتقان شۇ مەخلۇقلارنىڭ باغلاقتىن بوشانغان ئېشەكتەك ھاڭراپ، ئىمانىنى بۇلغاپ ياشاۋاتقانلىقىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇلار ئېرىشكەن مال-دۇنيانىڭ ھامان ئىستەك-سورىقى بولاتتى، مال-دۇنيا ئۇلارغا بېرىلگەن ئامانەت، چوڭ بىر سىناق ئىدى، بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلسا ئىككىلا ئالەمدە ئۇنىڭ ساۋابى، نەتىجىسىنى كورەتتى؛ يامانلىق يوللىرىغا سەرپ قىلسا بۇ دۇنيادا خارۇ زارلىقتا، ئۇ دۇنيادا تېخىمۇ چوڭ ئازابقا قالاتتى.

« ھەي... ساپاسىزلىق، بەغەرەزلىك، نادانلىق، دۆتلۈك...» دەپ قوياتتى ئامىتى كەلمىگەن تاشچىلار ئۆزىنى سىيىت قارىغا خېلى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق كورسىتىپ، ئەمما ئۆزلىرى شۇنچىلىك تاش ساتالىغاندا قانداق ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. تاشچىلار گەپ دېگەننى تېپىپ تۇراتتى، سىيىت قارى ئۇلاردىن يەنە بۇ قېتىم جانلانغان تاش سودىسى داۋامىدا چوڭ ئالدامچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدى: بىر كاززاپ ئۇستىلىق بىلەن يالغان قاشتېشى ياساپ، شاڭگاڭلىق بىر سودىگەرگە بەش مىليون يۈەنگە سېتىپتۇ، سودىگەر ئۇ قاشتېشىنى ئۇنچە-مەرۋايىت دۇكىنىغا قويۇپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ، تاشنى مېھمانلارغا كورسىتىپتۇ، مېھمانلار ئىچىدە بىرسى قاشتېشىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى ياخشى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئىكەن، بۇ تاشنىڭ ساختىلىقىنى تەكشۈرۈپ بىلىۋاپتۇ ۋە شۇ يەردىلا ئۇ سودىگەرنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يالغان تاشقا مېھرى چۈشۈپ قالغان بىچارە سودىگەر ئۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ، مۇتەخەسسىس قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن ئۇ شۇ يەردىلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ، زىيانغا چىدىماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ساقچىلار ھازىر شۇ ئالدامچىنى ئىزدەۋېتىپتۇدەك... بۇ گەپ تاراپ كېتىپ، شىنجاڭلىقنىڭ يۈزى خېلىلا تۆكۈلۈپتىدەك. شۇڭا ھازىر شىنجاڭلىق تاشچىلارنىڭ تېشىغا ئىشەنمەسلىك كەيپىياتى ئېغىر ئىكەن.

بىر ناكەس چىقىپ بىر قاچا ئاشنى بۇلغىغان گەپ، سىيىت قارى بۇ كوڭۈلسىز خەۋەردىن ئاھ ئۇردى، تېشىنى خەق ئالمىغانچە ئاشۇنداق ئىپلاس مەرەزلەرگە لەنەت ئوقۇدى.

ئىككى كۈندىن بىرى سىيىت قارى پەنجىيايۈەندىكى پىيادىلەر يولىدا تېشىنى ئېچىپ قويۇپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇردى، سودا يوق، چىۋىن بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قالدۇق تاشلىرى ئانچە ئېسىل تاشلار ئەمەس ئىدى، قىزىقىدىغانلار چىقمىدى. يەنە كېلىپ تاشچىلار كۈندىن كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. كەلگەنلەر ئىچىدە «تاشنى بىۋاسىتە ئاپىرىپ ساتسا پايدىنى جىق ئالغىلى بولىدىكەن» دەپ دەريا قىنىدىن كولاپ تاپقان تېشىنى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ياش باللار، ئوتتۇرىدىكى لەيلىمە باھادىن پايدا ئالىمىز دەپ كەلگەن ۋاستىچىلارمۇ جىق ئىدى، سىيىت قارى بۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىيىت قارىغا ئوخشاش كوچىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى، قاشتېشى ئالىدىغان شىركەت ۋە چوڭ سودىگەرلەرنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ خالىغانچە كۆرۈشەلمەيتتى. پىرامىدا شەكىللىك بۇ سودىدا ھامان مۇشۇ شەھەردە مۇقىم تۇرۇپ چوڭ خېرىدارنى كۆزلەيدىغان، ھەم ئالىلىبۇرۇن شۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن چوڭ تاش سودىگەرلىرى بولاتتى، بۇلار ئاپئاق كاستۇم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئېسىل ماشىنىلىرى ھەيدەپ ئاۋارە تاشچىلار، ئوتتۇرا قاتلام تاشچىلىرى ئارىسىدىن تاش تاللايتتى، ياخشى تاش بولسىلا پايدىنى مۆلچەرلەپ ئالمۇېرەتتى. لېكىن ئۇلار بازارغا كۈندە كەلمەيتتى، بىرەر گەپ چىقىپ، بازار بوشاپ كەتكەندە ئاندىن پەيدا بولۇپ قالاتتى-دە، تاشلىرىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە تازا ئىشەنچى يوق ئاۋارە تاشچىلارنىڭ تېشىنى ئەرزان باھادا ئېلىۋالاتتى. سىيىت قارى كۆرۈپ باقمىغان ئۇ تاش سودىگەرلىرى سىيىت قارىنىڭ تېشىنىمۇ كۆرۈپ باقتى، لېكىن قىزىقمىدى، بىرسىنىمۇ ئالماي كېتىپ قالدى. باشقا تاشچىلار ۋە تاشلار بەك جىق ئىدى! يېڭى-يېڭى سۈپەتلىك تاشلار كېلىپ تۇراتتى، قولدىن قولغا ئۆتۈپ سىلىقلىشىپ، ئەتىۋارلىشىپ، قىممەت باھالىق گۆھەرلەرگە ئايلىناتتى. سىيىت قارىنىڭ بىرەر تېشىمۇ بۇنداق گۆھەرگە ئايلىنىپ باقمىدى.

«تاشنىڭ روھى»غا مەپتۇن بولغان تەيۋەنلىك، شاڭگاڭلىق، شاڭخەيلىك جاۋاھىرات زەردارلىرى بولمىغان بولسىدى، تاشچىلارمۇ تېشىنىڭ قىممىتىنى بىلەلمىگەن، ئۇنچىلىك يۇقىرى باھانى قويالمىغان بولار ئىدى. بۇ سودىدا ئادەملەر پەقەت مۆلچەر بىلەنلا ئىش قىلاتتى، باھانى ئۆزى قويۇپ ئۆزى ئۆستۈرۈپ بىر ياقلارغا ئاپىرىۋېتەتتى. تاشچىلارنىڭ قولىدىن چىققان ئېسىل تاشلار جاۋاھىرات

سودىگەرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن زىبۇزىننەت زاۋۇتلىرى، ئويمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىگە كامىل خەنزۇ ئۇستىكارلىرى تەرىپىدىن نەپىس بۇيۇملارغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى باھاغا نەچچە ھەسسە باھا قېتىلىپ، چوڭ سودا سارايلىرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

تاشلىرىنى گۆھەر قىلالمىغان، نەچچە كۈن سوكۇلداپ بىر تىيىنمۇ پۇل تاپالمىغان سىيىت قارى ھەر كۈنى كەچتە زۆھرەنىڭ يېنىغا سالپىيىپ يېنىپ كېلەتتى. روھى بەك چۈشكۈنمۇ ئەمەس ئىدى، سەۋر قىلاتتى. ئەمما زۆھرەنىڭ قاپىقىنىڭ ئېچىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. زۆھرە دەسلەپكى ئۈچ كۈندە ئۇنى توغرا چۈشەندى، تاش سودىسى باققالچىلىققا ئوخشىمايتتى، ئاپارغان نەرسىسىنى بېرىپلا ساتقىلى بولمايتتى. لېكىن تۆتىنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ يەنە ئۇششاق گەپلىرى چىققىلى تۇردى:

ـ قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ئالدىڭىزغا بىر كىم ئالاي دەپ كەلمەيدۇ، ئۆزىڭىز بېرىپ خېرىدار ئىزدىشىڭىز كېرەك.

ـ تاھىر قارى دەپ بەرگەن خېرىدارلارنىڭ بەزىسى تېلېفوننى ئالمىدى، بەزىسى «ھازىرچە تاش ئالمايمىز» دېيىشتى...

ـ باشقا ئادەملەرنى ئىزدەپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

ـ ئالدىراپ ئۇقۇشقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كاززاپ تاشچىلار خەقنى ئالداپ يۈزىمىزنى بەك تۆكۈۋېتىپتۇ.

ـ بىز خەقنىڭ زادى بىر ئىشلىرى ئاقمايدۇ، بىرسى بىر ئىش قىلسا دوراپ ھەممىسى قىلىدۇ. ئاندىن بىرسى قويۇپ ئىشنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنىڭ ئىشى سۇغا چىلىشىدۇ.

ـ توغرا دەيسىز، ھازىر پەنجيايۇەندە تاشچىلار ئاۋۇپ كەتتى، بىر-بىرىنى ئالدايدىغان ئىشلارنى كۆپ ئاڭلايمىز، ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، بىر-بىرىگە نەپ بەرمەيدۇ، ئالدىڭىزدا بىر خىل گەپ قىلىپ قويۇپ، كەينىڭىزدىن باپلايدۇ. ھەي.. بۇ سودىمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ...

ـ قارىغاندا سىز بۇ ئىشنىمۇ قىلالمىغۇدەكسىز، ـ دېدى زۆھرە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ـ تەقۋا

بولغاندىكىن خۇدايىم بېرەر دەپ ئويلاپتىكەنمەن تېخى...

ــ خۇدايىم بۇ دۇنيادا بەرمىسە، ئۇ دۇنيادا بېرەر.. مەندىن ئۈنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ.

ــ ئۇ دۇنيادا بەخت كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزگە، لېكىن مېنى بۇ دۇنيادا بەختلىك قىلىشىڭىز كېرەك.

ــ مانا مەن سىزنى بەختلىك قىلىمەن دەپ كۈندە تىرىشىۋاتىمەنغۇ، تاش ساتىمەن دەپ بەزىدە نامازدىنمۇ قېلىۋاتىمەن.

ــ بىر-ئىككى كۈندىلا مېنى بەختلىك قىلالامسىز؟! ھېلىتىنلا ماڭا چوڭ ئىش قىلىپ بەرگەندەك قاقشىغىلى تۇردىڭىز مانا، ئەر دېگەنگە ئويلىشىپ تېگمىدىغان ئىش ئىكەن ئەسلى...

ــ ماڭا خاتا تېگىپ قاپسىز-دە!

ــ ياق ئەمدى، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، سىزنى جىلە قىلمىسام تىرىشمايسىز. مەن دەيمەن، كىچىلىك تۇرمۇشنىلا ئەر-خوتۇنچىلىق دەپ ئويلاپ قالماڭ، كۈندۈزىمۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشىڭ، بىر نەچچە كۈن ناماز ئوقۇيالمىغانغا قاقشىماڭ، جانلىقراق بولۇڭ...

ــ مەن سىزنى دەپ ھېلىمۇ تىرىشىۋاتىمەن، بۇنداق ۋاقىتتا كۆڭلۈم بەك نازۇك بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا ماڭا ئازار بەرمەڭ، دىل ئازاردىن خۇدا بىزار دېگەن گەپ بار.

ــ ھە دېسە خۇدايىمنى تىلغا ئېلىپ ئادەمنى قورقىتىدىغان قارىم سىز، باشقا گەپ ئاغزىڭىزغا كەلمەمدۇ؟

ــ موللام بولغاندىكىن كۆنۈپ قاپتۇق، بىز ئاللاھ زىكرىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز.

سېيىت قارى ئاخشاملىرى زۆھرە بىلەن ئانچە-مۇنچە غىزىلدىشىپ قالسىمۇ، كېچىنى بەختلىك ئۆتكۈزەتتى. زۆھرەمۇ بۆلەكچە سېھرىي كۈچكە تولۇپ گۈزەللىشىپ، مۇلايىملىشىپ كېتەتتى.

ھەپتە ئاخىرى يېتىپ كەلدى، سېيىت قارى يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتكە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن يەنە تاش بازىرىغا بېرىپ چۆرگىلەپ باقتى، ئەھۋال كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى، ھەتتا كىشىنى بىزار قىلاتتى، ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. يولدا ماڭغان ئادەملەر تاشچىلارغا بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

سىيىت قارى يەنە زۆھرەنىڭ قاپىقىنى ئويلاپ، ھارغىن قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە باردى. بۇ ھەپتىمۇ توشۇپ قالدى، تاشتىن بىرنىمۇ ساتالمىدى، زۆھرەنى كېچىسى خوش قىلغان بىلەن كۈندۈزى خوش قىلالمىدى. ئۆي زۆھرەنىڭ، تاماق زۆھرەنىڭ، كېلىۋاتقان بەخت، ۋىسال شادلىقلىرىمۇ گويا زۆھرەنىڭ. سىيىت قارى ئۇنىڭ قايسى ھەققىنى قايتۇرالىدى؟! سىيىت قارى ئېغىر روھىي بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ناخۇش كەيپىياتتا ئۆيگە يېنىپ كەلدى، زۆھرە ئىشىكنى ناھايىتى ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئاچتى، سىيىت قارى ئۆيگە كىرىپ سافاداسېمىز، قارامتۇل بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ــ مېنىڭ باشلىقىم، ھوسەيىن...ــ دەپ تونۇشتۇردى زۆھرە.

سىيىت قارى ئېسىنى يىغىپ، ئۇ ئەرەب بىلەن كۆرۈشتى. ھوسەيىنمۇ سىيىت قارىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

ــ بۇ ياق مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام...ــدېدى زۆھرە سىيىت قارىنى تونۇشتۇرۇپ.

سىيىت قارى مەكتەپتە ئانچە-مۇنچە ئىنگلىزچە ئۆگەنگەچكە بۇنچىلىك گەپنى چۈشىنەلەيتتى، بۇ ناھەق گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ئاندىن زەردىسى ئۆرلەپ زۆھرەگە بىر قاراپ قويدى ۋە دەرھال ئەرەبچە جاۋاب قايتۇردى:

ــ ياق، بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم.

زۆھرە بۇ گەپنى چۈشەنمىدى، لېكىن ھوسەيىننىڭ ئۆزىگە باشقىچە نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سىيىت قارىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالىدى.

ھوسەيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سىيىت قارىغا: «مەبرۇك» (مۇبارەك بولسۇن) دەپ قويدى، ئاندىن زۆھرەگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ يېڭى توي قىلدىڭلارمۇ؟ سىلەرنى تەبرىكلەيمەن!ــ دېدى.

زۆھرە يېقىمسىز كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى سىيىت قارىنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك سىغمىدىكى، ھوسەيىن بولمىغان بولسا ئۇنىڭغا بىر مۇنچە قاتتىق گەپلەرنى دەۋەتكەن بولاتتى.

زۆھرە تاماق ئېتىپ تۇرغانىدى، ئۇچەيلەن كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا غىزالاندى. ھۆسەيىن سىيىت قارى بىلەن بىر نەچچە ئېغىز ئەرەبچە پاراڭلاشتى، سىيىت قارىنىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جۇڭگودا قانچە ئىسلام ئىنستىتۇتى، قانچە ئوقۇغۇچى بارلىقىنى سورىدى. سىيىت قارى بىلگىنىچە جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. غىزالىنىش ئارىلىقىدا زۆھرە ھېلى ئاشخانىغا، ھېلى جوزىغا يۈگۈرۈپ پايىپېتەك بولدى، ھۆسەيىنگە چاي قۇيۇپ ھارمىدى. ئەمما ھۆسەيىن ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، سۆزگە جاۋاب بەرمىدى. يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ خوشلىشىپ كەتتى. ئۇ كېتىپلا ئۆيدە بىر جىددىيلىك، بۇرۇقتۇرما كەيپىيات پەيدا بولدى.

— ھۆسەيىنگە سىز نېمە دېدىڭىز؟— دېدى زۆھرە قاچىنىمۇ يىغىشتۇرماي تۇرۇپ.

— بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم دېدىم، نېمە بوپتۇ؟! خاتا گەپ قىلىپتىمەنمۇ؟— دېدى ئاران تۇرغان سىيىت قارى.

— مەن ئۇنىڭغا تويى قىلغانلىقىمنى دېمىگەن تۇرسام نېمىشقا دەيسىز؟!

— ئەمىسە سىزدەك يالغان گەپ قىلسام بولامتى! تېخى مەندىن بەك ئاچچىقلايسىزغۇ؟!

— تۇۋا ماۋۇ بالىنى، ھەممە گەپنى خەققە دەپ يۈرگىلى بولامدۇ؟! مېنىڭ سىزنى ئېرىم دېمەسلىكىمدە سەۋەب بار، بولمىسا ئۇنداق دەمدىمەن!

— نېمە سەۋەب بار؟ دەڭە، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

— دېسەممۇ سىز چۈشەنمەيسىز...

— دەپ باقماسىز قېنى، دۆت بولساممۇ ئۇنچىلىك دۆت ئەمەسمەن.

— ئەرەب باشلىقلار ئېرى بار قىزنى كاتىپ قىلمايدۇ.

— ئېرى يوق قىزنى كاتىپ قىلىپ قانداق قىلماقچىكەن؟!

زۆھرە ئۆزى تاپقان گەپنى ئۆزى چۈشەندۈرەلمەي، تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

— ئىشقىلىپ... بۇ ئەلچىخانىنىڭ قائىدىسى. نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بېرىپ ئۆزىدىن سوراڭ ئەرەبچە بىلگەندىكىن...

ــ مەن ئۇنچىلىك كالۋا ئەمەس زۆھرە، گەپ دېگەننى ئويلاپ قىلىمەن.

ــ ئويلاپ گەپ قىلىۋاتىمەن...

ــ ئىشقىلىپ، سىز بۇگۈن ياخشى ئىش قىلمىدىڭىز، قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلدىڭىز، ئادەم دېگەن راستچىل بولۇشى كېرەك.

ــ نېمە قىلىشىم بىلەن كارىڭىز نېمە؟ مەن خېلى ئەركىن ئىنسان ئىدىم، ئەرگە تېگىپلا قىسماققا چۈشتۇم مانا، بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. ماڭا تولا ئىش ئۆگەتمەڭ، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، بۇرۇنمۇ شۇنداق ياشاپ كەلگەن قىزمەن، ئەرگە تەگمىگەن بولسامۇ ياشاۋېرەتتىم. ئېرىم دەپ تەگكەن ئادەمنىڭ ھالى مانا، يا تاش ساتالىغۇدەك ھالىڭىز يوق، يا ئادەمنى خوش قىلغۇدەك بىرەر گېپىڭىز يوق...

سىيىت قارىنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىر-ئېغىر سوقۇپ كەتتى، ھەسرەتلىك تىنىپ قويۇپ:

ــ توي قىلغىنىمغا دات دېگۈزىدىغان بولدىڭىز، ئەركىن ياشاشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىڭىز، بوپتۇ، مەن ئەتىلا كېتەي...ــدېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زۆھرە يۈزىگە بىر كىم سوغۇق سۇ چېچىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى:

ــ خوتۇن كىشىدەك نېمانداق ئاسان قېيىدايدىغان بالىسىز؟ شۇنچىلىك گەپنىمۇ قىلغىلى بولمامدۇ سىزگە! مۇشۇ يېرىڭىزنى پەقەت ياقتۇرمايمەن.

ــ ئەر كىشىمۇ كۆتۈرەلىگۈدەك گەپ بولسا كۆتۈرىدۇ، ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپنى قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

ــ غۇرۇرۇم بار دەپ ئىشنى دائىم بۇزۇپلا يۈرەمسىز؟

ــ قايسى ئىشنى بۇزۇپتىمەن؟! ــدېدى سىيىت قارى گاڭگىراپ، ــ ئەمىسە مەن ئۇششاق شۇ گەپلىرىڭىزگە چىداپ قېشىڭىزدا تۇرۇۋەرسەم بولامتى؟

ــ ئۇنى دېمىدىم مەن، باشلىقىڭىزغا دېگەن گېپىڭىزنى دەۋاتىمەن.

ــ ھە، چۈشەندىم. مەن كەتسەم-كەتمىسەم بەربىر، ئىش بۇزۇلمايدۇ. ئەمما ئۇ باشلىقىڭىز سىزنى

ياقتۇرماي قالسا ئىش بۇزۇلىدۇ. شۇنداق دېمەكچىمۇ؟! توغرا، مەن سىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئەمما ئۇ سىزگە ھەممىنى قىلىپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟!

ــ نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز؟!

ــ گېپىڭىزدىن شۇ مەنە چىقىدۇ، سىز خۇدادىن قورقمىغان بىلەن باشلىقىڭىزدىن قورقىدىكەنسىز، نېمانچە قورقىسىز؟ سىزنى خوتۇنۇم دەپ قويغانغا ئۇ ئادەم سىزنى ئىشتىن ھەيدىۋېتەرمۇ؟

ــ ئۇققىلى بولمايدۇ، ئەرەب باشلىقلارنى سىز چۈشەنمەيسىز.

ــ بۇ ئادەم ئۇنچىلىك ئەسكى كۆرۈنمەيدىغۇ...

ــ سىز نېمىنى بىلىسىز؟...ــ دېدى زۆھرە ۋە ئېغىزىنى ئىتتىك يىغىۋالدى، ــ بۇ ئادەمنىغۇ بەزى ئەرەبلەرگە باققاندا ئەسكى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن كۆڭلىدىكىنى ئۇققىلى بولمايدۇ، باياتىنمۇ كۆردىڭىزغۇ ئەنە، ماڭا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى...

ــ ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

زۆھرە جىم بولۇپ قالدى، سىيىت قارى ئۇنى بايىقى ئاچچىقىدا تىرىكتۇرۇۋاتاتتى.

ــ سىز ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ ــ دېدى زۆھرە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ــ ئەر كىشى بولغاندىكىن چوڭ سۆيەت ياشاڭ، تاش سېتىشىڭىز غېمىنى قىلىڭ. ئەلچىخانىنىڭ ئىشى ئاسان ئىش ئەمەس، ھەممىسىگە كاللا كېرەك، مۇناسىۋەت كېرەك. بىر باشلىق سىزنى ياقتۇرماي قالسا ئەتىسىلا ئىشتىن بوشىتىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەيسىز. قىز بالىنىڭ ئىشى ئاندىن تەس، كۆپىنچىسى باشلىقنىڭ ئاشنىسى يا بىر نېمىسى، ھەممىسى مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ياشايدۇ. مەندەك ئۆزگە تايىنىپ ئىشلەيدىغان قىزلار ئاز، بۇ ئۆزۈمنى ماختىغانلىق ئەمەس، مەنمۇ مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلمەن، لېكىن ئۇ قىزلاردەك نومۇسنى قايرىپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.

ــ مەن سىزگە ئىشىنىمەن ــ دېدى سىيىت قارى زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ــ لېكىن بىر ئادەمگە ئۇنچىلىك قىلىپ كېتىشىڭىز ھاجىتى يوق. ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆرمەت قىلىشى بەلەن ئىش، ئەمما قۇلچىلىق قىلىشى بىچارىلىك.

ــ مەن ئۇنداق قىلمىدىمغۇ؟!

ــ لېكىن سىزنىڭ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ قىلمىغانلىرىڭىز قالمىدى، كۆزىڭىز شۇ باشلىقتا، قاراپ مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى...

ــ ئەمدى شۇ باشلىقتىن مېنى كۈنلەۋاتامسىز؟ گېپىڭىز نېمانچە جىق!

ئاچچىق ھەر قانداق گۈزەل قىزنىڭ چىرايىنى سەتلەشتۈرۈۋېتەتتى. سىيىت قارى ئۇنىڭ جاھىللارچە خاپىلىقىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى.

ــ بۇ قانداقمۇ كۈنلەش بولسۇن؟!ــ دېدى سىيىت قارىمۇ سۆزىدىن يانماي،ــ مۇشۇ قېرى ئادەمنى كۈنلەۋاتىدۇ دېسىڭىز، بۇ گەپ پەقەت قاملاشماي قالدى. مېنىڭ دېگىنىم، سىزنىڭ بايىقى قىلىقلىرىڭىز كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى، ئۆزىڭىزگە پەقەت ئوخشىماي قالدىڭىز. سىزنى ئۇنداق بىچارە ھالدا كۆرسەم چىدىيالمايدىكەنمەن...

ــ شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنى بىچارە قىلمايدىغان بىر تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ بېقىڭە قېنى! جان دەپ كەينىڭىزدىن ماڭاي، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، ئۆمۈر بويى ئايىغىڭىزدا ئۆملەي...

ــ ئارزۇيىڭىزنى سەل كىچىكلەتسىڭىز، ئاندىن تەلىپىڭىزنى ئورۇنلىغىلى بولارمىكىن؟

ــ مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇنچىلىك چوڭما؟! تۇرمۇشۇم باياشات ئۆتسە دەيمەن شۇ..

ــ ئادەم دېگەن مال-دۇنياغا مەڭگۈ قانمايدۇ، ئېرىشكەنچە يەنە ئېرىشسەم دەيدۇ.

ــ بۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، ئەقەللىي ئىمكانلارغا ئېرىشىپ بولۇپ ئاندىن بۇ گەپلەرنى دېسىڭىز ئاقىدۇ، بولمىسا ئۇ ئۆزىنى ئەخمەقلەرچە ئالداش.

ــ بۇ ئىدىيىڭىزنى ئۆزگەرتىش تەس ئوخشايدۇ، سىز كۆتكەندەك باي ئەر بولالمىسامىمۇ ئاق كۆڭۈل ئەر بولالايتتىم، جىق پۇل تاپالمىسامىمۇ تۇرمۇشىمىزغا يەتكۈدەك بىر نەرسە تاپالايتتىم، ئەڭ مۇھىمى، روھىڭىزنى باي قىلالايتتىم.

ــ مەنمۇ پۇلنى دەپ ھەممىنى قايرىپ قويىدىغان قىز ئەمەس، بىر ئادەم ئېرىشىشكە تېگىشلىك گۈزەل، پاكىز تۇرمۇشقا ئېرىشسەم دەپلا ئويلايمەن. سىزنىڭچە بۇ ئېشىپ كەتكەن تەلەپمۇ؟!

ـ ئۇنداق ئەمەس، لېكىن سىز گۈزەل تۇرمۇشنى شەھەردىلا دەپ ئويلىۋالسىڭىز بولمايدۇ.

ـ سىزنىڭچە نەدە؟ بىزنىڭ مەھەللىدە!؟

ـ گۈزەل تۇرمۇش ئاۋۋال قەلبىڭىزدە، روھىڭىزدا، ئىمانىڭىزدا... ھەرىكىتىڭىزنى روھ، قەلب باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ بىزنى شۇنداق ياراتقان.

ـ سىز يەنە موللاملىق قىلغىلى تۇردىڭىز، سىز تۇرمۇشنى ئاشۇنداق قەلبىمدە دەپ يۈرۈۋېرىڭ، مەن تۇرمۇشنى بەك ئەمەلىي نەرسە دەپ ئويلايمەن. شەھەردە ئىزدىگەن نەرسە تېپىلىدۇ، يېزا دېگەن چۆل يەر، شەھەردە ھەر كۈنى رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى كۆرەلەيسىز، يېزىدا توپىدىن باشقا نېمە بار، شۇڭا مەن شەھەرنى ياخشى كۆرىمەن.

ـ بۇنى بىلىمەن، لېكىن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، شەھەر دېسىڭىز جىققۇ، ئۈرۈمچىمۇ بىزگە بۇ يەردىن جىق ياخشى، بۇ يەرنىڭ نېمىسىگە شۇنچە تارتىشىسىز؟

ـ كۆنۈپ قالغان يەر ھەممىدىن ياخشى، ئىشقىلىپ مەن مۇشۇ شەھەرنى ياخشى كۆرىمەن، ھاۋاسىمۇ ماڭا ياقىدۇ.

سىيىت قارى ئىچىدە كۈلۈپ قويدى، ئوخشىمىغان كاللا، ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالغان ئەر-خوتۇنلار ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق تالاش-تارتىش قىلىپ ئۆتەمدىغاندۇ؟!

ـ بايىقى باشلىقىڭىز بۇ ئۆيگە نېمە دەپ كەپتۇ؟ ئۆينى قايتۇرۇڭ دەمدۇ؟ـدېدى سىيىت قارى زۆھرە بىلەن چېقىشقۇسى كېلىپ.

قاچا يۇغىلى ماڭغان زۆھرە جايىدا تۇرۇپ قالدى، سىيىت قارىغا ھارغىنلىق، ھەم سەل بىزارلىق بىلەن قاراپ:

ـ قورسىقىڭىز تويغان بولسا تېلېۋىزور كۆرۈڭ، بولمىسا بۇ گەپلەرنى ئەمدى دېيىشمەيلى،ـدېدى.

ـ ئېرىڭىز بولغاندىكىن سوراپ قويدۇم، ئۆيگە بىر ئادەم كەلسە سوراش ھوقۇقۇممۇ يوقما؟

ـ سوراڭ، ھەممىنى سوراڭ، بۇنداق قۇم قازى ئىكەنلىكىڭىزنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. مەن ئۇ ئادەمنى چاقىرىپ كەلمىدىم، ئۆزى تۇيۇقسىز كەپتۇ، كېتىڭ دەمدىمەن؟ ئاڭغىچە سىزنىمۇ كېلىپ قالار

دەپ ئويلىدىم.

ــ نېمانداق قاملاشمىغان ئادەم ئۇ، مۇسۇلمان ئادەم دېگەننىمۇ ئېرى ئۆيىدە يوق ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرامدۇ؟ سىزنىڭ ئۇنى مەن كەلمەستىلا ئۆيگە باشلىشىڭىزمۇ خاتا، سىزگە ئىسلام قائىدىلىرىنى تازا ئوبدان چۈشەندۈرمىسەم بولماپتۇ.

ــ مېنى ھېلىتىنلا قۇشناچىم قىلاي دەمسىز؟ مەن سىزگە دەپ قوياي، مەن بۇنىڭغا ھازىرچە كۆنەلمەيمەن. مۇسۇلمانچىلىق ئاستا-ئاستا دېتىكەن.

ــ ئاشۇنداق ئاستا-ئاستا دەپ، جان ھەلقۇمغا كەلگەندە مۇسۇلمان بولامسىز؟ ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، ئىشنى بۇرۇنراق باشلىغان ياخشى.

ــ مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەۋاتامسىز؟! نېمانداق گېپىڭىز تۈگىمەيدۇ سىزنىڭ! ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق تاماق ئوبدان خوشيېقىۋاتامدۇ؟ موللا دېگەنغۇ تەييارنى يەپ ئۆگىنىپ قالغان خەق، ئۇششاق گېپى ئاندىن جىق، بۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسىڭىز سىز بىلەن بىللە تۇرۇپ بولالمىغۇدەكمەن!ــ دېدى زۆھرە قاچىنى تاراقشىتىپ يۇيۇۋېتىپ،ــ بىر موچەنلىك تاش ساتقىنىڭىزنىڭ تايىنى يوق، يەنە نېمە تولا گەپ!

ــ بوپتۇ، گەپ قىلماي... ــ دېدى سىيىت قارى ئۇمىدسىز، ھارغىن، ھەسرەتلىك ھالدا،ــ بۇنىڭدىن كېيىن سىز نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەي.

ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىش زۆھرەنى زېرىكتۈرۈشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيتتى. ياخشى كۆرگەن خوتۇنىغا ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلغىلى بولمىسا، ھە دېسە غورۇرىغا تېگىدىغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىسا... بۇ نېمە كۈن؟ شۇنچە جامائەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ياش قارىم ئەمدى بىر خوتۇننىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ ئولتۇرامدۇ؟! ئىماملىقنى، موللىلىقنى جامائەتكە قىلىش، نەسىھەتنى ئاڭلايدىغان ئادەمگە قىلىش، ئەھلى ئىلىم سالاھىيىتى بىلەن جامائەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىش شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ! قارىم، موللا دېگەن جامائەتتىن ئايرىلسا زادى ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس. تاشنىمۇ ساتالمىدى، زۆھرە كۈتكەن ئامەت بايلىقلىرىغا ئەسلا ئېرىشەلمىدى. زۆھرەنىڭ بارلىق

ئىمكانىيەتلىرىگە ئېرىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدى، ھەتتا كۆڭلىگە ئازار بەردى. ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرغىدەك يۈزى قالمىدى، كېچىلىك تۇرمۇشنىڭ مېھرىدىن كەچمىسە بولمايدىغان يەرگە يەتتى، دېمىسىمۇ، ئەر-خوتۇنلۇق ھايات دېگەن كېچىلىك تۇرمۇشلا ئەمەس-تە!

سىيىت قارى ئېغىر، ھەسرەتلىك خىياللارنى سۈرۈپ ئاخىر بۇ شەھەردىن ئەتە كېتىش قارارىغا كەلدى.

— نېمانداق ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز؟—دېدى قاچىنى يۇيۇپ چىققان زۆھرە.

— مەن ئەتە ماڭاي دەيمەن،— دېدى سىيىت كەسكىن تەلەپپۇزدا.

— مەن بىلەن ياشىماق تەسمىكەن!—دېدى زۆھرە تەنە قىلىپ.

— سىزنى دېسەم قېشىڭىزدا ھەر كۈنى تۇرغۇم بار، قايتمىسام بولمايدۇ، بەربىر قايتىدىغان گەپ.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

سىيىت قارى زۆھرەنىڭمۇ ھازىر شۇنى ئۈمىد قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولدى.

— سىزدىن رەنجىپ قانداق قىلاي، ئايال كىشى دېگەن ئەگرى قوۋۇرغا، تۈزلەي دېسەك سۇندۇرۇپ قويىمىز. شۇڭا نۇرغۇن ئىشلارنى توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتۇق. سىزنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىرىمىساقمۇ بولغۇدەك.

— مېنى باشقىچە ئويلاپ قالمىغانسىز؟

— ئۇنداق ئىش يوق، سىز باشقا قىزلارغا ئوخشىمايسىز، سىز پەقەت تۈزەلمەيدىغان قىز ئەمەس، بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن، شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن.

— ئەسلى تۇرسىڭىز بولاتتى، ئازراق گەپكە چىدىماي ماڭىمەنلا دەيدىكەنسىز. ماڭسىڭىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، مەن كېيىنرەك بارامەن.

— مەن بىلەن بىللە كېتىشكە پەقەت ئۇنىمايسىز، ئويلىنىپمۇ باقمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— كۆردىڭىزغۇ؟ ئىشلىمىسەم، پۇل تاپمىسام بولمايدۇ، ئائىلىمىز بەك نامرات.

ــ ئۇنچىلىكمۇ ئەمەسقۇ؟ قەدىر ئەھۋال ياشاۋاتىمادۇ...

ــ كەمبەغەل ياشاۋەرسىڭىز ئاشۇنداق بىلىنىدۇ، ئۆزىڭىز كەمبەغەل بولسىڭىز باشقا كەمبەغەلنى كەمبەغەل دېيەلمەيسىز شۇ... ئۇنى بىز بىلمىمىز.

ــ بوپتۇ ئەمىسە، بىز كەمبەغەل ياشىغاچ تۇرايلى، سىز پۇل تېپىپ بېيىپ كېتىڭ.

ــ سىزدەك ئەر كىشىلەر مۇشۇ ئىشنى قىلالىغان بولساڭلار بىز ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپ بالىلىرىمىزنى باقاتتۇق.

سېيىت قارى زۆھرەنى ھازىرقى ئەپتى بىلەن قايىل قىلىپ بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ باشقا گەپ قىلمىدى. پەقەت شۇ كېچىسى بىر تۆشەككە كىرگەندە زۆھرەنىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا شۇنى دېيەلىدى:

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۆزىڭىزنى گۇناھتىن ساقلاپ ماڭا زور بەخت ئاتا قىلدىڭىز، بۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.»

زۆھرە مۇرەككەپ ھېسسىياتلار قاينىمىدا خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى، ئەتە بۇ قارىم كەتسە يالغۇزلۇقى يەنە باشلىنىدۇ، ئەمما ئەركىنلىكى قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى شۇ چاغ يېتىپ كەلمىگۈچە ھەقىقىي بىلگىلى بولمايدۇ. باشقا كەلگەننى كۆرىدىغان گەپ.

ئەتىسى سېيىت قارى ئەتىگەندە پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ شۇ كۈنى كەچنىڭ بېلىتىنى ھايانكەشلەرنىڭ قولىدىن ئۈرە باھادا سېتىۋالدى. كەچقۇرۇندا يۈك ـ تاقلىرىنى تەييارلاپ تەييار بولدى، ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراپ كەلگەن زۆھرە ئۆيگە كىرىپ سېيىت قارىنىڭ سافادا غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى، «ئۇ راستتىنلا كېتەمدىغاندۇ؟ زۆھرە بۇ ئۆيدە يوتقاننى قۇچاقلاپ يالغۇز قالامدىغاندۇ؟»

ــ تاماق ئەتسەم يەپ مېڭىشقا ئۈلگۈرەلەمسىز؟

ــ ئۈلگۈرەلمەيمەن، ھازىر ماڭاي...ـدېدى سېيىت قارى ئورنىدىن قوپۇپ.

ئىككىسى بىنادىن پەسكە چۈشتى، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ پويىز ئىستانسىسىغا ماڭدى. مىغ-مىغ ئادەم قىملىدىشىپ يۈرگەن پويىز ئىستانسىسى شاۋقۇن-سۈرەنگە تولۇپ كەتكەنىدى. زۆھرە پويىز ئىستانسىسىدىنلا مېۋە-چېۋە، سۇ ئېلىپ سىيىت قارىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى. ۋاقىت توشقاندا ئالدىراپ يۈگۈرۈشۈپ پويىز ۋاگونلىرىنى بويلاپ ماڭدى. سىيىت قارى ئورنىنى تېپىپ، سومكىسىنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پويىزدىن چۈشۈپ زۆھرەنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك، ئايرىلماس ئاشىق-مەشۇقلاردەك قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ يىغلىشىپ كەتمىدى،

بىر دەم گەپ-سۆزسىز بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى، سىيىت قارىنىڭ كۆزلىرىدە قىيالماسلىق ئالامەتلىرى روشەن ئەكس ئېتەتتى، زۆھرە نېمىدىندۇر خىجىل بولغاندەك، ئەمما قەتئىيلىكىنى يوقاتمىغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىنى سىيىت قارىدىن پات-پات ئېلىپ قاچاتتى.

– ئەمىسە ئامان بولۇڭ، پات-پات تېلېفون قىلىڭ،-دېدى سىيىت قارى بۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ زۆھرە ئۈچۈن ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلىپ.

– بولىدۇ، سىزمۇ يولدا كۆپ دىققەت قىلارسىز.

– خەير، ئاللاھقا ئامانەت.

– خوش، ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىڭ.

سىيىت قارى پويىزغا كىرىپ كەتتى، پويىز مېڭىشقا يەنە ئون مىنۇتتەك ۋاقىت بار ئىدى، سىيىت قارى زۆھرەگە قارىماي ئېغىر ۋە ئەنسىز خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇردى، زۆھرەنىڭ ھەر ۋاقىت تىنچ-ئامان، پاك، گۈزەل تۇرۇشىنى ئاللاھتىن تىلىدى. زۆھرە ئۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرماي كۆڭلى يېرىم ھالدا كېتىپ قالدى، تاكسىغا چىقىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن پويىز ماڭدى، سىيىت قارى ۋاگون ئارىلىقىدىكى ئادەم يوق يەرگە بېرىپ بىر دەم تۇرۇۋالدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ئەي دەردمەن يىگىت، ياشلىرىڭ ئاستىراق ئاققاي، ئاللاھ نېسىپ قىلسا، مۇراد-مەقسىتىڭگە ھامان يەتكەيسەن!!!

28

كۆتۈلمىگەندە زۆھرەدىن ئىزاسىنى ئىشتقان ئادىلە نەچچە كۈنگىچە زەردىسى قايناپلا يۈردى، بىرىپ ئۇ «ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان پاسكىنا»بىلەن چاچلىشىپ سوقۇشۇپ، ئەدىپىنى ئوبدان بىر بېرىپ قويۇشنىمۇ ئويلىدى، ئەمما ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى، زۆھرە «مانا ئەمىسە » دەپ سىيىت قارىغا بىكارغا تەگسىمۇ تېگمۇېرەتتى، ئادىلە بىلەن تېخىمۇ قېرىشاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا خىزمەت بەرگەن، ئۆي بەرگەن باشلىقىمۇ بىر تەرەپتىن زۆھرەنى ھىمايە قىلاتتى. قارىمىغا خوتۇن، باشلىقىغا «ئاشنا» بولۇپ كەتكەن زۆھرەگە ئالدىراپ چېقىلغىلى بولمايتتى. ئاچچىقى كەلگەندە ياۋاش ئاسلاندىن چىشى شىرغا ئۆزگىرىپ كەتكەن «ئۇ پاسكىنا» ئاشۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، ھېچكىمگە ئۇنتتۇرماي، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتىۋېرەرمۇ؟ ئادىلە تىتىلدايتتى، دەرد-ئەلىمى ئىچىگە پاتمايتتى. كۆڭۈلسىزلىك ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋەردى. زۆھرە بىلەن تېلېفوندا سوقۇشقان كۈنى كەچتە ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. دادىسىنىڭ دىئابېت كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەندى، كۆزلىرىگە قان تولۇپ بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. ئادىلە ئانىسىنىڭ ئەنسىز گەپلىرىدىن چۆچىدى، نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يىراق يۈرگەن بىلەن، ئۇلارنى ئانچە ئويلىمىغان بىلەن، ئۆتۈپ كەتسە ئايدا بىر قېتىم تېلېفونلىشىپ قويغان بىلەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە كارى يوق يۈرەلمەيتتى، ئاپىسىمۇ جىددىي ئەھۋال بولمىسا يىغلاپ تېلېفون قىلمايتتى. ئادىلە بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆيگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئادىلە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئايرىلىپ كەتكەن يۇرتىغا، قەدىناس ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۆزىنى خۇددى ئامېرىكىدىن كېلىپ قالغان چەت ئەللىكتەك يات، ئالاھىدە ھېس قىلدى، ئالدىغا چىققان مەنزىرە، چىرايلار ئۇنچە ئىللىق كۆرۈنمىدى. ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتمىدى، بەلكى ھەممە ئادەمگە ئىچ ئاغرىتتى. دوختۇرخانىغا بېرىپ دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، دوختۇرخانىغا كەتكەن پۇلنى ئاڭلاپ، ئېسىلغان ۋە ئۇرۇلۇۋاتقان قىممەت باھالىق ئوكۇللارغا قاراپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادتا چېكىنىپ، تۇرمۇشىنىڭ خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۆزىنىڭ بۇلارغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئاپىسىنىڭ قولىغا نومۇس كۈچىدىن ئاران مىڭ يۈەن تۇتقۇزالىدى، قىزىنىڭ بېيجىڭدا

شۇنچە ۋاقىت سوكۇلداپ ئولتۇرۇپ ئولتۇرغان تاپقىنىنى ئۇدۇل خەجلەپ ئاران مۇشۇنچىلىك پۇلنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى بىلمىگەن ئاپىسى ئۇنىڭ ئىنساۋىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

ئادىلە دادىسىنىڭ خاراب ھالىغا قاراپ ئۇنىڭ پات يېقىندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيدى، دادىسى دىئابېت كېسىلىدىن باشقا يەنە سېمىزلىكتىن كېلىدىغان بىر مۇنچە چاتاق كېسەللەرنى تېپىۋالغانىدى، ئادىلە كېلىشىنىڭ ئالدىدا قان بېسىمى تويۇقسىز ئۆرلەپ مېڭىنىڭ قىسمەن ئىقتىدارى توسۇلۇپ، گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانىدى، ئادىلە كەلگەندىن كېيىن سەل ئوڭشالغان بولسىمۇ، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئانچە ئۇققىلى بولمايتتى. دادىسى بىر ھەپتە يېتىپ داۋالانغان بولسىمۇ كېسەللىك قورشاپ كېلىۋەردى، ھالى كۈندىن كۈنگە خاراپلاشتى؛ دوختۇرلار ئالىدىغان پۇلنى ئېلىپ، «ئەمدى بىز ئامال قىلالمايمىز، ئۆرۈمچىگە ئاپىرىپ بېقىڭلار، لېكىن گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئانچە چوڭ ئۈمىد يوق» دېيىشتى. دادىسىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىشتى.

بىر مەھەل سودا قىلىپ خېلى پۇل تاپقان، بالىلىرىغا نېمە دېسە ئېلىپ بەرگەن، بالىلىرى نەگە بېرىپ ئوقۇيمەن دېسە ئوقۇتقان دادىسى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىجارەتتە چېكىنىپ، ھال ئوقەتتە پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېسەلچان بولغاندىن كېيىن ماڭىدىغان يوللارنى ئۆزى مېڭىپ بولالماي، جىق ئىشلارغا يېتىشىپ بولالماي، تاپقان پۇلغا يىداۋسۇ ئېلىپ، بارا-بارا ھالىدىن كېتىپ قالغانىدى.

ــ داداڭ جىق تىرىشتى، لېكىن يالغۇز كېلىپ قالدى، ئاكاڭ ئۈرۈمچىدە، سەن ئۇ يەردە، مەن ئۆيگە قارىمىسام بولمىغان، داداڭنىڭ ھالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ بولالمىدىم ...ــدېدى قايغۇدىن كۆز يېشى قۇرىمىغان ئاپىسى.ــ نەچچە قېتىم سېنى يېنىپ كەلسۇن دېسەم، داداڭ قويمىدى، ئېھتىمال مەندىن ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىدى، «قىزىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى تېپىپ قىلالايدۇ، ئەنسىرىمەڭلا» دەپ دائىم گېپىڭنى قىلاتتى...

ــ بىچارە دادام... مۇشۇنداقلا كېتىپ قالارمۇ؟ــدېدى ئادىلە كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.ــ بىر تال قىزىم دەپ نېمە دېسەم ماقۇل دەيتتى، ھازىر ئەمدى چىرايىغا قارىسامۇ تونۇمايمەن، يا بىر ئېغىز گېپىنى

ئاڭلىيالمايمەن.

– داداڭنىڭ بەك ھەرەمگە بارغۇسى بار ئىدى، يىغقان پۇلىنىڭ ھەممىسى داۋالىنىشقىلا كەتتى، ئەمدى ئارزۇيى ئىشقا ئاشمايدىغان بولدى...– دېدى ئانىسى ئۇمچىيىپ يىغلاپ.

– ئىشقا ئاشمىغان بولسا بوپتۇ، نېمە قىلىدۇ ھەرەمگە بېرىپ...– دېدى ئادىلە ۋە ئاپىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

– نېمە دەيدىغانسەن بالام، ئۇ دېگەن داداڭنىڭ چوڭ ئارزۇسى تۇرسا...

– خەقلەرنىڭ ھەممىسى ھەرەمگە بېرىۋالغاندىكىن، دادامنىڭمۇ بارغۇسى كەلگەندۇ دەيمىنا ئەمدى! خەقلەر ھازىر بەك بەسلىشىدىغان بولۇپ كەتتى.

– خەقلەر بەسلىشىپ بارسىمۇ ئۇ يەرگە تۆۋە قىلغىلى بارىدۇ بالام، يامان ئىش قىلغىلى بارمايدۇ...

ئادىلە ئاپىسىنىڭ كۆڭلى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىدى. ئەسلىدە دادىسى بۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ خىرىستىيانلىق ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى، ئىنجىلنىڭ مۇھىم يەرلىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى ئويلىغانىدى، ھازىرچە بۇنداق قىلىش تەس ئىدى. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئاپىسى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك تەقۋالىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى، سەھەردە بىر ۋاق بولسىمۇ ناماز ئوقۇيتتى، خۇدانى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئاپىسى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئادىلە چېركاۋدىكى مۇناجاتلارنى ئەسلەپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى، كورىيەلىك كۆچمەن بىلەن توي قىلىشنىڭ ئەجەب تەسلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆڭۈلسىز ئويلايتتى. ۋاقىت بۇ يەردە بەكمۇ ئاستا، بەكمۇ تەستە ئۆتەتتى، يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرسا ئۇ بۇ مۇھىتقا، بۇ ئەھۋالغا چىدىيالماي كېتىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى. دادىسىغا ھەر بىر قارىسا كۆڭلى دەھشەت يېرىم بولاتتى، توغرا يولنى تاپالماي ئۆلۈپ كېتەرمۇ، گۇناھتىن پاكلانماي ئۆلۈپ كەتسە ئۇ دۇنيادا ئازابلىنارمۇ؟... دەپ ئويلايتتى. ئانىسى بىلەن قاتتىق دېيىشىپ ئۇنى ئېتىقادىدىن قايتۇرۇشنى، دادىسىغا ئۇنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە مەسىھ تەلىماتلىرىنى سۆزلەپ بۇ دۇنيادىن پاك كەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇنىڭ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئىچى تىتىلداپ ئارام بەرمەيتتى.

دادىسى ئۆيدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى باشلىغاندىن كېيىن ئادىلەنىڭ ئاكىسى ئۇرۇمچىدىن جىددىي يېنىپ كەلدى، ئادىلە كېلىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئىدارىسىدە جىددىي بىر ئىش چىقىپ قېلىپ كېتىپ قالغان، بۇ قېتىم ئەمدى دادىسى بىلەن ۋىدالاشقىلى كەلگەنىدى، چىرايى ھەر ۋاقىت قايغۇلۇق، تورگۇن، سەپرا ئىدى، ئادىلە بىلەنمۇ تۈزۈك سالاملاشمىدى، قىزغىن گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە ئۇزاق تۇرۇپ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چۈشەنگەچكە، سىڭلىسىنىڭ بېيجىڭدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ ياشقىچە ئەرگە تەگمەي، ئۇ شەھەردىن كېلەلمەي يۈرۈشلىرىدىن گۇمانلىناتتى، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت كارى بولماسلىق نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن ئادىلەنىڭ ئاپىسى يولدىشىنىڭ ياستۇقىنىڭ قېپىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويۇلغان ئىنجىلنى كۆرۈپ قالدى. ئانىسى بۇ كىتابقا ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقاندا ئادىلەنىڭ ئاكىسى كېلىپ «نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟»دەپ سوراپ، كىتابقا قارىدى، قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتتى، « ماۋۇ ساراڭ نېمە قىلىپ يۈرۈيدۇ ئەمدى!» دەپ ئاچچىقتىن تىۋلاپ، كىتابنى بىر ياققا ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا ئادىلە كىرىپ قالدى، كىتابنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىدى، ئەمما ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك راھەتلىنىپ قالدى، چۈنكى مۇشۇ باھانىدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى چۈشەندۈرەلەيتتى.

ــ مەن ئوقۇيدىغان كىتاب ئۇ، نېمىشقا چۆرۈۋېتىسەن؟!ــدېدى ئۇ ئاكىسىغا ھۈرپىيىپ.

ــ سەن دادامنى خاتىرجەم قىلماي نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسەن؟! نومۇس قىلماي قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا بۇنىڭ!ـ دېدى ئاكىسى كىتابنى مۇجۇقلاپ.

ــ نومۇس قىلىغۇدەك نېمە ئىش قىپتىمەن، ھەر كىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابنى ئوقۇيدۇ.

ــ تاشلا بۇنداق كىتابنى، ئۇرۇمچىدە تولا كۆرگەنمەن سەندەك ساراڭلارنى!

ــ ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ئۆزى ئىگە، كىم ساراڭكەن، كېيىن بىلىمىز.

ــ ساراڭلىقىڭنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟! سېنىڭ كۆلىدا نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، كۆلىدا نېمە ئىش قىلساڭ قىل، لېكىن بىزنىڭ ئۆيگە بۇ بىر نېمەڭنى سۆرەپ كىرمە،

ئۇقتۇڭمۇ؟ دادام دېگەن مۇسۇلمان. ئاناممۇ سېنى مۇسۇلمان دەپ تۇغقان. لېكىن سەن ھازىر خرىستىئان بوپسەن، نېمە بولساڭ بول، چاتىقىم يوق، لېكىن ماڭۇ ئۆيدە تۇرىدىكەنسەن، بۇ بىر نېمەڭنى كۆزىمىزگە كۆرسەتمە!ــ دېدى ئاكىسى كىتابنى ئادىلەنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈپ قالدى.

ــ ۋاي، نېمە سەتچىلىك بۇ!!ــ دېدى ئاپىسى يىغلاپ.

ئادىلە ئاپىسىنى رەنجىتىپ قويۇشنى ھەم ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان دادىسىنىڭ يېنىدا ئاكىسى بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشنى خالىمىدى، بىر كىم «قارا» دېگەندەك دادىسىغا قارىدى، قارىدىيۇ، چۆچۈپ كەتتى، دادىسى ئۇلارغا مۆزدەك سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇراتتى. ھاجىم بولالمىغان دادىسى قىزىنىڭ ئەمدى خرىستىئان بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟! دادىسى «ھەقىقەت»نى چۈشەنگەن بولسىدى، قىزىنى ماختىغان بولار ئىدى ۋە كۈلۈمسىرەپ قارىغان بولاتتى.

ــ مېنىڭ ھازىر سەن بىلەن تاكاللاشقىم يوق، كىتابنى بەر! ــ دېدى ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ئاكىسى ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى، كۆزىگە جىن كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلاپ كىتابنى قايتۇرۇپ بەردى.

ــ بۇ كىتابــدېدى كىتابنى ئېلىۋالغان ئادىلە مەغرۇرلۇق بىلەنــ مۇقەددەس كىتاب، سەن بۇنى ئوقۇپ باقماي تۇرۇپ ماڭا ئاچچىقلىما، مەندىن باشقا ھەممىڭلار مۇسۇلمان، مەن بۇنى ھۆرمەتلەيمەن، لېكىن سىلەرمۇ مېنى ھۆرمەتلىشىڭلار كېرەك. قانۇندا خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ دەيدىغان بەلگىلىمە يوق، قايسى دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىك!

ــ نېمە قىلساڭ قىل، بارىدىغان جايىڭغا بېرىپ قىل؛ لېكىن بىزنىڭ قېشىمىزدا قىسىپ ئولتۇر؛ چىدىمىساڭ كەت، سەن بولمىساڭمۇ بىز خاتىرجەم ياشاۋېرىمىز.

ــ نەگە كېتىمەن؟! بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ گەپلىرىڭنى خوتۇنىڭغا بېرىپ دەپ بەر!

ــ مېنىڭ خوتۇنۇم سەندەك داپشاق ئەمەس.

ــ ۋاي، نېمە بولۇشتۇڭلار! داداڭلارنىڭ ئالدىدا نېمىشقا سەتلىشىسىلەر! مېنى نېمىشقا ئويلىمايسىلەر

دەيمەن...ــ دېدى ئاپىسى تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ.

ئادىلە ئاكىسىغا سەت ئالىيىپ قويۇپ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، «ھەقىقەت» ئالدىدا ھەممىگە چىداش قارارىغا كېلىپ، غۇرۇرىنى قۇربان قىلىشقا تەييارلىنىپ قويدى. ئاكىسى دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:

ــ دادا، مەندىن رەنجىمەڭ دادا، رازى بولۇڭ دادا !!!

ئادىلە چۆچۈپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئانىسى ئۇن سېلىپ يىغلاپ بىر ياندا قاراپ تۇراتتى.

دادىسى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى، ئاندىن ئادىلەنى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىردى. ئادىلە ئەيمىنىپ ھەم قورقۇپ دادىسىغا يېقىن كەلدى، دادىسى ئۇنىڭغا سۆرلۈك تىكىلدى، ئادىلە چىدىيالماي پەسكە قارىۋالدى. دادىسى خىرىلداپ گەپ قىلالاتتى، بۇ چۈشىنىكسىز تاۋۇشلارنى ئادىلە ھېچ ئاڭقىرالمىسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ئاجايىپ-غارايىپ تاۋۇشلاردىن بىر-ئىككىسى ئۆلىنىپ، مەنە ئايدىڭلىشىپ قالدى: « ئاللاھ ... ئاللاھ... ئاللاھ...».

ئادىلە دادىسىنىڭ بەربىر شۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئېتىقادىغا چىڭ ئېسىلىپ جان بېرەتتى، ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئاللاھنى ياد ئېتەتتى، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان كىم بار؟! گۇناھىنى تىلىمەيدىغان كىم بار؟! سەكراتتىكى بۇ ھالەت باشقىچە ئىدى، ئانىسى بىلەن ئاكىسى يىغلاپ ئېقىپ كەتتى، بۇ ھالدا ئادىلەنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبى ئازغىنە بولسىمۇ يۇمشىدى. ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن ئىلگىرى مۇسۇلمان ئىدى. دادىسى ئەنە شۇ تەرزدە ھەممىيلەنگە قىيالماسلىق بىلەن قاراپ، ئەڭ ئاخىرىدا كەلىمە شاھادەتنى تىلىدا جارى قىلىپ جان ئۈزدى، مۇسىبەت يىغا-زارلىرى باشلاندى.

ئادەتتە كۆپىنچە ئېغىر ئاغرىقلار يېرىم كېچىدە، سائەتتىن ئۈچ-تۆتلەردىن ئاشقاندا قازا قىلاتتى، ئادىلەنىڭ دادىسى زاۋال چۈشكەندە قازا قىلدى، باللىرىنىڭ جەڭگى-جېدەللىرىگە شاھىت بولۇپ، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىپ، تۈيۈقسىزلا ئۆزگىرىپ، بۇ ئالەمدىن كەتتى.

ئادىلەنىڭ ئاكىسى ئۆزىنى ئەيىبكار، ئادىلەنى بولسا جىنايەتكار ھېسابلىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە جامائەت يىغىلىپ، مېيىتنى دەپنە قىلدى. ئادىلەنىڭ ئاكىسىنىڭ كۆز يېشى قۇرىمىدى، تۈپراق

بېشىدىن ئۆيگە كېلىپ ئاپىسىغا تەسەللى بەردى. ئانا-بالا بىر دەم يىغلىشىپ دەرد تۆكتى.

– مەن بۇ نېمىنى بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ئاپا، دادام بىلمەيلا قالسا بولماسمىدى، مەنمۇ نېمە دەپ ئاچچىقىمنى باسالمىغاندىمەن؟ ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق...

– بوپتۇ بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەنمۇ ئۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچە جايىدىلا قويۇپ قويسام بوپتىكەن.

– ياق ئانا، ئۇنى ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئېلىۋەتكىنىڭىز بولدى، ئۇ يەردە ئەسلىدە قۇرئان تۇرۇشى كېرەك. سىز ئۇنىڭغا ئاق سۈت بېرىپ باققان تۇرسىڭىز، نېمىشقا يۈزىمىزنى قارا قىلىدۇ دەيمەن بۇ جوھوت!

– مۇسىبەت كۈندە بۇنداق گەپ قىلما بالام، ئۇنىڭ بىلەن يەنە سوقۇشۇپ قالما، كىچىككىلاردىغۇ پېتىشالمايتتىڭلار، ئەمدى چوڭ بولۇپمۇ بۇنداق سوقۇشۇپ يۈرسەڭلار، سەت ئەمەسمۇ! مېنى بىر خاتىرجەم ياشىغىلى قويۇڭلار...

– سىزنى دەپ مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلمايۋاتىمەن ئانا، بولمىسا بۇگۈنلا ئۇنى بۇ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىراتتىم!

– ئۇنداق پەيلىڭنى يامان قىلما بالام، نەزىر-چىراغنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۋالىلى.

– ئۇ خىرىستىئان بولغاندىكىن نەزىرگە قاتناشمىسىمۇ بولىدۇ ئانا، بولسا ئىتتىكرەك يوقالسۇن، نەگە كەتسە كەتسۇن!

– ۋاي، ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ بالام، دادىسىنىڭ نەزىرگە قاتناشمىسا بولماس.

– ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

ئادىلە دادىسىنىڭ ئۈچ نەزىرىسىگىچە ئۆيدە تۇردى، ئاندىن تاقەت قىلالمىدى، ئاپىسىغا بېيجىڭغا قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىجازەت سورىدى.

– شۇنداق قىلىپ، مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتەمسەن؟ داداڭنىڭ يەتتە نەزىرىسىگىمۇ قارىشىپ

بەرمەمسەن ؟!ــدېدى ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ.

ــ كەتمىسەم بولمايدۇ، ئاكام بولغاندىكىن ئۆتكۈزەر.

ــ مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، ئۆيىنىڭ چوڭى ھازىر ئاكاڭ، ئاكاڭدىن سورا.

ــ نېمىشقا ئۇنىڭدىن سورىغۇدەكمەن، سىزدىن سورىسام بولدى.

ــ مەن بۇنىڭغا ھازىر قوشۇلمايمەن.

ئادىلە ئامالسىز ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاكىسى ئۇنى باشلاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

ــ ئانا، ماقۇل دەڭ، كەتسە كەتسۇن، ــدېدى ئاكىسى، ــ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېرى ياخشى. سىز ئۇنىڭغا چىدىمىغان بىلەن ئۇ ھەر قانداق ئىشقا چىدايدۇ. ئىنساۋى بولسا ئادەم بولۇپ قايتىپ كېلەر، بولمىسا نېمە بولسا مەيلى، قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت!

ئادىلە باشقا ئېغىر گەپلەرنى ئاڭلىمىغىنىغا شۈكۈر دەپ، ۋاقتىدا كېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەممىگە سەۋر قىلدى ۋە شۇ كۈنلا ئاپتوبۇسقا بىلەت ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەتتى.

ئادىلە بېيجىڭغا كېلىپ ئىككى كۈنگىچە كورىيەلىك كۆچمەننىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالمىدى، ئۇنىڭ بېيجىڭدا ئىشلەتكەن تېلېفون نومۇرى بىكار قىلىۋېتىلگەنىدى، ئادىلە ئۇنىڭ ئاۋستىرالىيىلىك دوستىغا تېلېفون قىلىپ، شۇنچە سەمىمىي، ئىشەنچلىك، ئالىيجاناب كۆرۈنگەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز دۆلىتىگە غىپپىدە تىكىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالدى، ئاچچىقى كەلدى، دەرد-ئەلەمنى باسالماي قالدى. تېلېفوننى ئالغان ئاۋستىرالىيىلىك دوستى ئۇنىڭ بىلەن ئادىلەنىڭ كېيىنكى مۇناسىۋەتلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەنلىرىنىمۇ بىلمەيتتى، ئادىلەگە « بەلكىم ئۇ جۇڭگوغا قايتا كېلىشىمۇ، كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن، ماڭا ئۇ ھەقتە گەپ قىلمىدى» دېدى.

تېلېفوندا بولسىمۇ ئادىلەگە خوش دەپ قويمىغان ئۇ مىسسىئونېر ئەمدى كەلمەيتتى، كەلسىمۇ ئادىلە بىلەن توي قىلىشى ناتايىن ئىدى. شۇنچە ۋەدىلەرنى بەرگەن ئۇ ئادەمنىڭ بولغۇسى خوتۇنىنى تاشلاپ كېتىشى زادى نېمە سەۋەبتىندۇ؟ ئادىلەنى خىرىستىئان قىلغانلىقىم ئۇنى بەختلىك قىلغانلىقىم، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە دەپ ئويلىغانمىدۇ ؟! ياكى ئادىلە ئەسلىدىنلا پاھىشە، پاھىشەنى

پاكلاپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇنداق ناپاك قىزنى خوتۇن قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدۇ؟! مەيلى قانداقلا ئويلىسۇن، ئۇ ئادىلەنى تاشلىۋېتىپ كەتتى، بېرىدىغان پۇلمۇ شۇنىڭ بىلەن توگىدى. ئۇ ھېچ بولمىسا تېلېفون قىلىپ ئادىلەگە ئىككى ئېغىز چۈشەنچە بەرگەن بولسا ئادىلە بۇنچىلىك ئازابلىنىپ، دەرد-ئەلەمدە تولغىنىپ كەتمەيتتى. ياكى ئۇ مەسسىئونېر ئۆرۈمچىگە بېرىپ باشقا بىر قىزنى تېپىۋالدىمۇ، ئۇققىلى بولمايتتى، ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ قىز چوقۇم ئادىلەدىن چىرايلىق ھەم پاكىز ئىدى. ياشتىن قېرىغىچە، دىنسىزدىن دىندارغىچە جىمى ئەرلەر ئاشۇنداق پاسىق، ئالدامچى كېلەمدىغاندۇ؟ جىمى ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى چۆرگىلىتىپ تاماشا كۆرۈپلا يۈرەمدىغاندۇ؟ ئەرلەر ھۆكۈمران بولۇۋالغان بۇ جاھاندا ئاياللارنىڭ يەنە قانداق ھوقۇقى، قانداق خوشلۇقى، قانداق ئارمانلىرى بولسۇن؟

ئادىلە كورپىلىك كۆچمەندىن قالتىس مىننەتدار ئىدى، ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار ئىدى، قاراپ تۇرۇپ تاشلىۋېتىلدى، داغدا قالدى؛ ئەمدى يەنە ئۇنىڭدىن داۋاملىق مىننەتدار بولۇپ، ئۇ باشلاپ بەرگەن يولدا ماڭىۋەرسۇنمۇ؟! ئەگەر ماڭىۋەرسە مەسىھنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولامدۇ؟ ئىنجىل بۇرۇنقىدەك سۆيۈملۈك كۆرۈنەمدۇ؟ ياكى تۇرمۇشتىكى بەخت بىلەن دىندىكى بەخت ئايرىم-ئايرىم ئىشمۇ؟ ئايرىم ئەمەس، تۇرمۇش دىندىن ئايرىلمايدۇ. شۇنداق تۇرسا، ئۇ مىسسىئونېر بۇ قىلمىشىنىڭ خىرىستىيانلىققا ھاقارەت ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمىدى؟ بۇ ساداقەتسىزلىك زادى نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ؟ نېمىشقا ئوغرىدەك قېچىپ كېتىدۇ؟ گۈزەللىك، ياخشىلىق، مېھىر-مۇھەببەت ھەققىدە تەسىرلىك پاراڭلارنى قىلىدىغان، ئىلاھىي سۆيگۈنى، ئىنسانىي سۆيگۈنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئادىلەنىڭ چىن كۆڭلىنى پاخالدەك دەسسەپ چەيلىۋېتىپ كېتىدۇ؟!

ئادىلە ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن زەربىلەردىن زەخمە يەپ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى، كەيپ-ساپاغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئۆزىنى ئۇرىدىغان بولۇپ قالدى. چەت ئەللىككە تەرجىمانلىق قىلىدىغان ئىشرەتخانىغا چەت ئەللىكلەر ئانچە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا خوجايىن ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى،

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوچىغا رەسمىي چىقتى. ئىشرەتخانىدا تونۇشقان پۇلدارلار، خوجايىنلار، چەت ئەللىكلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن تېلېفون ئۇردى، ئۇلارنىڭ تولىسى ئادىلەنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئاندىن ئېسىگە كېلىپ ئىشىنى تۈگىتىپ، قولىغا بىرىدىغاننى بېرىپ، ئۇنى ئىككىنچى ئىزدىمىدى، ئادىلە قايتا تېلېفون قىلغاندا بولسا سىلىق رەت قىلدى. ئۇلار ئادىلەدەك كونىراپ پەيزى قالمىغانلارنى ئەمەس، يېڭى-يېڭى سەتەڭلەرنى ئىزدەپ ھوزۇرلىنىپ تۇراتتى.

ئادىلە نىغمەت تاشچىنى ئېسىگە ئېلىپ تېلېفون قىلدى، نىغمەت تاشچىنىڭ تېلېفوننى باشقا بىرسى ئالدى:

ــ نىغمەت يۇرتقا كەتكەن، سىز كىم بولىسىز؟

ــ مەن ئۇنىڭ بىر تونۇشى، ئۇ نېمىگە كەتتى؟

ــ ئۇقمايمەن، سىز ئۇنى نېمىگە ئىزدەيتتىڭىز؟

ــئىزدەيدىغان ئىشىم بار ئىدى..

ــ نېمە ئىش بار ئىدى؟ دېسىڭىز بىزنىڭمۇ قولىمىزدىن كېلىدۇ.

ئادىلە بۇنىمۇ ئويۇنچى تاشچىلارنىڭ بىرسى دەپ ئويلىدى، نىغمەت تاشچى بولمىسا باشقىسى بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى.

ــ بىكىسىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، ھېچكىمدىن قېلىشمايمىز.

ــ تولا پو ئاتماڭ، بىر دەمدە يىلىڭىز چىقامدىكىن؟!

ــ كېلىپ كۆرۈپ باقمامسىز ئاۋۋال.

ــ نەدە تۇرىسىز؟

ــ نىغمەت تاشچى تۇرغان ياتاقتا.

ــ مېنى نەدىن بىلىسىز؟

ــ نىغمەت تاشچى ئىسمىڭىزنى يوغان قىلىپ خاتىرىلەپ قويۇپتىكەن.

ــ نېمىشقا ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئىشلىتىۋالدىڭىز؟

ــ كارىمىزنى ئالماشتۇرغان، ئۇنىڭ تاپقىنى مېنىڭكى، مېنىڭ تاپقىنىم ئۇنىڭكى. ھازىر مۇشۇ مودا بولۇۋاتىدۇ. يېڭىلىق بولىدىكەن، جاھاننىڭ قىزىق ئىشلىرى چىقىدىكەن... ــ نامەلۇم تاشچى بېزەڭلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

ــ بوپتۇ باراي، قاچان ساقلايسىز؟

ــ ئەلۋەتتە كەچتە بولىدۇ-دە، لېكىن بەك سەت ياسىنىۋالماڭ، ئەتىرنى جىق چېچىۋالماڭ.

ــ بىلىمەن، تاشچىلار تومپايراق كېلىدۇ...

ئادىلە شۇ كۈنى كەچتە نىغمەت تاشچىنىڭ ياتىقىغا باردى، ئىشىكنى نىغمەت تاشچىدىنمۇ سېمىز، كالانپاي، قېرى چىراي بىرسى ئاچتى.

ــ ئادىلە دېگەن سىزكەنسىز ــ دە، قېنى ئىچكىرى كىرىڭ.

ــ نېمانداق پۇرىتىۋەتتىڭىز ياتاقنى، نەشە چېكەمسىز؟

ــ ھە، ئانچە-مۇنچە، كۆندە بىر-ئىككى قاپاق تارتىپ قويىمىز.

ــ مەن بۇ ياتاقتا ئۈزۈن ئولتۇرالمىغۇدەكمەن، قىلىدىغان ئىشىڭىزنى تۈگىتىپ مېنى چاققانراق يولغا سېلىپ قويۇڭ.

ــ نېمانچە ئالدىرايسىز، ئۇزاق پەيزى قىلىمىز دەيمەن.

ئادىلە ئۇنىڭ تەلئەتىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئۇ بىر قارىسا يېزىنىڭ كىندىكىدىن چىققان قاتاڭغۇر دېھقاندەكلا كۆرۈنەتتى، نەشىنىڭ كەيپىدىنمۇ، ياكى مىجەزى شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر ئادىلەنىڭ ئالدىدا ھەييارلىق قىلىپ، ئۇششاق سۆزلەپ يۈرەتتى. ئۇ بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ چوڭ تاشچىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىك ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئادەمدەك ھۇزۇر سۈرۈپ، نەچچە قېتىم يىغلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئادىلەدىن ئەيمەنگەندەك قىلاتتى، ئەمما ئەيمەنگەنچە ھاياجانلىناتتى. ئادىلە بىر قانچە قېتىم ئۇنى ئالدىراتقاندىن كېيىن ئۇ يوتقان كۆرپىنى ئۆرۈپلا سالدى.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ تاشچى ئادىلەنى سۆيۈپ قويۇپ، ئەزمىسىنى ئېزىپ يوقىلاڭ پاراڭنى باشلىۋىدى، ئادىلە سىلكىۋەتتى:

— بولدى، بولدى، قۇمدەك ئۇششاق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز! ئەمدى بايا دېيىشكەن بويىچە بېرىدىغاننى بېرىڭ، مەن كېتىمەن.

— سىزنى بىز ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ دەپ ئاڭلىغان،— دېدى ئۇ ئادەم چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — ماڭىمۇ ھېلىقى كىتابتىن بەرسىڭىز...

ئادىلە كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلمەي قالدى، نىغمەت تاشچى خوتۇن كىشىدەك گەپ توشۇپ ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتكەنىدى.

— نېمە كىتاب؟ قاچانقى گەپ بۇ؟! ئەر كىشى دېگەنمۇ شۇنداق چۈپەي بولامدۇ؟!

— ئىنجىلنى تارقاتساق، ھەقسىز يېتىپ بېرىدىغان سەتەڭ سىز شۇغۇ؟! باشقا بىرسىمىدى يا؟

— ئا ھېجىقىزنىڭ تاپقان گېپىنى! ئەر كىشى دېگەنمۇ شۇنداق پەس بولىدىكەن...— دېدى ئادىلە غەزەپتىن تىترەپ.

— چىقە ماڭ بۇزۇق! — دېدى ئۇ ئادەم تۈيۈقسىز پەيلىنى بۇزۇپ،— سېسىق ئاغزىڭغا سالىمەن بىكار، سەندەك نېمىگە بېرىدىغان پۇلنى كوچىدىكى تىلەمچىگە بېرىمەن.

ئادىلە يەنە گەپ ياندۇرسا چوقۇم تاياق يەيتتى، سومكىسىنى ئېلىپ ياتاقتىن ئۆزىنى تالاغا ئاتتى، تالاغا چىقىپ بولۇپ، ئۇ «ئوغرى»نى يەتمىش پۇشتىغىچە تىللىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۈيغۇر دېگەندىن قاچىدىغان، تاشچى دېگەنگە يېقىن يولىمايدىغان بولدى. قاۋاقخانا كوچىلىرىدا ئىشرەت يولىنى بويلاپ، ساغرىسىنى تولغاپ مېڭىشلىرىنى داۋام ئەتتى، شەھۋەتخۇمارلارغا مەنىلىك قاراپ، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئۇنىدەككە كەلتۈرۈپ، ئېھتىياجىنى قاندۇردى. «دۇكان» ئوچۇقلا تۇرسا خېرىدار ھامان كىرىپ تۇراتتى.

ئادىلە «خارلىق بىلەن خارلىقنى يېڭىۋاتىمەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ شۇنداق ياشاۋەردى، سەكراتتىكى دادىسىنىڭ سۆرلۈك چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى نارازىلىق ئۇچقۇنلىرىنى ھەر قانچە

قىلىپمۇ ئۇنتۇيالمىدى، دادىسى ئۇنىڭ خىيالىدىن، چۈشلىرىدىن چىققىلى ئۇنىماي، بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلدى. ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كەيپ-ساپاغا، ئويۇن-كۈلكىگە شۇڭغۇپ بېرىلىپ باقتى، ئەمما كۆڭلى زادىلا ئارام تاپالمىدى.

ئۇ قاۋاقخانا كوچىلىرىدا يۈرۈپ بىر قېتىم خالىدىنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالدى، خالىد ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدى، لېكىن ئەسلىيەلمىدى، ئۇنى زۆھرەنىڭ نومۇسىغا تېگمەن دەپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئۆيگە، شۇ كارىۋاتقا ئېلىپ چىقىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئادەم تاللىماي نومۇسىنى سېتىپ يۈرگەن ئادىلە مۇشۇنداق پاھىشىۋاز چەت ئەللىكلەر بىلەن قايتا بىرگە بولۇپ قالغاندا، «ئىززەت-ھۆرمىتى» قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىپ، بىچارىلەرچە پەخىرلىنىپ، ئۇلارغا ئىنگلىزچە گەپ قىلىپ كېتەتتى. ئۇ خالىد بىلەن گەپلەشكۈسى بولسىمۇ خالىد ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنى خالىمىدى، ئۆزىنى تونۇشتۇرماق تۈگۈل، ئىسمىنى بىلدۈرۈشنىمۇ خالىمىدى.

ئادىلە زۆھرەنىڭ سېيىت قارىغا زادى تەگكەن-تەگمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. لېكىن ئۇ ئىشنى پات-پات ئويلاپ قالاتتى، ئېسىدىن چىقىرالمايتتى، بىر كۈنى كەچتە دىسكوخانىدا ئۆزى يالغۇز پىۋا ئىچىپ، تالاغا چىقىپ مەستچىلىكتە زۆھرەگە تېلېفون قىلدى، تېلېفون ئۇلاندى، ئەمما ئۈزۈۋېتىلدى. « ھۇ پاسكىنا... ئىززىتىنى بىلمەيدىغان... ھەرقاچان بىر ئەرنىڭ ئاستىدا ياتقانسەن... رەسۋا» دەپ تىللاپ قويدى.

ئادىلە كېچىلىرى كەيپ بولسىمۇ خۇدىنى بىلمىگۈدەك مەست بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى، بىرەر بۇلاڭچى ياكى باسقۇنچىغا ئۇچراپ پالاكەتكە يولۇقۇشتىن، قەستكە ئۇچراشتىن قورقاتتى، ھېلىقى چاغدا كۆپكۆندۈزدە خالادا باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ تازىلىق قەغىزىدەك تاشلىۋېتىلگەن ئىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى، قارىماققا تېپتىنچ تۇرغان بۇ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا بۇزۇقچىلىق، زوراۋانلىق ماراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ جان ساقلاش، راھەت ياشاش ئۈچۈن ھوشىنى يىغىپ ياتىقىغا ۋاقتىدا كېتىۋالاتتى، ئۆيىگە كىرىپلا ئىشكىنى چىڭ قۇلۇپلاپ، ھوجرىسىنىڭ ئىشكىنىمۇ ئېتىپ، كىيىمىنى تۈزۈك سالمايلا يېتىپ قالاتتى.

ئادىلە ۋاقىچە قويۇپ ئېزىلىپ ياتتى، ۋۇجۇدى زەھەرلىك ماددىلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك بىئارام ۋە ھالسىز ئىدى، خىيالىدا نۇرغۇن ئەرلەر ھاياسىز ئىشەكلەر، چوشقىلاردەك قوتراتتى، ئىشرەت بەيگىسىگە چۈشكەن نومۇسسىزلار ئادىلەنى بېشى كېسىلگەن ئوغلاقتەك بىر-بىرىگە ئېتىشىپ، تارتىشماق ئويناتتى، يەرگە تاشلايتتى، دەسسەيتتى... خارلىنىشقا خۇمار بولۇپ قالغان، تېنى مەۋجۇد بولسىمۇ روھى ئۆلگەن بىچارە جانىۋار بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتلەرنى ئۈنسىز قوبۇل قىلاتتى، قانچە تاشلانسا، قانچە خارلانسا شۇنچە ھوزۇرلىنىدىغاندەك ياشايتتى. پاك بولۇپمۇ ياشاپ باقتى، بۇزۇلۇپمۇ ياشاپ باقتى، ئاقىۋەتتە قانداق ياشىسا بولىدىكەنغۇ؟... دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. «ئادەم دېگەن قانداقلا ياشىسا بولىۋېرىدىغۇ؟» دېگەن خىيال ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىغان قىزلارنىڭ شوئارى ئىدى، ئادىلە شۇنداق قىزلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن دوست بولۇۋالدى، ئۇلار ئاتا-ئانىسىدىن قېچىپ ئەركىنلىك ئىزدەپ ماڭغان قىزلار ئىدى، بىر ھېسابتا ئادىلە ئۇلارنىڭ بايراقدارى ئىدى. تېنىگە قۇرت كىرىپ ھەممە يېرىنى ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتسىمۇ بىر دەمدىن كېيىن ساقىيىپ قالىدىغان ئالۋاستى قىزلار، ماڭقۇرت قىزلار، رەسۋا قىزلار پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى تونۇمايتتى، پۇلدەك كىرلىشىپ، پۇلدەك خەجلىنىپ، پۇلدەك پۇرلەپ تىقىلىپ، پۇلدەك يىرتىلىپ، تاشلىنىپ ياتاتتى، بەربىر ئۇلارنى تېرىۋالىدىغانلار، ئەتىۋالايدىغانلار، ھۇزۇرلىنىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى. قارا جەمئىيەتنىڭ شايكىلىرى دىسكوخانىنىڭ ئالدىدىلا ئۇلارنى تاكسىغا بېسىپ ئەكېتىپ، قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا قىيناپ، بوزەك قىلىپ، ساغرىسىغا تاماكىنىڭ چوغلىرىنى يېقىپ كۆڭۈل ئاچسىمۇ ئەتىسى ئۇلار يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياسىنىپ، كوچىلارغا چىقاتتى. بىر كېچە قىينىلىپ دەپسەندە قىلىنغانلار ئەتىسى ھايات قالغانلىقلىرىنى تەبرىكلەشكەندەك بىر-بىرىگە تېلېفون ئۇرۇشۇپ، بىر-بىرىنى چاقىرىپ، بىللە تاماق يېيىشىپ كەچمىشلىرىنى سۆزلىشەتتى. يالغۇز قالغانلىرىدا يىغلىسىمۇ كۆرۈشكەنلىرىدە بىر-بىرىگە يېشىنى كۆرسەتمەيتتى، ئاجىزلىقلىرىنى چاندۇرمايتتى، مەسخىرىگە ئۇچراشنى خالىمايتتى. كۆز ياشلىرىنى ۋىجدانىنىڭ، ئويغىنىشىنىڭ، پۇشايمان قىلىشىنىڭ ئالامەتلىرى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئىمكانقەدەر قاچۇرۇشاتتى.

ئادىلە كوچىدا تېنەپ يۈرگەن ئىككى قىزنى يېنىغا ئەكىلىۋالدى، ئۆزىنىڭ ماجالى قالمىغاندا بۇ قىزلارنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرىدىن نەپ ئۈندۈرۈپ، جېنىنى جان ئەتتى. ئۇنىڭغا تىرىكچىلىك شۇ قەدەر مۇھىم بولۇپ كەتتىكى، خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالدى، يېنىدىكى قىزلارنى بولسىمۇ خىرىستىئان قىلاي دەپ ئويلىغانىدى، دىنىنىڭ گېپى چىقسىلا ئىچى سىقىلىدىغان ئۇ قىزلار «بىزنى مۇشۇنداق ياشىغىلى قويسىڭىز، تارتىۋاتقان دەردلىرىمىز ھېلىمۇ ئاز ئەمەس...» دەپ پەقەت «گەپ ئاڭلىمىدى»، ئادىلەدىن يالغۇز قالغانلىرىدا بولسا، « خىرىستىئان بولۇپ نېمە كەپتۇ، ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق ياشىغىنىمىز ياخشى، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلساق بىر كۈنى بوينىمىز قاتلىشىپ ئۆلىمىز...» دەپ كۇسۇلداشتى. كەسپلىشىپ كەتكەن ئىشرەتۋازلىق بۇ قىزلارنى «جىنسىي مۇلازىمەت قىلغۇچىلار»سېپىگە قوشۇپ، پاھىشەلەر دۇنياسىنىڭ رەڭدارلىقىنى، «سەر خىل»لىقىنى ئاشۇردى. باشقا مىللەتنىڭ قىزلىرى «بۇمۇ بىر كەسىپ، بۇنىڭغىمۇ ماھارەت كېرەك، قارا پاھىشە بولمايمىز» دېگەن سودا ئېڭىدا بۇزۇقچىلىق قىلسا، ئادىلەدەك قىزلار « بولۇشىمىز شۇ، تۇرۇشىمىز شۇ، ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىمىز، پۇل تېپىپ جاننى باقمىساق بولمايدۇ، ئازراق پۇل تېپىۋالساق بۇ ئىشنى قىلمايمىز، ئەمما مەقسىتىمىزگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايمىز» دېگەن ئىدىيەدە بۇزۇقچىلىقنى داۋاملاشتۇراتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئادىلەنىڭ تېنىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ئېغىزى قۇرۇپ ئۇسساپ تۇراتتى، چىرايىدا سەت، قىزغۇچ داغلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قولىنى ئېگىز كۆتۈرسە قولتۇقى تېلىپ ئاغرىيتتى. ھەيز كۆرمىگىلى بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ ھەر قانداق ئەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا بويىدا قالماسلىقنىڭ ئامالىنى قىلاتتى، ئاچكۆز ئەرلەرمۇ ئەيدىز كېسىلىدىن قورققاچقا بىخەتەرلىك چارىلىرىنى ئىشلىتەتتى. ئەمدى بۇ چاتاق نەدىن كەلدى؟ ھەيز كەلمىگەنچە ئادىلە ئەنسىرەشكە باشلىدى، قورققانچە جېنى قالمىدى، ماغدۇرسىزلىق، ئىشتىھاسىزلىق كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. ئەگەر راستتىنلا بويىدا قالغان بولسا بۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايتتى، بىخەتەرلىك چارىلىرى كارغا كەلمىسە ياكى تەسادىپىي ئەھۋال يۈز بەرسە بويىدا قالىۋېرەتتى. ھېلىقى چاغدا خالادا

يۈز بەرگەن باسقۇنچىلىق... گاندون ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنىڭ ساختا چىقىپ قېلىشى... ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم مەستلىك ۋە ئۇيقۇلۇقتا يۈز بەرگەن ئىشلار... ئۆزىنى ئەيدىز دەپ گۇمان قىلىپ ئەسەبىيلەشكەن چاغلىرىدا دىققەت قىلمىغان ئىشلار... تېخى ئۆزى ساق تۇرۇپ كېسەل يۇقتۇرۇۋالدىمۇ ياكى شۇ بۇزۇق ئەرلەرنىڭ نىجىس ئۇرۇقىنى ئىچىگە تېرىۋالدىمۇ... بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى، قالايمىقان مۇناسىۋەت بەك جىق ئىدى، بۇ ھالدا قايسىسىنىڭ ھەقىقىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى...

ئۇ بارغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى، ئەگەر راستتىنلا بويىدا قالسا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتمىسە بولمايدۇ، ئۇ چاغدا سېستىرا «قان تەكشۈرۈپ كېلىڭ» دەيدۇ، قېنىنى تەكشۈرتسە ئەيدىز چىقىدۇ، ئۆلۈم خېتىنى قولىغا تاپشۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جان پېنى چىقىپلا كېتىدۇ، تېقىمى يۇمشاپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ، تامدەك تاتىرىپ ئۈنسىز يىغلايدۇ، يىغىسىغا ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ... بۇ چاغدا قەلبىگە ئارام بېرىدىغان نېمە بار؟ يۆلىنىدىغان كىم بار؟ شۇ چاغدا ئۇ خىرىستىئان دىنى ئارقىلىق كۆڭلىگە تەسەللى تاپالامدۇ؟ ئۆزىگە مېھىر-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ رىھنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟ دادىسى ئۆلۈپ كەتتى، ئاززۇلۇق قىزىنىڭ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، خاتىرجەم، قۇلىقى تىنچ ھالدا كېتىپ قالدى. ئاپىسى تىكەندەك يالغۇز قالدى، بەلكىم ئاپىسىمۇ غېرىبلىق دەردىنى تارتىپ، قايغۇ-ھەسرەتتىن بالدۇرلا قېرىپ كېتىشى، بالىلىرىدىن تەنھا ھالدا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىشى مۇمكىن. ئاكىسى خوتۇنى بىلەن بىللە، سىڭلىسىدىن قېرىنداشلىق مېھرىنى ئۈزدى. ئادىلە بەربىر يالغۇز قالىدۇ، ئۆزىگە يۈزلىنىپلا ياشايدۇ، ئارىلىشىدىغان تۈزۈك دوستلىرى يوق، خاپىلىقىنى ئۆزى تارتىدۇ، ئاغرىپ قالسا ھېچكىم يۆلىمەيدۇ... ئۇ نۇرغۇن ئەرلەرنى كۆردى، لېكىن بىرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھەمراھ بولالمىدى، كورىيەلىك كۆچمەنمۇ «پارلاق» ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، خىرىستىئانلىقنى تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قالدى، خوتۇن بولمەن دېگەن بىچارىنى تېخىمۇ رەسۋا پاھىشە قىلىۋەتتى. ئاززۇ-ئارمانلىرى ۋەيران بولغان ئادىلە ئەمدى نېمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ، نىجىسلار تېرىغان بۇ «كېسەللىك تۆرەلمىسى»دىن قانداق قۇتۇلىدۇ؟ قورساقتا ئۈنۈپ قالسا

ئالدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، ئەمما ئەيدىز بولۇپ قالسا تۈگەشكىنى شۇ، ئەجەللىك كېسەللىكتىن خارلىنىپ ئۆلىدۇ، ئۆلگۈچە ئارىلىقتا ئازاب، قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن نەچچە مىڭ قېتىم ئۆلۈپ بولىدۇ، ھەقىقىي دوزاخنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا كۆيۈپ كۈل بولىدۇ...

ئۇ يېنىدىكى قىزلارنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ ئۆزى ئۆيدە كىنو كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان قاقۋاش دەللالنىڭ ئۆزىلا بولدى، بۇرۇنقىدەك گىرىم قىلمايتتى، يوتقان-كۆرپىلىرىنى يىغمايتتى، قورسىقى ئاچسا تەييار چۆپ ئىچەتتى، تالاغا چىقىپ قالسا يېڭى كىنولار چىقتىمىكىن دەپ دۇكانلارغا قاراپ باقاتتى، ئامېرىكىنىڭ، ياۋروپانىڭ ھەر قانداق كىنوسى بولسا ئارىيەتكە ئېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ سائەت-سائەتلەپ كىنو كۆرەتتى. شۇ كىنولارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «يۈزى ئېچىلمىغان قىز» ناملىق كىنو ئادىلەگە قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ كىنودا 18 ياشقا كىرگىچە ئەر كىشى بىلەن بىللە بولۇپ باقمىغان سېمىز، ئۇستىخانلىق بىر قىز چىقاتتى، دوستلىرىغا دائىم ئۆزىنىڭ پاك قىز ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى، ئامېرىكىدا بۇنداق قىزنىڭ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش بولسا كېرەك، ئۇ قىز ئۆزىنى مۆجىزە ياراتقاندەك كۆرسىتەتتى، دوستلىرى ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك نەزەردا قارايتتى. ئاچىسىمۇ ئۇنى ياراتمايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىز تاڭ سەھەردە چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە ئۆزىنى چىرايلىق كارىۋاتتا تاڭ نۇرىنىڭ قويىنىدا ياتقان ھالەتتە كۆرىدۇ، دېرىزىدىن بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كىرىپ ئۇنىڭ بېشىدا چۆگىلەيدۇ ۋە «بەختلىك بول» دەۋاتقاندەك ۋىچىرلاپ سايرىشىدۇ. بۇنداق چۈش ئۇدا بىر نەچچە كۈن تەكرارلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز ئۆزىنى ئىلاھىي نۇر ۋە ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ھاياجانلىنىدۇ، مۆجىزە ماڭىمۇ خاس، خۇدا ماڭا باشقىچە قاراۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ بۈۋى مەريەمدەك پاك، گۈزەل تۇرغانلىقىدىن تېخىمۇ پەخىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبى مېھىر-مۇھەببەتكە تولىدۇ، باشقىلارغا ھەر ۋاقىت كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ، ئۆزىنى ياراتمايدىغان ئاچىسى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغاندا ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلاپ تەبرىكلەيدۇ، ئاچىسى سىلكىۋەتسىمۇ ھەرگىز كۆڭلىگە ئالمايدۇ، قەلبى مۇقەددەس تۇيغۇلارغا باي بولغاچقا كۆڭۈلسىزلىككە پەرۋا قىلمايدۇ، قورسىقىنى ناھايىتى كەڭ تۇتىدۇ، ھەممە ئادەمگە

مېھرىبانلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، كىملا بولسا ئۇنىڭ مەڭزىگە بىر كاچات سالسا، سول مەڭزىنى تۇتۇپ بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ، ئىشلارغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ، ئادەملەرگە ئىشىنىدۇ، ھېچكىمدىن گۇمانلانمايدۇ ۋە ھېچكىمدىن ئاغرىنمايدۇ. ئەنە شۇنداق خۇشال كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىپ شەھەردىن چەترەك بىر قاۋاقخانىدا ياشلار بىلەن جەم بولۇپ ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئوينايدۇ، ھەممەيلەنگە تەبەسسۇم قىلىپ كۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپكە چىقىش ئالدىدا شۇ قاۋاقخانىدا ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرغان بىر يىگىت ئۇنىڭ ئىچىملىكىگە ھوشسىزلاندۇرغۇچ دورا سېلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى يولەپ تالاغا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە بىر ئورمانلىققا كىرىدۇ. ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇ قىزنىڭ ئېغىزى كالۋالىشىدۇ، ھەرىكىتى كالاڭپايلىشىدۇ، خۇددى يوقىتىپ بىر دەرەخكە يۆلىنىپلا يېتىپ قالىدۇ، نىيىتىنى بۇزغان يىگىت شۇ يەردىلا ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ، ئاندىن شىمىنى ئوڭشاپ قويىدۇ. قىز شۇ ياتقانچە ھېچنېمىنى تۇيماي ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئويغىنىپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيىگە كېتىدۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ھامىلىدارلىقى مەلۇم بولۇپ قورسىقى يوغىناشقا باشلايدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن نومۇس قىلماقتا يوق، ئەكسىچە، خۇدا ماڭا بۇ بالىنى ئەرسىز ئاتا قىلدى، «ھەقىقەت»مېنىڭ تېنىمدە، مەن بۇ بالىنى چوقۇم تۇغىمەن دەپ سۆزلەپ يۈرۈيدۇ. ئاتا-ئانىسى غەزەبلىنىپ ئۇنى ئۇرۇپ تىللايدۇ، ئەمما ئۇ جاھىللىق بىلەن شۇنداق دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ داۋاملىق ئۆز خيالى بويىچە ياشاۋېرىدۇ، قورسىقىدىكى ئۇ «خرىستوس»نى چوقۇم تۇغىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ساراڭ بوپتۇ دېيىشىدۇ، ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا قارىمايلا قويىدۇ. ئاچىسى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇ بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن چۈشىنى زوق-شوخ بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە بۇ چۈشىنىڭ ئالدىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە پومپايغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى قاۋاقخانىدا بارىدۇ، «بالىنىڭ دادىسى» ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇلىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ قىلمىشىنى يوشۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ۋە ھەممە ئىشتىن خەۋەردار دوستى مەخپىيەتلىكنى ساقلايدۇ، ھەتتا ئۇ ئىشنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە قىزغا كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ، قىز ئۇنى رەت قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇنى چېركاۋغا بېرىپ پوپنىڭ ئالدىدا تۆۋە قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. ئۇ

چېركاۋغا بارىدۇ؛ ئاتا-ئانىسى، قاۋاقخانىدىكى ئىككى دوست ۋە باشقا بىر مۇنچە ئادەم ئۇنىڭ تۆۋىنامىسىنى ئاڭلايمىز دەپ ئولتۇرسا، ئۇ تۇيۇقسىز قارارىنى ئۆزگەرتىپ: «كەچۈرۈڭلار، مۇھەببەت مېنىڭ قەلبىمدە، خرىستوس مېنىڭ قەلبىمدە» دەپ جاكارلايدۇ، تۆۋە قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ چېركاۋدىن تالاغا ماڭغاندا پوپ ئۇنىڭغا « ئەي گۇناھكار، كەينىڭگە قايت، گۇناھىڭغا تۆۋە قىل، خرىستوس سېنى يەنىلا كەچۈرىدۇ»دەيدۇ، لېكىن ئۇ پەرۋا قىلماي چىقىپ كېتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆرە-تۆپە بولۇپ تالاغا چىقىپ، «شەيتان چېركاۋغا كىرىپتۇ» دېيىشىدۇ، ئاتا-ئانىسى ئازابلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى دوستىنىڭ بېشى قاتىدۇ. بىر كۈنى كەچتە بىر نەچچە ياش باللار يۈزىگە نىقاب تارتىپ ئۇ قىزنىڭ يولىنى توسۇپ ماشىنىسىنى ئۇرۇپ چاقىدۇ، قىزنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈپ ئۇرۇپ دەسسەيدۇ. ئۇ قىزغا كۆڭلىنى ئىپادىلەپ رەت قىلىنغان يىگىت قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. ئاتىسى ئاچىسى ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ، يول توسۇپ قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان يىگىت دوستى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ قىزنى يوقلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىزنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، قىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ھەم ئۇنى «مەينەت، ئىپلاس» دەپ تىللايدۇ، ئەگەر بۇ گەپنى باشقىلارغا دەيدىغان بولسا ئۇنى باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيبلەپ تۈرمىگە سولىتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، سېستىرانى چاقىرىپ ئۇنى چىقىرىۋېتىدۇ. دوختۇر ئۇ يىگىتنى بالىنىڭ دادىسى دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا بالىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، بالىنىڭ ئەسلى دادىسىغا بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. دوختۇر ئۇ قىزغا بالىنىڭ ھايات تۇغۇلمايدىغانلىقىنى، ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ قىز ئۇ بالىنى ھايات دەپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە بالىنى چۈشۈرىۋېتىشكە قەتئىي ئۇنىمايدۇ، ئاچىسى بىلەن يالغۇز قالغان چاغدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ خالىي بىر جايدا تۇغدۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ. ئاچىسى يۈز كېلەلمەي سىڭلىسىنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىدۇ، «ھەقىقىي دادا»ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ماشىنىنى ھەيدەپ بىر تاغنىڭ باغرىغا ئېلىپ كېلىدۇ، قىزنى مىڭ تەستە تۇغدۇرىدۇ، بوۋاق قىز تۇغۇلىدۇ ۋە تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۇ قىز بۇ بالىنىڭ خرىستوس ئىكەنلىكىدە

چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ قىزنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن، بالا دەردىدە ئېلىشىپ قالغان بىر ئايال شۇ يەردە پەيدا بولۇپ، بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ...

ئادەتتە بۇ كىنونى شۇنداق بېرىلىپ كۆردى، ئىدىيە-ھېسسىياتى بوراندا قالغان دېڭىزدەك داۋالغۇدى، ئىدىيىسى ئەركىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ كىنونى ئىشلىشىدىكى مەقسىتى خىرىستىيان دىنىنى مەسخىرە قىلىشمۇ ياكى ئۇنى تەشۋىق قىلىشمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ ساراڭلارچە قىلىقلىرى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ « ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇدا بولىدۇ، قورسىقىمدا خىرىستوس بار، بۇنداق بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، خۇدا ماڭا شۇنداق قابىلىيەتنى ئاتا قىلغان، مەن ئالدىن ھېس قىلىش كۈچىگە ئىگە...» دەپ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشلىرىدە قانداق «ھەقىقەت» بار؟! ئادەتتە ئۇ قىزدىن نەپرەتلىنىشنى ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۇقالمىدى، ئۆزى بىلىدىغان خىرىستىيانلىق چۈشەنچىلەردە تېڭىرقاپ قالدى، گۇمان ۋە مەسخىرە جىندەك چاپلىشىۋالدى. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ بۇ دىنىمۇ تۇزۇك چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ماھىيەتتە ئۆزىگە ۋاقىتلىق تەسەللى بېرىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جانجان ھاياتىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالمىغان تۇرۇقلۇق دىنىي ئېتىقادىغا قانداق چىڭ يېپىشالىسۇن! خىرىستىيانلىق ۋەدە قىلغان بەخت شۇ كورىيىلىك كۆچمەننىڭ يوقىلىشى بىلەن تەڭ يوقالغاندەك بولدى، ئادەتتە خىرىستىيانلىق پىداكارلىقىنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرالمىدى، يەنە كېلىپ بېيجىڭدىكى بىر قىسىم چەت ئەللىكلەر ئۆزلىرى خىرىستىيان تۇرۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئۇنچىلىك پىداكارلىق كۆرسەتمەيتتى، چېركاۋغا ئۇلار ئەمەس، بەلكى جۇڭگولۇقلار باراتتى؛ ئۇلار بولسا ئېسىل تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىپ، پانىي دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىدە ئويناپ-كۈلۈپ يۈرەتتى. خەق ئۆزىنىڭ دىنى بىلەن كارى يوق يۈرۈۋاتسا جىنىمنىمۇ تۇزۇك باقالمايۋاتقان ئادەتكە نېمە تۇرۇش! يەنە كېلىپ ئامېرىكىلىقلار مۇشۇنداق كىنو ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ دىنىنى «تەشۋىق» قىلىپتۇ. قورسىقىدا ئۇنۇپ قالغان ھارامىلىقنى «خىرىستوس» دەۋالغان بۇزۇق ئاخىرىدا نېمىشقا تانابىنى تارتماي، ئۆلۈك بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ ئارشاڭدا سۇ ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ؟! بۇ زادى نېمە مەنە بېرىدۇ؟ «سەنمۇ

شۇنداق ياشا، ھەر بىر ئادەم مۇقەددەس، بالا تۇغۇپ مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بالاڭنى باق، باشقىسىنى ئويلىما »دېمەكچىمۇ؟

بۇ «ماز كىنو» بالا تۇغۇشنى ھەرگىز خالىمايدىغان، ئەيدىز ۋەھىمىسىگە چۈشۈپ قالغان ئادىلەنىڭ خرىستىئانلىق ئېتىقادىنى تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىۋەتتى، ئۇنى تېخىمۇ ئازابقا قويىدى، بۇ كىنونى كۆرمەستىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغان پىداكارلىقى ئەمدى تامامەن يوقالدى. تېخى تارقىتىپ بولالمىغان ئىنجىلنى بىر ياققا تاشلىدى. ئۇنىڭغا نەق بەخت-سائادەت ـــ رىئاللىقنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ۋە كېسەل ۋەھىمىسىدىن ئۇنى قۇتقۇزىدىغان بىر ياردەم كېرەك ئىدى.

29

سىيىت قارى ھالاللاپ ئالغان گۈزەل، پاك خوتۇنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن چوڭ بەختىنى قولدىن بەرگەندەك ئازابلاندى؛ چوپچوڭ يىگىت، ئابرۇيلۇق ئىمام تۇرۇپ كۆڭۈلگە ئەسىر بولۇپ، خوتۇن ئالدىدا ئېگىلىپ، ھىجران مۇشەققەتلىرىگە قالغىنىغا ئېچىندى، ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئەمما يولغا چىقىپ بولغانىدى، ۋاقىت قاتناش ۋاسىتىلىرىدەك ئالغا قاراپ ماڭغۇرەتتى، كېچىكىپ كەلگەن ئەقىل، تۈگىمەس پىغان، ئەپسۇس-نادامەت ھامان كەينىدە قالاتتى. ئۇ پويىزدىمۇ، ئاپتوبۇستىمۇ زۆھرە بىلەن بىللە بولغان بەختلىك مىنۇتلىرىنى، شېرىن كەچمىشلىرىنى ئەسلىدى. سېغىنىش ئوتلىرى ھېلىتىنلا ئىچىنى تونۇردەك قىززىتتى. «ھەسرەتلىك ئايرىلىش قاچانغا سوزۇلار؟ ياكى بۇ ئۆمۈرلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالارمۇ؟ زۆھرە نىكاھتىن كېيىنكى ئەھدى-ۋاپانى قوغداپ قالالارمۇ؟ يەكى شەيتانلار ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالارمۇ؟ بۇ يۈرەك ئاخىر داغدا قالارمۇ؟... » دەپ ئىزتىراپ چەكتى.

سىيىت قارىنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك، سۆز-چۆچەك ئۇنىڭدىن ئاۋۋال يېتىپ كەلگەنىدى. زۆھرە ئۆيىدىكىلەرگە بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ۋات-ۋات ئاچىسى يېڭى ياراشقان ئېرىگە دەپ قويۇپ، بۇ ئەر ھاراق سورۇنىدا چۆپىقەتلىرىگە دەپ سېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا تاراپ، ھەتتا تەشكىلنىڭ قۇلىقىغىچە بېرىپ يەتكەنىدى. سىيىت قارى ئۆيىگە كېلىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئاخشام مۇڭدىشىپ ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلدى، ئوغلىنىڭ ئىمانىغا سەمىمىيىتىگە

ئىشىنىدىغان ئاتا-ئانىسى ئۇنى توغرا چۈشەندى، كېلىنىنىڭ باشباشتاقلىق قىلغىنىغا ئەپسۇسلاندى.

ئەتىسى سىيىت قارى ئاتا-ئانىسىنى باشلاپ، ئاز-تولا سوۋغا-سالام بىلەن قېيناتا، قېينانىلىرىنىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇلار قۇدىلىرى ۋە كۈيئوغلىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، پولۇ ئېتىپ مېھمان قىلدى. سىيىت قارى بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ زۆھرەنىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدىدى، بۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشىلىنىپ، سەرەمجانلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. «چانغۇدەك ئەمەسقۇ؟ بۇ تۇرمۇشنىڭ نېمىسى يارىمايدۇ؟ ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىدا داق يەردە ياتسىمۇ، يالغۇز يەردە يۇمشاق كارىۋاتتا ياتقاندىن ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ ھەي كەم ئەقىل خوتۇن، شەھەرنىڭ جىنلىرى سېنى قاچان قويۇپ بېرەر!...» دەپ ئويلىدى.

– بالام، تارتىنماي ئالسىلا... چاينى ئىسسىق دەملەپ ئەچىقاي...– دەپ ماڭدى قېينانىسى.

– مۇشۇنداق ئىچمۇرەي، كايىمىسىلا ئانا...–دېدى سىيىت قارى بۇ ئۆيگە بىردىنلا ئۆزلىشىپ كەتكەندەك خۇشاللىق بىلەن.

– مەھەللىدە سىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن جىق گەپ بولدى، خەق ھەر قىسما گەپنى تاپىدىكەن، كارىمىز يوق ئولتۇردۇق قارىسىلا. گەپ بىزنىڭ قىز بالىدا، نېمە قىلىدۇ دەيمەن سىلى بىلەن بىللە يېنىپ كەلمەي... ئاچچىقىم كەلمىسە كېلىدۇ شۇ..

– خوتۇن كىشى دېگەننى مەيلىگە قويۇۋەتسەك بولمايتتى قارىم...–دېدى قېيناتىسى ئۆزىدە يوق تەجرىبىنى سۆزلەپ.

– زۆھرە ھامان يېنىپ كېلىدۇ، ماڭا شۇنداق دېگەن...–دېدى سىيىت قارى ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن.

– قاچان يېنىپ كېلەر؟ شۇنداق دېگىلى بىر يىلدىن ئاشتى. مەن تولا سوراۋېرىپ زېرىكمىدىم، ئۇمۇ يالغان سۆزلەپ ھارمىدى...–دېدى قېينانىسى ئۇھ تارتىپ.

خوتۇنىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر ۋاقىتنى دېيەلمىگەن سىيىت قارى خىجالەتتە قالدى، دېمەك، ئېرى خوتۇنىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە ئەمەس، خوتۇنى قاچان كەلگۈسى كەلسە شۇ چاغدا كېلىدۇ؛ كاللىسى قايسا تېخى كەلمەيلا قويىدۇ. سىيىت قارى ئەنسىزلىككە چۆمدى، زۆھرەگە ھەر

قانچە ئىشەنسىمۇ، خوتۇن كىشىنىڭ شەيتانغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايتتى، «مىڭ بىر كېچە» دە پادىشاھنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئامراق خوتۇنىمۇ بىر قارا زەنگىگە بۇزۇلغان ئەمەسمۇ؟! شۇڭا خوتۇن كىشىگە ئالدىراپ ئىشەنمەسلىك كېرەك؛ خوتۇنىدىن بىر ئاي ئەمەس، بىر ھەپتە ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ مۇئامىلە-خۇلقلىرىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش كېرەك.

سېيىت قارى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر قېتىم، مەھەللىسىگە كېلىپ بىر قېتىم زۆھرەگە تېلېفون قىلدى، زۆھرە ئۇنىڭغا قىزغىنمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلدى، بىر ئېغىز گەپ سورىسا بىر ئېغىز جاۋاب بەردى؛ قىزغىنلىق، رومانتىكلىقتىن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمىدى. شۇ ھالدا ئۇ گويا ئېگىزگە چىقىۋېلىپ، سېيىت قارىنى پەسكە دومىلىتىۋەتكەندەك، شۇنىڭ بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتنى تۈگەتكەندەك تۇيغۇ بەردى. سېيىت قارى ئەسلىدە «ئايرىلغاندىن كېيىن قەدرىمىز ئۆتتۇلىدۇ، مۇناسىۋىتىمىز باشقىچە گۈزەل بولىدۇ، مېھىر-مۇھەببىتىمىز چوڭقۇرلىشىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، ئىش ئۇنداق بولمىدى؛ زۆھرە ئۇنى دەسلەپتىلا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باقمىغاندىكىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى؛ بىر تۇرۇپ سېيىت قارىنى قەستەن قىيناۋاتقاندەك، سىناۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى؛ ئەمما بۇنداق سىناقلار كۆڭلى نازۇك قارىمغا ئېغىر كېلەتتى.

سېيىت قارى قىيىناتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، «ئەمدى بۇ ئۆيگە دەسسەشكە مۇمكىن بولامدۇ يوق، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان جامائەتكە سالام قىلىپ ماڭاتتى، ئەمما تۈزۈك جاۋابقا ئېرىشەلمەيتتى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا بىر قانداق قارايتتى، خەقلەرنىڭ بىر-بىرىنى ئىشەندۈرۈش كۈچى شۇنچىلىك يۇقىرى ئىدىكى، يالغاننىمۇ ھەقىقەت دەپ بىر دەمدە قوبۇل قىلىۋالاتتى. سېيىت قارى ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ھۆرمەتتىن، ئىناۋەتتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى، «خەقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنداق ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادانلار ئەمەس» دەپ ئويلىغانلىرى نەگە كەتتى! «قارىم نەگە بارسا خوتۇن ئالىدىكەن، خوتۇنسىز كۈن ئۆتكۈزەلمەيدىكەن، خوتۇن بولمىسا چىدىمايدىكەن؛ يولدىن چىققان قىز بولسىمۇ چىرايلىق بولسىلا ئالىۋېرىدىكەن؛ بىر ئۆيىنى مەركەزدە، بىر ئۆيىنى مەھەللىسىدە تۇتىدىغان بوپتۇ؛ قىشنى شەھەردە، يازنى يېزىدا

ئۆتكۈزىدىكەن؛ رامىزاننى مەھەللىسىدە تۇتسا، ھېيتنى شەھەردە ئوينايدىكەن. ھۆكۈمەت ئەمدى ئۇنىڭ ئىمامىلىقىنى ئېلىپ تاشلايمىش...» دېگەن گەپلەرنى قانداق بېسىقتۇرۇش كېرەك؟ ياكى جامائەتنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ بىر سائەت ھېكايە سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلاش كېرەكمۇ؟

بىرلىكسەپ ئىشخانىسى سىيىت قارىنى چاقىرتىپ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈردى؛ سىيىت قارى ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالغاچقا توي خېتى ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا نىكاھ ئوقۇپ قالغانلىقىنى، خوتۇنى كەلسە دەرھال ناھىيىگە كىرىپ خەت ئالىدىغانلىقىنى، مەھەللىسىدە توي چېيى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ـ قىزنى باشلاپ كېلىپ، مەشەدىن توي خېتى ئېلىش شۇنچە تەس كەلدىما؟ـدېدى ئىشخانا مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ، ـ «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دەپ، مەركەزدە نىزامغا خىلاپلىق قىلغىنىڭلىنى قاراڭلا...

ـ قىز ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، بولمىسا مەنمۇ ئۇنداق قىلمايتتىم.

ـ توي قىلماستىلا سايماخۇن بولدۇم دەڭلا...

سىيىت قارى بۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى، ئىچى دەرد-ئەلەمدىن سىقىلدى.

ـ قىزغا چۈشەندۈرسەڭلا بولمامدۇ؟! خوتۇن خەق دېگەنغۇ بىغەرەز كېلىدۇ.

ـ چۈشەندۈرسەك ئاڭلىمايدىكەن، قائىدە-تۈزۈمنى بىزلا بىلىدىغان ئوخشايمىز.

ـ بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىپسىلىغۇ ئەمىسە؟!

ـ شەھەردە قالايمىقان بىللە تۇرىدىغانلار جىقكەن، شۇڭا ھېچ بولمىغاندا نىكاھ قىلىۋالايلى دەپ ئالدىراپ كېتىپتۇق...

ـ شەھەرلىكنى دوراپ بولالمايسىلە قارىم، ئۇ يەر بىلەن بۇ يەر ئوخشىمايدۇ.

ـ شۇنداق، بۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك ئىدى، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپتۇق.

ـ ھەممىنى كۆڭۈلگە ئارتىپ قويماڭلا  قارىم، سىلىگە مۇۋاپىق چارە كۆرمىسەك بولمايدۇ.

سىيىت قارىم باش ئىماملىقتىن مۇئاۋىن ئىماملىققا چۈشۈرۈلۈپ، ئۈچ ئاي سىناقتا قالدۇرۇلدى. ئەسلىدىكى مۇئاۋىن ئىمام باش ئىماملىققا ئۆستۈرۈلۈپ، ئىناۋىتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىشلار

سىيىت قارىنى بىر ھەپتە بىئارام قىلدى، ئەمما زۆھرەنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، بۇ ئىشلارنىمۇ ئانچە ئېتىۋارىغا ئالمىدى. ئىچ پۇشۇقى ھەر ياقتىن قىستاپ كەلسە نامىزىنى ئوقۇپ، زۆھرەنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلىدى. ئارىلىقتا بىر قېتىم تاھىر قارىغا تېلېفون قىلدى:

– يېنىڭىزغا پەقەت بېرىپ بولالمىدىم، بولمىسا تازا ھال-مۇڭ قىلىشاتتۇق، بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ مېنىڭ...

– سەۋر قىل، ئاللاھتىن ئاسانلىق تىلە، ھېلىمۇ ياخشى قارىم بولۇپ قاپتىكەنسەن، بولمىسا تۇگىشىپ كەتكۈدەكسەن.

– شۇنى دېگىنە، زۆھرەنىڭ كەلمىگىنىنى ئاز دەپ، ئىناۋەتتىنمۇ چۈشتۇق. زۆھرە بۇنى بىلسە يېنىمغا ھەرگىز كەلمەيدۇ.

– ئۇ سېنىڭ ئىمامىلىقىڭنى چوڭ بىلمەيدۇ، سەندىكى مۇھەببەتنى چوڭ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا داۋاملىق تېلېفون ئۇرۇپ، كۆڭلۈڭنى ئىپادىلەپ تۇر.

– تېلېفون قىلمىدى دەمسەن، نەچچە ئۇردۇم، ئىسسىق باسماس گەپلەرنى قىلىدۇ شۇ...

– سەن ئۇنىڭغا قېيداپ قالماي، داۋاملىق ئۇرىۋەر؛ ئۇنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىڭنى ھەر ۋاقىت ئېسىگە سېلىپ تۇر. بولمىسا «كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق» بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشىڭ چاتاق!

– تېلېفون ئۇرىۋەرسەم زېرىكىپ، مەندىن تېخىمۇ قاچامدىكىن دەيمەن، شۇڭا ھەر ئىشنىڭ مۇۋاپىق بولغىنى ياخشىمىكىن.

– بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، ئەمىسە ئۆزۈڭ توغرا تاپقان بويىچە ئىش قىلىۋەر.

سىيىت قارى ئۈچىنچى قېتىم زۆھرەگە تېلېفون قىلدى، ئۇلانغان ئاۋاز سوزۇلغانچە ئۇنىڭ ئۈمىدى شۇنچە ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، زۆھرە تېلېفوننى ئالغاندا ئاندىن كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئەمما سەل-پەل جىددىيلىشىپ قالدى:

– ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

– ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

ــ قەدىر ئەھۋال... خىزمىتىڭىز ئالدىراش كېتىۋاتامدۇ؟

ــ ئالدىراش ئەمەس، ئەمما ئۇششاق ئىش چىقىپ تۇرىدۇ.

شۇ چاغدا دېگۈدەك گەپ تېپىلماي قالدى، سىيىت قارى باشقا گەپنى باشلىمىسا، زۆھرە ھەرگىز ئارتۇق گەپ قىلمايتتى.

ــ تەشكىلدىن مېنى چاقىرتىپتۇ، توي خېتى ئالمىساق بولمايدىكەن.

ــ ئالارمىز بىر كۈنى...

ــ سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن گەپنىڭ ھەممىسى ماڭا كېلىدىكەن.

ــ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىكىن ئەمدى چىدىغاچ تۇرۇڭ.

زۆھرە نەدىمۇ ئېرى بىلەن تەڭ دەرد تارتىدىغان خوتۇن بولسۇن، بەئەينى يىراقتا تۇرۇپ تاماشا كۆرگۈچى ئىدى.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ماڭا دەرد تارتىشىپ بەرمىسىڭىز بەرمەڭ، لېكىن ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ دەردىمنى ئاۋۇتماڭ!ــ دېدى سىيىت قارى جىلە بولۇپ.

ــ ھەممىمىزنىڭ دەردى يېتىپ ئاشقۇچە بار، چىدىماي ئامال يوق، چىداڭ...

ــ سىزنىڭ نېمە دەردىڭىز بار، ئاڭلاپ باقاي مەن ــ دېدى سىيىت قارى دەرگۇمان بولۇپ.

ــ سۆزلىسەم بەك جىق، دېگىلى بولمايدۇ...

سىيىت قارى ئەنسىرەپ قالدى، زۆھرە ئۇنى ساز قىلىۋاتامدۇ ياكى راست دەۋاتامدۇ؟!

ــ دېگىلى بولمىسا دېمەيلا قويۇڭ ــ دېدى سىيىت قارى ئېغىر تىنىپ قويۇپ ــ مۇشۇنداق قىلىپ ئادەمنى تەتۈر قىينايدىغان بولدىڭىز. ئاللاھ كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بەرسۇن.

ــ تاۋى نازۇك قارىم، نېمە دېسەم ئىشىنىپ ئولتۇرماڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۆيدىكىلەرنى پات-پات يوقلاپ تۇرۇڭ.

ــ ئۆزىڭىز كېلىپ يوقلاڭ، يالغۇز بېرىشتىن زېرىكتىم.

ــ ئۇنداق قىلىپ كەتمەڭ، سىز بارمىسىڭىز ئۇلار مەندىن يەنە گۇمانلىنىدۇ.

ـ شۇڭا دەيمەن، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى گۇمانغا سېلىپ يۈرۈيسىز؟ مەھەللە كوي ئالدىدا يۈزۈمنى قويمىغىلى تۇردىڭىز، بۇ كۈنلەر قاچان تۈگەيدۇ، قاچان يېنىپ كېلىسىز؟ ماڭا بىر ئېنىق جاۋاب بېرىڭە زادى!

ـ خەقلەرنىڭ گېپىگە چىدىماپسىز-دە، سەھرايى قىيامەت دېگەن ئەنە شۇ... ئۆيدىكىلەرنى دېمىسەم مېنىڭ ئۇ يەرگە تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم يوق. ئۇ يەردە ياشاشنى ئويلىسام ئىچىم پۇشىدۇ، ئۆزۈمنى پەقەت ئەركىن-ئازادە ھېس قىلالمايمەن؛ تاڭ ئۇقمايمەن، بىر توپ ئادەم مېنى قىسماقتا ئالغاندەك، ھەممىسى مېنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋالىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

ـ سىزدىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تەس ئوخشايدۇ، ئاللاھ كۆڭلىڭىزگە مۇشۇ يەرنىڭ مۇھەببىتىنى سالمىغىچە ئوڭشالمايدىغان ئوخشايسىز.

ـ گەپ سىزدە، ئەر كىشى بولغاندىكىن تىرىشىڭ. ئىمامىلىقلا قىلىپ ئولتۇرماي باشقا تىرىكچىلىك بولسا قىلىڭ.

ـ ئىمامىلىقتىنمۇ ئايرىلاي دەپ قالدىم، تىرىكچىلىكنى چوقۇم قىلمىساق بولمايدۇ.

ـ مانا مۇنداق دەپ تۇرۇڭ...

سىيىت قارىم يېنىك تىندى، ئەمما يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. بەزى خوتۇنلار ئېرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئەسكى ئىشنى قىلىۋاتقان يەردە، يىراقتىكى خوتۇندىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولسۇن؟!

سىيىت قارىنى غېرىبلىق باستى، ئەمما سەۋر-تاقەت، غەيرەت-شىجائىتىنى يوقاتمىدى. ئۇ «گۈزەل مەھبۇب، سۆيۈملۈك خوتۇن» ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىپ يوقاپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى. زۆھرەنى نىكاھىغا ئالماستا ئۇنىڭ ئىنساپىنى تىلەپ غايىبانە دۇئا قىلغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى جان دىلى بىلەن ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىدىغان بولدى، زۆھرەدىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەن ياكى يامان چۈش كۆرۈپ قالغان چاغلىرىدا نەپلە ناماز ئوقۇپ، كۆز ئالدىدا ئاغرىق ياتقان قېرىندىشىنىڭ شىپالىق تېپىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندەك يۈكسەك تەقۋالىق، چوڭقۇر تىلەك، كۈچلۈك ئارزۇ-ئىستەك بىلەن دۇئا قىلاتتى.

كۆنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆرۈلۈپ رامىزان شەرىف يېتىپ كەلدى، نامازغا كېلىدىغان جامائەت كۆپەيدى، بايلار كەمبەغەللەرگە ئۆشرە-زاكات ئايرىشقا باشلىدى، ئۆچ-ئاداۋەتتى بارلار مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشقا قاراپ ماڭدى، كىشىلەر بىر-بىرلىرىنى ئىپتارلىققا چاقىرىشقا باشلىدى، مەھەللىنى ئىناق كەيپىيات قاپلىدى. سىيىت قارى بۇ مۇبارەك ئاينىڭ ھەر بىر كۈننى تەقۋالىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى، ئىمكانىيەتتىنىڭ بېرىچە مەسچىتتىن، جامائەتتىن ئايرىلمىدى. جامائەتمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك تەتۈر قاراپ كەتمىدى. «سىيىت قارى نېمىلا قىلسا نىكاھلاپ خوتۇن ئاپتۇ، يا ناشايان ئىش قىلماپتۇ، بىرىپ تاش سېتىپتۇ، ئوغرىلىق قىلماپتۇ، نېمە قىلىمىز ئەيىبلەپ؟!» دەيدىغانلارمۇ چىقىشقا باشلىدى، بۇ پىكىر ئېقىمىغا ئەگەشكەنلەر كۆپ بولدى، نامازنى ئۇنىڭ كەينىدە رازىمەنلىك ئوقۇشقا، ئۇنىڭدىن ئانچە-مۇنچە تەبلىغ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. سىيىت قارىنىڭ تەلىيىگە، باش ئىمام ئۇڭلۇق، كەمتەر بالا ئىدى، سىيىت قارى بىلەن مۇنبەر تالاشمايتتى، جۈمەدە ئىمام بولۇپ تەبلىغ قىلغاندىن باشقا ۋاقىتتا ئاساسەن سىيىت قارىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قوياتتى، سىيىت قارىنىڭ ئۆيى مەسچىتكە يېقىنراق بولغاچقا ھەر كۈنى دېگۈدەك دىنىي پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇ ئايدا ئىمام-خاتىپلارنىڭ يىغىنى، ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئاۋۇپ كەتتى، سىيىت قارىمۇ بۇنىڭغا چوقۇم بارمىسا بولمايتتى، يىغىن تۈگىگىچە ئۇخلاپ قالغىلى تاس قالاتتى، ئويغاق تۇرسىمۇ كۆزى باشلىقتا بولغان بىلەن، خىيالى خوتۇنىدا ئىدى...

سىيىت قارىنىڭ ئادەمىيلىك ھۆرمىتى ساقلىنىپ قالغان بىلەن، بۇرۇنقى ئىناۋىتى يەنىلا ئەسلىگە كېلەلمىدى، ئۇ تەنە-مەسخىرىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەرنىڭ پاتراق كېلىشىنى، قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشاشنى ئۈمىد قىلغانچە، زۆھرە يېنىپ كەلمەي خاپا سالدى، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشتى. تېلېفون ئۇرسا خۇشخەۋەر يوق، كۆڭۈلسىز گەپ جىق. بۇنداق چاغدا ئۇ زۆھرەنى ئۆزىدىن بارغانچە ياتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، ھەتتا «ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىم، نەچچە كېچە بىللە بولغىنىم چۈشۈممۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئىنسانىنىڭ نەپسى غالىب كەلسە، ئىمانى، تەقۋالىقى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى؛ بۇنى سىيىت

قارى ھەر ۋاقىت ھېس قىلاتتى، ئاللاھنى كۆپرەك زىكرى قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتى، ئەمما خىيالى يەنە زۆھرەگە كېتىپ قالاتتى. شەيتان ئۇنى ھەر كويلارغا سالاتتى!

جامائەت سىيىت قارىنىڭ ھەسرىتىنى بىلمەيتتى، خوتۇنىنى ئۈچ-تۆت كۈن خوتۇن قىلىپلا بۇنداق ھىجران، سېغىنىش ئازابىغا قالغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى. سىيىت قارى جامائەتكە ئۆزى ھەققىدە باياننامە جاكارلاشنى، ئۆسەك گەپلەرنى بېسىقتۇرۇشنى قانچە قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالمىدى، جۈمە كۈنىدىن باشقا ۋاقىتتا جىق گەپ قىلغىلى بولمايتتى. رامىزاننىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنى باش ئىمامنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ رۇخسەت سورىدى، ئىماملىق سىيىت قارىغا ئۆتۈپ قالدى. بۇ كۈندىكى تەبلىغ «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ھەققىدە بولاتتى. سىيىت قارى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ۋەز سۆزلەشكە باشلىدى، بۇرۇنقىدەك تەمكىن ھالىتىنى ساقلىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولىنى سۆزلەپ بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئائىلە، نىكاھ ھەققىدە توختالدى.

« ئائىلە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى.-دېدى ئۇ جامائەتكە تەكشى قارىۋېتىپ.- ئائىلە بۇزۇلسا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، ئائىلە تۈزەلسە جەمئىيەت تۈزۈلىدۇ. ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى تۈزۈلۈشى ئەر-خوتۇنغا باغلىق، ئەر-خوتۇننىڭ ئىناقلىقى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئىناقلىقىنىڭ ئاساسى. ھازىر جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئائىلىسىنى بۇزۇۋاتقان ئەر-ئاياللار ئاز ئەمەس؛ تالاغا قاراپ قالغان ئەرلەر ھېچ سەۋەبنىڭ تايىنى يوقلا خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ بارىدۇ، باللىرى يېتىم قېلىۋاتىدۇ. ئەرسىز قالغان خوتۇنلار ئەرگە تېگىشنى خالىماي، بالا بېقىشنىمۇ خالىماي يامان يولغا كىرىپ كېتىپ بارىدۇ. خوتۇنى ئاشكارا زىنا قىلمىغان ھالەتتە، يەنە كېلىپ خوتۇنىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن ھالەتتە ئېرىنىڭ ئۇنى تالاق قىلىشى ھارام، مىجەزىمىز چىقىشالمىدى دەپ ئالدىراپ ئاجرىشىپ كېتىشىمۇ دىنىمىزدا دۇرۇس ئەمەس. خوتۇنىنى قويىۋېتىشكە ناھايىتى چوڭ سەۋەب كېرەك، ئاجراشمىسا پەقەت بولمايدىغان ئەھۋالدا ئاندىن ئاجرىشىش كېرەك، شۇنداقتىمۇ بىر تالاق خوتۇنىنى ھەيزدىن، نىفاستىن پاك بولغۇچە قېشىدا ئېلىپ قېلىشى كېرەك.

خوتۇنى ئېرىنىڭ قېشىدا تۇرغان مۇددەتتە ئېرى ئۇنىڭغا نامەھرەملەرگە قىلىدىغان قىلىقنى قىلماسلىقى كېرەك، بولمىسا نىكاھتا يېنىشقان بولىدۇ. خوتۇنىنى تالاق قىلغاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشى ھارام، خوتۇنى باشقا ئەرگە تېگىپ بولغۇچە مەلۇم ۋاقىت كۈتۈشى كېرەك، شۇنىڭغىچە ئەرنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قېلىشى، خوتۇنىغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئەگەر ئاللاھ نېسىپ قىلسا، قايتا يېنىشىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا جامائەتلىرىمىز، ئائىلە ئىناقلىقىنى قوغدايلى، ئالدىراپ ئاجرىشىدىغان ئىشنى قىلمايلى، ئايال خەق ئاجىز، ئۇلارنى ئاسرايلى. ئەگەر « بۇ گەپلەرنى دېيىشكە سېنىڭ لاياقىتىڭ توشمايدۇ» دەپ قالساڭلار ئۇمۇ مەيلى، دەيدىغان گەپنى دەپ قويدۇق، ھەقنى يەتكۈزۈش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. ھەق تائالا ئالدىدا شۇنداق قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئىشنى قىلمىدىم، نىكاھ تۇرمۇشۇمنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىقا ئۇچرىشىنى ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن بىر سىنىقى دەپ چۈشىنىمەن. مەن ھەر قايسىڭلارنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى قىيامەتتە ئاشكارا بولىدۇ. مەن توغرۇلۇق كىم ناھەق گەپ قىلغان بولسا شۇ ماڭا تۆھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەگەر دېگەن گەپلىرى ھەقىقەتەن مەندە يۈز بەرگەن بولسا ئۇ غەيۋەت بولىدۇ. مەن سىلەرگە غەيۋەت-شىكايەتنىڭ زىنادىنمۇ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى جىق سۆزلىدىم، ئەمما يەنىلا غەيۋەت-شىكايەتتىن، پىتنە-ئىغۋادىن قۇتۇلالمىدىم، ئۇنداق قىلماڭلار جامائەت، بىزنىمۇ بۇ جاھاندا ياشىغىلى قويۇڭلار. كىم باشقىلارنىڭ ئەيب-نۇقسانلىرىنى ياپسا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىۋىنى ياپىدۇ، كىم باشقىلارنىڭ ئەيب-نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلىسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ. ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار، باشقىلارنىڭ گۇناھىنى ئاللاھقا قويۇپ بېرىڭلار. يەنە بىر ئىشنى مەشەدە دەپ قوياي، ئايالىم زۆھرە ھەققىدە ھەر قىسما گەپ قىلىدىغانلار بولسا ئەمدى ماڭا دېسۇن، زۆھرەنىڭ قانداقلىقىنى مەن بىلىمەن. بولمىسا ھېچكىم قالايمىقان سۆزلەپ يۈرمىسۇن، پاك ئايالغا تۆھمەت قىلىش يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى، بۇنى ئوبدان بىلىپ قويۇڭلار. مەن مەشەدە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دەيمەنكى، شۇنداق قىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىغا مىڭ رەھمەت.

ھەممىڭلارنىڭ ئۆيىدە ئايال زاتى بار، ئۇلارنى ئاسراش، قوغداش، يامان ئىشتىن توسۇش سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار، ئايال خەق پىتنە-پاساتقا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ، بۇنىڭغا كۆپ دىققەت قىلىش كېرەك. قاچانكى ئەرلەرمۇ خوتۇن خەقتەك غەيۋەتچى، سۆخەنچى بولىدىكەن، ئىمانى ۋە ئەركەكلىكى يوقالغان بولىدۇ. خۇلاسە كالام، پىتنە- ئىغۋا، قارا تۆھمەت، غەيۋەت-شىكايەت كىشىلىك مۇناسىۋەتنى، ئائىلىنى، جەمئىيەتنى بۇزىدۇ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنداق ناچار قىلمىشنى دىنىمىزمۇ قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. قەبرە ۋە قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغانلار ئۇنداق چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، ھەر بىر مۇسۇلمان ساغلام ئەقىل، ساغلام ئەخلاقى بىلەن ياشاپ، ئائىلىسىنى گۈللەندۈرۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك...

بۇ قارىمنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىدە دەپ بولغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان جامائەت بىر-بىرىگە قارىشىپ كۇسۇلدىشىپ كەتتى، ئەمما بىرەرسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قارشى چىقالمىدى. نامازدىن تاراپ چىققانلىرىدا بولسا « ئاران تۇرغاندەك ئەجەب دەۋالدىيا، ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن تەبلىغدىن چەتنەپ كەتتىيا... خوتۇنغا كۈچى يەتمىسە بىزگە كۈچى يېتەمدىكىنا... خوتۇنغا دېيەلمىگەن گەپلىرىنى بىزگە دەمدىكىنا... ئىشىنى قىلسىنا...» دەپ غۇدۇراشتى، ئەمما سىيىت قارىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھەرگىز خاتا دېيەلمەيتتى، قايىل بولمايدىغان يەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. جامائەت دېگەن بويسۇنغۇچى، ئىمامنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلماي بولامدۇ؟

مۇشۇ تەبلىغ باھانىسىدە كۆڭلىدىكىنى دەۋالغان، ئۆزىنى ۋە زۆھرەنى بىراقلا ئاقلاپ چىققان سىيىت قارى خېلىلا روھلىنىپ قالدى، زۆھرەنىڭ يۈزىغۇ ئاقاردى، ئەمما قايتىپ كەلمەي قالسا كۈتۈلمىگەندە قارا يۈز بولۇپ كېتەتتى. سىيىت قارىنىڭ جامائەت ئالدىدىكى يۈزىمۇ تۆكۈلەتتى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچتە زۆھرەگە تېلېفون قىلدى، قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خۇشاللىقى ۋە ئەنسىزلىكىنى ئىزھار قىلدى:

ــ بۈگۈنكى جۈمەدە مەن جامائەتكە تەبلىغ قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئاقلىدىم، ئەمدى يېنىپ كەلمىسىڭىز

يۈزۈمىزنى قارا قىلىسىز.

ــ شۇنداقمۇ؟ ياخشى قىلىپسىز، لېكىن خەق گېپىڭىزگە ئالدىراپ ئىشىنەمدۇ؟

ــ ئىشىنىشى مۇمكىن، چۈنكى مەن ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلدىم.

ــ ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن، چۈنكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى قەسەمخور.

ــ ئىشەنمىسە مەيلى، بولغىنىنى كۆرەرمىز ــ دېدى سىيىت قارى كەيپىنى بۇزماي.

ــ بىز ئۇ خەقنىڭ ئالدىدا زادى نېمە گۇناھ قىلىپتۇق؟ ئۆيىدىكى خوتۇن، قىزلىرىنى باشقۇرسا بولمامدۇ دەيمەن.

ــ خەقنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، ئۇلارمۇ ئائىلىسىنى ئوبدان باشقۇرۇۋاتىدۇ.

ــ ئۆزىمىزنى ئاقلىدىم دەپ ئۆزىڭىزنى چاندۇرۇپ يۈرمىگەنسىز-ھە، خەق ئەمدى تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

ــ ئۇلارنىڭ ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىكى سىزگە باغلىق بولۇپ قالدى، قايتىپ كېلىپ قېشىمدا تۇرسىڭىز خەقلەر سىزگە ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ، ئەگەر قايتىپ كەلمىسىڭىز يۈزىڭىز قارا پېتى تۇرۇۋېرىدۇ.

ــ مەن خەقنى دەپ ياشامدىمەن؟ ماڭا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشى لازىم.

ــ ئۇنداق دېسىڭىز ئەمدى بولمايدۇ، توي قىلغاندىكىن بۇ تۇرمۇش ئىككى ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بولىدۇ، سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنى ئەگە تەگمىگەن قىزدەك ئويلامسىز؟

ــ ئەرگە تېگىپلا ئۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ.

ــ ئۆزىڭىزدىن ئايرىلىپ قالمايسىز، يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ مەن بىلەن ئوبدان ياشايسىز.

ــ تاڭ، بۇنىڭغا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ھال كۆڭلىڭىز ياخشىلانمىسا قانداق بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ؟

ــ بىز تېخى ياش، تىرىشىمىز، بۇنداق نامرات ئۆتىۋەرمەيمىز. شۇنىڭغىمۇ ئاز دېگەندە ئىككى-ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنىڭغىچە ئاشۇنداق يۈرەمسىز؟ مېنى پەقەت ئويلىمامسىز؟

ــ ئۇنداق ئىش يوق، مەن ھامان بارىمەن.

ــ قاچان كېلىسىز؟ ئەگەر «سەن بېيىغاندىن كېيىن يېنىڭغا بارىمەن» دېسىڭىز قاملاشمايدۇ...

ــ سىزدە پۇل تاپالايدىغان چىراي يوق، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە ئاندىن مۇرادىمغا يېتەرمەنمىكىن دەيمەن.

ــ سىزگە مال-دۇنيا شۇنچە مۇھىمما؟ ئادەم دېگەن بىر قاچا تاماق يېسە تويىدۇ، ئارتۇق تاماق ئاشقازانغا زىيان. ھەر قانچە كاتتا ئادەممۇ بىر كىشىلىك ئورۇندا ياتىدۇ، بېيىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتمەيدۇ، يەنە شۇ يەردە ياشايدۇ. خۇدا بەرگەن جان، ئىمان، سالامەتلىكتىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس مەن سىزگە دەي، نېمىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمەيۋاتىسىز.

ــ سىز شۇ بايلىققا ئېرىشەلمىگەنچە ئۇنى كەمسىتىسىز. مەن كەمبەغەل ياشاشنى قەتئىي ياقتۇرمايمەن.

ــ بۇنى بىلىمەن، لېكىن خوتۇن خەق مال-دۇنياغا ئارتۇق بېرىلىپ كەتسە ئەر كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ، يالغۇز تىرىكچىلىك ئايال كىشىگە پەقەت ياراشمايدۇ. مال-دۇنيا تېپىشنى سىز ئەمەس، بىز ئويلىساق بولىدۇ. ماڭا ئانچە ئىشەنمەيسىز، لېكىن شۇنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ، تۇرمۇشتا ئەر-ئايالنىڭ پەرقى بولۇشى كېرەك. تىرىكچىلىكنى ئەرلەرگە قويۇپ بېرىش كېرەك؛ ئايال خەقنىڭ بەختى تالادا ئەمەس، ئۆيدە، ئائىلىدە. كەمبەغەل بولسىمۇ نوچى ياشايدىغان بىر ئەرنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆتۈۋاتقان ئايالنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى سىز كۆرۈپ باققانمۇ؟ مەن كۆرۈپ باققان، مۇشۇ مەھەللىدىلا شۇنداق بەختلىك ئائىلىدىن ئون نەچچىسى بار.

ــ سىز شۇ خوتۇنلارغا قاراپ يۈردىڭىزما؟ ئۇلارغا قاراپ بىزمۇ شۇنداق ئۆتسەك بولىدىكەن دەمسىز؟!

سىز شۇ خوتۇنلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دەردىنى تىڭشاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئېرىدىن تاياق يېگەنلىرىنى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئېرىگە بېقىنىپ قالغان خوتۇن ئۆمۈر بويى بەختلىك بولالمايدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى مەندىن سوراڭ.

سىيىت قارى ئېغىر خورسىندى، كاج خوتۇنغا گەپ ئۆتكۈزمەك نېمانچە تەس-ھە! ئەمما سەۋر قىلماي بولمايتتى؛ ئاچچىقتىن، تىل-ھاقارەتتىن يىراق تۇرۇپ، چىرايلىق گەپ قىلماي بولمايتتى:

ـ سىزنىڭچە شۇ ئەر-خوتۇنلار كۆندىلا ئۇرۇشۇپ يۈرىدىكەن-دە! ھەممە ئادەمنى شۇنداق ئەسكى، ئۇرۇشقاق، قالاق دەپ ئويلامسىز؟ نېمىشقا مۇشۇ مەھەللىدىن ئەمەستەكلا گەپ قىلىسىز. بۇ مەھەللىدىن سىز چىقىپ كەتكىلى قانچىلىك بولدى؟ ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ، ھەر ئادەمگە ھەر قانچە ناچار بولسىمۇ ئۆز يېرى ياخشى، سىز بېيجىڭدا نەچچە ئون يىل تۇرسىڭىزمۇ بەربىر بېيجىڭلىق بولالمايسىز، بېيىپ پۇل تاپمەن دەپ يا كارخانا قۇرالمايسىز، تۇرۇۋاتقان ئۆيىڭىزگىمۇ ئۆزىڭىز ئىگە ئەمەس، بىرسى كېلىپ ھەيدەپ چىقىرىۋەتسە تالادا قالىسىز. ئىشخانىڭىزدا ئۆز زۇۋانىڭىزدا گەپ قىلالمايسىز، بىر كىملەر بىلەن مۇڭدىشالمايسىز، ئېھتىمال قاتتىراق يۆتىلەلمەيسىز، كوچىلاردا بىر كىملەر بىلەن سالاملىشىپ ماڭالمايسىز، قايسى بىر ئوغرى ئالدىمنى توسۇۋېلىپ سومكامنى بۇلاپ كېتەر دەپ ئەنسىرەيسىز. كېچىدە يالغۇز قېلىشتىن قورقىسىز، ئۆيىڭىزدە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايسىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق تېخى ئەركىن-ئازادە ياشاۋاتىمەن دەمسىز؟! ئۇنداق قىلماڭ زۆھرە، يېنىپ كېلىڭ، كاللىڭىزدىكى بەزى خىياللارنى چىقىرىۋېتىڭ، شۇنچە گەپلەرنى قىلىشتۇق، شۇنچە ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۇق؛ بۇ ياشقا كېلىپ، توي قىلىپ ئەمدى خاتىرجەم بولاي دېگەندە ئىشىمىزنى بۇزمايلى؛ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىۋېتىپ، تۇرۇپلا ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلمايلى، يوقىلاڭ ئارزۇلارغا بېرىلىپ تۇرمۇشتىن زىيان تارتمايلى، بەختىمىزگە پالتا چاپساق ئۇۋالى ئۆزىمىزگە!

ـ مەندىن ئەنسىرىمەڭ،ـ دېدى زۆھرە بىر دەم جىمىپ كېتىپ،ـ ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىزغۇ، بۇ شەھەر ئۇنداق قالايمىقان شەھەر ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ ئەلچىخانا رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە ساقچىلار پوست تۇرىدۇ، تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئىشىكىدىمۇ ئادەم بار، كىرىپ-چىققانلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. بېشىمىزغا بالا كەلسە نەدىلا بولسا كېلىۋېرىدۇ، خۇدايىم ساقلار، ھېلىمۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچ ئىش بولمىدى. ئىشقىلىپ، مەندىن بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۇنداق ئەنسىرەپ ئولتۇرغۇچە تىنچ-ئامانلىقىمنى تىلەپ ماڭا دۇئا قىلىپ قويۇڭ.

ـ ھەر كۈنى دۇئا قىلىۋاتىمەن، ئىنساۋىڭىزنى، خاتىرجەملىكىڭىزنى تىلەپ، يەنە پاتراق قايتىپ كېلىشىڭىزنى تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.

ــ مېنىڭ ئىنساۋىمدىن چاتاق چىقمايدۇ، خۇدايىمدىن مەنلا قورقىمەن دەپ ئويلامسىز؟!

ــ قورقىسىڭىز ياخشى، خۇدايىمدىن مەندىن بەكرەك قورقۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھتىن ھەقىقەتەن قورقۇپ، مېنى تاشلاپ قويماي، يېنىمغا تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭىزنى تىلەيمەن.

ــ قايتىدىغان ئىشىم بولسا سىزگە دېمەيلا بارىۋېرىمەن، ھازىرچە سەۋر قىلغاچ تۇرۇڭ.

ــ مېنى ئويلىمىسىڭىزمۇ، ئۆيدىكىلىرىڭىزنى بولسىمۇ ئويلاڭ. «ئەرگە تېگىپمۇ ئاتا-ئانىسىنى كۆرگىلى كەلمەيدىكەن» دەپ سىزدىن بەك خاپا بولۇپ كەتمىسۇن.

ــ ئاھ، نېمانچە جىق خاپىلىق بۇ، ئۆزۈمگە ئاخىر ئىگە بولالمايدىغان ئوخشايمەن.

سېيىت قارى زۆھرەنىڭ بۇ ھەسرەتتىن ئامالسىزلىقنى ۋە ئازغىنە ئۈمىدنى ھېس قىلدى.

رامىزان چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېيىت قارى تۇنجى خوتۇنى گۈلنىسانىڭ ئۆرۈمچىدە كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتى، غۇلام قارى بىلەن كۆرۈشۈپ سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

ــ مەندىن نېمىنى سورايلا-دېدى غۇلام قارى قاپىقىنى تۈرۈپ- سىلىگە يارىمىغاندىن كېيىن ئۆيدىن قېچىپ، خەقنىڭ شەھىرىدە ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، ئەيپناق بولۇپ يېنىپ كەلدى شۇ..

سېيىت قارى جىددىيلىشىپ قالدى، يۈرىكى سىقىلدى:

ــ بۇ قىسمەتلەرنى مەندىنلا كۆرسىلە بولمايدۇ قارىم، تەقدىر دېگۈلۈك...

ــ خوتۇن خەق دېگەن ئاشۇنداق سارالڭ بولىدىكەن؛ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپ ئاللاھتىن تېگىشلىك جازاسىنى تارتقاندا يىغلاپ ياتىدىكەن، بارلىق دەردى يەنە بىزگە ئېشىپ قالىدىكەن...

ــ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىشقا بولامدۇ؟

غۇلام قارى تۇرۇپ قالدى، چىرايىدا قايغۇ-ھەسرەت، كۆڭلىدە ئىزا-ئاھانەت... بۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكىلى بولمايتتى، مۇشۇ قارىم سىڭلىسىنى ئالدىراپ قويۇۋەتمىگەن بولسا بۇ كۈنلەرمۇ يوق ئىدى.

ــ بۇ گەپنى سورىمىسىلا بولاتتى، لېكىن دەپ قوياي، بۇنىڭدا سىلىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىمۇ يوق

ئەمەس. قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرى ئۆيدىن قېچىپ ئۇرۇمچىدە بىر رېستۇراندا ئىشلەپتۇ، كېيىن يامان قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ قاپتۇ، ئويۇن-تاماشىغا تويماپتۇ، كېيىن بىر ئالدامچى بىلەن ئارىلىشىپ قاپتۇ. ئىككىسى نىكاھسىزلا بىر ئۆيدە تۇرۇپتۇ. ئۇ مەلئۇن جەمئىيەتتىلا يۈرىدىغان ئەسكى نېمىكەن، گۈلنىسانى يامان ئىشقا ساپتۇ، ئۇنىمىسا ئۇرۇپ خورلاپتۇ، قېچىپ كەتسە كەينىدىن تۇتۇۋاپتۇ. بىر قېتىم ئۇنىڭ يانپىشىغا دەسسەپ قوپالماس قىلىۋېتىپتۇ، ۋاقتىدا داۋالاتماي سۆرۈۋېتىپتۇ، بىچارە ئۇزۇن يېتىپ كېتىپتۇ، ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭ بىرىسى بوپتۇ. بىزگە تېلېفون قىلالمىغاندىكىن، بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز بولماپتۇ، كېيىن قانداق بولۇپ تېلېفون ئۇرۇپ قالدى، بىزگە ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى، ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكىلىۋالدۇق. ھازىر ئەھۋالى خېلى ياخشى، لېكىن دوختۇرسا بېلى تېلىپ ئاغرىيدۇ، دۈمچەك موماينىڭ ئۆزىلا بولدى، لېكىن قوشنا مەھەللىدىكى توقسان ياشلىق سارىخانمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى، گۈس-گۈس دەسسەپ ماڭىدۇ...

سىيىت قارى ھەسرەتلەندى، بۇ ئىشتا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم يوق دېيەلمىدى، گۈلنىسا ئاجرىشىمەن دېسىلا ماقۇل دەپ خېتىنى بەردى، قىزلىقىنى ساقلاپ قالالمىغان ناپاك قىزدىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولدى، ئەگەر گۈلنىسا ئاجراشقىلى ئۇنىماي، «زادى مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ» دەپ تۇرۇۋالغان بولسا سىيىت قارى قانداق قىلار ئىدى؟ ئاران ئالغان خوتۇننى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ خوتۇن قىلىۋېرەرمىدى؟ سىيىت قارى بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ئۆزىگە ھەقىقىي قاراپ باقسا، ئۇنىڭ ئەر كىشىدەك ئاكتىپ، جەسۇر بولغان ۋاقىتلىرى بەك ئاز ئىدى، گۈلنىسانىمۇ پاسسىپلىق بىلەن ئېلىپ، نائىلاج قويۇۋەتكەنىدى؛ زۆھرەگە ئاكتىپلىق بىلەن كۆڭۈل بىلدۈرەلىگەن بىلەن ھالقىلىق پەيتتە پاسسىپلىق قىلىپ ئەمرىگە ئالالمىغىلى تاس قالغانىدى، تاھىر قارى بولمىغان بولسا بەلكىم ئۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولاتتى. قىزلار، خوتۇنلار ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدى، گۈلنىسا گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ ئاجرىشىمەن دەپ ئاجراشتى، نومۇس كۈچىگە پايلىماي كېتىمەن دەپ كەتتى. زۆھرە سىيىت قارىغا تېگىمەن دەپ تەگدى، شەھەردە قالىمەن دەپ قالدى. بىچارە سىيىت قارى ھەممىسىگە ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، تەقدىرىگە تەن بەردى. موللا ئادەم تەقدىرگە ھەممىدىن بەك تەن بېرەمدۇ؟

نېمىشقا ئاللاھ بەرگەن بۇ جان ۋە ئەقىلنى ئاكتىپلىققا ئىشلەتمەيدۇ؟!

سېيىت قارى ئۆز ھالىغا ئىچ ئاغرىتتى، قاچانغىچە ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلالماي تىترەپ تولغىنىپ يۈرۈيدۇ؟ زۆھرە قايتىپ كەلگىلى ئۇنىمىسا نېمىشقا ئۇنى پاسسىپلىق بىلەن زورلاۋېرىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزى كەسكىن قارار قىلىپ:« ئەتىگىچە كەلسەڭ كەل، بولمىسا تالاق! » دېيەلمەيدۇ. بىر ياكى ئىككى تالاقتا يېنىشىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

سېيىت قارى يەنىلا ئۆزىگە ھاي بەردى، كۆڭۈلنى تاپقاچقا ۋە كۈچ ئىچ قارار خۇينى ئۆزگەرتمەك تەس ئىدى، مۇشۇك بىر دەمدىلا يولۋاسقا ئايلىنالمايتتى. ئۇ ھازىر گۈلنىسانى يوقلاپ كۆرۈپ كېلىشنى ئويلىدى ۋە شۇنداق قارار قىلدى؛ غۇلام قارىغا ئەگىشىپ، يول ئۇستىدىكى بىر دۇكاندىن سوۋغا سالام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردى. غۇلام قارىنىڭ ئۆيىدىكىلەرى ئۇنى سوغۇق قارشى ئالدى، كېسەلنى يوقلاش ساۋاب ئىش بولغاندىكىن، ئۇنداق قىلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. سېيىت قارىنىڭ ئالدىغا كۆڭۈلسىز مەنزىرە چىقىۋەردى، ئۆيدە ھاياتلىق چىرىغىنى ئاجىز ياندۇرۇپ، دوڭغاق سۆڭەتىنىڭ كۆتىگىدەك تاشلىنىپ ياتقان گۈلنىسا توي كېچىسى زۆھرەنى ئەسلەتكەن چىرايلىق قىزغا ھېچ ئوخشىمايتتى. ئورۇقلاپ، يىگىلەپ مومايدەكلا بولۇپ قالغانىدى، ئۇنداقمىكىن دېسە چىرايىدا يەنە ياشلىق گۈزەللىكى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى، خازان پەسلىدە تېخى سارغىيىپ بولالمىغان بىر تال يېشىل ياپراق مۇددەتتىن بۇرۇن يەرگە چۈشۈپ ئاجىز، يالغۇز، مەيۈس، ئېچىنىشلىق ھالدا تاشلىنىپ ياتاتتى.

گۈلنىسا ئۆزىگە دەھشەتلىك زۇلۇم سالغان ھايۋاننى جاھاندىكى ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى دەپ ئويلاپ بولغاچقا، سېيىت قارىغا ئۇنچە نەپرەتلىنىپ قاراپ كەتمىدى. سورىغان گەپلىرىگە جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. سېيىت قارى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچ ئاغرىتتى، ئەگەر ھۆكۈمەت ئىمام‌لارغا ئىككى خوتۇن ئېلىشنى يولغا قويغان بولسا گۈلنىسانى ئەمرىگە ئېلىشنى چوقۇم ئويلاشقان بولاتتى.

سېيىت قارى غۇلام قارىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يولبويى گۈلنىسانى ئويلىدى، ئۇنىڭ توي كۈنى زارلىنىپ يىغلاشلىرىنى ئەسلىدى، يىغلايدىغان كۈنى ئەسلىدە بۈگۈن ئىدى، قىزلىقىنى ساقلاپ قالالمىغان بىچارە قىز، ئۆزىدە شۇنچىلىك غورۇر ۋە نومۇس كۈچى بولغاندىكىن نېمىشقا ئېپپىتىنى

بۇرۇنراق قوغدىمىغان بولغىيدى! ئۇ چوقۇم شەيتانلىرىنى باشقۇرالمىغان، زىناغا ئاۋۋال يېقىنلاشقان، ئاندىن شەھۋەت غىلتاڭلىرىغا تېيىلغان، ئاندىن ئۆزىنى تۇتالمىغان گەپ، قىزىقىپ سىناپ باققان گەپ. شەيتان ئادەمنى يامان ئىشلارغا شۇنچىلىك قىزىقتۇرىدىكى، ئىمانى كۈچلۈك ئادەملەرلا شۇ قىزىقىش ئارىسىدا ھوشىنى تاپىدۇ، خۇداغا قايتىدۇ.

زۆھرەنىڭ ئىمانى سۇسلىشىپ كەتتى، قەلبى سىيىت قارىمدىن يىراقلىشىپ كەتتى. قارىمدىن يىراقلىشىپ كەتسە كارىيىتى چاغلىق، ئىمان-ئېتىقادىدىن يىراقلاپ كەتمىسە بولاتتى. سىيىت قارىمنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىدى، ئەمدى قاچانغىچە ئۇ بەڭۋاش خوتۇنىنى بىچارىلەرچە ساقلايدۇ؟! ھىجران، سېغىنىش، ئەنسىرەش ئازابى قاچانغىچە سوزۇلىدۇ؟ زۆھرە قاچانغىچە ئېرىنى موللا پوك-پوك كۆرۈپ ئەخمەق قىلىدۇ؟ قاچانغىچە بۇ نىكاھنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ؟

ئاچچىق، ئەلەملىك خىيال سورۇپ كېتىۋاتقان قارىمنى ئۆزگە بولغان ئىچىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆمرىدە ئاكتىپ بولۇپ، ئۆزى كەسكىن قارار چىقىرىپ، «كەلسەڭ ئېرىم، كەلمىسەڭ تالاق» دەپ زۆھرەنى چۆچۈتۈپ قويغۇسى كەلدى، قېيناتا-قېيناپىلىرىنى ۋە مەسچىتتە جامائەتكە خوتۇنى ئالدىراپ تالاق قىلماسلىق ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بۇ تاقەتنىڭ چېكى قانچە كۈن؟ بىر ھەپتە، بىر ئاي! ئەمما كۆڭۈلچۇ؟ مۇھەببەتچۇ؟ ئۇنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ كۆڭۈل ئۇنى سەمەرقەند ئالمىسىدەك چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلاپمۇ بولىدى، مانا ئەمدى ئۇ ھەقىقەتەن چۆلدە قالغان يولۇچىدەك تېڭىرقاپ، تەشنالىق ئازابىدا قىينالماقتا.

سىيىت قارى قاتار تامدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرەيلەننىڭ ھويلىسىدىن ياڭراۋاتقان «ئۈچ پەدە» نى ئاڭلاپ قالدى:

دۇتتارىم ئون بەش پەدە،

باش پەدە يامان يەردە.

قىزنىڭ ۋەدىسى ۋەدە،

يىگىتنىڭ ۋەدىسى نەدە...

نىكاھ ئارقىلىق قىزلىق دەۋرىدىن خوشلاشقان، كۆڭلى ئارام تاپقان زۆھرە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشاشنى داۋام ئەتتى. بەلەن خىزمەت، ئەركىنلىك ۋە راھەت ھەر كۈنى قۇچاق ئاچتى. تۇرۇۋاتقان ئۆي ئۆزىنىڭ بولمىغان بىلەن ئۆيىنى ناھايىتى رەتلىك، پاكىز تۇتاتتى، ھېچقانداق نەرسىدە توپا-چاڭ، كىر-داغ قالدۇرمايتتى، قانداقتۇر بىر نەرسە رەتسىز تۇرۇپ قالسا كۆزىگە سىغمايتتى-دە، بېرىپ ئۇنى ئوڭشايتتى، بۇ ئىشلارغا شۇنچە ھېرىسمەن ئىدىكى، پوپايكا توقۇشقا ئامراق خوتۇنلاردەك زىل، چاققان ھەرىكەت قىلاتتى؛ شۇنچىلىك ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىدىكى، ئەمدى بولدى دېمىگىچە كۆڭلى تىنمايتتى، ئەگەر كېيىنچە بالىسى بولۇپ ئۇ بالا تاملارنى سىزىپ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىدىغان بولسا چوقۇم چىدىماي قالاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ كۆڭۈل خوشلۇقى ئۆيدىكى ئەشيالارغا باغلىنىپ كەتكەنىدى، گۈزەل كۆرۈنگەن ھەممە نەرسىگە مېھىر بىلەن قارايتتى، ئاسرايتتى. شۇ نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ غېرىبلىقىنى، ئىچ پۇشۇقىنى باساتتى، ئىككى كۈندە بىر يۇيۇناتتى، يېپەكتىن ئىشلەنگەن راھەت كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن ئۆيگە غىتىلداپ مېڭىپ يۈرەتتى، بالكونغا چىقىپ رەڭدار شەھەرنىڭ قايناق مەنزىرىلىرىگە قارايتتى، ئاشخانىدا خالىغان تاماقنى ئېتىپ يەيتتى، مېۋە-چېۋىنى ئاقلاپ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ سائەت-سائەتلەپ تېلېۋىزور كۆرەتتى، ياكى مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى قويۇپ يالغۇز رومانتىكلىق ئىچىدە ئارامبەخش خىياللارغا چۆمەتتى... ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان مەكتەپتە ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيىدە قىسىلىپ، قورۇنۇپ، خارلىنىپ ياشاپ كەلگەنلىرىنى ئويلىسا ھازىرقى راھەتلىرىنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ ھېس قىلاتتى، يالغۇزلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇنداق ئەركىن-ئازادە ياشاش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

— ئەجەب چاققان تۈزۈك قىلىۋاپسىز، مۇبارەك بولسۇن— دېدى ھۆسەيىن سىيىت قارى بىلەن كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى.

زۆھرە خىجىل بولغاندەك بىر ياقا قارىۋالدى.

— مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ شۇنداق قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس...

ــ مېنى كۆرسۇن دەپ چاقچاق قىلىۋاتامسىز-يا؟!

ــ ياق، بىز راست توي قىلدۇق.

ــ ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى ئېرىم دېمەيسىز؟ نېمىشقا يالغان ئېيتىسىز؟

ــ سىزنى باشقىچە چۈشىنىپ قالامدىكىن، تەسىرى ياخشى بولماسمىكىن دەپ...

ــ ئەرگە تېگىش نومۇس ئىشمىدى؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، لېكىن ئادەم خىجىل بولىدىكەن.

ــ ئېرىڭىز ئوبدان بالىكەن، ياخشى ئىنسانلار بەختكە ئېرىشىشى كېرەك. سىز ھازىر ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلامسىز؟

ــ ھەئە...ــ دېدى زۆھرە چاندۇرماي.

ــ مەن قارىسام ئۇنچە بەختلىك ئەمەستەك... سىز ئېرىڭىزنى كەمسىتىدىكەنسىز، بۇنداق ئاياللار ئۆزىنى ھەرگىز بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

ــ مەن ئۇنى كەمسىتمەيمەن.

ــياق، مەن ئۇنچىلىك ئىشلارغا ھۆكۈم قىلالايمەن. سىز يامان ئايالLAR تېپىدىن؛ مېنىڭ ئايالىممۇ شۇنداق، ئۇ تا ھازىرغىچە مېنى كەمسىتىدۇ، مەندىن رازى ئەمەس. مېنى ياخشى كۆرىدۇ، چىدىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نارازىلىقى مۇھەببەتتىن كۈچلۈك، ھاياتىدىن پەقەت رازى ئەمەستەك يۈرۈيدۇ، بەلكىم ئۆمۈر بويى شۇنداق ئۆتىدۇ...

زۆھرە ئۆز مىجەزىنىڭ ھۆسەيىننىڭ خوتۇنىنىڭ مىجەزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆسەيىننىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى خوتۇنلۇقا ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدى.

ــ ئۇ بالا سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن ھەم قەدىرلەيدىكەن؛ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ بىچارە! مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقىنى، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ

ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى ئەمەس. ھەممە كۆڭۈلسىزلىك ئەمەلىيەتتە قابىلىيەتسىزلىكتىن باشلىنىدۇ.

ــ شۇنداق، ئەرلەر چوقۇم باي، قابىلىيەتلىك بولۇشى كېرەك ــ دېدى زۆھرە بۇ گەپنى قۇۋۋەتلەپ ــ ھازىر زامان شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەرگە تەگكەندىن ئىلگىرىكى خاسىيەتتىمكىن، ھۆسەيىن سىيىت قارىنى كۆرگەندىن باشلاپ زۆھرەگە بۇرۇنقىدەك يامان غەرەز دە كۆز تاشلىمايدىغان بولدى، زۆھرە ئىشقا كەلسە بۇرۇنقىدەك تولا چاقىرىپ كەتمەيتتى، مۇھىم ئىش بولمىسا ئىشقا بۇيرۇمايتتى، چىرايىنى ئۆزگەرتمەيتتى، گەپنى ئاز قىلاتتى. زۆھرە ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولالمىدى، ياكى بۇ ھالغا كارى يوق يۈرەلمىدى، ئىچى سىقىلىپلا تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ھەر كۈنى شۇنداق سوغۇق، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلسا، مائاشىنى خاتىرجەم ئېلىپ ياشىسا بولۇۋېرەتتى. نېمىشقا ئەمدى تۇرۇپلا ئۇنىڭ قىزغىن ۋە چەكتىن ئاشقان مۇئامىلىسىنى ئەسلەپ «سېغىنىپ» قالدى؟

خىزمەت ۋاقتىدا ھېچ ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئېكراندىكى دۇنياغا مەستانە بولۇپ ئولتۇرغان زۆھرە ھۆسەيىننىڭ قىزغىن دىدارىنى كۆرەلمىگەنچە ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان، يوقىلاڭ خىيالنى جىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ھۆسەيىن بەخش ئەتكەن ئىمكانىيەتنىڭ سېپىدىن، تەسىر كۆچىدىن، بېسىمىدىن، قەرزدارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايلا يۈرەتتى، بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ھۆسەيىن ئىشتىن بوشىتىۋەتمىگەچكىلا مۇشۇ كۈنلەرگە شۈكرى دەپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئويلىسا يۈرەكلىرى ئېغىر-ئېغىر سوقۇپ كېتەتتى؛ كەلگۈسى بەربات بولۇپ، شېرىن چۈشى ئاياغلاشسا كۆرىدىغىنى جاپا-مۇشەققەت، بۇنچىلىك تەلەي ۋە ئىمكانىيەتكە ئەمدى ئۇنداق ئاسان ئېرىشەلمەيدۇ، «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ»، ئەگەر ئۇ ئىشتىن ھەيدىلىپ قالسا بۇرۇنقىدەك رېستورانغا بېرىپ ئىشلىيەلمەيدۇ، ئاز مائاشلىق قارا ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ... ئالدىغا قاراپ ماڭسا ماڭىدۇكى، كەينىدە قېلىپ ئازابلىنىشنى خالىمايدۇ.

رامىزان كىرىشى بىلەن بېيجىڭدىكى كۆپلىگەن ئەرەب دىپلوماتلار ئويۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئاي شەرەپلىك ئاي ئىدى، ئەمدى

بۇ ئاينىمۇ ئويناپ ئۆتكۈزۈۋەتسە گۇناھتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى، ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ئازابقا قالىدىغانلىقلىرىنى ئويلىسا كېرەك، كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپ سوھۇرلۇقنى يەپ ناماز ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن چۈشكىچە ئۇخلىشاتتى؛ ئىبادەتنى قولدىن بەرمەيتتى، تەراۋىھ نامىزىغىمۇ جىق ئادەم يىغىلاتتى. ئۇلار خۇيىزۇ ئاخۇنلارنىڭ قىرائەتلىرىنى ياقتۇرۇپ كەتمىگەچكە، ئۆزلىرى بىر ئاخۇن تېپىپ ئىمام قىلىش نىيەتلىرىدە بولدى. بۇ تەلەپكە بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئەلچىخانىسى ئادەتتىكى بىر شەيخنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ، ھەممەيلەننىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى، تەجۋىدلىك، مۇڭلۇق قىرائەت قىلىدىغان ئۇ شەيخ كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، دىپلوماتلار ئولتۇراق رايونىدا تەييارلانغان ۋاقىتلىق ئۆيدە بىر ئاي ئىمام بولدى. ناماز دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ئويناپ يۈرۈپ ئىبادەتتىن بەكلا يىراقلىشىپ كەتكەنلەرمۇ شۇ ئىمامنىڭ خاسىيىتى بىلەن تەقۋالىقلىرىغا يېنىپ، نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. ئېسىل ياشاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى سۇنۇق ھۆسەيىن رامىزان شەرىفنىڭ ھۆرمىتىنى ياد ئېتىپ، تەقۋالىق سېپىگە جەم بولغان قېرىنداشلىرىغا قېتىلدى؛ تۈگىمەس ھەسرەتلىرى، ئىچ پۇشۇقلىرىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ قۇتۇلدى. ئۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۆز ئېتىقادىدىن خاتىرجەملىك تېپىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما دۇنيا ۋەسۋەسلىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈك كېلىۋەرگەچكە، « يا رەببىم، بۇ شېرىن دۇنيانىڭ رىزىقلىرى مېنى ئازدۇردى، قەلبىم كېسەل، مېنى ھىدايەت قىلمىساڭ ھەممىسى بىكار...» دەپ ئويلايتتى، بىر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىسىلا ھەر قانچە گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ ئۆزىنىڭ ھامان قۇتۇلۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، «ئاللاھ رەھمەت قىلمىسا ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەمەلي بىلەن ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىنى كۈتۈش كېرەك» دېگەندەك تەۋەككۇلچىلىك ھېسسىياتىدا كۈندىلىك پەرز ئەمەللەرگە سەل قارايتتى، ئاندىن تەقۋالىقتىن بارا-بارا يىراقلىشىپ كېتەتتى-دە، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتەتتى. «ئىمانىمىز بىلەن شەيتانىمىزنىڭ كۈرەشلىرىدە شەيتانىمىز ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشسىمۇ، ئاخىر ئىمانىمىز غالىب كېلىدۇ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزدە بۇنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، ئىماننىڭ ۋەزنى شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن، ئالدامچى دۇنيادىن، ***

ئويۇن-كۈلكىلەردىن مىڭ ھەسسە ئېغىر» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاشۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق ئىدى، ناماز ئارىلىقلىرىدا دەم ئېلىۋېتىپ، قەھۋە ئىچىۋېتىپ، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ ئويلىناتتى: « ئاللاھ ئىنساننى ياخشى-يامان ئىشنى قىلىشقا تەڭ ياراتقان، بۇ تەبىئىتىمىزگە خىلاپلىق قىلالمايمىز، ئۆزىمىزنى پەرىشتىدەك پاكلىققا چىقىرالمايمىز؛ نامازدىن پاكلىنىپ چىقىپ، بىر دەمدىن كېيىنلا گۇناھ ئۆتكۈزىمىز، بىلىپ-بىلمەي شۇنداق قىلىمىز؛ شەيتان بولمىسا بۇ دۇنيادىكى سىناقمۇ مەۋجۇد بولمايدۇ، شەيتان بولمىسا قىتىغۇرلۇق بولمايدۇ، تەرەققىيات بولمايدۇ. شەيتاننىڭ ئىنساننى دۇنياغا زىيادە چوقۇندۇرۇۋېتىشى ۋە ھەر خىل ۋەسۋەسىلەرگە سېلىشى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. بىز شەيتاننى بەك چەكلىۋېتىپ تەرەققىياتتا كەينىدە قالدۇقمۇ قانداق؟ شەيتان سۈپەت ئىنسانلار تەقۋا ئىنسانلاردىن ئەقىللىق بولامدۇ قانداق؟! شەيتاننىڭ تەكەببۇرلۇقىدا ھېسسىيات جۇش ئۇرىدۇ، ھىيلە-مىكىرلىرىگە بولسا ئەقىل ھۆكۈمران. نۇرغۇن ئىنسانلاردا ئەقىل بىلەن ھىيلىگەرلىك ئارىلىشىپ كەتكەن، ئەنە شۇلار دۇنيانى رەڭگارەڭ ئېزىتقۇلۇقلارغا غەرق قىلىدۇ... جىن-شەيتانلار دۇنياسى بىزگە شۇنچىلىك يېقىن ۋە شۇنچىلىك يىراق. شۇڭا بۇ دۇنيا ئاجايىباتقا تولغان... شەيتان خىلمۇ خىل ناچار سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، لەنەتلىنىدۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا قارىماي دۈشمەنلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، زامانلاردىن بېرى شەيتانلارنىڭ غالىب كۈلكىسى ئۈزۈلمىدى، بەلكى بارا-بارا كۈچەيدى. بۇ ئەجەبا قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ؟ ئاللاھ بۇ دۇنيانى كەڭ قويۇۋېتىپ، ھەممىنى ئۆز ۋەدىسى بويىچە كۈتمەكتە. قىسمەتلىرىمىز قانداق بولار؟! ئىنسان ئاجىز مەخلۇق، ئۇ دائىم بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدۇ، ھەمىشە كۆز ئالدىدىكى جەلپكار نەرسىلەرگە ئالدىنىدۇ. غەيبنى بىلەلمەيدىغان ئىنسان گۇماندىن قۇتۇلالمايدۇ، شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ھىدايىتى جاندەك، سۇدەك، ھاۋادەك زۆرۈر بولىدۇ. ئەرەبلەر ھېسسىياتچان مىللەت، دۇنياغا ئاسان ئالدىنىدۇ، ئويۇنغا بېرىلىپ كەتسە ئاللاھنى، پەيغەمبىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ. مۇشۇنداق ئايلاردا تەقۋالىققا قايتىپ، مۇڭلۇق قىرائەتلەرنى ئاڭلاپ، ئاللاھنى، رەسۇلۇللاھنى ياد ئەتسە تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ؛ پەلەستىن ۋە ئىراقتىكى بىچارە باللار يادىغا يېتىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان ئىزا-ئاھانەت، چوڭقۇر دەرد-ئەلەمدىن پۇچۇلىنىدۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن،

تەقۋالىققا قايىتالىغان، ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆكەلىگەن ئىنسان يەنىلا ياخشى ئىنسان، ئۇممىدلىك ئىنسان... ئادەمنىڭ قىممىتى ئەقىل بىلەن ھېسسىياتتا تەڭ گەۋدىلىنىشى كېرەك. ئادەم ئويلىنىشقا يارىتىلغان مەخلۇق، پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان، ئىزگۈلۈكتىن تەسىرلەنمەيدىغان ئادەمنىڭ ئېشەكتىن پەرقى يوق. ئەقلىنى بەك تەكىتلەپ ھېسسىياتقا سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئەقىل يېتەكچى، ھېسسىيات ياردەمچى...»

ھۈسەيىن يەنە بوش ۋاقىتتا شەيخ بىلەن پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇردى، شەيخنى چۈشەندى، ئۆيىگە بېرىپ چاي ئىچتى، شەيخ ناھايىتى تەقۋا ئىنسان ئىدى، ماشىنىدا ماگىسا قىرائەتتىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلىمايتتى، يېنىدىن قۇرئاننى ئايرىمايتتى. ئۇ ھۈسەيىنگە ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىنى، ئۆز دۆلىتىدىكى تۇرمۇشى ۋە باشقا سىياسىي ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

ــ بېيجىڭ قانداقراقكەن؟ــدەپ سورىدى ھۈسەيىن.

ــ چوڭ، ئازادە شەھەركەن، مەن تېخى ئادەملىرى يولدا پاتماي ماڭىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئۇنچىلىكمۇ ئەمەسكەن. جۇڭگوغا كەلمەستىلا بۇ دۆلەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى توردىن ئاختۇرۇپ كۆردۈم، بېيجىڭمۇ تارىخى ئۇزۇن شەھەر ئىكەن، بېيجىڭدا بۇنچە كۆپ مەسچىت ۋە چېركاۋنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇ چوڭ دۆلەتتە ھەممە دىن بار ئىكەن، ئېتىقادتا ئەركىن ئىكەن، دىنلار بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشمايدىكەن، بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ سىغىشىپ ياشىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ...

ــ توغرا، بۇ دۆلەت بەكمۇ تىنچ، دۇنيا ئەرەبلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ بىز بۇ يەردە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىمىدۇق. ئادەملىرى بەكمۇ تىرىشچان، شۈكۈر-قانائەتچان. جاھاندىكى ئەشيالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ، بازارلىرى ناھايىتى ئاۋات، نېمە ئىزدىسە تېپىلىدۇ.

ــ بىزنىڭ دۆلەتتىمۇ جۇڭگو ماللىرى كۆپ، پەقىرلەر ئۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەتلىنىدۇ.

ــ بۇ شەھەردە ئۇزاقراق تۇرۇش خىياللىرى بارمۇ؟

ــ يوق، رامىزان شەرىفنى ئۆتكۈزۈۋالسالا قايتىمەن.

ـ كۆپرەك تۇرسىلا بولاتتى ھەزرىتىم، ھەر جۈمە كۈنى ئىمام بولۇپ بەرسىلە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىمانىغا پايدىسى بولاتتى.

ـ ئىمان دېگەن بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىپ قالىدۇ؛ بۇنىڭدا مۇھىتنىڭ تەسىرىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ ـ دېدى شەيخ غەمكىن ھالدا ـ مەن ھەر قايسىڭلارنىڭ شەھىرى رامىزاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەقۋا بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بىزنىڭ روھىمىز، بەخت-ئىقبالىمىز مۇشۇ مۇبارەك دىندا.

ـ توغرا، بىزنىڭ كىملىكىمىز، سالاھىيىتىمىزمۇ مۇشۇ دىندا، بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق باشقا تائىدىپىكى ئىنسانلارغا ئوخشاپ قالىمىز، لېكىن بىز بۇنى دائىم ئۇنتۇپ قېلىپ باشقىلارغا ئوخشاپ قېلىشۋاتىمىز ـ دېدى ھۆسەيىن راستچىللىقىنى، تۈزلۈكىنى ئىپادىلەپ، ـ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ شەھەردە گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە پۇرسەت كۆپ.

ـ ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزىمەن دېسە ھەر قانداق ماكاندا گۇناھ ئۆتكۈزىۋېرىدۇ، ـ دېدى شەيخ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ـ مۇھىتنىڭ تەسىرى مۇھىم، ئەمما ھەممىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، تەقۋادارلار مۇھىتقا بېقىنمايدۇ، ئاللاھتىن قورقۇپ ياشايدۇ، نەپسىگە ھاكىم بولىدۇ. ئىمان ۋە تەقۋالىق مۇھىم، گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە پۇرسەت كۆپ ئەھۋالدا ساقلىغان ئىمان كۈچلۈك ئىماندۇر، ساۋابىمۇ چوڭدۇر. ساۋاب ئارقىلىق گۇناھ تۆكۈلىدىغان بولغاچقا، ئاللاھ بۇ مۇبارەك ئاينى گۇناھكارلارنىڭ تۆۋە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت قىلىپ بېكىتكەن، ئۇنى زايە قىلىۋەتسەك بولمايدۇ. مەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئاينى چىقىرىۋېتىپلا بوشىشىپ كېتىشىدىن، گۇناھىنى داۋاملاشتۇرۇشىدىن ئەنسىرەيمەن...

شەيخ بۇ يەردىكى ئەرەب قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىنى بىرەر قۇر چۈشىنىپ بولغانىدەك قىلاتتى. شەيخ ئەنسىرىگەن ئەھۋال ھۆسەيىندىمۇ يۈز بېرەرمۇ؟ ئەمما ھۆسەيىن باشقا ئەرەبلەرگە ئانچەئوخشىمايتتى، ئۇ مال-دۇنيانى، شەھۋەتنى، جۈملىدىن «مۇھەببەت»نى چوڭ بىلگەن بىلەن، ئۇنىڭغا زىيادە بېرىلىپ كەتمەيتتى؛ ئەركەكلەرگە خاس مەردلىك، كەڭ قورساقلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى ياقتۇراتتى، خىيالىغا

كەلگەن ئىشلارنى ياخشى-يامان بولسۇن سىناپ باققۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ زۆھرەنى قىسماققا ئېلىپ ئىككى قېتىم پەيلىدىن يانغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى، گۇناھتىن قايتقانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ شەيخ شۇنچىلىك قىلالارمىدى؟ ئۇ شۇ چاغدا زۆھرەنىڭ قولىدىكى قان يۇقى قەغەزنى كۆرۈپ ئېپلاسلىقىنىڭ سىماسىنى، شەيتان لەئىنىنىڭ ھىيلە-مىكرىنى كۆرگەندەك بولۇپ، نىيىتىدىن يانغان ئەمەسمىدى؟ شۇنىڭدىن كېيىن قورقۇپ كەتكەن زۆھرە يوشۇرۇنچە ئەرگە تېگىپ ئۆزىنى قوغدىدى، بۇمۇ ھەۋەسىنىڭ تۆھپىسى ئەمەسمۇ؟! ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ساۋاب ئىشقا ئايلاندۇرالىغانلىقىدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ؛ يامانلىق ياخشىلىققا ۋەسىلە بولىدىغان، گۇناھتىن كۈتۈلمىگەندە ساۋابلىق ئەمەل مەيدانغا كېلىپ، ئۇ گۇناھنى ئۆچۈرەلەيدىغان ئاجايىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدىن بولىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

شەيخ بىلەن تونۇشۇپ ئەسرالىشىپ پىكىرلىشىپ مىللەتچى ۋە دىندار بولۇپ كەتكەن ھەۋەسىن ياش ۋاقتىدىمۇ شۇنداق قىزغىن مىللەتچى ۋە خېلى تەقۋا مۇسۇلمان ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئەرەب دۇنياسىدا، جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىدە ئەۋج ئالغان دۇنياپەرەسلىك، سىياسىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ۋە چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن مەسلەك ۋە غايىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، مۇسۇلمانلىقتىن يىراقلىشىپ، شەخسىيەتكە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنىدى. مىللەتچىلىك ۋە دىندارلىقتىن ئۇ ئۆزىنى ھەر قانچە قاچۇرغان بىلەن ئۇ كاتېگورىيىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى، چۈنكى كىملىك ۋە ئېتىقاد ئۇنىڭ جىسمى، روھى بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە ئىدى، ئويلىماي تۇرالمايتتى، خالىدەك ئۆزىنىلا، شەھۋەت نەپسىنىلا ئويلايدىغان پۈچەك ئادەم بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى. «پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەم ئازابلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئازاب ئادىمىيلىكنىڭ تەلىپى، تاتلىق ئازاب...» دەپ ئويلايتتى، ئالىيجاناب ئەر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئېسىل ياشايتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن زېرىككەندە پەسلىشىپ، ئەسەبىيلىشىپ باققۇسى كېلەتتى، قاتماللىقتىن گۇمانلىناتتى، رەڭدارلىققا، خىلمۇخىل ياشاش ئۇسۇللىرىغا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ شۇنداق ياشىدى، بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن رەڭدار دۇنيانىڭ قاينىمىغا، مەئىشەت، ھوزۇر-ھالاۋەت قوينىغا چۆكۈپلا كەتتى، ئەمما خالىدەك شەھۋەت خۇمارى بولۇپ قالمىدى، ھايۋانىيلىققا چەك قويۇش تەرەپدارى

بولدى، مەنئۇيىەتنىڭ ئىپسىللىكىنى ئىپسىدىن چىقارمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن كىملىك ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىگە بىۋاستە دۇچ كەلدى، چىراي-تۇرقى، رەڭگى، تىلى، يۈرۈش-تۇرۇشى، سۆلىتى ئۇنىڭ خاس بەلگىسى، ئۆمۈرلۈك مەۋجۇدىيىتى ئىدى. تاشقى قىياپەت شۇنچىلىك مۇھىم بەلگە بولغان يەردە، روھىيەتچۇ، ئېتىقادچۇ، مىللىي پىسخىكىچۇ؟ خالىد بۇنىڭغا سەل قارىيالمايتتى، مۇشۇنداق سەل قارىماسلىق ئۇنىڭ ئالىيجاناپلىقىنىڭ، ئىپسىللىكىنىڭ، تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ نەتىجە-نامايەندىسى ئىدى، بۇ ھالدا ئۇ مىللەتچىلىك ۋە دىندارلىقتا چوقۇم قايتىپ كېلەتتى، ئەسلى-ۋەسلىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى، كۆپۈكتەك يوقايدىغان مال-دۇنيا ۋە ئويۇن-تاماشىنىڭ باغرىدىن سەتەڭنىڭ قوينىدىن قۇتۇلالمىغاندەك قۇتۇلالمىسىمۇ، ئۇنىڭدا داۋاملىق يېتىۋېرىشنىڭمۇ زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى، ھەر جەھەتتىن خوراپ، پارازىت قۇرتتەك يۇمشاپ، بالدۇر ھالاك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

رامىزان ئېيىدا زۆھرە ھۇسەيىنىنىڭ مىجەزىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇرۇنقىدىن تېتىكلىشىپ، چاققانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھۇسەيىن روزا تۇتقانىدى، ئىچمەيتتى، چەكمەيتتى، زۆھرەنى بىرەر قېتىم چاقىرىپمۇ قويمايتتى. زۆھرەمۇ يىللاردىن بېرى روزا تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى، بۇ يىلمۇ تۇتتى، ئەمما تەقۋالىقىغا راھەت ياراشمىغاندەك، بەزى كۈنلىرى سەھەردە قوپالماي، قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي نەچچە قېتىم روزىسىنى بۇزدى. جاپالىق كۈنلىرىدە ساق تۇتقان روزا قۇلايلىق ئىمكانىيەتلەردە تاشلىنىپ قالدى، بەلكىم زۆھرە روزا تۇتۇشنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنىمۇ جىمى مۇشەققەتلەر قاتارىدا كەينىگە چۆرۈۋەتمەكچى بولدى. ئۇ ماددىي راھەت، ئارامبەخش ئىمكانىيەت، يالغۇز خۇشاللىقتا چۆكۈپ كەتكەن چاغلىرىدا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىماسلىقتا، كەلگۈسىدىن غەم قىلماسلىقتا تىرىشاتتى، ئەمما غەمدىن قۇتۇلالمايتتى، ئەجەبا ئۇ سېيىت قارى بىلەن كىچىك بالىلاردەك «ئۆي تۇتۇش ئويۇنى» ئويناپ، ئۇنىڭغا يالغاندىن تەگدىمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك، قارىمغا تەگكەن قىز بەش ياشلىق قىز ئەمەس، بويىغا يەتكەن قىز، كاللىسى ئىشلەيدىغان قىز. ئۇنىڭ سېيىت قارى بىلەن بىللە تۇرغان كۈنلىرى بەك ئاز بولغاچقا، يەنە كېلىپ بىر

تۆشەكتە تۇرغاندىمۇ كاللىسىنى بىر يەرگە جەم قىلالمىغاچقا، قارىمغا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاتىۋېتىپ، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان ۋە شۇنداق مۇلايىملىقتىن ھۇزۇرلىنىدىغان قىز بولالمىغاچقا، بۇ ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ خۇشاللىقىنى دېگەندەك ھېس قىلالمىدى؛ توي قىلىپلا ئەر بىلەن تەڭ تىركىشىدىغان، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان، ئۆزىنى ئېگىزگە ئېسىپ قويۇپ قىينىلىدىغان، پەشتاختىن چۈشمەي پەگاننىڭ خۇشاللىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان ھاكاۋۇر خوتۇنلار سېپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ تەۋەككۇل دەپ شۇ قارىمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، ھېچنېمىنى ئويلىماي كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان بولسا بەختىنى تاپقان بولارمىدى؟ نېمىشقا شۇنداق قىلمىدى؟ بۇ شارائىتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققان بىلەن بۇ يەردە ئېرىنى كۆمۈپ قويغان تۇل خوتۇندەك يالغۇز تۇرۇۋېرەمدۇ؟ «قايتسام مۇشەققەتتە قالارمەنمۇ؟ كەينىمگە يانارمەنمۇ؟ داغدا قالارمەنمۇ؟» دەپ ئويلىغان بىلەن، ياشاپ باقمىغان كەلگۈسىنى نېمە بىلىدۇ؟ ئارتۇق خىيال، ئارتۇق غەم ئۇنىڭ ئالدىدا ھەيلىگەر دۈشمەندەك ھەجىيىپلا تۇرغىنى تۇرغان!! سىيىت قارى شۇ ئالدىراڭغۇ مىجەزى بىلەن ھېلىمۇ چىداشلىق بېرىۋاتىدۇ، شۇنچە گەپلەرنى كۆتۈرۈۋاتىدۇ، مۇھەببەت بىلەن، سەۋر-تاقەت بىلەن ئۇنى كۈتۈۋاتىدۇ. ھەر قېتىم تېلېفون بەرسە ئاۋازى تىترەيدۇ، ھەممە گېپىنى يىغىپ كەلسە « جېنىم زۆھرە، ئۇنداق قىلماڭ، قايتىپ كېلىڭ، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى» دېگەن بىرلا مەنە چىقىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ تاقىتى تاق بولدى، ئانىسى ئەگەر يالغاندىن بولسىمۇ «مەن ئاغرىپ قالدىم، جان تۇمشۇقۇمغا كەلدى، ئەمدى كەلمىسەڭ يۈزۈمنى كۆرەلمەيسەن» دەپلا قالسا ئۇنىڭ بارماي ئامالى يوق، ياكى سىيىت قارىنىڭ سەۋر قاچىسى تاشسا، ھۆسەييندىن گۇمانلىنىۋېرىپ ئاخىر چىدىمىسا « ئەمدى كەلمىسىڭىز كەلمەيلا قويۇڭ، بۈگۈندىن باشلاپ بىز ئەر-خوتۇن ئەمەس» دەپ بۇ نىكاھنى ئۈزۈۋېتىشى، مەھەللىدىكى باشقا قىزلارنى كۆزلەپ قويۇشى مۇمكىن. ئادىلە ئىشنى بۇزغاندا ئۆزى ئارزۇلىغان قىزدىن يېنىۋالغان قارىم ئۇنى بىر قېتىم خوتۇن قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قويۇۋېتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالايدۇ... سىيىت قارى ئۇنى قويۇۋەتسە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەقسىتى ئىشقا ئاشامدۇ؟ قايسى مەقسەت؟ ھۆسەيىن ئۇنى ئەمدى خوتۇن قىلامدۇ؟ ئۇ ئەمدى باشقا نېمىنى كۈتىدۇ؟ ...

زۆھرەنىڭ ئېغىر خىياللىرى، غەملىرى، دەردلىرى، ئەنسىزلىكلىرى، ئىككىلىنىشلىرى، رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن مەقسەت-مۇددىئالىرى، ئەسەبىي خام خىياللىرى، پات-پات ئالمىشىپ تۇرىدىغان گۇمان ۋە ئىشەنچلىرى ئۇنىڭغا سايىدەك ھەمراھ ئىدى، يامان خىيال كېچىلىرى جىندەك چاپلىشىۋالاتتى، جىنسىي ۋەسۋەسىلەر ئۇنتۇلغان بولۇشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقاتتى-دە، ئۇنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، ھاياجان ۋە ھىجران ئازابىغا ئاپىرىپ تاشلايتتى. ئۇ يوتقاندا يالغۇز تۈگۈلۈپ ياتقاندا بەختىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالاتتى، بەخت ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان تۇرمۇش، ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق يوتقاندىمۇ ياكى ئېرىم دەپ تەگكەن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ھەم ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغان، ۋۇجۇدىدىن مۇھەببەت، ھارارەت، ئىللىقلىق كېلىپ تۇرىدىغان شۇ ئەركەكتىمۇ؟! سېيىت قارى ئۇنى زادى بەختلىك قىلالامسۇ؟ ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا تەگدى؟ شۇنچە ۋاقىت قەدىرلەپ قوغداپ كەلگەن پاكلىقىنى ئۇ قارىمغا ئويىنىشىپلا بەخشەندە قىلىۋەتتىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىدىمۇ؟ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى قېنى؟ ئىككىسىدىن بالا بولامدۇ؟ ئۇ بالا ئاش-نان يېمەمدۇ؟ مۇقىم بىر يەردە ياشىمامدۇ؟

زۆھرە شۇلارنى ئويلىغاندا ئۇيقۇسى قاچاتتى، ھەسرەتتە تولغىنىپ ياتاتتى «ئەر كىشى دېگەنگە ئويلىشىپ تېگىدىغان ئىش ئىكەن، نېمىشقا ماڭا ئارزۇيۇمدىكىدەك لايىق چىقمىدى، نىكاھ غايىب بولغىنى ئۈچۈن، قىسمىتىم ئەمدى شۇ بولدىمۇ، ئەرگە تېگىپ كۆرىدىغان كۈنۈم بۇ بولسا ئەرگە تەگمەيلا قويسام بولماسمىدى، يېنىمدا تۇرسا چۈشەپ قويسا، يىراقتا كەتسە كاللىنى ئارامىدا قويمىسا... يا بۇ مۇناسىۋەتتىن، بۇ چەكلىمىدىن قۇتۇلغىلى بولمىسا... ئاھ، ياشىماق ئەجەب تەسكەن!» دەپ ئويلايتتى. ئۇيقۇغا كەتكەندە كاللىسى ئارام تاپقاندەك قىلغان بىلەن ھەرىكەتچان روھى جاھاننى كېزەتتى، خام خىياللار شېرىن مەنزىرىلەرگە ئۆزگىرەتتى، ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان غەيرىي نىيەتلىرى چۈشىدە ئاشكارىلىناتتى-دە، رېئاللىقتا مۇمكىن بولمىغان غەلىتە ئىشلارنى چۈش مۇھىتىدا ئورۇنلايتتى؛ ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچلىرى چۈشىدىمۇ ئايان بولاتتى-دە، رېئاللىقتا ئەنسىرەيدىغان ئىشلىرى چۈشىدە يۈز بېرەتتى، گاھىدا قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى جايىغا

چۈشۈرىدىغان، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئېرى يوق ئىدى. سىيىت قارى ئۇنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر يىراقتا ئۇيقۇدىن بىدار، دۇنيادىن بىزار، خوتۇنىغا زار ھالدا ياتاتتى، قاچانغىچە مۇشۇنداق ياتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ھۆسەيىن روزا ھېيتنى دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىپ قالدى، زۆھرە ھېيتتا بولسىمۇ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشنى، ھۆسەيىندىن بىر ئايلىق رۇخسەت سوراشنى ئويلىغان بولسىمۇ جىق ئىككىلەندى؛ ئىشلىگىلى ئۇزاق بولمىغانلىقى، پەرۋاسىز يۈرگەن ھۆسەيىننىڭ ئۆزىنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى، ئۆيىگە بارسا ۋاقتىدا يېنىپ كېلەلمەسلىكىدىن ۋە قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنچە قايتماسلىق قارارىغا كەلدى. تولا تېلېفون قىلىپ ھالىنى قويمىغان سىيىت قارى ۋە ئۆيدىكىلەرگە «باشلىقىم كېلىپ بولغۇچە ئىشخانىغا قارىمىسام بولمايدىكەن» دەپ يالغان سۆزلەپ قۇتۇلدى. ھۆسەيىن كېتىپ تېخىمۇ ئەركىن-ئازادە بولۇپ قالغان زۆھرە كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى؛ ئۆمۈر بويى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، ئادەمنى قېرىتىشتىن باشقا رولى يوق غەم-ئەندىشىلىرىنى ۋاقتىنچە بىر ياققا ئاتتى. سودا سارايلىرىغا بېرىپ زىبۇزىننەت، ئۇپا-ئەڭلىكلەرگە قاراپ باقتى، بىر نەرسە ئالمىسىمۇ كۆڭلىنى ئاچتى، قىممەت كىيىملەرنى ئۆزىگە ھېيتلىق دەپ ئالدى؛ ھېيت كۈنى ھېلىقى رېستورانغا بېرىپ تېخىچە شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان سىڭىلچاقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى؛ «بىكار بولغاندا ئۆيلەرگە بېرىڭلا» دەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىك كۆزلىرىدىن مەغرۇرلاندى.

بىر چاغدا ئادىلەدىن تېلېفون كەلدى، زۆھرە تېلېفون نومۇرىنى كۆرگەندە بۇرۇنقىدەكلا تېلېفوننى بېسىۋېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، «بۈگۈن ھېيت بولغاندىكىن بوپتۇ» دەپ ئۇنىڭ تېلېفوننى ئالدى.

ــ ئاداش، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، پەقەت كۆرۈشەلمىدۇق... بىر كەلگەن بولساڭ...ــدېدى ئادىلە پەس ئاۋازدا.

ــ سەن ئۆيۈڭدىمۇ؟

ــ ھەئە...

زۆھرە ئۇنىڭ ھالسىز، بوش گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بېشىغا بىر ئىش كەلگەنلىكىنى سەزدى؛ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىكنى يۈز-كۆزىنى قېنىق بوياۋالغان بىر قىز ئېچىپ، زۆھرەنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپلا ئۆزى تالاغا چىقىپ كەتتى. زۆھرە ئۆيىگە كىرىپلا سېسىق پۇراقتىن ئاينىپ كەتتى، بۇ كونا ئۆي بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە قالايمىقان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەرنى توپا-چاڭ، قاسماق بېسىپ تۇراتتى. زۆھرە ئادىلەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ ھالسىز ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئورۇقلاپ تېخىمۇ سارغىيىپ كەتكەنىدى، ئورا كۆزلىرى ئۆڭكۈردىكى جىن چىراغتەك پىلىلدايتتى، كىرلىشىپ كەتكەن بۇدۇر چاچلىرى چۇۋۇلۇپ تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى، قوللىرى ئەگرى تاياقتەك ساڭگىلاپ تۇراتتى، بىر نەچچە سۇۋەرەك ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا قىمىرلاپ يۈرەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان بولۇپ، بىر نەچچە قۇر كىيىم يەرگە پۇرلەپ تاشلانغان؛ مەينەت ئىچ كىيىملەر، پايپاقلار، ساپما كەشلەر، كىرلىكلەر، پەرداز ئۈستىلىدىكى قۇتىلار چېچىلىپ ياتاتتى...

زۆھرە ئادىلەدىن گەپ سوراپ بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقتى، بۇرۇن ۋاتىلداپ تۇرىدىغان ئادىلە ھازىر ناھايىتى تەستە گەپ قىلاتتى، ئېغىزىغا مىس رەڭگىدە ئەسۋە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، يۈزىدىمۇ ئۇششاق يارا-جاراھەتلەرنىڭ ئىزى تۇراتتى. ئۇ «بويۇمدا قالدى، ئىچىمگە بىر مەرەز ئۇندى، ئۇنى يوقىتىمەن» دەپ ئويلاپ بىر ھەپتە ئاۋۋال ھامىلىنى چۈشۈرۈش دورىسى ئىچكەن بولسىمۇ دورا ئۈنۈم بەرمىدى، ئىچىدىن ھېچنېمە چۈشمىدى. ھامىلە 40 كۈندىن ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى دورا ساختا چىقتىمۇ، ھېچنېمىسىنى ئۇقالمىدى؛ ئۇ ئۆزىنى شۇنچە ئاسراپ كەلگەن بىلەن ئۇششاق-چۈششەك كېسەل چاپلىشىپلا تۇراتتى، ھەيز ئادىتى قالايمىقان ئىدى، دوختۇرخانىغا بېرىشتىن ئۆلگۈدەك قورققاچقا ھەممىنى دورا بىلەنلا جۆندەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىراپ قالدى، ئىچىدە دورا بىلەنمۇ چۈشمەيدىغان غەيرىي بىر تۆرەلمىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئەرۋاھى ئۇچتى، ئامېرىكىنىڭ قورقۇنچلۇق فىلىملىرىنى جىق كۆرگەچكە، ئىچىدىن غەلىتە مەخلۇقلار چىقىدىغان ئاياللارغا ئۆزىنى ئوخشىتىپ، تۈرۈپ-تۈرۈپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ تامدىكى كىچىك ئېلانغا كۆزى چۈشۈپ

قالدى.«ئاغرىتمايلا بالا چۈشۈرىمىز، تەكشۈرۈش ھەققى ئالمايمىز، باھاسى ئەرزان، ھامىلىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئورنىڭىزدىن قوپۇپلا مېڭىپ كېتىسىز» دېگەن گەپلەر ئۇنى قىزىقتۇردى، شۇ يەرگە تېلېفون ئۇرۇپ ئورنىنى ملىك تەستە ئىزدەپ تاپتى، تار كوچىلارنىڭ ئىچىدىكى كۆرۈمسىز بىر ھويلىغا كىرىپ «دوختۇرخانا» نى كۆرۈپ رايى قايتتى، ئەمما «بالا چۈشۈرۈش چوڭ ئوپېراتسىيە بولمىغاندىكىن مەيلى» دەپ ئويلىدى، ئىچىگە كىرىۋالغان «ئاپەت»تىن قۇتۇلسىلا بولاتتى. يەنە كېلىپ، بۇ يەردە قان تەكشۈرمەيتتى، ئۇششاق-چۈششەك رەسمىيەتلىرى يوق ئىدى. «دوختۇرلار» ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئالىدىغان پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي مەينەت بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى، غىچىرلاپ تۇرىدىغان ياغاچ كارىۋاتقا ياتقۇزدى، بىر ئەر كىرىپ ئۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى مۇجۇقلاپ تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن ناركوز ئوكۇلىنى ئۇردى. ئىككى خوتۇن كىرىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كېرىپ «بالىياتقۇنى قىرىش» ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە كىرىشتى. ناركوز چالا قىلىنغان بولسا كېرەك، ئادىلەنىڭ جان پىنى چىقىپلا كەتتى، چىقىراپ ئۆينى بىر ئالدى، ھېلىقى ئەر باسقۇنچىلىق قىلىدىغاندەك يۇگۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مىدىر-سىدىر قىلماي تۇتۇپ تۇرۇۋالدى، ئاغزىغا قاسماق لوڭگىنى تىقتى. ئادىلە قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىنى يوقاتتى، قولى قانغا بويالغان ئىككى خوتۇن قىرىدىغاننى قىرىپ، بىر مۇنچە قاننى ئېقىتقاندىن كېيىن، بىر داس سوغۇق سۇنى ئېلىپ كېلىپ قاننى تازىلىدى. ئادىلە شۇ ياتقانچە كەچقۇرۇندا ئاندىن تېنىنى مىدىرلىتالىدى، لېكىن چۈشۈپ ماڭالمىدى.

— بۇ يەردە ياتاق يوق، قونۇشقا بولمايدۇ، قونساڭ ئايرىم پۇل ئالىمىز —دېدى ئالدامچى خوتۇن، ئۇنىڭ قولى تۆشۈككە كىرىشكە تەييار زەھەرلىك يىلاندەك مىدىرلاپ، سوزۇلۇپ تۇراتتى.

— ھازىر بىرسى كېلىدۇ، بۇنداق يەردە ئۆلسەممۇ ياتمايمەن—دېدى ئادىلە غەزەبلىنىپ— سىلەر دوختۇر ئەمەس، ئالدامچى ئىكەنسىلەر.

— نېمە دېدىڭ؟! ئاغزىڭنى يىغىۋال، بۇ گېپىڭنى ئېرىم ئاڭلاپ قالسا ھېلى ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ بۇ يەردىن، كىم سېنى بۇ يەرگە چىللاپ كەلدى؟ ئۆزۈڭ كەلدىڭ، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋەتتۇق، گەپنى ئاز

قىلىپ بۇ يەردىن يوقال.

ــ دېمىسەڭمۇ هازىر كېتىمەن...ــدېدى ئادىلە قورقۇپ.

ــ سەندەك پاسكىنىلارنى تولا كۆرگەنمەن، ئىچىدىن قان ئەمەس، يىرىڭ چىقىدۇ. جىنسىي يولۇڭدا بىر ئىششىق بار ئىكەن، بالىياتقۇڭمۇ نورمال ئەمەس، كېسىلىڭ باردەك قىلىدۇ، بېرىپ تەكشۈرتۈپ باق.

ئادىلە چۆچۈپ كەتتى، قورساقتىكى مەرەزدىن قۇتۇلسا ئەمدى بۇ نېمە كېسەلدۇ؟ بۇ جاهاندا كېسەلدىن قۇتۇلالمايلا ئۆتەمدۇ؟ ياشلىق گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ئۆلەمدۇ؟

ئۇنى قايتىدىن ۋەھىمە باستى، ئەۋرەتنىڭ چۆرىسىدە پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەن قاپراتمىلار، يارا-جاراهەتلەر زادى قانداق كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى؟ ئۇ «راستتىنلا ئەيدىز چىقىپ قالسام روهىي جەهەتتىن تۈگىشىپ كېتىمەن» دەپ دوختۇرخانىغا بارماي، قان تەكشۈرۈشتىن قورقۇپلا يۈرۈپ هېچ قانداق كېسەلنى ئۇقالمىدى، گېلى ئاغرىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغاندىمۇ دورا يەپلا قۇتۇلدى، ئەمما بۇنداق كېسەل ئالامەتلىرى قايتا قوزغىلىۋەردى. بۇ خوتۇننىڭ شۇم ئېغىزىدىن چىققان كېسەل راستتىنلا ئەيدىز كېسىلىمىدۇ؟!

ئادىلە روهى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى، ئازاب، خارلىق ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن بوغۇلۇپ دېمىنى ئالالماي قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنداق ئاسان ئۆلۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى، ئەمما ئۆلۈمنىڭ قانداق يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ سىرلىق، قاباهەتلىك هادىسە ئىدى؛ لېكىن ئەتە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق يەردىن كەتمىسە بولمايتتى، ئۆلسىمۇ بۇ بۇ شەهەردە ئۆلسە بولمايتتى.

ئۇ ئۆيدىكى قىزغا تېلېفون قىلىپ، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ كېلىشنى ئېيتتى؛ ياسىنىشتىن، ئويناشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دۆت قىز بۇ يەرنى ئىككى سائەتتە ئاران تېپىپ كەلدى. بۇ ئىككى سائەت ئىچىدە ئادىلە كېسەل ۋەھىمىسىگە چۆكۈپ، شۇ ۋەھىمىدىنلا ئۆلۈپ قالاي دېدى. ئۇ پەقەت يول ماڭالمىغاچقا دۆت قىز ئۇنى يۆدۈپ مىڭ تەستە تاكسىغا ئېلىپ چىقتى. ئادىلە ئۆيىگە كىرىپ شۇ

ياتقانچە ياتتى، قول ئاستىدىكى قىزلىرى دەسلەپتە بىر ئىككى كۈن ھالىدىن خەۋەر ئالغان بىلەن كېيىن ئانچە كارى بولمايدىغان بولدى، بىر يېشىك تەييار چۆپنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئادىلەنى باقتى. ئادىلە ئۇلارنىمۇ چۈشەندى، ھەتتا ئۇلار ئۆيگە خېرىدار باشلاپ كىرىپ ئادىلەگە قارىتىپ قويۇپ پەسكەش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغاندىمۇ ئادىلە ئۇنى قوبۇل قىلدى، ئۇلارمۇ پۇل تاپمىسا، پۇل خەجلىمىسە بولمايتتى، ئۇلارنىڭ جىسمى، «دۇكىنى» پۇل بىلەن ئۆرە تۇراتتى.

ئادىلە ئۆزىنىڭ ياشلىقىغا تەمەننا قويۇپ، دوختۇرخانىغا بارمايمۇ ساقىيىپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ شۇ ياتقانچە ئۆرە بولالمىدى؛ ئۇنىڭ چىرايىدا، پۇت-قوللىرىدا جان قالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن «ھەمراھ قىزلار» بىر-بىرىگە قاراپ كۇسۇلدىشىپ، «پۇلى تۇرۇپ ئۆزى دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمىسا بىزگە نېمە تۇرۇش، ئانىمىزغىمۇ بۇنچىلىك قىلغان ئەمەسمىز، قانداق قىلسا قىلسۇن، ياتسا ياتسۇن، ئۆلمەن دېسە ئۆلسۇن» دېيىشىپ، كارى بولمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئادىلە تۈزۈك پۇل يىغمىغانىدى، ھارام ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدىغانلارنىڭ كاللىسىدىكى ئەنسىرەش بويىچە، تاپقان پۇلنى بەرىكەتسىز پۇل دەپ ئويلىغاچقا ئاساسەن پۇل يىغمايتتى، « سومكىنى ئوغرى ئالسا ھەممىسى يوق، شۇڭا خەجلەپ تۈگىتىش كېرەك» دەپ چوڭ-چوڭ خەجلەپ، ئۇدۇل تاپقىنىنى ئۇدۇل تۈگىتىپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە «سودىسى» ئاقمىدى، جېنىنىڭ بارىدا باشقۇرالىغان قىزلىرى، مانا ئەمدى «ئاچىسى» ئاغرىپ ياتقاندا «دۇكان» ئايرىپ چىقىشقا تەييارلاندى. تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىجارىسى بۇ ئاي چىقىپ كەتسە توشاتتى، يەنە ئىجارە تۆلىگىلى پۇل بولمىسا، تالادا قالاتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئادىلە ساقىيىپ بولغۇچە بولسىمۇ كوچىدا ياتماسلىق ئۈچۈن زۆھرەگە تېلېفون ئۇردى.

زۆھرە ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتتى، بىر چاغلاردا سەن ئەمەس مەن بولۇپ ياشىغان، شۇنچە پۇل تاپقان خېنىمنىڭ بارلىق قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى، پەرداز بۇيۇملىرىنى يىغىپ يۆگەپ ياتسىمۇ مىڭ كويغا يارىمايتتى. مانا ئەمدى داۋالانغۇدەك پۇلى، تۇرغىدەك ماكانى يوق ئۆلەمجان ھالدا پۇشۇلداپ ياتاتتى. زۆھرەنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى، ئادىلەنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتسە ئېغىر بىر يۈك بولاتتى،

زۆھرەنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشى بۇزۇلاتتى، خۇشاللىقى يوقىلاتتى؛ لېكىن ئۇنى بۇنداق تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايتتى، ھېچكىم ھالىدىن خەۋەر ئالماي تەساددىپىي ئۆلۈپ قالسا زۆھرە ۋىجدان ئازابىغا قالاتتى، نېمىلا دېگەن بىلەن ئادىلە ئۇنىڭغا يېنىدىن جاي بەرگەن، بىر يىل بولسىمۇ بىللە تۇرغان دوستى ئىدى. ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باقمىسا، كېسىلى سوزۇلۇپ ئېغىرلىشىپ كېتەتتى-دە، ئاقىۋەتتە نېمە بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىر چاغلاردا «مەن بەختلىك!» دەپ ياياراپ يۈرگەن بۇ خېنىم ئېغىر كۈنگە قالغاندا كۆرەڭلىكىنى، ئوساللىقىنى تاشلاپ، ئاداۋىتىنى ئۇنتۇپ، قاسىراق تاشلىغان يىلاندەك ئەسلى ھالىتىگە قايتقانىدى. ئەسلى ھالەت؟! ئەسكىلىك ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىمۇ ياكى ياخشىلىق ئەسلى ھالىتىمۇ؟ زۆھرە بۇلارنى ئويلاپ بولالمىدى. كۆز ئالدىدا تەلمۈرۈپ ياتقان، ساق بولسۇن، ئاغرىق بولسۇن، ياكى ئۆلۈپ قالسۇن، ھامان ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدىغان بۇ مەرەز قىزغا ھېسداشلىق نەزىرىدە تىكىلدى. ئادىلە بىر چاغلاردا ئۆزىگە مالاي بولۇپ ئىشلىگەن زۆھرەنىڭ پاكىز چىرايىغا، ئېسىل كىيىملىرىگە، زىبۇ زىننەتلىرىگە قاراپ ئاھ ئۇردى، ھەسەدتىن تولغاندى، ئەمما چاندۇرمىدى، ئىچىدىن قان كەتسىمۇ ئەمدى چىداپ، زۆھرەنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى.

ـ ئۆيگە بېرىشتىن ئاۋۋال سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى،ـ دېدى زۆھرە قاپىقىنى تۈرۈپ،ـ بۇنداق يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ.

ـ ئۆيۈڭدە... بىر نەچچە كۈن ياخشى دەم ئالسام... ئوڭشىلىپ قالارمەنمىكىن. ... بۇ يەردە... دوختۇرخانا بەك قىممەت. مەندە... ئۇنىڭغا پۇل يوق.

ـئۇنچىلىك پۇل مەندە بار، بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقايلى، قالغىنىنى كېيىن بىلىمىز.

ئادىلە دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىگە قەدەم بېسىشنى قەتئىي خالىمىسىمۇ، بۇ قېتىم تەلىيىنى سىناپ باققۇسى، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيۈپ باققۇسى كەلدى، ھېلىمۇ جان قىينىلىپ بىر يەرگە باردى، ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالدى. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنە ئەيدىز ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالماي قېچىپ يۈرۈش ئورۇنسىز بىر ئىش ئىدى.

زۆھرە ئۇنى تاكسىغا سېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى چوڭ بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى،

قولتۇقىدىن يۆلەپ، پەلەمپەيدىن يۇدۇپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن بىر نەچچە دوختۇر ئۇنىڭغا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنى كۆرسىتىپ قويدى، زۆھرە تەرلەپ تەپچىرەپ ئۇ يەرگە بېرىشىغا بىر سېستىرا چاقلىق كارىۋاتنى تەقلەپ تەييار قىلدى، زۆھرە ئادىلەنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ بىر دەم دېمىنى ئېلىۋالدى. سېستىرا كېسەل ئەھۋالىنى سورىغاندا ئادىلە نەق جاۋاب بېرەلمەي، تۇغۇت بۆلۈمگە كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تۇغۇت بۆلۈمىدىكى ئايال دوختۇر ئۇنىڭ قىزىتمىسىغا، يىرىڭداپ كەتكەن كالپۇكىغا قاراپ، دەرھال بېرىپ قان تەكشۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئادىلە قىچىپ-قىچىپ ئايلىنىپ كېلىپ ئاخىر يەنە قان تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. زۆھرە نەچچە تۆشۈككە ئۇسۇپ، تۆلەيدىغان پۇلنى تۆلەپ ئادىلەنىڭ قېنىنى تەكشۈرتتى، يېرىم سائەت ساقلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلىپ دوختۇرنىڭ قېشىغا باردى. دوختۇر ئۇنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر كېسەلنىڭ ئىسمىنى دەپ، دەپتەرگە جىجىلاپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ زۆھرەگە تۇتقۇزۇپ قويدى. زۆھرە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ ئادىلەنىڭ قېشىغا كەلدى، يۈرىكى پوكۇلداپ ئىچ-ئىچىدىن سىقىلىپ ياتقان ئادىلە دەپتەرنى كۆرۈپ، جىجىلاپ يېزىلغان ئۇ خەتنى ئوقۇيالماي قالدى، سىنچىلاپ قارىدى، 艾滋病□ئەيدىز□阳性 دېگەن خەت ئۇچراپ قالسىلا هوشىدىن كېتىدىغاندەك قايتا-قايتا قارىدى، ئەمما ئۇنداق مەنىدىكى خەت يوقتەك قىلاتتى، خوشلۇقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشتى، بىراقلا ساقىيىپ كەتكەندەك روھلاندى، ئەمما كۆڭلىدە يەنىلا بىر ئەندىشە بار ئىدى.

— بىر كېسەلنىڭ ئىسمىنى دېدى، ئۇقالمىدىم-دېدى زۆھرە.

— يۈرە، دوختۇرنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى-دېدى ئادىلە.

زۆھرە چاقلىق كارىۋاتنى ئىتتىرىپ تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى.

— قاندا بۇزۇلۇش ئېغىر، — دېدى دوختۇر ئادىلەگە- سىفلىس كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قاپتۇ، ۋاقتىدا داۋالىنىشىڭ كېرەك. بولمىسا مىكروب پۈتۈن بەدىنىڭگە تاراپ سېنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ، ئېغىر بولغاندا نېرۋاڭ كاردىن چىقىدۇ، كۆزۈڭ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى تۇغۇلىدۇ...

ئادىلە بۇ كېسەلنىڭ قانداق كېسەللىكنى دەسلەپتە ئاڭقىرالماي، ئاخىرقى گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئاخىرقى باسقۇچ دېگەن راك كېسەللىرىدە بولاتتى، بۇ قانداق گەپ!

ـ بۇ كېسەلنى... داۋالاپ ساقايتقىلى بولامدۇ دوختۇر؟ـ دېدى ئادىلە ئىلتىجا بىلەن.

ـ ساقايتقىلى بولىدۇ، لېكىن بۈگۈندىن قالماي ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشىڭ كېرەك...

ئادىلەگە جان كىردى، پۇل! يەنە پۇل! جانغا ئېھتىياجلىق پۇل! پۇلنى دەپ خوراپ كەتكەن بۇ جېنى ئەمدى قانچە پۇل بىلەن ساقلىنىپ قالىدۇ؟ چوقۇم نۇرغۇن پۇل بىلەن داۋالىنىدۇ. بېيجىڭدا داۋالانسا بەك قىممەت، ئۈرۈمچىدە داۋالىنىشى كېرەك، ئۇ يەردىكى دوختۇرخانىلارمۇ ئەيدىزدىن باشقا جىنسىي كېسەلنىڭ ھەممىسىنى ساقايتالىشى مۇمكىن. ئۈرۈمچىدە ئاكىسى بار، ئاكىسى ياردەم قىلالمىسا يۇرتىدا غەمگۇزار ئاپىسى بار، ئاكىسى خوتۇنىدىن قورقۇپ پۇلغا چىدىمىسىمۇ، ئاپىسى ئۆينى سېتىپ بولسىمۇ قىزىنى داۋالىتالايدۇ...

ئادىلە ئۈمىدۋارلىق بىلەن شۇلارنى ئويلىدى، دوختۇرخانىدىن چىقىپ دەرھال ئاپىسىغا تېلېفون ئۇردى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاشكارىلىمىغان دەرد-ئەلەملىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا:

ـ ئاكامغا دەڭ ئاپا، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسۇن، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمەن!... ـدېدى.

ئادىلە يىغلاۋاتقان بىلەن روھىي ھالىتى خېلىلا ياخشى ئىدى، زۆھرە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن جىددىي ۋە تەسىرلىك كەيپىياتتا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى يېقىندىن ئاڭلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئادىلەگە ئاكىسىدىن تېلېفون كەلدى، ئاكىسى نېمىلەرنى دېدىكىن، ئادىلە پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ ئۇ گەپلەرنى جىممىدە ئاڭلىدى. گەپ تۈگىگەندە ئادىلە تېلېفوننى ئېتىپ زۆھرەگە قاراپ خۇشاللىق بىلەن:

ـ ئاكام كېلىپ ئەكېتىدىغان بولدى،ـدېدى.

ئادىلە شۇ كۈنى ئاخشىمى زۆھرەنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالدى، كەيپىياتى بۆلەكچە ياخشىلىنىپ كەتكەنىدى. زۆھرەگە مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلىپ «بۈگۈن سېنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم، سەن

بولمىغان بولساڭ ئۆز-ئۆزەمنى قورقۇتۇپ يەپ بولاركەنمەن، ئۇ ئۆيدىن ئۆلۈكۈم چىقاركەن» دېدى، ئۆچەكىشىپ يۈرگەنلىرىنى تىلغا ئالمىدى، ياخشى ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىدى.

ئۇخلايدىغان چاغدا ئىككىسى بىر دەم مۈگدىشىپ قالدى.

ــ شۇنداق قىلىپ، سىيىت قارىغا تەگدىڭمۇ؟

ــ ھەئە...

ــ ئاخىر دېگىنىڭنى قىلىپسەن-دە، دېگەن بىلەن يامان قىز جۇمۇ سەن...

زۆھرە كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى.

ــ سىيىت قارى ياۋاش بولغان بىلەن بولىدىغان بالا، ئەسلىدە مەن زورلىغاندا ئۇ ماڭا چېقىلمىغان. ئۇ سېنى كىرىپ قالارمىكىن دەپ كۆزى ئىشىكتە ئىدى. سەندىن قورقىدىغان بىر بالىغا تېگىۋالدىڭ، بۇمۇ بەختىڭ...

ــ مۇنداق دە، ــ دېدى زۆھرە بۇ گەپتىن خۇرسەن بولۇپ، ــ لېكىن يالغان سۆزلەپ، تۆھمەت قىلىپ خېلى تېرىكتۈردۈڭ جۇمۇ!

ــ ئىككىڭلارنى سىناپ باققانتىم...ــدېدى ئادىلە قىلمىنلىق بىلەن.

ــ شۇنداق، بىزنى قاتتىق سىنىدىڭ، بىز سېنىڭ دېپىڭغا ئۇسسۇل ئوينىدۇق.

ــ شۇنداق قىلغاچقا توي قىلالىغانسىلەر؟!

ــ ھەي... توي قىلغان بولامدۇ، نىكاھ ئوقۇپلا بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۇ تېشىنى ساتالماي ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپلا كەتتى.

ــ سەن.. نېمىشقا قالدىڭ؟ ئەمدى ئاجرىشامسەن؟

زۆھرە بۇ گەپتىن ئەندىكىپ كەتتى، ئادىلە ئەسلى مەقسەتنى ئېنىق بىلەتتى، لېكىن ھازىر ئەسلى مەقسەت، كېيىنكى مەقسەت... لەر مەۋجۇد ئەمەس ئىدى.

ــ ئۇنداق ئاسان ئاجرىشىدىغان ئىش يوق، ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىمىز.

ــ لېكىن، مەنچە، بۇنداق تۇرۇۋەرسەڭ ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزەڭگىمۇ ياخشى ئەمەس. يا بىر يەردە بىللە ئۆي

تۇتساڭ بولىدۇ، يا بولمىسا تارتىشماي ئاجراشساڭ بولىدۇ. ئوتتۇرىدا قالغاندىكىنلا ئىش چاتاق. ئۆزۈڭنى قىيناپ قويىسەن، سەن بۇرۇنمۇ شۇنداق ئۆزۈڭنى قىينايتتىڭ، ھازىرغىچە شۇ ئادىتىڭنى تاشلىماپسەن. ئەلۋەتتە، بۇرۇنقى ھالىتىڭ بىلەن ھازىرقىسى ئوخشىمايدۇ.

ئادىلە زۆھرەنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلىۋاتاتتى، ئەمما زۆھرە بۇنى ھېس قىلغانچە كۆڭلى يېرىم بولدى.

– ھازىرچە مۇشۇنداق ياشىغاچ تۇراي، كېيىنچە بىر گەپ بولار-دېدى ئۇ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشنى خالىماي؛ دېمىسىمۇ ئۇ بۇ ئىشلارنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولۇپ كەتتى، بىر دەم بولسىمۇ ئويلىمىسا ياخشى..

– بۇ شەھەرگە بەكلا كۆنۈپ كەتتىڭ دېگىنە، بوپتۇ سەن بولساڭمۇ ياخشى كۈن كۆرۈپ ياشىغاچ تۇرغىن...

– سەنچۇ، ساقايغاندىن كېيىن بېيجىڭغا كەلمەمسەن؟!

– ساقىيىپ قالسام ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرىمەن، ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئاپامنىڭ قېشىدا ئۆلىمەن؛ ئاپامنىڭ قۇچىقىدا بېشىمنى قويۇپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق. ئويلاپ باقسام، مەن بۇ يەردە ئۆلۈپ قېلىشتىن بەكلا قورقىدىكەنمەن. ئويلىساڭ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، بىر تال قۇرت ئۆلگەندەكلا ئۆلىدىغان گەپكەن، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىكەن، ئەچىقىپ كۆيدۈرۈپ ياكى كۆمۈپ تاشلىۋېتىدىكەن. ئۆلۈم ئاسان كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتىم، دوختۇرنىڭ «ئاخىرقى باسقۇچ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۆلۈم ئادەمگە بەك يېقىنكەن دەپ قالدىم.

زۆھرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سوغۇقتا توڭغاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئادىلەنىڭ ئاكىسى كېلىپ سىڭلىسىنى پويىزغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

زۆھرە ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئۆلۈمدەك تەنھا قالدى.

31

زۆھرە بىر چاغلاردىكى قەدىناسلىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن مۇھەببەتتىنمۇ،

دۈشمەنلىكتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدەك، ئىلگىرى گويا ھېچ ئىش بولۇپ باقمىغانىدەك، ھاياتىدا ئەمدى نېرۋىسىغا كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ئىشلار بولمايدىغانىدەك، تۇرمۇشىنى ئۆز رايى بويىچە يەڭگىل ئۆتكۈزىدىغانىدەك تۇيغۇلارغا كەلدى. ئەمما خىيالى يەنە تىنجىمايتتى، ھاياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماي تۇرالمايتتى، كەلگۈسىنىڭ تۇز سىزىق بويلاپ ئۇچقۇشلۇق، پارلاق داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى، باشقىلاردىن كېلىدىغان دۈشمەنلىك تۈگىگەن بىلەن غەم-قايغۇنىڭ دۈشمەنلىكى تۈگىمەيتتى، بەلكى ئاللىكىملەر، ئاللىقانداق ئىشلار ئادەمنى غەم-قايغۇغا سېلىپ تۇراتتى، بەلكى يەنە باشقىلار، بەلكىم ئەڭ يېقىن كىشىلەر دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشاتتى.

«ئادىلەنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەت ئۆزىنىڭ شورى- دەپ ئويلايتتى ئۇ ئادىلەنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى كۆڭۈلسىز ئەسلەپ- گۇناھنى قىلمۇەرسە خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغان گەپ، كاللىسى ئىشلىگەن بىلەن ئۆزىنى ئاسراپ يۈرەلمىسە بىكار، بۇزۇلسا بۇزۇلۇپ كېتىۋېرىدىغان گەپ. يامانلىق قىلسا ئۆزىگە ياندىغان گەپ، پۇلنى دەپ ئىپلاس ئەرلەرنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغۇچە ئۆزى تۈگىشىپ كېتىدىغان گەپ، ئىپاسلار ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئامراق ئىت-مۈشۈكلىرىدەكمۇ كۆرمەيدۇ، خالىي جايىدا بۇزۇقچىلىقنى تۈگەتكەندىن ئۇلارنى ئىشلىتىپ بولغان تازىلىق قەغىزىدەك پۇرلەپ تاشلىۋېتىدۇ... ئۇلار ساق چېغىدىلا خارلىنىپ، كېسەل بولغاندا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر تاشلىنىپ ياتىدۇ، ئۆزى خالاپ بۇزۇلغانلار، مەجبۇرىي بۇزۇلغانلار ياش تۇرۇپلا قېرىپ كېتىدۇ، ئادىلەگە ئوخشاش مەرەز يۇقتۇرۇپ قورقۇپ يىغلايدۇ، ساقىيالمىسا قىينىلىپ خارلىنىپ ئۆلىدۇ... نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق!

زۆھرە ئادىلەنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارغا ئېچىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ياشاپ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى پەخىرلەندى، ھېچقاچان بۇنداق پەخىرلىنىپ، خۇشاللىنىپ باقمىغانىدى، ئادىلەنى ئۇزىتىپ قويغان كۈنى كېچىسى ئىپپەت-نومۇس، شەھۋەت، ئاقىۋەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا چۆكتى: «خۇدايىم ھېلىمۇ ماڭا شۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمىدى، ئۆزۈمنى قوغدىيالىغان بولسام ئىچ-ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتەتتىم، بۇزۇلۇش بەك ئاسان، تۈزەلمەك تەس. تۈزەلگەن تەقدىردىمۇ يۈرىكىمدە

داغ، ئىچىمدە مەينەت قالدۇ. مەن ئەسلىدىمۇ رەسۋا ئەمەس، رەسۋا بولمىدىم، ھەم رەسۋا بولمايمەن. مەن ئۇنداق بوزۇقلارغا ئوخشىمايمەن، ئانام مېنى نېمىگە تۇغقان؟ ئىپلاسلىق ئۈچۈن تۇغقانمىدى؟ شۇ ئاچكۆز ئىتلارنىڭ ئالدىغا گۆش تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن تۇغقانمىدى؟ بىچارە ئانىلار، قىزلىرى بوزۇلۇپ كەتكەن بەختسىز ئانىلار، ئۆلسىمۇ ئارماندا كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ئانىلار... نىڭ يۈرىكى قانداق چىدايدىغاندۇ؟ قىزلىرىدا پاك ئانىلىرىنى ئويلايدىغان قەلب يوقمىدۇ؟ ئىپپەت-نومۇس نېمىشقا ئىتنىڭ ئالدىدىكى سۆڭەكتەك تاشلىنىپ ياتىدۇ؟ مەن نامرات بولسىمۇ نومۇسچان بىر بالىغا تەگدىم، ئادىلەدەك بوزۇققا بولغانمىغان نوچى بالىغا تەگدىم، جان خۇدانىڭ، ئىپپەت-نومۇسمۇ خۇدانىڭ، جانمۇ ئامانەت، ئىپپەت-نومۇسمۇ ئامانەت، ئامانەتنى چوقۇم ئىگىسىگە تاپشۇرۇش كېرەك، شۇ ۋاقىتتىلا جان ھەم كۆڭۈل ھەقدادىغا يېتىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك ئارام تاپىدۇ... ».

زۆھرە ئۆزىدىن رازى بولۇپ، كۆنلىرىنى يەڭگىل، خۇشال ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، ھېچكىم ئەمدى ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايتتى، ئەمما ئۇ يالغۇز ئارالدا يەككە-يېگانە ياشايدىغان ئىنسان بولمىغاچقا، يىراق-يېقىندىن ئۇششاق-چۈششەك ئاۋارىچىلىك، كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ تۇراتتى. ھۇسەيىن پات-پات تېلېفون ئۇرۇپ ئىشخانىدىكى ئىشلارنى سورايتتى، بىنانى باشقۇرىدىغانلار بىر نەرسە دەپ كېلەتتى، يولدا بىر كىملەر ئوغرىدەك قارايتتى. بۇلارغۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، تولىراق سىيىت قارى بىلەن ئۆيدىكىلىرى ئەنسىرەپ تېلېفون قىلىپ ئۇنى ئارام تاپقۇزمايتتى.

« قاچان كېلىسەن، چاققان تويۇڭنى قىلغۇتسەك بولاتتى، خەقنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ...»دەيتتى ئانىسى.

«ئېرىڭنى بۇ ياقتا قايرىپ قويۇپ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟...» دەپ ئاچچىقلايتتى ئاچىسى.

«مېنى پەقەت كۆزىڭىزگە ئىلمايۋاتىسىز، بۇنداق قىلغۇدەك مەن بۇ مەھەللىنى تاشلاپ ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن...» دەيتتى سىيىت قارى.

ئادىلەنىڭ ھالىنى كۆرگەن زۆھرە بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى، سىيىت قارىغا سەل قارىيالمىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى، ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىش ئۇنچىۋالا

ئوبدان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەر ئالماشتۇرۇپ ئاخىر بۇزۇلۇپ كەتكەن خوتۇنلارنىڭ يولىغا ئەسلا ماڭمايتتى. زۆھرە ئۆزىنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، تەۋەككۈلچىلىكىنى توختاتقۇسى كەلمەيتتى، « بۇ يەردىكى تىرىشچانلىقلىرىم شۇنداقلا بىكارغا كېتەمدۇ؟ نېمىشقا سەھرالىقلار چوقۇم سەھرادا ياشىشى كېرەك؟ خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى نېمىشقا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېرىنى كۈتۈشى كېرەك؟ بىزنىڭمۇ ئەركىنلىكىمىز بولمامدۇ؟ شەھەردە چىرايلىق كىيىنىپ ئېسىل يۈرسەك، جاھاننىڭ ئاۋاتلىقىدىن بەھرىلەنسەك بولمامدۇ؟ بۇ قارىمۇ شۇ يەرگىلا ئېسىلىۋالغىچە باشقا يول تېپىپ تەلىيىنى سىناپ باقسا بولمامدۇ؟ ئۆيدىن چىقمىسا بىر ئىش بولامدۇ؟...» دەپ ئويلايتتى. سىيىت قارىمنىڭ خوتۇندىن تەلىيى چىققان بىلەن تاشتىن تەلىيى كەلمىدى، دەسمىي بولمىغاندىكىن سودا قىلالمايدۇ، تويلۇق قەرزى تېخى گەدەندە، سودا قىلمىمەن دېگەن بىلەنمۇ ئوڭلاپ سودا قىلالىشى ناتايىن، سودا دېگەندە ساختىلىق، ھىيلىگەرلىك ئارىلىشىپ كېتىدۇ، سىيىت قارىدەك ساددا، تۈز كۆڭۈل ئادەم كېلىشتۈرۈپ سودا قىلالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۈنىڭدەك ھېسسىياتچان، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم پايدا-زىياننىڭ تەسىرىگە بەك ئۇچراپ ئۆزىنى ئاسان يوقىتىپ قويىدۇ. دېمەك، ئۈنىڭدىمۇ ئانچە ئۈمىد يوق، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلغۇدەك جىق يېرىمۇ يوق، يەر جىق بولغان بىلەن ئۈنىڭدىنمۇ ئۈمىد يوق، مەھەللىدە دېھقانچىلىق قىلىپ بېيىغان تۈزۈك ئادەم يوق، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارغا، شەھەرگە كىرىپ پۇل تاپقانلار بېيىۋاتىدۇ، مائاشلىق كادىرلارمۇ قوشۇمچە بىر ئىش قىلىپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. پۇلنىڭ ھەممىسى شەھەر-بازاردا تۇرسا يېزىدا نېمە بار؟ سىيىت قارى مەسچىتتىن چىقماي، ھۆكۈمەت بەرگەن تۇرمۇش پۇلىغا تايىنىپلا ياشىسا جېنىنى قانداق باقالايدۇ؟ قورساق تويسىلا ھېسابمۇ؟ شۇ ئەپتى بىلەن زۆھرەنى قانداق بەختلىك قىلالايدۇ؟ «قايتىپ كېلىڭ» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغانغا چۈشلۈق زۆھرە رازى بولغۇدەك، ئۇنى قېشىدا تۇتۇپ قالالىغۇدەك بىر ئىش قىلالامدۇ؟... يەنە تېخى گەپ چوڭ، زۆھرەنى ئۈمىدلەندۈردىغان گەپ يوق، تەھدىت ئارىلاش گەپ جىقلاپ قالدى. زۆھرە ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدى، تولا سۆزلەپ زېرىكتى، ھەر قېتىم تېلېفونلاشقاندا ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئىككىيلەن پىكىردە بىرلىككە

كېلەلمەيلا ئۆتەرمۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە «ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭايلى» دەپ ئاجرىشىپلا قۇتۇلارمۇ؟

ــ مەن ئاخشام بىر يامان چۈش كۆرۈپتىمەن ــ دېدى سىيىت قارى بىر كۈنى تېلېفوندا ــ ھۇسەيىن سىزنى ئىشخانىسىغا سولاپ قويۇپ چىقارماپتۇدەك، سىز ئىشىكنى ئۇرۇپ ۋاقىراپسىز، مېنى چاقىرىپسىز...

ــ سىز قاراپ تۇرۇپسىزمۇ؟

ــ مەن بۇ يەردە تۇرسام قانداق بارالايتتىم؟

ــ چۈشىڭىزدە بولسىمۇ شۇ يەردىن قېشىمغا كېلەلمىدىڭىزما؟ ئەمەلىيەتتە قىلالمىغان ئىشنى چۈشىڭىزدىمۇ قىلالمايسىز-دە!؟

ــ سىز چۈشكە ئىشىنەمسىز؟ چۈش كۆرۈپ ياشاۋاتمايدىغانسىز؟

ــ ياق، مەن ناھايىتى بەلەن تۇرۇۋاتىمەن.

ــ زېرىكىپ كەتسىڭىزمۇ يەنە شۇنى سوراي، قاچان يېنىپ كېلىسىز؟

ــ ئۇنى تېخى قارار قىلمىدىم.

ــ سىز مۇشۇنداق قىلىپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

ــ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى، ھەممە ئادەم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسەم دەيدۇ. مېنىڭ راستىنلا جاپا تارتقۇم يوق. جاھان دېگەن مۇشۇ دەپ قۇدۇقتىكى پاقىدەك ياشاۋەرگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم؟ مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلىدە سىز ئويلىسىڭىز بولاتتى، بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىۋالدىڭىز...

ــ ئىش دېگەننى ھالىمىزغا بېقىپ ئويلايمىز، مەن پۇل تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇنداق شەھەردە ياشىمايمەن، ئۆز يۇرت، ئۆز مەھەللەمدىن ئايرىلمايمەن.

ــ ئويلايدىغىنىڭىز شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، شۇنداق ياشىغاچ تۇرۇڭ.

ــ مەن شۇنى سورىۋالاي، سىز مېنىڭ خوتۇنۇممۇ ئەمەسمۇ، سىزدە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە بارمۇ

يوقمۇ؟

— خوتۇنۇم-خوتۇنۇم دەپ دەۋېرىدىكەنسىز، ئىلمىي گەپ قىلىشنى ئۇقمامسىز؟ دېمىسىڭىزمۇ مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، لېكىن خوتۇنى دائىم ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرسۇن، ئېرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپلا يۈرسۇن دەيدىغان گەپ يوقتۇ؟

— خوتۇن دېگەن ئېرىنىڭ قېشىدا تۇرماي نەگە بارىدۇ؟

— مەن بىر ياققا كەتمىدىم، مەن مەشەدە بارغۇ؟ ئىشلەپ پۇل تاپقان گۇناھمۇ؟ مېنى باقالىغۇدەك ھالىڭىز بولسا بۇ گەپنى قىلىڭ، بولمىسا ماڭا ئۇنداق بېسىم سالماڭ.

— مەن سىزنى باقالمىغۇدەك ھالدا ئەمەس، مېنى ئۇنداق كەمسىتمەڭ، مەن ھېلىمۇ چىداۋاتىمەن، سىزنى ئىشلەپ پۇل تېپىڭ دەپ بېسىم سالمىغاندىكىن چىرايلىقچەيىنىپ كېلىڭ، مېنى ئويلىمىسىڭىزمۇ ئۆيدىكىلەرنى بولسىمۇ ئويلاپ قويۇڭ...— سىيىت قارىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، زۆھرەنىڭ بۇنىڭدىن يۈرىكى تىترىمىدى، كاللىسىغا كەلگەننى دەۋەردى:

— ئانامغا بوشراق گەپ ئۆگىتەرسىز، ئۇنچىلىك ئەنسىرەپ كېتىدىغان مەن يا كىچىك بالا ئەمەس...

— ماڭا تەگمىگەن بولسىڭىز، نېمە بولسىڭىز چاتىقىم يوق ئىدى، ھازىر سىز مېنىڭ خوتۇنۇم!

— بوشراق توۋلاڭ، قۇلىقىم پاڭ ئەمەس.

— ئەمىسە نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسىز؟ نېمىشقا ماڭا بويۇنتاۋلىق قىلىسىز؟ گەپنى ئوچۇق قىلىڭ، يا كېلىمەن دەڭ، يا كەلمەيمەن دەڭ، ئالدىڭىزدا بۇنداق خارلىنىپ ياشىغۇم يوق!

زۆھرە سەل چۆچۈپ قالدى، «قانداق قىلسىڭىز قىلىڭ» دېسە، سىيىت قارى چوقۇم ئاجرىشىشتىن يانمايتتى. بۇ چاغدا زۆھرەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئالدىدا يۈزى تۆۋەن بولاتتى، مەھەللە كوي ئالدىدىمۇ قايتىدىن يۈزى تۆكۈلەتتى. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنى ھەر قانچە كۆزىگە ئىلمىغان بىلەن، ئۇلاردىن پۈتۈنلەي چەك-چېگرا ئاجرىتىپ بولالمايتتى، ئۆزىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ تۆكەتتى.

— مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋېلىپلا يوغىناپ قالدىڭىز-ھە...—دېدى زۆھرە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — تۇي

قىلىپلا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟ بېيجىڭدا بەش يىل ئوقۇغىنىڭىز نەگە كەتتى، كاللىڭىز نېمىشقا تېخىچە ئېچىلمايدۇ؟ شۇ چاغدا يېنىمغا يوقلاپ كېلەتتىڭىز، مېنى نەچچە ئاي كۆرمىسىڭىزمۇ ماڭا يەنىلا ئىشىنەتتىڭىز، هازىر ماڭا نېمىشقا شۇنداق ئىشەنمەيسىز؟ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىر-بىرىگە ئىشەنمىسە ئۇنداق ياخشى كۆرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟

سېيىت قارى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل تەسىرلەندى بولغاي، بايىقىدىن يۇمشاپ قالدى:

ــ سىزگە ئىشەنگەچكە سەۋر قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، كۆڭلۈمنى دەپ ئىمانىمنى قايرىپ قويۇۋاتىمەن، بىلەمسىز شۇنى؟! ئۇ ۋاقىتتىكى ياخشى كۆرۈش بىلەن هازىرقىسى ئوخشىمايدۇ، هازىر سىز دېگەن مېنىڭ خوتۇنۇم.

ــ شۇنداق، مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، هەر كۈنى سىزگە « مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز» دەپ تېلېفون قىلىپ تۇرسام بولغىدەك-تە؟!

ــ هەر كۈنى ئەمەس، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇرسىڭىزمۇ خوش بولۇپ قالاتتىم، مەن كەتكەندىن كېيىن بىرەر قېتىم تېلېفون قىلغىنىڭىزنى بىلمەيمەن. مەن ئۇرمىسام تېلېفونمۇ قىلمايسىز، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن، قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرىمەن دەيمەن؟!

ــ موللام بولغاندىكىن سەۋر قىلىڭ، ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا،ــ دېدى زۆهرە ئاچچىقى يامان ئېرى بىلەن ئويىنىشىۋاتقان تەننازچوكاندەك، ــ ئەمدى سىزگە تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋالىمنى مەلۇم قىلىپ تۇرىمەن.

شۇنداق قىلىپ زۆهرە بۇ قېيىن سۆھبەتتىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ تېلېفوننى ئەتتى، كۆكسىگە تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. سېيىت قارىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى كۆڭۈل، خوتۇنغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن بويسۇندۇرۇپ نەگىچە ئاپىرار؟ ئۇنىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ بىچارىلىكى قاچان تۈگەيدۇ؟ هازىرغۇ مۇشۇنچىلىك تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما كەلگۈسىگە هېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايتتى، كەلگۈسىنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟ كەلگۈسىنىڭ رەڭگى قانداق؟ كەلگۈسىدىكى بەخت زادى شەھەردىمۇ، يېزىدىمۇ؟

زۆهرەنىڭ بۇ شەهەردە ياشاش ئىشەنچى ئەسلىدىلا ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، كېيىن بىر قەدەر

ياخشى شارائىتتا ئېرىشكەندىن كېيىن كۆڭلى تىنىپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئىشەنچلىك خىياللارنى قىلىشقا باشلىغانىدى، ئىشلەۋېتىپ داۋاملىق ئىنگلىزچە ئۆگىنىش، ئەلچىخانىدا ھۆسەيىننىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتىۋۆرمەي باشقا شىركەتلەردىن خىزمەت ئىزدەپ بېقىش، چەت ئەللەرگە چىقىش... دېگەندەك پىلانلارنىمۇ سوققانىدى، ئەمما ئىلگىرى بىر نەچچە يەرگە ئۇسۇپ بېقىپ، نوپۇس ۋە سەۋىيە كاشىلىسىغا ئۇچرىغاچقا، ھوقۇقدار ئەرلەرنىڭ يامان نىيەتلىك كۆزلىرىدىن قۇتۇلالمىغاچقا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىشنىڭ ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، بۇ خىزمەتنى ئۆزىگە كەلگەن ئامەتتەك ھېس قىلاتتى، بۇ ئامەتتىن تېخى يېتەرلىك بەھرىلىنىپ بولالمىغانىدى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ سەۋىيە تىكلەپ، قەدىر-قىممىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولىنى قىلاي دېگەندە ئېپپەت-نومۇس تەھدىتىگە ئۇچراپ، نومۇستىن قېچىپ ئەرگە تېگىپ، ئەرگە باغلىنىپ، ھەر ياقتىن «بېسىم»غا ئۇچراپ ئولتۇردى، كۆڭلى تېخىمۇ ئارام تاپالمىدى، كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلانلىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى؛ خىيال-تەسەۋۋۇرىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كېڭىيىپ، ئويلايدىغان ئىشلىرى ئاۋۇپ كەتتى، «داۋاملىق ئۆرلەش ياكى داۋاملىق چۆكۈش» ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ، لەيلەپ يۈردى. قاچانغىچە لەيلەيدۇ؟ كىم ئۇنى ئىشەنچلىك ھالدا تارتىپ ئېلىپ، بىر يەردە توختىتالايدۇ؟

سىيىت قارى بېسىم سېلىشتىن باشقا نېمىگە يارايدۇ، ھۆسەيىن ئۆزگىرىپ كەتتى، قىزغىن، ئەسەبىي، «ساراڭ» ھالەتتىن بوشاپ قالدى، بەلكىم«ئېرى بار خوتۇن»غا قىزىقماي قويدى، ئۇ تېخى سىيىت قارىنىڭ بۇ يەردە ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپلا كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، زۆھرە ئۇچۇن ھازىرلىغان شارائىتتا ئىككىسىنىڭ ئەر-خوتۇن بولۇپ ياشاۋاتقىنىغا ھېلىمۇ چىداپ كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم ئۇ سىيىت قارىنى ياقتۇرۇپ قالغاندۇ، دېمىسىمۇ بۇ قارىمىنىڭ كىشىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغۇچىلىكى بار، بىر قارىغان ئادەم ئۇ قارىمىنىڭ ئاچچىقى يامانلىقىنى، خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەجەبا ھۆسەيىن شۇنىڭغا ئۇزاققىچە چىداپ تۇرىۋېرەرمۇ ياكى سىيىت قارىنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالسا نىيىتىنى قايتىدىن بۇزارمۇ؟ چۈنكى بۇنداق ئەرلەر «توي قىلىپ بولغان قىزلار ئاسان ئۇندەككە كېلىدۇ، تارتىشىدىغان ھېچنېمىسى قالمايدۇ، ئېچىلىپ بولغان ئىشىكتىن كىرىش ئاسان» دەپ ئويلايدۇ.

ھۇسەيىن ئالىيجاناب كۆرۈنۈۋالغان بىلەن غۇرۇرى كۈچلۈك ئادەم، ئىككى قېتىم مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، زۆھرەدىن مەقسىتىنى قاندۇرمىغىچە بولدى قىلمايدۇ، بەلكىم ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدۇ... «نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ئەجەبا مەن شۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقىنى چوقۇم قايتۇرۇشۇم، نەپسىنى چوقۇم قاندۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟...» دەپ ئۆزىگە ھەيران قالاتتى زۆھرە، – ئەرگە تەگكەندىن كېيىن شۇ ئەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى ئويلىمايمەنمۇ؟ ئىپپەت-نومۇسنى تېخىمۇ قەدىرلىمەيمەنمۇ؟ ئېرىمگە خىيانەت قىلىش شۇ ئەرنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلسام قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن، سېيىت قارىنىڭ يېنىدا تۇرغاندىن ئاجرىشىپلا قۇتۇلىمەن، ئاندىن نېمە بولسام بولىمەن... نېمىشقا بۇنداق يامان خىياللارنى قىلىمەن؟ ياكى مېنىڭ كاللامدىمۇ ئادىلەنىڭ كاللىسىدىكى زاغۇندىن بىر تاسقام بارمۇ؟ ئېرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ بېقىش شۇنچىلىك ئاجايىپ، شۇنچىلىك سېھىرلىك، شۇنچىلىك ئېسىل ئىشمىدى؟! بۇنداق بۇزۇق خىيالنىڭ پاھىشەنىڭ خىيالىدىن نېمە پەرقى بار؟! ئادىلەنىڭ مەرەزدىن سەتلىشىپ كەتكەن چىرايى ماڭا شۇنچە ئۆز كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ بۇزۇلۇپ ياشاش ماڭا شۇنچە راھەت، ئارامبەخش تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ ساقلىقتا خورلۇق يوق، پاكلىقتا ئەپسۇس-نادامەت يوق. پاكلىقىمنى ئۆز ئارزۇيۇمدىكىدەك بىر يىگىتكە بېرەلمەسلىكىم تۈپەيلىدىن پاكلىقىمدىن زىيان تارتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئېرىمنى كەمسىتىپ، ئۇ «زىيان»نىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىدىغان بولسام تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىمەن، قەدرىم يەرگە ئۇرۇلۇپ تۆكۈلىمەن، خارلىنىپ ئۆلىمەن... ئۆزۈمگە شۇنداق دېيىشىم كېرەك، ساغلام، ياشلىق ھەۋىسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قارىمىنىڭ ئەر كىشى تۇرۇپ ئادىلەگە بۇزۇلمىغانلىقىدىن نېمىشقا تەسىرلەنمەيمەن؟ نېمىشقا ئۇنى چوڭ بىلىپ سۆيمەيمەن؟!... ھەي... شۇغىنىسى ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، قارىم خۇدادىن قورققان بىلەن نامراتلىقتىن قورقمايدۇ، لېكىن ھازىر نامرات ياشىساق بولمايدۇ، ھەممە ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، يېزىلاردىن شەھەرگە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلىشىممۇ شۇنداق مەقسەتتىن، ھەرگىز باشقا مەقسەت يوق، ئەمما قارىم بۇنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، ئۆزى بەش يىل تۇرغان بېيجىڭدىن قېچىۋاتىدۇ، مېنىمۇ يېنىغا سۆرەۋاتىدۇ...

بىزگە پەقەت ئەر-خوتۇنلۇقلا مۇھىممۇ؟ جاھاننىڭ ئىشلىرى رەڭگارەڭ، «خانىم-قىزلار ئۆزىنى پەقەت ئېرىنىڭ قوينىدىلا بەختلىك ھېس قىلىدۇ» دېسە مەن ئىشەنمەيمەن، بىز پۇل خەجلىمەمدۇق، سورۇنلارغا بارمامدۇق، كىيىم كىيمەمدۇق، ئۆينى زامانغا لايىق تۈتۈپ ياخشى ياشىمامدۇق، شەھەرلەرگە كىرمەمدۇق، ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلمەمدۇق؟ نامراتلىق جانغا ئىككەك، مەن ئۇنداق ياشاشنى ھەرگىز خالىمايمەن، ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟. قارىم پۇل تاپالامدۇ؟ خەقنىڭ يانچۇقىدىن ئۆشرە-زاكات ئايرىيالامدۇ؟ ئۇنىڭدىن قانچىلىك بىر نەرسە تاپالايدۇ؟ ئۇ «ئۇرۇمچىگە چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ قويغان بىلەن، ئۇ يەردىمۇ نان تېپىپ يېيەلىشى ناتايىن، خەقلەر بىر موچەننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، بىر نەرسىلەر قىممەتلەپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە تاپقان پۇلنىڭ تايىنى يوق، تېخىمۇ نامراتلىشىپ، ياشىغىلى بولمىغۇدەك ھالغا كېلىدىغان گەپ، خەقنىڭ ئالدىدا خارلىنىدىغان گەپ، پۇلنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلىدىغان گەپ... ئۇ چاغدا قارىم مەسچىتكە كىرىپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرامدۇ؟ مەن ئۆيدە قازان بېشىدا « قارىم قاچان بىر موچەن تېپىپ كېلىپ مەن دېگەن نەرسىنى ئېلىپ بېرەر» دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرامدىمەن؟! ئۇنىڭ تاھىر قارىچىلىك جېنى بولغان بولسىمۇ كاشكى! يەنە ئۇنى كەمسىتكىلى تۇردۇم... ـ زۆھرەنىڭ بىئارام خىياللىرى كۆچىيىپ ئاخىر نىدا بىلەن ئاخىرلاشتى ـ قاچانمۇ مېنى تولۇق رازى قىلغۇدەك بولارسىز سولتەك قارىم، سىزگە قاچان ئامەت كېلەر، سىزگە ئامەت كېلىپ بولغۇچە قېرىپ كېتەرمەنمۇ؟ ئامەت دېگەن ۋاقىتلىق، ئەر كىشى دېگەن جان چىقىپ كەتسىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ، ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىشى كېرەك، ئېغىزىڭىزدا شۇنداق دەيسىز، ئەمەلىيەتتە قىلالامسىز؟ مەن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، ئۈمىدسىزلەنسەم ئاجىزشىمەن، ئاڭغىچە گۇمان بىلەن كۈتۈپ تۇرىمەن...

زۆھرە ھەر كۈنى ئىشقا بېرىپ كەلگۈچە شەھەر مەنزىرىسىگە، ئادەملەرگە قاراپ خىيال سۈرەتتى، سىيىت قارىنى ئويلاپ بىئارام بولسا باشقا نەرسىلەرنى ئويلايتتى «مۇشۇ ئادەملەر زادى بەختلىكمىدۇ؟ قارىسا ھەممىسى ھارغىن چىراي، ئالدىراشلا يۈرگەن، چېپىپ كېتىۋاتقان ئېسىل ماشىنىلار، سالاپەتلىك لاۋبەنلەر، چەتئەللىكلەر، ياپونلۇق ياكى كورىيەلىكنى دوراپ كىيىنىۋالغان قىرقىما چاچ

قىزلار، غىتمەك ئوغۇللار، قاسماق ئىشلەمچىلەر ئۈز راھەتلىرىگە يېتشىنىلا كۆزلەپ مىدىرلاپ، شەھەرنى ئاۋات قىلىدۇ. ئەجەبا شۇنچە شاۋقۇن-سۈرەنلەر، بېكەتلەردە توختىغان ئاپتوبۇسلارنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تېشىۋەتكۈدەك سەت ئاۋازلىرى شۇنچە يېقىملىقمۇ؟ مەھەللىدىكى جىمجىتلىق ۋە ئېرىقلاردىكى سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى، باغلاردىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى زۆھرە ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟ مىليونلىغان ماشىنا ۋە ئادەملەردىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراقلارغا شۇنچە كۆنۈپ كەتتىمۇ؟ مەھەللىسىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى نېمىشقا سېغىنمايدۇ؟ زېكىشلىك سالوندا تېلېۋىزور كۆرۈپ، بېزەك خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرغان زۆھرەنىڭ كاللىسىدا نەچچە يۈز قاناللىق ئېكراندىنمۇ ئاجايىپ، مۇشۇ شەھەردىنمۇ چوڭ دۇنيا سىغىپ كەتكەندەك، كۆرەتتى، ئويلايتتى، خىيال دۇنياسىدا چۆگىلەيتتى، بىر باشقا چىقالمايتتى...

بۇ ئەلچىخانىدىكى باشقا ئەرەبلەر ئۆيىدىن چىقماي ياشايدىغاندەك، ئىشخانىلىرىغا ئانچە كەلمەيتتى، كەلسىمۇ چۈشتىن كېيىن كېلىپ قويۇپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. باش ئەلچىمۇ پات-پات دۆلىتىگە كېتىپ دەم ئېلىپ كېلەتتى، ئۇ ئادەم بىر خەنزۇ قىزنى كاتىپ قىلىۋالغان بولۇپ، زۆھرەنى ھۈسەيىننىڭ خاس خىزمەتچىسىدەكلا كۆرەتتى، ھۈسەيىن بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ھۈسەيىنگە باشقىچە قارايدىغانلار زۆھرەنى ئۇنىڭ ئاشنىسى دەپلا ئويلاپ، زۆھرەگە ئانچە قىزغىن مۇئامىلە قىلمايتتى، ھەتتا ئۇنى تازىلىقچىلار بىلەن ئوخشاش قاتاردا كۆرەتتى. زۆھرە دەسلەپتە بۇنىڭدىن بىئارام بولسىمۇ كېيىنچە كۆنۈپ كەتتى، ئەمما ھۈسەيىن دۆلىتىگە كەتكەندىن كېيىن قورۇنۇپلا ياشىدى، تازىلىقچىلار بىلەن دېيىشىپمۇ قالدى، خەنزۇ قىز چىقىپ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويىدى، ئۇششاق سۈركىلىشنىڭ خاپىلىقى تۈگىمەي تۇرغاندا، كاتىپ قىزنىڭ باشلىقتەك ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئىشلارنى ھەل قىلىۋېتىشى زۆھرەگە تېخىمۇ ئەلەم بولدى، ھەسەدتىن نېمە پايدا، ھەر ئادەم تىرىشقىنىغا يارىشا تاپىدىغان گەپ! لېكىن تىرىشسىمۇ تاپالمايۋاتقانلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ قىسمەتنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟!

ھۈسەيىن قايتىپ كەلدى، ئەلچىخانا بىناسىنىڭ ئىچىدە زۆھرەگە تونۇش ئەتىر پۇراقلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ھۈسەيىن بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتى، قىسقىچە ئەھۋاللاشتى. ھۈسەيىن ئۇنىڭغا

دۆلەتتىن بىر قوتا چىرايلىق، خۇشپۇراق ئەتىر ئالغاچ كەلگەنىدى، «لېكىن بۇ ئەتىرنى ئۆيدىلا ئىشلىتىڭ، پۇرىقى بەك كۈچلۈك » دېدى، كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ زۆھرەگە ئۇنىڭ بىلەن باشتا تونۇشقاندىكىدەك ھۆرمەت ۋە سىلىق-سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، زۆھرە بۇنىڭدىن سەل ھەيران قالسىمۇ، خۇرسەن بولۇپ «مۇشۇنداق بولغىنى ياخشى، بولمىسا دەككە-دۈككىدە ئۆتىمەن» دەپ ئويلىدى.

ھۈسەيىن كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن زۆھرە يەنە بۇرۇنقىدەك تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغاندا سىمىز، سۆلەتلىك، قاملاشقان، بىر ئايال سالوندا پەيدا بولدى، ئەسلىدە چىرايلىق تۇرۇپمۇ گىرىمنى قېنىق قىلىۋالغان بۇ ئايال ئۈستىنكى قەۋەتكە چىقماي تۇرۇپلا زۆھرەنى كۆردى، ئۇنىڭغا بىر دەقىقە تىكىلىپ تەرىنى تۇرۇپ:

– زۆھرە دېگەن قىز سەنمۇ؟– دېدى.

ئەرەبچە گەپنى ئۇقالمىغان زۆھرە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

– ئىنگلىزچە بىلەمسەن؟–دېدى ئۇ ئايال ئىنگلىزچە سۆزلەپ.

– ھەئە... بىلىمەن.

– ئىشىڭ بولمىسا بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرىسەن؟ بۇ يەرگە سېنى كىم ئەكەلگەن؟ ھۈسەيىن ئەكەلگەن شۇنداقمۇ؟ ھۈسەيىن نېمىشقا ئەكەلگەن؟ ئوينايدەپ ئەكەلدىمۇ؟ خوتۇن قىلاي دەپ ئەكەلدىمۇ؟ ئۇنىڭغا ئاشنا بولغىنىڭ يەتمىدىما؟ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنداق بولۇپ كەتتىڭما؟ بۇ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق؟!...

زۆھرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ ئايال كېلىپلا ئۇنىڭ قولىدىكى تىزگىنەكنى تارتىۋېلىپ سۆزلەۋەردى:

– تېلېۋىزورغا قاراپ چەت ئەللەرگە چىقاي دېگەنمۇ؟ ئاشىنىدارچىلىقنى، قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى ئۆگىنەي دېگەنمۇ؟ ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل، ھۈسەيىن تېگى پەس ئادەم ئەمەس، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار، قارىغاندا ئۇ چىرايىڭغا ئالدىنىپ كېتىپتۇ، سەن

ئۇنى شەيتاندەك ئازدۇرۇپسەن، چىق بۇ يەردىن، بۇ سېنىڭ تۇرىدىغان يېرىڭ ئەمەس، بۇ دېگەن بىزنىڭ دۆلەت سېتىۋالغان جاي، يوقال بۇ يەردىن، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت!

ئۇ ئايال كېلىپلا زۆھرەنىڭ قولىدىن تارتىپ تالاغا سۆرەپ ماڭدى، ئاڭغىچە ھۈسەيىن ۋە باشقا بىر قانچە ئەرەب، جۇڭگولۇق خىزمەتچىلەر يەسكە چۈشتى. ھۈسەيىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ، بېشىغا كالتەك يېگەن ئوغرىدەك ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئايالىنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمىدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىزا-ئاھانەتكە قالغاندەك جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

ئەسلىدە تۈنۈگۈن كەچتە مەلۇم بىر ئەرەب دۆلىتى دۆلەت بايرىمى كۈننى تەبرىكلەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، بېيجىڭدىكى بارلىق ئەرەبلەرنى چاقىرغاندا، بۇ زىياپەتكە كەلگەن خالىد ھۈسەيىننىڭ خوتۇننى كۆرۈپ، «سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى» دەپ قويۇپ، بۈگۈن ئەتىگەندە ھۈسەيىن ئىشقا كەتكەندە ئۇ ئايالغا تېلېفون ئۇرۇپ، ھۈسەيىننىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغانىدى. ئېرىنىڭ بۇ دۆلەتتە خوتۇنسىراپ، ناتوغرا يوللار بىلەن شەھۋىتىنى قاندۇرۇپ يۈرۈشىدىن گۇمانلانسىمۇ ئۇنى ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى، ئۆزىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بىر مىللەتنىڭ قىزىنى خوتۇن قىلماقچى بولغان ئېرىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن غەزەبلەندى، تېگى پەسلەر ئالىي نەسەپكە قانداقمۇ ماس كەلسۇن؟ شۇنچە ئېغىر بېسىق ئېرىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئۇ قىز زادى قانداقراق نېمە... بېرىپ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، ئۇنى كۆرۈپلا ئېرىگە چاپلاشقان «جىن»نىڭ ھەقىقەتەن گۈزەللىكىنى بىلدى، چىدىيالمىدى، بىر قاراپلا شۇ دەپ جەزم قىلىپ ئالدىغا باردى، ئەقلىنى يوقاتتى، بېرىپلا ئۇ «جىن»نىڭ چاچلىرىنى يۇڭۇزلاپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغۇسى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئېسىلزادە خېنىم دېگەن تەربىيە كۆرگەن بولاتتى، ئىناۋەتنى تۆككۈسى كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەسەبىيلەشتى، سەتلىشىشتىن قورقمىدى، ئىنگلىزچە تىللىيالمىسا ئەرەبچە ئارىلاشتۇرۇپ تىللىدى، بۇ ئىشتا ئۆزىنى ھەقلىق ھېسابلىدى، ئۆزىنى نوچى كۆرسەتتى، مەقسىتىگە يەتتى، كۈشەندىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى، ئەگەر بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھۈسەيىن ئارىغا چۈشمىدىغانلا بولسا ئۇنىمۇ شۇ يەردىلا رەسۋا قىلىشنى ئويلىغۇدى، ھۈسەيىن بۇنى بىلگەندەك بېشىنى ئىچىگە

تىقىۋالدى.

تۈيۈقسىز ئىزا-ئاھانەتتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان زۆھرە تالاغا قانداق چىققىنىنى بىلمىدى، ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىغا ئاتتى، سومكىسىدىكى ئۇپا-ئەڭلىكلەر، ئەينەكلەر يەرگە چۇشۇپ چېقىلدى، مانا گۈزەللىك دېگەن، مانا خوتۇن كىشى دېگەن! بۇ خوتۇن نېمىدېگەن دۆشمەن-ھە! خوتۇننىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرغان ھۆسەيىن يۈگۈرۈپ كېلەلمىدى، مانا ئەر كىشى دېگەن... ياخشى كۆردۇم دېگەننىڭ ھەممىسى يالغان!

زۆھرە ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئەلچىخانا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بۇ خوتۇن قانداق پەيدا بولدى؟ كۆزلىرىدىن زەھەر ياغىدىغان بۇ خوتۇن زۆھرەنى بۇ يەردىكى بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىۋەتمىگىچە توختىمايدۇ، ھۆسەيىن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ئورۇندايدۇ، بۇ خوتۇننىڭ تەكەببۇرلۇقى، غالىبلىقى، خۇرسەنلىكى ئۆزى بىلەن قالىدۇ، ھۆسەيىننىڭ ھەسرىتىمۇ ئۆزى بىلەن قالىدۇ. كونىراپ كەتكەن ھەسرەت ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ھەسرەت دېگەن كۆچكە ئايلىنالمىسا بىكار. رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا مۇھەببەت ۋاقىتلىق ئويۇنغا، مەسخىرىگە ئايلىنىدۇ. ھۆسەيىن خوتۇنى بىلەن تەڭلا زۆھرەگە دۈشمەنلىك قىلدى، ئۇنى رەسۋا قىلدى؛ ئۇلار بىر مىللەت ئىدى، باللىرى بار ئەر-خوتۇن ئىدى، ئۇرۇشسىمۇ يارىشىپ تۇراتتى، بىر-بىرلىرىگە مەسئۇل ئىدى، بەللە ئۇخلايتتى، ئۇخلاۋاتقاندىمۇ بىر-بىرلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇچىنچى شەخسنى ئارىسىغا ھەرگىز سىغدۇرمايتتى.

شېرىن چۈش بىر دەمدە ئاياغلاشتى، قاباھەتلىك چۈش باشلاندى. زۆھرەنىڭ ئەمدى بۇ ئەلچىخانىغا سىقىلىش ئىچىدىكى بۇ خىزمەتكە تارتىشىدىغان ھېچنېمىسى قالمىدى. ئۆزى ھەرگىز ئىگە بولالمايدىغان ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئۇزاققىچە يىغلىسىمۇ ئۇنىڭ يىغىسىنى تىڭشايدىغان ئادەم چىقمىدى. مىياڭلاپ بېرىدىغان مۈشۈكىمۇ يوق. ھېچنېمىسى يوق...

ئەتىسى ھۆسەيىن ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. زۆھرە يىغىسىنى توختىتىپ ئىشخانىغا كەلدى، ھۆسەيىن چوقۇم ھېساب-كىتاب قىلاتتى، ئۇنى ئىشتىن بوشىتاتتى، ئۆينى قايتۇرۇۋالاتتى، بەلكى ئۇ

شەھۋەت ئارزۇسىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، زۆھرەنى بۇرۇنلا ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇنداق ھەيدىۋەتسە چىدىماسلىق، نامەرتلىك بولمىسۇن دەپ، خوتۇنىنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ ئىشنى پىلانلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

– تۇنۇگۈنكى ئىشقا بەك ئەپسۇسلاندىم، خانىمىمغا ۋاكالىتەن مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، – دېدى ھۇسەيىن غەمكىن ھالدا.

زۆھرە گەپ قىلمىدى، يىغلىمىدى، ھېلىمۇ قورقۇپ تۇراتتى، بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.

– دۈشمەنلىرىمدىن بىرسى مېنى چېقىپتۇ، ئادەملەر مۇشۇنداق رەزىل، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن...

كىمنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى زۆھرە ئۈچۈن ئۇنچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، ئۇنداق خوتۇن بۇنداق ئىشنى ئۆزىنىڭ گۇمانىغا تايىنىپ قىلىۋېرەتتى، چىرايلىق قىزلارنى ئېرىدىن كۈنلەيدىغان خوتۇنلار ئازمۇ جاھاندا!

– ئەسلىدە بۇ يەردە ئىشلەپ قالسىڭىز بولۇۋېرەتتى، ئەمدى مۇمكىن بولمىدى. باشقا يەردىن ئىش ئىزدەپ بېقىڭ، باشقا ئەلچىخانىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويااي دېسەم پۈتۈن ئەرەبلەر ئىشىمىزنى بىلىپ كەتتى، باشقا دۆلەتنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا بېرىپ بېقىڭ، ئىنگلىزچە سەۋىيىڭىز ياخشى، چوقۇم ئىش تاپالايسىز؛ سىزگە بۇ ئايلىق مائاشىڭىزدىن باشقا يەنە ئىككى ئايلىق مائاشنى قوشۇپ بېرەي، ئىش تېپىپ بولغۇچە سىزگە يېتىدۇ. ھېلىقى ئالماس ئۈزۈك تويىڭىزغا قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە ساتسىڭىزمۇ بولىدۇ، باھاسىنى ئۆزىڭىز كۆرگەن، ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ ساتالايسىز، – دېدى ھۇسەيىن ئىشخانىدا ئۇ ياقتىن بۇياققا مېڭىپ، ئاندىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ بىر مىنۇت سىرتقا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، – ئۆينى قايتۇرۇۋەتمىسەك بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بىر ھەپتىگىچە كۆچۈپ بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇ يەرگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگىنىڭىزنى بىزنىڭ ئادەملەر كۆرۈپ قالسا ياخشى ئەمەس، بەزى ئادەملىرىمىز قىلىدىغانغا ئىشى يوق، غەيۋەت، چېقىمچىلىق بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ...

ـ رەھمەت...ـ دېدى زۆھرە ناھايىتى تەستە، ـ مەن بۇنى قوبۇل قىلىمەن...

ـ سىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىمەن دەپ ئاخىر كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدىم، ئالدىڭىزدا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلدىم، مەندىن رەنجىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت تېپىشىڭىزنى، بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن...ـ ھۆسەيىننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، چىرايىنى زۆھرەگە كۆرسەتمىدى.ـ رەسمىيەتلىرىڭىزنى بۈگۈنلا بېجىرىۋېتىڭ، ئۆيدىن كۆچكەندىن كېيىن ماڭا تېلېفون قىلىۋېتىڭ، ئاچقۇچنى ئالغىلى ئادەم بارىدۇ.

زۆھرەنىڭ بېجىرىدىغان جىق رەسمىيەتلىرى يوق ئىدى، ئالىدىغان پۇلنى ئېلىپ كەتتى، ھۆسەيىندىن كۆڭۈلسىز خوشلاشتى، خىزمەتچىلەردىن ھېچكىم ئۇنى ئۇزىتىپمۇ قويمىدى، ئۇ كوچىغا چىقىپ يەنە تالادا قالغانلىقىنى، مۇشەققەتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆيگە كىرىپ ھەممە نەرسىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئېيىق قوچىقىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. چىرايلىق كارىۋات، دېرىزە پەردىلىرى، پاكىز مۇنچا، ئاشخانا... كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزور، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بالكون... ھەممىسى قالاتتى. ئۆزىنىڭ بولسا قانچىلىك قىلىپ كېتەر ئىدى، يالغان نەرسىلەرگە مېھرى چۈشۈشمۇ مۇھەببەتكە ئوخشاش شۇنچە ئازابلىق ئىدى...

ئۇ دېرىزە پەردىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ شەھەر مەنزىرىسىگە سوغۇق قارىدى، ھاۋانى تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى، زېرىكىشلىك شاۋقۇن-سۈرەنلەر ئۈزۈلمەيتتى، توساتتىن سىگنال چالىدىغان ساقچى ماشىنىلىرى ياكى جىددىي قۇتقۇزۇۋۇش بولكىۋايلىرى ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى جىددىيلەشتۈرەتتى.

ئۇ نەرسىلىرىنى رەتلەشكە كىرىشتى، ئۆزىگە تەۋە جىق نەرسىلىرى يوق ئىدى، كىيىمنى بىر پاتمان يىغقانىدى، چامادىنى كىچىك كەلدى، كوچىغا چىقىپ سۆرىگىلى بولىدىغان چامادانىدىن بىرنى ئالدى، كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت، ئەتىر-مايلىرىنى رەتلەپ سالدى. تەييارلىقى پۈتتى، بۇ ئۆيدە بىرەر كۈن ئارتۇق تۇرسىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمايتتى، سىقىلىپلا ياشايتتى، تارتىشىدىغان نېمە قالدى؟ كېچەلمەيدىغان نېمە بار؟ بېسىم سالغانلار خوش بولىدىغان بولدى، بىر ھېسابتا بۇمۇ تەقدىر، كېتىپ ياشاپ باقسۇن، كۆنەلمىسە قايتا كېلەر، قايتىپ كېلەلمىسە ياشاپ باقار، جان تىرىك بولسا ئادەم

ھەممىنى كۆرىدۇ، ھەتتا قايتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ياشاپ باقالايدۇ. ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى، ياۋاش دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندەك جىمىپلا كەتتى، سىيىت قارى خوتۇنىنى قويۇۋېتىش ھەققىدە بەلكىم ئاغىنىسىگە مەسلىھەت سېلىشقا تەييارلاندى. بىرىش كېرەك، چاندۇرماي بېرىش كېرەك...

زۆھرە بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىش قارارىغا كەلدى، ھېچكىمگە دەردىنى تۆكۈپ تېلېفونمۇ قىلمىدى. ئەتىنىڭ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ بېلەتكە ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ كەتتى. ئۆيىگە قانداق سوۋغاتلارنى ئېلىش خىيالى كاللىسىغا كىرىۋالدى، ئەتىسى كوچىغا چىقىپ بازارلارنى كەزدى، باھا تالىشىپ يۈرۈپ كۆڭلىگە ياققان نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، شۇ خوشلۇقىدا بۇ شەھەردىن ئايرىلىش ئازابىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپمۇ قالدى. ئۆيگە كېلىپ «كاللام شۇنچە ئاددىيمىدۇ؟ شۇنچە ئېغىر ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتسام يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋاتىمەنغۇ... ياكى ھەممە بېسىمدىن بىراقلا قۇتۇلغىنىمغا خوش بولدۇممۇ... ئەجەبا مەن شۇنچە ئۇمىدۋارمۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالدى. ماڭىدىغان چاغدا دېرىزە پەردىلىرىنى ئەتتى، كارىۋات ياپقۇچلىرىنى، ياستۇقلىرىنى سىلاپ قويدى، ھەممە ئۆيگە مېھرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىكنى ئەتتى، چوڭ ئىشىكتىن چىقىپ ئاچقۇچنى سىلاپ بىر دەم تۇتۇپ تۇردى، ھۆسەيىنگە تېلېفون ئۇردى، ھۆسەيىن ئەلچىخانىنىڭ شوپۇرىنى ئەۋەتتى، شوپۇر ئاچقۇچنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويدى. زۆھرە چامادانلىرىنى سۆرەپ، تەرلەپ تەپچىرەپ زالغا كىردى، بىر يىلدىن بۇيان توپلىغان تەئەللۇقاتلىرى ئەمدى ئېغىر يۈك بولسىمۇ، ئۇنى جان جەھلى بىلەن سۆرەپ ماڭدى، ۋاقىت توشقاندا مىڭ تەستە پويىزغا چىقىپ چامادانلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويدى، ئۇنى ھېچكىم ئۇزىتىپمۇ چىقمىدى، ئۆتكەندە سىيىت قارىنى ئۇزىتىپ قويغاندا، ئۆيگە قايتقۇسى كەلسىمۇ ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ئالدىراپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى بېشىغا بۇ كۈن كەلدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، بۇ قىسمەتلىرىگە ئېچىنىپ يىغلىدى، ئاشۇ خوتۇنىنىڭ نەشتەردەك قادالغان كۆزلىرىنى، زەھەردەك سۆزلىرىنى ئويلاپ يىغلىدى، بۇ شەھەردىن شۇنچە تېز، «ۋاقىتسىز» كېتىپ قېلىشىغا ئىچى پۇشۇپ يىغلىدى. مۇشەققەتلىك يول سەپىرىنىلا ئەمەس، جاپا-مۇشەققەتلىك ھايات سەپىرىنى باشلىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ يىغلىدى... بىر ئوبدان ياشاپ كېتىۋاتقاندا نەدىن كەلگەن دۈشمەنلىك،

شۈمپەنلىك، كۈتۈلمىگەن ئازاب بۇ! يېتەر ئەمدى، كۆرىدىغان كۈنلىرى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، ئادەم نېمە ئىشلارغا ئۇچرىمايدۇ، كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشىدىغانلار، ھەتتا ئۆلۈپ قالىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ھازىرقى چوڭ مەسىلە، يولدا بىرەر ئىشقا ئۇچرىماي ئۆيىگە تىنچ-ئامان بېرىۋېلىش، نەرسىلىرىنى ئوغرىغا بەرمەسلىك. ئۇ يېنىدىن كاۋاپچى ئاشپەزلەرنىڭ سىمىز خوتۇنلىرى ياكى ئوغرىدەك قارايدىغان بىرەر ئۇيغۇر ئۇچراپ قالسا ئەنسىرەپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇستىدىكى كارىۋاتتىن چۈشمەيلا ياتتى، ئۇيقۇسى كەم بولدى، قورسىقى ئېچىپ چىدىمىغاندىلا پەسكە چۈشۈپ بىر نەرسە يېدى. شۇنداق قىلىپ مىڭ تەسلىكتە ئۈرۈمچىگە چۈشۈۋالدى، نەرسە-كېرەكلىرىنى پويىز ئىستانسىسىدىلا باققىلى بېرىپ، كوچا كەزدى. دەسلەپتە ئۈرۈمچىنى بېيجىڭدىن كىچىك، مەينەت، قىستاڭ ھېس قىلدى، ئەمما بىر دەمدىن كېيىن بۇ شەھەرنىڭ قوينىغا چۆكۈپ كەتتى، دۆڭكۆۋرۈكتىكى ئادەملەر باشقىچە ئىللىق، يېقىملىق كۆرۈندى، ھاياتلىق، تىرىكچىلىك، ئاۋاتلىق بۇ يەردە ئىدى، قىزلارنىڭ مودا كىيىنىشلىرى زۆھرەدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى. سېيىت قارىغا ئوخشايدىغان قاملاشقان يىگىتلەر مەسچىت ئەتراپىدا توپلىشىپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ھەر ياقتىن مەززىلىك تائاملارنىڭ ھىدى ئىس-تۈتەكلەرگە ئەگىشىپ كېلەتتى، دۇكان-دۇكاندا ناخشا-مۇزىكىلار ياڭرايتتى. بۇ شاۋقۇن-سۈرەنلەر ئۇنى بىزار قىلمىدى، بەلكى كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى، ھېچكىمدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمىدى، بازارلارنى ئارىلاپ ئاتا-ئانىسىغا بىر قۇر كىيىم ئالدى. ئالىدىغان نەرسە تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بازار ئايلانغۇسى كەلمىدى، دۆڭكۆۋرۈكمۇ نەچچە ئايلىنىپ تۈگەپ قالدى، باشقا كوچىلارغا بارغۇسى كەلمىدى، يالغۇزلۇق باستى، بۇ يەردىنمۇ كېتىش خىيالىغا كەلدى، ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان جايدا ئۇنىڭ بىر كۈن، ھەتتا بىر سائەتمۇ ئارتۇق تۇرغۇسى كەلمىدى... كېتىش كېرەك، بارىدىغان جايغا قونماي، توختىماي بېرىش كېرەك...

مېڭىشتىن ئاۋۋال زۆھرە ئادىلەنى يوقلاپ قويۇشنى ئويلىدى، ئەمما ئۇنىڭ راستتىنلا ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتى، ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى تېلېفون نومۇرى بىكار قىلىۋېتىلگەنىدى، بۇ يەردىكى نومۇرىنى ئۇقمايتتى. ئۇ زۆھرەگە بىر قېتىم تېلېفونمۇ ئۇرۇپ قويمىدى، بەلكىم كېسەل چىرماپ

كەتكەن بولسا ئۈنچىلىك دەرمانى يوقتۇ، ئۆيىدىكىلىرىنى چىقىمدار قىلىپ داۋالىنىۋاتقاندۇ... مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۆزىنىڭ دەردىنى تارتىدىغان، ئۆلۈك-تىرىكلىكىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم يەنىلا ئادىلەنىڭ ئۆزى، ئاندىن قالسا ئانىسى ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى... ھەر كىم ئۆز ھاياتىنى ياشايدۇ، ياخشى بولسىمۇ، يامان بولسىمۇ ئۆزىگە؛ ياخشى بولسا ئېشىنى يەيدۇ، يامان بولسا بېشىنى يەيدۇ. تۇگەشكەن ئىنسانلارنىڭ تىرىكلىكى بىلەن ئۆلۈكىنىڭ پەرقى يوق، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن ئۇنداق ئادەملەرگە كىم ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ ھەر كىم ئۆزىنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقاندا ئۇنداقلارنىڭ ھالىغا يېتىپ بولغىلى بولامدۇ؟ ئادىلە مەرەزدىن ساقىيىپ قالسىمۇ، ئۆلۈپ كەتسىمۇ يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك بولىدۇ، ھەممىسى ئۆزى بىلەن بىللە ماڭىدۇ، گۇناھى بىلەن ساۋابىنى ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ بارىدۇ.

زۆھرە دەرھال پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى. تەلىيىگە يارىشا، ئاخىرقى ئاپتوبۇستىن ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك ئورۇن چىقىپ قالدى. ئۇ تەئەللۇقاتلىرىنى ئاپتوبۇسنىڭ ئاستىغا جايلاشتۇرۇپ، ئوبدان بىر قارىۋېتىپ خاتىرجەم بولدى، بىسمىللا دەپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ جايىنى تېپىپ ئولتۇردى، ھارغىن جىسمىنى قاسماق يوتقانغا تاشلاپ پەرىشانلىق بىلەن كۆزىنى يۇمدى. ئاپتوبۇس ماڭغاندا ئۇنى يەنە ھېچكىم ئۇزاتمىدى، يالغۇزلۇق دۈشمەندەك باستۇرۇپ كېلىۋەردى، ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن سىرتقا قاراپ « مۇشەققەت ئاللىقاچان باشلاندى، راھەت ياشىدىم دېگەن چاغلاردىمۇ كۆڭلۈم ھەقىقىي ئازادە ئەمەس ئىكەندۇق...» دەپ ئويلىدى. نېمىلا بولسۇن چامادانىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان نەرسىلەر بار ئىدى، ئۇ بۇ سەپەرنىڭمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدى. ئاپتوبۇس كەچقۇرۇندا ئىس-تۈتەكلىك شەھەردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ساپ ھاۋالىق تاغ-داۋانلارغا يول ئالدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان كېچە، ھەسرەتلىك كېچە، يالغۇز كېچە... قاراڭغۇ دېڭىزدەك دولقۇنلىنىۋاتقان چۆل جەزىرە... كۆزىدە ياش، غەمگە چۆكۈپ ياتقان زۆھرە...

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار ئىدى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى مۇشەققەت ئۆلگۈچە داۋاملىشاتتى.

كۆڭۈلسىزلىكلەر يېرىم يولدىكى ناچار تاماقلارغا ئوخشايتتى، ياخشىراق غىزالىناي دېگەندە ئارىسىدىن چىۋىن چىقاتتى، يولۇچىلار «سەپەر دېگەن شۇ» دەپ يەۋېرەتتى، ئۆز ماكانىغا كۆنۈپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ناھايىتى سەۋرچان، چىداملىق ئىدى، ئۆيلىرىگە سالامەت بېرىۋالسا بەخت دېگەن شۇ دەپ ئويلايتتى. زۆھرەنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان 50 ياشلاردىكى ئەر-ئايال نەۋرىسىنى ئېلىپ ماڭغانىدى، يولبويى مۆڭدىشىپ، بالىسىغا كۆز-قۇلاق بولۇپ، بىر قۇتا مىنېرال سۇنىمۇ بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۇنۇپ ماڭدى. قالغانلارمۇ بىرەر ھەمراھ بىلەن ماڭغاندەك قىلاتتى، بىر-بىرىنى چاقىرىشاتتى، ياردەملىشەتتى، پاراڭلىشاتتى، غىڭشىپ ناخشا توۋلىشاتتى. زۆھرە يالغۇز ماڭسىمۇ ئۇنچە غېرىبسىنىپ كەتمىدى، بىر ئاپتوبۇستىكى ھەممە ئادەم بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى، خوتۇنى بىلەن بىللە ماڭغان شوخ ئەركەكلەرنىڭ ھەۋەس بىلەن كۆز سېلىشلىرىدىن ئەندىكىپ كەتتى، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى، يەنە كۆڭۈلسىز، جىددىي خىياللارغا پاتتى، غەم دەرياسىدا ئاقتى...

يېرىم كېچىدە ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندەك جىممىدە ياتقان، «تىرىك» قالغان شوپۇر ماشىنىسىنى دىققەت بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا زۆھرە يەنە ئۇخلىيالمىدى، قارشى تەرەپتىن ئېزىتقۇ ماشىنىلار كۈچلۈك چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ سىگنال چېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، بىر قېتىم چوڭ بىر ئاپتوبۇس قىلدەك ئارىلىقتىن بوراندەك ئۆتۈپ كېتىۋىدى، زۆھرەنىڭ بەدىنى سىرقىراپ كەتتى، ئەگەر شوپۇر سەل مۆگدەپلا قالسا ياكى بىخەستىلىك قىلسا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان بۇ ماشىنىنىڭ قارنى چۇۋۇلۇپ، چۈش كۆرۈپ ياتقان يولۇچىلار كۆزىنى ئاچمايلا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ قالاتتى. زۆھرە نۇرغۇن قاتناش ۋەقەلىرىنى ئاڭلىغان، قازايى قەدەر قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش ئىدى، غەپلەتتە ياتقان ئادەملەر بۇنى سېزەلمەيتتى، بالايى قازا سىلكىپ ئويغاتقاندا بەزىلەر ھوشىنى يىغىپ ئازابتىن تولغانسا، بەزىلەر ئازابلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا جان تەسلىم قىلاتتى. زۆھرە رولنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرغان شوپۇرغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالدى، بۇنداق پەيتتە بۇ ئادەم ئاددىي ئادەم ئەمەس ئىدى. «خۇدا ئۇ ئادەمنى ھوشيار قىلغاي، ھەممە ئادەم سەگەك بولغاي... مەنزىلگە ساق-سالامەت يېتىشكە خۇدا

نېسىپ قىلغاي» دەپ پىچىرلىدى زۆھرە.

تاڭ سۈزۈلدى، زۆھرە ھاياتلىق نۇرىنى كۆرگەندەك كۆلۈمسىرىدى، مۆگدەك بېسىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى، چۈش كۆردى، چۈشىدە ھويلىسىدىكى كارىۋاتتا سىيىت قارى قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغۇدەك، زۆھرەنىڭ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك، زۆھرە ئۇنى ھەيران قالدۇ، خۇشال بولدۇ دەپ ئويلىسا سىيىت قارى ئۇنىڭ ئەكسىچە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغىدەك « شۇنچە كۆتسەم ئەمدى كەلدىڭىزما؟ كەلمەيلا قويسىڭىز بولمامدۇ؟ خەق ھەيدىۋەتمىگەن بولسىڭىز كەلمەمتىڭىز؟ ياشىغۇدەك ئەپتىڭىز قالمىغاندا يېنىپ كەلگەنسىز تايىنلىق، يۈزىڭىزنى داپتەك قىلىپ ياشاشتىن سىز نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن نومۇس قىلدىم، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئىزا-ئاھانەتكە قالدىم، قويۇۋەتسەملا تېخىمۇ ئەركىن بولاتتىڭىز، سىزدەك گەپ ئاڭلىمايدىغان قىزنى باققان ئاتا-ئانىنىڭ ھالىغا ۋاي... » دېگۈدەك، ئاندىن كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ قۇرئاننى قولتۇقلاپ تالاغا ماڭغۇدەك، ئانىسى ئاشخانىدىن چىقىپ «ۋاي بالام، تاماق يەپ ماڭمامسىز، قىزىم ئاران كەلگەندە شۇنداق قىلامسىز...» دەپ كەينىدىن پايپاسلاپ ماڭغىدەك. زۆھرە ئانىسىنى تۇتۇۋېلىپ: «بولدى قىلىڭ ئانا، كەتسە كەتسۇن، ئۇنداق ئەردىن مەنمۇ تويدۇم، مەن ئۇنى دەپ ئەمەس، سىلەرنى كۆرگىلى كەلدىم، دادام قېنى؟» دېگۈدەك. ئانىسى «داداڭ تۈنۈگۈن قازا قىلىپ كەتتى... سىيىت قارىنى شۇڭا خەتمەقۇرئان ئوقۇتقىلى چاقىرتقان» دەپ يىغلىغۇدەك... زۆھرە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغۇدەك، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان دادىسىنىڭ ئۈن-تىنسىز كېتىپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىنىپ، بۇنىڭغا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك ھېس قىلىپ قارا يامغۇر يىغلاپ، ئۆينى بېشىغا كەيگۈدەك... ئاچىسى كېلىپ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ «ھەممىنى قىلغان سەن، ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلىغىنىڭ بىكار. دادامنى كۆرگۈڭ كەلمىگەندىكىن، دادامۇ ساڭا تارتىشمايلا كېتىپ قالدى...» دېگۈدەك. ئاندىن ھويلىغا بىر توپ جامائەت كىرگۈدەك... ھەممىسى زۆھرەگە ئالىيىپ قاراپ قويغىدەك...

زۆھرە بۇ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى، «چۈش تەتۈرىسىگە ماڭىدۇ» دەيدۇ، ئىلاھىم شۇنداق بولغاي دەپ دەرھال تېلېفوننى قولىغا ئالدى، ئەمما قېرىشقاندەك

تېلېفوننىڭ پەقەت توكى قالمىغانىدى. ئۇ بۇنىمۇ بىر كۆڭۈلسىز بېشارەتتەك ھېس قىلىپ جىددىيلىشىپ كەتتى، «سەھەرلىك چۈش بەزىدە راست چىقىدۇ» دەپ ئويلاپ قورقتى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقتى، دادىسى ئەسلىدىمۇ ئاغرىقچان ئادەم ئىدى، ئىچىدە تۈگىمەس ھەسرىتى باردەك، ھېچنېمىنى چوڭ بىلمەي، ھېچنېمىگە ئالدىرىماي ياشايتتى، تاماكىدىن ئايرىلمايتتى. ئەگەر راستتىنلا مۇسىبەت بولغان بولسا ئۆيدىكىلىرى چوقۇم تېلېفون قىلاتتى، ئەمما « نەچچە ۋاقىتتىن شۇنچە دېسەك كەلمىدى، قۇلىقى زادى گەپ ئاڭلىمىدى، ئەمدى كەلسە-كەلمىسە بەربىر، بولغۇلۇق بولدى» دەپ ئويلىغان بولسا تېلېفون قىلمايمۇ قوياتتى، ئاپتوبۇس مەنزىلگە ئاز قالغانچە زۆھرە تىتىلداپ ئولتۇرالماي قالدى، ئاخىر يېنىدىكى بىرەيلەننىڭ تېلېفونىنى سوراپ ئۆيگە تېلېفون قىلىۋىدى، ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى، ئۆيدىكىلەر بازارغا ياكى مازارغا كەتكەندەك ئۈن-ساداسىز ئىدى. زۆھرە تېلېفوننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، « ئۆزۈمنى قورقۇتماي، ھەممىسى بار، ھەممىسى بىلەن كۆرۈشىمەن » دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرسىمۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئاخىر يۇرت-مەھەللىسىگىمۇ ئاز قالدى. ئەنە تونۇش يوللار، غېرىپ ئۆيلەر، غەمكىن دەرەخلەر، قورايدەك قېتىپ كەتكەن دېھقانلار، ئاپتاپتا قالغان دۇكانچىلار، مايلىشاڭغۇ ئاشپەزلەر، موتوسىكىلىتىنى غاقىرىتىپ يۈرگەن بىكارچى ياشلار...

زۆھرە ناھىيە بازىرىغا چۈشۈپ، كىراكەشنىڭ ئەرزان باھالىق ماشىنىسىغا چىقىپ ئۆيگە يېتىپ كەلدى، چامادانلىرىنى دەرۋازا ئالدىغا تاشلاپ قويۇپلا ھويلىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، دادىسى ئانىسى بىلەن بىللە ھويلىدىكى كارىۋاتتا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، زۆھرە يۈرىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، خۇداغا مىڭ قېتىملاپ شۈكۈر ئېيتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككەيلەنگە زوقلىنىپ قارىدى، كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى. ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران ھەم خۇشال بولۇپ ئالدىغا كەلدى، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى. ئانا-بالا قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. زۆھرە دادىسىغا قارىدى، كارىۋاتتىن چۈشۈپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان دادىسى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتىكى، بېرىپ قوللىرىغا ئېسىلىپ « ۋاقتىدا كېلەلمىدىم دادا، ئەھۋالىڭىزنى سوراپ بولالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ» دېدى، تاماكا پۇراپ تۇرىدىغان دادىسى«ھېچقىسى يوق قىزىم، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ دەيدۇ، كەلگىنىڭ

ياخشى بولدى» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

ـتېلېفون قىلغۇچتەكەن بولساڭچۇ قىزىم، ئالدىڭغا چىقاتتۇق...ـدېدى ئانىسى خۇشاللىقتىن قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەي، ـ كېلىشىڭدىن بىخەۋەر قاپتۇق.

ـ ئاۋارە قىلماي دېدىم، يولدا تېلېفون قىلسام ئۆيدە ھېچقايسىڭلار يوققۇ؟

ـ ھە، چۈشتە قوشنىلار چاقىرىپتىكەن، چىقىپ كېتىپ قالغان ئوخشايمىز...

ـ يولدا بىر يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، تولا ئەنسىرىدىم...

ـ بىز بۇ يەردە سەندىن ئەنسىرەپ يۈرگەن قىزىم، ئاخىر كەلدىڭ، يۈرەك كېسىلىمىمۇ ساقىيىدىغان بولدى، خۇدايىم ساق-سالامەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى...

ـ بۇ بالام ئۇنداق كالۋا ئەمەس، چىقىشنىمۇ بىلىدۇ، چۈشۈشنىمۇ بىلىدۇ...ـدېدى دادىسى كۈلۈپ قويۇپ، ـ سىلە تولا گەپ قىلىپ قۇلىقىنى ئاغرىتمىغان بولساڭلا بۇ چاغقا ئۆزى يېنىپ كېلەتتى...

ـ قارا، سېنى كۆرۈپلا داداڭنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

زۆھرە زوقمەنلىككە، شادلىققا چۆمدى، ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ھارمىدى. زۆھرەنىڭ ئاچچىقى يامان ئاچىسى ئانىسىدىن خەۋەر ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەلدى.

ـ قېنى ئاۋۇ جىن، نەگە كەتتى؟

ـ مانا، مەن ـ دېدى زۆھرە ئۆيدىن چىقىپ ـ ساڭا دەپ قوياي، ئاران كۆرۈشكەندە ماڭا سېسىق گەپ قىلما.

ـ دەيدىغان گېپىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغان ـدېدى ئاچىسى كېلىپلا ئۇنى قۇچاقلاپ ـ قېلىنغا گەپمۇ ئۆتمەيدۇ... ئەمدى كەتمەيدىغانسەن؟

ـ قاراپ باقمەن ـدېدى زۆھرە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە پىچىرلاپ ـ سەن مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، كەتسەم ئېرىم بىلەن كېتىمەن...

ـ ئۇنداق بولسا مەيلى، لېكىن ئېرىڭ سەل يۈۋاشتەك قىلىدۇ، سېنى باشلاپ ماڭالامدۇ؟ ئۇنى ھېلىمۇ ئىككى ئاي بوزەك قىلدىڭ، خەقلەر ئېرىڭنىڭ ئۈستىدىن ھېلىمۇ ئاز گەپ قىلمىدى، ئۇ سېنى

ئاقلاپ بولالماي قالغانىدى، ئەمدى كەلمىگەن بولساڭ چوقۇم چىدىماي خېتىڭنى بېرەتتى...

ــ مەھەللىدە ئۇ توغرۇلۇق باشقا گەپ-سۆزلەر بولمىغاندۇ؟

ــ ياق، ئۇنداق گەپ يوق، بولسا بىز ئاڭلىماي قالامدۇق؟ ئېرىڭ بىزنى يوقلاپ تۇردى، سېنىڭ ئەتە-ئۆگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى كىشىلەرگە دەپلا تۇردى، مەسچىتلەردىمۇ دېگەن چېغىۋا، ئىشقىلىپ يۈزىمىز بۇرۇنقىدىن يورۇق، تالاغا چىقساقمۇ خەقلەرگە قورقماي گەپ قىلالايمىز.

ئەتىسى ئەتىگەندە زۆھرەنىڭ ئانىسى يولدىشىنى ئويغىتىپ، بامدات نامىزىغا ھەيدىدى ۋە سېيىت قارىنى چاقىرىپ كېلىشنى تاپىلىدى. مىجەزى ئېغىر، ئېتىقاد ئەمەللىرى ئەل قاتارى كېتىۋاتقان قېيناتا بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە ئاران ئۈلگۈرۈپ باردى، نامازدىن كېيىن جامائەت بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، كۈيئوغلىنى باشلاپ ئۆيىگە ماڭدى، سېيىت قارى ئىچ-ئىچىدىن شادلىنىپ، ھاياجانغا تولۇپ، چەبدەس قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانالار ئېيتاتتى. ئۇ تونۇش ھويلىغا قەدەم بېسىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

ــ ئۆيگە كىرسىلە بولاتتى...دېدى قېيناتىسى.

ــ مەشەدىلا ئولتۇراي دادا، ئەتىگەنلىك ھاۋا ياخشى...

بىر دەمدىن كېيىن قېينانىسى چىقىپ ئەھۋال سورىدى، كارىۋاتقا داستىخان سالدى. ئۆيگە كىرىپ زۆھرەنى چاقىردى. ۋاقچە ئۇخلىغان زۆھرە ئورنىدىن ئالدىرىماي قوپۇپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ ھويلىغا چىقتى، سېيىت قارى كارىۋاتتا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، زۆھرە تونۇگۈن كۆرگەن چۈشىنى دەررۇ ئېسىگە ئالدى، ئەمما سېيىت قارىنىڭ قولىدا قۇرئان يوق، نان بار ئىدى. زۆھرەگە ئاچچىقلاپ ئەمەس، كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

ــ قانداق ئەھۋالىڭىز، گەپ قىلمايلا كېلىۋاپسىزغۇ؟

ــ ئۆزۈمنىڭ ئۆيى تۇرسا، كەلگىم كەلسە كېلىۋېرىمەن-دە...

ــ ياخشى بوپتۇ، سىزگە قايىل بولدۇم، ھالقىلىق پەيتتە توغرا قارار چىقىرالايدىكەنسىز، دېگىنىڭىزنى چوقۇم قىلالايدىكەنسىز...

ـ خۇدايىم مېنى ئەر كىشى قىلىپ يارىتىپ قويماپتىكەن، بولمىسا نى ئىشلارنى قىلغۇم بار ئىدى، ئالدىراپ يېنىپمۇ كەلمەيتتىم، لېكىن ئايال بولغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. خۇدايىمنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ ئوخشايدۇ...ـ دېدى زۆھرە كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

ـ ئاللاھقا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا بىر يەرگە جەم بولدۇق. بىزنىڭ ئۆيگە قاچان كېتىمىز؟

ـ نېمانچە ئالدىرايسىز؟ كېلىپ مەن تېخى تۈزۈك ئارام ئالمىدىم.

ـ شۇ... ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دەيمەن.

ـ بۇ يەردە تېخى بىر توي قىلارمىز؟ مېنى مۇشۇنداقلا ئېلىپ كەتمەكچىما؟ مەھەللىدىكى خەقلەرگە ئۆزۈمنى بىلدۈرۈپ قويمىسام بولماس، تويۇمنىڭ نەغمە-ناۋاسىنى ئاڭلىمىسام بولماس...

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، ئاۋۋال ناھىيىگە كىرىپ توي خېتى ئالمىساق بولمايدۇ...

سېيىت قارى شۇ تاپتا زۆھرە نېمە دېسە ياق دېمەيتتى، كۆڭۈل يەنە ئاجىز كېلىۋاتاتتى، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ئاجىزلىقمۇ تۈگەپ، ئەركەكلىك ئىرادە غالىب كېلىدىغان، بوي بەرمەس خوتۇننىڭ ۋۇجۇدىنى تامامەن ئىگىلەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟

ئىككى كۈندىن كېيىن سېيىت قارى زۆھرەنى باشلاپ ناھىيىگە كىرىپ توي خېتى ئالدى، بىر ھەپتە تەييارلىقتىن كېيىن ئىككى ئۆيدە بىرلا ۋاقىتتا توي بولدى. مەھەللىدىكىلەر، يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇغ-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلەر توي ئېشىغا ئېغىز تېگىشىپ، غەيۋەت-شىكايەتكە كۆمۈلۈپ كەتكەن كېلىنچەككە بەخت تىلەشتى. زۆھرە ئۆزىنىڭ بىر قۇر ئېسىل كىيىمى بىلەنلا زىنىنەتلىنىپ ئولتۇردى، ئالپتە گىرىم قىلىپمۇ كەتمىدى؛ ئالماس ئۈزۈكنى تىقىۋېتىپ، سېيىت قارى بېيجىڭدا ئېلىپ بەرگەن ئۈزۈكنى تاقىدى، ئۆيدە ئېلېكترونلۇق رىيال بىلەن ئاز-تولا نەغمە ناۋا قىلىنغان بولدى، توي خاتىرىسى سۈرەتكە ئېلىندى، سانتانا بىلەن قىز كۆچۈرۈلدى. ئىشقىلىپ، چىرايلىق بىر توي بولدى، تويلۇق ئېلىنىپ بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەرمۇ سېيىت قارىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، تويىنىڭ قائىدىسىنى قىلغاچقا چىقىم ئانچە ئېشىپ كەتمىدى. تويغا كەلگەن تاھىر قارى سېيىت قارىنى ئايرىم چاقىرىپ، ئۆتكەندە بەرگەن بىر تۈمەن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى تېخىمۇ

تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

ــ بۇنداق قىلساڭ بولمايتتى، سېنىڭمۇ خوتۇن-باللىرىڭ بار، مەن ئۇنى ھامان قايتۇراتتىم.

ــ ئۇ سېنىڭ تويۇڭغا ئاتىغىنىم، قوبۇل قىل، تاش دېگەن ئاللاھنىڭ زېمىنىدىن چىقىدۇ، ئىزدىسەڭ، تىرىشساق يەنە تاپالايمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىللە مېڭىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمدى بارساق بېيجىڭغا ئەمەس، شىنجىن، شاڭخەيلەرگە بارىمىز، يول دېگەن ماڭغانچە ئېچىلىدۇ.

ــ رەھمەت دوستۇم، سەندىن بەك مىننەتدارمەن، ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ــ دېدى سېيىت قارى دوستىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپــ دۇئالىرىمدا تىلەپ تۇراي، مەدرلاپ تۇرساق رىسقىمىزنى تاپالايدىكەنمىز، ئاللاھ بىزنىمۇ باي قىلىدىغان كۈنلەر كېلەر...

ــ سەۋەب قىل، تەلەپ قىل دېگەن گەپ بار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە تويمايمىز. ھەر ئىشنى يولىدا ئېلىپ بارساق تۇرمۇشىمىز بەختلىك بولىدۇ. سەن ئەمدى توي قىلدىڭ، خوتۇن خەق ئاجىز كېلىدۇ، زۆھرەنى ھەرگىز رەنجىتمە، ئۇ قىزنىڭ دىلى سۇنۇق كۆرۈنىدۇ، كۆپ ئاۋايلا، قەدرلە، چامىڭنىڭ يېتىشىچە مەرد، كەڭ قورساق بول. ئىنشائاللاھ، بەختلىك بولغايسىلەر...

ــ ئىنشائاللاھ، دېگىنىڭ كەلسۇن.

تاھىر قارى ھاتەمدەك مەردلىك بىلەن سېيىت قارىنى خۇشال قىلىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ياخشى دوست ۋە چىرايلىق خوتۇنغا ئېرىشكەن سېيىت قارىنى كىممۇ بەختلىك ئەمەس دېيەلىسۇن؟

«لېكىن... » دەپ بىئارام بولاتتى سېيىت قارى، «لېكىن»دىن كېيىن نۇرغۇن غەم-ئەندىشە بۆكتۈرمىدىكى دۈشمەندەك پەيدا بولاتتى. لېكىن... ئۇ چىرايلىق خوتۇنىنىڭ دەردىنى ئەمدى تارتىدۇ، بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھەقىقىي تۇرمۇش ئەمدى باشلىنىدۇ. قۇدا-باجا، كېلىن بىلەن قېينانا، كېلىن بىلەن سىڭىل... مۇناسىۋەتلىرى قاتتىق سىناقتا دۇچ كېلىدۇ، زۆھرەنىڭ دىلى تەقۋالىقتا تولۇق مايىل بولمىغۇچە ئائىلىنى مۇسۇلمان ئائىلىسىدەك باشقۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلغىلى بولامدۇ؟ قارىمىنىڭ بېشىدا يەنىلا ئوت كۆيىدۇ، ئەمما بۇ ئوت دوزاخ ئوتى ئالدىدا ئۇچقۇنچە يوق. ئۇ ئۆز دىنىدىن

چەتنىمىگەن ئاساستا خوتۇنىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇندىشى كېرەك، ئاندىن ئۇنى سەۋرچانلىق ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قايىل قىلىشى كېرەك، ھېلىمۇ شۇنچە سەۋر قىلىپ كەلدى، سەۋر-تاقەتنىڭ مېۋىسىنى كۆردى، يەنە داۋاملىق سەۋرچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. كۈنلەر ئۆتىدۇ، بالىلىق بولىدۇ، زۆھرە ئائىلىگە بارا-بارا مەھكەم باغلىنىدۇ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ساراڭلىقى تۇتسىمۇ «قاراپ تۇرۇڭ، مەن يەنە بېيجىڭغا كېتىمەن» دېيەلمەيدۇ، ئارىلىقتا ئۇ قاتتىق تۇغۇتنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۆلۈمنىڭ ئىنسانغا نەقەدەر يېقىنلىقىنى ھېس قىلىدۇ، مەھەللىدىكى ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، ئەسلىدىكى ئىزگۈ تۇيغۇلىرى ئويغىنىدۇ، يىللار ئۆتكەنچە ئېرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان ديانەتلىك قۇشناچىمغا ئايلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشىغا باغلىق. شۇڭا سىيىت قارى ھەر ۋاقىت نامىزىدا ئاللاھتىن بۇنى تىلەپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭ، تىلىگەن ئادەم ھامان تاپىدۇ.

يېڭى تۇرمۇش خىياللىرى سىيىت قارىمنى ھاياجانغا سالاتتى، زۆھرە شۇ تۇرمۇشنىڭ غەلىيانلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەمەس، سىيىت قارىمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بۇ ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىدى، يوقمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما تۇرمۇشلا مەۋجۇد بولىدىكەن، بۇ ئۈمىد يوقالمايتتى.

ئۇلار توي كۈنىنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە ھاياجانلىرىنى تۈگىتىپ بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا مىجەزدە، پىكىردە بىرلىككە كېلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، كۆڭۈل ھەممىنى، ھەتتا ئىدىيىنىمۇ يۇمشىتىدىغان يامان نەرسە ئىدى، ئەمما ئىدىيەمۇ بوش كەلمەيتتى، تەھدىتكە ئۇچرىغاندا كۆڭۈلنىڭ ۋاقىتلىق ۋەسۋەسىلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق ھاياجان، ئەندىشە، ئۈمىد بىلەن باشلاندى...

تۈگىدى....